مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان

TURAN KITAPLIGI

# تارىخى رەشىدى

1

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزا ئەخمەت

ئەتىم ئاجىزمۇ مىللىي ھاپىزىمگە ھەدىيە
قەلەم: دوستۇم تۇرغۇنجان ھاجىمدىن
2006. 11. 26

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

拉失德史(上、下)：维吾尔文/米儿咱·马黑麻·海答儿著；买买提吐尔地整理. 一乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007. 7

ISBN 978-7-228-10999-9

Ⅰ.拉… Ⅱ.①米… ②买… Ⅲ.中亚一中世纪史一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. K308

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2007）第 099512 号

整　　理　买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
审　　定　阿迪力·穆罕默德　帕尔哈提·吉兰
责任编辑　艾尔肯·希力甫
责任校对　古丽夏尔·尼格买提
封面设计　米尔扎提·阿不都拉·塔吉
出版发行　新疆人民出版社
电　　话　(0991)2827472
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
邮　　编　830001
印　　刷　新疆金版印务有限公司
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　35.25
插　　页　20
版　　次　2007 年 7 月第 1 版
印　　次　2007 年 7 月第 1 次印刷
印　　数　1—5000 册
定　　价　68.00 元（上、下）



مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان

کمال العزت اکرام بیرلا یانه عید رخان حرمدام بولدی قرق تومن ایلنی اول ایلی کوز نده ملی قیلدیلار محمد نینگ
تعصبی اوتکه اوق قوباش قه یی لار خان فقرا بیش نینگ کیشی لار رشید سلطان نی قوشوب قرغیز
ونیسیکا ایبار دیلار قرغیز ایسلام دا ایکان اندا ایتیبار بیتکوروبدورلار که قرغیز نینگ اوتاغ ومنزلگاه
لاری توره بیدو معلوم بولدی که بعضه سبالا یی ناشلاب کوچوب کیتیبدور کمان قیلدیکه قرغیزلار
بیرکلکان زیر دین خبرتا نمی بولغای چون بر موغچه یوروب ایدوک که بر موغچه اولوک لار یاتیبدور بر موغچه
اوق تکگان اوا هیم یاتیبدور اول اولوکلار ارکیسیدین برکشینی تاپتی لار کیم جان ایکان اینینگ
دین تحقیق قیلدیلار که بیاجاق سلطان توسندین کلیب قرغیزنا جافی دور بیاجاق سلطان نینگ
شکستی یاتیبدور قرغیزلار اهل عیالینی اوزبک طرفیغه ایباریب اوزلاری بیاجاق سلطانغه
توغلاب کیتیبدور ایرسه الله بیره ناری راق باریب جارکه قرغیز نینگ یوزیه نینگ نه یقین قوینی ایلیب
کلدیلار چون قرغیز اوزبیک که قشولدی لار بوندین زیاده تعرض نیکوروماتی باتیب خان نینگ
ملازمتیکا کلدوک چونکه مقصود قرغیزلارغه انتقام بیرماک ایدی اول جهتدین شول یرده تید
اما طاهر خان نینگ اولوسلار ده ایکی یوز مینگ کیشی بار ایردی دولت اثنا ز وال طریقه رجوع
قیلاب ایردی اوش لکر لشکر یدین ایکی الگ کیشی غالیب ایردی طاهر خان نینگ ضبط سیاستی
زیاده ایردی اول جهت دین ملک ولایت سرحدین انتک تصرفیدا مستقر ایردی ابوالقاسم سلطان
تلنغ ر ابیب ایردی حقایق طاهر خان نینگ سیاستی کا اینکه ی کوردی ایردیلار بیکیاه هجوم
قیلیب ابوالقاسم سلطان نی اولتوردیلار اندین بین اول خلق تمام متفرقه بولوب کیتدیلار اندا غ
طاهر خان و اوغلی دین بولک کیشی قالمادی ایلسو ایکیلان ناچار باریب قرغیزغه قشولدیلار
خانه کا اشترغه کلدیکان وقتی ده اشکالاندی خان نینگ اشترغه کلکانی نینگ سبب اول ایردیکه منغول
گروهی خانغه عرض قیلدیلار قرغیز اوزبیک بیله بر بولوب تیشولدیلار اوزبیک نینگ مدعاسی موغولستانا

«تارىخى رەشىدىي» نىڭ موللا مۇھەممەدنىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسىنىڭ سانكت-
پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان C.0759 نومۇرلۇق نۇسخىسى

بانگ نماز خفتن را گویم بر منارهٔ مسجد بر آمد و بانگ نماز خفتن را گفت در حین
اذان دید که چیزی از آسمان می بارد مثل برف اما خشک اذان گفت و ساعتی
ایستاد صلوات کشید و فرود آمد دید در مناره محکم شده است جای بر آمدن
نیافت باز بالای مناره بر آمد احتیاط تمام کرد دید که ریگ می بارد چنانکه تمام
شهر را فرو گرفت چون ساعتی بر آمد دید که زمین نزدیک می نماید احتیاط نمود
دید یک قدری مانده خود را بنشیب انداخت ترسان و لرزان روان شد نیم شب پیش
شیخ رسید قصه را گفت همان ساعت شیخ روان شدند گفتند از غضب خدای
دوری بهتر است بسرعت گریختند حالیا آن شهر در نشیب ریگ است گاه باشد که باد
ریگ را بر میدارد سر مناری یا کله گنبدی پیدا میشود بسیار باشد که خانه را باد
باز کند چون درون خانه در آیند تمام اسباب خانه ایستاده و صاحب خانه را
استخوان سپید شده خانه و آنچه غیر ذی روح باشد بی نقصان ایستاده این
نوع بسیار دیده اند مقصود که شهر عظیمی بوده است کنگ که در ته ریگ مانده
بالجمله شیخ از آنجا پای کوب از حدود اقسو آمده اند در آن حال توغلق تیمور خان
در اقسو بوده شانزده ساله بوده که باقسو آورده اند و هژده ساله بوده که بشیخ
ملاقی شده اند چنین بوده است که خان شکار کرده بوده است و حکم کرده
که هیچکس ازین شکار عدول نکند در آن شکار دیده اند که جماعتی بکوچ در جایی
نشسته اند تواچیان رفته اند و ایشان را گرفته بربسته پیش خان آورده اند که
تجاوز حکم کرده اند و بشکار حاضر نشده اند چه باید کرد خان پرسیده است که چرا
تجاوز حکم من میکنید شیخ فرموده است که ما مردم غریبیم که از کنگ ویران شده


«تارىخى رەشىدى» نىڭ پارسچە قولىازمىسىنىڭ بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساق-
لىنىۋاتقان ADD.24090 نومۇرلۇق نۇسخىسى

تا اینجا عبارت کشف المحجوب بود پس اکتساب بندد و از ان فاصله ایست چون
نسیم هدایت ازلی در رسید از گلبن دل غنچه ایمان شکفتن گیرد و اگر عنایت
هدایت نباشد اگر صد باد قوم عاد برخیزد و گلبن دل را از بیخ برکند ورقی
از شکفتن هیچ نیاید پریشان شود گل ز باد سحر نبینم که بشگافد ش
جز نسیم چنانکه پیر هرات علیه الرحمه میفرماید ابوجهل از کعبه می آید و ابراهیم
از بتخانه کار عنایت دارد باقی بهانه مقصود از تمهید این مقدمه آنکه
سبب اسلام تغلق تیمور خان آنست که شیخ جمال الدین ایشان را آوردند و
سگان را بگوشت خوک سیر میکرد گفت تو بهتری یا سگ شیخ فرمود اگر ایمان
با من باشد من بهترم و اگر ایمان با من نباشد سگ از من بهتر است از این
سخن خان متاثر شد و محبت اسلام در دل او قرار گرفت که این عنقریب
بشرح خواهد آمد ان شاء الله تعالی تغلق تیمور خان پسر ایشان بوغا خان است
و نسب ایشان اینست بوغا خان ابن دوا خان ابن براق ابن قتر ابن یسو
ابن ماتکای ابن جغتای ابن چنگیز خان ابن یسوکای ابن برتان ابن
قبل ابن تومنه ابن بایسنغر ابن قایدو ابن دوتمین ابن بوقا ابن بوذنجر خان
پسر الانقوا شی زنی بود تتمه عبارت متن ظفرنامه در حکایت او درین
چنین است که آن نور روشنی بکام او فرو شد در خود نوعی آبستنی یافت
چنانچه مریم بنت عمران از نفخ جبرئیل علیه السلام بی واسطه پدر آبستن شده

«تارىخى رەشىدي» نىڭ پارسچە قولىيازمىسىنىڭ بۇيۇك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋات-
قان يەنە بىر نۇسخىسى



«تارىخى رەشىدى» نىڭ موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيى ھىندىستان ئىشخانىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان Mss.Turki.1 تومۇرلۇق نۇسخىسى



٤.٤:٣

در دیار ایلیه اطراف [illegible] منصور خان که از میرزا ابا بکر

گریخته بود [illegible] زمان نه قوت مقاومت

نه جای قرار نه طاقت فرار مصراع افسوس که از شش جهتم راه بسته‌اند

بعد از آن خان [illegible] منصور خان [illegible] صلح [illegible] خواجه سلطان نیز بخان

تحویل کرد آنچه بروی از منصور خان رسید تقریر نمود و جراحات قدیم را

تازه گردانید همه ارکان دولت و اعیان حضرت انتقام و اقتحام استیصال و

استخلاص منصور خان رسید تقریر نمود و طرفان را دیگ کلمه گشتند

و بعرض رسانیدند که منصور خان بوقت فرصت آن کرد که گفته شد

و اگر دست دهد همه آن کند که نتوان گفت پس لایق حزم آنکه او را باید حالا

چنان باید ساخت که خاطر از و بالکلیه پرداخته گردد خان فرمود که

برادر خوردان اطاعت و کار کلانان عنایت است و اگر از خوردان این معنی

مفقود گردد بر کلانان واجب است که او را تادیب نمایند در آن صورت اختیار

حال چون بر جانب ما در خور برادر بود اما حق آنست که در جر [illegible] گذرانی و در

توقیر و تعظیم تقصیر کرده‌ایم و بر ما واجب آنکه عذر آن تقاصیر را این زمان

که حق بجای بزرگ رسیده است بابلغ وجوه خواسته شود و خجالت آن

تقصیر را بکثرت خدمات لایقه نموده آید بیت کرم بین و لطف خداوندگار

گنه بنده کرده است و او شرمسار — خان فرمود که این زمان برادر کلان

بجای پدر است هر مقامت آرزو که از حرمت پدر دست داده بود

بحرمت وی توان تشفی داد پس ایلچیان را متواتر گردانید که آنچه از برادر کلان

«تارىخى رەشىدى» نىڭ ئالدىنقى ئەسىردە نامەلۇم كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن پارچە نۇسخىسى

بوله اولادین اندک اثری قالیبدورلار اما شاه‌دانه نظم یوق اول جای‌دا آدمی‌دین اثر نشانه‌لار

حالیدین یوق کشیده خبر نیست مغولستان‌دا هیچ اتالیق قالمابدور دی و نه امدت‌لار اوتوبدور دی و تمامی

مغول خلقی اجنبیه بولوب ایردی و اهل فضل کمال اولارا سیده قالمابدور دی بلکه فضل کمال نینک اتی هم خلایق

نینک خاطریدین بالکل محو بولوب ایردی شرح یوق ایردی کمال فضل‌دین نام نشان علی الخصوص مغول مسلمان

بولغاندین کین مغولستان خراب بولاسن و اگر احوالاتی نینک شرح جید اتاریخی بوقنورد اما فاضل ماوراءالنهر و خراسان و عراق

تاریخ کتاب‌لاریکم اوز عصرلاریدا کی پادشاه‌لار اوچون تصنیف قیلیبدورلار اگر او تاریخ الجمله مقصود فیه دخلی بولمغول احوالیدین

جزی بیان قیلیبدور روایجه کراولار حکایتی غم دخلی بولگان انیکدین کوت قیلیبدورلار مثلا مجمع التواریخ خواجه رشید الدین

فضل الله و تاریخ گزیده خواجه حمید الله مستوفی و ظفرنامه مولانا شرف الدین علی یزدی و تاریخ منظومه مولانا عبدالرزاق

و دوکون بعد میرزا الوغ بیک شبو کتاب‌لاردا مغول و جته پادشاه‌لاری احوالاتیدین شمه بیانی بار دور اما

اول کتاب‌لاردین مغول احوالاتی ترتیب معلوم بولمایدور بوکیم احقرالعباد نینک کونکلیک لیک و نتیجه متقدمین نینک

احوالینه مطلع بولماق هوسی بار ایردی و اول وقت‌ده مغول امرالاریدین بعضی بنده‌شاره واقعلار یاد ده کیمه ثنا الله

بار ایردی و اتمام اتار مصبرهانه نظم اتمام کیم روحی بولغای شاه مسرورنه منکا بیراز بروی نبیدی کیم شبهه‌ور


و تمام تعمه الله بعون الله اتالاریدین مره معتمدا اوبلاردین مغول پادشاه‌لاری احوالاتی ترتیب بیلان قیلوب بولار الحال

نچه مدت‌لار اوتوب دور و اول زمانه‌ای خلق بیکشتی قالابدور بوکیم محمد حیدر نینک خاطرینه اندراج کچیکم اوچه که


«تارىخى رەشىدى» نىڭ مولla مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتې-
تى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان Ms.290 نومۇرلۇق نۇسخىسى

انا لله وانا اليه راجعون نه فساد قيلديلار انداغ عجايب ايش اوتكه سى اول اهل نفاق كه
رشيد خان نينك سپاهيغه نفاق اورلاريني ساچيلار و اولارنى معزول قيلديلار ميرزا على طغاى كه
جاى نشين عمه قيلديلار كاشغرغه ايباردى اول كاشغرغه باردى قتل و كشش اولاد و
احفاد عمه هيچ سرانينى شيخ سعيدكا زور ورديه مقتول تورور كه جنگ بدر دا مشركين
قريش ره اهل اسلام دين اسير بولديلار فديه لار چون مكه قريش كليب يلار فديه كلتورديلار
ايرديلار و اسيرلارنى خلاص قيلور ايرديلار ابو العاص رضى الله عنه داماد رسول الله ايرديلار
صلى الله عليه وسلم و زينب نى رسول عليه السلام انگا بيريب ايرديلار بعثت دين بورون ابا
ابو العاص اسلام كلتوركانى يوق ايردى مكه اسير قريش لار جنگيدين فديه اليب كليب ايردى
عزّ اسلام ايكو ايرديلار دو ديدار شريف مصطفى صلى الله عليه وسلم غه مشرف بولدى زينب كيم
اينك كونكليدين كوتارديلار اصحابغه اينكه منگ كونگلوم اسلام قرار توتتى مكه بارالى ديكر بارو
كليب انگا اسلام كلتوراى اصحاب ايتيلار كه بو الحال اسلام كلتورماك كراك كه انداغ فايده دينى
تورار حاصيل تورور كه اموال خطر كلتوروب سن فديه جنديدين اهل خدا و رسول خدا عزّ
و جل نينك حكم بولان سينكا حلال تورور ابو العاص جواب بيرديكه هر چند كه حلال قيلور
مسلمانغه يان مسلمان تورور كه اول امنك خيانت بولان بولسه ابو العاص مكه كا
باردى خلق نينك امانت لى بيردى انگا جمعدار سعيد اسنادين قيليب هيچ كشى نينك مندا
امانتى قالمادى بارچه ايتيلار امانتيمز ني كا تكدى انگا اشكارا ايمان كلتوردى مصطفى
صلى الله عليه وسلم نينك مدينه كا خدمت نيكا فتنه قيلدى مصطفى صلى الله عليه وسلم زينب
نكاحغه عقد قيلدى اول انينك اوبغا ايباردى مقصود كه اول جلوسى رشيد خان خلق ناحق
و عدم مروت بيلان واقع بولدى بيش خر دشمن نيكو نهاد خدا اونى عقل عذابيغه دا"

«تارىخى رەشىدى» نىڭ مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي تەرجىمىسىنىڭ سانكت - پېتېر-
بۇرگدا ساقلىنىۋاتقان C.569 نومۇرلۇق نۇسخىسى



«تارىخى رەشىدى» نىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە تەرجىمە قىلىنغان، ھازىر تاشكەندتە ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى




«تارىخى رەشىدى» نىڭ 1983 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىن-
غان خەنزۇچە نۇسخىسى

SOURCES OF ORIENTAL LANGUAGES AND LITERATURES

37

Edited by

Şinasi Tekin & Gönül Alpay Tekin

CENTRAL ASIAN SOURCES

II

# MIRZA HAYDAR DUGHLAT'S

# TARIKH-I-RASHIDI

## A History of the Khans of Moghulistan

Persian Text Edited by

W. M. Thackston


Published at

Harvard University

Department of Near Eastern Languages and Civilizations


1996




INSTITUT FÜR ISLAMWISSENSCHAFT

UNIVERSITÄT BERN



«تارىخى رەشىدي» نىڭ 1996 ـ يىلى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرپىدىن نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە نەشرىنىڭ تېتول بېتى




«تارىخى رەشىدىي» نىڭ 1996 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان رۇسچە نۇسخىسى



«تارىخى رەشىدي» نىڭ 2003 ـ يىلى ئالمائاتادا نەشر قىلىنغان قازاقچە نۇسخىسى


تاریخ رشیدی

تألیف


میرزا محمد حیدر دوغلات

(۹۰۵-۹۵۷ هـ.ق)

تصحیح

دکتر عباسقلی غفاری فرد

«ئارىخى رەشىدي» نىڭ 2004 - يىلى تېهراندا نەشر قىلىنغان پارسچە نۇسخىسى




«تارىخى رەشىدى» نىڭ 2006 ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان تۈركچە نۇسخىسى

TURAN KİTAPLIĞI

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرى مەدەنىيەت تارىخىمىزدا «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يەنە بىر بۈيۈك ئابىدە. بۇ ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ رايونلارنىڭ 14 — 16 - ئەسىرلەردىكى تارىخىي ئەھۋالى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسەر باشتىن - ئاخىر پاساھەتلىك تىل، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان بولغاچقا، ئەدەبىيات ۋە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە داڭلىق ئەسەر بولۇپ تونۇلۇپ كەلمەكتە.

مىرزا مۇھەممەدھەيدەر قەشقەر ھۆكۈمدارلىرىدىن ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئەۋلادى ئىدى، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى كېيىنكى چاغلاردا ھاكىمىيەت تالىشىشتا مەغلۇپ بولۇپ، پۈتكۈل ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن قەشقەردىن ئاقسۇغا كۆچۈپ كەلگەن. مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ئوغلى، مىرزا مۇھەممەدھەيدەرنىڭ ئاتىسى مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگان بىلەن يۇنۇسخاننىڭ چوڭ ئوغلى مەھمۇدخان ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، ئۇ مەھمۇدخاننىڭ قىرىندىشى خۇبنىگار خانىمغا ئۆيلەنگەن ۋە كۆرەگان (كۈيئوغۇل)لىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. مىلادىيە 1495 - يىلى مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئۆرەتۆپە (ھازىرقى تاشكەند شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا)نى باشقۇرۇش ھەققىدىكى پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئايالى خۇبنىگار خانىم (مىرزا مۇھەممەدھەيدەرنىڭ

ئانسى ) بىلەن ئۆرەتۆپىگە بارغان ، ئاندىن تاشكەندتە بىرنەچچە يىل ياشىغان . شۇ مەزگىلدە ، يەنى مىلادىيە 1499 ـ يىلى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر تۇغۇلغان . مىرزا مۇھەممەدھەيدەر مىلادىيە 1509 ـ يىلى بۇخارادىن بەدەخشانغا قايتىپ كەلگەن ، ئۇ يەردىن كابۇلغا — بابۇر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارغان . مىرزا مۇھەممەدھەيدەر مىلادىيە 1512 — 1513 ـ يىللىرى ئەندىجانغا — سۇلتان سەئىدخاننىڭ يېنىغا كەلگەن ، مىلادىيە 1514 ـ يىلى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ ئەسلىي يۇرتى قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان ۋە مىرزا ئەبابەكرى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش جەڭلىرىگە قاتناشقان ، شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى مىلادىيە 1533 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغانغا قەدەر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ساھەسىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . مىرزا مۇھەممەدھەيدەر سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن بەدەخشانغا چىقىپ كەتكەن ، ئۇ يەردىن كابۇلغا — كامىران مىرزا سارىيىغا بارغان . ئۇ يەردىن يەنە ئەگرەگە — ھۇمايۇن مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن كەشمىرگە يۈرۈش قىلىپ ، مىلادىيە 1541 ـ يىلى كەشمىرنى ئىشغال قىلغان . مىرزا مۇھەممەدھەيدەر شۇ ۋاقىتتىن تاكى مىلادىيە 1551 ـ يىلىغىچە كەشمىرنى ئىدارە قىلغان ، مىلادىيە 1551 ـ يىلى تاغلىق قەبىلىلەر ئاتقان ئوقتا يارىلىنىپ ، كەشمىردە ئالەمدىن ئۆتكەن . «تارىخى رەشىدىي» مىلادىيە 1541 ـ يىلدىن 1546 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كەشمىردە يېزىلغان . ئاپتور ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يۇرتى ھەققىدە توختىلىپ : «كاشغەر ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئەسلىي يۇرتى بولۇپ ، ئۇنىڭغا (بۇ يەرلەرنى ئىدارە قىلىش ) چىڭگىزخان زامانىدىن باشلاپ ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس بولۇپ قالغاندى» دېگەن (مەزكۇر

كىتابىنىڭ 155 ـ بېتىگە قاراڭ ) .
«تارىخى رەشىدىي» شەرق مەملىكەتلىرىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ھەر خىل قولىيازما نۇسخىلىرى ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا . بۇ ئەسەر كېيىنكى ئاپتورلارنىڭ ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ، شۇنداقلا ھىندىستان ، پاكىستان ، كەشمىر رايونلىرى ھەققىدىكى ئەدەبىي ، تارىخىي ، جۇغراپىيىۋى ئەسەرلىرى ئۈچۈن مۇھىم مەنبە بولغان ، بولۇپمۇ دىيارىمىزدىن چىققان كېيىنكى ئەدىپلەر ، تارىخشۇناسلار «تارىخى رەشىدىي» دىن ئىزچىل پايدىلىنىپ ، ئۇنىڭدىن مول ئىلھام ۋە ئوزۇق ئېلىپ كەلگەن . خەلقىمىز ئىچىدە ئۇنىڭ تۈرلۈك قولىيازمىلىرى ۋە تەرجىمە نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن . 18 ـ ، 19 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن مۇھەممەدسادىق كاشغەرىي ۋە موللا مۇھەممەدنىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى ، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە تەرجىمە قىلىنغان ، ھازىر تاشكەندتە ساقلىنىۋاتقان «تارىخى رەشىدىي» نىڭ يەنە بىر نۇسخىسى بىزدە بارلىققا كەلگەن مۇھىم تەرجىمە نۇسخىلىرىدۇر .
1895 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك مەشھۇر تىلشۇناس ، پارس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم ئېدۋارد دېنىسون روس (Edward Denison Ross) تەرجىمە قىلغان «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ تارقالغاندىن كېيىن ، بۇ ئەسەر غەربىي ياۋروپادىكى شەرقشۇناسلار ئارىسىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان ۋە 1898 ـ يىلى 2 ـ نەشرى نەشر قىلىنغان ، 1972 ـ يىلى قايتا بېسىلغان . ئەنە شۇ ئىنگلىزچە نۇسخا ئاساسىدا بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى 1983 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىككى توم قىلىپ نەشر قىلىنغان . بۇ ئەسەرنىڭ تاكستون (W. M. Thckston)

تەرپىدىن ئىزاھ ، ئىندېكس ، پارسچە تېكىست بىلەن بىرگە قايتا ئىشلەنگەن ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 1996 ـ يىلى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان . 1996 ـ يىلى تاشكەند «پەن» نەشرىياتى تەرىپىدىن بۇ ئەسەرنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى ، 2003 ـ يىلى ئالمائاتادا قازاقچە تەرجىمىسى ، 2004 ـ يىلى تېھراندا پارسچە نۇسخىسى نەشر قىلىنغان . بۇ ئەسەرنىڭ 1895 ـ يىلىدىكى ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن تۈركچە تەرجىمىسى تۈركىيە سېلېنگا نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان .

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلاش ئىشى بىزدە 1980 ـ يىللاردىلا پىلانغا ئېلىنغان . بۇ قېتىمقى نۇسخىنى نەشرگە تەييارلاش ئىشىنى 1999 ـ يىلى مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا بىلەن ئىككىمىز ئۈستىمىزگە ئالغاندۇق . مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا بۇ ئەسەرنىڭ باش قىسمىدىن ئون بابىنى ۋە موللا مۇھەممەدنىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇرنىڭ بۇ ئەسەرگە يازغان سۆز بېشىنى نەشرگە تەييارلىدى .

بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا «تارىخى رەشىدىي»نىڭ موللا مۇھەممەدنىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسىنىڭ سانكت ـ پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان C. 0759 نومۇرلۇق قولىيازمىسى (مىكرو فىلىم نۇسخىسى ) ئاساس قىلىندى . موللا مۇھەممەدنىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسىنىڭ برىتانىيە كۇتۇپخانىسىنىڭ ھىندىستان كىتابلىرى بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان MSS. Turki. 1 نومۇرلۇق قولىيازمىسىنىڭ كۆپەيتىلمىسى ، موللا مۇھەممەدنىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسىنىڭ كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان MS. 290 نومۇرلۇق قولىيازمىسى

(مىكرو فىلىم نۇسخىسى) قاتارلىق نۇسخىلىرىدىن، «تارىخى رەشىدي»نىڭ مۇھەممەدسادىق كاشغەري تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنىڭ سانكت - پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان C. 569 نومۇرلۇق قولىيازمىسىنىڭ كۆپەيتىلمىسى، بۇ ئەسەرنىڭ پارسچە نۇسخىلىرىدىن بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە قولىيازمىسىنىڭ كۆپەيتىلمىسى (پارسچە بىرىنچى نۇسخا دەپ ئاتالدى)، ADD. 24090 نومۇرلۇق قولىيازمىسىنىڭ مىكرو فىلىم نۇسخىسى، «تارىخى رەشىدي»نىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نامەلۇم كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن پارسچە نۇسخىسىنىڭ كۆپەيتىلمىسى (پارسچە ئىككىنچى نۇسخا دەپ ئاتالدى) قاتارلىق نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئەسەرنىڭ نەشرىدىن چىققان خەنزۇچە، رۇسچە، قازاقچە، پارسچە ۋە تۈركچە نۇسخىلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلدى. نەشرگە تەييارلانغان ئورگىنالنى پەرھات جىلان ئەپەندى رۇسچە نۇسخىغا سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى يېزىپ چىقتى. بىز ئاساس قىلغان قولىيازمىغا يېزىلماي قالغان مەزمۇنلار، جۈملىلەر ۋە سۆزلەر باشقا نۇسخىلار ئاساسىدا تولۇقلاندى. تولۇقلانغان جايلار چاسا تىرناق «[ ]» ئىچىگە ئېلىندى، سۆز ۋە جۈملىلەرگە نەشرگە تەييارلىغۇچى ياكى مۇھەررىر تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىزاھ تەرىقىسىدىكى قىستۇرمىلار تىرناق «( )» ئىچىگە ئېلىندى. بىز ئاساس قىلغان نۇسخا بىلەن باشقا نۇسخىلار ئوتتۇرىسىدىكى تېكىستولوگىيىلىك پەرقلەر هاشىيەدە ئىزاهلاندى.

بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئوقۇرمەنلەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە رەھبەرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىغا، سەمىمىي تەكلىپ ۋە مەسلىھەتلىرىگە ئېرىشتىم. بۇ ئەمگەكنىڭ روياپقا چىقىشىغا

كۆڭۈل بۆلگەن ، ياردەم قىلغان بارلىق كىشىلەرگە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆپ تەشەككۇر ئېيتىمەن .

ۋاقىت يار بەرمىگەنلىكتىن تېكىستولوگىيىلىك پەرقلەرنى يەنىمۇ كەڭرەك ئىزاھلاشقا ، ئۇنىڭدىن باشقا تەپسىلىيرەك ئىزاھات ۋە ئىندېكسلىرىنى ئىشلەپ بىللە ئېلان قىلىشقا پۇرسەت بولمىدى . بۇ ئىشنى داۋاملىق ئىشلەپ ، بۇ جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولدۇرۇش ئارزۇسىدىمەن . سەۋەنلىكلەر ھەققىدە ئوقۇرمەنلەر-نىڭ ، بولۇپمۇ بۇ جەھەتتىكى كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ كۆپرەك تەكلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى كىتاب

موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇرنىڭ «تارىخى رەشىدى»
نىڭ تەرجىسىمگە يازغان كىرىش سۆزى ................ 3
«تارىخى رەشىدى»نىڭ مۇقەددىمىسى ........................ 29
بىرىنچى باب «تارىخى رەشىدى»نىڭ ئىپتىداسى ........... 42
ئىككىنچى باب تۇغلۇق تىمۇرخاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنىڭ
بايانى .................................................. 46
ئۈچىنچى باب تۇغلۇق تىمۇرخاننىڭ ئىسلامغا مۇشەررەپ
بولغانلىقىنىڭ بايانى ...................................... 50
تۆتىنچى باب تۇغلۇق تىمۇرخاننىڭ ماۋەرائۇننەھر ئۈستىگە
لەشكەر تارتىپ بارغانلىقى ................................ 59
بەشىنچى باب ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئەمىر ھاجى بارلاس
بىلەن مەسلىھەت قىلغانلىقى ۋە جەيھۇن دەرياسىنىڭ
قىرغىقىدىن يانغانلىقى ، تۇغلۇق تىمۇرخاننىڭ ئەمىرلىرى
بىلەن ئۇچراشقانلىقى ...................................... 61
ئالتىنچى باب تۇغلۇق تىمۇرخاننىڭ ماۋەرائۇننەھر ۋىلايەتلى-
رىگە ئىككىنچى نۆۋەت ئەسكەر ئەۋەتىشى ............... 66
يەتتىنچى باب تۇغلۇق تىمۇرخاننىڭ ئۆز پايتەختىگە قايتقان-
لىقى ...................................................... 69
سەككىزىنچى باب ئىلياس خاجەخاننىڭ بايانى................ 71
توققۇزىنچى باب ئەمىر ھۇسەيىن بىلەن ھەزرىتى ساھىبقى-

ـرانىنىڭ تالىقان ۋە بەدەخشانـغا قاراپ يولغا چىقـقانلىقى
ۋە بەدەخشان شاھلىرى بىلەن سۈلھى قىلغانلىقى ...... 72
ئونىنچى باب ھەزرىتى ساھىبـقىرانىنىڭ پۇلىسەنگىندىن ئۆتـ
كەنلىكى ۋە جەتە لەشكىرىنىڭ قاچماقچى بولغانلىقى ... 76
ئون بىرىنچى باب ھەزرىتى ساھىبـقىرانىنىڭ چۈش كۆرگەنـ
لىكى، ئۇ چۈشتىن ياخشى تەبىر ئالغانلىقى ۋە ئىلياس
خاجەخان بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قارار قىلغانلىقى...... 81
ئون ئىككىنچى باب ئەمىر ھۈسەين ۋە ھەزرىتى ساھىبـقىـ
ـرانىنىڭ جەتە لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى ۋە
تەڭـرىنىڭ ئىنايىتى ھەم ئۇلـۇغ ئەرۋاھـلارنىڭ يار ـ
يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا غەلىبە قىلغانلىقى .......... 83
ئون ئۈچىنچى باب ھەزرىتى ساھىبـقىران بىلەن ئەمىر ھۈـ
سەين مەسلىھەتلىشىپ، قابىلشاھ ئوغـلاننى خانلىققا
ئولتۇرغۇزغانلىقى .................................. 89
ئون تۆتىنچى باب لاي ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالى ......... 94
ئون بەشىنچى باب جەتە لەشـكەرلىرىنىڭ سەمەرقەندكە ھۇـ
جۇم قىلىشى........................................ 107
ئون ئالتىنچى باب ئىلياس خاجەخاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلـ
لىرى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ھادىـ
سىلەر زىكرى، ئەمىر قەمەرىددىنىنىڭ ئىسيانى ۋە
ئىستىبلاسىنىڭ باياني...................................... 109
ئون يەتتىنچى باب ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئاخىرقى ۋەقەـ
لىرى .............................................. 112
ئون سەككىزىنچى باب ھەزرىتى ساھىبـقىرانىنىڭ جەتە تەـ
رەپكە ئۈچىنچى نۆۋەت بارغانلىقى..................... 116
ئون توققۇزىنچى باب ھەزرىتى ساھىبـقىرانىنىڭ دىلشاد ئاغا
[بېگىم] بىلەن نىكاھ قىلغانلىقى..................... 121
يىگىرمىنچى باب ھەزرىتى ساھىبقىرانىنىڭ خارەزمگە ئۈچىنـ

چى نۆۋەت يۇرۇش قىلغانلىقى ، سار بۇغا ، ئادىلشاھ ۋە
بەھرام جالايىرلارنىڭ يېغا بولغانلىقى تۇپەيلىدىن يولدىن
يانغانلىقى ............................................ 125
يىگىرمە بىرىنچى باب ھەزرىتى ساھىبقىرانىنىڭ موغۇلىس-
تانغا تۆتىنچى نۆۋەت يۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ بايانى ··· 130
يىگىرمە ئىككىنچى باب ئەمىرزادە جەھانگىرنىڭ ۋاپات بول-
غانلىقى ............................................ 134
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ھەزرىتى ساھىبقىرانىنىڭ قەمەرىددىن
ئۈستىگە لەشكەر ئەۋەتكەنلىكى .......................... 137
يىگىرمە تۆتىنچى باب ھەزرىتى ساھىبقىرانىنىڭ موغۇلىستانغا
بەشىنچى نۆۋەت يۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ بايانى ········· 140
يىگىرمە بەشىنچى باب ئەمىر قەمەرىددىنىنىڭ ئاخىرقى ئەھ-
ۋالىنىڭ بايانى ........................................ 141
يىگىرمە ئالتىنچى باب [تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئوغلى]
خىزىر خاجەخاننىڭ بايانى.............................. 142
يىگىرمە يەتتىنچى باب خىزىر خاجەخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد-
خاننىڭ زىكرى.......................................... 151
يىگىرمە سەككىزىنچى باب مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى شىر-
مۇھەممەدخاننىڭ زىكرى ................................ 153
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ئۇۋەيسخاننىڭ دەسلەپكى مەزگىل-
لىرىدىكى ئەھۋالىنىڭ بايانى............................ 154
ئوتتۇزىنچى باب ئەمىر سەيىدئەلىنىڭ بايانى ۋە ئۇنىڭغا
ئالاقىدار ھېكايەت.................................... 155
ئوتتۇز بىرىنچى باب شىرمۇھەممەدخان بىلەن ئۇۋەيسخاننىڭ
ئارىسىدا بولغان ۋەقەلەرنىڭ قىسقىچە بايانى ········ 160
ئوتتۇز ئىككىنچى باب ئۇۋەيسخاننىڭ خانلىق قىلغانلىقىنىڭ
بايانى................................................ 161
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئەھۋالى ، ئۇلۇغ

مەككە زىيارىتىگە راۋان بولغانلىقى ۋە كېيىنكى ئىش-
لىرىنىڭ بايانى ...................................... 166
ئوتتۇز تۆتىنچى باب ئۇۋەيسخاننىڭ شېھىت بولغانلىقىنىڭ
بايانى................................................ 176
ئوتتۇز بەشىنچى باب سۇلتان ئۇۋەيسخان شېھىت بولغاندىن
كېيىن ئىرازان پاراكەندىچىلىكىنىڭ بايانى .......... 178
ئوتتۇز ئالتىنچى باب يۇنۇسخان بىلەن ئىرازان بارىنىڭ
[سەمەرقەندكە] مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھۇزۇرىغا بارغان-
لىقى ...................................................... 179
ئوتتۇز يەتتىنچى باب ئىسان بۇغاخان ئىبنى ئۇۋەيسخاننىڭ
خانلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنىڭ بايانى .............. 181
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ كاشغەرگە
يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە ئۇنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى ··· 182
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب ئىسان بۇغاخانغا ئەمىرلىرىنىڭ
قارشى چىققانلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن
ۋەقەلەر ................................................. 186
قىرىقىنچى باب يۇنۇسخاننىڭ دەسلەپكى خانلىققا ئولتۇرغان-
لىقىنىڭ بايانى ........................................ 191
قىرىق بىرىنچى باب يۇنۇسخاننىڭ ئەھۋالىنىڭ تەپسىلىي
بايانى................................................ 193
قىرىق ئىككىنچى باب يۇنۇسخاننىڭ موغۇلىستانغا كەلگەن-
لىكى................................................... 196
قىرىق ئۈچىنچى باب ئەمىر سەييىدئەلى ۋاپات بولغاندىن
كېيىن ئوغلى سانىز مىرزىنىڭ كاشغەردە ھۆكۈمەت
باشقۇرغانلىقى ۋە كېيىنكى ئەھۋاللارنىڭ بايانى ······ 199
قىرىق تۆتىنچى باب دوستمۇھەممەدخاننىڭ خانلىققا ئولتۇر-
غانلىقى ................................................ 201
قىرىق بەشىنچى باب يۇنۇسخاننىڭ موغۇلىستانغا ئىككىنچى

نۆۋەت كەلگەنلىكى ........................................ 205
قىرىق ئالتىنچى باب دوستمۇھەممەدخان ئۆلگەندىن كېيىن
يۇز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى ، يۇنۇسخاننىڭ غالىبد-
يەتكە ئېرىشىپ ، ئەبۇلخەيرخان ئۆزبېكنىڭ ئوغلى
بۇرۇج ئوغلاننى ئۆلتۇرگەنلىكى ........................ 208
قىرىق يەتتىنچى باب شەيخ جەمالىددىننىڭ ۋەقەسى ۋە
خاننىڭ ئۇنىڭغا تۇتقۇن بولغانلىقى ...................... 210
قىرىق سەككىزىنچى باب شەيخ جەمال [خەر]نى ئۆلتۇر-
گەندىن كېيىن يۇنۇسخان بىلەن ماۋەرائۇننەھر پادشاھ-
لىرىنىڭ ئارىسىدا يۇز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى ... 214
قىرىق توققۇزىنچى باب مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ كاش-
غەردە هۆكۇمەت تۇتقانلىقى ............................ 218
ئەللىكىنچى باب مىرزا ئەبابەكرىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنىڭ
بايانى................................................ 219
ئەللىك بىرىنچى باب خوتەن مىرزىلىرىنىڭ بايانى ......... 221
ئەللىك ئىككىنچى باب مىرزا ئەبابەكرىنىڭ خوتەننى ئالغان-
لىقى ۋە خوتەن مىرزىلىرىنى نابۇت قىلغانلىقى ...... 223
ئەللىك ئۈچىنچى باب مىرزا ئەبابەكرىنىڭ مۇھەممەدھەيدەر
مىرزىغا هىيلە ئىشلەتكەنلىكى ، مۇھەممەدھەيدەر مىر-
زىنىڭ ئۆز ئەمىرلىرىنى مىرزا ئەبابەكرىنىڭ سۆزىگە
كىرىپ خاراب قىلغانلىقى............................ 225
ئەللىك تۆتىنچى باب يۇنۇسخاننىڭ مۇھەممەدھەيدەر مىرزا
بىلەن بىللە مىرزا ئەبابەكر ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ
بېرىپ يېڭىلىپ قالغانلىقىنىڭ بايانى .................. 228
ئەللىك بەشىنچى باب يۇنۇسخاننىڭ مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا
مەدەتكار بولۇپ لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىكى ۋە بۇ
قېتىممۇ ياركەندتە مىرزا ئەبابەكردىن ئىككىنچى نۆ-
ۋەت زەربە يەپ يانغانلىقى............................ 231

ئەللىك ئالتىنچى باب يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد-
خاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنىڭ بايانى .................. 235
ئەللىك يەتتىنچى باب ئاقسۇدا يۇنۇسخان بىلەن مۇھەممەد-
ھەيدەر مىرزىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىچىنىشلىق
ئۇرۇشنىڭ بايانى ...................................... 238
ئەللىك سەككىزىنچى باب مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ كاش-
غەرگە — مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ھوزۇرىغا بارغانلىقى،
مىرزا ئەبابەكرىنىڭ مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى قاماققا
ئالغانلىقى .................................................. 244
ئەللىك توققۇزىنچى باب يۇنۇسخاننىڭ موغۇل ئۇلۇسى بىلەن
تاشكەندكە بارغانلىقى، سۇلتان ئەھمەد مىرزا، ئۆمەر
شەيخ [مىرزا] ۋە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئارىسىدا
سۈلھى تۈزۈلگەنلىكى ........................................ 246
ئاتمىشىنچى باب يۇنۇسخاننىڭ ئاخىرقى ئەھۋالىنىڭ بايانى ... 250
ئاتمىش بىرىنچى باب سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن سۇلتان
مەھمۇدخاننىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن جەڭگۇجېدەلنىڭ
بايانى...................................................... 252
ئاتمىش ئىككىنچى باب سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھەمشىرىسى
خۇبنىگار خانىمنى ئاتام مۇھەممەدھۈسەين مىرزىغا
بەرگەنلىكىنىڭ بايانى ...................................... 255
ئاتمىش ئۈچىنچى باب سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ تاشكەندتە
خانلىق قىلغان مەزگىلىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ
زىكرى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ھاياتىنىڭ
خاتىمىسى ھەققىدىكى بايان ................................ 258
ئاتمىش تۆتىنچى باب سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بايانى ......... 262
ئاتمىش بەشىنچى باب مەنسۇرخاننىڭ بايانى .................. 267
ئاتمىش ئالتىنچى باب مەنسۇرخاننىڭ ئوغلى شاھخاننىڭ
بايانى...................................................... 277

ئاتمىش يەتتىنچى باب [سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى]
سۇلتان سەئىدخاننىڭ بايانى ........................... 279
ئاتمىش سەككىزىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىبسىل
پەزىلىتى ۋە ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ بايانى ........... 291
ئاتمىش توققۇزىنچى باب سۇلتان سەئىدخان ئوغلى ئەبدۇر-
رەشىدخاننىڭ بايانى ..................................... 297
يەتمىشىنچى باب «تارىخى رەشىدي»نىڭ بىرىنچى دەپتىرى
(كىتابى)نىڭ تۈگەللىمىسى .............................. 315

## ئىككىنچى كىتاب

«تارىخىي رەشىدي»نىڭ ئىككىنچى دەپتىرى (كىتابى)نىڭ
مۇقەددىمىسى.................................................... 321
«تارىخى رەشىدي» ئىككىنچى دەپتىرى (كىتابى)نىڭ باش-
لىنىشى ............................................................ 325
بىرىنچى باب يۈز يىلدىن بېرى موغۇل، ئۆزبېك ۋە چاغاتاي
ئۇلۇسى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ..................... 325
ئىككىنچى باب يۇنۇسخاننىڭ خان بولۇشى، پەرزەنتلىرىنىڭ
سانى ھەققىدە قىسقىچە بايان ........................... 329
ئۈچىنچى باب يۇنۇسخان ئىشلىرىنىڭ ئاخىرى، پەرزەنتلى-
رىنىڭ ئەھۋاللىرى، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ خان بول-
غانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا نۇقسان يەتكەنلىكىنىڭ
قىسقىچە بايانى ............................................ 332
تۆتىنچى باب سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ
شېھىت بولغانلىقىنىڭ قىسقىچە بايانى .................. 342
بەشىنچى باب ئاتام مىرزا مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگان ئەھ-
ۋالىنىڭ بايانى ............................................ 344
ئالتىنچى باب شاھىبېكخان ئەھۋالىنىڭ بايانى ........... 349

يەتتىنچى باب بابىر پادىشاھىنىڭ نەسەبى ، ئۇنىڭ موغۇل
پادىشاھلىرىغا تۇغقانلىقىنىڭ [ۋە دەسلەپكى ئەھۋا-
لىنىڭ] بايانى .................................... 357
سەككىزىنچى باب سۇلتان سەئىدخان ئىبنى سۇلتان ئەھمەد-
خان ئىبنى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ۋەقەلىرى ، دەسلەپكى
مەزگىللىرىدە باشتىن كەچۈرگەن بالا - قازا ۋە
مېھنەت - مۇشەققەتلىرىنىڭ بايانى .................... 367
توققۇزىنچى باب ئاتام مۇھەممەدھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ شاھ-
بېكخاننىڭ ئالدىدىن خوراسانغا قاچقانلىقى ۋە شۇنىڭغا
مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە ئەھۋاللارنىڭ بايانى ........... 395
ئونىنچى باب بابىر پادىشاھىنىڭ ۋەقەلىرىنىڭ زىكرى ۋە كا-
بۇلدا دەھشەتلىك ماجىرا يۈز بەرگەنلىكىنىڭ بايانى ... 455
ئون بىرىنچى باب بابىر پادىشاھىنىڭ خوراسانغا بارغانلىقى
ۋە كابۇلدا يۈز بەرگەن ئېغىر ماجىرانىڭ بايانى ...... 457
ئون ئىككىنچى باب بابىر پادىشاھىنىڭ كابۇلدىكى ۋاقتىدا
بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى ۋە بۇ ۋەقەگە مۇنا-
سىۋەتلىك بولغان ھەر خىل ھېكايەتلەرنىڭ زىكرى ... 461
ئون ئۈچىنچى باب شاھىبېكخاننىڭ خارەزمگە بارغانلىقى ،
خارەزمنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى ، ئاندىن ماۋەرائۇن-
نەھرگە يۈرۈش قىلىپ خوراسان مەملىكىتىگە قاراپ
يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بايانى .............................. 465
ئون تۆتىنچى باب ئاتام مۇھەممەدھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ شا-
ھىبېكخان ھۇزۇرىغا بارغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار
ۋەقەلەرنىڭ بايانى ، شاھىبېكخاننىڭ تاغام سۇلتان
مەھمۇدخاننى ۋە ئاتامنى شېھىت قىلغانلىقىنىڭ
زىكرى ................................................ 467
ئون بەشىنچى باب بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مىرزا مۇھەم-
مەدھەيدەر كۆرەگان باشتىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنىڭ

بايانى.......... 474
ئون ئالتىنچى باب ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد قازىنىڭ
زىكىرلىرىنىڭ بايانى.......... 478
ئون يەتتىنچى باب ئەسلىي ھېكايەتنىڭ داۋامى .......... 486
ئون سەككىزىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەندىجانغا كې-
لىپ، قاماقتا ئېلىنغانلىقى ۋە يەنە خالاس بولۇپ
كابۇلغا بېرىپ، بابىر پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەنلىكى-
نىڭ بايانى .......... 494
ئون توققۇزىنچى باب مىرزاخان ئەھۋالىنىڭ قىسقىچە بايانى
ۋە پەقىر مىرزا ھەيدەرنىڭ بەدەخشاندىن كابۇلغا بار-
غانلىقى .......... 508
يىگىرمىنچى باب شاھىبېكخاننىڭ قازاقلار ئۇستىگە يۈرۈش
قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئىقبالىنىڭ چېكىنىشكە
باشلىغانلىقىنىڭ بايانى .......... 514
يىگىرمە بىرىنچى باب شاھىبېكخان بىلەن شاھ ئىسمائىل-
نىڭ ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا بولغانلىقى ۋە بۇ ئارىدا
يۈز بەرگەن دەسلەپكى تالاش - تارتىشلارنىڭ بايانى،
شاھىبېكخاننىڭ شاھ ئىسمائىلنىڭ قولىدا قەتلى قى-
لىنغانلىقى.......... 518
يىگىرمە ئىككىنچى باب شاھىبېكخاننىڭ شاھ ئىسمائىل
قولىدا ئۆلگەنلىك خەۋىرى بابىر پادىشاھقا ئاڭلانغانلى-
قى، بابىر پادىشاھنىڭ كابۇلدىن قۇندۇزغا يۈرۈش
قىلغانلىقى.......... 529
يىگىرمە ئۈچىنچى باب تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزىغا ئائىت
سۆزلەرنىڭ بايانى .......... 533
يىگىرمە تۆتىنچى باب تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ
فەرغانىنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرى پادىشاھقا ئاڭلان-
غانلىقى، پادىشاھنىڭ سۇلتان سەئىدخانىنى ئەندىجانغا —

تاغامنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەنلىكى ........................ 539
يىگىرمە بەشىنچى باب بابىر پادىشاھنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە
كەلگەنلىكى ۋە ئۇ يەردە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇر-
غانلىقى ........................................ 541
يىگىرمە ئالتىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەندىجانغا بار-
غانلىقى ۋە ئۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى ... 547
يىگىرمە يەتتىنچى باب مىرزا ئەبابەكىر ئەھۋالىنىڭ قىسقىچە
بايانى........................................... 553
يىگىرمە سەككىزىنچى باب مىرزا ئەبابەكىرنىڭ قىسقىچە ئەھ-
ۋالى ۋە ئۇنىڭ يامان سۈپەتلىرى، ناچار قىلمىشلىرىنىڭ
بايانى........................................... 558
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ئۇبەيدۇللاخاننىڭ تۈركىستاندىن
بۇخاراغا كەلگەنلىكى، بابىر پادىشاھ كۆلمەلىك دېگەن
جايغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يېڭىلگەنلىكى
ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى ... 567
ئوتتۇزىنچى باب تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ ئەھۋالى ... 577
ئوتتۇز بىرىنچى باب بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد-
ھەيدەر مىرزىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى..................... 582
ئوتتۇز ئىككىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ سۆيۈنچەكخان-
دىن يېڭىلگەندىن كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ بايانى ......... 589
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب قازاق خەلقىنىڭ ۋە خانلىرىنىڭ خۇ-
سۇسىيەتلىرى، ئەھۋاللىرى، بۇ جامائەتنىڭ «قازاق»
دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىش-
لىرىنىڭ بايانى ...................................... 591
ئوتتۇز تۆتىنچى باب سۆيۈنچەكخاننىڭ ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن
دۇچ كەلگەن ۋەقەلەر ۋە سۇلتان سەئىدخاننىڭ قازاق
تەرەپكە — قاسىمخاننىڭ ھوزۇرىغا بارغانلىقىنىڭ
بايانى........................................... 595

ئوتتۇز بەشىنچى باب ھەزرىتى مەۋلانا قازى ئەھۋالىنىڭ
بايانى...................................................... 601
ئوتتۇز ئالتىنچى باب ئۆتكەن ئىشلارنىڭ داۋامى .......... 603
ئوتتۇز يەتتىنچى باب شاھ ئىسمائىلنىڭ ئاخىرقى ئەھۋالى-
نىڭ [قىسقىچە] بايانى .................................. 605
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب شەيبانىي خانلىرىنىڭ تاكى بۈگۈن-
گىچە ماۋەرائۇننەھردە بىر ـ بىرلىرىدىن كېيىن سەل-
تەنەت تۇتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ زىكرى ··· 607
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ فەرغانە ۋىلا-
يىتىدىن چىقىپ كاشغەرگە يۈرۈش قىلىش سەۋەبى ھەق-
قىدىكى بايان.................................................. 611
قىرىقىنچى باب كاشغەر ئەھۋالىنىڭ بايانى ................. 616
قىرىق بىرىنچى باب [«تارىخى جەھانگۇشاي»دىن ئېلىنغان
نەقىل] ............................................................ 618
قىرىق ئىككىنچى باب [ئىمام ئەلائىددىن مۇھەممەد
خوتەنىنىڭ كۈشلۈك قولىدا شېھىت بولغانلىقى
ھەققىدە] ........................................................ 624
قىرىق ئۈچىنچى باب [سۇلتان سەئىدخاننىڭ كاشغەردە
مىرزا ئەبابەكر لەشكىرى بىلەن قىلغان دەسلەپكى
ئۇرۇشى] ......................................................... 646
قىرىق تۆتىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ كاشغەردە مىرزا
ئەبابەكر لەشكىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى ......... 658
قىرىق بەشىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ ياركەندكە يۈرۈش
قىلغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى ھېكايەتنىڭ
بايانى............................................................ 664
قىرىق ئالتىنچى باب [كاشغەر خانلىقىنى ئىشغال قىلىشى-
نىڭ ئاچقۇچى بولغان] ياڭىھىسار قەلئەسىنىڭ ئېلىن-
غانلىقىنىڭ بايانى ........................................ 670

قىرىق يەتتىنچى باب مىرزا ئەبابەكرىنىڭ تەلىيى يېنىپ ، ھەممە ئىشلىرىنىڭ زىيانغا يۈزلەنگەنلىكى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دەسلەپكى ۋەقەلەرنىڭ بايانى ........... 679
قىرىق سەككىزىنچى باب كاشغەرنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقى- نىڭ بايانى .................................... 693
قىرىق توققۇزىنچى باب مىرزا ئەبابەكرىنىڭ كېيىندىن قوغلاپ بارغان ئەمىرلەر ئەھۋالىنىڭ بايانى .................. 698
ئەللىكىنچى باب مىرزا ئەبابەكر پەرزەنتلىرىنىڭ ئاقىۋىتى- نىڭ بايانى .................................... 701
ئەللىك بىرىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ كاشغەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ بايانى ...... 705
ئەللىك ئىككىنچى باب ئەمىن [خاجە] سۇلتاننىڭ تۇرپان- دىن [سەئىد] خاننىڭ مۇلازىمىتىگە كەلگەنلىكىنىڭ بايانى.............................................. 709
ئەللىك ئۈچىنچى باب سۇلتان سەئىدخان بىلەن مەنسۇر- خاننىڭ ئارىسىدا كونا كۆڭۈل ئاغرىقى بار بولسىمۇ ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەنسۇرخانغا ئۆزرىخاھلىق قىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ مۇلاقات بولۇش- قانلىقى .......................................... 713
ئەللىك تۆتىنچى باب مەنسۇرخان ئەھۋالىنىڭ قىسقىچە بايانى.............................................. 719
ئەللىك بەشىنچى باب ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ بايانى.............................................. 728
ئەللىك ئالتىنچى باب ئاقسۇنى قايتا قۇرۇش ۋەقەسىنىڭ [ۋە مەنسۇرخان بىلەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەلچى ئەۋەتىشىپ سۈلھى قىلىشقانلىقىنىڭ] بايانى........... 730
ئەللىك يەتتىنچى باب ھەرزىتى مەۋلانا مۇھەممەد قازىنىڭ ۋاپاتىنىڭ بايانى .............................. 731

ئەللىك سەككىزىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەنسۇرخان
بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە كۆچۈللىرىدىكى كىر - غۇبار-
لارنىڭ يوقالغانلىقى ........................................ 748
ئەللىك توققۇزىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ سۇلھى
ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ يانغانلىقى، بۇ ۋەقەلەردىن
كېيىن باباجاق سۇلتاننىڭ خاننىڭ مۇلازىمىتىگە كەل-
گەنلىكى ................................................ 756
ئاتمىشىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ سارىغ ئۇيغۇرغا جازا
يۈرۈشى قىلغانلىقى ۋە يەنە ئۇ جازا يۈرۈشىدىن يېنىپ
كەلگەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭ سەۋەبىنىڭ بايانى.......... 763
ئاتمىش بىرىنچى باب خاننىڭ قىرغىز ئۈستىگە لەشكەر
تارتقانلىقى ۋە مۇھەممەد قىرغىزنىڭ قولغا چۈشكەنلى-
كىنىڭ بايانى ........................................... 766
ئاتمىش ئىككىنچى باب يۇنۇسخاننىڭ قىزى دەۋلەتسۇلتان
خانىمنىڭ بەدەخشاندىن كاشغەرگە كەلگەنلىكى ......... 771
ئاتمىش ئۈچىنچى باب ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ [ۋە شاھمۇ-
ھەممەد سۇلتاننىڭ] تويى بولغانلىقىنىڭ بايانى ...... 772
ئاتمىش تۆتىنچى باب خان بىلەن مىرزاخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا
جېدەل - ماجىرا يۈز بەرگەنلىكى، شۇ قىشتىن كې-
يىنكى يازدا خاننىڭ بەدەخشانغا لەشكەر تارتقانلىقىنىڭ
بايانى................................................... 776
ئاتمىش بەشىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەنسۇرخان
بىلەن ئىككىنچى نۆۋەت كۆرۈشكەنلىكى ............... 780
ئاتمىش ئالتىنچى باب بابىر پادىشاھنىڭ [كابۇلغا قايتىپ
كەلگەندىن كېيىنكى] ۋەقەلەر، [ئۇنىڭ ئىنىسى
سۇلتان ناسىر مىرزىنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئەمىرلەر بىلەن
بابىر پادىشاھنىڭ ئارىسىدىكى ئارازلىقلارنىڭ سەۋەبلى-
رىنىڭ] بايانى ........................................ 781

ئاتمىش يەتتىنچى باب قىرغىزلارنىڭ ۋە موغۇلىستاننىڭ
تىزگىنلەنگەنلىكى ، رەشىد سۇلتاننىڭ دەسلەپكى سەل-
تەنىتى ۋە ئۇنىڭ موغۇلىستانغا ئورۇنلاشقانلىقىنىڭ
بايانى...................................................... 785
ئاتمىش سەككىزىنچى باب دىۋاننىڭ باشقۇرچىسى ، جاھاننىڭ
يېگانىسى ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىن مۇھەممەد [ئەتا-
ئۇل - مۇلك] جۇۋەينى موغۇلىستاننىڭ تەرىپلىرىنى
«تارىخى جەھانگۇشاي»دا مۇنداق بايان قىلغانكەن ، ئۆز
ئەينى بويىچە بايان قىلىندى.................................. 788
ئاتمىش توققۇزىنچى باب ئەسلىي ھېكايەتنىڭ داۋامى ...... 797
يەتمىشىنچى باب خاننىڭ تەۋبە ۋە پۇشايمان قىلغانلىقىنىڭ
بايانى...................................................... 802
يەتمىش بىرىنچى باب خاننىڭ سەلتەنەتىنى تاشلاپ دەرۋىش
بولماقچى بولغانلىقى ۋە بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمىغان-
لىقى ، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ بايانى .......................... 808
يەتمىش ئىككىنچى باب خاجە تاجىددىننىڭ ئەھۋالىنىڭ
بايانى...................................................... 813
يەتمىش ئۈچىنچى باب خاننىڭ خاجە تاجىددىننى تۇرپانغا
ياندۇرغانلىقى ، [سەئىدخاننىڭ] قازاق ئۆزبېكنىڭ
[خانى تاھىر] خان بىلەن دوست بولۇشقانلىقىنىڭ
[ۋە ئاشۇ كۈنلەردە بولۇپ ئۆتكەن باشقا ئەھۋاللارنىڭ]
بايانى...................................................... 815
يەتمىش تۆتىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى سۇلتان
ئىبراھىمنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ بايانى ................ 818
يەتمىش بەشىنچى باب خاننىڭ ئەندىجانغا ئىككىنچى نۆۋەت
بارغانلىقىنىڭ بايانى ...................................... 820
يەتمىش ئالتىنچى باب خاننىڭ موغۇلىستانغا يەنە بىر نۆۋەت
بارغانلىقى ۋە موغۇل ئەھلىنى كاشغەرگە ئېلىپ كەل-

گەنلىكى ھەم ئاشۇ كۈنلەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ
بايانى.................................................. 824
يەتمىش يەتتىنچى باب بابا سۇلتاننىڭ قاچقانلىقىنىڭ سەۋەبى
ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ بايانى.................. 828
يەتمىش سەككىزىنچى باب شاھمۇھەممەد سۇلتاننىڭ زىكرى
ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى ئەھۋالىنىڭ بايانى .................. 833
يەتمىش توققۇزىنچى باب رەشىد سۇلتاننىڭ پەقىر بىلەن
بەلۇرغا ئۇرۇش ئۈچۈن بارغانلىقى ........................ 842
سەكسىنىنچى باب خاننىڭ بەدەخشانغا ئىككىنچى نۆۋەت بار-
غانلىقى ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى ۋە ئاشۇ كۈنلەردە دۇچ
كەلگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى .............................. 844
سەكسەن بىرىنچى باب خان بىلەن ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ
ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق پەيدا بولغانلىقىنىڭ بايانى ...... 853
سەكسەن ئىككىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ بۈيۈك ئەۋ-
لىيا ۋە پېتەكچى ، دىن ۋە مىللەتنىڭ يالقۇنى ھەز-
رىتى شىھابىددىن مەھمۇد ، يەنى تونۇلغان نامى خاجە
خاۋەند مەھمۇدقا مۇرىت بولغانلىقىنىڭ تەپسىلاتى ... 861
سەكسەن ئۈچىنچى باب ھەزرىتى [شىھابىددىن] خاجە خاۋەند
مەھمۇدنىڭ ئەھۋالى ۋە نەسەبلىرىنىڭ زىكرى ......... 866
سەكسەن تۆتىنچى باب ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەنىڭ بەدەخ-
شانغا بارغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەلەرنىڭ
زىكرى .................................................. 904
سەكسەن بەشىنچى باب ھەزرىتى خاجە [ئى نۇرەن] نىڭ
ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلىرىنىڭ بايانى .................. 908
سەكسەن ئالتىنچى باب ھەزرىتى [مەخدۇمى] خاجەئى نۇرەن-
نىڭ زىكىرلىرىنىڭ تۈگەللىمىسى ۋە بۇ ئېغىر ئىشقا
يەڭگىللىك بىلەن كىرىشكەنلىكىمنىڭ ئۆزرىسى ...... 921
سەكسەن يەتتىنچى باب بابىر پادىشاھنىڭ ئەھۋالىنىڭ

ئاخىرى ۋە ئىشلىرىنىڭ تۈگەللىمىسى .................. 925
سەكسەن سەككىزىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ جازا
يۈرۈشى قىلىش نىيىتىدە تىبەتكە لەشكەر تارتقانلىقى-
نىڭ بايانى .................................... 928
سەكسەن توققۇزىنچى باب تىبەت ۋىلايىتىنىڭ تاغ ـ باياۋاندى-
لىرىنىڭ تۈزۈلۈشى [ھەممە تۈبۈتلەرنىڭ رەسىم ـ
قائىدىلىرى ۋە دىن ـ مەزھەپلىرىنىڭ] چۈشەندۈرمە
بايانى.......................................... 930
توقسىنىنچى باب تىبەت يۇرتلىرىنىڭ غارايىباتلىرىنىڭ
زىكرى ........................................ 936
توقسان بىرىنچى باب تىبەت خەلقىنىڭ مەزھەپ ۋە ئېتىقا-
دىنىڭ بايانى.................................... 940
توقسان ئىككىنچى باب خاننىڭ تىبەتكە لەشكەر تارتقانلى-
قىنىڭ بايانى.................................... 945
توقسان ئۈچىنچى باب بۇ كىتاب مۇئەللىپىنىڭ تىبەتكە
كەلگەنلىكى ۋە ئاشۇ كۆللەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ
بايانى.......................................... 946
توقسان تۆتىنچى باب خاننىڭ تىبەتكە كەلگەنلىكى ۋە پەقىر-
نىڭ كەشمىرگە بېرىشىغا رۇخسەت بېرىپ، ئۆزى بال-
تىغا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بايانى ...................... 948
توقسان بەشىنچى باب خاننىڭ بالتىغا بارغانلىقى ۋە ئۇ يەر-
دە دۇچ كەلگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى .................. 952
توقسان ئالتىنچى باب بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مىرزا ھەي-
دەرنىڭ كەشمىرگە بارغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقە-
لەرنىڭ بايانى ................................. 954
توقسان يەتتىنچى باب كەشمىرنىڭ ئەھۋالى ۋە سۈپەتلىرى-
نىڭ بايانى ..................................... 956
توقسان سەككىزىنچى باب كەشمىرنىڭ كاتتا ئاجايىباتلىرى-

ـنىڭ بايانى .................................................. 963
توقسان توققۇزىنچى باب «زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل ··· 967
يۈزىنچى باب كەشمىرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ۋە
كەشمىردە ئۆتكەن [مۇسۇلمان] پادىشاھلارنىڭ قىسقىچە
ئەھۋالىنىڭ بايانى .................................. 971
بىر يۈز بىرىنچى باب كەشمىرلىكلەر مەزھىپىنىڭ بايانى ··· 973
بىر يۈز ئىككىنچى باب ئەسلىي ھېكايەتنىڭ داۋامى ······ 979
بىر يۈز ئۈچىنچى باب كەشمىردىن يانغانلىقىمىزنىڭ زىكرى
ۋە شۇ كۈنلەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى ··· 989
بىر يۈز تۆتىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ مارىيۇلدىن
پايتەخت ياركەندكە يانغانلىقى، پەقىر مۇھەممەد
ھەيدەرنى ئۇرسەڭ تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇ-
غانلىقى ................................................ 992
بىر يۈز بەشىنچى باب سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىشلىرىنىڭ
ئاخىرى ۋە قىسقىچە ئەھۋالىنىڭ بايانى ·············· 999
بىر يۈز ئالتىنچى باب خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن كاش-
غەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى ················ 1011
بىر يۈز يەتتىنچى باب سۇلتان رەشىدخاننىڭ ئەمىرلەر
ئەمىرى، بەلكى سۆزلەيدىغان تىلى ۋە تىنىقى، بارلاس
ئېشىكى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئادىمىي ھايۋان
مۇھەممەدىنىڭ زىكرى······························· 1021
بىر يۈز سەككىزىنچى باب بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مىرزا
ھەيدەرنىڭ ئۇرسەڭ تەرەپكە بارغانلىقى، قېرىندىشىم
ئەبدۇللا مىرزىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ۋە بۇ لەشكىرىي
يۈرۈشتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى················ 1025
بىر يۈز توققۇزىنچى باب تىببەتتە بىز دۇچ كەلگەن قايغۇلۇق
ۋەقەلەر ۋە تاغامىنىڭ ئوغلى مەھمۇد مىرزىنىڭ ۋاپات
بولغانلىقىنىڭ بايانى .................................. 1030

بىر يۈز ئونىنچى باب بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد-
ھەيدەر مىرزىنىڭ تىبەتتىن بەدەخشانغا قاراپ يۈزلەن-
گەنلىكىنىڭ بايانى ................................ 1047
بىر يۈز ئون بىرىنچى باب بابىر پادىشاھنىڭ ئوغلى ھۇما-
يۇن پادىشاھنىڭ ئەھۋالى ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاخى-
رىنىڭ بايانى ................................ 1063
بىر يۈز ئون ئىككىنچى باب [گانگ دەرياسى ساھىلىدىكى
ئۇرۇشنىڭ بايانى] ................................ 1067
بىر يۈز ئون ئۈچىنچى باب چاغاتايىيلارنىڭ ھىندىستاندىن
لاھورغا قېچىپ كەلگەنلىكىنىڭ بايانى ................ 1082
بىر يۈز ئون تۆتىنچى باب بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەم-
مەدھەيدەرنىڭ كەشمىرگە بېرىش سەۋەبىنىڭ بايانى ... 1088
بىر يۈز ئون بەشىنچى باب بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەم-
مەد ھەيدەرنىڭ كەشمىرگە بارغانلىقى ، چاغاتايىيلار-
نىڭ ھىندىستاندىن چىققاندىن كېيىن دۇچ كەلگەن
ئەھۋاللىرىنىڭ قىسقىچە بايانى ................ 1089
بىر يۈز ئون ئالتىنچى باب بۇ كىتابنىڭ مۇسەننىپى ۋە
بۇ پارچىنىڭ مۇئەللىپى ھۇمايۇن پادىشاھتىن ئايرى-
لىپ ، كەشمىرگە يۈزلىنىپ كەشمىرنى ئىشغال قىل-
غانلىقى ، ئاشۇ كۈنلەردە دۇچ كەلگەن ۋەقەلەرنىڭ مە-
لۇماتى ۋە «تارىخى رەشىدي»نىڭ تۈگەللىمىسىنىڭ
بايانى ................................ 1093
بىر يۈز ئون يەتتىنچى باب كىتابنىڭ تەڭرىتائالاغا مۇنا-
جات قىلىش بىلەن ئاياغلىشىشى ، كىتاب ۋاسىتىسى
بىلەن دوستلاردىن دۇئا ئىلتىماس قىلىنىشى ...... 1100

# برسنجي كتاب

# مولللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» نىڭ تەرجىمىسىگە يازغان كىرىش سۆزى

ئەي ، زاتىڭغا يوق نەزىر بىشۇبەھ مىسال ،
ھەم سەلتەنەتىڭ دەۋام بىنەقسۇ زەۋال .
ھەمدىڭدە خىرەد قاسىرۇ ھەم ناتىق لال ،
يەئنىكى ساڭا سانا دىمەك ئەمرى مەھال .

موھتاجلار خەزىنىسىدىن ئاجىز قولالار بىلەن ھەمدۇسانا جەۋھەرلىرىدىن ئىبارەت ھەدىيىلەر كەلتۈرۈلگەي ۋە ئۇ ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بولغان ئالىي مەرتىۋىلىك سۇلتانلار سۇلتانىنىڭ دەرگاھىغا چىچىلغاي . ئىززەت ۋە ھۆرمەت سەھىپىلىرىگە ئەدەپ قەلىمى بىلەن پۈتمەس - تۈگىمەس تەشەككۈرلەر پۈتۈلگەي ۋە ئاجىز - بىچارىلەر ، ئۆي - ماكانسىز گادايلار ئۇنىڭ ئادالەتلىك دەرگاھىدا پادىشاھلاردىن ئېتىبارلىق ۋە ھۆرمەتلىك سانىلىدىغان ، تەڭدىشى يوق ئۇ ئالىي پادشاھقا بايان قىلىنغاي . رۇبائىي :

ئەي ، قۇللارىڭغا قۇل بولۇبان سۇلتانلار ،
مۇھتاج بولۇپ گەدايىڭغا خاقانلار .
سەندىن تاپىبان سەلتەنەتۇ ئىززەتۇ جاھ ،
سۇلتانلارۇ خاقانلارۇ جۇملە خانلار .

ئەزەل سۇلتانىنىڭ بارگاھىغا يېقىن تۇرىدىغان ، ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىدىغان ، گۈزەل ئەخلاقنىڭ كانى ، يۈكسەك لۇتف ئېھسان نامايەندىسى ، ئەلچىلىك شەرىپىگە ئىگە بولغۇچى زاتقا چەكسىز تەبرىك ۋە سان - ساناقسىز سالاملار

بولسۇن . ئۇ «ئاللانىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى» دېگەن يارلىققا ئىگە بولغۇچى ، «سۇ ۋە لايدىن يارىتىلغان ئادەملەرنىڭ پەيغەمبىرى» بولۇشتەك يۈكسەك ئورۇندا تۇرغۇچى ، ئەنبىيالارنىڭ سۇلتانى ، پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى ، «بىز سېنى پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» دېگەن خىتابنى ئاڭلىغۇچىدۇر . ئۇنىڭغا ، ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ۋە بارلىق سۆھبەتداشلىرىغا ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن . **رۇبائىي :**

مىڭ نەئت ئاڭا كىم ئېردى نەبىيلەر شاھى ،
مەخسۇس ئاڭا رۇتبەئى ھەبىبۇللاھى ،
شەھلەرگە ئىسكەندەر كەبى ئېرمىش جاھى ،
تالىب بولۇپ ئوقۇماقغە سەگى دەرگاھى .

شۇنىڭ بىلەن بىللە (پەيغەمبىرىمىزنىڭ) پاك ئەۋلادلىرى — ئۇلار ساپلىق پەلەكىدە نۇرلۇق ئاي ۋە مەرىپەت ئاسمىنىدا يول كۆرسەتكۈچى يۇلتۇزلار ئىدى — نىڭ بارلىق ئائىلە تەۋەلىرىگە ۋە (ئۇ زاتنىڭ) مۇھاجىرەتتە بىللە بولغۇچى ۋە قوللىغۇچى دوستلىرىغا كۆپتىن - كۆپ دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن .

بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ پەخرى ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كەينىدىكىلا كىشى ۋە ھەدىسنىڭ مەنبەسى ، «پەيغەمبەرگە بىرىنچى بولۇپ ئىشەنگەن كىشى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبەتداشلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى» ، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ، **رۇبائىي :**

ئولكىم سەدەفى سىدقىدە گەۋھەر ئېرى ،
ئېرفان فەلەكىدە مىھرى ئەنۋەر ئېردى .
دىن كىشۋەرىدە تەختى خىلافەت ئۇزرە ،
بۇ بەكرىكى نايىبى پەيەمبەر ئېردى .

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبى قەھافە — ئۇلۇغ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — گە ، يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبەتداشلىرىدىن

ئەڭ ئادىل ئەمىر ، خاتا بىلەن ساۋابنى ئەڭ ئېنىق پەرق قىلغۇچى ، ئەربابلار قاتارىدا قوبۇل قىلىنىدىغان ، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ، **رۇبائىي :**

ئۇلكىم ئىدى رەئيى ھەمە بەر ۋەققى كىتاب ،
ئىسلام ئەرۇسى يۈزىدىن ئالدى نىقاب .
ئەدلى ھەمەگەۋۇ دىنىدا كامىل ،
مۇئمىنلەر ئەمىرى ئۆمەر ئىبنۇلخەتتاب .

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنۇلخەتتاب — ئۇلۇغ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — قا ، يەنە قۇرئاننى جەملەپ چىققۇچى ، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مەنبەسى ، چوڭقۇر ئىشەنچنىڭ كانى ، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ، **رۇبائىي :**

ئەسھاب ئاراكى ماھى تابان ئېردى ،
ھىلىم ئىلە ھەيا جەۋھەرىغە كان ئېردى .
ھەم جامىئى فۇرقان ، لەقەبى زۇننۇرەين ،
پاك ئىسمى ئانىڭ ھەزرىتى ئۇسمان ئېردى .

ھەزرىتى ئۇسمان ئىبنى ئەففان — ئۇلۇغ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — غا ، يەنە كۇپپارلارنى قەتل قىلغۇچى ، زۇلپىقار ئىگە- سى ، ئىنسانىيەت ۋە جىنلار پەيغەمبىرىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ، ھەسەن ۋە ھۇسەيىننىڭ ئاتىسى ، ئاللانىڭ شىرى ، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب — ئاللا ئۇنىڭغا شەرەپ ئاتا قىلسۇن — قا ، **رۇبائىي :**

ئۇلكىم ئىدى مەزھەرى سىررى ئەزەلى ،
ئىلىم ئىلە شۇجائەتدە يوق ئېردى مەسەلى .
دامادى رەسۇل ، زەۋجى زۇمرائى تەبەۋۋۇل ،
ئىسلام ئېلىنىڭ ئەمىرى ، ھەق شىرى ئەلى .

ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ، سۆھبەتداشلىرىغا ، بالىلىرىغا ، ئايال-

لىرىغا، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە ۋە ئۇنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاللانىڭ كۆپتىن - كۆپ مەرھەمىتى ۋە سالاملىرى بولسۇن.

ئەمدى ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ يېنىدا دېۋەڭلەر گۇرۇھىغا ياتىدىغان، يېتۈك كىشىلەر جۈملىسىدىن ئالغاندا كەمتۈك ھېسابىغا كىرىدىغان، ئىقتىدار ئىگىلىرى ئالدىدا قابىلىيەتسىز قارىلىدىغان، ئۆلىمالار يىغىلىشىدا جاھىل ۋە نادان ئاتىلىدىغان، باشتىن - ئاياغ ئەيىب ۋە كەمچىلىك بىلەن تولغان مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ:

نەپىس مەنىلەرنىڭ خېرىدارلىرىغا مەلۇم ۋە تارىخلار توغرىسىدىكى يىغىنلاردا قىسسە سۆزلەيدىغانلارغا چۈشىنىشلىك ھەمدە دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ ھەممە ئەربابلىرىغا روشەن، شۇنداقلا ھەممە ئىززەتلىك، ھەم ھۆرمەتلىك سۆھبەتداشلارغا ئوچۇق بولغايكى، مەيلى سۇلتانلار تائىپىسىدىكىلەر بولسۇن، مەيلى ئالىي مەرتىۋىلىكلەر ۋە خاقانلار گۇرۇھىدىكىلەر بولسۇن، ئۇلارنى بۇ يۇكسەك ئورۇنغا ئالەمنى يارانقۇچى، ھەممىگە قادىر ھۆكۈمران ئىگە قىلىپتۇ ۋە خەلقنىڭ ئاسايىشلىقىنى ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا باغلىق ۋە ئالەمنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامىنى ئۇلارنىڭ لۇتۇف - ئېھسانى بىلەن قەھر - غەزىپىگە قارايدىغان قىلىپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ قەدىمىي سۆزىدە ۋەھىيلىك مەرتىۋىسى ۋە پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىدىن كېيىنلا ئىسلامىيەت سۇلتانلىرىنى تىلغا ئېلىپتۇ ۋە بۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى يۇقىرى - تۆۋەن ھەممە خەلقنى ئۇلارنىڭ ئىتائىتىدە بولۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئايەت كەرىمىدە «ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش باشقۇرغۇچىلارغا بويسۇنۇڭلار»[1]، «ئىشتا قەتئىي ھۆكۈم قىلغۇچى يەنىلا ئاللادۇر» دېيىلگەنلىكى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر، بۇ ئۇ ئۇلۇغ ۋە مۇتلەق ھاكىمنىڭ مۇكەممەل ھېكمىتىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئىنسان جۈملىسىدىن بولغان بىرىگە سۇلتانلىق تونىنى كىيدۈرۈپتۇ ۋە

① «قۇرئان كەرىم»، 3 - سۈرە نىسا، 59 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدىغان نەچچە مىڭ كىشىلەرنى ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان قىلىپتۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئالەم قانۇنىنى تۇرغۇزۇپ ئىنسانلارغا ئارام يەتكۈزۈپتۇ . نەزم :

تەئالەللاھ ، ئول خالىقى بىنىياز ،
جەنابىدا ئەجز ئەھلىدۇر سەرفەراز .
ئاڭا خاس ئېرۇر ئىززەتۇ كىبرىيا ،
كى مۇلكىدۇرۇر جۇملەئى ماسىۋا .
ھەكىمىكى كۆپدۇر ئانىڭ ھېكمەتى ،
كى بىھىكمەت ئېرمەسدۇرۇر سەنئەتى .
تانۇلماقنى چۇن ئىختىيار ئەيلەدى ،
ئەدەمدىن ھەمە يوقنى بار ئەيلەدى .
فەلەك تاقىنى قىلدى ئانداغ رەفىئ ،
زەمىن سەھنىنى قىلدى مۇنداغ ۋەسىئ .
ئانىڭدا مەلائىككە بەردى ئورۇن ،
زەمىن ئۆزرە ئىنسانغە بەردى سۈكۈن .
بەشەر خەيلىغە بەرمەك ئىستەب نىزام ،
ياراتتى سەلاتىنى ئالىي مەقام .
ئانىڭ رۇتبەسىنى بەلەند ئەيلەدى ،
خەلايىق ئارا ئەرجۇمەند ئەيلەدى .
ئاڭا ئالەم ئەھلىنى قىلدى مۇتىئ ،
ۋەزىرۇ ، ئەمىرۇ شەرىفۇ ۋەزىئ .
ھەمەسىگە قىلدى ئانى ھۆكمىران ،
ئەگەر زور بازۇ ۋەگەر ناتەۋان .
سالىپ باشىغە ھەيبەتى سايەسىن ،
بىيىك قىلدى مۇنداغ ئانىڭ پايەسىن .
ھەمان بۇ ئىشىدا ئانىڭ ھېكمەتى ،
ئىدى خەيلى ئىنسان رەفاھىيەتى .
كى باغلاپ ھەمە خاس ئىلە ئامنى ،
قەۋى ئەيلەگەي دىنى ئىسلامنى .
رەئىيەتدىن ئولغاي بەسى باخەبەر .
كى بىر - بىرگە يەتكۈزمەگەيلەر زەررەر .

ئەگەر قىلسە ئاجىزنى زالىم ستەم ،
ئىشتىكەچ ۋۇجۇدىنى قىلغاي ئەدەم .
مۇفەتتىنكى فىتنە سالۇر خەلق ئارا ،
ئانىڭ ئەيلەگەي روزگاردىن قارا .
يەتىمۇ غەرىبۇ فەقىر ئولسا گەر ،
ئانى قىلغاي ئىھساندىن بەھرەۋەر .
چېكىپ رەنج ئۆزى سۇبھ ئىلە شام ئول ،
خەلايىققە يەتكۇزگەي ئارام ئول .
بۇ ھېكمەت ئۇچۇن ئانى شاھ ئەيلەدى .
رەئىيەتكە ئانى پەناھ ئەيلەدى .
ئەگەر بولماسا شاھ ئالەم ئارا ،
ئەمان بولماغاي خەيلى ئادەم ئارا .
بىيىكلىك تەقازا قىلۇر پەستلەر ،
ستەمگە سۇنار قول زەبەردەستلەر .
قىلور ئاجىز ئەلنى تەۋانا زەبۇن ،
مۇسەللەت بولۇر ئەلگە ھەر رەزلۇ دۇن .
جەھاندا كۆتۇرگەي باش ئەۋباشلار ،
بۇلۇر ئىززە بىباكۇ قەللاشلار .
يامانلار قىلور دەئۋەئى سەرۋەرى ،
بولۇر ياخشىلار زىندەلىكدىن بېرى .
ھەمە ئالەم ئەھلىگە تۇشكەي نىفاق ،
خەلايىق ئارا قالماغاي ئىتتىفاق .
كېتەر رەۋنەق ئەھكامى ئىسلامدىن ،
يىراق تۇشكەي ئەل ئەمنۇ ئارامدى .
تۇشەي قوزغالان مۇلكى كىشۋەر ئارا ،
بولۇر شۇرۇشەر بەھر ئىلە بەر ئارا .
قەۋانىنى ئالەمدە قالماس نىزام ،
بۇزۇلغاي جەھان ، جۇملە ھاسىل كەلام .

ئەگەر ئۆتمۇشتىن ئاززاق سۆزلىسەك ، تا بۇ كەمگىچە يەر يۈزى پادىشاھ ۋە ھاكىملاردىن خالىي بولغان ئەمەس . ئۇلاردىن ياخشى ئىش قىلغانلىرىنىڭ ، ئادالەتپەرۋەرلىرىنىڭ بەخت ـ

سائادىتى ئۆمۈر بويى مۇستەھكەم ، سەلتەنەتلىرى تۇراقلىق بولۇپتۇ ۋە ئاخىرەتكە كەتكەندىن كېيىنمۇ ياخشى ئاتلىرى جاھان خەلقىگە يادىكار بولۇپ قاپتۇ . پەيلى يامان ۋە زۇلۇم سالغۇچى زالىم بولغان بولسا ، بۇ پانىي دۇنيادا ياشىغان دەۋرىدە دۆلەت ۋە سەلتەنەتتىن بەھرىمەن ۋە ئەيشۇپاراغەت بىلەن بىللە بولالماپتۇ ؛ باقىي ئالەمگە ماڭغىنىدا بولسا يامان ئاتلىرى تاكى قىيامەت كۈنلىرىگىچە ئەلنىڭ ئاغزىدا قاپتۇ ۋە يامانلىقلىرى كىتابلارغا يېزىلىپتۇ . نەزم :

ھۆكۈمەت ئېرۇر تۇرفە ئەمرى ئەزىم ،
ھەم ئۇممىد ئېرۇر ئاندا كۆپ ، داغى بىم .
ھەم ئول موجىبى ئەيشۇ ئىشرەتدۇرۇر ،
ھەم ئول بائىسى دەردۇ ھەسرەتدۇرۇر .
ھەم [ئول] راھەتۇ ئافىيەتكە سەبەب ،
ھەم ئاندىن يېتەر رەنج بىرلە تەئەب .
ھەم ئول رەھنەمايى سەئادەت تۇرۇر ،
ھەم ئول مۇجىباتى شەقاۋەت تۇرۇر .
بىرۋكىم ئانى قادىرى بىنىياز ،
ھۆكۈمەت بىلە ئەيلەمىش سەر فەراز .
ئەگەر ئول شەرىئەتكە بولسا مۇئىن ،
قەۋى قىلسە سەئيى ئىلە ئىسلامى دىن .
رەئىيەتكە ئەدل ئىلە داد ئەيلەسە ،
ھەم ئەل مۇشكىلىنى كۇشاد ئەيلەسە .
داغى بولسە جۇۋدۇ سەخا پىشەسى ،
غەمى ئاخىرەت بولسە ئەندىشەسى .
شىئار ئەتسە دائىم نىكۇ كارلىغ ،
بۇ رەڭ تۇزسە رەسمى جەھاندارلىغ .
بولۇر ئۇمر ئىلە دەۋلەتى بەركەمال ،
يېتىشمەس ئانىڭ دەۋلەتىغە زەۋال .
ئەگەر ئەيلەسە ئەزمى دارىلقەرار ،
قالۇر ياخشى ئاتى ئانىڭ يادگار .
ئانى روزگار ئەھلى ياد ئەتكۇسى ،
دۇئا بىرلەر روھىنى شاد ئەتكۇسى .

داغى كۆرمەگەي ئاخىرەتتە ئەزاب ،
بىھىش ئىچرە داخىل بولۇر بىھىساب .
مەئازەللاھ ، ئول شەھكى غافىل ئېسە ،
مۇسۇلمانلىق ئەمرىدە كاھىل ئېسە .
قەۋىي قىلماسە شەرئى ئەھكامىنى ،
رەۋا ئەتمەسە خەلقنىڭ كامىنى .
ستەم رەسمىنى ئاشكار ئەيلەسە ،
تەئەددى تەرىقىن شىئار ئەيلەسە .
ۋىدائ ئەيلەسە جۇۋدۇ ئېھسان بىلە ،
ھەرىس ئولسە ئەل مالىغە جان بىلە .
بۇ نەۋئ ئايىنى ئولسە شاھىي ئاڭا ،
ئېرۇر جەزمى قەھرى ئىلاھىي ئاڭا .
يېتەر دەۋلەتىغە دەما دەم خۇتۇر ،
يانار بەختى ، ئىقبالى تاپغاي قۇسۇر .
رىئاياسى بىزار ئولۇرلار تەمام ،
تىلەرلەرئانىڭ ئۆلمەكىن سۇبھۇ شام .
گەر ئول دۇنيادىن كۇسى رىھلەت چالۇر ،
يامان ئاتى ئالەمدە باقىي قالۇر .
نە كەچكەي ئاڭا روزى مەھشەردە ھال .
كىشى بىلمەس ئانى ، مەگەر زۇلجەلال .

بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ، بىزدىن بۇرۇنقى بىلىم ئىگىلىرى تاكى ئالەمنىڭ يوقىلىشىغا قەدەر سۇلتانلار ۋە خاقانلارنىڭ ھۆكۈمەت ۋە سەلتەنەت شارائىتىنى ، خەلق ۋە مەملىكەتنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىنى بىلىشى ؛ دەۋا ـ تەلەپتە ئادىل بولۇشىنىڭ پايدىسى ۋە زۇلۇم ھەم چىرىكلىشىشىنىڭ كەلتۈرىدىغان نەتىجىسىدىن خەۋەردار بولۇشى ؛ دۆلەتنىڭ مۇستەھكەم بولماسلىقى ۋە ياخشى ئات قالدۇرۇش قاتارلىقلارغا نىسبەتەن سەزگۈر بولۇشى ؛ ئادىل ۋە ئىنساپلىق بولۇش يولىنى تۇتۇشى ؛ جەبىر ـ زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىشنى ۋاجىپ بىلىشى ئۈچۈن ھەر ئەسىردىكى پادىشاھلار ئەھۋالىنى تارىخقا ئەينەن يېزىپ قالدۇرۇپتۇ ، ئۇلارنىڭ ماختاشقا لايىق خىسلەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ ، يارىماس ئىشلىرىغا كۆز

يۇماپتۇ. ئالايلى، «تارىخى جەھانگۇشاي»، «تارىخى بەناكەتى»، «مەجمەئۇت تەۋارىخ»، «تارىخى گۇزىدە»، «تارىخى مەنزۇمە»، «زەپەرنامە» ۋە يەنە بىرقانچە مەشھۇر تارىخلارنىڭ ھەممىسى ئىراق، خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلاردا پەقەت ئۇ تەرەپلەردىكى پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالىلا يېزىلغان، ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرىدىن باشقا ۋەقەلەرگە كۆڭۈل بۆلۈنمىگەن. موغۇل خانلىرىنىڭ زىكرى ۋە نام ـ نەسەبى، ھال ـ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىدىغان بىرەر كىتاب تۈزۈلمەپتۇ ۋە تارىخ يېزىلماپتۇ. پەقەت «تارىخى رەشىدىي» كىتابىلا مىرزا ھەيدەر كۆرەگان ئىبنى مۇھەممەد ھۇسەين كۆرەگان — ئاللا ئۇنىڭ قەبرىسىنى يورۇق قىلسۇن — نىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇنى (ھىجرىيە) 951 ـ يىلى ئەبدۇررەشىدخان ئىبنى سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامىغا بېغىشلاپ يازغان. ئۇنىڭدا تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ زىكرىدىن تاكى ئەبدۇررەشىدخان ۋە پادىشاھ ھۇمايۇننىڭ قىسسىلىرىغىچە بولغان ئەھۋاللار تەرتىپ بويىچە يېزىلغان ۋە تۇتقان ئورنى ئېتىبارى بىلەن ھەر قايسى خانلار ۋە پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، شۇنىڭدەك موغۇلىستان زېمىنىنىڭ چوڭلۇقى، ئاب ـ ھاۋاسى ۋە كاشغەر (ھازىرقى قەشقەر)، ياركەند (ھازىرقى يەكەن)، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ شەھەر، ئىمارەت، مازار، سەھرا، باغۇدەريا، تاغۇچۆللىرى ھەمدە بۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، رەسىم ـ قائىدىلىرى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەكشۈرۈلۈپ ۋە ئېنىقلىنىپ خېلى كەڭ بايان قىلىنغان. شۇ نەرسە ئوچۇقكى، بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ تەرىپى ۋە موغۇل خانلىرىنىڭ زىكرى باشقا ھېچ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ئەمەس، گەرچە بەزى تارىخلاردا تاسادىپىي ئانچە ـ مۇنچە ئېيتىلىپ قالغان بولسىمۇ، لازىم بولغان يېرىلا قىسقىچە بايان قىلىنغان، تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈلمىگەن. «تارىخى رەشىدىي» دە بولسا مەخسۇس خانلارنىڭ ھېكايىلىرى ۋە موغۇلىستان ۋەقەلىرى تولۇق بايان قىلىنغاندىمۇ شۇنچىلىك تەپسىلىي قىلىنغانكى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەسەۋۋۇر

قىلىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك . ئۇ ھەقىقەتەن كۆكۈلگە ياقىدىغان بىر كىتابكى ، «سىلەرگە ئۇ يەر (جەننەت) دە كۆڭۈللەر تارتىدىغان ، كۆزلەر ھۇزۇر ئالىدىغان نەرسىلەر بار»[1] دېيىلگىنىدەك ، چىرايلىق سۆز ۋە ئىبارىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ۋە تەگدىشى يوق بىر نۇسخىكى ، ئۇنىڭدا ئاجايىپ ـ غارايىب ھېكايىلەر ۋە «كۆز كۆرمىگەن ، قۇلاق ئاڭلىمىغان نەرسىلەر» دېگەندەك ئۇنۋان ۋە ئەمەللەر ئوچۇق يېزىلغان . شۇنداق بىر كىتابكى ، ئۇنىڭ ھەقىقىيلىكى ۋە تەربىيىۋىلىكى پەقىر ۋە يوقسۇللار ئۈچۈن زۆرۈر ھەم ئىنتايىن پايدىلىق . ئۇنىڭدىكى ھېكايىلەر ۋە ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئىززەتلىك ھەم ھۆرمەتلىك شەخسلەرنى ئىبرەت ئېلىشقا ۋە ئاگاھ بولۇشقا ئۈندەيدۇ . ئۇ يەنە شۇنداق بىر مەجمۇئەكى ، مەملىكەت ئىشلىرىدا قوللىنىلىدىغان ، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قوللانما ، ئەمىرلەشكەر ، باتۇرلار ئۈچۈن مۇھىم چارە ـ تەدبىر ۋە ھىيلىلەر نامايەندىسىدۇر . نەزم :

زىھى خۇش لەفزۇ خۇش مەزمۇن كىتابى ،
جەھانى نۇكتەدۇر ھەر فەسلۇ بابى .
ئىباراتى ھەمە مەتبۇئۇ دىلكەش ،
سەفا ئەھلى دىلىدەك لەفزى بىغەش .
ھىكاياتى سەراسەر ھىكمەتۇ پەند ،
ئېرۇرجان كامىغە مەزمۇنى چۇن قەند .
تولا كۆرگەچكە ئارتار زوۋقۇ ھالەت ،
ئوقۇپ تاپماس كىشى ھەرگىز مەلالەت .
ھىكايەتكىم ئەمەس ئەل ئىچرە مەزكۇر ،
ئېرۇر بىر ـ بىر بەتەفسىل ئاندا مەستۇر .
كىتابىدۇر بەسى مەنزۇرۇ مەرغۇب ،
كى ھەر بىر قىسسەسى بىر ـ بىرسىدىن خۇب .
ئېرۇر قەدر ئىچرە دۇررى بىبەھادەك ،
ئەزىز ئەھلى جەھانغە كىمىيادەك .
دېمىشلەر ئانى «تارىخى رەشىدى»

---

[1] «قۇرئان كەرىم» ، 43 ـ سۈرە زۇخرۇف ، 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

كى ئېرمىش رۇشد ئىشكىنىڭ كەلىدى .
نەچە ۋەسفىن دېسە ئەفزۇندۇر ئاندىن ،
ئېرۇ خامە تىلى قاسىر بەياندىن .

ئەمما ، بۇ كىتاب گوياكى ئەنقادەك نىشانى يوق ، خۇددى كىمىيادەك يوشۇرۇن ئىدى . رۇبائىي :

مۇسھەف ئارا ئىسمى ئەئزەم ئاسا پىنھان ،
ياكىم زۇلۇمات ئىچرە ئابىھەيۋان .
ئىكسىر مەسەللىك ئەل كۆزىدىن مەستۇر ،
ئەنقا كەبى ئالەم ئىچرە بىنامۇ نىشا .

بۇ كىتابنىڭ ئالەمدە بارلىقىدىن ھېچبىر ئىنسان خەۋەردار ئەمەس ئىدى ، شۇڭا موغۇل خانلىرىنىڭ بايانى خەلق ئىچىدە مەلۇم ئەمەس ، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى ئالەم ئەھلى نەزەرىدىن سىرتتا ئىدى .

بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ، ئۇ يۈكسەك سەلتەنەت ئىگىسى ۋە تاجدارى ، گۈزەللىك بۇرجىدىن ئورۇن ئالغان ھاكىم ، پادىشاھ ، خەلقنىڭ تىنچ ۋە خاتىرجەملىكىنى قانات يايدۇرغۇچى ، خەير — ئېھسان ئىشلىرىنى كېڭەيتكۈچى ، ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە جەم قىلغان يارامىلىق خىسلەتلەرنىڭ ئىگىسى ، زاتى ۋە نەسىپى پاك ، تەبىئىتى يېقىملىق ، گۈزەل ئېتىقادلىق ، يۈكسەك ئىرادىلىك ، دىيانەتلىك ، ئادىل ھاكىم ، ئىلىم ۋە ئالىملارنىڭ ، ھەقىقىي پاك كىشىلەرنىڭ دوستى ، ئاجىزلار ، يوقسۇللار ۋە مىسكىنلەرنىڭ يۆلىكى ، شەرىئەتنى مۇستەھكەملىگۈچى ، مىللەت ۋە دىنىنىڭ ھامىيسى ، يېقىملىق ، مېھىر — شەپقەتلىك جانابىي ئاللا ياخشى كۆرىدىغان كىشى ، نەزم :

ئەمىرىكىم ئىدى ھىشمەت ئارا ئىسكەندەرى سانى ،
ئاڭا ئېردى مۇسەللەم رەسمى ئايىنى جەھانبانى .
شەرافەت بۇرجىدا ئېردى سەئادەت كەۋكەبى گۇيا ،

هۆكۆمەت ئاسمانى ئۆزرە ئېردى مىهرى رەخشانى .
جەلالەت كوھىدا ئېردى ئەجەب ياقۇتى سىرابىي ،
ئەسالەت بەھرىدە ئېردى يەگانە دۇررى غەلتانى .
سەخا بابىدا بىمانەند ئىدى دائىم ، يېتەر ئېردى ،
زەمان ئەھلىغە يەكسان ئەبرى باران ياغلىغ ئىھسانى .
زەكاۋۇ دانىشۇ فەزلۇ ھۇنەردە بەركەمال ئېردى ،
ھەيا دۇررىغە بەھر ئېردىيۇ ھىممەت لەئلىنىڭ كانى .
تەرىقى ئەدلۇ ئىنساف ئىچرە ئېردى نادىرى دەۋران ،
كەم ئېردى ئەسرىدە مۇلك ئىچرە مىسكىنىيۇ ۋەيرانى .
تەئەددى خىرمەنىن ساۋۇردى ئانداغ سەرسەرى قەھرى ،
كى دەۋرىدە ئەدەم قەئرىگە كەتتى زولم تۇفانى .
خەزان بولغان جەھاننى سەئي ئىلە باشدىن بەھار ئەتتى ،
زەمانە ئەرسەسىن سىراب قىلدى ئەدلى نېيسانى .
ئىدى تەربىيەتى ئىنئام ئىلە ئىلم ئەھلىگە مەخسۇس ،
كى بولماس ئاندىن ئارتۇق تەربىيەت قىلماقنى ئىمكانى .
ھەر ئىشىدە ئېردىلەر مەنزۇرىيۇ ھەم ئىززەتى ئۇقبا ،
پىسەند ئولماس ئىدى تەبئىگە ھەرگىز دەۋلەتى فانى .
زىلالى ھىبەتۇللاھ ئېردى سىماسىدە پەيدا ھەم ،
جەبىنىدە ئىدى زاھىر زىيايى نۇرى سۇبھانى .
مۇغىسۇلخەلقۇ ئەۋنۇلمۇسلىمىنۇ ھەم ماھى باتىل ،
زەلالەت دەيرىغە ھادىم ، ھىدايەت قەسرىغە بانى .
مۇئىنى شەرئۇ مىللەت ، ناسىرى ئىسلامۇ دىن پەرۋەر ،
كى جەھدىدىن مۇشەييەد بولمىش ئېردى شەرئى ئەركانى .
ئەمىرى مەئدەلەت ئەتۋارى نىكۇ كارى خەير ئاسار ،
مەدارى دىنمۇ دەۋلەت ، مەزھەرى ئەلتافى رەھمانى .
نىيازى قايىسى تىل بىرلە ئانىڭ ۋەسفىن ئەدا ئەيلەر ،
نەھەددۇر زەررەدە تەۋسىف قىلماق مىھرى بەيزانى .

پايتەخت ياركەندنى مۇتلەق ئىدارە قىلىپ تۇرغان ئاق كۆڭۈل ، سائادەتمەن مەرھۇم ، يەنى ئەبدۇررەھمان ۋاڭ ھاكىمبېگىم — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە شەپقەت قىلسۇن ، ئۇلارنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى قۇياشتىنمۇ روشەن ۋە يېقىملىق ناملىرى ئۆتكەنلەردىنمۇ پارلاقتۇر ، بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىغا ئۇ

زاتىنىڭ مۇبارەك تەرىپلىرى قوشۇمچە قىلىنغۇسىدۇر، مەدھىيەلەشكە تېگىشلىك سۈپەتلىرى ھېسابسىز كۆپ ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرى ناھايىتى مەشھۇردۇر — ياركەند ھۆكۈمىتى تەختىدە ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان مەزگىلدە، ئاجىزلارغا بولغان يۈكسەك غەمخورلۇقى بىلەن بۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان، كىشىلەرگە كەمچىلىكى ۋە يېتىشسىزلىكى بىلەن مەلۇم بولغان پەقىر مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇرغا رەھمەت سايىسىنى سالغان، ئېتىبار بىلەن قارىغانىدى. خۇددى ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئاجىز چۈمۈلىگە يۇمشاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىنىدەك، كۆپ ۋاقىتلاردا كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشلىرىغا بۇ قەدىرسىزنى تىڭشىغۇچى سۈپىتىدە قاتناشتۇراتتى ۋە بۇ پەقىرگە كۆپ قېتىم مۇنداق دېگەنىدى:

«بۇ يەرلەر موغۇلىستانغا قاراشلىق ۋە خانلارنىڭ پايتەختى بولغان يەرلەردۇر، چىڭگىزخان زامانىدىن تاكى خانلارنىڭ نەسلى ئۈزۈلگۈچە ئۆتكەن خانلارنىڭ ئەھۋاللىرى ئېنىق ئەمەس، بۇ ۋىلايەتلەردە قانچە خاننىڭ ھۆكۈمەت تەختىدە ئولتۇرغانلىقى، ھۆكۈمدارلىق قائىدە - قانۇنلىرىنى قانداق يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ۋە قايسى ۋاقىتتا ئاخىرەتكە سەپەر قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس، موغۇل خانلىرىنىڭ نامى يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كەتمەسلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى كېيىنكى زاماندىكى كىشىلەرگە مەخپىي قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە خانلارنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان بىر كىتاب يېزىلغان بولسا ياكى بىر ئىشەنچلىك ھېكايە قىلغۇچى بولغان بولسا، بۇ ھېكايىلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېيتىلغان بولسا بولاتتى.»

ئەمما، «تارىخى رەشىدىي» دېگەن كىتابنىڭ زامانىمىزنىڭ كىتابخانىسىدا بارلىقىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. تاسادىپىي بۇ كىتابتىن بىر نۇسخا تېپىلىپ قالدى، دىققەت بىلەن قارىساق، باشتىن - ئاياغ خانلارنىڭ ھېكايىلىرى ۋە موغۇلىستان ۋەقەلىرىنىڭ رىۋايىتى ئىكەن. لېكىن، كىتاب خۇددى

مەھبۇبلارنىڭ چاچلىرىدەك چۇۋۇق ۋە ۋاراقلىرى پۈتۈنلەي بىر ـ بىرىدىن ئاجراپ كەتكەنلىكتىن ، ھەر قىسمىدا بايان قىلىنغان ھېكايىلەر بىر ـ بىرىگە يېپىشمايتتى . ئەبدۇررەھمان ۋاڭ ھاكىمبېگىم بۇ كىتابنىڭ مۇنداق بولۇپ كەتكەنلىكىگە كۆپ ئۆكۈنگەن ۋە ماڭا :

«ئەپسۇسكى ، بۇ كىتاب تولۇق ۋە رەتلىك بولغان بولسا ، سېنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم ، بۇ شۇنداق بىر نۇسخىكى ، يا ئۇنىڭ ۋاراقلىرى بىر ـ بىرىگە يېپىشمايدۇ ، يا ھېكايىلىرى بىر ـ بىرىگە باغلاشمايدۇ . شۇڭا ، ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇق بەرسەم ، بۇ ئېغىر كېلىدىغان بىر بۇيرۇق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجرا قىلىش تەس بىر ۋەزىپە بولۇپ قالىدۇ » دەپ پەقىر بىچارىگە مۇنداق ئېغىر يۈكنى يۈكلىمەسلىككە رەھىم ـ شەپقەت كۆرسەتكەنىدى . پەقىرنىڭ بۇ مۇھىم ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىم ئۆزۈمگە ئوچۇق ئايان ئىدى . ئەمما ، ئۇ ھەزرەت شەپقەت يۈزىدىن بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش قارارىغا كېلىشىمگە بۇيرۇق بەرمىگەچكە ، بۇ ھەقتە ئاجىزلىقىمنى بىلدۈرۈشۈمنىڭ ، ئۆزرەمنى قوبۇل قىلىشنى سورىشىمنىڭ ئورنى يوق ئىدى .

سەلتەنەت ئاسمىنىنىڭ ئون تۆت كۈنلۈك تولۇق ئايى ، مەملىكەت ھاكىمىيتىنىڭ تەخت ئىگىسى ، ئىسلاملىق ۋە رەھىمدىللىقنىڭ بەخت يۇلتۇزى ، ۋىلايىتىمىزنىڭ يېگانە گۆھىرى ، ئىقبال ۋە بىلىم جەۋھەرلىرىنىڭ كانى ، پەم ـ پاراسەت گۈل ـ چېچەكلىرىنىڭ ماكانى ، يۇمشاقلىق ۋە مۇرۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى ، ئادالەت ۋە ساخاۋەتنىڭ نامايەندىسى ، شەرىئەت قانۇنلىرىنى كۈچلەندۈرگۈچى ، ئالىملارنى ئىززەتلەپ ، پۇقراغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ، شەرەپلىك ئەمىر ، ھەزرىتى رەسۇلۇللانىڭ شەرەپلىك خىزمەتكارى ، خوتەن پايتەختىنىڭ ھاكىمى ، يەنى مۇھەممەدئەزىز ۋاڭ ھاكىمبېگىم ئىبنى ئەبدۇررەھمان ۋاڭ ھاكىمبېگىم — ئاللا ئۇنىڭ دۆلىتىنى ۋە سەلتەنىتىنى ئەبەدىي قىلغاي — ئاپەت ۋە

قالايمىقانچىلىقلاردىن كېيىن ، خۇداغا شۇكرى ، خوتەن تەۋەسىدە ھاكىمىيەت تەختىدە ئولتۇردى . نەزم :

ۋالىئي دەريا دىلۇ ۋالا جەناب ،
قەدرى بىيىكلىكدە فەلەك ئىنتىساب .
پاك روۋۇ پاك دىلۇ پاك زاد ،
تىنەتى پاكىزەۋۇ ئالىي نىژاد .
لەئلى دۇرەخشەندەئى كانى ھەسەب ،
گەۋھەرى ئۇممانىيۇ ئۇلۋى نەسەب .
زاتى بىلە ئىززۇ شەرەف تۇ ئەمان ،
ئۆزى داغى بەختى مەسەللىك جەۋان .
بەخت ئانىڭ بىرلە تاپىپ زىبۇ فەر ،
سايە كەبى ھەمرەھى فەتھۇ زەفەر .
ھىممەتىدۇر چەرخى بەرىندەك زەفىئ ،
كۆڭلى فەلەك جۇۋفى مەسەللىك ۋەسىئ .
سىنەئى بىكىنەسىدەك رەئيى ساف ،
قەۋلى ھەممە ۋەئدەسىدەك بىخىلاف .
تەبئى خۇشۇ فەھمى خۇشۇ خۇش سۇخەن ،
خۇيى كەبى جۇملەئى فىئلى ھەسەن .
جەبھەسىدۇر مەتلەئى مىھرى شەرەف ،
ئارەزىدۇر بەدرى سىپىھرى شەرەف .
كۆڭلى ئېرۇر مەخزەنى ھىلمۇ ھەيا ،
ئىلكى مەسەللىك نەزەرى كىمىيا .
بىر كەفىدور بەھر يەنە بىرسى كان ،
بەخشىشىدىن مۇنتەفىئ ئەھلى جەھان .
ئاچلار ئولۇپ سىر ئانىڭ خانىدىن ،
فەزل ئېلى بەھرەۋەر ئىھسانىدىن .
دەر سۆزى ھەق ، نىيەتى خالىس تەمام ،
فىكرى ھەممە مەسلىھەتى خاسۇ ئام .
تاغ كەبى تەمكىنۇ سەباتى ئانىڭ ،
زاتى كەبى ياخشىدۇر ئاتى ئانىڭ .
ھېچ كىشىگە بىجىھەت ئازارى يوق ،
فىئلى نىكۇدىن بۆلەك ئەتۋارى يوق .

ئەجز ئېلىنىڭ ھاجەتىن ئەيلەر رەۋا ،
تاپتى نەۋا ئىشكىدە ھەر بىنەۋا .
ئەدلى بىلە مۇلكىگە مەئمۇرلۇق ،
لۇتفى بىلەن خەلقىغە مەسرۇرلۇق .
زاتىدا يوق دەئۋىئى كىبرۇ مەنى ،
ھىلمۇ مۇلايىملىق ئولۇپدۇر فەنى .
زىھنى خۇشۇ تەبئى بەغايەت بەلەند ،
نۇكتەئى نازۇكغە بەسى زەۋقمەند .
ئىلم ئېلىگە شەفقەتى بىھەسرۇ ھەد ،
لۇتف ئىلە تەربىيەتىدۇر بىئەدەد .
فەقر ئېلى ئالىدا ئۆزىن پەست ئېتەر ،
زۇلم ئېلىنى خاكغە ھەمدەست ئېتەر .
سۇرەتى شەھ ، سىرەتى دەرۋىشۋار ،
قەھرى كەمۇ مەرھەمەتى بىشۇمار .
ھەد نەچە ۋەسف ئەيلەسە ئاندىن فۇزۇن ،
ھەددى ئەددۇ شەرھى بەياندىن فۇزۇن .
تاڭ ئەمەس ئەر بولسە بۇ رەڭ خوش سىفات ،
چۈنكى ئېرۇر پاك نەسەبۇ پاك زات .
قىلسە نىيازى نەچە ۋەسفىن رەقەم ،
بولماس ئەدا يۈز مىڭىدىن بىرسى ھەم .

مۇشۇ ۋاقىتتا چەكسىز شەپقەت ۋە مەرھەمەت يۈزىسىدىن بۇ پەقىرنى ۋارىسلىق قىلىنغۇچى خىزمەتكارلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ ، خۇددى نۇرلۇق قۇياش تۆتىنچى پەلەكتىن يەردىكى ئوت - چاۋارلارغا نۇر بەرگىنىدەك ، غەمخورلۇق سايىلىرىنى ھۇما قۇشىدەك بېشىمغا يەتكۈزۈپ ، شەرەپلىك خىزمەتلىرىگە يېتىشۈردى .

شۇ كۈنلەردە يەنە بىر «تارىخى رەشىدى» كىتابى ھۆكۈمەت كىتابخانىسىدا تېپىلىپ قالدى ، بۇ كىتاب بىر كىشىنىڭ قەلىمى بىلەن چىرايلىق يېزىلغان ، ئوقۇشقا ئوڭاي ۋە باشتىن - ئاياغ رەتلىك ۋە تولۇق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئالىي سۇپەتلىك زات تەرىپىدىن بۇ ئەرزىمەس خىزمەتچىگە كۆپ ئىلتىپاتلار كۆرسىتىلىپ : «بۇ

كىتابتا پۈتۈنلەي موغۇل خانلىرىنىڭ ھېكايىلىرى ۋە موغۇلىستان مەملىكىتىنىڭ تەرىپى يېزىلغان بولۇپ، بۇ بىر يېگانە نۇسخا، ئۇنىڭدا ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايىلەر بار ئىكەن، بۇ نۇسخىنى ھېچ كىشى كۆرمەپتۇ ۋە بۇنىڭدىكى ھېكايىلەرنى ھېچ كىشى ئاڭلىماپتۇ. ئەمدى تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن پارس تىلى بىلەن يېزىلغانىكەن. شۇڭا، ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭدىن تەڭ بەھرىمەن بولالمايدۇ ۋە ھەممە ئادەم ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تەڭ چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇ خۇددى مۇشكۇل بىر تىلنىڭ خىلۋەتخانىسىدا ئولتۇرغان ۋە باشقا بىر تىل پەردىسىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مەھبۇبقا ئوخشايدۇ. سەن بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇنغان بولساڭ، بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەڭ ۋە مەنىلەر گۈزەللىرىنى تۈركىي تىل نەزەرىدە جىلۋىگە كەلتۈرسەڭ، شۇ ئارقىلىق نەزەر سالغۇچىلار ئۇ روپۇش نازىنىنلارنىڭ جامالىنى ھېچقانداق قىينالماي كۆرەلەيدىغان بولسا، ئۇ مەھبۇبنىڭ ۋىسالىغا جاپا تارتمايلا يېتىشكەن بولسا، يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كەتكەن خانلارنىڭ ئاتلىرى يېڭىۋاشتىن ئاشكارا بولسا، بىزمۇ ‹ياخشى ئىشقا دالالەت قىلغۇچى ياخشىلىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ› دېگەندەك ياخشىلىقنىڭ بىر قىسمىدىن بەھرىمەن بولساق ۋە خانلارنىڭ روھىدىن مەدەت ئالساق، سەنمۇ ياخشى مۇكاپات ۋە نۇرغۇن ساۋاب تاپساڭ، جاھان ئەھلىگە بىر يادىكار قالسا، دۇنيادا ئادەم بالىسى مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ھەم خانلارنىڭ بايانى ۋە بىزنىڭ نامىمىز خەلق تىلىدا ئاتىلىپ تۇرسا» دەپ مۇنداق بىر بويسۇنماي بولمايدىغان پەرمان بېرىلدى. قانچىلىك ئويلىنىپ كۆرسەممۇ، ئۆزۈمدە بۇ چوڭ ئىشقا قەدەم قويۇش ئۈچۈن جۈرئەت قىلىشقا ۋە بۇ بەك مۇھىم ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا لايىق ئىقتىدارنى تاپالماي تېڭىرقاپ ئىككىلىنىپ قالدىم. گاھى «ھەر بىر ئىشنىڭ يول يۇرگۇچىسى بار» دېگەن ماقالنىڭ مەزمۇنى بىلەن «سۇكۇت قىلغان كىشى قۇتۇلىدۇ» دېگەن ئويغىمۇ كەلدىم ۋە گاھى «ھەر يەرنىڭ ئۆز ماقالى بار» دېگەن تەمسىلنىڭ مەزمۇنى بويىچە «جىم تۇرغان كىشى

ئامان قالىدۇ» دېگەن خىيالغىمۇ كەلدىم . يا ئالىي بۇيرۇققا سەل قاراشقا ۋە ئۇنى كېچىكتۈرۈشكە قۇدرىتىم ، يا قۇدرىتىم يەتمەس ئىشقا قەدەم قويۇشقا جۈرئىتىم يوقلۇقىدىن قاتتىق تەڭلىكتە قالدىم ، ئاخىر ئەقىل پىرى مېنىڭ بۇ نائىلاجلىقىمنى كۆردى ۋە شەپقەت قىلىپ ساۋابلىق يولغا يۈز كەلتۈرۈپ يول كۆرسەتتى ۋە مۇنداق دېدى :

«ئەي ئىلاجسىزلىق دېڭىزىغا غەرق بولغان ۋە قورقۇنچ دەشتىدە بېشى ئايلانغان ، ئەندىشە قىلىپ بىئارام بولۇشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟ تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقىنىڭ قانداق بىر بىھۇدە خىيال؟ نېمىگە ئىككىلىنىسەن؟ ھەل قىلىشىنىڭ يولى روشەنغۇ! ئىمكانىيىتىمۇ بار تۇرسا يەنە ھودۇقۇپ كېتىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ‹بۇيرۇلغۇچى ئۆزرىلىك ، قىلىنىدىغان ئىش مۇقەررەر › دېگەن گەپنى بىلمەمسەن؟ بۇ ‹ھەر قانداق چەكلەش زۆرۈرىيەتكە يول قويىدۇ › دېگەن ئېتىبارلىق سۆزدۇر . قابىلىيىتىڭنىڭ كەملىكىدىن قورقمىغىن ، چۈنكى ‹جىددىي ئىزدەنگەن كىشى تەلەپ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ › دېگەن تەمسىل بويىچە تىرىشساڭ ئەلۋەتتە تەلىپىڭگە يېتەلەيسەن ، لاياقىتىڭنىڭ يوقلۇقىدىن ئەندىشە قىلمىغىن ، چۈنكى ‹ئىشىكنى ئارقىمۇئارقا چەككەن كىشى ئۆيگە كىرەلەيدۇ › دېگەن دەلىل بىلەن مەقسەت ئىشىكىنى قاقساڭ ئاخىر ئېچىلىدۇ . بۇ بۇيرۇققا بويسۇنۇشتا كەتكۈزۈپ قويماسلىقىڭ ۋە بۇ خىزمەتنى ئورۇنداشتا ھايال بولماسلىقىڭ كېرەك .»

ئەقىل پىرىنىڭ مۇشۇنداق يول كۆرسىتىشى بىلەن روھلىنىپ كۆڭلۈمدە بىر جۈرئەت ھاسىل بولدى ، دەرھال قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم ۋە «بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ ، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلغىن» دېگەن ھۆكۈمگە بىنائەن ئىشكىلەرنى ئاچقۇچى جانابىي (ئاللا) غا تەۋەككۇل قىلىپ ، بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇندۇم . كىتابتا مەنە ھۆرلىرى پارسىي كىيىملەرنى كىيگەنىكەن ، ئۇلارنى تۈركىي تىل پالىسىغا ئوراپ يېزىلىق قىرىلاردەك قىلدىم . بەت ـ چىرايلىرى ئاق نۇر چېچىپ تۇرغانىكەن ، ئۇلارنى قارا رەڭ

سۈركەپ ، ئۆز يۈزۈمدەك قارا قىلدىم . ماڭا شۇ نەرسە ئېنىقكى ، بۇ كىتاب تەرجىمىسىدە قەلىمىمنىڭ ئۇچىدىن ئۆتكەن ھەر بىر رەقەم پۈتۈنلەي خاتا ۋە يەڭگۈشتۇر ، بىلىملىكلەرنىڭ نەزەرىگە مۇۋاپىق ۋە ئەقىللىقلەرنىڭ پىسەنتىگە لايىق كەلمەيدۇ . ئەمما ، شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى ، بۇ كىتابقا نەزەرى چۈشكەن ھەر بىر بىلىم ئىگىسى ئەگەر بۇ ئىقتىدارسىز پەقىرنىڭ ھالىغا ئويلىنىپ قارىسا ، «ھەر قانداق قاچا ئۆز ئىچىدىكى نەرسە ئارقىلىق تەپچىرەيدۇ (سىزىدۇ ) » دېيىلگەندەك ، بۇ نۇسخىدا پەقىردىن ئۆتكەن خاتالارنى ناتوغرا ۋە يەڭگۈش ئورۇنلارنى ساغلام دەپ تونۇپ قالىدۇ . ئەگەر ھەقىقەتەن ھەممىگە خاتا دەپ ھۆكۈم قىلسا ۋە تەرجىماننى مالامەت ئورنىغا تۇتسا ، بۇ ئومۇمەن پەقىرنى زاڭلىق قىلغانلىقى ، ئۇلار بۇنىڭ بىر غەنىيمەت ئىكەنلىكى ۋە مالاللىقىمنى بېسىشقا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى تەئەججۈپ بىلەن كۆرۈشىدۇ . نەزم :

گەرچە رەسۋالىق نىشانىدۇر مېنىڭدەك بىتەمىز ،
ئەھلى فەزل ئالدىغە مۇنداق نۇسخەنى كەلتۇرمەكىم .
كۆپ تاڭ ئېرمەسكىم نېدىنكى مۇندا ھەم بىر ۋەجھى بار ،
فەرزدۇر ئول ۋەجھىنى ئەل سەمئىگە يەتكۇرمەكىم .
يىغلاتالماسمەن ئەگەرچە نۇكتەئى بىر سۆز ئىلە ،
ئاز ئىش ئېرمەسدۇر پەرىشان سۆز بىلە كۇلدۇرمەكىم .

يەنە مۇنداق قوش پايدا ھاسىل بولىدۇكى ، بىر تەرەپتىن ئالىي بۇيرۇقتا كىچىكمەي ، سۆزسىز بويسۇنغان بولىمەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ كىتابنى كۆرگۈچىلەر سۆزۈمنىڭ مەزمۇنىدىن ، ھالىمنىڭ پەرىشانلىقىدىن خەۋەردار بولىدۇ ۋە رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ ياخشى دۇئادا ياد قىلىدۇ . نەزم :

سۆزۈم يەڭلىغ ئېرۇر ھالىم پەرىشان ،
ئۈمىدىم ئولكى بىر ئەھلى سەفايى .
يامان ھالىمنى فەھم ئەيلەر سۆزۈمدىن ،
تەرەھھۇم ئەيلەبان قىلغاي دۇئايى .

شۇ نەرسىلەرمۇ مەخپىي قالمىغايكى، بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىدە تۆۋەندىكىچە يول تۇتۇلدى:

بەزى ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەرنى كىتابنىڭ يازغۇچىسى پارسچە سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرگەنىكەن، ئۇ پارسچە مەزمۇن تۈركىي تىل بىلەن تەرجىمە قىلىندى ۋە بەزىلىرىنى يازغۇچى چۈشەندۈرمىگەن بولسا، تەرجىمە قىلىشقا جۈرئەت قىلىنمىدى.

ئېنىق مەنىسىنى پەملىگىلى بولمىغان بەزى ئەرەبچە بېيىتلارنى شەرھلەشكە ئۇرۇنۇلمىدى، ئالىملاردىن ياكى كىتاب ئىگىسى تەرىپىدىن يېزىلغان بەزى تۈركىي شېئىرلار ئەينەن ئۆز تىلى بويىچە يېزىپ قويۇلدى، پارسچە شېئىرلاردىن بەزىلىرى بەدىئىي سەنئەتكە ئالاقىدار ياكى تېپىشماق ۋەياكى تارىخ ھېسابىنى چىقىرىش مەقسەت قىلىنغان بولسا، ئۆزگەرتمەي ئۆز پارس تىلى بويىچە ئېلىندى. چۈنكى، مۇنداق شېئىرلار تەرجىمە قىلىنسا، كۆزلەنگەن مەقسەتكە دەخلى يەتكۈزەتتى. بەزى پارسچە شېئىرلار ئالىي مەرتىۋىلىك ئەۋلىيالارنىڭ گۆھەر چاچقۇچى تىللىرىدىن چىققان بولسا، قابىلىيەتنىڭ يېتىشىچە تۈركىي تىل بىلەن شېئىرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىندى ۋە پارسچە شەكلىمۇ تەرجىمە ئۈستىگە يېزىپ قويۇلدى. چۈنكى، ئۆزۈمگە روشەنكى، ئۇ تەرجىمىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خاتالىق ۋە يېتىشسىزلىكتىن خالىي ئەمەس، ناۋادا بىر بىلىم ئىگىسىنىڭ قىممەتلىك نەزەرى بۇ كىتابقا چۈشۈپ قالسا، ئۇ ئۇلۇغلارنىڭ نەزملىرىنىڭ سۆزلىرىگە قاراپ بۇ پەقىرنىڭ تەرجىمىسىدىكى خاتالىقلارنى بايقىغاي ۋە يەڭگۈش ئورۇنلىرىنى تۈزەتكەي، شۇ ئارقىلىق ئەۋلىيالارنىڭ ئەسلىدىكى مۇبارەك سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى خاتا قىلىنىپ بۇلغانغان پېتى قالمىغاي، شۇنىڭدەك ئۆتكەن زامان شائىرلىرىدىن ھەر سۆزنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا تەستىقلاش ئۈچۈن كەلتۈرگەن ياكى كىتابنىڭ يازغۇچىسى ئۆزى يازغان پارسچە شېئىرلار بولسا، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئىمكانقەدەر تۈركىي تىل بويىچە شېئىرىي تۈسكە

كىرگۈزۈلدى . بەزى سۆزلەر ئەرەبچىمۇ ئەمەس ، پارسچىمۇ ئەمەس ، بەلكى ئۆتكەن زاماندىكى موڭغۇلچە ياكى قالماقچە سۆزلەر بولسا كېرەك . مەسىلەن ، «ماڭلاي» ، «غاچىرچى» ، «نىگەش» ۋە «قۇرۇلتاي» قاتارلىقلار . مۇنداق ئېنىق بولمىغان سۆزلەر زۆرۈرىيىتىگە قاراپ سۆزنىڭ ئالدىدا ۋە سۆزنىڭ كەينىدە ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان سۆز بىلەن قىياسەن تەرجىمە قىلىندى . بەزى ئانچە كۆرۈلمەيدىغان پارسچە سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ خاتالىق كۆرۈلگەن بولۇشى تامامەن مۇمكىن . چۈنكى ، قابىلىيىتىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم ۋە تەرجىمە قىلىش يولىنى تۇتتۇم ھەم پارسچە مەزمۇننى تۈركىي تىل بىلەن ئورۇنداش بىلەن قانائەت قىلدىم ، سۆز - جۈملىلەرنى بېزەش ئاۋارىچىلىكىنى تارتمىدىم . ئىشقىلىپ بۇ كىتابنى مۇھەممەدئەزىز ۋاڭ ھاكىمبېگىمنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇيرۇقى بىلەن تەرجىمە قىلماققا تۇتۇندۇم ۋە بۇ نۇسخىنى باشتىن - ئاياغ ئۇنىڭ مۇبارەك ئېتىغا بېغىشلىدىم . چۈنكى ، كىتابنىڭ يازغۇچىسى مىرزا ھەيدەر كۆرەگان بۇ كىتابنى ئىسمىنى ئوخشاش قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئىسمىغا بېغىشلاپتۇ . ئەمدى مەن بۇ نۇسخىنى بۇ ئاق كۆڭۈل ئەمىرنىڭ نامىغا تۆۋەندىكى ئۈچ مۇناسىۋەت بىلەن يازدىمكى ، ئۇنىڭ بىرى قوش مۇناسىۋەتلىك ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەر : بىرىنچىسى ، بۇ كىتاب ئۇنىڭ دەۋرىدە يوشۇرۇنغان پەردە ئىچىدىن ئوچۇقلۇق مەيدانىغا چىقتى . ئىككىنچىسى ، بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا ئۇنىڭ جاھان بويسۇنىدىغان بۇيرۇقى سەۋەب بولدى . ئۈچىنچىسى ، بۇ كىتابنىڭ «تارىخى رەشىدي» دەپ ئاتىلىشىغا سەۋەب پۈتۈنلەي تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئىسلامغا كىرىش ۋە تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە سەۋەب بولغان ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىن — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن — نىڭ توغرا تەلىم - تەربىيىسى بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ ئاتىسى مەۋلانا جەمالىددىن — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت

قىلسۇن — نىڭ نەسىھىتى ئىدى . بۇ ئالىي ئەمىرنىڭ شەرەپلىك نەسەبلىرى بىر قانچە ۋاستە ئارقىلىق مەۋلانا جەمالىددىنغا يېتىدىغانلىقى مەلۇم . گەرچە ھەزرىتى مەۋلانانىڭ نۇرلۇق مازىرى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئايكۆل دېگەن جايىدا بولسىمۇ ، لېكىن بۇ شەرەپلىك مازارنىڭ خىزمەتلىرىنى بېجىرىش تاكى زامانىمىزغىچە ئەۋلادمۇئەۋلاد ، ئەسىرمۇئەسىر بۇ قۇتلۇق ئەمىرنىڭ ئالىي خانلىقىغا قاراشلىق بولۇپ كەلگەن . بۇ ھەيران قالارلىق بىر مۇناسىۋەت ۋە كېلىشكەن بىر تاسادىپىيلىق بولدىكى ، بۇ كىتابنىڭ ئۇنىڭ دەۋرىدە ئاشكارىلىنىشى ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئىلتىپاتلىرى-دىن بولغانلىقى شەكسىز . ئۇنداق بولمىسا ، ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان بۇ دىيارلاردا «تارىخى رەشىدىي» كىتابىنىڭ بارلىقىدىن چوڭ - كىچىك ھېچكىمنىڭ خەۋىرى بولمىغان بولاتتىمۇ ؟ گويا ئۇنىڭغا قاراشلىق تۇرغاندەك ئۇنىڭ زامانىدا ئاشكارىلاندى ، شۇ سەۋەبتىن بۇ نۇسخا قولىيازما ئۇنىڭ ھۇمايۇن ئىسمى بىلەن ياساندۇرۇلدى . گەرچە پەقىرنىڭ بۇ تەرجىمىسى ئۈزۈمدەك پىشمىغان ۋە ئەرزىمەس بولسىمۇ ، نەزم :

پايى مەلەخى نەزدى سۇلەيمان بۇردەن ،
ئەيىبەستۇ لېكىن ھۇنەرەست ئەز مۇرى .

(چېكەتكىنىڭ پۇتىنى سۇلايماننىڭ يېنىغا ئەكېلىش ئەيىبتۇر ، لېكىن بۇ چۈمۈلە ئۈچۈن ھۈنەردۇر . )

دېيىلگىنىدەك ، ئۆز ھالىمغا يارىشا چىققانلىقى كۆرۈندى . ئۇنى ئۇ ئەمىر ، بەلكى يوكسەك مەرتىۋە ئىگىسىنىڭ تەنقىدىي كۆزىدىن كەچۈرۈشكە تۆھپە قىلدىم . ھەقىقىي ئۈمىدىم شۇكى ، ناۋادا شەرەپ بىلەن قوبۇل قىلىنىشقا مۇيەسسەر بولمىسىمۇ ، خارلىنىپ رەت قىلىنىپ قالماس ، شۇنىڭدەك خانلارنىڭ ئالىيجاناب

خىسلەتلىرى دەۋرىمىز سەھىپىسىدە يېزىپ قالدۇرۇلدى . ئۇ ئالىي مەرتىۋىلىك ئەمىرنىڭ نام ـ ئاتاقلىرى تاكى قىيامەت كۈنلىرىگىچە زامان دەپتىرىدە پۈتۈكلۈك ۋە خەلق تىلىدا ئېيتىلىپ تۇرغاي ۋە بۇ كىتابقا نەزەرى چۈشكەن ھەربىر كىشى تەرجىمىسىگە بۇيرۇق بەرگەن ئۇ ئەمىرنى ياخشى دۇئا بىلەن ياد قىلغاي ھەمدە بۇ ئەرزىمەس تەرجىماننى ھەم شۇ چاغدا يادىغا ئېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغاي . بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىدە ھەر قانداق خاتا ياكى سەۋەنلىكلەر كۆرۈلسە ، ئەپۇ قەلىمى بىلەن تۈزىتىپ قويغاي .

نەزم :

مەن ئېردىم بىتەمىزى نارەسايى ،
بەسى ئىدراكۇ دانىشدىن جۇدايى .
ۋۇجۇدۇم بىخەبەرلىك بىرلە تۇئەم ،
ئۆزۈم گوياكى بىر جەھلى مۇجەسسەم .
مۇئەررا ھۇشى قەترەتدىن دىماغىم ،
سەۋادى جەھلىدىن كۆزدە قاراغىم .
دىلىم لەۋھىدە نەقشى ئىلىم مەئدۇم ،
زەمىرىمدە خەباسەت خەتتى مەرقۇم .
سۆزۈمدە يوق ئەسەر سوزۇ ئەسەردىن ،
ئۆزۈمدە يوق نىشان فەزلۇ ھۇنەردىن .
ماڭا لۇتف ئەيلەپ ئەمىر ئەتتى بەناگاھ ،
جەھاندارۇ فەرىدۇن قەدرى جەم جاھ .
ھۇكۇمەت كىشۋەرىنىڭ ھۇكمىرانى ،
ئەسالەت مۇلكىنىڭ ئالىي نىشانى .
ھەۋايى بەزلىنىڭ باران سەھابى ،
كەرەم ئەۋجىدە تابان ئافتابى .
نىكۇ ئەسلۇ نىكۇ زاتۇ نىكۇ بەخت ،
ئەمىرى مۇلكى ماچىن ھاكىمى ۋەقت .
ئەزىمۇشىشان ئەمىرى ئەدل گۇستەر ،
ئەزىز ۋالى بەگى مەنسۇرۇ مۇزەففەر .

دەبانكىم : «ئۇشبۇ ‹تارىخى رەشىدىي ›
جەھان ئىچرە كىتابىدۇر جەدىدى .
ھېكاياتى غەرىب رەڭگۇ مۇكەررەر ،
ئەجايىب قىسسەلەردۇر نامۇكەررەر .
ھەمە خانلارنىڭ ئەھۋالى بەيانى ،
ھەمە مۇلكى موغۇلنىڭ داستانى .
بۇ دەمكى بىزگە تاپماق دەست بېردى ،
.......................①
كېرەككىم تەرجۇمە قىلساڭ سەن ئانى ،
ئانىڭدىن بەھرەۋەر بولسە جەھانى .
ھەمە خانلارنىڭ ئاتى بولسە مەشھۇر ،
خەلايىق ئىچرە زىكرى بولسە مەزكۇر .
ئاز ئىش ئېرمەسكى نەفئى ئام ئېرۇر بۇ ،
بۇ ئالەم ئىچرە ئۆچمەس نام ئېرۇر بۇ .
داغى ئۇممىدكىم ساھىب زەكايى ،
كۆرۈپ قىلغاي ساڭا بىزگە دۇئايى .»
چۇ سادىر بولدى بۇنداغ ھۇكمى ئالىي ،
ماڭا ۋاجىب كۆرۈندى ئىمتىسالى .
ماڭا گەر بۇ ئىش ئېرمەس ئېردى مەقدۇر ،
نېتەيكىم دەپدۇر : «ئەلمەئمۇرۇ مەئزۇر» .
چۇ مەن شەھ ئەمرىگە مەئمۇردۇرمەن ،
نەچە مەئيۇب ئېسەم مەئزۇردۇرمەن .
يېتىشتى چۇن ماڭا ئەمرى بۇ سۇرەت ،
ئىتائەت قىلدىمۇ بولدى زەرۇرەت .
تۇتۇپ لازىم بۇ خىزمەتنىڭ ئەداسىن ،
ئالىپ مەن ئىلكىمە خامە ئەساسىن .
ئانى تۇركىي قىلۇرغە ئەزم قىلدىم ،
گەھى قوپتۇم گەھى داغى يىقىلدىم .
گەھى بۇ سەفھەگە ھەق سۆزنى يازدىم ،

① بۇ يەردە بىر مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان .

ۋەلي كۆپ سۆزدە فەھمىم يەتمەي ئازدىم .
بەھەر ۋەجھ ئولمادى شەھ ئەمرى تەئخىر ،
نى تاڭكى[1] ئەيىب ئەمەستۇر ئۆزگە تەقسىر .
شۇرۇئ ئەتتىم چۇ بۇ دەم ئىبتىداغە ،
ئۇمىدىم ئولكى يەتكەي ئىنتىھاغە .
مۇرادىم غۇنچەسىدىن گۇل ئاچىلغاي ،
سۆزۈم گۇل بەرگىدەك ھەريان ساچىلغاي .
قەبۇلىيەت شەمىمىدىن تاپىپ بۇ ،
مۇئەتتەر ئەيلەگەي ئالەمنى ھەر سۇ .
نىيازىي ، ئەمدى قىل شەھنىڭ دۇئاسىن ،
بۇ ياڭلىغ قىل دۇئا تەرزى ئەداسىن .
خۇداۋەندا ، بۇ شەھقە قىل ئىنايەت ،
ھەمە ھالەتدە بەر تەۋفىق ھىدايەت .
ئەزىز ئەتكىل ئۆزىنى ئاتى ياڭلىغ ،
بەلەند ئەت رۇتبەسىبى زاتى ياڭلىغ .
بىنايي دەۋلەتىنى پايىدار ئەت ،
ئەساسى شەۋكەتىن گەردۇن بەدار ئەت .
مۇلازىم قىل ئاڭا فەتھۇ زەفەرنى ،
پۇر ئەت ئاۋازەسىدىن بەھرۇ بەرنى .
ئانىڭ قەدرىن دەما دەم ئەرجۇمەند ئەت ،
ھەمىشە بەخت بىرلە سەر بەلەند ئەت ،
ھەمە دەردىگە لۇتفۇڭدىن دەۋا قىل ،
ھەمە ھاجەتلەرىن بىر - بىر رەۋا قىل .
ھۇكۇمەت تەختىدە دائىم مۇقىم ئەت .
ئەدالەت مەسنەدىدە مۇستەقىم ئەت ،
ئۆزىنى مايىلى ئىنساف قىلغىل .
دىلىن ئايىنە ياڭلىغ ساف قىلغىل ،
نېچۈك مەتلەبكى تەبئى قىلسە خاھىش ،
مۇيەسسەر قىل ئاڭا بىسەئيۇ كۇشىش .

---

① بۇ يەردىكى سۆزنىڭ يېزىلىشى ئېنىق ئەمەس .

ياۋۇتمە دامەنىغە غەم غۇبارىن ،
خەزانسىز ئەيلە ئىستىقبال بەھارىن .
سىفاتىن قىل جەھاندا ئاشكارا ،
ھەمىشە مىسلى مىھرى ئالەم ئارا .
دۇ چەندان قىل دىلى تەۋلى ھەياتىن ،
ئاتاسى ياڭلىغ ئەتكىل ياخشى ئاتىن .
ئىكى ئالەمدە ھەم مەقبۇلى دەرگاھ ،
بەھەققى شاھۇ تەختى لى مەئەللەھ .
ئانىڭ ئاتىغەكىم يازدىم بۇ نامە ،
ئانى قىلغىل پىسەندى خاسۇ ئامە .
كى تا باقىيدۇرۇر بۇ دەھرى فانىي ،
ئوقۇغايلار زەمانى ئەھلى ئانى .
بۇ شەھنىڭ ياخشى ئاتىن ئەيلەگەي ياد ،
كى ئاتى ئۆچمەگەي تا يەۋمى مىئاد .
دۇئايى خەير ئاڭا قىلغاي دەما دەم ،
نىيازىي خەستە ياڭلىغ ئەھلى ئالەم .



# «تارىخى رەشىدى»نىڭ مۇقەددىمىسى

ئۇ پادىشاھقا ھەددۇھېسابسىز مەدھىيە ۋە قىياسسىز مىننەتدارلىقلار بولسۇنكى، ئۇ زات شەك ـ شۈبھىسىز ئەڭ قەدىمىيدۇر، مەڭگۈلۈكتۇر ۋە ئەيىب ـ نۇقسانسىزدۇر. «ئۇ يەككە ـ يېگانىدۇر»[1]، «ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر»[2] دېگەن ئايەتلەر ئۇنىڭغا دەلىلدۇر. ئۇ ھەكىم (ئالىم)گە ئۆزلۈكسىز ماختاش ۋە تەشەككۈرلەر بولسۇنكى، ئۇنىڭ ھېكمىتى ئۈمىدسىزلىك ۋادىسىدا سەرسان بولغانلارنىڭ يۈزىگە رەھمەت ئىشىكىنى ئېچىپتۇ. غەم ـ قايغۇ كوچىلىرىدا سەرگەردان بولغانلارنىڭ قولىغا ئۈمىد گۈللىرىنى بېرىپتۇ. «ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار»[3] دېگەن ئۇلۇغ سۆزى بۇنىڭغا ئىسپاتتۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغ دەرگاھىدا يەر يۈزىنىڭ تەكەببۇرلىرى خارۇزار ۋە ئېتىبارسىزدۇر. پېقىرلىق ۋە ئاجىزلىق باياۋانىدىكى ئىگە ـ چاقىسىز ۋە سەرمايىسىز بىچارىلەر ئۇنىڭ ساخاۋەتلىك داستىخانىدىن نېسىۋىدار ۋە بەھرىمەندۇر. شۇ قەدەر خەير ـ ئېھسان ئىگىسىدۇركى، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىنىڭ بەرىكىتىدىن قوبۇل قىلىنغۇچىلارنىڭ كۆڭلىگە ئىقبال قۇياشى نۇر چېچىپتۇ. ئەيىبلەرنى ياپقۇچىدۇركى، پەلەكتەك قۇدرەتلىك پادىشاھلار ئۇنىڭ ئىلاھىيەت دەرگاھىدا ئىلتىجا ۋە تەلەپ قوللىرىنى تەۋازۇ ۋە يېلىنىش بىلەن ئېچىپتۇ. قۇدرەت ئىگىسىدۇركى، تۈرك جەڭگىۋارى دەپ ئاتالغان بەھرام (مىررىخ، مارس

---

① بۇ سۆز «قۇرئان كەرىم»، 7 ـ سۈرە ئەئراف، 70 ـ ئايەت؛ 17 ـ سۈرە ئىسرائىل، 46 ـ ئايەت؛ 39 ـ سۈرە زۇمەر، 45 ـ ئايەت؛ 40 ـ سۈرە غافىر، 12 ـ، 84 ـ ئايەتلەر؛ 60 ـ سۈرە مۇمتەھەنە، 4 ـ ئايەتتە كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

② «قۇرئان كەرىم»، 6 ـ سۈرە ئەنئام، 163 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى.

③ «قۇرئان كەرىم»، 39 ـ سۈرە زۇمەر، 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەييارىسى ) ئۇنىڭ ئۇلۇغ بارگاھىدا خىزمەت كەمىرىنى بېلىگە باغلىغان بەشىنچى مەجلىس (ئاسمان ) پاسىبانىدۇر . ھىندى باتۇرى دەپ ئاتالغان كەيۋان (زۇھەل ، ساتۇرن ) يۇلتۇزى ئۇنىڭ سەلتەنەت پەردىسى ئالدىدا تۇرشاۋۇللۇققا بەلگىلەنگەن يەتتىنچى ئايۋان (ئاسمان ) قاراۋۇلىدۇر . قىرى ئاتارۇد (سەييارىسى ) بولسا ئەبەدىيلىك دىۋانىدا ئۇز ئەمرى بىلەن ياراتقان ، «نۇن ، قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن»[1] مەشغۇل بولۇشقا بەلگىلىگەن نازارەتچىدۇر . نەزم :

جەنابىدا شاھانى كەردۇن مەدار ،
ئېرۇر ئاجىزۇ قاسىرۇ خاكسار .
نە سەركەشگە فىل ـ غەۋر قەھر ئەيلەگەي ،
نە ئۇزر ئايتقانلارنى كەتكىل دېگەي .
ئاڭا خاس ئېرۇر كىبرىياۋۇ مەنىي ،
كى مۇلكى قەدىم ئولدى ، زاتى غەنىي .

ئۇ زاتنىڭ جامالى بارگاھىنىڭ ئىشىكى شۇ قەدەر يۇكسەكـ تۇركى ، ئوي ـ پىكىر خەۋەرچىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇلۇغ سايىسىگە يېتىشكە ئاجىز ، ئۇلۇغلۇق دەرگاھىنىڭ سەينالىرى شۇ قەدەر كەڭدۇركى ، خىيال جاسۇسى ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا يېقىنلىششقا ئامالسىزدۇر . نەزم :

ئىززۇ ئەزىزۇ ئەھەدۇ زۇلجەلال ،
جەللۇ جەلىلۇ سەمەدۇ لايەزال .
دەرگەھى پاكىدا ئانىڭ شاھلار ،
قول ئاچىبان ، رەھمەتىن ئەيلەپ سۇئال .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پاك سالاملار ۋە بارلىق ئۇلۇغ مەدھىيىلەر بولسۇنكى ، ئۇنىڭ لەۋھەلىرىنىڭ سەھىپىسى «ئاللا

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 68 ـ سۈرە قەلەم ، 1 ـ ئايەت .

ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ ، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە ) مەغپىرەت تىلەيدۇ »[①] دېگەن مەرھەمەت يارلىقى بىلەن زىنىنەتلەنگەن . نەزم :

نۇرىغە بائىس ئېرۇر پەرتەۋى قۇدى مەلەكۇت ،
فۇيۇزىگە قائىمى ئەرش جەلالى جەبەرۇت .
نىسارى دەرگاھى سۇلتان سەلاتىنى باتاجۇ تەخت ،
ۋە مەھرەمى ھەرەمى لى مەئەللاھۇ ۋەقت .

ئۇ شۇ قەدەر ئىلىم ۋە دۆلەت ئىگىسىدۇركى ، ئىيسا رۇھۇللا : «مەن ھەقىقەتەن ئاللا ئەۋەتكەن ، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى ، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۇچى پەيغەمبەرمەن »[②] دېگەن بېشارەتنى ئۇپۇقنىڭ ھەممە ئەتراپلىرىغىچە يەتكۇزگەن ۋە بۇ بېشارەتنىڭ شاراپىتى بىلەن «ئاللانىڭ ئىزنى (رۇخستى ) بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۇرىمەن »[③] دېگەن شەرەپلىك مەنزىلگە يېتىشتى . نەزم :

چۇ ئىيسا مەقدەمىگدىن بەردى مۇژدە ،
بۇ مۇژدە يۇمنىدىن تىرگۇزدى مۇردە .

مۇسا ئەلەيھىسسالامۇ : «ئاللا ئەھمەد (مۇھەممەد )نىڭ ئۇممەتلىرىنى ياراتقاي » دېگەن ئارزۇ قوللىرىنى ئۇنىڭ ئەبەدىيلىككە ئۇلانغان دۆلىتىنىڭ غانجۇغىسىغا قويدى . ئاشۇ ئارزۇنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئاپئاق خاسىيەتلىك قولغا ئېرىشىپ بەخت - سائادەت تاپتى . نەزم :

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 33 - سۇرە ئەھزاب ، 56 - ئايەتنىڭ باش قىسمى .
② «قۇرئان كەرىم» ، 61 - سۇرە سەپ ، 6 - ئايەتنىڭ باش قىسمى .
③ «قۇرئان كەرىم» ، 3 - سۇرە ئال ئىمران ، 49 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

مۇھەممەد نۇرى ئەينى ئەھلى بىنىش ،
گۇلى بوستان سەرايى ئافەرىنىش .
جەھان سەرۋەرلەرىنىڭ سەرۋەرىدۇر ،
داغى كەۋنەينىنىڭ تاجى سەرىدۇر .

ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ، ئەسھابلىرىغا ۋە ئەۋلادلىرىغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇنكى ، ئۇلار تاللانغانلار تەختىگاھىنىڭ يۇكسەك مەرتىۋىسىدە ئورۇن ئالغان ۋە «تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن ، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈنلا مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى تىلەيمەن»[1] دېگەن خىتاب مەيدانىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن زاتلىرىدۇر . ئۇنىڭ بارلىق ئەگەشكۈچىلىرى ، دوستلىرى ۋە ياردەمچىلىرىگە دۇئا ۋە سالاملار بولسۇنكى ، ئۇلار ھەقىقەت مەيدانىنىڭ جەسۇر جەڭچىلىرى ، تەرىقەت دەرگاھىنىڭ ساداقەتمەن ئاشىقلىرىدۇر .

خۇسۇسەن ، قېرىنداشلار[2] نىڭ ئۇلگىسى ، ياخشىلارنىڭ ياخشىسى ، «ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكر سىددىق) ھەمراھ ئىدى . ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى»[3] دېگەن ئايەتتە زىكىر قىلىنغان زات ، مۇسىنلەرنىڭ ئەمىرى ، راستچىل ـ ساداقەتمەن دوست ئەبۇبەكر سىددىق — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي ۋە ئۇنىڭغا سالام ئەۋەتكەي — قا ، نەزم :

ئانداكى ئۇرماق ئولسە ۋەفاۋۇ سەخا دەمىن ،
كىمدۇر دېمە ، ھەزرەتى سىددىق ئېرۇر يەقىن .

ۋەددە ۋە سەۋائقا تېۋىنغۇچىلارنى ئۇلتۇرگۇچى ، ئىزباسارلىق

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 42 ـ سۇرە شۇرا ، 23 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

② بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ نۇسخىسىدا «ئەخبار» (خەۋەرلەر) دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان ، پارسچە نۇسخىدا «ئەخيار» (قېرىنداشلار) دېيىلگەن . بۇ يەردە تۈزىتىپ ئېلىندى .

③ «قۇرئان كەرىم» ، 9 ـ سۇرە تەۋبە ، 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

مەرتىۋىسىنىڭ ساھىبى، ساۋابلىق بىلەن خاتالىق (توغرا بىلەن خاتا)نى ئېنىق ئايرىغۇچى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب — تەڭرىتائالا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — قا، نەزم:

يەتتى كەمال ئەۋجىغە دىن مىھرى ئۇل زەمان،
سايە سالدى زۇمرەئى ئىسلام ئۇزرە ئۆمەر.

«قۇرئان»نــى جەملەپ چىــققان، ھەرقاچان، ھەرزامان مۇلايىملىق ۋە شەرم ـ ھايانىڭ كانى بولغان، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان — تەڭرى ئۇنــىڭغا رەھمەت قىلغاي، ئۇنىڭدىن رازى ۋە مەمنۇن بولغاي — غا، نەزم:

دىدىمكى مەن مەھۇ تىرۇ ناھىدنى،
كىبرەك ئەيلەمەك مەدھى خۇرشىدنى.

ھەشەمەتلىك، تەمكىن ۋە ئۇلۇغۋار ئىــمام، دۇلدۇل ۋە زۇلپىقار ئىگىسى، «ھەل ئەتا»[1] دىگەن يارلىقنى تۇتقۇچــى، «لافەتا» (ياشلارنىڭ ئۇلگىسى) نامى بىلەن تونۇلغۇچى، ئىچكى ۋە تاشقى سىر ـ ئەسرارلارنىڭ مەھرىمى، پەيغەمبەرنىڭ غالىب جەمەتى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب — ئاللا ئۇنىڭغا ياخشىلىق ئاتا قىلغاي — قا، نەزم:

خۇدانىڭ ۋەلىيسى، رەسۇلغە ۋەسىي،
ۋەلىي ئىردى بىشەككۇ شۇبھە ئەلىي.
يۈزى ئول جىھەتدىن ئىرۇر چۇن قۇياش،
يۈزىن قىلدى تۆرتۈنچى چەرخ ئۇزرە پاش.

---

[1] «قۇرئان كەرىم»، 76 ـ سۈرە ئىنسان، 1 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى.

نەزم :

ئولكىم ئانىڭدە خەتمە ئېرۇر ئىلم ئىلە سەخا ،
ئەمەزادەئى رەسۇل ئېرۇر ، شاھى لافەتا .

دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن .

يەنە ئىككى شاھزادە ئىمامغا سانسىز سالام ، مەدھىيىلەر بولسۇنكى ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ، جىگەر پارىلىــــرى ، ئەرشكە يەتكەن بۇيۇك زاتنىــــڭ ئامراق نەۋرىلىرى ، پۇتكۇل ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچــى تەڭرىــنىڭ دوستــى (مۇھەمــمەد ئەلەيھىســسالام)نىــــڭ كۆز نۇرلىرىدۇر . نەزم :

دەيىنۇ ئۇلار ھەم بۇلاردىن تەمام ،
ھەمەسىگە يەتكەي دۇرۇدۇ سەلام .

ياخشىلارنىڭ خوجىسى ، خۇش خەۋەرلەرنىــــڭ مەنبەســــى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرەپلىك تاغىلىرى بولغان ھەزرىتى ئەمىر ھەمزە ۋە ھەزرىتى ئەبباس — ئۇلار شەرىئەت چېدىرىغا تۇۋرۇك ، دىن ئۆيىگە ئاساس ئىدى — قاتارلىقلارغا ۋە پاكلىقتا نامى كامال تاپقان ئون ئۇلۇغ ساھابىگە ۋە ئۇلارنىڭ پاك روھلىرىغا كۆپتىن ـ كۆپ دۇئا ۋە سالاملار بولغايكى ، خىلاپەت تەختى ئۇلار ۋۇجۇدى بىلەن زىننەتلەنگەنىدى ، ئۇلار ھاكىمىيەت ئىشلىرىنىڭ چېۋەر سەركەردىلىرى ، شەرىئەت دۇنياسىنىڭ قابىل ھاكىملىرى ئىدى — تەڭرىتائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى ۋە مەمنۇن بولغاي .

بۇلاردىن كېيىن ئۆتكۈر كۆزلۈكلەر نەزەرىگە ۋە دانىشمەنلەر كۆڭلىگە شۇ نەرسە مەخپىي قالمىغايكى ، تەڭرىنىڭ مۇقەددەس ساماۋى سۆزلىرىدىن ئىبارەت بولغان ئالقىشقا سازاۋەر ئۇلۇغ كىتاب

«قۇرئان» بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن بۈيۈك مۆجىزىلەر ۋە ئۇچۇق ـ ئاشكارا ھۆججەتلەردىن بولۇش، «ئاللا سۆزلىرىنىڭ توپلىمى» بولۇش سۈپىتى بىلەن تەرىپلىنىدۇ ۋە ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى، بۈيۈك ۋە مۇقەددەس تەڭرىنىڭ يەككە ـ يېگانىلىقى؛ ئىككىنچىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — ئۇنىڭغا تەڭرىنىڭ دۇئا ۋە سالاملىرى بولغاي — شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈملىرى؛ ئۈچىنچىسى بولسا تارىخلاردىن تەركىب تاپقاندۇر. دېمەك، «ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ»[1] دېگەن ئايەت مەقسەتلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قەدىمدە ئۆتكەنلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ مەنە بولسا تارىخ ئىلمىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئىسپاتلايدىغان ئۇچۇق دەلىل، كۈچلۈك پاكىتتۇر. بۇ ئىلىمنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتلىرىنى ھەر ساھە، ھەر قوۋم كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. كۆپ ساندىكى خالايىق، بەلكى ئالەم ئەھلىنىڭ ھەممىسى بۇ ئىلىمگە ئەمەل قىلىدۇ ۋە بۇرۇن ئۆتكەنلەردىن رىۋايەت ـ ھېكايەتلەر كەلتۈرىدۇ. ئۇنى ئۆزلىرىگە دەلىل ـ ھۆججەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا قەتئىي رىئايە قىلىدۇ، بولۇپمۇ تۈركىي قوۋملاردا ھەممە ھادىسىلەر، ھەرقانداق بىر مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە، بەلكى پۈتكۈل مۇئامىلە ـ ئالاقىلەردە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىناسىنىڭ ئاساسى ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە ھېكايەتلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ ئاجىز بەندىسى پەقىر مىرزا ھەيدەر ئىسمى بىلەن تونۇلغان مۇھەممەد ھەيدەر ئىبنى مۇھەممەد ھۇسەين كۆرەگان ئۆزۈمنىڭ ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىزلىقىمغا قارىماي، زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئىلاجسىز بۇ ئېغىر ئىشقا قەدەم قويدۇم. چۈنكى، موغۇل خاقانلىرى شەھەر ۋە دىيارلارنى ئىشغال قىلىشتىن بارا ـ بارا كۆڭۈللىرى سوۋۇپ،

① «قۇرئان كەرىم»، 56 ـ سۈرە ۋاقىئە، 79 ـ ئايەت.

سەلتەنەتلىرىدىن يىراقلاپ ئاۋات ئالەمنى تاشلاپ ، بىپايان جەزىرىدە مال - دۇنيالىرى بىلەنلا قانائەتلىنىدىغان بولدى . شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئارىسىدا تارىخ يېزىلماپتۇ ، ئۇلار ئۆتكەنلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ئاڭلىغان رىۋايەتلىرى ئارقىلىقلا ھېكايەت قىلىشىدۇ . ھالا تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 951 - يىلى[1] بولغان بۈگۈنكى كۈندە ، بۇ قوۋم ئارىسىدا بۇنداق ھېكايەتلەرنى يادقا بىلىدىغانلاردىن بىر كىشىمۇ قالماپتۇ . پەقىرنىڭ بۇنداق مۇشكۈل ئىشقا جۈرئەت قىلىشىم شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولدىكى ، ئەگەر بۇ ئىشقا مەن جۈرئەت قىلمىسام ئىدى ، موغۇل خانلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى ھايات سەھىپىسىدىن پۈتۈنلەي يوقالغان بولاتتى . مەن قانچىلىك ئويلىغان ۋە ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزەتكەن بولساممۇ ، لېكىن ئۆزۈمدە بۇ ئىشقا يارىغۇدەك لاياقەتنى تاپالمىدىم ، چۈنكى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە سۆزبېشى بۈيۈك تەڭرىنىڭ ھەمدۇساناسى ، كەرەملىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدھىيە - دۇئاسى بىلەن زىننەتلىنىپ كۆركەملەشتۈرۈلىدۇ ، ئەمما مەن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن . نەزم :

مەنى بىچارەئى سەۋدازەدەئى سەرگەردان ،
قايىسى تىل بىرلە دەيىن ھەمدىئى خۇداۋەندان .
مەن كىمۇ ھەمدىگە ، ھەيھات ، دىلىم لەرزە قىلۇر ،
ماڭا بەس ، سۇرسەم ئەگەر زىكرى ھەدىسىغە زەبان .

شۇڭا ، تەۋەررۇك ۋە تەمەننا يۈزىسىدىن «زەپەرنامە» — بۇ ئارىفلار يېتەكچىسى ، تەرىقەت ئەھلىنىڭ يولباشچىسى ، ئەسلىي ئىلىملەر ۋە تارماق ئىلىملەرنىڭ يېتۈك ئالىمى ، نەقىل ئىلمىنىڭ پېشۋاسى ، تەڭرى رەھمەت ۋە مەغپىرەت قىلغۇر مەۋلانا

[1] ھىجرىيە 951 - يىلى مىلادىيە 1544 — 1545 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

شەرەفىددىن ئەلى يەزدىينىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىندۇر — نىڭ مۇقەددىمىسى، ئىپتىداسىنى ئەينەن نەقىل قىلدىم. چىڭگىزخاندىن تاكى تۇغلۇق تېمۇرخانغىچە بولغان موغۇل خانلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە موغۇل ئەھلىنىڭ ھېكايەتلىرى مەۋلانانىڭ ئەسىرىدىمۇ، كېيىنكى تارىخلاردىمۇ زىكىر قىلىنغان. ئەمما، تۇغلۇق تېمۇرخاندىن كېيىنكى خانلارنىڭ ئەھۋاللىرى تارىخ كىتابلىرىدا شەرھلەنمىگەن. پەقەت بەزى جايلاردىلا سۆز مۆرىتى كېلىپ قالغاندا، باشقا خاقانلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇشتا، ئۆز بايانلىرىغا تەرتىپ ھاسىل قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن قانچىلىك بايان قىلىش كېرەك بولسا، شۇنچىلىك يېزىپتۇ، ئۇنىڭدىن زىيادە يېزىشقا ئىلتىپات قىلىشماپتۇ. دېمەك، پەقىر بۇ تارىخنىڭ ئىپتىداسىنى تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ زىكىرلىرىدىن باشلىدىم.

بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۈچ: بىرىنچى، تۇغلۇق تېمۇرخاندىن ئىلگىرىكى خانلارنىڭ ئەھۋاللىرى تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان. تۇغلۇق تېمۇرخاندىن كېيىنكى خانلار زىكرى ھېچ كىتابتا شەرھلەنمىگەن. دېمەك، تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنمىغان بۇ ھېكايەتلەرنى يېزىپ چىقىش لايىق كۆرۈلدى ھەمدە تۇغلۇق تېمۇر ۋە تۇغلۇق تېمۇرخاندىن ئىلگىرى ئۆتكەن خانلارنىڭ زىكرى تەۋەررۇك زىيارەتگاھلارنىڭ تەزكىرىلىرىدە بايان قىلىنىپتۇ. شۇڭا، ئۇلارنى يەنە قايتا بۇ كىتابتا تەكرار قىلماق گوياكى پۇرات دەرياسى[1] لېۋىدە قۇدۇق قازغاندەك ئىش بولىدۇ. ئىككىنچى، تۇغلۇق تېمۇرخاندىن كېيىن ھېچبىر خانغا ئۇ دەرىجىدە ئۇلۇغ ئالىي مەرتىۋە، ئۇ قەدەر كۆپ پەتھى - نۇسرەت، ئۇ قەدەر ئۇلۇغلۇق ۋە سەلتەنەت مۇيەسسەر بولماپتۇ. ئۈچىنچى،

---

① پۇرات دەرياسى — غەربىي ئاسىيادىكى ئېفرات دەرياسى بولۇپ، تىگىر دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ ئەرەب دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ (مۇھەررىردىن).

موغۇل خانلىرىدىن ئاشۇ تۇغلۇق تېمۇرخان ئىسلام شاراپىتىگە مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىن تامام موغۇل ئەھلى كۆپۈرلۈق ئاسارىتىدىن خالاس بولۇپ، باشقا خالايىقلارغا ئوخشاش ئىسلام ھۆرىيىتىگە داخىل بولۇپتۇ. دېمەك، مۇشۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن بۇ تارىخ تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ مۇبارەك زىكىرلىرى بىلەن ئىپتىدا قىلىندى.

يەنە ئۈچ تۈرلۈك مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن بۇ تارىخ «تارىخى رەشىدىي» دەپ ئاتالدى: بىرىنچىدىن، تۇغلۇق تېمۇرخان ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىننىڭ قوللىرىدا مۇسۇلمان بولۇپتۇ. بۇنىڭ بايانى پات يېقىندىلا زىكىر قىلىنغۇسى. ئىككىنچىدىن، تۇغلۇق تېمۇرخاندىن ئىلگىرى بەراقخان ۋە بەراقخاندىن كېيىن كەپەكخان مۇسۇلمان بولۇپتۇ. ئەمما، موغۇل خانلىرى ۋە موغۇل ئۇلۇسى ئىسلامدا رۇشد[1] تاپماي، بەلكى مۇرتەت بولۇپ (يېنىۋېلىپ) جاھەننەم يولىنى تۇتۇپتۇ. ئەمما، بۇ دۆلەتمەن تۇغلۇق تېمۇرخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن موغۇل ئۇلۇسىغا ئىسلامدا تەلتۆكۈس رۇشد ھاسىل بولدى. بۇ كىتابنىڭ ئىپتىداسى تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ زىكىرلىرى بىلەن باشلانغان بولغاچقا، بۇ تارىخنى «رەشىدىي» ئىسمى بىلەن ئاتىماق مۇناسىپ كۆرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، ئاشۇ موغۇل خانلىرىنىڭ ئاخىرى بۇ كۈنلەردە ئەبدۇررەشىدخاندۇر. بۇ تارىخ ئۇنىڭ ئىسمىغا ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئاتاپ يېزىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۈچ تۈرلۈك مۇناسىۋەت بىلەن بۇ تارىخقا «تارىخى رەشىدىي» دەپ ئات قويۇلدى. بۇ تارىخ ئىككى دەپتەر (كىتاب)گە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى دەپتىرى (كىتابى)دە تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنىڭ بايانلىرىدىن تاكى ئەبدۇررەشىدخاننىڭ زىكرىغىچە بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى دەپتىرىدە پەقىرنىڭ ئەھۋاللىرىم ۋە ئۆزبېك، چاغاتاي خانلىرى

---

[1] رۇشد — (1) توغرا يول تېپىش، توغرا يولغا چۈشۈش؛ (2) يېتىلىش، يېتۈكلۈك، كامالەت.

ھەم باشقىلارنىڭ ئەھۋاللىرىدىن پەقىر كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم — چۈنكى ، مەن ئۇ جامائەتكە ئەسىرداش ئىدىم — ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنىدۇ . چۈنكى ، پەقىرنى پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى ئۆزىنىڭ كەم - كۈتىسىز ئىنايىتى بىلەن موغۇل ئۇلۇسىدىن تاشقىرى ، ئۇلاردىن پەرقلىق ۋە ئۇلارغا بىھاجەت قىلىپتۇ . خانلار مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمدىن ، بەلكى تاغام ۋە ھامىلىرىمدىن بولغان تۇرۇقلۇق ئۇلاردىن ماڭا شۇ دەرىجىدە ناچار ، شۇنچە ناساز ئىشلار ، تۇراقسىز مۇئامىلىلەر سادىر بولدى ، ئىككىنچى دەپتەردە بۇ ھەقتە ئازراق زىكىر قىلىنىدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى قىساس - ئۆچمەنلىك شۇ دەرىجىدىكى ، مەسىلەن ، پەقىرنىڭ ئىسمىم ھەيدەردۇر ، بۇ «ھاياتلىق مەندە» دېگەن مەنىگە ئىگە . ئۇلار ئەگەر بۇ مەنىنى پەملىسە ، ئەلۋەتتە مېنىڭ بۇ پىكرىمگە قارشى بىر مۇھىم ئىشنى ئىختىيار قىلىدۇ . نەزم :

سەن ئەگەر ئەيلەسەڭ بىھىشتكە ئەزم ،<br>
ئۆزگەلەر دەۋزەخ ئىختىيار قىلۇر .

مېنىڭ ھەسبۇھالىم بۇدۇركى ، نەزم :

سېنىڭدۇر غەمىڭ يارى ناگۇزىرىمدۇر ،<br>
جەفا قىلۇر ئىسەڭ ئول بارچە دىلپەزىرىمدۇر .<br>
ماڭا بەس ئۇشبۇ سەئادەتكى ، چۇن مېنى كۆرسەڭ ،<br>
دىلىڭغا كەچسەكى : «ئۇشبۇ گەدا ئەسىرىمدۇر» .

پەقىرنىڭ ئاتا - ئانامنىڭ ئاتىسى تا نەچچە پۇشتىغىچە ھەممىسى خانلارنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرىدۇر ، بۇ تەرەپتىن نەسەب ئاشۇنداق . شۇ تۇپەيلىدىن پەقىر ئون ئۈچ ياش ۋاقتىمدا ناھايىتى غېرىب ۋە يېتىملىك ھالىتىمدە سۇلتان سەئىدخاننىڭ خىزمىتىگە

مۇشەررەپ بولغانىدىم . سۇلتان سەئىدخان ئاتىلىق شەپقىتى بىلەن مېنى يېتىملىك تەسىرىدىن خالاس قىلدى . مۇھەببەت ۋە تۇغقانلىق مېھىر - شەپقىتىنى شۇ قەدەر چىڭ ۋە ئۇزۇنغىچە كۆرسەتتىكى ، ئۇنىڭغا ھەتتا خاننىڭ بۇرادەرلىرى ۋە پەرزەنتلىرىمۇ ھەسەت قىلىشاتتى . تاكى يىگىرمە تۆت يىل ئۇ خاننىڭ جەننەت ماكان خىزمىتىدە ھۇنەر - كەسىپلەردىن ، ئەخلاق - پەزىلەتلەردىن ۋە ئىلىم - مەرىپەتلەردىن تەلىم ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ، ئۇلۇغلۇق ۋە ھەشەمەت بىلەن ھايات كەچۈردۇم . خەت پۈتمەك ، شېئىر ئېيتماق ، ئىنشا (نەسر يېزىقچىلىقى) ، رەسساملىق ، نەققاشلىق ئىلىملىرىدە زامانىنىڭ مۇمتاز ، بەلكى ماھىرلىرىدىن بولدۇم . يەنە ئۆزگە ھۇنەرلەردە ، مەسىلەن ، خاتەمبەندلىك (مۆھۈرلۈك ئۈزۈكچى) ، ھەككاكلىق (تاشچى ، تاش ئويمىچى) ، زەرگەرلىك ، سەرراجلىق (ئېگەرچى) ، چۆپتىراشلىق (ياغاچ قىرغۇچى ، قىرمىچىلىق) ، مۇغەننىيلىك (نەغمىچى ، سازەندە) ، ئوقياچىلىق ۋە باشقا تۈرلۈك كەسىپلەردىن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ شەرھلەنسە گەپ ئۇزىرايدۇ . قىسقىسى ، ھەممە ھۇنەر - سەنئەتلەردە شۇ دەرىجىگە يەتتىمكى ، ئۇ ھۇنەر - كەسىپلەرنىڭ پۈتۈك ئالىملىرى ۋە ماھىر ئۇستازلىرى پەقىرگە شاگىرت بولماققىمۇ ئاجىز كەلدى . بۇ ھەممە پەزىلەت ۋە ھۇنەرلەرنى ئىگىلىشىمگە خاننىڭ سايە - سەۋەبلىرى ۋە تىرىشچانلىقلىرى سەۋەب بولدى . ئۇنىڭ ئۇستىنىگە سەلتەنەت ئىشلىرى ، كېڭەش - مەسلىھەت ئۇسۇللىرى ، ئۇرۇش قائىدىلىرى ، كېچىلىك ھۇجۇم ، ئوقيا ئېتىش ، ئوۋ ئوۋلاش ، ئوۋغا يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق دۆلەت ئىشلىرىدا زۆرۈر لازىم بولغان بارلىق كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇستازىم ۋە تەربىيىچىم ھەزرىتى خان ئىدى . يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ھۇنەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە يەنە خانغا شاگىرت ئىدىم . ئاشۇنداق سائادەتمەن خاننىڭ پەرزەنتىدىن پەقىرگە شۇقەدەر مۇئامىلىلەر يەتتىكى ،

ئۇنىڭدىن يامانراق ۋە قاتتىقراق مۇئامىلە يوق ئىدى . ئۇ مۇئامىلىلەرنى خاننىڭ ماڭا قىلغان ئېھسانلىرى ۋە مۇرۇۋۋەتلىرىگە مۇقابىلە قىلىمەن . مەيلى قوبۇل قىلسۇن ، رەت قىلسۇن ، بۇ كىتابنى خاننىڭ پەرزەنتىنىڭ ئىسمىغا ئاتاپ يازىمەن ، تاكى بۇ كىتاب مەندىن ئۇنىڭغا ۋە ئالەم ئەھلىگە يادىكار قالغاي . بۇ كىتابنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ ئىسمىدىن ئېلىندى . ئۇنىڭ مۇبارەك ئۇنۋانلىرىنى يىغىنچاق ئېيتقاندا مۇنداق : خاقان ئىبنۇل خاقان ، سۇلتان ئىبنۇس سۇلتان ، ئەلمۇتەۋەككىل ئەلەللاھۇل مەلىكۇل مەننان ، ئەبۇل مۇزەففەر ئەبدۇررەشىدخان ئىبنى سۇلتانۇل - مەبرۇر ۋە خاقانۇل مەغفۇر ئەسسەئىدۇش شەھىد ئەبۇل فەتھ سۇلتان سەئىدخان غازىخان ، نەزم :

سىفاتىڭنى ئايتماقغە ھەيدەر تىلى ،
ئېرۇر گۇڭگۇ ، نەھەد مەقالەتدۇرۇر .
مۇھىتى ئەزىم شاھى ئەبدۇررەشىد ،
كى ئول كوھىقافى جەلالەتدۇرۇر .
كى جاھى جەلالىڭدىن ، ئەي شەھرىيار ،
دېمەك مۇندىن ئارتۇق مەلالەتدۇرۇر .

## بىرىنچى باب

# «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئىپتىداسى

ھەممىنى يارانقۇچى مۇقەددەس تەڭرى ئەزەل كۈنىدە پۈتۈن روھلارنى يارانقاندا، «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟»[1] دېگەن ىىداسى بىلەن پۈتكۈل ئەرۋاھلارغا ئورتاق خىتاب قىلدى. بەزىلەرنى سائادەت بىلەن «ئاللا ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ»[2] دېگەن بەختىيارلىق شەرىپىگە ئېرىشتۈرۈپ، «ھەئە»[3] دەپ توغرا جاۋاب بېرىشكە مۇۋەپپەق قىلدى. بەزىلەرنى خارلىق بىلەن «ئاللا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن (ئىماننىڭ نۇرى ۋە ئۈنى كىرمەيدۇ)، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ)»[1] دېگەن داغۇ ھەسرەتلىك تامغىنى ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە باستى. «ئۇلار گاستۇر (ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)»[3] دېگەن ئايەتنىڭ مۆھرىنى ئۇلارنىڭ تىللىرىغا باستى. تەڭرىتائالانىڭ شۇنچە كامىل ھېكمىتى ئالدىدا ئالدىنقى قوۋمغا ئۇ تەۋپىق ـ ھىدايەت ۋە كېيىنكى گۇرۇھقا بۇ گۇمراھلىق پالاكەتلەر ئەقىل دائىرىسىدىن تاشقىرىدۇر. تەڭرىنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە ئارتۇقچە پىكىرلەرنى

---

① «قۇرئان كەرىم»، 7 ـ سۈرە ئەئراف، 172 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② «قۇرئان كەرىم»، 24 ـ سۈرە نۇر، 46 ـ ئايەت.

③ «قۇرئان كەرىم»، 7 ـ سۈرە ئەئراف، 172 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

① «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە بەقەرە، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

⑤ «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە بەقەرە، 18 ـ، 171 ـ ئايەتلەر.

قىلىش مەنئى قىلىنغان . بەندە بولسا رازىلىق ۋە تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇلغان . بۇ جەھەتتىن ئىمان گەرچە دىل بىلەن تەستىقلاپ ، تىل بىلەن ئىقرار قىلىش دېمەكتۇر ، ئەمما ھەقىقەتتە ئىمان غەيىبكە ئىشىنىش دېمەكتۇر . بۇ دۆلەتكە ئەقىل يولى بىلەن يول تاپماق مۇمكىن ئەمەس . نەزم :

ئاڭا ئەقل ئېرۇر جۇملەسى پىچ - پىچ ،
خۇدادىن بۆلەك يوق جاھان ئىچرە ھېچ .

ھىدايەت ئەزەلىيدۇر ، ئىنايەت ئەبەدىيدۇر ، ھىدايەت غەيىبكە ئىمان كەلتۈرمەكتىن ئىبارەتتۇر ، ئۇنىڭ مۇھەببىتى ھېچبىر كەشپىيات ئىگىسى تۇسۇپ قالالمايدىغان مەكتەپتۇر . ھەزرىتى ئەلى — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — دىن «مەرىپەت (تونۇماق ) دېگەن نېمە ؟ »دەپ سورالغاندا ، ئۇ زات جاۋاب بېرىپ : «مەن خۇداۋەندە ئالەمنى خۇداۋەندە ئالەم بىلەن تونۇدۇم ، خۇداۋەندە ئالەمدىن باشقىلارنى خۇداۋەندە ئالەمنىڭ نۇرى بىلەن تونۇدۇم» دېگەنىكەن . قىسقىسى ، تەڭرىتائالا تەننى ياراتتى ، ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى ، ھاياتلىقىنى تۇپراققا ھاۋالە قىلدى ، كۆڭۈلنى ياراتتى ، ئۇنىڭ ھاياتلىقىنى ئۆزىگە ھاۋالە قىلدى . دېمەك ، ئەقىلدە تەننى ھايات قىلماق قۇدرىتى يوقتۇر . ئۇنداقتا قانداقمۇ كۆڭۈلنى ھايات قىلالىسۇن ؟ شۇڭا ، خۇدايىتائالا بۇ ھەقتە «ئەسلىدە ئۆلۈك بولۇپ ، بىز ئۇنى (ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن ) تىرىلدۈرگەن »[1] دەپ ئېيتقان . تەڭرى دىلنىڭ ھاياتلىقىنى ئۆزىگە ھاۋالە قىلىپتۇ ۋە : «بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن »[2] دەپتۇ . ياراتقۇچى بۈيۈك تەڭرى : «مۇسۇلمانلار-نىڭ دىلىنىڭ روشەنلىكى بولغان نۇر مەندۇرمەن» دەپتۇ . تەڭرى يەنە : «ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن ، بىز كۆڭلىنى

①② «قۇرئان كەرىم» ، 6 ـ سۈرە ئەنئام ، 122 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى .

زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان ئادەمگە ئەگەشمىگىن»[1] دەپتۇ. كۆڭۈلنىڭ ئۇرانى، دائىرىسى، شەرھى ۋە ئۇنىڭ خاتىمىسى پەقەت تەڭرى بىلەندۇر، ئۇنى بىلمەككە تەڭرىدىن باشقا رەھنەما يوقتۇر، خۇدايىتائالادىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كېسەل قولدۇر. قول كېسەل بولسا، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان يولنى كۆرسىتەلمەيدۇ، بۇ پەردىنى ئېچىشقا تەڭرىدىن ئۆزگە ھېچكىم يول كۆرسىتەلمەيدۇ. بەندىنىڭ غەيبكە ئىشىنەلىشى قىيىندۇر. ئەگەر ئەزەلىي ھىدايەتنىڭ مەيىن شامىلى يەتسە، كۆڭۈل گۈلىدىن ئىمان غۇنچىسى ئېچىلغۇسىدۇر. ئەگەر ھىدايەت مۇيەسسەر بولمىسا، بوران ـ چاپقۇنلار زەربە قىلغان تەقدىردىمۇ، كۆڭۈل گۈلى بىخ ۋە يىلتىزلىرى بىلەن يۇلۇۋەتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ گۈل بەرگلىرى ئېچىلمايدۇ. نەزم:

پەرىشان قىلۇر گۈلنى بادى سەھەر،
ئۇتۇننى يارالماسلار ئىللا تەبەر.

خۇددى پىرى ھىرات — تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — ئېيتقىنىدەك، كەبىدىن ئەبۇ جەھىلمۇ چىقىدۇ، بۇتخانىدىن ئىبراھىممۇ چىقىدۇ. دېمەك، ئىش تەڭرىنىڭ ئىنايىتىگە باغلىق، باشقىسىنىڭ ھەممىسى باھانە.

بۇ مۇقەددىمىلەردىن مەقسەت تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولماقلىرىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلماقتىن ئىبارەتتۇر. سەۋەب شۇ ئىدىكى، تەڭرى شەيخ جەمالىددىننى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. تۇغلۇق تېمۇرخان ئىتلىرىغا توڭگۇز گۆشى يېگۈزۈپ تۇراتتى. خان شەيختىن سورىدى: «سەن ياخشىراقمۇ ياكى ئىت ياخشىراقمۇ؟» شەيخ: «ئەگەر ئىمان مېنىڭ بىلەن بولسا، مەن ياخشى، ئەگەر مەندە ئىمان بولمىسا، مەندىن ئىت ياخشىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى. خانغا بۇ سۆز قاتتىق تەسىر قىلدى ۋە ئىسلامنىڭ

[1] «قۇرئان كەرىم»، 18 ـ سۈرە كەھف، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇھەببىتى ئۇنىڭ كۆڭلىدە قارار تاپتى . بۇ ھەقتىكى قىسسە تەڭرىتائالا خالىسا كېيىنرەك تەپسىلىي شەرھلەنگۇسى .

تۇغلۇق تېمۇرخان ئىسان بۇغا[1] خاننىڭ ئوغلىدۇر . ئىسان بۇغا خاننىڭ نەسەبى مۇنداق : ئۇ داۋاچى خاننىڭ ئوغلى ، داۋاچىخان بەراقخاننىڭ ئوغلى ، بەراقخان قارا سۇبۇ[2] خاننىڭ ئوغلى ، قارا سۇبۇخان مامقانخاننىڭ ئوغلى ، مامقانخان چاغاتايخاننىڭ ئوغلى ، چاغاتايخان چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى ، چىڭگىزخان يۇسۇكاي[3] خاننىڭ ئوغلى ، يۇسۇكايخان بەرتانخاننىڭ ئوغلى ، بەرتانخان قەبالخاننىڭ[4] ئوغلى ، قەبالخان تۇمىنە[5] خاننىڭ ئوغلى ، تۇمىنەخان بايسۇنقۇرخاننىڭ ئوغلى ، بايسۇنقۇرخان قايدۇخاننىڭ ئوغلى ، قايدۇخان دۇمەنىنخاننىڭ ئوغلى ، دۇمەنىنخان بۇقاخاننىڭ ئوغلى ، بۇقاخان بۇزەنجىرخاننىڭ ئوغلى ، بۇزەنجىرخان ئالانقۇ[6] كۆركلۇك[7]نىڭ ئوغلى ، ئالانقۇ پاك مەسۇمە ئايال ئىدى . «زەپەرنامە»نىڭ باش قىسمىدا ئۇنىڭ ھېكايىسىنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن رىۋايەت قىلىدۇ : ئۇ روشەن نۇر ئۇ ئايالنىڭ ھەلقۇمىغا كىردى ، ئۇنىڭدىن ھامىلدارلىق تاپتى . خۇددى ئىمران قىزى مەريەمگە ئوخشاش . بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تەڭرىتائالانىڭ قۇدرىتىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر . نەزم :

---

① ئىسان بۇغا — بەزى تارىخىي كىتابلاردا «ئەسەن بۇغا ، ئېسەن بۇقا ، يەسەن بۇغا» دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

② قارا سۇبۇ — خەنزۇچە نەشرىدە «قارا ئىسۇن» (Kara Isun ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

③ يۇسۇكاي — «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا «يەسۇگەي» (Yesugei, Esugei ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

④ قەبالخان — «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ۋە باشقا تارىخىي ئەسەرلەردە «قابۇلخان» (Kabul Khan ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

⑤ تۇمىنە — «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ۋە باشقا تارىخىي كىتابلاردا «تۇمبىنەي» (Tumbinai ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

⑥ ئالانقۇ — «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ۋە باشقا تارىخىي كىتابلاردا «ئالان غۇۋا ، ئالانقۇۋا» (Alan—Go’a ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

⑦ كۆركلۇك — خەنزۇچە نەشرىدە «كۆرلۇك» (Korluk ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

ئىشەنسەڭ چۇ مەريەم ھېكاياتىنى ،
بىلۇرسەن ئالانقۇۋانىڭ ھالاتىنى .

بۇ كىتابتا مەقسەت بۇزەنجىر خاننىڭ ئانىسىدىن ئاتىسىز تۇغۇلغان ھېكايىسىنى بايان قىلىش ئەمەس ، لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ئالانقۇ كۆركلۇكنىڭ نەسەبى پۇتكۇل تارىخلاردا ئېنىق شەرھلەنگەن بولۇپ ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەسكە يېتىدۇ . ئالانقۇنىڭ ئەجدادىنىڭ ھەربىرلىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تەپسىلاتلىرى ھەممە تارىخلاردا زىكىر قىلىنغان . شۇڭا ، گەپنى ئۇزارتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ بۇ يەردە زىكىر قىلىنمىدى . بۇ كىتابتىكى مەقسەت شۇكى ، موغۇلنىڭ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى ۋەقەلىرى زىكىر قىلىنغۇسىدۇر . بۇ مەقسەت ـ مۇددىئا كىتابىمىزنىڭ بېشىدىمۇ زىكىر قىلىنىپ ئۆتتى .

## ئىككىنچى باب

# تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنىڭ بايانى

مەخپىي قالمىغايكى ، پەقىر موغۇلنىڭ ئۇلۇغ ۋە بىلەرمەن كىشىلىرىدىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم : ئاتام ۋە تاغام — تەڭرىتائالا ئۇلارغا بېھىش بېغىدىن ئورۇن بەرگەي — لارمۇ مۇنداق رىۋايەت قىلاتتى : تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئاتىسى ئىسان بۇغاخاننىڭ ئىككى ھەرىمى (خوتۇنى ) بار ئىدى . چوڭىنىڭ ئىسمى ساتىلمىش خاتۇن ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى بولسا مەڭلىك خاتۇن ئىدى . ئىسان بۇغاخاننىڭ ھېچ پەرزەنتى يوق ئىدى . ساتىلمىش خاتۇن

ھەرەملىرىنىڭ ئۇلۇغى ئىدى. ئىسان بۇغاخان بىر تەرەپكە لەشكىرىي ئىش بىلەن كېتىپ قالدى. موغۇل خەلقىنىڭ رەسمىي قائىدىلىرى شۇكى، ھەرەملەرنىڭ ھوقۇقى چوڭ ھەرىمدە بولىدۇ، خاننىڭ كىچىك ھەرەملىرىدىن قايسىسىنى خالىسا تۇرغۇزىدۇ، خالىمىسا ئەرگە بېرىدۇ. ئاشۇ كۈنلەردە مەڭلىك خاتۇننىڭ ئىسان بۇغاخاندىن ھامىلىدار بولغانلىقى چوڭ ھەرەمگە ئايان بولدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە قاتتىق كۈنداشلىق ۋە قىزغىنىش پەيدا بولدى. مەڭلىك خاتۇننى ئىسان بۇغاخاننىڭ ئۇلۇغ ئەمىرلىرىدىن شىراۋۇل دۇختەۋى[1] ناملىق كىشىگە خوتۇنلۇققا بېرىپ، ئۇنى بىر ياققا ماڭدۇرۇۋەتتى. ئىسان بۇغاخان لەشكىرىي ئىشلاردىن يېنىپ كېلىپ مەڭلىك خاتۇننى سورىدى. ساتىلمىش خاتۇن: «ئۇنى بىر كىشىگە بۇيرۇپ بەردىم» دېدى. خان: «بۇ ئىش ياخشى بولماپتۇ. چۈنكى، ئۇ مەندىن ھامىلىدار ئىدى» دېدى، لېكىن بۇنىڭدىن ئارتۇق ھېچنېمە دېيەلمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ رەسىم - قائىدىلىرى شۇنداق ئىدى. ئەمما، خان بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئاغرىندى ۋە رەنجىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى، موغۇل ئۇلۇسى ئىچىدە خان قالمىدى. شۇ سەۋەبتىن موغۇل خەلقىگە ۋەيرانچىلىق يۈزلەندى. پەقىر مۇھەممەدھەيدەرنىڭ بوۋام ئەمىر بۇلاجى دۇغلات بىر خان پەيدا قىلىپ، مەملىكەتنىڭ قانۇن - تەرتىپلىرىنى تۇرغۇزۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. مۇشۇ غەرەز بىلەن تاشتېمۇر ناملىق كىشىگە شىراۋۇل دۇختەۋىنى ئىزدەپ تېپىپ، مەڭلىك خاتۇننىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇنىڭدىكى ھامىلىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش، ئەگەر ئوغۇل تۇغۇلغان بولسا ئوغرىلاپ ئېلىپ كېلىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. تاشتېمۇر مۇنداق دېدى: «بۇ ئىشنىڭ مۇددىتى ۋە يولنىڭ مۇساپىسى بەكمۇ ئۇزۇن، بۇ سەپەرگە يول ئۇزۇقلىرىنى يەتكۈزۈش قىيىن. شۇڭا، 300 ئۆچكە ئىنايەت

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «شەراۋەل دۇختەي» (Sherawal Dukhtai) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

قىلغايسەن . مەن ئۇلارنىڭ سۆتىنى ئىچىپ ، شۇلار بىلەن غىزالىنىپ پۈتكۈل موغۇلىستان ئەتراپىنى كېزىپ ، بۇ مەقسەت ۋە تەلەپنى قولغا كەلتۈرگەيمەن . »

شۇنداق قىلىپ ئەمىر بولاجى تاشتېمۇرنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ ، 300 ئۆچكە بېرىپ يولغا سالدى . تاشتېمۇر ئۆزۈن مۇددەتلەرگىچە موغۇلىستان ئەتراپلىرىدا شۇ مەقسەتتە ئىزدىنىپ يۈردى ، تاكى 300 ئۆچكىدىن بىر كۆك ئۆچكە قالغان چاغدا ، ئاندىن شىراۋۇل دۇختەۋىنىڭ خەلقلىرىگە ئۇچراشتى . مەڭلىك خاتۇننىڭ پەرزەنتلىرىنى ئېنىقلاپ سورىدى . ئۇلار ئېيتتىكى : «مەڭلىك خاتۇن ئىسان بۇغاخاندىن ھامىلىدار بولۇپ ئوغۇل تۇغدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن دۇختەۋىدىن يەنە بىر ئوغۇل تۇغدى . خاندىن بولغان ئوغلىغا تۇغلۇق تېمۇرخان دەپ ئات قويدى . شىراۋۇل دۇختەۋىنىڭ ئوغلىغا ئىنجۇمەلىك دەپ ئات قويدى . »

ئەلقىسسە ، تاشتېمۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، تۇغلۇق تېمۇرخاننى بىر يول بىلەن ئېلىپ قاچتى ۋە ئەمىر بولاجىنىڭ يېنىغا قاراپ يول ئالدى . ئەمىر بولاجى ئاقسۇدا ئىدى . چۈنكى ، چاغاتايخان مەملىكەتلىرىنى تەقسىم قىلغاندا ماڭلايسۆيەنى ئەمىر بولاچىنىڭ بوۋىسى ئۇرتۇ بۆرەگە① گە بەرگەنىدى . «ماڭلايسۆيە »② دېگەن سۆز «ئاپتاپ يۈزلۈك» دېگەن بولىدۇ . ماڭلايسۆيەنىڭ چېگرىسى شەرق تەرىپى كۈسەن (ھازىرقى كۇچا )دىن تاكى بۇگۇرگىچە ، غەرب تەرىپى فەرغانىنىڭ يىراق ئاخىرقى ۋىلايىتى بولغان سام ، غەر ۋە چاقىشمانغىچە ، شىمال تەرىپى ئىسسىقكۆل ، جەنۇب تەرىپى چەرچەن ۋە سارىغ ئۇيغۇر يۇرتىغىچە ئىدى . بۇ چېگرىنىڭ ئىچىنى «ماڭلايسۆيە» دەپ ئاتايدۇ . بۇ چېگرىنىڭ ئىچىدىكى تامامى ۋىلايەتلەر ئەمىر بولاجىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «ئۇرتۇ بۇغا» (Urtu Bugha ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

② ماڭلايسۆيە — ئاساسەن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى ھەمدە فەرغانە رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

ئاستىدا ئىدى . ئۇ زامانلاردا بۇ ھۇدۇت ئىچىدە بىرنەچچە شەھەرلەر بار ئىدى . ئۇ شەھەرلەرنىڭ چوڭراقلىرى كاشغەر ، خوتەن ، ياركەند ، ئۆزكەند[1] ، كاسان[2] ، ئاخسىكەند[3] ، ئەندىجان[1] ، ئاقسۇ ، ئاتباشى[5] ۋە كۇسەن قاتارلىقلار ئىدى . ئەمىر بۇلاجى ئاقسۇدا تۇراتتى . تاشتېمۇر تۇغلۇق تېمۇرخاننى تاپقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىرلا كۆك ئۆچكىسى قالغانىدى . شۇ سەۋەبتىن تاشتېمۇرغا كۆك ئۆچكە دېگەن لەقەم قويۇلدى ، ھازىرمۇ تاشتېمۇرنىڭ نەسلىدىن بىر جامائە خالايىق بار ، ئۇلارنىڭ لەقىمىمۇ كۆك ئۆچكىدۇر . شۇنداق قىلىپ تاشتېمۇر تۇغلۇق تېمۇرخان بىلەن بىللە ئاقسۇغا يېقىن يەتكەندە ، بىر توپ سودىگەرلەر بىلەن ھەمراھ بولدى . ئۇلار مۇزئارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى . مۇز يېرىلدى ، خان مۇزنىڭ يېرىقىدىن مۇز تەكتىگە چۈشۈپ كەتتى . تاشتېمۇر سودىگەرلەرنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا باردى ، ئۇ سودىگەرنىڭ ئىسمى بەگچەك ئىدى . تاشتېمۇر ئۇنىڭغا خاننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بايان قىلدى ، ئاندىن بەگچەك قالغان ھەمراھلىرىغا بۇ ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى ئاڭلاتتى . شۇنداق قىلىپ ھەممە سودىگەرلەر تاشتېمۇرگە ھەمراھ بولۇپ مۇز يېرىلغان يەرنىڭ ئۈستىگە باردى . بەگچەك مۇزنىڭ تېگىگە چۈشتى ، قارىسا خان سالامەت تۇرۇپتۇ . بەگچەك خاندىن ئىلتىپات ۋە ئىنايەت قىلىشقا ۋەدە ئالدى ، ئاندىن : «ئاۋۋال سىز چىقىسىڭىز ، مېنى ھېچكىم تارتىپ چىقىرىۋالمايدۇ ـ دە ، مەن بۇ يەردە

① ئۆزكەند — ئۆزگەندمۇ دېيىلىدۇ ، ھازىرقى قىرغىزىستان تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن ) .

② كاسان — ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قارشىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

③ ئاخسىكەند — ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى نەماگەن ئوبلاستى تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن ) .

④ ئەندىجان — ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى ئەنجان شەھىرى تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن ) .

⑤ ئاتباشى — ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى ئاتباشى شەھىرى تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن ) .

قېپقالىمەن . ئەگەر مەن ئاۋۋال چىقسام ، جانابىڭىزنى چىقارماي ھېچ ئىلاج يوق » دەپ بۇ توغرىدا كۆپتىن ـ كۆپ ئۆزرىخاھلىقلار ئېيتتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرىدىكىلەرنى چاقىرىپ : «ئارغامچىنى تاشلاڭلار !» دېدى . ئۇلار ئارغامچىنى سالدى ، ئاۋۋال بەگچەك چىقتى ، ئاندىن خاننى چىقاردى .

شۇنداق قىلىپ خاننى ئاقسۇغا — ئەمىر بۇلاجىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلدى . ئەمىر بۇلاجى تۇغلۇق تېمۇرخاننى خان قىلىپ تىكلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل موغۇلىستان ، بەلكى چاغاتاي يۇرتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تۇغلۇق تېمۇرخان ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزدى . بۇنىڭ تەپسىلاتى كېيىنچە بايان قىلىنغۇسى .

## ئۈچىنچى باب

# تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغانلىقىنىڭ بايانى

ھەزرىتى مەۋلانا ئەھمەد — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىن — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ ، تەۋەررۇك ۋە تەقۋادار زات ئىدى . ئۇنىڭ نەسەبلىرى ئىچكى جەھەتتىن خاجەلەر — تەڭرى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ سىلسىلىلىرىگە تۇتىشاتتى . پەقىر مۇھەممەدھەيدەر مەۋلانا خاجە ئەھمەد — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ھەزرەتلىرىگە يىگىرمە يىل مۇلازىمەت قىلدىم . ئىككى جامە مەسچىت بار ئىدى ، ئۇ زاتنىڭ ئىبادەتگاھى شۇ يەردە ئىدى ، ئاندىن ئۆزگە جايدا ئۇ زاتنى

ئۇچراتمىدىم. ئۇ زات ھەممىشە ئىبادەتگاھنىڭ بىر بۇلۇڭىدا — خىلۋەتتە ئولتۇراتتى. دائىم ۋەزگويلار قاتارىدا جامائەتكە قاراپ ئولتۇراتتى. سۇفىيە ئەھلى — تەڭرى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — سۆزلىرىنى ناھايىتى ياخشى بايان قىلاتتى، ھەرقانداق مۇناسىۋەتسىز كىشىمۇ ئۇ ھەزرەتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىسا تەسىرلىنەتتى.

پەقىر ئاشۇ مەۋلانا خاجە ئەھمەد ھەزرەتلىرىدىن ئاڭلىغانىدىم، ئۇ زات مۇنداق دېگەنىدى: «بىزنىڭ ئاتا ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخلىرىدا مۇنداق يېزىلغان: مەۋلانا شۇجائىددىن مەھمۇد بولسا مەۋلانا ھافىزىددىن كەبىرى بۇخارىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئىنىسى ئىدى. مەۋلانا ھافىزىددىن بولسا مۇجتەھىدلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى-لىرىدىن بولۇپ، ئۇلاردىن كېيىن مۇجتەھىد پەيدا بولماپتۇ. چىڭگىزخاننىڭ تالاپىتىدە بۇخارا ئۇلۇغلىرىنى يىغىپتۇ، چۈنكى چىڭگىزخاننىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار مەۋلانا ھافىزىددىننى شېھىت قىلىپتۇ. مەۋلانا شۇجائىددىن مەھمۇدنى ئۆيۋاقلىرى بىلەن قوشۇپ كۆچۈرۈپ، قاراقورۇم[1]غا ئېلىپ بېرىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ. مەۋلانا شۇجائىددىن مەھمۇد قاراقورۇمدا ۋاپات بولۇپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قاراقورۇم خاراب بولغاندا، مەۋلانا شۇجائىددىننىڭ ئوغلى خوتەن بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدىكى بىر ئۇلۇغ شەھەر — كەتتىك شەھىرى[2]گە كۆچۈپ بېرىپتۇ. ئۇ زات ئۇ شەھەرلەردە ناھايىتى ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە ئەۋلاد شۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ.» مەۋلانا خاجە ئەھمەد ھەزرەتلىرى ئۇ ئەۋلادلارنىڭ ھەممىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە ئىش - ئەھۋاللىرىنى تولۇق بايان قىلىپ بەرگەنىدى، ئەمما پەقىرنىڭ خاتىرەمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. خۇلاسە

---

① قاراقورۇم — ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى ئۇلان - باتۇر ئەتراپىدا (مۇھەررىردىن).

② كەتتىك شەھىرى — كېتىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن).

شۇكى، ئۇ ئەۋلادلارنىڭ ئاخىرقىسىنىڭ ئىسمى شەيخ جەمالىددىن بولۇپ، ناھايىتى تەقۋادار ۋە ئۇلۇغ كىشى ئىكەن، كەتتەك شەھرىدە تۇرۇۋاتقانىكەن. ئۇ زات بىر جۈمە كۈنى جۈمەدىن يېنىپ ۋەز ئېيتىپتۇ، خالايىققا خىتاب قىلىپ: «ئەي خۇدانىڭ بەندىلىرى، ئىلگىرى سىلەرگە نەچچە نۆۋەت ۋەز - نەسىھەت قىلغانىدىم، ھېچبىرىڭلار نەسىھىتىمگە ئۇنىمىدىڭلار! مانا ئەمدى ماڭا شۇنداق مەلۇم بولدىكى، خۇداۋەندە ئالەم بۇ شەھەرگە چوڭ بالا - قازا ئەۋەتىدۇ. ماڭا بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش ھەققىدە پەرمان ۋە ئىزنى بولدى. تەڭرىتائالانىڭ رەھمىتى بىلەن بۇ بالادىن قېچىپ خالاس بولارمەن. ئاگاھ بولغايسىزلەركى، بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋەز ئېيتىشىمدۇر، ئەمدى سىلەردىن رۇخسەت تىلەيمەن ۋە سىلەر بىلەن خوشلىشىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن دىدارلىشىش قىيامەتكە باقىي قالغۇسىدۇر» دېدى. شەيخ شۇنىڭدىن كېيىن مۇنبەردىن چۈشتى، مەسچىتنىڭ مەزىنىمۇ ھەزرىتى شەيخ بىلەن ھەمراھ بولۇپ قېچىش نىيىتىدە مەسچىتتىن بىللە چىقتى، چۈنكى مەزىن شەيخنىڭ سۆزلىرىگە تولۇق ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئىلتىماس قىلىپ: «پەقىرمۇ خىزمەتلىرىدە بولسام» دېدى، شەيخمۇ قوبۇل قىلدى. ئۇلار شەھەردىن بىللە چىقىپ ئۈچ پەرسەڭ يىراقتىكى بىر يەرگە بېرىپ چۈشتى، بىراق مەزىننىڭ شەھەردە ئازراق زۆرۈر ئىشى بار ئىدى. ئۇ زۆرۈرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت تىلىدى، شەيخمۇ ئىزنى بەردى. مەزىن شەھەرگە كىردى. ئۇ ئىشنى ئورۇنداپ يېنىپ چىقىۋېتىپ يولدا ھېلىقى مەسچىت ئالدىغا كېلىپ قالدى. مەزىن كۆڭلىدە: «خوشلىشىش سۈپىتىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خۇپتەنگە بىر ئەزان ئوقۇۋېتەي» دەپ ئويلاپ مەسچىتنىڭ مۇنارىغا چىقتى. ناماز خۇپتەنگە ئەزان ئوقۇۋېتىپ كۆردىكى، ئاسماندىن قارغا ئوخشاش بىر نەرسە ياغماقتا، ئەمما ئۇنىڭدا نەم يوق. ئەزاننى تامام قىلىپ ۋە بىر ئاز تۇرۇپ: «ئەسسەلات! ئەسسەلات!» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن چۈشۈپ قارىسا، مۇنارنىڭ ئىشىكى ئېتىلىپ قاپتۇ. چىقىشقا يول

تاپالماي يەنە مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقتى . ئۇ ئويلاپ يەتتىكى ، قۇم يېغىۋېتىپتۇ ، شۇ تەرىقىدە شەھەرنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ . بىر سائەت ئۆتكەندە ، كۆزىگە يەر يېقىن كۆرۈندى . ئۇ جەزملەشتۈردىكى ، مۇنار تۆپىسىدىن يەر يۈزىنىڭ ئارىلىقى بىر ئادەم بويى قاپتۇ ، مەزىن مۇناردىن ئۆزىنى ئاستا يەرگە تاشلىدى . قورققان ۋە تىترىگەن ھالدا يۈگۈرۈپ تۈن يېرىملاشقان ۋاقىتتا شەيخنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى ۋە يۈز بەرگەن ۋەقەنى شەيخكە سۆزلەپ بەردى . شەيخ : «تەڭرىتائالانىڭ غەزىپىدىن يىراق بولغان ياخشى» دەپ شۇ ھامان يولىغا راۋان بولدى ـ دە ، تېزلىك بىلەن يۈرۈپ كەتتى . ھازىرمۇ ئۇ شەھەر قۇمنىڭ ئاستىدا بار . بەزى ۋاقىتلاردا شامال قۇمنى ئۇچۇرۇپ كەتسە ، مۇنارنىڭ ياكى گۈمبەزلەرنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ قالىدۇ . كۆپلىگەن ئۆي ۋە ھويلىلارمۇ ئېچىلىپ قالىدۇ . كۆپىنچە ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە كىرسە ، ھەممە ئۆي ئەسۋابلىرى ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۇستىخانلىرى قۇرۇپ ـ چۈرۈپ ياتقانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ . ئۇ يەردىكى كۆپلىگەن جانسىز نەرسىلەر ھېلىمۇ نۇقسانسىز تۇرۇۋاتىدۇ . دېمەك ، شۇنچە ئۇلۇغ كەتىك شەھىرى قۇمنىڭ تېگىدە قاپتۇ . شەيخ مەزىن بىلەن نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئاقسۇ چېگرىسىدىكى ئايكۆل دېگەن جايغا يېتىپ كەپتۇ . شۇ كۈنلەردە تۇغلۇق تېمۇرخان ئاقسۇدا ئىكەن . تاشتېمۇر ئېلىپ قاچقان ۋاقىتىدا خان ئون ئالتە ياشتا ئىكەندۇق ، شەيخ بىلەن كۆرۈشكەن كۈنلەردە بولسا ئون سەككىز ياشقا كىرگەنىكەن .

خاننىڭ شەيخ بىلەن ئۇچرىشىش ۋەقەسى مۇنداق بولغانىدى : تۇغلۇق تېمۇرخان شىكارغا چىقماقچى بولدى ، بۇ ھەقتە ئالدىن يارلىق چۈشۈرۈپ : «ھېچكىم بۇ شىكارغا خىلاپلىق قىلمىسۇن ، ھەرقانداق ئىشى بولسا قويۇپ تۇرۇپ شىكارغا چىقسۇن !» دېگەنىدى . تاۋاچىلار قارىسا بىرمۇنچە خالايىق شىكارغا قوشۇلماي ، ئۆيۋاقى بىلەن بىر جايدا ئولتۇرۇپتۇ . ئۇلار شەيخ باشلىق ھەممىلىرىنى تۇتۇپ ھەيدەپ خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ـ دە :

«بۇلار شىكارغا ھازىرلانماي يارلىققا خىلاپلىق قىلىپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇتۇپ كەلدۇق. قانداق جازا بېرىشكە يارلىق بېرىلسە، ئىجرا قىلغايمىز» دەپ ئەرز قىلىشتى. خان ئۇ جامائەتتىن: «نېمە ئۈچۈن يارلىقنى ئەستە تۇتماي ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلدىڭلار؟» دەپ سورىدى. شەيخ جاۋاب بېرىپ: «بىز ۋەيران بولغان كەتتىك شەھىرىدىن يېڭىلا كەلگەن مۇساپىر كىشىلەرمىز، شۇڭا شىكاردىن ۋە يارلىقتىن خەۋىرىمىز يوق ئىكەن. ئەگەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بولساق ئىدۇق، يارلىققا ئەسلا خىلاپلىق قىلماس ئىدۇق» دېدى. خان ئاچچىقلىنىپ: «تاجىك خەلقى ئادەم ئەمەس» دېدى ۋە شۇ ھالەتتە ئىتلىرىغا توڭگۇز گۆشى بېرىۋاتاتتى، شۇ ئاچچىقىدا يەنە شەيختىن: «سەن ياخشىمۇ، يا بۇ ئىتمۇ؟» دەپ سورىدى. شەيخ ئېيتتىكى: «ئەگەر ئىمان مېنىڭ بىلەن ھەمراھ بولغان بولسا، مەن ياخشىمەن، ئەگەر ئىمان مېنىڭ بىلەن ھەمراھ بولمىسا، ئىت ياخشىراقتۇر.» بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان شاھ دەرھال ئوردىغا قايتتى ۋە بىر كىشىگە بۇيرۇق بېرىپ: «سەن بۇ تاجىكنى ئىززەت بىلەن ئاتقا مىندۈرۈپ، مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلگىن» دېدى.

ئۇ موغۇل ئاتنى شەيخنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، شەيخ قارىسا ئاتنىڭ ئىگىرى پۈتۈنلەي توڭگۇزنىڭ قانلىرى بىلەن بۇلغىنىپتۇ. شۇڭا، شەيخ: «مەن پىيادە بارىمەن» دېدى. موغۇل ناھايىتى دەبدەبە بىلەن سىياسەت قىلىپ: «خاننىڭ يارلىقى شۇنداقتۇركى، ئاتقا مىنگەيسەن!» دېدى. شەيخ ئىلاجسىز لۆڭگىلىرىنى ئىگەرنىڭ ئۈستىگە يېيىپ، ئاندىن مىندى. سارايغا كېلىپ كۆردىكى، خان بىر خىلۋەت ھۇجرىدا تەنھا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ چىرايىدا غەم - ئەندىشە ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شەيخ خاننىڭ يېنىغا يېقىن باردى. خان شەيختىن: «ئەگەر ئۇ كىشىگە ھەمراھ بولسا ئىتتىن ياخشى بولىدىغان، ھەمراھ بولمىسا ئىتتىن بەتتەر بولىدىغان قانداق نەرسە ئۇ؟» دەپ سورىدى. ھەزرىتى شەيخ جاۋاب بېرىپ: «ئۇ ئىماندۇر» دېدى ۋە ئىماننىڭ تەرىپىنى، ئىسلامنىڭ

ھۆكۈملىرىنى باشتىن ـ ئاخىر شەرھلەپ ئۆتتى . خان ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى ۋە ئېيتتىكى : «مەن خان بولۇپ مۇستەقىل ئىش باشلىغىنىمدا ، مېنىڭ ئالدىمغا چوقۇم كەلگەيسەن ، مەن ئەلۋەتتە مۇسۇلمان بولغايمەن .» خان شۇنىڭدىن كېيىن شەيخنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن ياندۇردى . بۇ ۋەقەدىن نەچچە مۇددەتلەر ئۆتكەندە شەيخ ئالەمدىن ئۆتتى .

ئەمما ، شەيخنىڭ مەۋلانا ئەرشىددىن ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى ، ئىلىم ـ ئېرپاندا يۇقىرى كامالەتكە يەتكەنىدى . ھەزرىتى شەيخ ۋاپات بولۇش ۋاقتىدا بۇ ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ : «مەن بىر چۈش كۆردۈم ، چۈشۈمدە بىر ئېگىزلىكنىڭ ئۈستىگە بىر چىراغنى ئېلىپ چىقىپ ياندۇردۇم . پۈتكۈل شەرق ئۇ چىراغنىڭ نۇرى بىلەن يورۇپ كەتتى . ئۇ چۈشنى كۆرۈپ نەچچە مۇددەتتىن كېيىن ئاقسۇدا تۇغلۇق تېمۇرخان بىلەن ئۇچراشتىم ، تۇغلۇق تېمۇرخان ۋەدە قىلىپ : ‹ئەگەر خان بولسام مۇسۇلمان بولىمەن › دېگەنىدى . ئەمما ، مېنىڭ ئۆمرۈم ئۇنىڭغىچە ۋاپا قىلمىدى ، سەن بۇ ۋەسىيىتىمنى ئۇنتۇپ قالماي ، قاچانكى ئۇ يىگىت خان بولسا ، ئۇنىڭ ئالدىغا بارغىن ، ئېھتىمال ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولسا كېرەك . ئەگەر شۇنداق بولسا ، بۇ سائادەت ساڭا مۇيەسسەر بولسا ، ئېھتىمال ئالەم سېنىڭ بىلەن مۇنەۋۋەر بولغاي . [ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ، ‹قۇرئان ›دا : ‹مۇشرىكلارغا قارشى بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىڭلار ›[1] دەپ كۆرسىتىلگىنى بويىچە ئىش قىلغايسەن »] دەپ ۋەسىيەتلىرىنى تامام قىلغاندىن كېيىن ، شەيخ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە راۋان بولدى .

بۇ ۋەقەدىن نەچچە مۇددەت ئۆتكەنىدى ، تۇغلۇق تېمۇرخان شاھلىق تەختىدە ئولتۇردى . بۇ خەۋەر مەۋلانا ئەرشىددىنگە يەتتى ، مەۋلانا ئەرشىددىن شۇ ھامان ئاقسۇدىن موغۇلىستانغا باردى . كۆردىكى ، تۇغلۇق تېمۇرخان ئىنتايىن بۈيۈك پادىشاھلىق شان ـ

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 9 ـ سۈرە تەۋبە ، 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

شەۋكىتىدە بەرقارار بولۇپتۇ . شەيخ قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، خان بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى . شۇڭا ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە خاننىڭ ئوردىسىغا يېقىن بېرىپ ئەزان ئوقۇشقا باشلىدى . ئاخىر بىر كۈنى سەھەردە خان مۇلازىملىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ : «نەچچە كۈندىن بېرى ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر خىل ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ ، سەن بېرىپ بۇ ئاۋازدا قىچقارغان كىشىنى ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كەلگىن» دېدى . ھەزرىتى مەۋلانا بىر كۈنى تېخى ئەزاننى تولۇق تۈگىتىپ بولالمىغانىدى ، ھېلىقى موغۇل يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىقىدىن تۇتتى ـ دە ، تارتقان پېتى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . خان ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىننى يېقىنراق كېلىشكە چاقىردى ۋە مۇنداق دېدى : «سەن كىمسەن ؟ ھەر سەھەردە راھەت ـ پاراغەتتە ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىمدا قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىراپ ، مېنى ئۇيقۇ راھىتىدىن مەھرۇم قىلىسەن ؟» مەۋلانا ئەرشىددىن : «مەن سىز پالانى ۋاقىتدا ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلىق دائىرىسىگە كىرىش ھەققىدە ۋەدە بەرگەن كىشىنىڭ ئوغلى بولىمەن» دەپ ئاتىسىدىن ئاڭلىغان ھېكايەتنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە بايان قىلدى . خان : «خۇش كېلىپسىز ، ئاتىڭىز قەيەردە ؟» دەپ سورىدى . مەۋلانا : «ئاتام ۋاپات بولدى ، ماڭا بۇ ئىشلارنى ۋەسىيەت قىلدى» دېدى . خان ئېيتتىكى : «مەن خانلىق تەختىدە ئولتۇرغاندىن بېرى ھەمىشە ‹مەن ۋەدە بەرگەن كىشى ئەجەب كەلمىدىغۇ › دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم . مانا سىزنىڭ كەلگىنىڭىز ناھايىتى ئوبدان بولدى . ماڭا تەلىم بېرىڭ ، مۇسۇلمانچىلىق يوللىرى قانداق بولىدۇ ؟» ھەزرىتى مەۋلانا بىلدىكى ، ھىدايەت قۇياشى بۇ سەھەردە ئىنايەت شەرقىدىن تۇغۇلۇپ ، كۇپپارلىق تۈنىنىڭ قاراڭغۇلۇقى يوقالغۇسىدۇر .

ھەزرىتى مەۋلانا خانغا غۇسلى قىلىش يوللىرىنى ئۆگەتتى . غۇسلىدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن ئىماننى بايان قىلىشقا باشلىدى . بۇ سائادەتمەن خان ھايالسىز ۋە تەخىرسىز چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمان ـ ئىسلامنى

ئاشكارا قىلىش خۇسۇسىدا مەسلىھەتلەشتى . ئاخىر مەسلىھەت شۇنىڭغا قارار تاپتىكى ، ئەمىرلەرنى بىردىن ـ بىردىن چاقىرىپ ئىمانغا دەۋەت قىلىنغاي ، ئەگەر قوبۇل قىلسا ئىش ئوڭغا تارتقىنى ، رەت قىلغۇچىلار چىقسا ئايەت ھۆكۈمى بىلەن قەتل قىلىنغاي . بۇ مەسلىھەتكە قارار تاپقاندىن كېيىن كۆڭۈل بولدى . پەقىر مۇھەممەدھەيدەرنىڭ بوۋام ئەمىر تۆلەك بولسا شۇ چاغلاردا دۇغلات مەنسىپىدە ئولتۇرۇۋاتقاندى . خان ئەمىر تۆلەكنى يالغۇز چاقىردى . ئەمىر تۆلەكخاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ قارىسا ، خان بىر تاجىك بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپتۇ . ئەمىر تۆلەك كىرگەندىن كېيىن خان سۆز باشلاپ ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى . ئەمىر تۆلەك يىغلاپ تۇرۇپ : «ئۈچ يىل بولدى ، پەقىر كاشغەرلىك تەقۋادارلارنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمان بولغانىدىم ، ئەمما سىزدىن قورقۇپ ھازىرغىچە ئاشكارا قىلمىغانىدىم . ئادەم پەرزەنتىگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت ـ سائادەت يوقتۇر» دەپ ئەرز قىلدى . خان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شادلانغىنىدىن يۈگۈرۈپ قوپۇپ ، ئەمىر تۆلەكنى قۇچاقلاپ كۆرۈشتى . ئۇلار ئۆچ بولدى ، شۇ تەرىقىدە ئەمىرلەرنى بىردىن ـ بىردىن چاقىرىپ ئىمانغا دەۋەت قىلاتتى . ئەمىرلەرمۇ توختاۋسىز قوبۇل قىلاتتى ، تاكى نۆۋەت چۇراس ئەمىرلىرىگە يەتتى . ئۇلار ئىسلامغا كىرىش مەسىلىسىدە ئىككىلىنىپ توختاپ قالدى ۋە بۇ شەرتنى ئارىغا سالدى : «ساڭقۇي بۇقا ئاتلىق بىر كىشى بار . ئەگەر بۇ تاجىك شۇ كىشى بىلەن چېلىشىپ ئۇنى يىقىتسا ، ئىمان كەلتۈرىمىز» دېيىشتى . ئەمىرلەر ئۇلارغا : «سىلەر نېمە ئۇنداق ئورۇنسىز شەرتلەرنى ئارىغا سالىسىلەر ؟» دېدى . ھەزرىتى مەۋلانا ئېيتتىكى : «بۇ شەرتمۇ بولىدۇ ، بۇلار ھەر نېمىنى دېسە ئورۇنلۇق . مەن ئۇ كىشى بىلەن چېلىشاي ، ئەگەر مەن ئۇنى يىقىتالىسام ، سىلەرنى ئىمانغا تەكلىپ قىلاي . بۇ ئىشتا ئىختىيار سىلەردە بولسۇن .» خان ھەزرىتى مەۋلاناغا : «مەن ئۇ كىشىنى بىلىمەن . ئۇ شۇنداق كاپىركى ، ئادەم نەسلىدىن ئەمەستۇر . ئىككى ياشلىق تۆگىنى كۆتۈرەلەيدۇ» دېدى . ھەزرىتى

مەۋلانا : «ئەگەر پاك ۋە بەرھەق تەڭرى موغۇلنىڭ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولۇشىنى ئىرادە قىلغان بولسا ۋە بۇ سائادەت مېنىڭ ئىسمىمغا پۈتۈلگەن بولسا، ئەلۋەتتە ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت بەرگۈسىدۇر»دېدى . ئەمما ، خان باشلىق مۇسۇلمانلار بۇ ئىشقا رازى ئەمەس ئىدى . شۇنداقتىمۇ ھەر ھالدا چوڭ سورۇن تۈزۈلدى ، ساڭقۇي بۇقانى ئېلىپ كەلدى . ئۇ كەلگەندىن كېيىن ھەزرىتى مەۋلانا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى . ساڭقۇي بۇقا ئۆز كۈچ - قۇۋۋىتىگە مەغرۇر بولدى ۋە تەكەببۇرلۇق بىلەن ھەزرىتى مەۋلاناغا قارىدى . ئۇ ئۆز نەزەرىدە ھەزرىتى مەۋلانانى ناھايىتى ئاجىز ۋە خار كۆردى . ئۇلار چېلىشىشقا باشلىدى . ھەزرىتى مەۋلانا قوللىرىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويدى ، شۇ ھامان ساڭقۇي بۇقا بىھوش بولۇپ يىقىلدى . بىر پەستىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ كەلىمەئى شاھادەت ئېيتىپ ، زار - زار يىغلىغان پېتى مۇسۇلمان بولۇپ ئورنىدىن قوپتى ۋە ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئايىغىغا يىقىلدى . پۈتكۈل خالايىق ئارىسىدىن قىيقاس - چۇقان چىقىپ كەتتى . شۇ كۈنى ئاتمىش مىڭ كىشى بىراقلا مۇسۇلمان بولدى . ئۇلار ھەممىسى چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ ئۆزلىرىنى خەتنە قىلدۇردى . ئىسلام نۇرى كۇپپارلىق قاراڭغۇلۇقىنى يوقاتتى ، چاغاتايخانىنىڭ يۇرتىدا ئىسلام يېيىلدى . تەڭرىتائالاغا تەشەككۇركى ، تاكى بۈگۈنگىچە بۇ ئالىي مەرتىۋىلىك خانلىقتا ئىسلام دۆلىتى بەرقارار بولدى . ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ دۆلەتمەن خان ئاتا ۋە ئەجدادىنىڭ ئادىتىگە خىلاپ ھالدا ئىسلامنى كۈچلەندۇرۇش ئۈچۈن شۇ قەدەر كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى . بۇ ھەقتىكى بايانلار كېيىن زىكىر قىلىنغۇسى .

مەۋلانا خاجە ئەھمەد ئەھلى سالاھ ۋە تەقۋادار زات ئىدى ، پەقىر بۇ ھېكايەتنى شۇ زاتتىن ئاڭلىغانىدىم .

لېكىن ، تۇغلۇق تېمۇرخان موغۇل خەلقىنىڭ ئارىسىدا مەۋلانا ئەرشىددىنىنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولۇپتۇ ، دېگەندىن باشقا ھېكايەت يوق ، يەنە تۇغلۇق تېمۇرخانىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ھەققىدىكى تەپسىلىي ۋەقەلىكنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . تۇغلۇق تېمۇرخانىنىڭ

قالغان ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى قىسسىلەرمۇ موغۇللار ئارىسىدا مۇتلەق يوق ، ئەمما «زەپەرنامە»دە بار ، بۇ كىتابقىمۇ «زەپەرنامە»دىن نەقىل ئېلىندى .

## تۆتىنچى باب

### «زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

# تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ماۋەرائۇننەھر ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بارغانلىقى

ماۋەرائۇننەھر[1] مەملىكىتىنىڭ ئەھۋالى مەزكۇر ۋەقەلەرنىڭ سىرتىدا بايان قىلىندى . تۇغلۇق تېمۇرخان ئىبنى ئىسان بۇغاخان ئىبنى داۋاخان بولسا چاغاتايخاننىڭ نەسلىدىن ئىدى ۋە جەتە[2]نىڭ پادىشاھى ئىدى . ئۇ مەملىكەت ھەسەب ۋە نەسەب ئېتىبارى بىلەن ئۇنىڭ ھەققى ئىدى . شۇڭا ، پۈتكۈل ھەيۋەت - ھەشەمەتلىرىنى تۈزۈپ ئۇلۇغ لەشكەر توپلاپ ، تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 761 - (چاشقان ) يىلى رەبىئەل ئاخىر ئېيىدا[3] جاھانگىرلىك رەسىم - قائىدىلىرى بىلەن ئارزۇ يۈزىنى ماۋەرائۇننەھر تەرىپىگە قاراتتى . ۋىرمە شىرىنخان[1] ۋاپاتىدىن تا مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئوتتۇز يىل

---

① ماۋەرائۇننەھر — ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ جاينىڭ ئاتىلىشى (مۇھەررىردىن ) .

② جەتە — موغۇلىستاننى كۆرسىتىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

③ ھىجرىيە 761 - يىلى رەبىئەل ئاخىر ئېيى مىلادىيە 1360 - يىلى 3 - ئايغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

① خەنزۇچە نەشرىدە «دارما شىرى» (Darma Shiri ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

ئۆتكەندى . بۇ قەرنە ئىچىدە چاغاتايخان ئۇلۇسىدا سەككىز خان پادىشاھلىق قىلىپ ئۆتتى . تۇغلۇق تېمۇرخان خوجەند دەرياسى[①]نىڭ لېۋىدىكى چاناقبۇلاق[②] دېگەن جايغا يەتتى . تاشكەند ئەمىرلىرى بىلەن دۆلەت ئەركانلىرى مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق قارارغا كەلدى : كەرەيت (كەرەيلەر ) ئەھلىنىڭ ئۇلۇغى بولغان ئۇلۇغ تۇقتېمۇر ئالدىن يۇرگەي ، ئارقانۇت[③] ئەھلىنىڭ ئۇلۇغى بولغان ھاجىبەگ ، قاڭلى[④] ئەھلىنىڭ ئۇلۇغى بولغان بەگچەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالدىن يۇرۇش قىلغاي . شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچ ئەمىر يارلىق ھۆكۈمىگە بىنائەن ئالدىن يۇرۇش قىلىپ خوجەند دەرياسىدىن ئۆتتى . ئەمىر بايەزىد جالايىر تەۋەلىك قەدىمىنى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قويۇپ ، ئۆز قوۋمى بىلەن بۇ ئەمىرلەرگە قوشۇلدى . بۇ ئەمىرلەرنىڭ كېڭەش ـ ئىتتىپاقى بىلەن شەھرىسەبز[⑤] تەرىپىگە يۇرۇش قىلدى . ئەمىر ھاجى بارلاس كەش[⑥] ۋە قارشى[⑦] ناھىيىلىرىنىڭ لەشكەرلىرىنى يىغىپ ، بۇلارغا تاقابىل تۇرۇپ مۇداپىئە قىلماق نىيىتىدە ئاتلاندى . كېيىن قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ بۇنداق قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي ، بۇ ئىككى لەشكەر روبىرو بولۇشتىن بۇرۇن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى خوراسان[⑧] تەرىپىگە

---

① خوجەند دەرياسى — ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسى (مۇھەررىردىن ) .

② چاناقبۇلاق — تاشكەند يايلىقىدىكى بىر جايىنىڭ نامى (مۇھەررىردىن ) .

③ ئارقانۇت — ئارغۇن دېمۇ ئاتىلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

④ قاڭلى — تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇلار تېغىنىڭ غەربى ، كاسپى دېڭىزىنىڭ شىمالىدا ياشىغان (مۇھەررىردىن ) .

⑤ شەھرىسەبز — يەنى كەش ، ھازىرقى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن ) .

⑥ كەش — كېش دېمۇ ئاتىلىدۇ . ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى شەھرىسەبز تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن ) .

⑦ قارشى — ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى قاشقا دەريا ئوبلاستى تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن ) .

⑧ خوراسان — ئىلگىرى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى بەلخ ۋە ھىرات ، ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى نىشاپۇر ، تۈركمەنىستاننىڭ جەنۇبىدىكى مەرۋ قاتارلىق تۆت چوڭ شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . كېيىن ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خوراساننىلا كۆرسىتىدىغان بولدى (مۇھەررىردىن ) .

ياندۇردى . نەزم :

ئاچىلغۇنچە تەدبىر ئىلە ئەقدى كار ،
سەلامەت بولۇ قىلماغىل كارىزار .

بەشىنچى باب

# ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئەمىر ھاجى بارلاس بىلەن مەسلىھەت قىلغانلىقى ۋە جەيھۇن دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىن يانغانلىقى ، تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئەمىرلىرى بىلەن ئۇچراشقانلىقى

ھەممىگە قادىر ۋە ھېكمەت ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس تەڭرىنىڭ يۈكسەك ھېكمىتى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى بىر سەۋەبنىڭ تۇغۇلۇشىغا قاراشلىق قىلىپتۇ ھەمدە ھەر مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى بىر ۋاستە ئارقىلىق يەنە بىر سەۋەبكە باغلىق قىلىپتۇ . تەڭرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ كۆلەڭگىسى ھېسابلىنىدىغان سۇلتانلىقنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى ئىنساننىڭ ياخشى خىسلەتلىرىدىن ئىككى خىسلەتكە باغلاقلىقتۇر . ئۇنىڭ بىرىنچىسى ، پارلاق چۈشەنچە بولۇپ ، ھادىسلەرنىڭ كېچىسى قاراڭغۇ بولسا ، ئۇنىڭ يورۇتۇشى بىلەن نىجاتلىق پاناھگاھىغا يول تېپىلىدۇ . نەزم :

بىرۇر رايى بىلە لەشكەرنى بەرھەم ،
كېسەر شەمشىر بىردىن يۈزگە يا كەم .

ئىككىنچىسى، تولۇق غەيرەتكە كېلىش بولۇپ، ئۇرۇش ۋە قارىمۇقارشىلىقلار ئەۋج ئالغاندا، ھەممەت ۋە جۈرئەت قىلىش ئارقىلىق يۈت تىرەپ چىداملىق كۆرسەتكىلى بولىدۇ. نەزم:

ئوشۇل ۋەقتكىم بولسە ئەھۋال تەڭ،
كېرەك مەردلەرگە سەباتۇ دەرەڭ.

تۇتقان ئورنىدىن قارىغاندا، پارلاق چۈشەنچە قەھرىمانلىقتىن ئەۋزەل ۋە ئالدىدا تۇرىدۇ، پايدىلىق تەدبىرنىڭ پايدىسى قىلىچنىڭ كەلتۈرىدىغان پايدىسىدىن كۆپ ۋە تولۇق بولىدۇ؛ تىغ گەرچە ئۇنىڭ تىلىنىڭ كەسكىن بولۇشىدا بىر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن پەتھ - نۇسرەت مۆجىزىلىرىنى چۈشەنچىنىڭ يولىيورۇقىدىن ئۆگىنىدۇ؛ نەيزە گەرچە ئۇرۇش مەيداندا خۇددى چىراغدەك پارقىراپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ غەلىبە نۇرى توغرا چۈشەنچىنىڭ يورۇتۇشى ئارقىلىق چېچىلىدۇ؛ قىلىچنىڭ ھۆكۈمى گەرچە كېسىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ توغرا چۈشەنچىگە ئۇيغۇن بولغاندا، ئاندىن دۈشمەننىڭ بوينى ئۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىدۇ؛ ئوقنىڭ خەۋىرى ئەگەر تەدبىر بىلەن ئېيتىلغان بولسا، دۈشمەننىڭ كۆڭلىگە ئورۇنلىشىدۇ؛ ئىقبال كۆزىنىڭ روشەنلىكى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ توپا - چاڭلىرىدىن ئۈستۈندۇر؛ ئۇرۇش مەيدانىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا پارلاق چۈشەنچىنىڭ نۇرى يول كۆرسىتىدۇ. نەزم:

ئىشكىم ئانى لەشكەرى بىھىساب
قىلالماس، قىلۇر لېك رايى سەۋاب.

بۇنىڭ بىر دەلىلى شۇكى، ئەمىر ھاجى بارلاس جەتە لەشكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن قورقۇپ، قەدىمي يۇرتىنى تاشلاپ خوراسانغا قاراپ ماڭدى ۋە چۆلدىن ئۆتۈپ جەيھۇن دەرياسى[1]

① جەيھۇن دەرياسى — ھازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى نامى (مۇھەررىردىن).

نىڭ قىرغىنقىغا يەتتى . نەزم :

جەھاندار جەم قىلۇر گەردۇن شۇكۇھ ،
قىيامەت نەھىبۇ ستارە گۇرۇھ .
فەلەك قەدر تېمۇر دەريا نەۋال ،
كى بولغاي ئاڭا رەھمەتى زۇلجەل .

ھەزرىتى ساھىبقىران ئەگەر بۇنىڭدىن ئارتۇق سەۋر ـ تاقەت قىلسا ، ۋەتەن بىراقلا ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە ئاتا مىراسى بولغان زېمىنىنىڭ بىر چۆلگە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدى . چۈنكى ، شۇ يىلى ئاتىسى ئەمىر توراغاي ھەقتائالانىڭ رەھمىتىگە ئۇلاشقانىدى . نەزم :

ئاتا غايىبۇ غەم گۇرىزان ئىدى ،
ئەدۇۋدىن ۋىلايەت فەرىيشان ئىدى .
مۇخالىف مۇسەللەت ، ئۇلۇستا خەتەر ،
ئاچىبان ئوقابى بەلا بالۇ پەر .

بۇ چاغدا ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ مۇبارەك يېشى تېخى يىگىرمە بەشتىن ئاشمىغانىدى ، نۇرلۇق قەلبىنىڭ ئەينىكى تېخى ھاياتلىق تەجرىبىلىرى ئارقىلىق جۇلالانمىغانىدى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلغۇچى پەم ـ پاراسىتى تەڭرىنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇش نۇرىنىڭ چۇشۇش نۇقتىسى ۋە چەكسىز ئىنايەت سىرلىرىنىڭ كېلىدىغان ئورنى ئىدى ، مۇشكۇللۇكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش چۈشەنچىسى بىلەن ئۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەنى ھەل قىلىشقا مەشغۇل بولدى ۋە ئادىتى بويىچە «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن»[1] دېگەن ئايەتكە ئەمەل قىلىشنى لازىم تۇتۇپ ، مەسلىھەت يولى بىلەن ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ كۆڭۈل سەھىپىسىگە مەملىكەت ئەگەر ھاكىمسىز قالسا ، ئەلۋەتتە

① «قۇرئان كەرىم» ، 3 ـ سۇرە ئال ئىمران ، 159 ـ ئايەت .

ئۇ مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىدە زور زىيانلار يۈز بېرىدىغانلىقى، ئۇ مەملىكەتتە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ زۇلۇمى ۋە زىيانداشلىقى تۈپەيلىدىن پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدىغانلىقىنى ئايان قىلدى. نەزم:

مۈلكى بىسەر چۈن تەنى بىجان ئېرۇر،
باشى يوق تەن ھالى كۆپ ۋەيران ئېرۇر.

ھەمدە «سىز خوراسانغا بارسىڭىز، ۋىلايەتنىڭ خاراب بولماسلىقى، خۇدايىتائالانىڭ تاپشۇرغان ئامانىتى بولغان خەلقنىڭ قىيىنچىلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە قالماسلىقى ئۈچۈن مېنىڭ كەش تەرىپىگە قايتىشىم، ئۇ يەردە خالايىقنى خاتىرجەم قىلىپ، ئاندىن خاننىڭ خىزمىتىگە بېرىشىم ۋە ئەمىرلەر، دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشۈشۈم توغرا كۆرۈنىدۇ» دېدى. ئەمىر ھاجى بارلاسمۇ تەڭرى ئىلھامىنىڭ نەتىجىسى بولغان بۇ پىكىرلەرنىڭ سائادەتلىك پۇرىقى دىمىغىغا يېتىشى بىلەن بۇ پىكىرلەرنى ئالقىشلىدى ۋە قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ساھىبقىران دۆلەت تىزگىنىنى ۋىلايەت تەرىپىگە بۇراپ يولىغا راۋان بولدى. خۇزار دېگەن يەرگە يېتىش بىلەن توپ - توپ جەتە لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئالدىراپ كېلىۋاتقان ھاجى مەھمۇد شاھ يەسۇرىينى كۆردى. ئۇلار بۇ ۋىلايەتلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش تەمەسىدە چىشلىرىنى بىلەپ، تويمايدىغان ئارزۇ قاپلىرىنى ئۇ ۋىلايەتلەرنىڭ ماللىرى بىلەن تولدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىغانىدى. ھەزرىتى ساھىبقىران كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان بەخت - سائادىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنى توختاتتى ۋە مۇنداق دېدى: «سىلەر بىر ئاز توختاپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ ئەمىرلەر بىلەن كۆرۈشەي. ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىشقىلىپ سىلەرگە ياخشى ھەدىيىلەر تەقدىم قىلىنىدۇ» دېدى. ئۇ زاتنىڭ بۇ سۆزلىرى پۈتۈنلەي پەلەكتىن كەلگەن ئىلھام ئارقىلىق ئېيتىلغانىدى. شۇڭا، بۇ پىكىرنى

تەقدىرنىڭ ھۆكۈمىدەك بىلىپ ھېچقانداق رەت قىلىشقا پېتىنمىدى . گەرچە ئۇلار چوقۇم ۋىلايەتكە بېرىشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ ، ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ رايىغا بېقىپ شۇ يەردە توختاشتى . ھەزرىتى ساھىبقىران سائادەت بىلەن يولغا راۋان بولۇپ كەشكە يېتىپ كەلدى . جەتە ئەمىرلىرىمۇ ئۇلىشىپلا ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندى . ھەزرىتى ساھىبقىران ئۈچ ئەمىر بىلەن كۆرۈشتى . ئۇلار ئۇنىڭ پېشانىسىدە تەڭرىنىڭ نۇرىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى ، خانغا ئىتائەت قىلغانلىقىنى مەدھىيىلىدى ھەم ئەمىر قاراچار نۇمەنگە كەش ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنىڭ باشلىقلىقىنى بېرىشنى قارار قىلدى . ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرى بىلەن ئۇ مەملىكەتكە يۈزلەنگەن زۇلۇم ۋە بالا كەلكۈنى ئارقىسىغا ياندى ، ئۇ ۋىلايەت خەلقى ئۈمىدىنى ئۈزگەن لۇتۇق - ئېھسان يامغۇرى يېغىشقا باشلىدى ۋە نەزم :

لۇتفۇڭ بىلە غەم چۇ شادمانى بولادۇر ،
باقساڭ داغى ئۇمر جاۋىدانى بولادۇر .
باد[①] ئاتسە دەۋزەخ سارى كويۇڭدىن خاك ،
دەۋزەخ ئوتى ئابى زىندەگانى بولادۇر .

دېگەندەك بولدى .

يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىچە ، بۇ ھەزرىتى ساھىبقىرانغا كەلگەن زور بىر ئامەت ئىدى ، لېكىن تەقدىر مىڭ تىل بىلەن «قانداق بولۇشقا تېگىشلىك بولسا شۇنداق بولدى» دەيتتى . نەزم :

بويۇڭنى ھەنۇز قىلمادى فاش سەبا ،
تا بادى سەبا كەلگۈچە تۇرغىل بەرجا .

---

① بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «ياد» يېزىلغان ، مەنە ئېتىبارى بىلەن «باد» دەپ ئېلىندى .

شۇنىڭ بىلەن ، ھەزرىتى ساھىبقىران جەتە ئەمىرلىرىنىڭ يېنىدىن ياندى ۋە ئىلتىپات سايىسىنى ئۇلۇسنىڭ مۇھاپىزىتى ۋە باشقۇرۇشىغا قاراتتى ھەم شەھرىسەبزدىن تاكى جەيھۇن دەرياسىنىڭ لېۋىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئەسكەر توپلاشقا بۇيرۇق قىلدى . قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا چەكسىز لەشكەر توپلاندى ، ئۇ يەردىن مېڭىپ ئەمىر خىزىر يەسۇرىيگە قوشۇلدى . بۇ ئارىلىقتا جەتە ئەمىرلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى . ئاندىن ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆزىنىڭ پۈتۈن لەشكەرلىرى بىلەن ئۇ يەردىن كۆچۈپ تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى ، ئەمىر بايەزىد جالايىر ئۆز تەۋەلىكىدىكىلەر بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىران ۋە ئەمىر خىزىر يەسۇرىيگە قوشۇلدى .

## ئالتىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

# تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ماۋەرائۇننەھر ۋىلايەتلىرىگە ئىككىنچى نۆۋەت ئەسكەر ئەۋەتىشى[1]

ماۋەرائۇننەھر ۋىلايىتىگە ھۆكۈمران بولۇش ئارزۇسى ئىككىنچى قېتىم تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ غەيرەت ئېتىكىنى تارتقانلىقتىن ، تۇغلۇق تېمۇرخان سان ـ ساناقسىز ئەسكەر توپلاپ ، تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 762 ـ يىلى[2] ، يەنى ئۇي يىلى

---

① بۇ ماۋزۇ موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يېزىلماي ، ئورنى ئاق قالدۇرۇلغان . باشقا نۇسخىلاردىن ئېلىنىپ تولۇقلاپ قويۇلدى .

② ھىجرىيە 762 ـ يىلى مىلادىيە 1361 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

جۇمادىيەلئەۋۋەل ئېيىدا ماۋەرائۇننەھر ۋىلايىتىگە قاراپ يولغا چىقتى . خوجەند دەرياسىغا يېتىپ بېرىشى بىلەن ئەمىر بايەزىد جالايىر ئىتائەت كەمەرىنى بېلىگە باغلىدى ۋە ئەمىر بايان سۇلدۇزمۇ ئىتائەت رەسمىيىتىنى قىلىپ قارشى ئېلىش يۈزىدىن سەمەرقەندكىچە كەلدى . ئەمىر ھاجى بارلاس ئالدىنقى قېتىمدا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، بۇ قېتىم تەۋەككۇل قىلىپ خاننىڭ ئالدىغا كەلدى . شۇ ئەسنادا خان ئەمىر بايەزىدنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە ئەمىر قىلدى . بۇنىڭ بىلەن ، ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشۈپ كەش ۋىلايىتىگە قېچىپ كەتتى ، ئۇ يەردىن ئۆزىنىڭ ئۇلۇسىدىن بىر قىسمىنى كۆچۈرۈپ جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتكۈزدى . بۇ چاغدا جەتە لەشكەرلىرىدىن بىر قىسمى ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىشتى . ئارىدا ئۇرۇش بولۇپ جۇغام بارلاس ئۆلتۈرۈلدى ، ئەمىر ھاجى بارلاس بولسا خوراسانغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە سەبزەۋار ۋىلايىتىدە بۇلۇكى جۇۋەين[1] كەنتىگە قاراشلىق خاراشە ناملىق يېزىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇ يەردىكى بىر مۇنچە يۈگەنسىز توپىلاڭچى ئۇنسۇرلار ئۇنى ئىنىسى ئىدىكۇ بارلاس بىلەن تەڭ تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشتى . ئەمما ، ئۇزاق ئۆتمەي جاھاننى بويسۇندۇرغۇچى ھەزرىتى ساھىبقىران خوراساننى قولغا كىرگۈزگەندە ، ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن ئۇ بىر بۆلەك يۈگەنسىز توپىلاڭچى ئۇنسۇرلارنى غەزەپ تىغى بىلەن بىتچىت قىلغاندىن باشقا ، مەزكۇر يېزىنى ئەمىر ھاجى بارلاسنىڭ ئەۋلادىغا ئىنئام قىلىپ بەردى ، تا ھازىرغىچە ئۇ يېزا ئاھالىسى ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كەلمەكتە . جەتە ئەمىرلىرىدىن كوركنوت[2] ئۇلۇغلىرىدىن بىرى بولغان ئەمىر ھەمىد ئۆز تەڭتۇشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەقىل ۋە پاراسەتتە يېتۈكلۈكى

---

① خوراساندىكى سەبزەۋارنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدىكى جۇۋەين تۈزلەڭلىكىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن (مۇھەررىردىن ) .

② بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «كىركنوت» شەكلىدە يېزىلغان ، پارسچە نۇسخىدا «كىرلكوت» يېزىلغان . بۇ يەردە موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئېلىندى .

جەھەتتىن داغلىق ئىدى ، خاننىڭ ئالدىدىمۇ ئۇنىڭ گېپى ئۆتەتتى ، خانغا بەرگەن ياخشى نىيەتلىك پىكىر - نەسىھەتلىرى رەت قىلىنمايتتى . شۇنىڭ بىلەن ، ئەمىر ھەمىد ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىدىن خانغا ئازدۇر - كۆپتۇر بايان قىلدى ۋە مىراس تەرىقىسىدە ئەمىر ساھىبقىرانغا تېگىشلىك بولغان ئۇ ۋىلايەتلەر ھەققىدە كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈندى . خان ساھىبقىراننى ئۆز يېنىغا چىللاپ ئەلچى ئەۋەتتى . ھەزرىتى ساھىبقىران خاننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن خاننىڭ ئالدىغا كەلدى . خان ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە كەش ۋىلايىتى بىلەن ئۆز تۇمەن[1]گە قاراشلىق بولغان ھەممىسىنى ھەزرىتى ساھىبقىرانغا ئىلتىپات قىلدى . خان ئۇ قىشلىقى ئەمىر ھۇسەين بىلەن ئۇرۇش قىلىش مەقسىتىدە شۇ تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى . ئەمىر ھۇسەينمۇ لەشكىرىنى توپلاپ ۋەخش دەرياسى[2]نىڭ قىرغىقىغا كېلىپ شۇ يەردە لەشكەرگاھ قۇردى . خان دەربەندى ئاھەنىن (تۆمۈر دەرۋازا ، تۆمۈر قاپقا ) دىن ئۆتۈپ ، ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى بىر - بىرلىرىنى كۆرۈپ ئۇرۇش ئۈچۈن سەپلىرىنى تۈزۈشتى . بۇ چاغدا خەتلان[3] نىڭ ئەمىرى كەيخۇسرەۋ ئەمىر ھۇسەيندىن يۈز ئۆرۈپ ، سەپنى بۇزۇپ چىقىپ خاننىڭ لەشكىرىگە قوشۇلدى ، ئەمىر ھۇسەين بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ قېچىشقا باشلىدى . خان غەلىبە بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ قۇندۇز[4] غىچە كەلدى . ئەمىر ھۇسەيننىڭ لەشكىرى خانغا ئەل بولدى ،

---

① تۇمەن — زەرئابشان دەرياسى ۋادىسىدىكى بۇخارانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كەرمەن (كەرمەنىيە ) بولۇشى مۇمكىن (مۇھەررىردىن ) .

② ۋەخش دەرياسى — ھازىرقى تاجىكىستان تەۋەسىدە بولۇپ ، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ تارمىقى (مۇھەررىردىن ) .

③ خەتلان — خۇتتەلان ، قۇتلان ، خوتل دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ھازىرقى تاجىكىستان تەۋەسىدىكى ۋەخش دەرياسى ، سۇرخئاب دەرياسى ۋە پەنج دەرياسى ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

④ قۇندۇز — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇندۇز شەھىرى تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن ) .

(خاننىڭ لەشكىرى) ئۇ ئەتراپتىكى خەلقلەرنى تاكى ھىندۇقۇش داۋىنىغىچە بولغان ئارىلىقتا تالان ـ تاراج قىلدى ۋە باھار بىلەن يازنى ئۇ ئەتراپتىكى جايلاردا ئۆتكۈزدى .

## يەتتىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

# تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئۆز پايتەختىگە قايتقانلىقى

كۈز ۋاقتى كېلىشى بىلەن خان سەمەرقەند[1]كە قاراپ يولغا چىقتى ۋە يولدا كېتىۋېتىپ ئەمىر بايان سۇلدۇزنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى . سەمەرقەندكە يېتىپ بېرىشى بىلەن پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىسى خاننىڭ قول ئاستىغا كىردى ، ئەتراپتىكى ئەمىرلەر ئىلاجسىزلىقتىن خاننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغاندى . ئۇلاردىن قوزغىلاڭ قىلىش ئېھتىمالى بولغانلىرىنى ئۆلتۈردى ، ئىشەنچلىك-لىرىگە مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتتى . ئوغلى ئىلياس خاجە ئوغلاننى ئۇ دىيارنى باشقۇرۇشقا بەلگىلىدى . جەتە لەشكەرلىرى ئەمىرلىر-نىڭ ھەممىسىگە بەگچەكنى باش قىلدى ۋە ئۇنى ئىلياس خاجە ئوغلاننىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا قويدى ، ھەزرىتى ساھىبقىراننى ئەتىۋارلاپ ۋە ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ ئوغلىنىڭ يېنىدا قويدى . خان ئۇ ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ ئوزايىدا غەيرەت ۋە ئەقىل ـ ئىدراك بەلگىلىرىنى پاراسەت بىلەن مۆلچەرلىگەندىن كېيىن ، ئۇ ئۆلكىلەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇشنى ساھىبقىراننىڭ ئىختىيارىغا

① سەمەرقەند — ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى سەمەرقەند ئوبلاستىنىڭ مەركىزى سەمەرقەند شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ئەفراسىياب ئېگىزلىكىگە توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

تاپشۇردى ، ئۆزى داغدۇغا ھەم مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئۆز سەلتەنىتىنىڭ تەختىگاھىغا قايتتى .

زەفەر مۇلازىمۇ نۇسرەت قەرىنۇ دەۋلەت يار ،
قەۋى باتالىئۇ فەرخۇندە پۇشتى ئىستىزھار .

گەرچە تۇغلۇق تىمۇرخان ماۋەرائۇننەھر ئۆلكىلىرىدىن يانار ۋاقتىدا ھەممە جەتە ئەمىر ۋە لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىلىكىنى ئەمىر بەگچەككە تاپشۇرۇپ ، ئۇ مەملىكەتنىڭ ئىدارە ئىشلىرىنى ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئوبدان چارە - تەدبىرلىرىگە ھاۋالە قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئەمىر بەگچەك خاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلمىدى ، جەبىر - زۇلۇمغا قول ئۇزاتتى ۋە يۇرتنى قاپتەك قىلىپ ئىسيان قىلىشقا قەدەم قويدى . ھەزرىتى ساھىبقىران خاننىڭ قائىدە - قانۇنلىرى جايىدا ئىشقا ئاشۇرۇلمايۋاتقانلىقى ۋە مەملىكەت ئەھۋالىنىڭ خارابلىققا يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇ يۇرتلاردا تۇرۇشنى لايىق كۆرمىدى ، ھەم ئەمىر ھۈسەيىننى ئىزدەشكە قارار قىلىپ ، يۈكسەك غەيرەت بىلەن ئۈمىد يۈزىنى يولغا قاراتتى . ئەمىر ھۈسەيىندىن ھېچ دېرەك ئالالمىغانلىقتىن ، ئۇنى ئىزدەپ چۆلگە قاراپ يول ئالدى .

جۇملىدىن بۇ بايان قىلىنغان ئەھۋاللار موگغۇللارنىڭ ئاغزىدا پەقەت «تاكى سەمەرقەندكىچە تۇغلۇق تىمۇرخاننىڭ قول ئاستىدا بولغانىكەن» دەپ قىسقىلا بايان قىلىنىدۇ ، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا ئەھۋالنى بىلمەيدۇ .

يۇقىرىدا تۇغلۇق تىمۇرخاننى خانلىققا ئولتۇرغۇزۇش ۋەقەسىدە مەلۇم بولغان ئەمىر بۇلاجى[①]نىڭ ئاتا - بوۋىلىرىغا چىڭگىزخان بەرگەن توققۇز مەنسەپ بايان قىلىنغان پۈتۈككە ئوخشاش بىر پۈتۈكنى تۇغلۇق تىمۇرخان ئەمىر بۇلاجىغا بەرگەنىكەن . بۇ پۈتۈك مىراس تەرىقىسىدە پەقىر مۇھەممەدھەيدەرنىڭ

---

① بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «بولايجى» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ .

ئائىلىسىدە ئىدى ، ئۇنى پەقىر كۆرگەنىدىم . تۈركىي موغۇل[1] تىلى بىلەن قۇندۇزدا پۈتۈلگەنىكەن . بۇنى كەلتۈرۈشتىن مەقسەت موغۇللار شۇ پۈتۈكتىن دەلىل كەلتۈرۈپ ، تاكى قۇندۇزغىچە خاننىڭ قول ئاستىدا بولغانىكەن ، دەيتتى .

«زەپەرنامە» نىڭ نەقلىدىن مەلۇمكى ، (ھىجرىيە) 764 - يىلى[2] تۇغلۇق تىمۇرخان ۋاپات بولۇپتۇ . خاننى ئون ئالتە ياش ۋاقتىدا ئەمىر بۇلاجى قالماق يۇرتىدىن ئالدۇرۇپ كەلگەنلىكى ۋە بۇنىڭ موغۇللارنىڭ ئاغزىدا مەشھۇر ئىكەنلىكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلدى . ئۇ ئون سەككىز ياشقا يەتكەندە خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ ۋە يىگىرمە تۆت ياشتا مۇسۇلمان بولۇپتۇ ، ئوتتۇز تۆت ياشتا ۋاپات بولۇپتۇ . (ھىجرىيە) 730 - يىلى[3] تۇغۇلغانىدى .

## سەككىزىنچى باب

# ئىلياس خاجەخاننىڭ بايانى

بۇ ئىلياس خاجەخاننىڭ موغۇللار ئارىسىدا ھېچ نام - نىشانى يوق[1] . ئاتام — ئاللا ئۇنىڭ قەبرىسىنى يورۇق قىلغاي — دىن

---

① پارسچە نۇسخىسىدا «بعبارات مغولى — مۇغۇل تىلى بىلەن» دەپ يېزىلغان ، موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «تركى مغولى عباراتى» دەپ يېزىلغان .

② ھىجرىيە 764 - يىلى مىلادىيە 1362 — 1363 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

③ ھىجرىيە 730 - يىلى مىلادىيە 1329 — 1330 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

① خەنزۇچە نەشرىدە بارتولدنىڭ قارىشىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە ، «بۇلاجى تۇغلۇق تىمۇردىن ئاۋۋال ئۆلگەن ، تەختكە ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى خۇدايداد ۋارىسلىق قىلغان . بۇلاجىنىڭ ئىنىسى قەمەرىددىن تۇغلۇق تىمۇرنىڭ ۋارىسى ئىلياس خاجەگە قارشى چىقىپ ئىسيان كۆتۈرگەن ، ئىسياندا ئىلياس خاجە ئۆلتۈرۈلگەن . ئۇنىڭ تەختتىكى ۋاقتى قىسقا بولغاچقا ، موغۇللار رىۋايىتىدە ئانچە تىلغا ئېلىنمايدىكەن .» (مۇھەررىردىن ) .

ئىلياس خاجەخاننىڭ ئىتىنى ئاڭلىغىنىم ، يادىمدا بار . بۇ يەردە ئىلياس خاجەخاننىڭ ئەھۋالىدىن سۆزىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغىنىنى «زەپەرنامە»دىن ئەينەن نەقىل قىلدۇق .

## توققۇزىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

# ئەمىر ھۇسەين بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ تالىقان ۋە بەدەخشانغا قاراپ يولغا چىققانلىقى ۋە بەدەخشان شاھلىرى بىلەن سۇلھى قىلغانلىقى

ئەمىر ھۇسەين ۋە ھەزرىتى ساھىبقىران قۇندۇزغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە ئۇ يەردە ئەل بولغانلارنى جەم قىلىپ[1] ، مەقسەت تىزگىنىنى بەدەخشان[2] تەرەپكە قاراتتى . تالىقان[3]غا يېتىپ بېرىشى بىلەن ئابى شوردا بەدەخشان شاھلىرى «سۇلھى قىلىش خەيرلىك ئىش»[4]نىڭ تەمى بىلەن يارىشىش تامىقىنى تاتلىق قىلىپ سۇلھ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . قانداق بولمىسۇن ، دۆلەتنىڭ ئىناقسىزلىقىغا سەۋەب بولىدىغان قورقۇنچ ۋە قارىمۇقارشىلىقنىڭ ئاچچىق تەمى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ، ئاندىن كەلەڭ[5]

---

① پارسچىدا «ئۇ يەردە يولدا ئېلىنى جەم قىلىپ» دەپ يېزىلغان .

② بەدەخشان — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا (مۇھەررىردىن ) .

③ تالىقان — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ مۇرغئاب دەرياسى ۋادىسىدا (مۇھەررىردىن ) .

④ «قۇرئان كەرىم» ، 4 - سۈرە نىسا ، 127 - ئايەت .

⑤ پارسچىدا «ئەرسەڭ تەرەپكە» دەپ يېزىلغان . رۇسچە تەرجىمىسىدە «архаиг» (ئارخاڭ ) دەپ ئېلىنغان .

تەرىپىگە ياندى ۋە ئۇ يەردىن سالى ساراي[1] تەرەپكە ئۆتۈپ خەتلانغا قاراپ ماڭدى ھەم چۆلگە كىردى ، چۆلدىن ئۆتۈپ دەشتى كۆلەكتە لەشكەرگاھ قۇردى . كەچ كىرىش بىلەن «كېچىنى دەم ئېلىش ئۈچۈن ياراتتۇق »[2] دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە ئارام ئالماقچى بولدى . ھەزرىتى ساھىبقىران دەم ئېلىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى يېشىپ ، مۇبارەك ئاياغلىرىنى ئۆتۈكىدىن چىقىرىپ تۇرغانىدى ، ئەمىر ھۈسەين ھەزرىتى ساھىبقىران بىلەن ئۇچراشسام ، دەپ ئىلتىماس قىلىپ كىشى ئەۋەتتى . ھەزرىتى ساھىبقىران مەجلىسكە ئىلتىپات قىلدى ، مەجلىسكە كىرگەنلەر ئىچىدە پۇلات بۇغا ۋە شىر بەھراملار بار ئىدى . ئەمىر ھۈسەين ساھىبقىرانغا شىر بەھرام ئۈستىدىن : «دۈشمەنگە يېقىن كېلىپ قالغان مۇنداق ۋاقىتتا ، ئۇ ئۆز ئېلى تەرەپكە كەتمەكچى ۋە ئايرىلىشنى خالايدۇ ، ۋاپادارلىق ۋە ئادەمگەرچىلىك ئايىغى بىلەن مۇۋاپىقلىشىش ، ماسلىشىش يولىغا ماڭمايدۇ » دەپ شىكايەت قىلدى . ساھىبقىران ئۇنى ئەيىبلەپ جىق نەسىھەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما شىر بەھرام ئۇ نەسىھەتلەرگە : «مېنىڭ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان قۇلىقىم يوق »[3] دەپ جاۋاب بەردى . ئەمىر ھۈسەيىننىڭ غەزەپ ئوتى يالقۇنلاپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئورۇننىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى سەۋەبلىك سەۋر - تاقەت قىلىشنى ئەۋزەل كۆردى . نەزم :

ھەرچەندكى مەرد كۆپ تەۋانا بولغاي ،
ئاچچىغنى كېرەك كى گاھ - گاھى يۇتقاي .

---

① سالى ساراي — ھازىرقى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ساراي مەھەللىسى بولۇشى مۇمكىن (مۇھەررىردىن ) .

② «قۇرئان كەرىم» ، 6 - سۈرە ئەنئام ، 96 - ئايەت .

③ قوش تىرناق ئىچىدىكى جاۋاب سۆز پارسچە نۇسخىدىكى «من گوش استماع ندارم لمن يقول» گە ئاساسەن ئېلىندى .

ئاخىر شىر بەھرام مەلجان[1] تەرەپكە راۋان بولدى . شۇ چاغدا «تۇغلۇق سۇلدۇز ۋە كەيخۇسرەۋ جەتە لەشكەرلىرىنى باشلاپ جەتە ئەمىرلىرى بىلەن كېتىۋېتىپتۇ ، تۇمەكەنىنىڭ ئوغلى تېمۇر ، سارىق ، شەنكۇم ، ھاجىبەگنىڭ ئىنىسى تۇغلۇق خاجە ، بەگچەكنىڭ ئوغلى كۇچ تېمۇر ۋە باشقا ھەزارە ئەمىرلىرى يىگىرمە بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن جالادىن تاكى پۇلىسەنگىن (تاش كۆۋرۈك — ت ) گىچە سەپ تارتىپ تۇرۇپتۇ» دەپ خەۋەر كەلدى . ئەمما ، بۇ تەرەپتە ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ لەشكىرى ئالتە مىڭدىن ئارتۇق ئەمەس ئىدى . لېكىن ، پاك ئېتىقادلىق ساھىبقىران «بەزى چاغلاردا ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن غەلىبە قىلىدۇ»[2] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى ئىخلاس قۇلىقى بىلەن غايىبتىن ئاڭلىدى ۋە كۆڭلىدىن - كۆڭلىگە يۈكسىلىپ بېرىۋاتقان ، ئاللانىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن زەپەر جۇلالىنىپ تۇرغان دۆلەت ئەينىكىدە ئۇنى ئېنىق كۆردى . نەزم :

ئەگەرچە بەھر گىتى ئېرۇر پۇر نەھەڭ ،
ۋەگەر كۇھۇ سەھرا ئېرۇر پۇر پەلەڭ .
ئاڭا كىم ئېرۇر بەخت يارۇ بەلەند ،
قاچان كەتكۇسى بىر سەرى مۇ گەزەند .

خوش ، ئىككى مىڭ باتۇر بىلەن دۇشمەنگە قاراپ تەۋەككۇل قىلىپ ئىلگىرىلىدى ۋە پۇلىسەنگىننىڭ تۆپىسىدە ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى بىر - بىرى بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىشتى . سەلتەنەت بايرىقىنى كۆتۈرۈشكەن چاشگاھ ۋاقتىدىن تاكى كېچە ئۆتۈپ تاڭ يورۇغانغا قەدەر بولغان ئۇرۇش ئوتى دوزاخ ئوتىنى ئەسلىتەتتى ؛ يەر - زېمىن ئاتلىق ۋە پىيادىلەرنىڭ چاڭ - توزانلىرىدىن «زېمىن

① بۇ سۆز پارسچە نۇسخىدا «ملجوان — مەلجۇۋان» يېزىلغان .
② «قۇرئان كەرىم» ، 2 - سۇرە بەقەرە ، 249 - ئايەت .

قاتتىق تەۋرىتىلگەندە»[①] تەپسىرىنى ئوقۇيتتى. ۋىژىلداپ ئۇچقان ئوقلار «(شەيتاننى) ئۇچار يۇلتۇز قوغلاپ...»[②] دېگەن ئايەتنى ھېس قىلدۇراتتى. نەيزىلەرنىڭ يال - يۇل قىلىپ چاقناشلىرى «چاقماق چاقىقاندا ئۇلار كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ»[③] دېگەن ئايەتنى ئەسلىتەتتى. ھەقىقەت تىغىنىڭ تىلى «پاچاقلىرىنى، بويۇنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى»[①] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى سۆزلەيتتى. بۇ دەھشەتلىك ۋەقە خۇددى «قىيامەت، قىيامەت نېمىدۇر»[⑤] ئايىتىدە ئېيتىلغاندەك باشلىنىپ ئاياغلاشتى.

ئۇ كۈنى تا كەچ كىرگۈچە بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقان لەشكەرلەر ھەر ئىككىلا تەرەپتىن پۇلىسەنگىن ئۈستىدە شۇنچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتتىكى، ھېچقايسى باتۇرنىڭ چىدىغۇچىلىك مادارى قالمىدى. كېچىسى ئالەم چەۋەندازلىرى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەيداندىن چىقتى. ئەمما، دۈشمەننىڭ لەشكىرى ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ئىدى. ھەزرىتى ساھىبقىرانغا دۆلەت ئىلھامى بىلەن شۇ نەرسە روشەن بولدىكى، غەيرەت شەمشىرىنى قەتئىي نىيەت قىتلىغۇچى بىلەن پارقىراتمىغۇچە ئۇنىڭدا غەلىبە يۈزىنى كۆرگىلى بولمايدۇ ۋە باتۇرلۇق ئوقىنى تەدبىر يايىدىن ئاتمىغۇچە ئۇنىڭ ۋىژىلداپ ئۇچقان ئاۋازىدىن نۇسرەتنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. [شۇنداق ئويلاپ ھەزرىتى ساھىبقىران] دىققەت نەزەرىنى بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىغا قاراتتى، نەتىجىدە غەيرەت قەلىمى كۆڭۈلگە بەخت سۈرىتىنى سىزدى.

---

① «قۇرئان كەرىم»، 99 ـ سۈرە زەلزەلە، 1 ـ ئايەت.
② «قۇرئان كەرىم»، 37 ـ سۈرە سەففان، 10 ـ ئايەت.
③ «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە بەقەرە، 20 ـ ئايەت.
① «قۇرئان كەرىم»، 38 ـ سۈرە ساد، 33 ـ ئايەت.
⑤ «قۇرئان كەرىم»، 101 ـ سۈرە قارىئە، 1 ـ، 2 ـ ئايەتلەر.

# ئونىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

## ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ پۈلسەنگىندىن ئۆتكەنلىكى ۋە جەتە لەشكىرىنىڭ قاچماقچى بولغانلىقى

ھەزرىتى ساھىبقىران ئەمىر مۇسا، ئەمىر مۇئەييەد ئارلات ۋە ئۇچ قارا باھادىرنى ھەر بىرى بەش يۈز كىشىلىك سەرخىل ئاتلىق بىلەن[1] پۈلسەنگىندە دۈشمەن لەشكىرىنىڭ قارشىسىدا قويدى . ئۆزى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ توپا ـ توزانلىرىنى كۆزگە سۈرمە قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر مىڭ بەش يۈز ئاتلىقنى ھەمراھ قىلىپ ، ئوڭۇشلۇق بىر پەيتتە سۇنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىن سائادەت يۈزىنى ئۇرۇش مەيدانىغا قاراتتى ۋە روشەن گىتى[2] تۇزلەڭلىكىدە يېرىم كېچە بىلەن ئاتلىرىنى دەريادىن ئۈزدۈرۈپ ئۆتۈپ تاغقا قاراپ ماڭدى . ئەتىسى دۈشمەن قاراۋۇللىرى ئاتلارنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ لەشكەرلەرنىڭ سۇدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلدى ھەم بۇ ئىشتىن ئۇلاردا زور تەشۋىش پەيدا بولدى . كەچ كىردى ، نەزم :

جاھان بېشىغا سۈرمىلەر يېغىلدى ،
ئاينىڭ بېشىغا ئىپار سىرتماق چىگىلدى[3] .

---

① پارسچە نۇسخىدا «ھەر بىرى مىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان بىر مىڭ بەش يۈز ئاتلىق بىلەن» دەپ ئېلىنغان .

② بۇ سۆز پارسچە نۇسخىدىن ئېلىپ قوشۇپ قويۇلدى ، رۇسچە تەرجىمىسىدە «Исан майдан» (ئىسان مەيدان) دەپ ئېلىنغان .

③ بۇ ئىككى مىسرا موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يوق . پارسچە نۇسخىدىن ئېلىندى .

غالىب ھەزرىتى ساھىبقىران ئىگىز تاغلارنىڭ ئۈستىگە كۆپ جايغا ئوت قالاشنى بۇيرۇدى ، دۈشمەن ئەسكەرلىرى بۇنى كۆرۈش بىلەن ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى . پۇت - قوللىرىغا تىترەك چۈشۈپ ، ئاخىر قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن قورقۇش ئايىغىنى قىچىش ئۆزەڭگىسىگە قويدى ، ئىختىيار تىزگىنىنى قىچىشنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قىچىپ كىتىشنى غەنىيمەت بىلدى . تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن بىر ئاتلىق لەشكەرگە قارشى قىلىچ ۋە نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان ئوندىن كۆپ لەشكەر توغرا كېلىدىغان كۆپ سانلىق قوشۇن ئۇرۇش قىلمايلا قىچىپ كەتتى . «ئاللا خالىغان كىشىگە ياردەم بىرىپ قوللايدۇ»[1] ، بۇ شۇنداق روشەن ، شۇنداق توغرا ۋە غەلىبە ئىلىپ كەلگۈچى بىر تەدبىر بولغانكى ، ئۇزاق جايدا بىر ئوت يىقىلىشى بىلەن مۇنداق بىر دۈشمەننىڭ شان - شەۋكەت خامىنى ئۇنىڭ ئەمىر ۋە سەردارلىرى بىلەن بىللە كۆيۈپ كۈل بولدى .

ئانداكى بىر پىيادە ئىشىن ھەزمى ئەيلەمىش ،
بىر مۇلك ئالالغۇسى چۇ مەدەد بەرسە بىر سەۋار .

چۈنكى ، ئاللانىڭ ئىنايىتى يار بولغان كىشىگە دۈشمەن بولغان كىشىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . پەرۋەردىگار ئەزىز كۆرۈپ تاللىغان شەخسكە دۈشمەنلىك قىلغۇچىلار چوقۇم خار ۋە بەختسىز بولغۇسىدۇر . نەزم :

بۇ شەھخە بەد ئەندىش ئىسە سىگال ،
بولۇر خارۇ مەنكوب بەرگەشتە ھال .

دۈشمەنلەر قورقۇپ قىچىشقا باشلىشى بىلەن ھەزرىتى

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 3 - سۈرە ئال ئىمران ، 13 - ئايەت .

ساھىبقىران غالىب قوشۇنى بىلەن خۇددى غەزەپلەنگەن شىر ۋە ھۆركىرىگەن پىلدەك غەزەپ بىلەن تاغ تۆپىسىدىن تۆۋەنگە ئات سالدى . تا بىھرات تۇزلەڭلىكىگىچە① قوغلاپ بېرىپ ، ئۆمۈرنى قىسقارتقۇچى تىغلار ۋە جان ئالغۇچى نەيزىلەر بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ دىمىغىدىن دۈت چىقىرىۋەتتى . نەزم :

ئەدۇۋدىن ئۇشول كۈن بولۇپ كۈشتەلەر ،
بەيابان ئىچىدە نەچە پۈشتەلەر .

شۇنداق قىلىپ غالىبىيەت ۋە نۇسرەت شادلىقى ئىچىدە ئۇ جايغا چۈشتى ، ئەمىر ھۈسەينمۇ قالغان لەشكەرلەر بىلەن ئارقىدىن يېتىپ كەلدى . بۇ ئۇلۇغ غەلىبىنىڭ يېقىملىق شامىلىدىن بەخت كۆچىتى ئېگىزلىدى ۋە دۆلەت شېخى قۇۋۋەتلەندى ، خاتىرجەملىك ۋە ئارزۇ - ئۈمىد باغچىسى يېڭىدىن ياشنىدى ، چەكسىز گۈزەللىك بىلەن پۇركەندى ، بىر نىيەتتىكىلەرنىڭ ئۆزئارا يار - يۆلەك بايرىقى پەلەكتە يەلپۈندى ، پادىشاھ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ شان - شەۋكىتى ، شۆھرىتى بىرى مىڭ بولدى . نەزم :

قەۋى قىلدىلار دەستۇ دىلنى سىپاھ ،
شەھ ئىقبالى بولغاچ ئۇلارغا پەناھ .

سەلتەنەت ۋە يېتەكچىلىك جەھەتتە نۇسرەت ۋە زەپەر قۇچماق تەقدىرى ھەزرىتى ساھىبقىرانغا مۇناسىپ بولغاچقا ، ئۇ يەنە ئىككى مىڭ كىشىنى ئېلىپ ئىلگىرىلەپ ماڭدى . قەلئە②گە يېتىش بىلەن كەش ئاھالىسى ۋە ئەتراپتىكى خەلق توپ - توپ بولۇپ قېچىپ كېلىپ ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ سائادەتپاناھ دەرگاھىدىكى

① بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يوق . پارسچە نۇسخىدا «ميدان بحرات» دەپ ئېلىنغان . رۇسچە تەرجىمىسىدە «Күлкрат» (كۇجارات) دەپ ئېلىنغان .

② قەلئە — يەنى تۆمۈر قوۋۇق ، ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ سۇرخان دەريا ئوبلاستىدىكى دەربەندنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ ئېغىزى بولۇپ ، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيانىڭ جەنۇب - شىمال قاتناش تۈگۈنى ئىدى (مۇھەررىردىن) .

مۇلازىملارغا قوشۇلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىككى مىڭ كىشىدىن ئۈچ يۈز كىشىنى تۇرغاۋۇل قىلىپ يولغا چىقتى ، قالغانلارنى شۇ جايدا ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى . ئۇ ئۈچ يۈز كىشىدىن ئىككى يۈز ئاتلىقنى ئەمىر سۇلايمان بارلاس ، ئەمىر چاكوي بارلاس[1] ، بەھرام جالايىر ، ئەمىر جەلالىددىن بارلاس ، ئەمىر سەيفىددىن ۋە يولتېمۇرلەرگە قوشۇپ كەش تەرەپكە تۆتكە بۆلۈپ يولغا سالدى ھەم : «تۆت قوشۇن بولۇڭلار ، ھەربىر ئاتلىق دەرەخنىڭ چوڭ شېخىنى ئېتىنىڭ ئىككى يېنىغا سۆرىتىۋالسۇن ، ئۇ شاخلاردىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلسۇن ، ئۇ يەردە دارۇغالار بولسا قاچىدۇ» دەپ بۇيرۇق بەردى ، ئۇلارمۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلماي شۇ بويىچە ئىجرا قىلدى . بۇ تەدبىر ئويلىغاندەك نەتىجە بەردى ، يەنى ئۇلار كەش تۈزلەڭلىكىگە كىرىش بىلەن جەتەنىڭ دارۇغالىرى ئۇ چاڭ - توزاندىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى . بۇلار كەش شەھىرىگە كىردى ۋە ئىشغالىيەتكە مەشغۇل بولدى .

ئەجەب ئىش ! تەڭرىنىڭ ئۇ پادىشاھلىق ئاساسىنى قۇرغۇچىغا بولغان چەكسىز ئىنايىتى ئارقىسىدا بىر بولسا بىر ئوتنىڭ يېقىلىشى بىلەن بىر قوشۇن يېڭىلدى ، بىر بولسا بىر چاڭ - توزاننىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن بىر مەملىكەت ئېلىندى . نەزم :

يامان كۆز تەگمەسۇن مۇندىن ئارتۇقلۇغ ئەمەس مۇمكىن .

بۇ چاغدا ئىلياس خاجەخاننىڭ قارارگاھى كەشتىن تۆت فەرسەڭ يىراقلىقتىكى تاشئېرىق دېگەن جايدا ئىدى . داڭلىق ئەمىرلەر ، ئۇلۇغلار ، سانسىز مۇلازىم ۋە ئەسكەرلەر ئىلياس خاجەخاننىڭ يېنىغا يىغىلدى ، ئۇ چاغدا تۇغلۇق تېمۇرخان ئۆز پايتەختىدە ئالەمدىن ئۆتكەندى . ئۇلۇغ توقتېمۇر ۋە ئەمىر ھەمىد

[1] بۇ كىشىنىڭ ئىسمى موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يوق ، پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن ئېلىندى .

ئىلياس خاجەخاننى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇشقا ئېلىپ كەلگەندى، ئەمما ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆز يېنىدا قالغان يۈز كىشى بىلەن كېچىلەپ يۈرۈپ خۇزار[①]غا يېتىپ بارغاندا تاڭ يورۇدى، جانلىقلار قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان ۋاقىتتا، خالايىق ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى ۋە ئۇ ھەزرەتكە سالام بېرىش شەرىپىگە ئىگە بولدى. ھەزرىتى ساھىبقىران خۇزار ۋە كەشنىڭ بارلىق لەشكەرلىرىنى يىغىلىشقا بۇيرۇدى ۋە خاجە سالبارى[②]نى چاغداۋۇل (ئارقا مۇھاپىزەتچى — ت) قىلدى ھەم جاھاننى قاپلىغان كۆپ ئەسكەرلەر بىلەن جىگدەلىك[③] تەرىپىگە يېنىپ يولغا چىقتى - دە، ئۇ يەرگە بېرىپ چۈشتى. بۇ جايدا سۆلدۈزنىڭ ئوغلى شەيخ مۇھەممەد يەتتە قوشۇن ئەسكەر بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىرانغا قوشۇلدى. ئۇ يەردە يەتتە كۈن توختىدى، ھەزرىتى ساھىبقىران قەلئەدە قالدۇرۇپ كەلگەن قوشۇن بىلەن ئەمىر ھۈسەينمۇ كەلدى. كۆلەك چۆلىدە ئۆز ئېلى ئارىسىغا كەتكەن شىر بەھراممۇ قىرىق ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خەتلان لەشكىرى بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ قوشۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر ھۈسەين ۋە ھەزرىتى ساھىبقىران بارلىق لەشكەرلەر بىلەن ئۇ جايدىن كۆچۈپ خۇزارغا قاراپ ماڭدى، ئۇ يەردە خاجە شەمسىددىننىڭ مۇبارەك مازارىغا كېلىپ، ئۇنىڭ مۇقەددەس روھىدىن مەدەت تىلىدى ھەم ئىتتىپاقلىقنى ئەھدۇپەيمان بىلەن مۇستەھكەملىدى. سابىق دوستلۇق ۋە سەمىمىيلىكنى كېيىنكى بىرلىك بىلەن چىڭىتتى. **مىسرا:**

ئارى، جەھاننى ئالماق ئالۇر ئىتتىفاق ئىلە.

---

① بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «خراز» دەپ يېزىلغان، پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن ئېلىندى.

② بۇ سۆز رۇسچە تەرجىمىسىدە «салимбари» (سالىمبارى) دەپ ئېلىنغان.

③ بۇ سۆز پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن ئېلىندى. موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «چكرليك» دەپ ئېلىنغانىكەن.

# ئون بىرىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

## ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ چۈش كۆرگەنلىكى، ئۇ چۈشتىن ياخشى تەبىر ئالغانلىقى ۋە ئىلياس خاجەخان بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قارار قىلغانلىقى

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ياخشى چۈش خەلق ئارىسىدا پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىق ئالتىدىن بىر قىسمىدۇر» دېگەنىدى . بىلىم ۋە ھېكمەت ئىگىسى بولغان تەڭرىنىڭ ئىرادىسىدىن ھاسىل بولغان بىر قەدىمىي ئىرادە بىر بەخت ئىگىسىنىڭ سەممىيەت پېشانىسىگە مەخسۇس بىر رەقەم سىزغان بولسا ، ئۇنىڭ ئىقبال قامىتىگە «سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق»[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئۆز خەزىنىسىدىن قىممەتلىك تون بىلەن زىننەت بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆڭۈل ئەينىكىنى تەۋپىق قىتلىغۇچى بىلەن قىتلاپ ، ھەقىقەت نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ، ئۇنىڭدا غايىب سىرلىرىنىڭ كېلىنلىرى ئۇ قەلبتە يۈزىنى كۆرسىتىدۇ ۋە غايىب ھادىسىلەرنىڭ رۇپۇشلىرى سىرلىق نىقابىنى ئۇنىڭدىن خەۋەر تېپىشتىن ئالدىن ئاچىدۇ . خۇددى مۇبارەك ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولغىنىدەك ، ئىنساننىڭ روھى كەلگۈسى ھادىسىلەرنىڭ كەيپىياتىنى يۈز بېرىشتىن ئالدىن غايىب ئالەمنىڭ پەنجىرىلىرىدىن كۆرەلەيدۇ . نەزم :

① «قۇرئان كەرىم» ، 38 ـ سۈرە ساد ، 26 ـ ئايەت .

خەيالىم نەقش بەندىدىن بۇ مەئنا تۇرفە خۇش كەلدى ،
كى سىزغاي دىلبەرىمنىڭ نەقشىدىن بىر سۈرەتى زىبىيا .

ھەزرىتى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام «ئاتا ـ ئانىسىنى تەختىدە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇلار ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى»[1] ئايىتىدە خەۋەر بېرىلگىنىدەك ، قېرىنداشلىرى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھۆرمەتلىك سۈرىتىنى بۇ ئىش يۈز بېرىشتىن نەچچە يىل ئىلگىرى چۈشىدە ئەنە شۇ ھالەتتە كۆرگەنىدى ۋە يەنە «ئاللا ، پەيغەمبىرىگە ھەق رەۋىشتە ھەقىقىي راست چۈش كۆرسەتتى»[2] ئايىتىنىڭ ئۇلۇغ مەنىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان مۇقەددەس مەككىنىڭ ئىشغال قىلىنىپ ، ئاللانىڭ شەرىپىگە ئىگە بولۇشى توغرىسىدىكى بېشارەت ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ سۇلتانى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام — ت) نىڭ قەلبىدە ئەكس ئەتكەنىدى .

مۇنداق كارامەت مەملىكەتنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە پادىشاھلىقنىڭ ۋەزىپىلىرى تەرىقىسىدە ئۇلۇغ سۇلتانلار ، بۈيۈك پادىشاھلار ۋە خاقانلارغا خەلىپىلىكنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە يۈز بېرەتتى ، جۈملىدىن ھەزرىتى ساھىبقىرانغا يۈز بەردى . ئۇ چاغدا شۇنداق بىر جىددىي ھالەت يۈز بەرگەنىدىكى ، ئۆز لەشكىرى ئاز ، دۈشمەن لەشكىرى ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىق مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بىر كۈنى چاشگاھ ۋاقتى بىلەن [ھەزرىتى ساھىبقىران] بۇ ھەقتە ئويلاپ ئەندىشە قىلىپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى ۋە ئۇيقۇسىدا يېقىملىق ۋە ئوچۇق بىر ئاۋازدا : «خۇشال بولغىن ، غەم قىلمىغىن ، خۇدايىتائالا سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلدى» دېگەن سۆز ئاڭلاندى . ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئەتراپىدىكىلەردىن : «قۇلىقىڭلارغا بىرەر ئاۋاز ئاڭلاندىمۇ ؟» دەپ سورىدى ، ھەممىسى : «ياق ، ھېچ ئاۋاز ئاڭلانمىدى» دېيىشتى . بۇ

① «قۇرئان كەرىم» ، 12 ـ سۈرە يۈسۈف ، 100 ـ ئايەت .
② «قۇرئان كەرىم» ، 48 ـ سۈرە فەتىھ ، 27 ـ ئايەت .

سۆزنىڭ غايىبتىن ئېيتىلغانلىقى ۋە پەقەت ساھىبقىراننىڭ قولىقىغىلا ئاڭلانغانلىقى ھەم ئۇ بېشارەتنىڭ خۇشبۇي سەلكىنىنىڭ پۇتۇنلەي تەڭرىنىڭ لۇتف گۈلشىنىدىن كەلگەنلىكى ئېنىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن، تەڭرىنىڭ يار - يۆلەك بولغانلىقىغا ئىشەنچى كۈچىيىپ، كۆچلۈك بىر ئىشەنچ بىلەن خۇشال ھالدا ئەمىر ھۇسەيىننىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. بۇ بېشارەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دوستلارنىڭ ئىشەنچى ھەسسىلەپ ئاشتى، ھەممەيلەننىڭ گوياكى غۇنچىدەك تۈگۈلۈپ قالغان كۆڭۈللىرى سەھەر شامىلى يەتكەن گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى.

**نەزم:**

سىپاھى شاھ ئىدى جەڭ فىكرىدە پۇرغەم،<br>
چۇ ئاڭلاغاچ بۇ بىشارەتنى بولدىلار خۇررەم.

## ئون ئىككىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل:

# ئەمىر ھۇسەيىن ۋە ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ جەتە لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى ۋە تەڭرىنىڭ ئىنايىتى ھەم ئۇلۇغ ئەرۋاھلارنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا غەلىبە قىلغانلىقى

ھەزرىتى ساھىبقىران ۋە ئەمىر ھۇسەيىن شاھلارنىڭ شاھى دەرگاھىغا شۈكرى - سانا ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن سائادەت تۇلپارىغا مىندى ۋە ئېھتىيات شەرتلىرىگە رىئايە قىلىپ

لەشكەرلەرنى رەتلەپ ئىككى قولغا بۆلدى، ئەمىر ھۈسەين ئوڭ قولغا مەسئۇل بولۇپ غەلىبە بايرىقىنى لەپىلدەتتى. ھەزرىتى ساھىبقىران ئۇرۇش كۈنلىرىدە پۈتۈن قوشۇننىڭ يۈرىكى بولغاچقا، سول تەرەپكە مەسئۇل بولۇپ ئۆزىنىڭ غەلىبە بايرىقىنى تىكلىدى ۋە لەشكەر سەپلىرىنى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە تۈزۈپ يولغا چىقىشتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى تاشئېرىق دېگەن جايدا ئىدى، ئۇلارمۇ بۇ ئۇسۇل بويىچە لەشكەرلەرنى ئىككى قول قىلىپ بۆلدى. سول قولنى ئىلياس خاجەخان ۋە ئەمىر ھەمىدنىڭ شەۋكىتى، ئوڭ قولنى ئەمىر توقتېمۇر ۋە ئەمىر بەگچەكنىڭ شۆھرىتى بىلەن بېزىدى. ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئۆچ ۋە ئىنتىقام قەستىدە ھىلال شەكلىدە ئۇرۇشقا راسلىنىشتى. نەزم:

چۇ جۇنبىشقا كەلدى زەمىنۇ زەمان،
ياۋۇشتى كى بەرباد ئولۇرغە جەھان.
بولۇپ پۇر بۇ دەھر ئىچرە گەردى سىپاھ،
قالىپ زۇلمەت ئىچرە نىھان مىھرۇ ماھ.
سىپەھ نەئرەئى رەئدۋار ئۇردىلەر،
سىنانىنى بۇلۇتلارغە يەتكۈردىلەر.

ئىككى قوشۇن قىمىتىن[①] دېگەن جايدا بىر ـ بىرىگە قارشى كېلىشتى. ئۇرۇش دۇمباقلىرىنىڭ ئاۋازى ۋە قەھرىمانلارنىڭ تارتقان نەرىلىرى كۆك گۈمبىزىگە يەتكەنىدى. ئالدى بىلەن دۈشمەن قاراۋۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆپ سانلىق بولۇشى[②] ۋە قىساسكارلىقلىرى غۇرۇرى بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىرانغا قاراپ مەيدانغا ئاتلىرىنى يۈگۈرتتى. ھەزرىتى ساھىبقىران خۇددى قۇتۇپتەك ئايغىنى قىمىرلاتماي، ئۆزىنىڭ دۆلەت ئاساسىدەك

① بۇ سۆز رۇسچە تەرجىمىسىدە «Каба матан» (كابا ماتان) دەپ ئېلىنغان.
② «كۆپ سانلىق بولۇشى» دېگەن مەنە مۇللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە ئىپادىلەنمىگەن. پارسچە نۇسخىدىكى «ازغروری كه به بسیاری وكینه كداری خود» دېگەن بىرىكمىگە ئاساسەن بۇ يەردە ئېلىپ قويۇلدى.

تۇرغان ئورنىدا چىڭ تۇردى ۋە غالىبىيەت ئۇزەڭگىسىگە چىڭ دەسسەپ تۇرۇپ كۈچلۈك قوللىرىنى ئوق ۋە ياغا ئۇزاتتى ھەم سول قولىنى ئەلىف ، ئوڭ قولىنى دال قىلدى . نەزم :

خەدەڭگى ئەلىفدۇر ، خەمى نۇنۇ دال ،
نىشانە ئاڭا سىنەئى بەد شىكال .

لەشكەرلەرمۇ شاھنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن خۇددى ئاينىڭ ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلاردەك يادىن ئوتلۇق ئاقار يۇلتۇزلارنى دۇشمەن تەرەپكە قويۇپ بەردى . ئوقنىڭ قەلىمى خۇددى «(يورۇق يۇلتۇزلارنى ) شەيتانلارنى ئاتىدىغان نەرسە قىلدۇق»[1] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىنى قورققاقلارنىڭ قېنى بىلەن شۇنداق يازدىكى ، ئۇلارنىڭ ھالى خۇددى «ئۇنىڭغا سەجدە قىلىش ئۈچۈن يەرگە ياتتى»[2] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىكىدەك بولدى . دۇشمەن لەشكەرلىرىنىڭ باھادىرلىرى ئۆچ - ئىنتىقام ئوتى بىلەن خۇددى شامالدەك كېلىشتى ، يامغۇر سۈيىدەك توپىغا يۈز قويۇشتى ، بەزىلىرى ھايات سۈيىنى ئۆلۈمنىڭ شامىلىغا بەردى ۋە بەزىلىرى ئوت ئوقلىرىنىڭ زەربىدىن ئۆچ - ئىنتىقام بىلەن تولغان كۆكسىنى يەرگە يېقىشتى . نەزم :

بارى پەندار ئىلە كىن ئوتىن يارۇتتى جەڭگىجو ،
زەخمى پەيكان ئابرۇيىن[3] تۆكتى قاندەك خاكغە .

ئۆلگەنلەر ئارىسىدا بەھرىن[1] قەبىلىسىدىن مەشھۇر ئىككى

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 67 - سۇرە مۇلك ، 5 - ئايەت .
② «قۇرئان كەرىم» ، 12 - سۇرە يۇسۇف ، 99 - ئايەت .
③ موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە بۇ سۆز «ابروي» دەپ ئېلىنغان بولسىمۇ ، مەنە ئېتىبارى بىلەن «ئابرويىن» دەپ ئېلىندى .
④ بەھرىن — «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەردە «باغارىن» ئېلىنغان (مۇھەررىردىن ) .

قەھرىمان بار ئىدى . بۇلار ئىنتىقام دېڭىزىدا ئادەم يەيدىغان لەھەڭ ، ئۇرۇش ئورمىنىدا پىل ئۆۋلايدىغان شىر ئىدى . شاھ ۋە لەشكەرلەر ئۇلارنى قۇۋۋەت ماددىسى ، يۆلەك ۋە ئىپتىخارلىق دەسمايىسى دەپ بىلىشەتتى . يەنە ياردار بولۇپ يىقىلغانلاردىن توقتىمۇر باھادىر ، بەگچەكنىڭ بىر ئىنىسى[1] ، دۆلەتشاھ ۋە ھەربىرى بىر قوشۇننىڭ باشلىقى ھەم لەشكەرلەرنىڭ تايانچى ھېسابلىنىدىغان ئىككى شاھزادە بار ئىدى . نەزم :

سىپەھدارلار قالمادى بەرقەرار ،
ئۆلۈپ يا مەگەر زەخمىيەت تاپتى خار .

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر يولى ئۇرۇشقا قوزغىلىشتى . ئۇرۇش ئەھۋالى شۇنداق بولدىكى ، دۈشمەنلەر خۇددى زەررىلەردەك مىڭ كۆزدىن قان تۆكۈشەتتى . نەزم :

ھەمە قوزغالىپ ئورنىدىن مىسلى كوھ ،
سالىپ غۇلغۇلە بۇ ھەر ئىككى گۇرۇھ .
بەيابان ھەمە بولدى دەريايى خۇن ،
كى بولدى ھەمە يەر يۈزى لالەگۇن .

ئۇرۇش تەجرىبىسى بارلارنىڭ ئۇرۇش - ئۆلتۈرۈشلىرى داۋاملاشتى ، ئۇرۇش دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرى ئەۋجىگە چىقتى ، غايىبتىن كەلگەن ۋەدە بېشارىتىنىڭ دولقۇنلىرى بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىران ۋە دۆلەت ئەركانلىرى «بىزگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلىغان تەڭرىگە تەشەككۈر بولسۇن»[2] دېگەن ئايەتنىڭ بەرىكىتىگە نائىل بولدى . تولۇق كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان

① بۇ سۆز پارسچە نۇسخىدا «بىكى برادربىكجك - بەگچەكنىڭ ئىنىسى بېكى» دەپ ئېلىنغان .

② «قۇرئان كەرىم» ، 39 - سۈرە زۇمەر ، 74 - ئايەت .

دۈشمەنلەر «ئۆركۈپ قېچىپ كېتىدۇ»[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇندىكىدەك بولدى. سانىنىڭ توللىقىدا يامغۇر تامچىلىرى ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا قىياس قىلىنىدىغان قوشۇن يېڭى چىقىۋاتقان يوپۇرماقتەك ھەمدە باھارنىڭ سىم - سىم يامغۇر تامچىلىرىدەك مۇنداق بىر ئاز قوشۇندىن يېڭىلىپ، ئەتراپ جايلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. «ياردەم پەقەت غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللا تەرىپىدىندۇر.»[2] ئىلياس خاجەخان، ئەمىر بەگچەك، ئىسكەندەر ئوغلان، ئەمىر ھەمىد ۋە ئەمىر يۇسۇپ خاجەلەر قولغا چۈشتى. ئەمما، خانغا ۋاپادارلىق قىلىش پۈتۈن تۈركلەر ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى، شۇڭا خاننى ساقلاپ قالدى، يەنى خاننى تۇتۇۋالغان لەشكەرلەردىن بىر قانچىسى خاننى تونۇغان بولسىمۇ، باشقىلىرى بىلىپ قالغۇچە ئارىلىقتا خاننى ۋە بەگچەكنى ئاتقا مىندۈرۈپ قويۇپ بەردى، قالغانلارنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ قالدى. ئۇ كېچىسى ساھىبقىران كېچىچە يۈرۈپ يام سۇيى[3]گىچە قوغلاپ باردى ۋە ئۇ يەردە يەنە دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توستى، ئۇلارنىڭ تولىسىنى ئۆلتۈردى. نەزم:

ئېرىق سۇيى قان بىلەن بادە بولدى،
تاشۇ كەھرەبا لەئل بىجادە بولدى.

ئەمىر چاكۇ ۋە ئەمىر سەيفىددىن بۇيرۇق بويىچە سەمەرقەندگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە (ھىجرىيە) 765 - يىلى[1]

---

① «قۇرئان كەرىم»، 17 - سۈرە ئىسرا، 46 - ئايەت.
② «قۇرئان كەرىم»، 3 - سۈرە ئال ئىمران، 126 - ئايەت.
③ يام سۇيى — ھازىرقى سەمەرقەندنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يام بولسا كېرەك (مۇھەررىردىن).
① موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە 760 - يىلى دېيىلگەن. پارسچە نۇسخىدىكى «خمس و ستين و سمايه» گە ئاساسەن 765 - يىلى دەپ ئېلىندى. ھىجرىيە 765 - يىلى مىلادىيە 1363 — 1364 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

لەھەڭ يىلىدا[①] يۈز بەرگەنىدى .

ھەر ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەي قويمايدىغان، يۈكسەك غەيرەت ئىگىسى بولغان غالىب ساھىبقىران ئەمىر ھۈسەيىننىڭ مەسلىھىتى ئارقىسىدا شىر بەھرام بىلەن بىللە ئىلگىرىلەپ دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن يولغا چىقتى، خوجەند دەرياسىدىن ئۆتۈپ تاشكەندكە چۈشتى ۋە ئۇ يەردە لەشكەرگاھ قۇردى . كۆز ئاغرىقىنى ساقايتىش ئۈچۈن بىر نەچچە كۈن كۆزىگە كۆك تارتىۋالدى . نەزم :

كۆزكى ھەر نەرسەئى كى بولدى پىسەند ،
ئاڭا يەتكۈزدى چەشمى زەخمى گەزەند .

ھەزرىتى ساھىبقىران ۋە ئەمىر ھۈسەين ھەر ئىككىلىسىگە چۈشكەن جايلىرىدا ئازراق ساقسىزلىق يۈزلەنگەنىدى . ئاز كۈندىلا «سىز مۆمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز»[②] دېگەن ھەقنىڭ دورىخانىسىدىن پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتى . مەھدى ئۇلىيا ئۆلجاي تۈركەن خاتۇن بەختىيارلىق ۋە كامرانلىق بىلەن گەبرى مىر تەرەپتىن ئوڭۇشلۇق يېتىپ كەلدى . نەزم :

بىلقىس ئەھد كەلدى سۇلەيمان جەنابىغە .

ھەزرىتى ساھىبقىران ئارقىسىغا قايتىپ خوجەند دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە ئوۇ ئوۋلاش ئۈچۈن چەرگە تۈزدى ، ئەمىر ھۈسەينمۇ دەزەق بۇلبۇل دېگەن يەرگە يېقىن جايدا ئوۋ ئوۋلاشقا چەرگە تۈزدى . بۇلار ھەر ئىككى تەرەپتىن مېڭىپ ئاقار كامار دېگەن جايدا

---

① باشقا نۇسخىلاردا «ئۇي يىلى» دەپ ئېلىنغان . پارىچە نۇسخىدىكى «لوييىل» گە ئاساسەن موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ «لەھەڭ يىلى» دەپ ئالغىنى توغرا تېپىلدى .

② «قۇرئان كەرىم» ، 17 ـ سۈرە ئىسرا ، 82 ـ ئايەت .

ئۇچراشتى ۋە بىر نەچچە كۈننى نەزم :

ۋەقتنى غەنىمەت بىل تاكى باردۇر ئىمكانىڭ .

دېگەندەك ئويۇن - تاماشا ، خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەردىن بەختلىك ئاتلىنىپ سەمەرقەند تەرىپىگە ياندى ۋە ئۇ جەننەتكە ئوخشايدىغان ئۆلكىنى كىشىلەرنى سۆيۈندۈرگۈچى ، مەملىكەتكە زىننەت بەرگۈچى قەدەملىرى بىلەن بېزىدى . ئۇ ئۆلكىنىڭ خەلقى ئۇمىد كۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ غالىب قوشۇنىنىڭ توزانلىرى بىلەن روشەن قىلىشتى . زامانىنىڭ تۈرلۈك هادىسىلىرى سەۋەبىدىن ئۇلۇغ - ئۇششاق ، چوڭ - كىچىك ئاهالىلەردە پەيدا بولغان زىيان - زەخمەتلەر تەسەللى ۋە شەپقەت دورىسىنى ئىچىش بىلەن ساقايدى . تەڭرىنىڭ نېمەتلىرىگە تەشەككۈر ، ھەقىقەت ئۆز قېلىپىغا كىردى .

## ئون ئۈچىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

# ھەزرىتى ساھىبقىران بىلەن ئەمىر ھۈسەين مەسلىھەتلىشىپ ، قابىلشاھ ئوغلاننى خانلىققا ئولتۇرغۇزغانلىقى

ماۋەرائۇننەھر ۋە تۈركىستان ئۆلكىلىرى تامام قاراشلىق جايلىرى بىلەن جەتە قوۋمىنىڭ ئىستېلاسىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەر ، نويانلار بىرى بىرسىنىڭ ھۆكۈم ۋە بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىشمايتتى . سەۋەبى ھەرقايسى چوڭ

قەبىلىلەرنىڭ سەركەردىلىرى ئۆز تەۋەلىكى ۋە خادىملىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەغرۇرلىناتتى، شۇڭا كۆپىنچىسى بىر كىشىنىڭ ئىتائىتىگە ئۇنىمايتتى، بۇيرۇقىغا بويسۇنمايتتى. تەگزىنىڭ ئادىتى شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتقانكى، ھەر قانداق بىر جامائەنىڭ بىرلىكى - ئىتتىپاقى بولمىسا ۋە تەگرى ئۇ جامائەنى مۇھاپىزەت قىلمىسا، تېزلا چىرىپ تۈگەيدۇ، ھەممە ئاھالىلىرى ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشنى ۋاجىپ دەپ بىلمىگەن ۋە ئۇنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىدىن ھېچقانداق بىر سەۋەب بىلەن باش تارتىشنى راۋا كۆرمەيدىغان بىر ھۆكۈمدارى بولمىغان مەملىكەتنىڭ ئەھۋالى چوقۇم قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالىدۇ. نەزم:

باشى يوق تەن مەسەللىكدۇر بەئەينى شاھسىز ئالەم،
تەنىكىم بولماسا، باشى ئېرۇر ئول خاكى رەھدىن كەم.

مۇشۇ سەۋەبتىن ئەمىر ھۇسەين ۋە ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆز ئارا مەسلىھەت قىلىشىپ، چاغاتايخانىنىڭ نەسلىدىن بىر كىشىنى خان قىلىشقا قارار قىلىشتى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن (ھىجرىيە) 765 - يىلى[1] ھەممە ئەمىر ۋە سەركەردىلىرىنى يىغىپ قۇرۇلتاي چاقىردى. بۇ قۇرۇلتايدا دۆلەتنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش چارىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى ھەم زامان ھادىسلىرىدىن قورقۇپ پىقىرلىق مەسلىكى قەلئەسىدە دەرۋىشلىك تونى ئىچىدە ياشاۋاتقان قابىلشاھ ئوغلان ئىبنى دۇرجى ئىبنى ئەلجىكەدى ئىبنى دۇۋاخاننى ئۇ توندىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ بەخت - سائادەتلىك قامىتىگە خانلىق تون بىلەن زىننەت بېرىشكە قارار قىلىشتى. بۇ ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن، نەزم:

---

① ھىجرىيە 765 - يىلى مىلادىيە 1363 — 1364 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن).

تۈزەتتۈردىلەر جەشن يازىپ ساز ،
كى ۋەسفىن دېسە قىسسە بولغاي دەراز ،
تىزىپ نىئمەتۇ ھەم ساچىپ سىيمۇ زەر ،
جەھان سەھنىگە بەردىلەر زىبۇ فەر .

شۇنداق قىلىپ ئىتتىپاقلىشىپ قابىلشاھ ئوغلاننى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغۇزۇشتى ۋە تۈرك سۇلتانلىرىنىڭ رەسىم - قائىدىسى بويىچە خانلىق مەرتىۋىسىگە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا جام تۇتتى[①] .

[همه سرفرازان وكردن كشان
بيكبار نه بارو زانوزدن

قاماقتىكى ئەمىر ھەيدەر ئەندەخۇدىنى زىندە چەشم[②]گە تاپشۇرۇپ بەردى ۋە شۇ كېچىسى ئۇنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ ، ۋۇجۇدىنىڭ تەختىنى ھايات ھۆكۈمدارىدىن بوشاتتى .

كىشى ئۆز ھەددىدىن قويسە قەدەم تاش ،
كېتۇر ئاخىر ئانىڭدىن بىركۈن باش[③]] .

بۇ ئۆلكىلەر قەدىمدىن تارتىپ ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئالىي نىشانلىق سۇلالىسىگە قاراشلىق ئىدى . ئۇنىڭ شاھانە ھىممىتى غېرىب - بىچارىلەرنى يۆلەشنى تەقەززا قىلاتتى ، شۇ سەۋەبتىن ئەمىر ھۇسەينگە توي بەردى . ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئەمىرلىرى

---

① بۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنى پارىسچە نۇسخىغا ئاساسەن ئېلىندى .

② خەنزۇچە نەشرىدە «زىندە ھەشەم» ( Zinda Hasham ) دەپ ئېلىنغان (مۇھەررىردىن) .

③ چوڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يوق . لېكىن ، پارىسچە نۇسخىدا ۋە موللا مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە بولغانلىقتىن تىرناق ئىچىگە ئېلىپ كىرگۈزۈپ قويۇلدى .

شۇنداق بىر ئالىدىي تەبرىك يىغىنى ئۇيۇشتۇردىكى ، نەغمىچى زۇھرا[1] ئۇ تەبرىك يىغىنىنى كۆرۈش بىلەن ھەيرانلىق سازىنى چېلىپ ، ئۆزىنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى بىلدۈردى . نەزم :

تۇرفە بەزمىكى ئېرۇر لۇتفۇ گۇلشەنى ئىنئام ،
خىزر ئەگەر كۆرسە قىلۇر ئارزۇيى جۇرئەئى جام .
نىئمەت ئامادەۋۇ ئەسبابى تەنەئئۇم ۋافىر ،
مەجلىسى خاس ئېرۇر داغى تەرەبخانەئى ئام .
نەغمەئى سازى سەئادەت فەرەھ ئەفزا بۇ كۈن .
چۈنكى گەردىش ئېرۇر ساغەرى ئىنئام مۇدام .

لۇتف ئىگىسى (ھەزرىتى ساھىبقىران — ت) مۇ تەبرىك يىغىنىدىكىلەرنىڭ ھەر قايسىسىغا ئۆز دەرىجىسىگە قاراپ ئىنئاملار بەردى ۋە ئەمىر ھۇسەينگە لايىق كېلىدىغان ھەدىيىلەرنى تەقدىم قىلدى . نەزم :

قىلىپ پىشكەشلەر بەسى تەبئى خاھ ،
كەمەرھايى زەر ، تىغۇ ئەسبۇ كۇلاھ .

ئەمىر ھەمىدنىڭ ھەزرىتى ساھىبقىران بىلەن قەدىمدىن دوستلۇقى بار ئىدى . شۇڭا ، «ئاتا - بوۋىلارنىڭ دوستلۇقى بالىلارنىڭ تۇغقانچىلىقىدۇر» دېگەن ماقالىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ھەزرىتى ساھىبقىران شۇ مەجلىستە ئەقىل ئەينىكى ، ئۇلغايغان يېشىغا مۇۋاپىق تۇرلۇك تەجرىبىلەر بىلەن جۇلالانغان ۋە مۇھىم ھەم مۇشكۇل ئىشلاردا ھەممەيلەن ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىدىغان ئەمىر ئولجايتۇ ئەبرەدى[2] بىلەن ئەمىر ھەمىد ۋە ئىسكەندەر ئوغلانىنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشىپ ، ئەمىر

---

① زۇھرا — ۋېنېرا يۇلتۇزىنى كۆرسىتىدۇ .
② «ئەبرەدى» سۆزى موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يوق . پارسچە نۇسخىدىكى «ابردى» گە ئاساسەن ئېلىندى .

ھۈسەيندىن ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈشتى. گەرچە ئەمىر ھۈسەيننىڭ رايى نەزم:

تۈشسە دۈشمەن ئىلكىگە ئۆمرى ئاياغىن قىل قەلەم،
يوقسە ئاخىر تىشلەگۈڭدۇر سەن نەدامەت ئىلكىنى.

دېگەن نەزمنىڭ مەزمۇنىدىكىدەك بولسىمۇ، لېكىن ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن ئۇ ئىلتىماسنى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارنى پۈتۈنلەي قويۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلدى. لېكىن، «ھەربىر ۋاقىتنىڭ ھۆكۈمى بولىدۇ»[1] دېگەندەك، بۇ چارىلەرنىڭ پايدىسى بولمىدى. ئەمىر ھۈسەين ئۆزىنىڭ قەدىمىي يۇرتى بولغان سالى سارايغا يولغا چىقىشى بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىران ئەمىر داۋۇد ھەم ئەمىر سەيفىددىننى «ئەمىر ھەمىدنى قاماقتىن چىقىرىپ ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ ئەۋەتتى. ئەمىر ھەمىد بايەزىد ۋە ئەمىن ئاتلىق ئىككى كىشىنىڭ قولىدا ئىدى. بۇلار بېرىشى بىلەن ئۇلار يىراقتىن كۆرۈپ «بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر»[2] دېگەن ئايەتتىكىدەك، «بۇلار ئەمىر ھەمىدنى ئۆلتۈرگىلى كېلىۋاتىدۇ، بىز ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆلتۈرىۋېتەيلى» دەپ بىرى بىر گۇرزە ئۇرۇپ، بىرى بىر قىلىچ سېلىپ ئەمىر ھەمىدنى شېھىت قىلدى. [تەڭرىنىڭ قازاسىنى قايتۇرغىلى ۋە ھۆكۈمىگە ئېتىراز بىلدۈرگىلى بولمايدۇ[3].] نەزم:

قەزا كىشىگە كى بەرمەس بولۇپدۇر ئابىھەيات،
نەتىجە بەرگۈسى جامى خىزىر خۇمار مەمات.

---

① «قۇرئان كەرىم»، 13 - سۈرە رەئد، 38 - ئايەت.
② «قۇرئان كەرىم»، 49 - سۈرە ھۇجۇرات، 12 - ئايەت.
③ چوڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر پارسچە نۇسخىدىن ئېلىندى.

ئەمىر ھۆسەيىن بۇ ۋەقەنى ئاڭلاش بىلەن : «بۇ كىچىك نۆكەرلەرنىڭ ئىشى ، لېكىن چوڭلارنىڭكىدىن ياخشى بولدى » دېدى ھەم دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئىسكەندەر ئوغلاننى ئالدۇرۇپ كېلىپ يوقلۇق شەھرىستانىغا ئەۋەتتى (ئۆلتۈرگۈزدى) . مىسرا :

قەزا ئوتى دەفئىغە يوقتۇر سىپەر .

ئۇ قىشلىقى ئەمىر ھۆسەيىن بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىران ھەر بىرى ئۆز قارارگاھلىرىدا دەم ئېلىشتى . بارلىق نېمەت ۋە پەزىلەت ئىگىسى بولغان تەڭرىگە ھەمدۇسانالار بولسۇنكى ، ئىشلارنىڭ ئەھۋالى ۋە كېتىپ بېرىشى ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە ئۇيغۇن ئىدى ، ئارزۇ ـ ئىستەك قەدەھلىرى دوستلۇق ۋە بەخت ـ سائادەت بادەسى بىلەن تولغانىدى .

## ئون تۆتىنچى باب

# لاي ئورۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالى

«سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن ، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر »① دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە گۈل بىلەن پۈركەنگەن چىمەنزاردىن كەلگەن بېشارەت سەلكىنى قىيىن ئەھۋالدا ۋە غەمدە قالغانلارنىڭ جان دىماغىغا تەڭرىنىڭ كۈچلۈك ھېكمىتىنىڭ بەزىدە مەقسەت ۋە تەلەپ كېلىنلىرىنى قىيىنچىلىق كىيىملىرى ئىچىدە جىلۋىلەندۈرەلەيدىغانلىقىدىن ۋە نېمەت ، ئېھسانلارنى ئازاب ـ ئوقۇبەت ھەم قىيىنچىلىقلاردىن

① «قۇرئان كەرىم» ، 2 ـ سۈرە بەقەرە ، 216 ـ ئايەت .

كېيىن ئاتا قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

كۆپلىگەن دۆلەتلەر بولغانكى ، ئۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بالايىئاپەتلەر سەۋەب بولغان ، شۇنىڭدەك بىر مۇنچە جامائەلەر بولغانكى ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا پەرىشانلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەر سەۋەب بولغان . نەزم :

بەسا رەخنەكى ئەسلى مەھكەمىدۇر ،
بەسا غەمكىم نىشانى خۇررەمىدۇر .
بەسا فەزلىكى يوق بەندى پەدىدى ،
چۇ كۆرسەڭ قۇفل ئەمەس ، ئولدۇر كەلىدى .

بۇ ھۆكۈملەر توغرا كېلىدىغان مىساللاردىن بىرى ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئەھۋالىدۇر ، چۈنكى ئۇ ساھىبقىران ئۆز دۆلىتى قارارگاھىدا بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشتا ئارام ئېلىۋاتقانىدى . قىش ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى ، باھار قەھرىمانى ئۆزىنىڭ قىزىل رەڭلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يېشىل كىيىنگەن قوشۇنلىرىنى باغ ـ بوستانلاردا سەپ ـ سەپ قىلىپ تۇرغۇزماقتا ئىدى . نەزم :

تارتىبان لەشكەر سىپاھ لەشكەركى ئەتتى جويبار ،
ئەيلەدى سۇدىن زىرىھ قىلدى سىنانىن تىيزۇ خار .

جەتە لەشكەرلىرى يەنە بۇ تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ ، دەپ خەۋەر كەلدى . ھەزرىتى ساھىبقىران غەيرەت بىلەن قوشۇنلىرىنى توپلىماققا ھەرىكەت قىلدى ۋە ئەمىر ھۇسەينگە ئادەم ئەۋەتىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى . ئەمىر ھۇسەين پۇلاد بۇغا① ، مۇھەممەد خاجە ئەبرەدىنىڭ ئوغلى زىندە چەشم ۋە مەلىك باھادىرلارنىڭ تېزلىكتە

① بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «بۇدغە» دەپ ئېلىنغان .

ئەسكەرلەر بىلەن ئالدىن مېڭىپ، ھەزرىتى ساھىبقىران بىلەن ئۇچرىشىشنى ئەمىر قىلدى. ئۇلار بېرىپ ھەزرىتى ساھىبقىرانغا قوشۇلۇش بىلەن شۇنداق بىر قوشۇن شەكىللەندىكى، ئۇ ھۇجۇم ۋاقتىدا گوياكى پەلەكتەك ھەيۋەتلىك، يۇرۇشتە بەجايىكى يۇلتۇزلاردەك ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە دۇشمەنگە قاراپ مېڭىشتى. ئاقار دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ ئات - ئۇلاغلىرىنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن توختىدى، ئاندىن كۆچۈپ يۈرۈپ سەيھۇن دەرياسى[①]دىن ئۆتۈپ ئۇ يەرگە چۈشتى.

ئەمىر ھۈسەينمۇ نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى توپلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئالدىراپ مېڭىپ، سەيھۇن دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى، ئەمما ئۇ تەرەپتىنمۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدى يېتىپ كەلگەنىدى. ھەزرىتى ساھىبقىران چىناز[②] ۋە تاشكەند[③] تۈزلۈكىدە — دەريا لېۋىدە لەشكەرگاھ قۇردى. لەشكەرلىرىگە: «تۇرغان جايىڭلارنى ھەربىي تۈزۈم بويىچە مۇستەھكەم قىلىڭلار، ئېھتىيات شەرتلىرىنى ئورۇنداڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئەمىر ھۈسەينمۇ پۈتۈن لەشكەرلىرى بىلەن سەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا چۈشتى. ئۇ تەرەپتىن دۈشمەن لەشكەرلىرى كەندى بادام سۇيىنىڭ قىرغىقىغا كېلىپ چۈشتى. ئەمىر ھۈسەين بىلەن ساھىبقىران ئۇ تەرەپتىن يولغا چىقتى، ئۇلار بىر - بىرلىرىنىڭ قاراۋۇللىرىنى كۆرۈش بىلەن ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا كىرىشتى ۋە ئۇرۇش سېپىنى تۈزەشتى. ئەمىر ھۈسەين ئۆزىنىڭ شەۋكەتلىك تۇغىنى ئەيىۇق[④]قا كۆتۈردى.

---

① سەيھۇن دەرياسى — ھازىرقى سىر دەرياسى. ئوتتۇرا تەڭرىتاغدىن باشلىنىپ نارىن دەرياسى بىلەن قارا دەريانىڭ فەرغانە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدە قوشۇلۇپ، ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدۇ (مۇھەررىردىن).

② چىناز — ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەند ئوبلاستى تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن).

③ «تاشكەند» سۆزى موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يوق، پارسچە نۇسخىسىدا بۇ سۆزنىڭ ئورنى ئاق قالدۇرۇلغان.

④ ئەيىۇق — كاپىللا يۇلتۇزى.

سەپىنىڭ ئالدىدا تىلەنچى ئارلات ، ھېراۋۇل ئولجايتۇ ئەبەردى ، شىر بەھرام تۇردى . ئۇلاردىن باشقا پۇلاد بۇغا ، فەرھاد ئەبەردى ، مەلىك باھادىر ۋە بىر نەچچە داڭلىق باھادىرلار تۇرۇشتى .

دۇنيانىڭ جېنى بولغان ھەزرىتى ساھىبقىران خۇددى يۈرەكتەك سول تەرەپتە غەلىبىنىڭ نىشانى بولغان تۇغنى ئۇچىنچى پەلەككە كۆتۈرگەنىدى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەمىر سار بۇغا قىپچاق قوۋمى بىلەن تۇرۇشقا بەلگىلەندى ، قاراۋۇلغا تېمۇر خاجە ئوغلان بەلگىلەندى ، ئەمىر چاكۇ ، ئەمىر سەيفىددىن ۋە ئەمىر مۇراد بارلاس ، ئابباس باھادىر باشلىق بىر قانچە باھادىر ۋە قىلىچۋازلارنى سول قولدا تۇرغۇزدى . مۇشۇ تەرتىپ بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇندىن ئىنتىقام ئېلىش ۋە قەھرىمانلىق كۆرسىتىشنى خالىغان نۇرغۇن قىسىملارنى ئالغا ماڭدۇردى . ئەمما ، «ھۇنەين كۈنىدە (ئۇرۇشىدا ) سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى »[1] دېگەن ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك ، تەڭرىنىڭ ئاجايىپ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلار بولمىدى . چۈنكى ، كابا مەتەن ئۇرۇشىدا جەتە قوشۇنلىرى بۇ تەرەپنىڭ قوشۇنلىرىدىن نەچچە ھەسسە تولا بولسىمۇ ، مەغلۇبىيەت جەتە لەشكەرلىرىگە يۈزلەنگەنىدى . بۇ نۆۋەت بۇ تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى جەتە لەشكەرلىرىدىن تولا ئىدى ، لېكىن جەتە لەشكەرلىرى ھىيلە قىلىشقا كىرىشتى ، يەنى ئۇلار تەڭرى يارانقان ئاجايىب بىر مۆجىزە — يادا تاشقا مۇراجىئەت قىلىپ چارە ئىزدەشتى . نەزم :

يوق ئېردى ئەدۇۋ خەيلىدە تابى جەڭ ،
تىلەپ چارە ئەفسۇن ئىلە ئالدى سەڭ .
يادا تاش ئىلە مەردى ئەفسۇن نىھاد ،
جەھان ئىچرە پۇر قىلدى بارانۇ باد .

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 9 ـ سۇرە تەۋبە ، 25 ـ ئايەت .

بولۇت گۈركىرەپ ، باد ئەيلەپ فىغان ،
پۈر ئولدى سەۋائىققە رويى جەھان .

قۇياش جەۋزا ① بۇرجىدا ئىدى ، بۇلۇتنىڭ قارا زىرىھلىق قوشۇنى بىردىنلا نەزم :

مەركەبى باد ئۇلۇپ سۇلەيمان ۋار ،
رەئدى غۇرران بەرقى ئاتەشبار .

تەقدىرنىڭ پىستىرمىسىدىن چىقىپ ھاۋادا كۆرۈندى - دە ، گۈلدۈر - قاراس ساداسىنى كۆك گۇمبىزىگە يەتكۈزدى ھەم گۈلدۈرماما ياسىدىن چاقماق ئوقلىرىنى ھەر تەرەپكە ئېتىشقا باشلىدى ، يامغۇر ئوقلىرى ئالەمنى بىر ئالدى .

ئۇ كۈنلەردە زاماندا يېڭى - يېڭى پىتنە - پاساتلار پەيدا بولغانىدى . شۇ سەۋەبتىن شۇنىڭغا يارىشا بۇلۇت كۆزىدىن شۇنداق ياش تۆكۈلدىكى ، نەتىجىدە زور توپان بارلىققا كەلدى . نەزم :

توفان بۇ يەردە بولدى ھۇۋەيدا مەگەركى ئەبر ،
ئولدەم ئىشىتتى نۇھ دۇئاسى سەداسىنى .

شۇنچىلىك ھۆلچىلىك بولدىكى ، گويا يەر - زېمىن سۇ ئىچىدە بېلىقتەك لەيلەپ قالغاندەك بولدى . ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئات - ئۇلاغلار لايغا شۇنچىلىك پېتىپ كەتتىكى ، ئۇلارنىڭ قورساقلىرى يەر يۈزىگە يېپىشىپ قالدى . ھۆلچىلىكنىڭ تەسىرى بىلەن يا كىرىچى يۇمشاپ كېتىپ تىترەيدىغان ۋە پالەچ كېسىلىگە دۇچار بولغاندەك لەقۋالىشىپ تولغىنىدىغان بولۇپ قالدى . يا ئوقىنىڭ

① كونا ئاسترونومىيىگە ئاساسەن ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجىنىڭ بىرى ، شەمسىيە كالېندارى ھېسابىدا ياز پەسلى ئايلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى ، 22 - مايدىن 2 - ئىيۇنغىچە توغرا كېلىدۇ .

قاناتلىرى تۆكۈلدى ۋە ئوقنىڭ تۇمشۇقىمۇ كاردىن چىقتى. هۆلچىلىكنىڭ قاتتىق بولغانلىقىدىن ئېگىن ـ ئاياغ ۋە باشقا ئەشيالار شۈنچىلىك ئېغىر بولدىكى، مەيلى ئاتلىق، مەيلى پىيادە هەرىكەت قىلالماي قالدى. ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ، بۇ تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە يۈكسەك قەھرىمانلىقىدىن ئالدىغا ماڭاتتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆزلىرى تۇرغان جايىدىن بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىمەي، باشلىرىغا كىگىز يېپىپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كېيىم ـ كېچەك ۋە قوراللىرىنى يامغۇردىن ساقلايتتى. بۇ تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارغا يېقىن كېلىشى بىلەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى باشلىرىدىن كىگىزلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاسانلىق بىلەن ئاتلىنىپ ئۇرۇشقا كىرىشتى. نەزم:

دەی كارنایۇ سىپەھ نەئرەسى،
یەرۇ كۆككە یەتكۈردی شورىش بەسی.
بۇ شۇرىش بىلەكىم دەمی زەمھەرىر،
سىپەھ نەئرەسی ئېردی بارانی تىیر.
یېتەردىن ئىدی ناۋەكی دیدە دۇز،
نەفس تەن مەهارىسىدا سىینە سوز.

هەزرىتى ساھىبقىران تەڭرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ سول قولدىن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئەمىر ھەمىدنىڭ قېرىندىشى شەنكۇم مۇيان باشچىلىق قىلىۋاتقان سول قولىغا زەربە بەردى. ئىلياس خاجەخان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قېچىشقا باشلىغانىدى، لېكىن زامان راستچىللىقتىن يۈز ئۆرۈدى. دۈشمەننىڭ شىراۋۇل ۋە ھاجىبەگلەر باشچىلىق قىلىۋاتقان سول قول قىسىملىرى بۇ تەرەپنىڭ ئوڭ قول قىسىملىرىغا غالىب كەلدى ۋە تىلەنچى بىلەن زىندە چەشمىلەرنى قوغلاپ ئەمىر ھۈسەين تۇرۇشلۇق جايغىچە يېتىپ كەلدى. ئەمىر ھۈسەيننىڭ قىسىملىرى چېچىلىپ قاچقىلى باشلىدى. ئەمما، شىر بەھرام ۋە پۇلاد بۇغا بەرداشلىق بېرىپ چىڭ

تۇرۇپ مەردانىلىك كۆرسەتتى . ھاجىبەگ بۇ تەرەپنىڭ ئوڭ قول
قىسىملىرىنى ئالدىغا سېلىپ قوغلىدى . فەرھاد ۋە ئەمىر بېكتېمۇر
بۇ ھالنى كۆرۈپ تاڭ قېتىپ قالدى . ئەمما ، ئۇ تەرەپتىن ئەمىر
شەمسىددىنمۇ بىر توپ ئەسكەر بىلەن قەھرىمانلىق قولىنى غەيرەت
يېڭىدىن چىقىرىپ مەردانىلىك كۆرسەتتى . ھەزرىتى
ساھىبقىراننىڭ غەزەپ ئوتى ئۆرلىدى ۋە قۇدرەتلىك ، زەپەر
قۇچقۇچى قولى بىلەن نەزم :

كى شەمشىردىن ئوت چىقاردى جەۋاب ،
قىلىپ خىيرە ئول چەشمەئى ئافتاب .
تەكاۋەر سۈرۈپ مىسلى غۇررەندە شىر ،
تۆمۈردىن كۇلاھ ئەژدەھايى بەزىر .

ئون يەتتە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئات
سالدى ۋە ھۇجۇم شامىلى بىلەن ئۇلارنىڭ بەرقارارلىق خامىنىغا
قورقۇنچ ئوتىنى ياقتى . ئەمىر شەمسىددىن ھەزرىتى
ساھىبقىراننىڭ غەزەپكە كەلگەنلىكىدىن قورقۇپ ، ئىقتىدار
تىزگىنىنى ئۇرۇش مەيدانىدىن ياندۇرۇپ ، ئۈمىدسىزلىنىپ
نائىلاج قېچىشقا مەجبۇر بولدى . نەزم :

ھەملەسىن ھەر كىشكى بىلسە يەقىن ،
پايۇ دەستى ئانىڭ گۇماندا ئېرۇر .

ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ مەدەت قىلىشى بىلەن ئەمىر
ھۇسەيىننىڭ غەيرىتى ئاشتى ۋە چېچىلىپ كەتكەن قوشۇنلىرىنى
يىغىپ سەپ تۈزۈپ تۇردى . نەزم :

بولۇپ يار ئىقبالى شاھى جەھان ،
سىپەھنىڭ تەنىگە يەنە كىردى جان .

ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆز نۆكەرلىرىدىن تابان باھادىر[1]نى ئەمىر ھۈسەيىننىڭ يېنىغا ئەۋەتتى ۋە «ئىشنىڭ ياخشىسى شۇكى، ئەمىر ئىلگىرىلىسۇن، بىللە ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننىڭ شەۋكىتىنى بىتچىت قىلايلى. ھازىر ئۇلارنىڭ قارشىلىق قىلغۇدەك ۋە ھۇجۇم قىلغۇدەك كۈچى يوق» دەپ ئېيتىپ بەردى. ئەمما، ھەزرىتى ساھىبقىران مۇنداق غەيرەتكە كەلگىنى بىلەن ئەمىر ھۈسەيىننىڭ بەخت يۇلتۇزى ئارقىسىغا قايتىشقا باشلىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەخت قۇياشى زاۋاللىققا يۈز تۇتقانىدى. «بىر قوۋم ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىسە، تەڭرى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ»[2] دېگەن ئايەتتە دېيىلگىنىدەك، بۇ كۆنلەردە ئەمىر ھۈسەيىننىڭ تەبىئىتى بۇرۇنقىدىن ئۆزگىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇپ يامان ئىشلارنى قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

تابان باھادىر ئەمىر ھۈسەيىننىڭ يېنىغا كېلىپ ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. لېكىن، ئەمىر ھۈسەيىن ئۇنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ ئۇنىڭغا دەشنام بەردى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ساھىبقىران ئىككىنچى قېتىم مەلىك بىلەن ئەمىر ھۈسەيىننىڭ باھادىرلىرىدىن ھەمىدنى ئەۋەتتى ۋە: «ئەمىرگە ئېيتقىن، پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالمىسۇن، كېچىكمەي تېزلىكتە ئىلگىرىلىسۇن» دەپ ئېيتتى. ئەمىر ھۈسەيىن بۇ سۆزلەرنى قۇلاققا ئالماي مەلىك بىلەن ھەمىدكە دەشنام بەردى ۋە ئۇلارغا تەھدىت قىلىپ: «مېنى ئىلگىرى ماڭسۇن دەيسىلەر، مەن قاچتىممۇ؟ ئەگەر سىلەر غالىب بولساڭلار، كىرىڭلار، دۈشمەن قولىدىن بىر كىشى جېنىنى قۇتۇلدۇرالايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟» دېدى. مەلىك ۋە ھەمىد ئەمىر ھۈسەيىندىن

---

① مولla مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە بۇ باھادىرنىڭ ئىسمى كېيىن مەلۇم بولىدۇ. بۇ جايدا «بىر باھادىر» دېيىلگەن.

② «قۇرئان كەرىم»، 13 ـ سۈرە رەئد، 11 ـ ئايەت.

ئازار يەپ قايتتى ۋە ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ شاھانە تىزگىنىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ : «بۇ ئۇرۇشتا ئەمدى تىرىشچانلىق كۆرسەتكىلى بولمايدۇ ، ئەمدى كۆچەپ كەتمەيلى» دېدى . ھەزرىتى ساھىبقىران ئۇلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلمىدى ، ئارتۇق كۆچەشتىن قولىنى تارتتى . ئىككى تەرەپنىڭ سول قول قىسىملىرى ئۆز قارشىسىدىكىلەرنى قوغلاپ زەربە بېرىپ ، بىرى ئىككىنچىسىنىڭ يېرىنى ئىگىلەپ ، ئۆزلىرى ئىگىلىگەن يەرگە جايلاشقانىدى . نەزم :

تاپىب جۇملە ئاسايىش ئول بابدىن ،
تاڭ ئاتقۇنچە تەبرەنمەدى جايىدىن .

شۇ كېچىسى① ئەمىر ھۇسەين ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ نەچچە قېتىم كىشى ئەۋەتتى ، لېكىن ھەزرىتى ساھىبقىران قوبۇل قىلمىدى . نەزم :

چۇ تاڭ بولدى بۇ تۈركى سۇلتان شۇكۇھ ،
كى دەريايى چىندىن قىلىپ [كوھ] كۇھ②
تىلەپ بىر بىرىدىن ئىكى جەشن خۇن .
ئەلەم تىكتىلەر گويىيا بىسۇتۇن .
دەمى ناي چىققاچكى چۇن رۇستەخىز ،
سىنان مەرگ ئاسۇدەگە دېدى خىز .
قەزا بولدى ئوق باشىغە ھەم ئىنان ،
نەھەڭگى بەلا ئاچتى ئول دەم دەھان .

---

① بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يوق ، پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن قوشۇپ قويۇلدى .

② موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە بىر سۆز چۈشۈپ قالغان ، پارسچە نۇسخىدىن ئېلىپ قوشۇپ قويۇلدى .

ئىككى تەرەپنىڭ تەجرىبىلىك باتۇرلىرى بىر - بىرىگە قارشى ئوتتۇرىغا چىقىشتى، چوڭ ئۇرۇش بولدى. جەتە لەشكەرلىرى زەربە يەپ ئارقىسىغا قاچتى. بۇ تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى قاچقانلارنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى ئۇلارنىڭ جىنىدەك قوغلاپ ماڭدى. زامانەنىڭ ئىشى بىر قېلىپتا ماڭمىغانىدى. بۇ چاغدا ئەمىر شەمسىددىن ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تۇغى قالغان بىر مۇنچە ئەسكەرلەر بىلەن پەيدا بولدى ۋە بۇ تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى قاچقانلارنى قوغلاپ مېڭىشتىن تىزگىنىنى تارتىپ، ئەمىر شەمسىددىننىڭ مەركىزى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن زەربە يەپ قېچىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر يەنە يىغىلىپ بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتتى، يەر - زېمىن لەرزىگە كەلدى. نەزم:

تەكاۋەرنى ھەر سارىدىن سۈردىلەر،
كى بىر - بىرىگە شەمشىرى كىن ئۇردىلەر.
دوبۇلغە ھەمە ئوقدىن ئولدى زىرىھ،
دىلۇ دىيدەدە بولدى تىيزۇ گىرىھ.

ئادىتى تۇراقسىز بولغان زامان بەخت - سائادەت بىلەن كۆتۈرۈلگەن تۇغنى ئاپەت بىلەن يەرگە چۈشۈردى. بۇ تەرەپنىڭ قوشۇنى غالىب بولغانىدى، لېكىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قېچىشقا يۈزلەندى. نەزم:

چۇ كۆرسەتسە راھەت سەرايى سەنج،
خۇش ئولماكى، يەتكۈزگەي ئول لەھزە رەنج.

بۇ قالايمىقانچىلىق، تەپرىقىچىلىكتە نۇرغۇن ئادەم لايغا پېتىپ قالدى. مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتقان دۈشمەنلەرگە قايتىدىن كۈچ كىرىپ، ئىنتىقام قىلىچىنى خالىغانچە ئىشقا سېلىشتى. ئۇ ئۇرۇش مەيدانىدا ئون مىڭچە كىشى جانلىرىدىن ئايرىلدى.

«تەگرىنىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىپ كەتكەن ھۆكۈمدۇر .»① بۇ ۋەقە (ھىجرىيە) 766 - يىلى② رامىزان ئېيىنىڭ بېشىدا يۈز بەرگەنىدى . تەخمىنەن ئەقرەب بۇرجىدا كۆرۈنىدىغان «قىراناتى مۇسەللەسە»③دىن مۇنەججىملەر «قىرانى مۇتەفەررىقە — چېچىلىپ كەتكەن تۇتاش يۇلتۇز» دەپ ئاتايدىغان سەككىزىنچى تۇتاش يۇلتۇز يېقىندا كۆرۈنگەنىدى .

[مەن بۇ قىسسەنى تاماملىماق مەقسىتىدە يازدىم ، ھادىسىلەرنى پەلەكنىڭ ۋەزىيىتىگە ئاساسلاندۇرۇش مەقسىتىدە ئەمەس ، چۈنكى مەۋجۇتلۇقتا تەگرىدىن باشقا تەسىر قىلغۇچى يوقتۇر .④]

ئەمىرلەر ئۇ يەردىن كۆچۈپ كەشكە كەلدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆيىنى ۋە ئۆز ئېلىنى جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتكۈزمەكچى بولۇشتى . ئەمىر ھۇسەين ھەزرىتى ساھىبقىرانغا : «ئۆيىنى ۋە ئەلنى جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈش ئەقىلگە مۇۋاپىق» دېدى . ھەزرىتى ساھىبقىران : «ئۇلار دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇپ كېتىشتى . ئەمما مېنىڭ ۋىلايەتنى جەبىر - زۇلۇم تارتىپ پۈتۈنلەي ئاياغ - ئاستى بولۇشقا تاشلاپ بېرىشكە غەيرىتىم يول قويمايدۇ . يەنە بىر قېتىم قوشۇن توپلاپ دۈشمەنگە قارشى تۇرماقچىمەن» دەپ جاۋاب بەردى .

ئەمىر ھۇسەين ئۇ يەردىن سالى سارايغا قاراپ ماڭدى . سالى سارايغا يېتىپ بارا - بارماي ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەل - تاۋابىئاتىنى كۆچۈرۈپ دەريادىن ئۆتكۈزدى ۋە ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەردىن ئۆتۈپ شىبەرتۇ دېگەن يەرگە جايلاشتى ، جەتە لەشكەرلىرىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر يەتكۈزسە ، ھىندىستانغا ئۆتۈپ

---

① «قۇرئان كەرىم» ، 33 - سۈرە ئەھزاب ، 38 - ئايەت .

② ھىجرىيە 766 - يىلى مىلادىيە 1365 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

③ قىراناتى مۇسەللەسە — تۇتاش ئۈچ يۇلتۇز .

④ چوڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يوق . پارسچە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئېلىندى .

كېتىشنى كۆزلەپ قاراۋۇللارنى قويدى .

ئەمىر ھۇسەين كەشتىن مىڭىپ كەتكەندىن كېيىن ھەزرىتى ساھىبقىران بار كۈچى بىلەن ئەسكەر توپلاشقا كىرىشتى ۋە ياخشى تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىسىدا ئون ئىككى قوشۇن ئەسكەر يىغدى . ئۇلاردىن يەتتە قوشۇننى تېمۇر خاجە ئوغلان[1] ، جاۋۇرچى ۋە ئابباس باھادىرنىڭ يېتەكچىلىكىگە بېرىپ ئالدىن سەمەرقەندكە يولغا سالدى . ئۇ يەردە جاۋۇرچى شارابخورلۇققا بېرىلىپ كەتتى . [شارابنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە مۇنداق بىر ئەرەبچە بېيىت بار :

الراخ كا لريح ان مرت على عطر
طابت و تخبث ان مرت على الجيف

(شاراب شامالغا ئوخشايدۇ ، ئۇ ئەتىرنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ، خۇش پۇراق بولىدۇ . ئەگەر چىرىندىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ، سېسىق پۇراق ئالىدۇ )

دېيىلگىنىدەك ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە يېنىپ تۇرغان يامان نىيەتلىك ئوت ئۇنىڭ ئاغزىدىن لاۋۇلداشقا باشلىدى[2] .] ئۇ داۋۇد خاجە بىلەن ھىندۇ شاھنى : «پالانى كىشى ، يەنى ھەزرىتى ساھىبقىران سىلەرنى تۇتۇپ ئەمىر ھۇسەينگە ئەۋەتىپ بەرمەكچى ، ئەمىر ھۇسەين سىلەرنى تەخىر قىلماي ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دەپ قورقۇتتى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلار بەك قورقىنىدىن قېچىپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . ئۇلار كۆكىنەك[3] دېگەن يەرگە يېتىپ بېرىشى بىلەن

---

① بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «تېمۇرخان» يېزىلغان . پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن ئالدۇق .
② چوڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان بۇ سۆزلەر موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يوق ، پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن ئېلىندى .
③ بۇ سۆز رۇسچە تەرجىمىسىدە « кулаңг» (كۇلەڭ ) ، خەنزۇچە نەشرىدە « Kukung» (كۇكۇڭ ) دەپ ئېلىنغان (مۇھەررىردىن ) .

جەتە لەشكەرلىرىدىن ئۇلۇغ توقتىمۇر شىراۋۇلنىڭ ئوغلى كەپەكتىمۇر ۋە ھاجىبەگنىڭ ئوغلى ئىگىرچاقلار باشلىغان ئالدىنقى قىسىملىرى بىلەن قوشۇلدى ۋە ئۇلارغا يول باشلاپ تىمۇرخاجە ئوغلان، جاۋۇرچى ۋە ئاباس باھادىرنىڭ ئۇستىگە كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. بۇ ئۇچەيلەننىڭ ئەسكەرلىرى پەرىشان بولۇپ چېچىلىپ كەتتى.

ھەزرىتى ساھىبقىران بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار بولدى ۋە دۆلەتنىڭ ئىشىدا تېخى بىر تەخىر قىلىش جەريانىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئارتۇق كۈچەپ كېتىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلدى.

«ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا تىرىشىدۇ. زاماننىڭ ياردىمى ۋە ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ساقلاپ تۇرۇش ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس.»

ھەزرىتى ساھىبقىران ئامول[1] كېچىكىدىن ئۆتۈپ بەلخ[2]نى قارارگاھ قىلدى ھەم ئۆزىنىڭ تۇمەنىنى، چېچىلىپ كەتكەن ئېلىنى تامامەن يىغدى. كەپەكخان ۋە تۇمەن بۇغاي[3] سۇلدۇزنىڭ تۇمەنلىرىنىمۇ توپلاتتى. بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى دەريا لېۋىنى ساقلاشقا قويدى. ئۇلارنىڭ سەگەك ۋە ھوشيار تۇرۇپ چوڭ ياكى كىچىك ھادىسىلەردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشىنى جېكىلىدى. تىمۇرخاجە ئوغلاننى قىلغان گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئۆزى دۆلەت ۋە ھۆكۈمدارلىق قۇياشىنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ خۇشال - خۇرام تۇرمۇشنى ياشىدى. نەزم:

غەنىيمەتدۇر بۇ پانى دەھر ئارا، ئەي خاجە، بۇ فۇرسەت،
ئەگەر بىرلەھزە ھەم بولسە مۇيەسسەر ئەيلەگىل ئىشرەت.

---

① ئامول — ئامۇ دەرياسىدىكى بىر كېچىك (مۇھەررىردىن).

② بەلخ — ھازىرقى ئافغانىستاندىكى مازارىشەرىفنىڭ غەربىگە تەخمىنەن 20 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا (مۇھەررىردىن).

③ موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «ايكىنجي» دەپ خاتا يېزىلغان.

# ئون بەشىنچى باب

## جەتە لەشكەرلىرىنىڭ سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلىشى

جەتە لەشكەرلىرى سەمەرقەندكە كەلدى، ئۇ چاغدا سەمەرقەندنىڭ سىپىلى يوق ئىدى. مەۋلانازادە سەمەرقەندى، مەۋلانا خۇردەك بۇخارى ۋە ئەبۇناسىر قۇلۇي نەدداف شەھەر خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شەھەرنى ۋە شەھەر كوچىلىرىنى ساقلاشقا كىرىشتى.

بىر مۇددەت قەھرىمان بىر پادىشاھنىڭ قول ئاستىدا بولمىغان بۇ خەلق شۇنداق بىر مەككار ۋە خەتەرلىك زور قوشۇنغا قارشى مۇداپىئەدە شۇنداق بەرداشلىق كۆرسەتتىكى، دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قولى شەھەر ئاھالىسىنىڭ مال ـ ئەشيالىرىغا يېقىن يولىيالماي قالدى. خالايىق ئۇزۇن مۇددەت مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىپ تولا تەڭلىك تارتتى. شۇ چاغدا ئاجىزلارنىڭ ياردەمچىسى بولغان تەڭرى ئۇلارغا يار ـ يۆلەك بولدى. «ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇكتىن كېيىن بىر ئاسانلىق بار، ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار»[1] دېگەن ئايەتنىڭ روھ بەخش قىلغۇچى سەلكىنى تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى تەرىپىدىن چىقىشقا باشلىدى. جەتە لەشكەرلىرىنىڭ ئاتلىرىغا ۋابا تېگىپ[2]، ئاتلىرى شۇنچىلىك كۆپ ئۆلدىكى، تۆت ئاتلىق ئەسكەردە بىردىن ئات

① «قۇرئان كەرىم»، 94 ـ سۈرە ئىنشىراھ، 5 ـ، 6 ـ ئايەتلەر.

② «جەتە لەشكەرلىرىنىڭ ئاتلىرىغا ۋابا تېگىش» دېگەن بۇ مەزمۇن موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يوق. پارسچە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئېلىندى. بۇ چۇما كېسىلى بولۇشى مۇمكىن.

قالدى . شۇنىڭ بىلەن ، جەتە لەشكەرلىرى ئاجىزلىشىپ قايمۇقۇپ نائىلاج چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ساداقلىرىنى ئۇچىلىرىغا ئارتىپ پىيادە قېچىشتى . مۇنداق زور لەشكەرگە تاقابىل تۇرۇپ مەملىكەتنى مۇھاپىزەت قىلىش ئەسلىدە مەشھۇر پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ نايىبلىرىنىڭ ھىممىتى بىلەن بولىدىغان ئىش ئىدى ، لېكىن پۇقرانىڭ قولىدىن كەلدى . بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر قىسىم قوۋۋىتى بارراق كىشىلەر مەغرۇرلىنىپ كەتتى ۋە ئۆز ھەددىدىن ئېشىپ زىيانكەشلىككە قەدەم قويدى ، قان تۆكۈش ، پىتنە ـ پاسات قوزغاشقا قول ئۇزاتتى . مىسرا :

گەدا خەيلىغە ھەرگىز مۇئتەبەرلىك يەتمەسۇن ، يا رەب .

جەتە لەشكەرلىرى چېكىنمەكچى بولۇپ تۇرغاندا ، ھەزرىتى ساھىبقىران ۋەزىيەتنى بىلىپ كېلىش ئۇچۇن ئابباس باھادىرنى قەلئەگە ئەۋەتكەندى . ئابباس باھادىر ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ھەزرىتى ساھىبقىرانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى . ھەزرىتى ساھىبقىران جەتە لەشكەرلىرىنىڭ يانغىنىدىن خەۋەردار بولۇپ ، ئەمىر ھۇسەينگە : «بۇ ھالدىن خەۋەردار بولۇپ ، بۇ ياققا كەلسۇن» دەپ ئادەم ئەۋەتتى . ئەمىر ھۇسەين ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھەددىدىن ئارتۇق خۇرسەن بولدى ۋە دەرھال شىبەرتۇدىن كۆچۇپ سالى سارايغا قاراپ ماڭدى . ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆي ۋە ئېلىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قەدىمىي يۇرتىغا ئەۋەتتۇەتكەندى ، ئۆزى ئەمىر ھۇسەيننى قارشى ئېلىشقا چىقتى . ئۇلار باغلان[1] ۋادىسىدا ئۇچراشتى ۋە بىر ـ بىرلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ئېھتىرام قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ۋە كەلگۇسى ئىشلار ئۇستىدە سۆزلەشتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن باش ئەتىيازدا سەمەرقەندكە مېڭىشقا قارار

① باغلان — شىبىر تاغ (يەنى شىبەرتۇ) ئېغىزىدىن سالى سارايدىكى چوڭ يولغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

قىلىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي ھەزرىتى ساھىبقىران سائادەت بىلەن قايتىپ، جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ مەنزىللەرنى بېسىپ قارشىغا كېلىپ چۈشتى.

ئۇ شەھەرنىڭ قارشى ئاتىلىشىغا سەۋەب شۇ بولغانكى، كەپەكخان نەسەف (يەنى نەخشەب) شەھىرىدىن ئىككى فەرسەڭ يىراق جايدا بىر قەسىر بىنا قىلغانىدى. مۇغۇللار «قەسىر» سۆزىنى «قارشى» دېيىشەتتى. ھەزرىتى ساھىبقىران قىش پەسلىدە ئۇ يەردە توختىدى ۋە قارشىنىڭ سېپىل، ئىمارەتلىرىنى تۈزىتىشكە ئەمىر قىلدى ھەم ئۇ قىشلىقى بۇ قۇرۇلۇشنى تامام قىلدى.

نەزم:

نە خاھىش ئەيلەسە قىلدى قەزا راست،
ئۇمىدى تۇخمى ئۇندى بىكەمۇ كاست.

## ئون ئالتىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل:

# ئىلياس خاجەخاننىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ھادىسىلەر زىكرى، ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئىسيانى ۋە ئىستېلاسىنىڭ بايانى

موغۇل خەلقى ئېغىزلىرىدا ئىلياس خاجەخان ھەققىدە ھېچ بىر ھېكايەت ۋە رىۋايەت زىكىر قىلىنغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئەمما، «زەپەرنامە»نىڭ بايانىدىن ئىلياس خاجەخاننىڭ ئەھۋالى مۇنداق مەلۇم بولىدۇ: تۇغلۇق تېمۇرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن

مەملىكەت ۋە خانلىق تەختى ئۇنىڭغا قارار تاپتى . ئۇنىڭ خانلىق مۇددىتى ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن لاي ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىپ سەمەرقەندنى مۇھاسىرە قىلىپ ، ئات ـ ئۇلاغلىرى نابۇت بولغاندىن كېيىن ئاز مەھەل داۋام قىلغان بولسا كېرەك .

بىز تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغان ۋەقەلەرنى موغۇللار تۇغلۇق تېمۇرخان ۋاپاتىدىن كېيىنكى ۋەقەلەر قاتارىدا رىۋايەت قىلىدۇ . بۇ تۆۋەندە بايان قىلىنغۇسى . ئەمما ، بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئىلياس خاجەخان ۋاپاتىدىن كېيىن يۈز بەرگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىنراق ، خەلق ئېغىزىدىمۇ شۇنداق مەشھۇر بولغانىدى .

ئەھۋال مۇنداق : تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان بابتا ئىسمى زىكىر قىلىنغان ئەمىر بۇلاجى بەش ئاغا ـ ئىنى ئىدى ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى دېگەن بابتا ئىسمى زىكىر قىلىنغان ئەمىر تۆلەك ، ئىككىنچىسى ئەمىر بۇلاجى ، ئۈچىنچىسى «زەپەرنامە» دىن ئېلىنغان نەقىلنىڭ لاي ئۇرۇشى بايانىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان ئەمىر شەمسىددىن ، تۆتىنچىسى ئەمىر قەمەرىددىن ئىدى ، ئۇنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر . بەشىنچىسى ئەمىر شەيخ دۆلەت ئىدى ، ئۇنىڭدىن ھېچ نىشانە قالماپتۇ .

ئەمىر تۆلەكدىن كېيىن ئۇلۇسبېگىلىك مەنسىپى ئەمىر بۇلاجىغا مۇقەررەر بولدى . ئەمىر بۇلاجى ئاغىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ ئالەمگە راۋان بولدى . تۇغلۇق تېمۇرخان ئۇلۇسبېگىلىك مەنسىپىنى ئەمىر بۇلاجىنىڭ ئوغلى ئەمىر خۇدايدادقا تاپشۇردى . ئەمىر قەمەرىددىن خانغا تىزلىنىپ تۇرۇپ : «ئاكامنىڭ مەنسىپى مېنىڭ ھەققىم ئىدى ، ئۇنى ماڭا ئىلتىپات قىلغايسىز ، ئاكامنىڭ ئوغلى تېخى يەتتە ياشتا ، بۇ مەنسەپكە لاياقىتى يوق» دەپ تولىدىن تولا ئەرز ـ ئىلتىجالار قىلدى ، ئەمما تۇغلۇق تېمۇرخان ئۇنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلمىدى . ئەمىر خۇدايداد يەتتە ياشتا ئىدى ، ئۇنى ئۇلۇسبېگى قىلدى .

ئەمىر قەمەرىددىن ناھايىتى قاۋۇل ، قورقۇمسىز ۋە مەشھۇر كىشى ئىدىكى ، ئۇنىڭ ئۆتۈكى ئىچىگە يەتتە ياشقا كىرگەن بىر

بالىنى سالسا سىغاتتى . ئەمىر قەمەرىددىن بۇ مەنسەپتىن مەھرۇم بولغىنىغا ناھايىتى رەنجىدى ، ئەمما ھېچ چارە تاپالمىدى . تۇغلۇق تېمۇرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەمىر قەمەرىددىن ئىسيان قىلدى . «زەپەرنامە»دە بايان قىلىنىشىچە ، ئىلياس خاجەخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئىسيان قىلغانلىقى مەلۇم ، شۇڭا بۇ ھەقتىكى رىۋايەتتە ئىختىلاپ بار .

دۆلەتتە ئىقتىدارلىق خان قالمىغاندىن كېيىن ئەمىر قەمەرىددىن كۆڭلىدىكى ئاداۋەت ساندۇقىدا ساقلاپ كەلگەن ئۆچمەنلىكىنى ئاشكارىلىدى . موغۇللارنىڭ ئاغزىدا شۇنداق مەشھۇر دۇركى ، ئەمىر قەمەرىددىن ئون سەككىز خانزادىنى بىر كۈندىلا ئۆلتۈردى ۋە خانلىق نامىنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى ، موغۇلىستان ئىشلىرى تەرتىپسىز بولدى . تۇغلۇق تېمۇرخاندىن تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان بىر ئوغۇل قالغانىدى . ئۇ ئوغۇلنى ئانىسى مىرئاغا بىلەن ئەمىر خۇدايداد بىرلىشىپ يوشۇرۇپ قالدى . ئەمىر قەمەرىددىن ئۇ ئوغۇلنى تېپىپ كېلىشكە نەچچە نۆۋەت كىشى ئەۋەتتى . ئۇلار شۇ قەدەر مەخپىي قىلغانىدىكى ، ھەر قېتىمدا ئەمىر قەمەرىددىننىڭ كىشىلىرى شۇنچە ئىزدەپ تەپتىش قىلغان بولسىمۇ ، تاپالماي يېنىپ كەتتى . ئەمىر قەمەرىددىن موغۇل ئىچىدە خانلىق ئىشلىرىنى تۇتۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى ، دۆلەت ئەمىرلىرى ئىچىدىكى ئىختىلاپ تۈپەيلىدىن چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمىر تېمۇرنىڭ تەئەررۇزى ۋە لەشكىري ھۇجۇمى موغۇلىستانغا پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتاتتى ، شۇ سەۋەبتىن ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئىشلىرى ھېچ ئىلگىرى باسمىدى .

ئەمىر خۇدايداد خىزىر خاجەخاننى كاشغەردىن كىشى قوشۇپ ، كاشغەر ۋە بەدەخشان[1] ئارىسىدىكى تاغلارغا ئەۋەتىۋەتكەنىدى . ئۇلار شۇ تاغدا كۈن ئۆتكۈزۈپ ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئاپىتىدىن ئامان قالدى ؛ بۇ ۋەقە كېيىن بايان قىلىنغۇسى . ئەمدى سۆزنى بۇ يەردە

---

① بەدەخشان — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىدىكى بەدەخشان ۋىلايىتى تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن ) .

توختىتىپ، ئەمىر قەمەرىددىننىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنى ئالدىن بايان قىلىش مۇناسىپ كۆرۈندى.

## ئون يەتتىنچى باب

### «زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل:

# ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئاخىرقى ۋەقەلىرى

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغىنىدەك، ئەمىر قەمەرىددىن سەلتەنەت ئىشلىرىغا جىددىي تۇتۇش قىلىۋاتاتتى. [ئەمىرلەردىن ئىسيان قىلىشقا ئىمكانى بارلارنىڭ ھەممىسى بار تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى[1].] شۇ سەۋەبتىن كۇفرە[2] ۋە ئۆزبېك تېمۇر ئەمىر تېمۇرگە قوشۇلدى، كېيىن يەنە بۆلۈنۈپ چىقتى. ئەمىر تېمۇر لەشكەر ئەۋەتىپ، بۇلار تاكى ئالمائاتا چېگراسىغىچە بېرىپ ئائىشە خاتۇن دەرياسى لېۋىدە كىرەي (كەرەي) خەلقى بىلەن قانلىق ئۇرۇش قىلىشتى. ئاخىر ئۇلار سۇلھى قىلدى، ئەمىر تېمۇر لەشكەرلىرى يېنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمىر تېمۇر بۇ سۇلھىنى لايىق كۆرمەي ئۆزى چېگراغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ۋەقەنى «زەپەرنامە» دە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «خۇدايىتائالا ھىممىتى يۇقىرى بەندىلەرنى دوست تۇتىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ ھۆكۈمى بىلەن بۇ بەختىيار ساھىبقىراننىڭ ئالىي ھىممىتى ھەر ئىشنى باشلىسا، تاكى ئۇنى ئاخىرقى چېكىگە يەتكۈزمىگۈچە رازىلىق بەرمەيتتى. ئەمىرلەر ساھىبقىران-

① بۇ جۈملە موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يوق، پارسچە نۇسخا بىلەن مۇھەممەدسادىق قەشقەرىنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن قوشۇلدى.

② بۇ ئىسىم پارسچە نۇسخىدا «كومزەھ» دېيىلگەن.

ـنىڭ بۇ رايىغا خىلاپ ھالدا ئۇرۇشنى سۇلھىگە ئالماشتۇرغانىدى .

[شىر بىلەن سۇلھى تۈزۈشكە تۈلكە ـ ئىتتا بارمۇ ھەد
بۇ كەبى سۇلھى بىلەن جەڭ توختىغايمۇ ئاقىبەت .]

بۇ ئىش ھەزرىتى ساھىبقىرانغا ئاڭلىنىپ ، شۇ سەۋەبتىن ئۆزى ئۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن مۇبارەك ئايىغىنى ئۈزەڭگىگە قويدى ، لەشكەرلەرنى جەم قىلماق ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە يارلىق ئەۋەتتى . غالىب ئەسكەرلەر ھەممە تەرەپتىن ھەرىكەتكە كەلدى . نەزم :

سىپەھ بىرلە پۇر بولدى دەرگاھى شاھ ،
نەبەرد ئازمايانى نۇسرەت پەناھ .
كى رىگى بەيابان كەبى بىشۇمار ،
ھەمە جەڭ ئارا شىرى دۇشمەن شىكار .
سىپاھى ئىدى مىسلى غەررەندە مىغ ،
ۋەلى رەزمى ۋەقتىدە پەررەندى تىغ .
يۈرۈتتى سىپەھنى شەھى نىك بەخت ،
چۇ رىگى بەيابانۇ بەرگى دەرەخت .
بۇ يەڭلىغ سىپەھ قىلدى جۇنبىشكى كۇھ ،
قاچۇر ئىردى يەتسە ئەگەر ئول گۇرۇھ .

ھەزرىتى ساھىبقىران [غالىبانە تەدبىرى ۋە بەختىيارلىقى بىلەن سايرام ۋە ياڭى قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ ، ئۇ] ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋەررۇك ئائىلە ۋە ئەۋلادلىرىغا تاۋاپ قىلاتتى ، شۇنىڭ خاسىيىتى ۋە بەرىكىتىدىن كارامەت تېپىپ شەھەرگە كىردى . مۇخالىپلار ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ كەلگەنلىـكىدىن خەۋەر ئالغان ھامان پاراكەندە بولۇپ قاچتى . ھەزرىتى ساھىبقىران غالىب لەشكەرلىرى بىلەن تاكى سەگىز ياغاچ[1] قىچە

① پارسچە نۇسخىدا «سەنگەر يىغاچ» دېيىلگەن ، خەنزۇچە نەشرىدە «سەنگەرنىفەج» (Sangarnifaj) دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، دەپ ئىزاھلىغان (مۇھەررىردىن) .

باردى ، لەشكەرلىرىگە بۇ غەلىبىدىن ناھايىتى كۆپ ئولجا غەنىيمەت ھاسىل بولدى . بۇ رىۋايەت ۋە نۇسرەت ئايەتى كەرىم بىلەن مۇخالىپلار قىستاپ ، پەرۋەردىگارنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن ئىلگىرىلىدى . ئورۇن قورى① دېگەن جايدا ئەمىر مۇسا ۋە زىندە چەشم② دېگەن كىشىلەرگە ھەزرىتى ساھىبقىران ئەزەلدىن بىرى نەچچە قېتىملاپ لۇتف ۋە مەرھەمەت يەتكۈزگەن بولسىمۇ ، ئۇلار يەنە ھىيلە ۋە مىكىر ئىشلىرىنى باشلىدى . خىزىر يەسۇرىينىڭ ئوغلى ئەبۇئىسھاق بىلەن بۇ ھەقتە مەسلىھەتلىشىپ ۋەدە - قەسەملەرنى قىلىشتى . قاراسامان دېگەن جايغا بېرىپ ، ھەزرىتى ساھىبقىراننى شىكار مەزگىلىدە ھىيلە بىلەن تۇتماقچى بولۇشتى . ھالبۇكى ، ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ بۇ قالايمىقان خىيالىغا ئەقىل مەسخىرە بىلەن كۈلەتتى . نەزم :

تولا تىيرە راي ئولماغىل ، شىر غەرۇن ،
قاچان رۇبە ئالدىدا بولغان زەبۇن .

خانزادە ئەبۇمەئالى تېرمىزى ۋە شەيخ ئەبۇلەيس سەمەرقەندى بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرى ھەزرىتى ساھىبقىرانغا قارشىلىق قىلماقچى بىر - بىرى بىلەن ئەھدۇپەيمان قىلغانىدى . بۇلارمۇ مۇسا ۋە زىندە چەشم بىلەن قوشۇلۇپ ئىتتىپاق تۈزدى . بىر كىشى بۇ سۆزدىن خەۋەر تېپىپ بۇ ئەھۋالنى تەخىرسىز ھالدا بايان قەلىمى بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ روشەن كۆڭۈللىرىنىڭ سەھىپىسىگە نەقىشلىدى . ھەزرىتى ساھىبقىران بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئۇلارنى ھازىر قىلىشقا پەرمان بەردى . ئۇ تۆتەيلەن ئېلىپ كېلىنىپ سوراق ئورنىدا تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇلدى . سوراق جەريانىدا ئۇلارنىڭ گۇناھى ۋە يامان خىياللىرى ئىسپاتلاندى . لېكىن ، مەھدى ئۇلىيا سارايمەلىك خانىم ئەمىر مۇسانىڭ جىيەن سىڭلىسى

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «ئەدۇن كۇنزى» (Adun Kunzi) دەپ ئىزاھلانغان (مۇھەررىردىن) .

② پارسچە نۇسخىدا «زىندە ھەشەم» (Zinda Hasham) دېيىلگەن .

ئىدى ، ئۇنىڭ پاك ۋۇجۇدىدا ھەزرىتى ساھىبقىراندىن بىر ئوغۇل ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى . ئەمىر مۇسانىڭ پاك ۋە گۈزەل قىزى ئەكە بېگىم بۇ ئوغۇلغا نامزات قىلىپ تاللانغانىدى . ھەزرىتى ساھىبقىران ئەمىر مۇساغا : «سەندىن شۇنچە چوڭ گۇناھ سادىر بولغان بولسىمۇ ، لېكىن سېنىڭ بىلەن ئارىمىزدا تۇغقانلىق رىشتى بار . شۇڭا ، ئۇ گۇناھىڭغا كەچۈرۈم قىلىمىنى تارتىپ ۋە ئىنتىقامدىن ئۆتتۇم» دېدى . نەزم :

مەرا ئاتى پەيۋەندى رىشۇ سەفىد ،
ساڭا بەردىلەر زىندەلىكدىن ئۇمىد .
[كى بولمىسا قىلغاي ئىدىم بىر ھۆكۈم ،
جۇدا بولغاي ئىدىڭ بېشىڭدىن چوقۇم .]

خانزادىگە قاراپ : «سىزنىڭ نام ـ نەسەبىڭىزنىڭ زەنجىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى ئائىلىسىگە بېرىپ باغلىنىدۇ . مەن سىزنىڭ ھاياتىڭىز ئېتەكىگە ئاپەت غۇبارى قونۇپ قېلىشىنى ھېچقاچان راۋا كۆرمەيمەن ، ئەمما سىز بۇ يەردە ئارتۇقلۇق قىلىسىز . شۇڭا ، مەسلىھەت شۇكى ، بۇ ۋىلايەتتىن چىقىپ كەتكەيسىز» دېدى ۋە شەيخ ئەبۇلەيسنى ھىجاز (مەككە) سەپىرىگە بۇيرۇدى . خىزىر يەسەۋرىينىڭ ئوغلى — ئۇ ئەمىر سەيفىددىننىڭ ئىنىسى ئىدى — شاپائەت ۋە ئىنايەت بىلەن ئۇ سوراقتىن خالاس بولدى . ئۇنىڭ گۇناھ داغلىرى شاھانە ئىنايەت سۈلىرى بىلەن يۇيۇلدى ، ئاندىن بېجىرىش زۆرۈر بولغان پەرمان چۈشۈرۈلۈپ ، زىندە چەشمىنى باغلاپ سەمەرقەندكە ئېلىپ باردى . ئۇنى كاجۇۋىنىڭ ئىچىگە سېلىپ چىقىش ئىشىكىنى ئېتىۋەتتى . نەزم :

يوق ئەيلەپ ئەدۇنى قۇتۇلماق كېرەك ،
كى بۇنيادى پەنجىنى يۇلماق كېرەك .

چۈنكى ، ئەقىل كۆزىنىڭ جاھان ئەينىكى ئېتىك ئىشكىلەرنى

ئاچقۇچى ۋە يېقىن يوللارنى كۆرسەتكۈچىدۇر . ئۇنىڭغا مەخپىي ئەمەسكى ، يىلاننى قويىندا ساقلىماق ۋە دۈشمەننى دوست دەپ چاغلىماق ئاقىۋەتتە خەۋپ ـ خەتەردىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر .
نەزم :

تەۋبە قىلماس دەرەندەلىكدىن كەرگ ،
تاكى ئايرىلماغۇنچە زىند ئاندىن .
تاشلاماس زەخم ئۇرماقىنى يىلان ،
باشى يەنچىلمەگۈنچە سەنداندىن .

ھەزرىتى ساھىبقىران سەلتەنەت تەختىنىڭ ئەبەدىيلىكىگە ياردەم بېرىدىغان ئىشنى قىلدى . شىبارغان ھۆكۈمىتىدىكى زىندە چەشمىنىڭ ئورنىنى ئاق بوغانىڭ ئوغلى بايان تېمۇرگە ئىنئام قىلدى . نەزم :

سائادەتى بۇ سىفەت يەر يۈزىنى پات فۇرسەت ،
كى شاھلاردىن ئالىپ بەندەلەرگە بەرگۈسىدۇر .

# ئون سەككىزىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

## ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ جەتە تەرەپكە ئۈچىنچى نۆۋەت بارغانلىقى

تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 776 ـ يىلى[1] شەئبان ئېيىنىڭ ئەۋۋىلى پەيشەنبە كۈنى ئىدى . ھەزرىتى ساھىبقىران غالىب

① ھىجرىيە 776 ـ يىلى مىلادىيە 1375 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

قوشۇننى توپلاپ تەگرىنىڭ قوللىشى بىلەن جەتە، يەنى موغۇلىستان تەرەپكە يۈزلەندى. ھەزرىتى ساھىبقىران راباتى قەتئان دېگەن جايغا يېتىپ كەلگىنىدە، قۇياش ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن بېشىنى بىراقلا بۇلۇت جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى. گۆھەر چاچقۇچى پادىشاھنىڭ سېخىيلىقىتا دەريا سۈپەت قوللىرىدىن كۈمۈشلەر چېچىلدى، ئۈزمەي چاقماق چېقىپ قار - يامغۇرلار ياغدى. نەزم:

ھەرگىز كىمەرسە بەرمەدى مۇنداغ نىشان بەرف،
گوياكى نەغمە قىلدى جەھاننى دەھان بەرف.
ئول پەنبەدانەدەككى ئېرۈر پەنبەدە نىھان،
تاغلارنى قىلدى خەۋفى ئىچىندە نىھان بەرف.

سوغۇقنىڭ شىددىتى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بەدەن قۇۋۋەتلىرى كاردىن قالدى. نە قولدا ئالماق - بەرمەك قۇۋۋىتى، نە ئاياغدا بارماق - كەلمەك قۇدرىتى، خالايىق ئات - ئۇلاغلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئاجىز بولدى. ھەممىنىڭ شېرىن جانلىرى خەتەر ئۈستىدە ئىدى. بۇ تۈپەيلىدىن تولا خەلق ئۆلۈپ كەتتى، چارۋىلارنىڭمۇ كۆپ قىسمى نابۇت بولدى. ھەزرىتى ساھىبقىران خالايىققا رەھىم - شەپقەت قىلىپ شۇ جايدىن قايتتى ۋە ئىككى ئاي سەمەرقەندتە كۈتۈپ تۇردى، تاكى ھاۋانىڭ سوغۇقلۇق شىددىتىگە شىكەستە يەتكەندە، يەنە ئۇي يىلى[1] شەۋۋالنىڭ ئىپتىداسىدا دۈشەنبە كۈنى ئۇ چېگراغا يۈرۈش قىلدى؛ ھەممە ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ جەتە تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى؛ ئەمىرزادە جەھانگىرنى مۇقەددىمە ھېسابىدا ئالدىن ماڭغۇزدى؛ شەيخ مۇھەممەد بەيان سۇلدۇز بىلەن بەھرام جالايىرنىڭ ئوغلى ئادىلشاھ — ئاتىسى بەھرام جالايىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن

---

① پارسچە نەشرىدە ۋە خەنزۇچە نەشرىدە «توشقان يىلى» دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

هەزرىتى ساھىبقىران جالايىر گۇرۇھىنىڭ سەردارلىقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانىدى — ئىككىسىنى شاھزادە جەھانگىرنىڭ ياردەمچىلىكىگە قوشۇپ بەردى . ئۇلار سايرامدىن ئۆتۈپ چارۇن دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى . ئۇ يەردە جەتە خەلقىدىن بىر كىشىنى تۇتۇپ هەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى ، دۇغلات قەبىلىسىدىن بولغان ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئەھۋالىنى ئۇ كىشىدىن سورىدى . مەلۇم بولدىكى ، ئەمىر قەمەرىددىن لەشكىرىنى يىغىپ كۆكتۆپە دېگەن جايدا ھاجىبەگكە ساقلاپ تۇرۇۋېتىپتۇ . هەزرىتى ساھىبقىراننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئۇ تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىدىن خەۋەرسىزدۇر . شۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرى يۈرگەن قوشۇن توختىماستىن تېزلىكتە يۈرۈش قىلسۇن ، دەپ دەرھال ئالىي پەرمان چۈشۈرۈلدى ، هەزرىتى ساھىبقىران ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تېزلىكتە يۈرۈش قىلدى . ئەمىر قەمەرىددىن پەلەك مەرتىۋىلىك لەشكەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولدى - دە ، تۇرغان جايىدا تەخىر قىلالماي ، ئارسلا[①] ئاتلىق مەھكەم بىر جايغا بېكىندى . ئۇ ئۈچ جىلغا بولۇپ ، ئىچى ناھايىتى كەڭرى ئىدى . ئۇ يەردە ئۈچ ئۇلۇغ ئېقىن ئېقىپ تۇراتتى . ئەمىر قەمەرىددىن لەشكەرلىرى بىلەن ئىككى جىلغىدىن ئۆتۈپ ئۈچىنچى جىلغىغا بېرىپ چۈشتى ۋە يوللارنى مەھكەم بېكىتتى . شاھزادە جەھانگىر يېتىپ كېلىپ دۈشمەنلەرنى تۇتقۇچى قوشۇنلىرىنى راسلاپ ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى ، ئۇلارنىڭ تەنتەنە ساداسى پەلەك گۈمبىزىگە تولدى . باھادىرلار ئالدىن يۈردى ، ئۇلار ئوقلىرىنى گوياكى ئوۋچى لاچىندەك كامان ئۇۋىسىدىن ئۇچۇردى . ئۇلار بەختىيارلىق قۇۋۋەتلىرى بىلەن جانلارغا زەخمە يەتكۈزگۈچى ئوقلىرىنىڭ ۋەھىمىلىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ كۆڭلىگە يەتكۈزدى . ئۇلار ئەمىر قەمەرىددىننىڭ قارشى-

---

① پارسچە نەشرىدە «ئارجىشلار» ، خەنزۇچە نەشرىدە «ئارشال ئاتار» (Arshal Atar) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

سىغا كېلىپ چۈشتى . ئەمىر قەمەرىددىننىڭ سىپاھلىرىنىڭ قۇلىقىغا ئۇلارنىڭ ئوقلىرىنىڭ خەۋىرى يەتكەندى . كېچە بولۇش بىلەنلا ئۇلارنىڭ تولىسىنى ئۆلتۈرۈلدى .

ئەتىسى سەييارىلەر شاھى قۇياش ئۆزىنىڭ يۇكسەكلىك ئەلىمىنى كۆتۈردى ، ھەزرىتى ساھىبقىران قالغان لەشكەرلەرنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى . ئەمىر سەئىد داۋۇد ، ھۇسەين ۋە ئۈچ قارا باھادىرنى دۇشمەننىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتتى . ئۇلار پەرمان بويىچە سۇنىڭ تۆۋىنىگە قاراپ يۈردى . ھۇسەين سۇغا چۆكۈپ كەتتى ، سۇ ئۇنىڭ ھايات چىرىغىنى ئۆچۈردى . قالغانلار دۇشمەن بار جايغا يەتتى ، ئۇلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ دۇشمەننىڭ مال - چارۋىلىرىنى تارتىۋالدى . ئەل بولغان ھەزارەلەرنى ئەسىر قىلىپ سەمەرقەندكە ئەۋەتتى . ھەزرىتى ساھىبقىران دۇشمەنلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن تاكى بايتوق[1] دېگەن جايغىچە قوغلاپ باردى ، ئاندىن ئەمىر قەمەرىددىننى ئىزدەپ يوقىتىش ، ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئەمىرزادە جەھانگىرنى غالىب لەشكەرلىرى بىلەن ئەۋەتتى ، شاھزادە پەرمانغا بىنائەن ھېسابسىز لەشكەرلەر بىلەن راۋان بولدى . ئۈچ ۋە فەرمان دېگەن يەرلەردە ئولتۇراقلاشقان جەتە ھەزارەلىرىنى بۇلاپ - تالىدى . ئەمىر قەمەرىددىننى تاغلىق ئىچىدە تېپىپ ئارقىسىدىن قوغلىدى ، ئۇنى ئەل - ئۇلۇسى ئىچىدىن قوغلاپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى . پۈتۈن يۇرت - ماكانلىرىنى بۇلاپ - تالىدى . خوتۇنلار ئىچىدىن ئەمىر شەمسىددىننىڭ خوتۇنى تۈمەن ئاغا ۋە قىزى دىلشاد ئاغانى تۇتۇۋالدى . شاھزادە كىشى ئەۋەتىپ بۇ ۋەقەلەرنى ھەزرىتى ساھىبقىرانغا خەۋەر قىلدى . ھەزرىتى ساھىبقىران يەنە ئەللىك ئۈچ كۈن ئاشۇ جايدا ساقلىغانىدى ، بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ يەردىن كۆچۈپ قارا قاسماق دېگەن جايغا چىقتى . ئەمىرزادە جەھانگىر سائادەت بىلەن خىزمەتكارلىق قىلىپ ، شۇ

---

① پارسچە نەشرىدە «ياي تاق» دېيىلگەن .

جايدا ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئاياغلىرىغا سۆيۈش شەرىپىگە ئېرىشتى ھەمدە ئات، قوي ۋە چاكار قاتارلىق ھېسابسىز ئۇلجا ـ غەنىيمەتلەرنى پېشكەش قىلدى. دىلشاد ئاغا ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ بىساتلىرىنى سۆيۈش دۆلىتىگە مۇشەررەپ بولۇپ بەختىيار ۋە دىلشاد بولدى. نەزم:

دائىما دىلشاد بولسۇن ھەزرىتى ساھىبقىران،
مىڭ كەنىز ئۇلسۇن ئاڭا دىلشاد يەڭلىغ ھەر زەمان.

جەھانگىر مىرزا يېشى كىچىك بولسىمۇ، ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئىقبالى تەسىرى بىلەن مۇشۇنچە ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلدى. مىسرا:

بۇ دەۋلەت بىلە بۇ ئىش ئېرمەس غەرىب.

ھەزرىتى ساھىبقىران ئۇ يەردىن كۆچۈپ ئاتباشى دېگەن جايغا، ئاندىن ئارپا يازى[1] سەھراسىغا كەلدى. ئۇ يەردە نەچچە كۈن بەختىيار ۋە پاراۋانلىق بىلەن توختىدى. مۇبارەك شاھ بەكرىت[2] ئۇ يەردىكى ھەزارەلەرگە ئەمىر بولۇپ ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ئىدى. ئۇ كىشى توي مۇراسىمىنى بەجا كەلتۈرۈپ، شۇ قەدەر مۇناسىپ خىزمەتلەر بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىرانغا يېقىنچىلىق قىلدى. نەزم:

كەمەربەندلىككە قىلىپ ئۇستىۋار،
تۇرۇپ شاھ دەرگاھىدا بەندەۋار.

---

① ئارپا يازى — فەرغانىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىدىغان ئىككى دەريانىڭ نامى (مۇھەررىردىن).

② پارسچە ۋە خەنزۇچە نەشرىدە «مەكرىت» (Makrit) دەپ ئېلىنغان (مۇھەررىردىن).

ھەزرىتى ساھىبقىران شاھانە ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ ، خىزمەت ۋاقتىدا جان بەرگەن سالار ئوغلان ۋە ھۇسەيىننىڭ يۇرتىنى ئۇلارنىڭ ئوغلى خۇدايدادقا ئىنئام قىلدى .

## ئون توققۇزىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

## ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ دىلشاد ئاغا [بېگىم] بىلەن نىكاھ قىلغانلىقى

خۇدايىتائالا : «ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرىدىغان ئايالLاردىن ئىككىنى ، ئۈچنى ، تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ»[1] دېگەن سۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى ، كەڭ ئىنايىتىنى نىكاھ ئارقىلىق خوتۇنلارنى ھالال ۋە جايىز قىلىش ئارقىلىق بەخش ئېتىپتۇ . ھەزرىتى ساھىبقىران ئۇ مۇبارەك مەنزىل بولغان گۈزەل سەھرادا ئۆزىنىڭ رىغبەت چېدىرىنىڭ سائادەت سايىسىنى دىلشاد ئاغانىڭ ئۈستىگە سالدى . سەلتەنەت دەرگاھىنىڭ مۇلازىملىرى توي جابدۇقلىرىنى تەييار قىلىپ ۋىسال مۇراسىمىغا مەشغۇل بولۇشتى .

**نەزم :**

تۈزەلدى ئەجەب جەشنى فەرخۇندە پەي ،
مۇھەييا مۇغەننىيۇ ھەم ئۇدۇ مەي .
ئەجەب جەشنى ئالىيكى مىھرۇ قەمەر ،
تەماشاسىغە بولدى نەززارەگەر .
بۇ كۈنگەكى تالىئ ئاگا يار ئىدى ،

[1] «قۇرئان كەرىم» ، 4 ـ سۇرە نىسا ، 3 ـ ئايەت .

نەزەر ئەيلەمەكلىك سەزاۋار ئىدى .
جەھان جۇيى ئايىنى ئابا بىلە ،
قىلىپ توي ، جۇفت ئولدى رەئنا بىلە .

**نەزم :**

بۇ ھۇمايۇن بەزمدە بولماق ئۇچۇن گەۋھەر فىشان ،
پۇر جەۋاھىر ئەيلەمىش جامىغە گويا ئاسمان .

بەختىيار خاسۇئامىنىڭ ھەممىسى ئەيشۇئىشرەتكە چۆمدى . بەختىيارلىق ۋە پاراۋانلىق ئەسۋابلىرىدىن كىشىنىڭ خىيالىغا سىغمىدىغان ھەممە نەرسە كۆڭۈل خاھىشى بويىچە تەييار ۋە تەق بولدى ، ئارزۇ كۆزلىرى ھەر تەرەپتىن تاماشاغا نەزەر قىلماقتا ئىدى . **نەزم :**

گۈلى سالىم خەزاندىن بەرگى بارى ،
جەۋانلىق شاخىدا تازە بەھارى .

ئالتۇن قەدەھلەر قىپقىزىل شارابلار بىلەن لىق تولدۇرۇلۇپ ئايلاندۇرۇلدى . ھەر تەرەپكە قۇلاق سالسا ، شۇنداق سادالار ئاڭلىناتتىكى ، **نەزم :**

يۇسۇف سىفەتىكى كۆرمەيىن چاھ ،
ئىلتىپ رۇخى ئابى زۇھرەۋۇ ماھ .

ئەيشۇئىشرەت قانۇنىنى سازلاپ ، بۇ نەغمە ساداسىنى ئاينىڭ بەزمىگاھىغا ۋە زۇھرەنىڭ ئىشرەت سارىيىغا يەتكۈزدى . **نەزم :**

ھەمىشە بولغاي ئول ساھىبقىران شاد ،
دىلى خۇررەم ، ئۆزى خۇش ، مۇلكى ئاباد .

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۆچۈپ نۇسى[1] دېگەن جايدىن ئۆتۈپ ئۆزكەندكە بەختىيارلىق بىلەن قايتتى. شەھەرىستان مەھدى ئۇلىياسى بولغان قۇتلۇق تۇركەن ئاغا ئەتراپىدىكى نويانلار ۋە ئەمىرلەر بىلەن سەمەرقەندتىن كۆچۈپ كېلىپ، شۇ مەھەلدە ساھىبقىراننىڭ بىساتبۇسلۇقىغا مۇشەررەپ بولدى. ئىستىقبال ۋە قارشى ئېلىش مۇراسىملىرىنى ئەلا دەرىجىدە بەجا كەلتۈرۈپ توي ئىشرىتىگە مەشغۇل بولدى، ئاندىن ئۆزكەندتىن چىقىپ خوجەندكە يەتتى. بەھرام جالايىرنىڭ ئوغلى ئادىلشاھ خىزمەتكارلىق كەمىرىنى باغلاپ ھەزرىتى ساھىبقىرانغا توي بەردى ۋە ياخشى ئاتلارنى تۇتتى. كۆرۈنۈشتە مۇۋاپىق خىزمەتكارلىق قىلدى، ئەمما كۆڭلى باشقىچە ئىدى. ئۇ توي ئەسناسىدا باشقىچە بىر ھىيلە-مىكىر ئىشلەتمەكچى ئىدى، لېكىن ھەزرىتى ساھىبقىران ھەمىشە تەڭرىنىڭ مۇھاپىزىتىدە ئىدى. دۆلەت ئىلھامى بىلەن ھەزرىتى ساھىبقىران بۇ مەجلىسنىڭ مەخپىي ھىيلە-مىكىرلىرىنىڭ نىشانلىرىنى پاراسەت بىلەن پەملىدى، بۇ مەجلىس مىكىردىن خالىي ئەمەس. ئۇ ھىيلە-مىكىرلەرنى مۇلازىملارنىڭ ھەرىكەت ۋە سۇكۇناتىدىن پەملەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ قەبىھ ھىيلە-مىكىرلىك پىكىرلەردىن خالىي ئەمەسلىكىنى بىلدى-دە، دەرھال بۇ مەجلىستىن قوپتى ۋە ئاتلىنىپ مۇبارەك ئوردىغا يېنىپ كېلىپ چۈشتى.

ھەزرىتى ساھىبقىران قەمەرىددىن ئۇستىگە يۈرۈش قىلغان چاغدا، شەيخ مۇھەممەد بەيان سۇلدۇز، ئادىلشاھ جالايىر ۋە تۇركەن ئارلات قاتارلىقلار ئەھدۇپەيمان قىلىشىپ، قاچانلىكى پۇرسەت تاپسا ھەزرىتى ساھىبقىراننى تۇتماقچى بولغانىدى.

نەزم:

كىمكى ھەق ئىسە ئاڭا نىگاھبانى،
يەتمەس ئاڭا كىمسەنىڭ زىيانى.

---

① نۇسى — تېھران نەشرىدە «يەسى»، خەنزۇچە نەشرىدە «يازى دابان» (Yazi—daban) دەپ ئېلىنغان (مۇھەررىردىن).

بەختى ئوڭلار ئانىڭ ھەممە ئىشىن ،
لېك ، كۆيگەي غەم ئارا ھەسۇد جانى .

ھەزرىتى ساھىبقىران ئەزەلى سائادەتنىڭ ھىمايىسى ۋە ئەبەدىي بەخت ـ دۆلەتنىڭ قوللىشى بىلەن سەلتەنەت تەختىگە سالامەت ۋە بەختىيار يېتىپ كېلىپ ، لەشكەرلەرنى جاي ـ جايلىرىغا يانماققا رۇخسەت بەردى . ئۆزى قارشىنىڭ غەرب تەرىپىگە ئىككى مەنزىل يىراق بولغان سىپھرى ساراي[1] دېگەن جايدا قىشلىدى . بۇ قىش پەسلىدە ئادىلشاھ جالايىر خىزمەتكارلىق ئىھراملىرىنى بېلىگە باغلاپ ئۇنىڭ ئالىي دەرگاھىغا كەلدى . «ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ »[2] دېگەن ھۆكۈم بويىچە ، ئۇ پاسكىنا خىيالىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز تىلى بىلەن بايان قىلدى . ھەزرىتى ساھىبقىران ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى بىلگەن بولسىمۇ ، گۈزەل تەدبىر بىلەن ئۇ مەزمۇنلارنى ئىشتىمگەنگە سالدى ۋە ئادىلشاھنى شاھانە ئىنايەتلەر بىلەن ئىززەتلىدى . زىمىستان ئاخىرىغا يەتتى ، «بىلىقنىڭ قارنىدا »[3] دېگەندەك ، قۇياش يۇسۇپى يۇنۇسقا ئوخشاش ھۇت بۇرجىغا كەلدى . ئالىي يارلىق شۇنداق جارى بولدىكى ، قوشۇن خارەزم ئۇرۇشىغا بارماق ئۈچۈن ئالىي دەرگاھقا جەم بولسۇن . ئەمىرلەرگە بۇ يارلىق يەتكەن ھامان پۇتكۇل ئەتراپتىكى لەشكەرلەر يۇرۇشكە يۈزلەندى . نەزم :

سىپەھ بولدى شەھ نەزمىدە ئەنجۇمەن ،
بەزور ئازمايانى لەشكەر شۇكەن .

ھەزرىتى ساھىبقىران شەيخ مۇھەممەد بەيان سۇلدۇزنى تۇتۇپ ياساققا بۇيرۇدى . تەپتىش ۋە تەھقىق بىلەن سورىغاندىن كېيىن

---

① سىپھرى ساراي — تېھران نەشرىدە ۋە خەنزۇچە نەشرىدە «زەنجىر ساراي» (Zanjir Sarai ) دەپ ئېلىنغان (مۇھەررىردىن ) .
② «قۇرئان كەرىم» ، 67 ـ سۇرە مۇلك ، 11 ـ ئايەت .
③ «قۇرئان كەرىم» ، 37 ـ سۇرە ساففات ، 142 ـ ئايەت .

ئۇنىڭ گۇناھى روشەن بولدى ، ئۇنىڭ بەخت كۇندۇزى قارايدى ۋە ئۆمۈر رىشتىسى ئۈزۈلدى . ئۇنى ھەرىمەلىك سۇلدۇز — شەيخ مۇھەممەد بەيان سۇلدۇزنىڭ تۇغقىنى بولۇپ ، ئۇنىڭ زۇلۇم تىغى بىلەن ھالاك بولغانىدى — نىڭ قېرىنداشلىرىغا بەردى . ئۇ شەيخ مۇھەممەد بەيان سۇلدۇزغا ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قىساسى ئۈچۈن ھالاكەت شەربىتىنى ئىچۈردى . مىسرا :

بىر يىل ساتقاننى ئاخىر ئالغۇڭ بىر كۈن ،

دېگەن سۆزنى ئاڭلاتتى ۋە بايەزىد جالايىرنىڭ ئوغلى ئەلى دەرۋىشنىمۇ ياساققا يەتكۈزدى . تۈمەن سۇلدۇزنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئاقتېمۇر باھادىرغا تاپشۇردى .

## يىگىرمىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

## ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ خارەزمگە ئۈچىنچى نۆۋەت يۈرۈش قىلغانلىقى ، سار بۇغا ، ئادىلشاھ ۋە بەھرام جالايىرلارنىڭ يېغا بولغانلىقى تۈپەيلىدىن يولدىن يانغانلىقى

باھارنىڭ ئاۋۋالقى پەسلى تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 777 - يىلى[1] ، يەنى لەھەڭ يىلى ئىدى . تەبىئەت سۇلتانىنىڭ پەرمانى

① ھىجرىيە 777 - يىلى مىلادىيە 1375 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

بلەن يەر يۈزىدە گىياھ قوشۇنلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن باش كۆتۈردى . گۈل ـ چېچەك سەردارلىرى باغ ۋە دەرەخ ، شەھەر ۋە قەلئە مۇھاپىزىتىگە مەشغۇل بولۇپ ، پۈتكۈل سەھرانى يېشىل ۋە قىزىللىقتا ئوردى . نەزم :

لەشكەري سەبزەگە ھۆكم ئەيلەدى سۇلتانى بەھار ،
تىكتى سەھرا ئارا رەباتى ھۇمايۇن ئاسار .
سۇنى غەرق زەر ئېتىپ سەنئەتى زەردۇزى سەبا ،
گۈل كۆتەردى سۇپەرىن خار ئولۇبان نەيزە گۇزار .

ھەزرىتى ساھىبقىران بەخت ـ ئىقبالغا يېقىن تەدبىرلىرى ، ئاقىۋەتنى ئويلىيالايدىغانلىقى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن ، نەزم :

ئېتىپ ھەزم ئىلە ئەزمى خارەزم جەزم ،
كۆرۈپ ھىممەتى رەزمىنى مىسلى بەزم .

ئەمىر ئاق بۇغانى سەمەرقەندنى ساقلاشقا تەيىنلىدى . ئەمىر سار بۇغا ، ئادىلشاھ جالايىر ، خىتاي باھادىر ، ئىلچى بۇغالارغا يەنە ھەزارە ئەمىرلىرىدىن نەچچىسىنى قوشۇپ ، ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق بىلەن موغۇلىستان تەرەپكە ئەۋەتتى . ئۇلارغا ئەمىر قەمەرىددىننى جىددىي ئىزدەپ ، بار تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇنى ھەر يەردە بولسا تېپىپ يوقىتىشنى بۇيرۇدى . نەزم :

دەلىرانى جەڭگى ئوتتۇز مىڭ سەۋار ،
رەۋان بولدىلار ئىستەبان كارىزار .

ئۆزى تەگرى مۇھاپىزەت قىلغان غالىب قوشۇننى ئېلىپ خارەزم تەرەپكە يۈردى . نەزم :

لەشكەرى بىرلەكىم ئىدى بىھەسر ،
كى شۇجائەت ئارا يىگانەئى ئەسر .
تۇندى شىرانۇ بىشەئى پەيكار ،
سەبدەرۇ تىيرجەڭگۇ تىغى گۇزار .

ئۇلار جەيھۇن دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ پەلەك مەرتىۋىلىك قەدەملىرى ۋىسالىدىن سىپھبايە[1] دېگەن يۇرت تۆتىنچى پەلەك قىزغانغۇدەك تۇسكە كىردى . تۇركەن ئارلات لەشكىرى بىلەن دەريانىڭ ئۇ تەرىپى بىلەن يۇرۇش قىلدى . ئۇنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشقانىدى ، شۇڭا يامان ئەندىشە بىلەن ئارقىسىغا يېنىپ [كەزرەۋانغا] قېچىپ كەتتى . ھەزرىتى ساھىبقىران پۇلادنى پۇتكۇل قوشۇنى بىلەن ئارقىسىدىن قوغلاشقا ئەۋەتتى . ئۇلار كېچە - كۇندۇز قوغلاپ ئەندەخۇد[2]تىن ئۆتۇپ فەرياب سۇيىنىڭ لېۋىدە ئۇنىڭغا يېتىشتى . تۇركەن ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى تۇرمىش بارلىق تەۋەلىرى بىلەن دەريا بويىنى ئىگىلەپ ئۇرۇشقا مەشغۇل بولدى . نەزم :

بەزەد ئازمالارغا بولمە دەلىر ،
بولۇرمۇ زەبۇن گورغە نەررە شىر .
ئوشۇل يەردەكىم نەررە شىر ئاچسە چەڭ ،
نەيارەدۇرۇر ئەيلەگەي تۇلكى جەڭ .

ئۇلارغا پاراكەندىچىلىك يۇزلەندى ، قالايمىقان ۋە سەرسان بولدى . غالىب لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى ، پۇلاد ئۆزى يالغۇز تۇركەنگە يەتتى . تۇركەننىڭ ئېتى ھاردى ، پۇلاد بارغان ھامان تۇركەن ئاتتىن چۇشتى ۋە پۇلادنىڭ ئېتىنى بىر ئوق

① بۇ ئىسىم پارسچە نۇسخىدا «سىھپايە» دېيىلگەن .
② ئەندەخۇد — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

بىلەن يىقىتتى . پولاد قەددىنى رۇسلىماستىنلا توركەن يەنە بىر ئوق ئاتتى ، ئوق پولادنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى ، ھېچ زەرەر يەتكۈزەلمىدى . پولاد چاققانلىق بىلەن يۈزمۇيۈز تۇتۇشتى ۋە ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئىقبالىنىڭ ياردىمى بىلەن توركەننى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى . **مىسرا :**

قىلدى ئۆز ئاتىغە ئانىڭ باشىنى تەندىن جۇدا ،

**نەزم :**

جۇدا قىلدى باشنى تەندىن بۇ دەم ،
بولۇپ شاد يانماقغە قويدى قەدەم .

ئەمان سەربەدال توركەننىڭ قېرىندىشى تۇرمىشنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ ئۇنىڭ ئىشىنى تامام قىلدى . نەزم :

باشىنى كېسىپ قىلدى كارىن تەمام ،
شەھەنشەھ جەنابىغە قىلدى خىرام .

بۇ ئىككىلىسىنىڭ بېشىنى ساھىبقىراننىڭ ئالىي تەختىنىڭ ئاستىغا ئېلىپ كەلدى . ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ شاھلىق ئوردىسى دەۋران سەردارلىرىنىڭ بېشىنىڭ بارار جايى ئىدى . ھەر باش ئۆز ئايىغى بىلەن ئۇ يەرگە بارمىسا ، باشقا قوللار ئۇنى ئېلىپ بېرىپتۇ .
**نەزم :**

ئول ئاستانىغە باشىكىم ئەمەس جەبىن فەرسا ،
ھەۋالە قىلغۇسىدۇر ئول باشىغە چەرخ سەڭگى جەفا .

ھەزرىتى ساھىبقىران پۇتكۇل ئەمىرلەرنى موغۇلىستانغا ئەۋەتكەندى . شۇلاردىن سار بۇغا ۋە ئادىلشاھ ۋىلايەتىنىڭ

لەشكەرلەردىن خالىي قالغانلىقىنى كۆرۈپ ، يامان پىكىر بىلەن خىتاي باھادىر ۋە ئېلچى بۇغانى تۇتتى . ھەزرىتى ساھىبقىران ئەندىگان[1]غا دورغىلىقا قويغان ھەمىدلەر كېلىشتى . ئۇلار ئۆز قوۋمى ، يەنى بەھرام جالايىر ۋە قىپچاقلارنى يىغىپ سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىپ ، قەلئەلەرنى مۇھاسىرە قىلىشقا باشلىدى . لېكىن ، شەھەر خەلقى كۆزنى تەشكۈچى ۋە جىگەرنى كۆيدۈرگۈچى ئوقلارنىڭ زەخمى بىلەن ئۇلارنى شەھەر ئەتراپىغا كەلگىلى قويمىدى . سەمەرقەند شەھىرىگە ھاكىم بولغان ئاق بۇغا يۈز بەرگەن ۋەقەنى سەلتەنەت دەرگاھىغا مەلۇم قىلدى . ھەزرىتى ساھىبقىران كاتتىن ئۆتۈپ خاسقا يەتكەندى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان شۇ يەردىن قايتتى ۋە ئەمىرزادە جەھانگىرنى ئالدىن ماڭغۇزدى ، ئۆزى چوڭ قوشۇن بىلەن ئارقىدىن ماڭدى . بۇخاراغا يېتىپ غالىب قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ ، ئاندىن بۇخارادىن كۆچۈپ رەباتمەلىككە بېرىپ چۈشتى . شاھزادە جەھانگىر كەرمىنە[2] دېگەن جايدا دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچراشتى ، ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈپ ئۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى . نەزم :

تولۇپ كۈسەئى نالەدىن گۈشى دەھر ،
ساچىپ تۇرفە شەمشىرى كىن زەھرى قەھر .
دېگۈڭ كۆرسەڭ ئالماسۇ مەرجان ساچار ،
نە مەرجانكى كىنىدىن ھەمە جان ساچار .

ئەمىرزادە جەھانگىر نۇسرەت ئاتا قىلغۇچى تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن دۈشمەنلەرگە ھەملە قىلدى . مۇخالىپلارغا قورقۇنچ چۈشۈپ دەشتى قىپچاققا كەتتى ۋە ئۇرۇسخاندىن پاناھ تىلەپ ئۇنىڭ دەرگاھىدا مۇلازىم بولدى . ھەزرىتى ساھىبقىران بەختىيارلىق

---

① ئەندىگان — ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى ئەنجان شەھىرى (مۇھەررىردىن) .
② كەرمىنە — ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى كەرمەنىيە بولۇشى مۇمكىن (مۇھەررىردىن) .

بىلەن سەلتەنەت ئەشيالىرىنى ئېلىپ سائادەت بىلەن قايتىپ كەلدى ، ئاندىن جالايىر ئۇلۇسىنى پارچىلاپ ئەمىرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى . ئەمىرزادە ئۆمەر شەيخنى ئەندىگان ھۆكۈمىتىگە مەسئۇل قىلدى .

ئادىلشاھ بىلەن سار بۇغا ئۇرۇسخاننىڭ مۇلازىمىتىگە كىردى ، ئاخىر ئۇلارنىڭ پىتنە ـ پاسات تومۇرلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇرۇسخان يايلاقتا كەتكەن ۋاقتىدا قېچىشقا تەييارلاندى . ئۇلار ھىيلە ـ مىكىر تىغلىرىنى بىۋاپالىق قىنىدىن چىقىرىپ ، خاننىڭ تەرەپدارى ئوچىبىي بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى ، ئاندىن قېچىپ موغۇلىستانغا — ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۇنى پىتنە ـ پاساتقا تەشۋىق ۋە تەرغىب قىلدى .

## يىگىرمە بىرىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

# ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ موغۇلىستانغا تۆتىنچى نۆۋەت يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ بايانى

ئادىلشاھ ۋە سار بۇغا قەمەرىددىنگە قوشۇلدى . ئۇلار ۋۇجۇدىدىكى دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئوتلىرىنى ئىغۋا ۋە پىتنە ـ پاسات شامىلى بىلەن سائەتمۇسائەت ئۇلغايتىشقا باشلىدى . ئەمىر قەمەرىددىن لەشكەر تارتىپ ئەندىگانغا كەلدى . قازاق ھەزارىلىرى ئەمىرزادە ئۆمەر شەيختىن يۈز ئۆرۈپ قەمەرىددىنگە قوشۇلدى ، ئەمىرزادە ئۆمەر شەيخ تاغقا قامىلىپ قالدى . ئۇ سەمەن ئاتلىق بىر كىشىنى ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ : «يېغى تولۇق

غەلىبە بىلەن يېتىپ كەلدى، ئەندىگاننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى» دەپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ھەزرىتى ساھىبقىران بۇ ئەھۋالنى ئىشىتىپ دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇ تەرەپكە ئەڭ تېز سۈرئەتتە يۈرۈش قىلدى. ئەمىر قەمەرىددىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇ يەردە تۇرۇشقا تاقىتى قالمىدى. ئۇ بارلىق خادىملىرى ۋە قوشۇننى ئاتباشى دېگەن جايدىن توختاۋسىز ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزى تۆت مىڭ ئاتلىق بىلەن بىر پىنھاندا تۇردى. ھەزرىتى ساھىبقىران ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدى، ئەمما ئەمىر قەمەرىددىننىڭ پىستىرما قىلغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. پۈتۈن ئەمىرلەر ھەممە لەشكەرلەرنى باشلاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. نامدار سىپاھلاردىن بەش مىڭ ئاتلىق بىلەن ئەمىر مۇئەييەد، خىتاي باھادىر، شەيخ ئەلى باھادىر ۋە ئاقتېمۇر باشلىق نەچچە سەردارلار قېپقالدى. خىتاي باھادىر بىلەن شەيخ ئەلى باھادىر ۋە ئاقتېمۇر باھادىرلار دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ھەر خىل گەپ - سۆزلەرنى قىلاتتى ھەمدە ھەر قايسىلىرى باھادىرلىق ۋە پالۋانلىقتىن ھېكايە قىلىشاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ غەزەپ ئوتلىرى يالقۇنجاپ، دۈشمەنلەر ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى، باشقىلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ساھىبقىران بىلەن ئىككى يۈزدىن ئارتۇق كىشى قالمىدى. شۇ ئەھۋالدا قەمەرىددىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ پىستىرمىدىن چىقىپ، ئاداۋەت تىغىنى توختاۋسىز ئويىنىتىپ ئىنتىقام يۈزى ھەزرىتى ساھىبقىرانغا قاراپ ئېتىلدى. دەل شۇ چاغدا ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ جان قۇلىقىغا بەخت دۆلەت ئىلھامى «ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ»[1] دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزگەندى، شۇڭا ئۇنىڭ مۇبارەك خاتىرىسىگە ھېچ ۋەھىمە ۋە ئىزتىراپ يۈزلەنمىدى. ئۇ لەشكەر-لىرىگە تەسەللى بېرىپ: «غەلىبە ۋە نۇسرەت لەشكەر ۋە سەرەم-

---

① «قۇرئان كەرىم»، 2 - سۈرە بەقەرە، 249 - ئايەت.

جانلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، پۈتۈنلەي يەككە ـ يېگانە ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن بولىدۇ. قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتە-شىمىز كېرەك، ئازراق بوشاڭلىق قىلساق ئىش قولدىن كېتىدۇ» دېدى. نەزم:

بۇ سۆزنى دەبان كىردى مەيدان ئارا،
ئىدى ياۋەرى ئەۋنى لۇتفى خۇدا.
گەھى تىغ ئۇرۇپ، گاھى گۇرزى گىران،
قىلىپ ھەملە ھەر سارى چەكتى ئىنان.
كى ھەر ھەملەدە بولدى خەيلى زەبۇن،
ئاقىزدىكى ھەر زەخمىدە جۇيى خۇن.
بولۇپ يار ساھىبقىرانغە زەفەر،
يېتىپ قەلبىگە سالدى كۆپ شورۇ شەر.
ئەدۇلارغا ئول خۇسرەۋى ئەرجۇمەند،
ئۇرۇپ گۇرزۇ تىغى سىنانۇ كەمەند.
كى يەنچىپ، كېسىپ، سىندۇرۇپ، باغلاپ ئول،
باشۇ گەردەنۇ ھەم ئاياغ بىرلە قول.

بەختىيار ھەزرىتى ساھىبقىران بۇ ئۇرۇشتا ئۆز جېنىنى تىكىپ ئۇرۇش قىلدى. بۇنداق ئىش پەلەكنىڭ ياردىمىسىز ۋۇجۇدقا كەلمىگەي، غالىب سىپاھلارمۇ مەردانىلىكنى ۋايىغا يەتكۇزدى. ئازغىنە كىشى بىلەن تۆت مىڭ نامدار ئاتلىق دۇشمەنگە شىكەستە بېرىپ پەرىشان ۋە پاراكەندە قىلدى. نەزم:

بۇ نەۋئ ئىش ئۆزىچە قىلالماس كىشى،
زەپەر بەرمەك ئېرمىش خۇدانىڭ ئىشى.

ئەگەر ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ بۇ خىل ئاجايىپ ئەھۋالى ۋە غارايىب كەيپىياتىغا ھەيرەت تۇپەيلىدىن ئوبدان نەزەر سېلىنسا، مەلۇم بولغۇسىدۇركى، ئۇ پەلەكتەك ئىقتىدارلىق بۇزرۇكۋارنىڭ زاھىر ۋە باتىنى ئىلاھىي نۇرلارنىڭ ياردىمىدە نۇرلانغان. چۈنكى،

ئۇ كۈنلەردە ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرىمۇ ئاجايىپ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. كېچىلىرى باتىنىغا «ئۇيقۇنى سىلەرنىڭ (بەدىنىڭلار ئۈچۈن) راھەت قىلدۇق»① ھۆكۈمى بىلەن ئۇيقۇ پەردىسى يېپىلدى، ئۇلۇغ روھلارنىڭ شەربىتى ئۇنىڭ باتىنىغا يۈزلەندى، ئۇنىڭ پاك كۆڭۈل ئەينىكى پاكىزلىقتىن چۈش كۆرۈش ئارقىلىق پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىق ئالتىدىن بىر قىسمىدىن خەۋەر بەردى. ئۇ چۈشىدە ھەزرىتى بۇرھانىددىن قىلىچ — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ سۈرەتلىرىنى كۆردى ۋە ئەدەپ بىلەن ئۇ ھەزرەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سەمەرقەندتە ئاغرىپ قالغان مۇبارەك پەرزەنتى جەھانگىر مىرزىنىڭ سالامەتلىكى ھەققىدە مەدەت تىلىدى ۋە ئەرز قىلىپ: «ئوغلۇمغا ئالىي دەرگاھتىن ئورۇن بەرگەيسەن» دېدى. ھەزرىتى ساھىبقىران ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ بىلدىكى، ئەمىرزادە جەھانگىردە ساقىيىش ئۈمىدى يوق. بۇ ئىش ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ مۇبارەك خاتىرىسىگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ساھىبقىراننىڭ مەخسۇس كاتىپى توق تۇلۇغ②قا بىر مەكتۇپنى بېرىپ، سەككىزكۆلدىن دەرھال يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى ۋە ئەمىرزادە جەھانگىرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىدى، توق تۇلۇغ يۈرۈپ كەتتى. ھەزرىتى ساھىبقىران پەرزەنتى ھەققىدە يەنە پەرىشان چۈش كۆردى. كۆڭلى تېخىمۇ پاراكەندە بولۇپ ئەمىرلەر ۋە مۇلازىملارغا قاراپ: «گۇمانىمچە پەرزەنتىمدىن جۇدا بولدۇم بولغاي، ئەمما سىلەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى مەندىن يوشۇرۇۋاتىسىلەر» دېدى. ئەمىرلەر تىزلىرىغا ئۇرۇپ ناھايىتى ساراسىمە بىلەن قەسەم قىلىپ: «بىز بەندىلەرنىڭ شاھزادە ھالىدىن خەۋىرىمىز يوق» دېيىشتى. بۇلار ئۇ جايدىن كۆچۈپ سەككىزياغاچ دېگەن جايغا كەلگەندە، قەمەرىددىنگە يېتىشتى ۋە قاتتىق ئۇرۇش بولدى، قەمەرىددىن يەنە

① «قۇرئان كەرىم»، 78 - سۈرە نەبە، 9 - ئايەت.

② تېھران نەشرىدە ۋە خەنزۇچە نەشرىدە «بۇ قۇتلۇغ» (Bu kutlugh) دەپ ئېلىنغان (مۇھەررىردىن).

يېڭىلىپ قاچتى ، ئەمىر ئۈچ قارا باھادىر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈردى . بىر مۇنچە قوغلىغانىدى ، ئەمىر قەمەرىدىن سەككىز نۆكىرى بىلەن ئارقىسىغا يېنىپ ئۈچ قارا باھادىرنى ئارىغا ئېلىپ ئېتىپ يىقىتتى ، ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ كۆپ زەخمەتلەر يەتتى . ئاقىۋەتتە پىيادە ۋە خەستە جېنىنى قۇتقۇزۇپ چىقتى . دەستى پولاد باھادىرغىمۇ ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ يارىلاندى . ئۇ يولغا ئوت كەتكەندى . دەستى پولاد باھادىر ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن جىق مۇشەققەتلەر تارتقانلىقتىن ، يارىسى ئېغىرلاپ شۇ جاراھەت زەخمىتى بىلەن ئالەمدىن كەتتى .

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

# ئەمىرزادە جەھانگىرنىڭ ۋاپات بولغانلىقى

ھەزرىتى ساھىبقىران ئاتاقۇم دېگەن جايدىن قايتىپ سەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، پۈتكۈل دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ھەيۋەت - ھەشەمەت ئەسبابلىرى ئاكابىر ئەشرەپلەر بىلەن بىللە پايتەخت سەمەرقەندكە قايتىپ كەلدى . نەزم :

ھەمە غۇسسەدىن ساچىبان باشغە خاك ،
ياقادەك قىلىپ سىينەسىن جۇملە چاك .

پۈتۈن خالايىق ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى . ئۇلار يالىڭاچ پېتى بويۇنلىرىغا قارا كىگىز كىيىپ ، شەھەرنىڭ

تىشىغا چىقتى ۋە بىيىت مەزمۇنى بويىچە هال ـ ئەھۋال ئېيتىشتى .
نەزم :

دەرىغاكى ، شەھزادەئى نەۋ جەۋان ،
جەۋانلىقتا گۇل يەڭلىغ ئولدى خەزان .
دەرىغاكى ، ئول خۇسرەۋى كامكار
كېتىپ ، قىلدى بىزگە قارا روزگار .

ئۇلار يىغا ـ زاردىن قان دەرياسىنى ئۆركەشلەتتى ، شاۋقۇن ـ سۈرەن ساداسىنى پەلەك گۇمبىزى خىزمەتكارلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزدى . ھەزرىتى ساھىبقىران ئۆز كۆڭلىنىڭ ئىلهام يەتكۈز- گۈچى سەزگۈلىرىدىن گۇمان قىلغانىدى ، ئەمدى جەزم قىلدى .
نەزم :

چۇ پەرزەندى ئەھۋالىنى بىلدى شاھ ،
جەھان بولدى ئول دەم كۆزىگە سىياھ .
ئىككى يۈزى پۇر ئەشكۇ تەن سۇگۋار ،
ئۆزى بىشەكىب ، دەۋلەتى بىيقەرار .

بۇ مەملىكەت ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ ئىقبالى تەسىرىدىن شادلىق گۈلشىنى ۋە خۇشاللىق ئەنجۇمەنى ئىدى . بۇ جاننى كۆيدۈرگۈچى ۋەقەنىڭ تەسىرىدىن بىر ماتەمخانا بولدى . نەزم :

تۇتۇپ ماتەمىنى تەمامى سىپاھ ،
كىيىپ جۇملە جامىئ كەبۇدۇ سىياھ .
ساچىپ جۇملە سەردارلار باشغە خاك ،
ھەمە كۆزى پۇرخۇن ، ھەمە سىنە چاك .
ھەمە ئەنجۇمەن زارۇ گىريان بولۇپ ،
ئەزاب ئوتىدا باغرى بىريان بولۇپ .

ھەزرىتى ساھىبقىران بۇ ۋەقەدىن «پەرزەنتلىرىمىز —

جىگەرلىرىمىز» ھۆكۈمى بىلەن ناھايىتى غەمكىن ۋە پەرىشان بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئالىي پىكرىگە مەلۇم ئىدىكى، ھەر بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. شۇڭا: «سەۋر قىلغۇچىلارغا بىر ئەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: ‹بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز) چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز› دەيدۇ»[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۇ جاراھەتكە مەلھەم قىلدى. مەرھۇم بەختىيار شاھزادىنىڭ روھى ئۈچۈن ھېسابسىز نەزىر - چىراغ، خەير - ئېھسانلارنى قىلدى. موھتاجلارغا سەدىقە، مىسكىن پۇقرالارغا ئاش - تائام بەردى. شاھزادىنىڭ جەسىتىنى كەشكە ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلدى، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە گۈزەل ۋە ئالىي ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدى. نەزم:

بەنا قىلدىلەر مەرقەدى دىلپەزىر،
ئىماراتى شاھانەۋۇ بىنەزىر.

ئەمىرزادە جەھانگىرنىڭ يېشى يىگىرمىگە يەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل قالدى، بىرى ئەمىرزادە مۇھەممەد سۇلتان بولۇپ، ئۇ خانزادىدىن تۇغۇلغانىدى. [يەنە بىرى ئەمىرزادە پىر مۇھەممەد بولۇپ، ئىلياس يەسۇرىينىڭ قىزى بەختىمۇلك ئاغادىن تۇغۇلغان، بۇ ئوغۇل[2]] مەرھۇم شاھزادە ۋاپات بولۇپ قىرىق كۈندىن كېيىن دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ۋەقەسى تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 777 - يىلى[3] لەھەڭ يىلىدا يۈز بەردى. ئەمىرزادە باسقىنىڭ كۆڭلى بۇ ھادىسە تۈپەيلىدىن بۇ مەككار ۋە تۇراقسىز زاماندىن رەنجىدى ۋە نەپرەتلەندى. شۇڭا، ھەزرىتى ساھىبقىراندىن ئىجازەت ئېلىپ ھىجاز (مەككە)غا كەتتى.

---

① «قۇرئان كەرىم»، 2 - سۈرە بەقەرە، 156 - ئايەت.
② بۇ جاي پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى.
③ ھىجرىيە 777 - يىلى مىلادىيە 1375 — 1376 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

## ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ قەمەرىددىن ئۇستىگە لەشكەر ئەۋەتكەنلىكى

ھەزرىتى ساھىبقىران پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ جۇدالىق ئازابى تۇپەيلىدىن سەلتەنەت تەدبىرلىرى ۋە مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئىلتىپات سايىسىنى كۆتۈردى . نەزم :

ئاگا ئەرزىمەس بۇ سارايى سىپەنج ،
كى چەككەي كىشى مالۇ جاھىغە رەنج .
ئېرۇر ھاسىلىڭ تۇدە خاكى نىژەند ،
نېگە ئەيلەگۇڭ دىلنى دۇنياغە بەند .

دۆلەت كاتتىلىرى ئەمىر ۋە نويانلار سەلتەنەت تەختى ئاستىغا يىغىلدى . ئۇلار ئەدەپ زېمىننى ئىخلاس لەۋلىرى بىلەن سۆيۈپ ، مۇلازىملىق تىلى بىلەن مۇنداق دېدى : «ئەي شاھىم ، جاھاننى يارانقۇچى تەڭرى ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئالەم ئىنتىزامىنى بەختىيار سۇلتانلار ۋۇجۇدىغا باغلاپتۇ . دۇنيانى يارىتىشتىن مەقسەت ئادەمنى ياراتماقتۇر . ئادەمنىڭ تىنچ - ئامانلىقىغا ئالىي مەرتىۋىلىك خاقانلارنىڭ ئەدلۇئادالىتى ۋە سىياسىتىنى ۋاسىتە ۋە سەۋەب قىلىپتۇ . نەزم :

ئەگەر بولماسا تىغى شەھ بىنىيام ،
جەھاندا يوق ئولغاي ھەلالۇ ھەرام .

ئەگەر بولسە شەھ خەنجەرى تىيرە رەڭ ،
تۇتار جەزم دىن كۆزگۇسى يۈزى زەڭ .
ئېرۇر پادىشاھ سايەئى زۇلجەلال ،
جەھان تاپقاي ئول سايە ئىچرە جەمال .
جەھانغە فۇرۇغ ئەر سالۇر ئەدلى شاھ ،
نە ھاجەت ئاڭا نۇرى خۇرشىدۇ ماھ .
پەلەك تا ئېرۇر سەجدىگاھى مەلەك ،
ئېرۇر نىكۇ بەد ئىقتىزايى فەلەك .
جەھان نەقدى بولسۇن نىسارىڭ سېنىڭ ،
ئەرۇسى جەھان ھەم كەنارىڭ سېنىڭ .

ئەگەر سىزنىڭ مۇبارەك خاتىرىڭىز ۋە ۋۇجۇدىڭىز پەرۋەردىگارنىڭ رىزاسى ئۈچۈن بولسا ، ئۇنىڭغا رەئىيەتپەرۋەرلىك ۋە ئادالەتتە ۋاستە ھاجەت ئەمەس . ئەۋۋەلدىن ئاخىرغىچە ئەڭ كامىل ، ئەڭ ئالىم ، پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەدلۇئادالەتكە سەرپ بولغان بىر سائەتلىك ئۆمۈرنىڭ ساۋابىنى ئاتمىش يىللىق تائات - ئىبادەتكە تەڭلەشتۇرگەنىدى . نەزم :

يېتەر تا قۇدرەتىڭ ئەدل ئەيلەگىل ، ئەي شاھى دەريا دىل ،
كى دىل مۇلكىدە پەيغەمبەرلىك ئىشكىنى قاقار ئادىل » .

ئەمىرلەر ئەرزلىرىنى بۇ يەرگە يەتكۈزدى ، ئەمىرلەرنىڭ بۇ ئەرزلىرى ھەقىقەتەن ساداقەت ۋە ئىخلاس تۈپەيلىدىن ئىدى . ھەزرىتى ساھىبقىران مەقبۇللۇق قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى - دە ، ھىممەت يۈزىنى مەملىكەت مەسلىھىتىگە قويدى ۋە لەشكەر تەييارلاش ھەم تەرتىپكە سېلىشقا پەرمان قىلدى . شۇ ئەسنادا «ئادىلشاھ جالايىر بىر مۇنچە كىشى بىلەن قاراچۇق[1] تاغلىرىدا باشباشتاقلىق قىلىپ يۈرەر ئىمىش » دېگەن خەۋەر كەلدى .

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «قاراجىق» (Karajik) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

ھەزرىتى ساھىبقىران بورات خاجە كۆكۆلداش[1] ۋە ئىلچى بۇغانى ئون بەش چەۋەنداز بىلەن ئادىلشاھنى ئىزدىگىلى ئەۋەتتى. ئۇلار سەمەرقەندتىن كېچىدە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئوترارغا يەتتى، ئۇ يەردىن بىر جامائەت كىشىنى ئېلىپ تاغلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئادىلشاھنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇنى ئاقسەمۇما[2] دېگەن جايدىن تېپىپ ياساققا يەتكۈزدى. قاراچۇق تېغىنىڭ ئارىسىدا ئاقسەمۇما مىلى[3] ئورنىتىلغانىدى. سار بۇغا ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قەدىمىنى ياخشى ئىشتىن تاشقىرىغا ئېلىپ، دەشتى قىپچاق تەرەپكە قاراپ يىغا بولۇپ قېچىپ كەتتى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئەقلى يول باشلاپ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن يەنە ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ دەرگاھىغا كەلدى. ھەزرىتى ساھىبقىرانمۇ شاھانە رەھىم - شەپقەت بىلەن ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈپ، ئۆز قولى بىلەن ھۆكۈمىتىنى ئىنئام قىلدى. ئەمىرزادە ئۇمەر شەيخنى ئاق بۇغا ۋە خىتاي باھادىر بىلەن يەنە بىر نەچچە ئەمىرلەرنى قوشۇپ: «قەمەرىددىننى ئىزدەپ تېپىشقا، ئىمكان بار ئۇنى يوقىتىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەيسىز» دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار پەرمان بويىچە تېز يۈرۈپ قۇراتۇنىڭ ئايغىدا قەمەرىددىننىڭ ئىلگە يەتتى. ئۇرۇشتا دۆلەت غەزىپىنىڭ كۈچى بىلەن زۇمرەتتەك تىغلىرىنى ياقۇت رەڭگە كىرگۈزدى، دۈشمەنلەرنىڭ رەڭگى ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ تۈپەيلىدىن كەھرىۋادەك سارغايدى. ئۇلار سوغۇق شامالدا ئۇچقان ساماندەك پاراكەندە ۋە پەرىشان بولدى. قەمەرىددىن قېچىپ كەتتى، غالىب لەشكەرلەر ئۇنىڭ ئېلى ۋە ئۇلۇسىنى بۇلاپ - تالاپ نۇرغۇن ئولجا ۋە ھېسابسىز ئەشيالارنى ئېلىپ ماڭدى. نەزم:

---

① بۇرات خوجا كۆكۆلداش — خەنزۇچە نەشرىدە «بارات خاجە كۆكىلداش» (Barat Khwaja Kukildash) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

② ئاقسەمۇما — تېھران نەشرىدە ۋە خەنزۇچە نەشرىدە «ئاقسۇما» دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

③ مىل — ھەر مىڭ قەدەم مۇساپىگە بىردىن بېكىتىلىدىغان تۈۋرۈك.

سىپاھى شاھى رەئىيەت نەۋازۇ دۈشمەن سۆز ،
قايانكى بارسە غەنىمەت بىلە كېلۇر فىرۇز .

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

«زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

# ھەزرىتى ساھىبقىراننىڭ موغۇلىستانغا بەشىنچى نۇۋەت يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ بايانى

نۇسرەت قۇچقان لەشكەرلەر موغۇلىستاندىن ھېسابسىز ئولجا ـ غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ كەلدى . ھەزرىتى ساھىبقىران شۇ يىلى موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلماقچى بولدى . ئەمىر مۇسانىڭ ئوغلى مۇھەممەدبەگ ھەزرىتى ساھىبقىرانغا كۈيئوغۇللۇق شەرىپى بىلەن بەختىيار ئىدى ، ئۇنىڭ بىلەن ئەمىر ئابباس ۋە ئاقتېمۇر باھادىرنى ئالدىن يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى . بۇلار پەرمانغا بىنائەن كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ، ئىسسىقكۆلدىكى بۇغام[1] دا ئەمىر قەمەرىددىنگە يەتتى . ئۇلار بىرلا مەردانە ئۇرۇش بىلەن قەمەرىددىننى قاچۇرۇپ ، ئەل ـ ئۇلۇسىنى بۇلاپ ـ تالاپ ئەسىر قىلدى . بەختىيار ساھىبقىران مەدەتكارلىق ئۈچۈن ئۆزى تاكى قۇچقار[2] دېگەن جايغىچە باردى . ئۇ جايدا ئۇنىڭ مۇبارەك قۇلىقىغا ئاڭلاندىكى ، توختامىش ئوغلان ئۇرۇسخاندىن ۋەھىمە قىلىپ ئۈمىد يۈزىنى ئالىي دەرگاھقا قويۇپ كەلدى . ھەزرىتى ساھىبقىران ئىستىقبال رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆزبېك ئەمىر-

---

① بۇغام — ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدىكى بىر جىلغا (مۇھەررىردىن ) .

② قۇچقار — چۇ دەرياسىنىڭ بىر مەنبەسى ، ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

لىرىدىن ئەمىر تۇمەن [بىلەن تېمۇر ئۆزبېك]گە پەرمان قىلىپ : «توختامىش ئوغلاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ ، ئۇنى ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن ئېلىپ كەلگەي» دەپ ئەۋەتتى . ساھىبقىران ئۆزى يۇمغال يولى بىلەن يۈرۈش قىلىپ ئۆزكەندكە چۈشتى ، ئۇيەردىن يۈرۈپ بەخت ۋە ئىقبال بىلەن سەمەرقەندكە قايتتى . ئەمىر تۇمەن[1] توختامىش ئوغلاننى باشلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئۇلۇغلىرىنى ساھىبقىران بىلەن كۆرۈشتۈردى ، ھەزرىتى ساھىبقىران ئۇنىڭ يېتىپ كەلگەن كىشىلىرىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتتى . ئۇلارنى ئەزىزلەپ ئىھتىرام قىلىشتا ھېچبىر دەقىقىنى نەزەرىدىن ساقىت قىلمىدى . مەجلىس رەسمىيىتىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا نۇرغۇن مال ، ئالتۇن - جاۋاھىر ، كىيىم - كېچەك ، كەمەر - جابدۇق ، ئاقچە ، ئات - تۆگە ، چېدىر - بارگاھ ، دۇمباق - بايراق ۋە باشقا شاھانە ھەيۋەت - ھەشەمەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىنئام قىلدى . مىسرا :

ۋەسفىنى دېيەئالماس بەيان ، شەرھىنى قىلائالماس قەلەم .

ھەزرىتى ساھىبقىران غايەت ئىشەنچ ۋە ئىھتىرام تۇپەيلىدىن توختامىشنى «ئوغلان» دەپ ئاتىدى .

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئاخىرقى ئەھۋالىنىڭ بايانى

ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدىكى ئەھۋالنى پەقىر مۇھەممەدھەيدەر ئىشەنچلىك موغۇل ئۇلۇغلىرىدىن مۇنداق

① خەنزۇچە نەشرىدە «تېمۇر ئۆزبېك» دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

ئاڭلىغانىدىم : ئەمىر قەمەرىددىن تاغدا قېچىش جەريانىدا ئىستىسقا كېسىلىگە دۇچار بولۇپتۇ . كېسەل شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇكى ، ئۇنىڭ دوۋسىنى ئىششىپ ئۇستىدىن يېرىلىپ زەرداپ ئاققىلى تۇرۇپتۇ . مۇشۇ ئەھۋالدا تۇرغاندا ئەمىر تېمۇرنىڭ لەشكەرلىرى كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى ئاڭلىنىپتۇ . لېكىن ، ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئاتتا ئولتۇرغۇدەك ماجال ۋە قۇۋۋەت قالمىغانلىقتىن ، خەلقى ئۇنى جاڭگال ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ ئىككى چاكارنى ۋە بىر مۇنچە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى قېشىدا قالدۇرۇپ قويۇپ قېچىپ كېتىپتۇ . ئەمىر تېمۇرنىڭ لەشكەرلىرى قەمەرىددىننى تاپالماي يېنىپ كەتكەندىن كېيىن قەمەرىددىننىڭ قېچىپ كەتكەن خەلقى يېنىپ كېلىپ جاڭگالنى ئىزدەپتۇ . لېكىن ، نە ئەمىر قەمەرىددىن ، نە ھەمراھلىرىدىن ئەسەرمۇ تاپالماپتۇ . ئۇلارنىڭ يا ئۆلۈكى ، يا تىرىكىدىن خەۋەر بولماپتۇ . شۇنداق قىلىپ خالايىق ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خالاس بولۇپتۇ . ئەمىر قەمەرىددىن يوقالغاندىن كېيىن ئەمىر تېمۇر موغۇلىستان تەرەپتىن خاتىرجەم بولۇپتۇ ۋە ئالتىنچى نۆۋەت موغۇلىستان ئۇستىگە كېلىپتۇ . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موغۇلىستاندا تىنچلىق ھاسىل بولۇپتۇ .

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

### «زەپەرنامە»دىن ئېلىنغان نەقىل :

## [تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئوغلى] خىزىر خاجەخاننىڭ بايانى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، خىزىر خاجەخان تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئاخىرقىسى ئىدى ، ئۇ سۇت

ئېمىۋاتقان ۋاقتىدا ئاتىسىدىن ئايرىلدى . خىزىر خاجەخاننىڭ يېشى ئون ئىككىگە يەتتى . ئەمىر قەمەرىددىنىنىڭ ئاپىتىدىن قورقۇپ ئۇنى كاشغەردىن قاچۇرماقچى بولدى . ئەمىر خۇدايداد ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدىن ھەمراھ قىلىشنى ئويلىغانىدى . لېكىن ، مىر ئاغا مەنئى قىلىپ مۇنداق دېدى : «ئۇنىڭغا ئۆز مۇلازىملىرىڭنى ھەمراھ قىلمىغىن . چۈنكى ، خىزىر خاجەخان قاچانكى خانلىق تەختىدە ئولتۇرسا ، بۇ ھەمراھ بولغانلار ئەلۋەتتە مۆتىۋەر ۋە ئەزىز بولغۇسىدۇر ، ئۇلار ساڭا ۋە پەرزەنتلىرىڭگە دۇشمەن بولۇر . چۈنكى ، ئۇلار بىزنى ئەمىر خودايداد ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى مەنسىتمەيدۇ ، دەپ ئويلاپ ، ئەلۋەتتە سىلەرگە دۇشمەن بولۇر . ئەڭ ياخشىسى ناتونۇش كىشىلەرنى ھەمراھ قىلغىن .»

شۇنداق قىلىپ ئەمىر خۇدايداد ئادەتتىكى خەلقتىن ئون ئىككى كىشىنى خىزىر خاجەخانغا ھەمراھ قىلدى ، كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمىر بولدى ، ھازىرمۇ ئەمىرلەر شۇلارنىڭ نەسلىلىرىدىندۇر . ئۇلارنىڭ بىرى خارەزملىق سودىگەر ئىدى ، كۆنچى ئەمىرلىرى ئۇنىڭ نەسلىدىندۇر . يەنە بىرى چالىش[1]لىق [سەئىد] ئوۋچى ئىدى . ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئەمىرلەردىن بولدى ، ئۇلارنىڭ لەقىمى قۇشچىدۇر ، ئەمما كۆكۈلداش[2] دېيىشەتتى . ئەمىرلەر ئاشۇ قوۋمدىن ئىدى . ئون ئىككى كىشىدىن قالغانلىرىمۇ مەنسەپدار بولدى .

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھەزرىتى خىزىر خاجەخاننى بەدەخشان ۋە كاشغەر ئارىسىدىكى تاغلارغا ئېلىپ باردى . بۇ چاغدا ئەمىر قەمەرىددىنىنىڭ ئايغاقچىلىرى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى . خىزىر خاجەخاننى مەزكۇر ئون ئىككى كىشى ئۇ تاغلاردىن ئېلىپ قېچىپ خوتەن تاغلىرىغا باردى ، ئۇ يەردىمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى .

---

① چالىش — ھازىرقى شىنجاڭدىكى قاراشەھەر (مۇھەررىردىن) .

② روسىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە ، تۈركىي قولىيازمىلاردا «بۇقۇلداش» ، پارسچە قولىيازمىلاردا «كۆكىلداش» دەپ ئېلىنغانىكەن (مۇھەررىردىن) .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەردىن سارىغ ئۇيغۇر[1] ، چەرچەن[2] ، لوپ ، كەتىك تەرەپلىرىگە باردى ، ئۇن ئىككى يىل شۇ تەرەپلەردە كۈن كەچۈردى . ئەمىر قەمەرىددىن بۇ ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىن خالايىق خاننى ئىزدىدى ، ئەمىر خۇدايداد خىزىر خاجەخانغا كىشى ئەۋەتىپ ئېلىپ كەلدى . خالايىق يىغىلىپ كېڭەش - مەسلىھەت قىلىشىپ ئۇنى خان قىلىپ كۆتۈردى . شۇنداق قىلىپ موغۇل خانلىقىدا بىرلىك ھاسىل بولۇپ سەلتەنەت ئىشلىرى راۋاج تاپتى ، موغۇلىستاننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى روناق تاپتى . ئەمىر تېمۇر بىلەن سۇلھى قىلىشىپ دوستلۇق ئورنىتىلدى . تەۋەككۈل خېنىم ھەزرىتى خاننىڭ ھۇجرىلىرىدىكى پاك بىر مەسۇمە ئىدى ، ئۇنى ئەمىر تېمۇرگە ياتلىق قىلىپ بەردى . «زەپەرنامە» دە بۇلار بايان قىلىنغان بولۇپ ، تەپسىلاتى ناھايىتى ئۇزۇن .

سۆزنىڭ خۇلاسىسى شۇكى ، خان شۇ كۈنلەردە خىتاي[3] تەرىپىگە يۈرۈش قىلدى . تۇرپان ۋە قاراخوجا شۇ ۋاقىتلاردا خىتاي مەملىكىتىگە قوشۇۋېلىنغانىدى ، بۇ شەھەرلەر شۇ ۋىلايەتلەردىكى شەھەرلىرىنىڭ چوڭراقى ئىدى . خىزىر خاجەخان ئۆزى يۈرۈش قىلىپ ئۇ دىيارنى ئىشغال قىلىپ ئىسلامغا كىرگۈزدى ، ھازىرمۇ ئۇ يەرلەر ئىسلام يۇرتلىرىدۇر . موغۇل خانلىرىنىڭ پايتەختى كاشغەردىن قالسا تۇرپاندۇر . نەقىل قىلىنىشىچە ، شۇ قېتىمقى غازاتتا چۈشكەن مال - غەنىيمەتلەرنى ھەزرىتى خان شەرىئەت ھۆكۈمى بىلەن تەقسىم قىلدى ، خانغا بىر ئەتلەس ۋە بىر كۆك كالا تەقسىم قىلىندى . بۇنىڭدىن مەقسەت شۇكى ، خىزىر خاجەخان تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئىسلام دۆلىتىنى يېڭىلىدى ۋە ئەمىر تېمۇر زامانىدا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى .

---

① سارىغ ئۇيغۇر — ئۇدۇن ۋە چەرچەننىڭ شەرقىدىكى جايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

② چەرچەن — ئۇدۇن بىلەن لوپنۇر ئوتتۇرىسىدىكى رايون كۆزدە تۇتۇلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

③ خىتاي — بۇ يەردە قىتانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

يەنە «زەپەرنامە» دە بايان قىلىنىشىچە ، ئەمىر تېمۇر مەغرىب ۋە شىمال تەرەپتىكى مەملىكەتلەردىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن شەرق تەرەپتىكى دىيارلارغا يۈزلەنگەن . ئۇ دىيارلارنىڭ ئۇلۇغى خىتاي مەملىكىتى ئىدى . خىتايغا لەشكەر تارتىشنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇن ، ئەمما قىسقىچە ئەھۋال شۇكى ، ئۇ سەپەرگە سەككىز يۈز مىڭ لەشكەر تەييارلاندى ، بارلىق لەشكەرلەرگە يەتتە يىللىق يەم - خەشەكلەر بېرىلدى . ئىراق ۋە رۇمغا① لەشكەر تارتىلغاندىمۇ يەتتە يىللىق ئاش - ئوزۇقلار بېرىلگەنىدى . لېكىن ، خىتاي بىلەن ماۋەرائۇننەھر ئارىسىدا ئاۋاتلىق كەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئەسلىھەلەر جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ هازىرلىق كۆرۈلدى ۋە يەنە مۇنداق تەييارلىق قىلىندى : ھەر ئادەم بېشىغا ئۆزىنىڭ ئوزۇقىدىن باشقا ئىككى سېغىن كالا ، ئون سېغىن ئۆچكە تەييارلاندى . چۈنكى ، ئوزۇق تۈگىگەندە ئۇلارنىڭ سۈتى ، سۈتىمۇ تۈگىگەندە گۆشى ئوزۇق بولىدۇ . شۇنداق تەييارلىقلاردىن كېيىن سەمەرقەندتىن راۋان بولدى . شۇ يىلى قىشتا تۈركىستاندا قىشلىدى ۋە ھەزرىتى خىزىر خاجەخانغا كىشى ئەۋەتىپ : «ئىمكا-نىيەتىڭ بارىچە زىرائەتكە تىرىشچانلىق قىلىڭلار ۋە لەشكەرلەرگە ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى تەييار قىلىڭلار» دەپ پەرمان قىلدى . پەقىر ئاتام — تەڭرى ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرلۇق قىلغاي — دىن كۆپ قېتىم مۇنداق ئاڭلىغانىدىم : «دەسلەپكى باھاردا موغۇلىستانىنىڭ مەشھۇر جايلىرىدىن بىرى بولغان كۆكتۆپەدە يېڭى قىمىز چىققان چاغ ئىدى ، موغۇلنىڭ قەدىمىي ئادەتلىرى بويىچە شۇ كۈنلەردە توي بولغانىدى . خان ئەمىر خۇدايداد بىلەن بىللە كاسىدا قىمىز تۇتۇپ تۇراتتى ، شۇ ئەسنادا دۆلەت ئۇلۇغلىرىدىن بىرى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەلچىسىنىڭ خەۋىرىنى ۋە ئېلىپ كەلگەن سۆزىنىڭ مەزمۇنىنى خانغا بايان قىلدى . خىزىر خاجەخان كۆڭلىدە : «ئۇنىڭ بىلەن

① رۇم — پېرسىيە (ئىران) ۋە تۈركىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

كۆرۈشۈش ، قونالغۇ ۋە سورۇن بېرىپ خىراجىتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىنىڭ ئار - نومۇسىنى كۆتۈرىدىغان بولدۇق . ئەجەب قاتتىق ئەھۋالغا يولۇقتۇق» دەپ ئويلىدى ۋە بۇ ئەندىشە بىلەن خاتىنىڭ قولىدىكى قىمىز يەرگە تۆكۈلۈپ كەتتى . ئەمىر خۇدايداد بۇنى كۆرۈپ ئەرز قىلدىكى : «ھازىرچە راھەت - پاراغەت كاسىسىدا ئىچىپ تۇرۇش كېرەك . شۇنداق ئېيتىلغانكى ، نەزم :

> كېلۇر غەمنى يېمەك بۇ ئەيشى نەقدىمغە بېرۇر بەرھەم ،
> ئوشۇل بىھراقكى ، تاڭلەنىڭ ئىشىن تاڭلەغە قويغايسەن .

يەنە شۇنداق ئېيتىلغانكى ، بىر ئالىمنى ئاسمانغا ئاتساڭ تاكى ئۇ چۈشۈپ بولغۇچە پاك تەڭرىنىڭ يۈز تۈرلۈك رەھمىتى چۈشۈپ بولىدۇ . تاكى يەنە بىر يىلغىچە ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ نەچچە مىڭ تۈرلۈك رەھمەتلىرى باردۇر ، شۇڭا بۇ ۋاقىتنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزمەك كېرەك . »

ئەمىر خۇدايداد بۇ سۆزنى تېخى تۈگىتە - تۈگەتمەيلا خاننىڭ بارگاھى تەرەپتىن قارا ئاتقا مىنگەن ئاق كىيىملىك بىر كىشى ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى - دە ، خالايىق ئاتتىن چۈشىدىغان جىلاۋخانىدىمۇ ئاتتىن چۈشمەي يۈگۈرتۈپ ئۆتۈپ ، خالايىق سەپ تۈزۈپ تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلدى ، ياساۋۇللار ھەر تەرەپتىن ئۇنى توسۇشقا باشلىدى . ئۇ كىشى پەرۋا قىلماي ئاتنى چاپتۇرۇپ خانغا يېقىن كەلگىنىچە : «ئەمىر تېمۇر ئوترار①دا ئۆلدى !» دەپ ۋاقىرىدى - دە ، ئارقىسىغا ياندى ۋە كەلگەندىكىدەك ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەتتى . ئۇنى ھەرقانچە چاقىرىپ : «توختىغىن ، خەۋەرنى تولۇق ئېيتقىن !» دەپ ۋارقىراشقان بولسىمۇ ، ئۇ كىشى ھېچ ئىلتىپات قىلمىدى ، ئارقىسىدىن نەچچە كىشىنى ئەۋەتتى . ئۇلار قانچە قوغلىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ چاڭ - توزانلىرىغىمۇ

① ئوترار — ھازىرقى قازاقىستاننىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

يېتىشەلمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىدىن ياكى ئەمىر تېمۇرنىڭ ۋاپاتىدىن ھېچ خەۋەر مەلۇم بولمىدى . تاكى 40 ـ 45 كۈنلەردىن كېيىن خەۋەر كېلىپ ، ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوترااردا ئۆلگەنلىكى ئاشكارا بولدى . ئۇ خەۋەر بەرگۈچىنىڭ سۆزى راست بولۇپ چىقتى ، ھەر ھالدا ھەزرىتى خان ئۇ مېھنەت ۋە غەمدىن خالاس بولدى . خىزىر خاجەخان تارىخىنىڭ (ھىجرىيە ) 770 ـ يىلىدىن ئىلگىرى تۇغۇلغان ئىكەن ، مەزكۇر ۋەقە (ھىجرىيە ) 808 ـ يىلىدا [1] بولغانلىقى مەلۇم . ئەمما ، خىزىر خاجەخاننىڭ ئەمىر تېمۇردىن نەچچە يىل كېيىن ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس . تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر .

خىزىر خاجەخان خانلىق تەختىدە بەرقارار بولۇپ سەلتەنەت سۈرگەندىن كېيىن خانلىق ئاساسىدا ئەمىر قەمەرىددىننىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە ئەمىر تېمۇرنىڭ تەھلىكىسىدىن پەيدا بولغان تەۋرىنىشلەر يېڭىۋاشتىن تىنچىدى . سەلتەنەت ئۇسلۇبى ۋە قەدىم قائىدىلىرى پۈتۈنلەي بۇزۇلغانىدى ، ئۇنى ئالاھىدە پەرمان بىلەن تۈزىدى . مەملىكەت ئىشى ۋە دۆلەت ئەركانلىرى ھۆكۈمەت ئەھكاملىرىنى چىڭ تۇتۇپ تەرتىپكە سالدى . شۇ جۈملىدىن بىرى ئەمىر خۇدايداد ئەمىرلەرنىڭ مۇھىمى ئىدى ، ئۇنىڭ ئورتۇ بۆرە[2] ئاتلىق بوۋىسىغا چىڭگىزخان يەتتە مەنسەپ بەرگەنىدى . بۇ يەتتە مەنسەپنىڭ تەپسىلاتى مۇنۇلار : بىرىنچىسى ، تەبل . ئىككىنچىسى ، ئەلەم . بۇلارنى تۈركىي تىلدا تۇمەنتوغ ۋە ناغرا دەيدۇ . ئۈچىنچىسى ، مۇلازىملىرىدىن ئىككى كىشىگە قوشۇنتوغ بەرگەي . تۆتىنچىسى ، قۇر كۆتۈرگەي ، يەنى موغۇلنىڭ قائىدىسى بويىچە خاننىڭ مەجلىسىدە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ كىشى ئوقيايىنى قولىدا كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدۇ . بەشىنچىسى ، شىكار پەيتىدە ھەرقانداق

---

[1] رۇسچە نەشرىدە «807 ـ يىلى» دېيىلگەن .

[2] ئورتۇ بۆرە — خەنزۇچە نەشرىدە «ئۇرتۇبۇ» (Urtubu ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

كىشى ، ھەتتاكى توشقان ئوۋلىغۇچى كىشى بولسىمۇ ، ئۇ كىشىنىڭ نۆكىرى بولغاي . بۇ مەنىنى تۈركىي سۆزدە مۇنداق ئىپادە قىلغان : بۆدۈنە تۇتقان ، توشقان ئوۋلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقمىسۇن . ئالتىنچىسى ، پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسىغا ئەمىر بولغاي . ئىشاندا ئۇنىڭ ئېتىنى موغۇل ئۇلۇسىنىڭ سەركەردىسى دەپ يازغاي . يەتتىنچىسى ، دىۋانخانىدا ئەمىرلەر ئۇنىڭدىن بىر ياي بويى يىراقتا ئولتۇرغاي .

چىڭگىزخاننىڭ ئورتۇ بۆرەگە بەرگەن يەتتە مەنسىپى شۇلار ئىدى . ئەمىر بۇلاجى تۇغلۇق تېمۇرخاننى قالماق يۇرتىدىن ئېلىپ كېلىپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزغاندا ، تۇغلۇق تېمۇرخان ئەمىر بۇلاجىنىڭ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن يۇقىرىقى يەتتە مەنسەپكە يەنە ئىككى مەنسەپنى قوشۇپ توققۇز مەنسەپنى بەردى . بۇ ئىككى مەنسەپنىڭ بىرى ، قوشۇن ئەمىرلىرىدىن ھەربىر ئەمىرنىڭ مىڭ نۆكىرى بولسا ، ئۇنى مەنسەپتىن چىقىرىش ۋە مەنسەپ بېرىشتە ئىختىيارغا ئىگە بولغاي ۋە خاننىڭ ھۆكۈمىگە موھتاج بولمىغاي . ئىككىنچىسى ، ئەمىر بۇلاجىنىڭ نەسلىدىن بولغان ھەربىر كىشى تاكى توققۇز خىل گۇناھ قىلمىغۇچە ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈلمىگەي . گۇناھى توققۇزغا يەتسە ، ئۇنىڭ سورىقىنى قىلماقچى بولسا ، ئۇنى ئىككى ياشار بولغان بوز ئاتقا مىندۈرگەي ۋە ئۇنىڭغا ئىززەت قىلىپ ئېتىنىڭ ئاستىغا بوز كىگىز سالغاي . ئۇنىڭ سۆزىنى خانغا بارلاستىن بولغان ئەمىر يەتكۈزگەي ۋە خاننىڭ سۆزىنى ئۇنىڭغا ئەركىنۇتتىن بولغان ئەمىر يەتكۈزگەي . دېمەك ، يارغۇ ـ سوراقنى مۇشۇ ئۇسۇلدا قىلغاي . گۇناھى ئۆلۈمگە تېگىشلىك بولسا ، توققۇز گۇناھىنىڭ ھەممىسى ئېنىق بولسا ، ئۇنىڭ ئىككى شەرىكىدىن قان ئالغاي . ئۇنىڭ بەدىنىدە قان قالمىغۇچە قان ئاققاي . يۇقىرىقى ئىككى ئەمىر ئىككى يېنىدىن ئۇنى يۆلەپ تۇرغاي . پۈتۈن قېنى چىقىپ ھالاك بولغاندىن كېيىن بۇ ئىككى ئەمىر يىغلاپ ئۇنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىققاي ، دەپ بۇ

توقۇز مەنسەپكە خەت نىشانە قىلىپ بەرگەنىدى .
تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئۇ نىشانىنى پەقىر كۆرگەنىدىم . چۈنكى ، بوۋىلىرىمىزدىن قالغان بۇ خەت قولدىن قولغا قىلىپ ئاتام — تەڭرى ئۇنىڭ جايىنى نۇرلۇق قىلغاي — غا تەگكەنىدى . ئۇ نىشان شاھىبېكخان[1] نىڭ پاراكەندىچىلىكىدە يوق بولدى ، ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە خېتى موغۇل ئۇسلۇبىدا ئىدى . مەن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم ، ئۇ نىشانىنىڭ ئاخىرىدا : «توڭگۇز يىلى باھاردا قۇندۇز ۋىلايىتىدە يېزىلدى» دەپ پۈتۈلگەنىكەن . بۇ سۆزلەرنى خەلق تاكى قۇندۇزغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ تەختى تەۋەلىكىدە ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلاتتى ، ئەمما ئۇلار تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەر ئىدى . پەقىر بۇ كىتابتا تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئەھۋاللىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلدىم ۋە «زەپەرنامە» دىن نەقىل كەلتۈردۈم .
خىزىر خاجەخان ئەمىر بۇلاجىنىڭ ئوغلى ئەمىر خۇدايدادنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەمىر قەمەرىددىننىڭ بالايىئاپىتىدىن قۇتۇلۇپ خانلىق تەختىدە ئولتۇردى ، ئۇمۇ ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇ توقۇز مەنسەپكە يەنە ئۈچ مەنسەپ قوشۇپ ئون ئىككى مەنسەپ قىلىپ ئەمىر خۇدايدادقا بەردى . بۇ ئۈچ مەنسەپنىڭ بىرىنچىسى شۇكى ، توي كۈنلىرىدە خاننىڭ ئۈچ ياساۋۇلى سەپلەرنى راسلىغاي . ئەمىر خۇدايدادنىڭ بىر ياساۋۇلىمۇ سەپلەرنى راسلىغاي . ئىككىنچىسى شۇكى ، توي كۈنلىرىدە ، مەجلىستە ئوڭ قول تەرەپتە بىر كىشى خاننىڭ پىيالىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغاي ، سول قول تەرىپىدە بىر كىشى ئەمىر خۇدايدادنىڭ پىيالىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغاي . بۇ ئىككى پىيالە خانغا ۋە ئەمىر خۇدايدادقا خاس بولغاي . ئۈچىنچىسى شۇكى ، خەت ـ نىشانلارغا تامغا باسقاندا ، سۆز تامام بولغان يەرگە ئەمىر خۇدايداد تامغا باسقاي ۋە شۇ قۇرنىڭ

[1] شاھىبېكخان — ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچى روسنىڭ ئىزاھلىشىچە ، ئۆزبېكلەرنىڭ خانى شەيبانىخان ئىكەن (مۇھەررىردىن) .

ئۇستىگە خان تامغا باسقاي .

بۇ ئون ئىككى مەنسەپ ئىنئام قىلىنغاندىن كېيىن خىزىر خاجەخان ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئىسمىغا نىشان خېتى قىلىپ بەرگەنىدى . بۇ ئون ئىككى مەنسەپ ئەمىر خۇدايدادتىن كېيىن ئوغلى ئەمىر مۇھەممەدشاھ كۆرەگانغا قارار تاپتى . ئەمىر مۇھەممەد شاھتىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىنداشىنىڭ ئوغلى مىر سەييىدئەلى كۆرەگانغا قالدى ، ئاندىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا [كۆرەگان]غا قالدى . ئۇنىڭدىن ئوغلى مۇھەممەدھۇسەين مىرزا كۆرەگانغا قالدى . مۇھەممەدھۇسەين مىرزا پەقىر مۇھەممەدھەيدەرنىڭ ئاتامدۇر . ئاتام شېھىت بولغاندىن كېيىن تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزا سۇلتانى شەھىد سۇلتان سەئىدخان — ئاللاھ ئۇنىڭ جايىنى نۇرلۇق قىلغاي — نىڭ خىزمىتىدە بولغان ، سۇلتان سەئىدخان بۇ مەنسەپلەرنى تاغامغا ئىلتىپات قىلغانىدى . بۇ ۋەقەلەر بۇ «تارىخى رەشىدي»نىڭ ئىككىنچى دەپتىرىدە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر .

مەزكۇر مەنسەپنىڭ قارار قىلىنغان دەسلەپكى ۋاقتى تارىخنىڭ 625 - يىلىدىن ئىلگىرى ، چىڭگىزخاننىڭ زامانىدا ئىدى ۋە ئاخىرى سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولۇپ تاغام قەتلى قىلىنغان ۋاقىت ، يەنى تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 940 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ① دەسلىپىگىچە بۇ قائىدە داۋام قىلغان . بۇ دەۋر ئاخىرلاشتى ، نۆۋەت رەشىد سۇلتانغا يەتتى . ئەجدادلار قائىدىسىنىڭ ئورنىغا ئەۋلادلارنىڭ زىددىيىتى ئالماشتى . ھەممىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ ۋە پاك تەڭرىگە تەشەككۈركى ، نۆۋەت پەقىرگە يەتتى . مەخلۇقنىڭ بەندىلىكىدىن بۇ بەندىنى ئازاد قىلدى ، خانغا ۋە مەنسىپىگە موھتاجلىقتىن پەقىرنى خالاس قىلدى . ئەي تەڭرىم ، پەقەت سېنىڭ ئىنايىتىڭلا نۇقسانسىزدۇر ، ئۇنىڭ ھەربىر

---

① ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچى روسىنىڭ ئىزاھلىشىچە ، مىلادىيە 1533 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىكەن (مۇھەررىردىن) .

زەررىچىسى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا سەۋەبتۇر . زاھىرىمنى مەخلۇقنىڭ بەندىلىكىدىن ئازاد قىلغاندەك باتىنىمنىمۇ باشقىلارنىڭ باغلىقىدىن ئازاد قىلغايسەن ۋە ھەممىدىن خالاس ئەتكەيسەن ، ئۆزۈڭگىلا گىرىپتار قىلغايسەن . نەزم : -

يا رەب ، ھەمە خەلقنى ماڭا بەدخۇ قىل ،
ئالەم ئېلىدىن ھەممە مېنى نىكۇ قىل .
كۆڭلۈم يۈزىنى ھەممە جىھەتدىن ياندۇر ،
ئۆزۈڭ سارىغە يەكجىھەتۇ يەكرۇ قىل .

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# خىزىر خاجەخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد- خاننىڭ زىكرى

مۇھەممەدخان خىزىر خاجەخاننىڭ ئوغلىدۇر . خىزىر خاجەخاننىڭ مۇھەممەدخاندىن بۆلەك يەنە شەمئى جەھانخان ، نەقشى جەھانخان دېگەندەك باشقا ئوغلانلىرىمۇ بار ئىدى . ئىسان بۇغاخاندىن كېيىن موغۇل يۇرتى ئىچىدە چاغاتاي خانلىرىدىن تۇغلۇق تېمۇرخاندىن باشقا كىشىلەر قالمىغىنىغا ئوخشاش ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك تۇغلۇق تېمۇرخاندىن كېيىن ئەمىر قەمەرىددىن تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ تامام پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، پەقەت خىزىر خاجەخاندىن باشقا كىشى قالمىغانىدى . بۇ ۋەقەلەر زىكىر قىلىنىپ ئۆتتى . خىزىر خاجەخاندىن كېيىن پەرزەنت ۋە نەۋرىلەر تولا بولدى ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەربىرلىرىنىڭ ئەھۋالاتى ۋە ئۇنىڭ تەپسىلاتى موغۇل ئۇلۇغلىرىنىڭ خاتىرىسىدە قالماپتۇ .

موغۇل خانلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئەھۋالاتىدىن پەقىرگە ئېنىق بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى زىكىر قىلىندى، ئەمما ئۇلارنىڭ كىم-كىملەر ئىكەنلىكى تەپسىلىي مەلۇم ئەمەس. شۇڭا، خىزىر خاجەخاننىڭ پەرزەنتلىرىدىن مۇھەممەدخاننىڭ زىكرىلا بايان قىلىنىدۇ.

مۇھەممەدخان دۆلەتمەن، مۇسۇلمان سۈپەت، ئادالەتلىك، يۈرەكلىك خان ئىدى. دىن، شەرىئەت ۋە ئادالەتكە شۇ قەدەر جىددىي تىرىشچانلىقلار قىلدىكى، موغۇل ئۇلۇسىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ مۇبارەك زامانىدا ئىسلامغا مۇشەررەپ بولدى. موغۇل ئەھلىگە ئىسلام ھۆكۈملىرىنى جارى قىلىشتا ناھايىتى قاتتىق سىياسەتلەرنى قىلدى. شۇنداق دەپ مەشھۇر بولغانىدىكى، مۇھەممەدخان ئەگەر موغۇللاردىن بېشىغا دەستار كىيمىگەن كىشى كۆرۈلسە، ئۇنىڭ بېشىغا مىخ قاقتۇراتتى. پۈتۈن شەرىئەت ھۆكۈملىرىدە ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىقلارنى كۆپ كۆرسىتىپ ئاللانىڭ ياخشى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

موغۇل خەلقىنىڭ ئارىسىدا شۇنىسى مەشھۇركى، ئەمىر خۇدايداد ئالتە خاننى خانلىققا ئۆز قولى بىلەن ئولتۇرغۇزۇپتۇ، ئۇ ئالتە خاننىڭ بىرى ئاشۇ مۇھەممەدخاندۇر. بۇ خان چادىركۆل[1] دېگەن جاينىڭ شىمال تەرىپىدە بىر رابات بىنا قىلىپتۇ. ئۇ راباتقا شۇ قەدەر چوڭ تاشلارنى ئىشلىتىپتۇكى، كەشمىر ئىمارەتلىرىدىن باشقا يەردە مۇنداق مۇستەھكەم ئىمارەتتىن يەنە بىرىنى كۆرمىدىم. ئۇ ئىمارەتنىڭ پەشتىخى ماتا گېزىدە 20 گەز كېلىدۇ. ئۇنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرسە ئوتتۇرىسىدا بىر كوچا بار، تەخمىنەن 30 گەز بولسا كېرەك. ئۇ يەردە يەنە بىر گۈمبەز بولۇپ، 20 گەز ئەتراپىدا. بۇ گۈمبەز ناھايىتى كۆركەملىكى بىلەن باشقا

① خەنزۇچە نەشرىدە بارتولدنىڭ «يەتتە سۇ تارىخى ئوچېركى»گە ئاساسەن، ھازىرقى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان چارتىركۆل دەپ كۆرسىتىلگەن (مۇھەررىردىن).

گۈمبەزلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، كىچىك گۈمبەزلەرنىڭ ئەتراپىدا ناھايىتى ئەپچىل ھۇجرىلار بىنا قىلىدۇرۇلغان. غەرب تەرىپىدە بىر مەسچىت بار، 20 گەز ئەتراپىدا. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى تاشتىن قىلىنغان ۋە ئىشىكلىرىنىڭ ئۈستىگە بىر پار-چىدىن پۈتۈن تاش قويۇلغان. پەقىر كەشمىر ئىمارەتلىرىنى كۆر-مىگەن چاغدا، ماڭا بۇ راباتنىڭ ئىمارەتلىرى ناھايىتى ئاجايىپ-غارايىب كۆرۈنەتتى. چادىركۆل شۇ راباتنىڭ ئىسمى بىلەن تاشرابات مەھەللىسى دەپ مەشھۇر بولغان.

مۇھەممەدخاننىڭ زامانىدا ماۋەرائۇننەھردە شاھرۇخ مىرزا تەرىپىدىن مىرزا ئۇلۇغبەگ رەسەت باغلىغان، ئۇ دانىشمەن پادىشاھ ئىدى. ئىراق ۋە خوراسانغا مىرزا شاھرۇخ پادىشاھ ئىدى.

مۇھەممەدخاننىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان تارىخى مەلۇم ئەمەس. ئەمما، ئۇ زاماننىڭ تارىخلىرىنى ھېسابقا ئالغاندا، مۇھەممەدخاننىڭ ۋاپاتى تارىخىنىڭ تەخمىنەن (ھىجرىيە) 860-يىلىدىن[1] ئىلگىرى ئىدى — تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى شىرمۇھەممەد خاننىڭ زىكرى

مۇھەممەدخاننىڭ نەچچە ئوغۇللىرى بار ئىدى. ئۇلار ئىچىدىن شىرمۇھەممەدخان ئاتىسى مۇھەممەدخاندىن كېيىن ئىستىقلالغا

[1] ھىجرىيە 860-يىلى مىلادىيە 1455 — 1456-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئىگە خان بولدى . ئۇنىڭ زامانىدا ناھايىتى ئەمىنلىك بولدى ، خالايىق ناھايىتى خاتىرجەم ، ئازادە ياشىدى . ئۇنىڭ ئىنىسى شىر ئەلى ئوغلاندىن ئۇۋەيسخان ئاتلىق بىر ئوغۇل قالدى . شىرمۇھەممەدخان بىلەن ئۇۋەيسخان ئارىسىدا زىددىيەت بار ئىدى ، بۇ ئىشلار كېيىن زىكىر قىلىنغۇسىدۇر . شىرمۇھەممەدخاننىڭ سەلتەنىتى مۇھەممەدخاندىن ئۇزاقراق داۋام قىلدى ، ئۇمۇ مىرزا شاھرۇخ بىلەن زاماندىش ئىدى .

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# ئۇۋەيسخاننىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئەھۋالىنىڭ بايانى

سۇلتان ئۇۋەيسخان شىرئەلى ئوغلاننىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك ھالەتكە يەتتى - دە ، تاغىسى شىرمۇھەممەدخاننىڭ دۆلىتى سايىسىدە يورۇشنى ئېغىر كۆردى . ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قاچاقلىق ئادىتى بويىچە ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى . موغۇل ئۇلۇسى ئىچىدىكى نامدار ياشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئورنىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئۇۋەيسخاننىڭ ئالدىغا باردى ، شۇلاردىن بىرى ئەمىر سەييىدئەلى ئىدى . ئۇ پەقىرنىڭ ئۇلۇغ بوۋام بولىدۇ ، پەقىر ئانا تەرەپتىن ئۇنىڭغا پەي نەۋرە بولىمەن . ئەمىر سەييىدئەلى سەييىدئەھمەد مىرزىنىڭ ئوغلىدۇر ، سەييىدئەھمەد مىرزا ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئوغلىدۇر . ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ ئەھۋالىنى بۇ يەردە بايان قىلىش لازىم كۆرۈندى .

## ئوتتۇزىنچى باب

# ئەمىر سەيىدئەلىنىڭ بايانى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ھېكايەت

بىلمەك كېرەككى، ئەمىر خۇدايداد موغۇلىستان خانلىرىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، كاشغەر ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئەسلىي يۇرتى بولۇپ، ئۇنىڭغا چىڭگىزخاننىڭ زامانىدىن باشلاپ ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ بايانى «تارىخى رەشىدىي» نىڭ ئىككىنچى دەپتىرى (كىتابى)دە كاشغەر ئەھۋالاتى بايانىدا زىكىر قىلىنغۇسى.

ئەمىر سەيىدئەلىنىڭ ئاتىسى ئەمىر سەيىدئەھمەدنىڭ تىلىدا كېكەچلىك بار ئىدى. شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن كۆپ سۆھبەتداش بولغان كىشى بولسا، ئاندىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭقىرالايتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىمۇ ئېغىر ئىدى، ئادەتتىكى ئاۋازدىن يۇقىرىراق ئېيتىلغان سۆزنى ئاڭلىيالايتتى. ئەمىر سەيىدئەلى ئاتىسى بىلەن كاشغەر ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىلدى، ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەت كاشغەردە ھۆكۈم سۈردى. ئاندىن كاشغەر ئۇلۇغلىرىدىن خاجە شەرىف ئاتلىق بىر كىشى كاشغەرنى قولىغا ئالدى، ھەممە خەلق ئۇنىڭغا يۈزلەندى. ئۇ كىشى دانا ۋە ئىنچىكە تەبىئەتلىك ئادەم بولغاچقا، سەيىدئەھمەد مىرزىدىن ئاغرىنىپ يۈرەتتى. ئاخىر مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئىلتىجا قىلىپ كاشغەرنى ئۇنىڭغا تەۋە قىلدى. ئەمىر سەيىدئەھمەد كاشغەردىن قېچىپ چىقتى ۋە ئاتىسى يېنىغا بېرىپ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ۋاپات بولدى.

ئەمىر سەيىدئەھمەد ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى ئەمىر

سەييىدئەلى بوۋىسى ئەمىر خۇدايدادنىڭ خىزمىتىدە بولدى . ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى ئىچىدە ئەمىر سەييىدئەلىگە شەپقەت ۋە مۇھەببىتى زىيادە ئىدى . چۇنكى ، ئەمىر سەييىدئەلى گەۋدە-لىك ، شىجائەت ۋە ئەقىل پاراسەتتە ئەقىلنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە تەڭداشسىز ئىدى . ئۇنى سەييىدئەلى ئالىپ (سەييىدئەلى پالۋان ) دەپ ئاتىشاتتى .

ئەمىر سەييىدئەلى ئىسان بۇغاخاننىڭ قىزىنى ئوغلى مۇھەممەد [ هەيدەر] مىرزىغا ئېلىپ بەرگەنىكەن ، بۇ ئەھۋال كېيىن بايان قىلىنغۇسى . شۇ تويدا كۇشۇگە تارتىش ئۈچۈن ئەمىر سەييىدئەلى تامغا مىخ قېقىپتۇ . پەقىر ئۇ مىخنى كۆرگەنىدىم ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى ، بىر كىشى ئۆرە تۇرسا ، يەنە بىر كىشى ئۇ كىشىنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ ئۆرە تۇرۇپ ، ئۇ مىخقا قولىنى ئۇزاتسا قولى يەتمەيتتى ، يەنە ماتا گېزىدە بىر گەز ئارىلىق قالاتتى .

دېمەك ، ئەمىر خۇدايداد ئەمىر سەييىدئەلىگە باشقا پەرزەنت-لىرىدىن بەكرەك ئامراق ئىدى .

شۇ كۇنلەردە ئەمىر تېمۇر كۆرەگاننىڭ نەسلىدىن ئەھمەد مىرزا ئاتلىق بىر مىرزا شاھرۇخ مىرزىدىن قېچىپ كەلگەنىدى . ئۇنىڭ بىر سىڭلىسى بار ئىدى ، ئەمىر سەييىدئەلى ئۇ قىزنى ياقتۇرۇپ قالدى . ئەمىر خۇدايداد ۋە چوڭلار بىلەن بىرگە ئارىغا چۈشۈپ كۆپ قېتىم ئەلچىلىك قىلغان بولسىمۇ ، ئۇلار بۇ ئىشقا رازى بولمىدى . ئۇ ئېيتتىكى : «مەن موغۇلىستاندا تۇرالمايمەن . ئەگەر مېنىڭ بىلەن ۋىلايىتىمگە بارسا ، ئاندىن ئۇنىڭ بۇ مەقسىتى هاسىل بولغۇسى .»

ئەھمەد مىرزا پات پۇرسەتتە ئۆز ۋىلايىتىگە يولغا چىقتى ، ئەمىر سەييىدئەلى ئۇنىڭ بىلەن ۋىلايىتىگە بىللە باردى . ئەندىجانغا بېرىش بىلەنلا مىرزا ئۇلۇغبەگ كىشى ئەۋەتىپ ئەھمەد مىرزىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ سىڭلىسىنى نىكاھىغا ئالدى . ئەمىر

سەييىدئەلىنى بولسا سەمەرقەندكە ئاپىرىپ قامىدى . ئەمىر سەييىدئەلى بىر يىل قاماقتا ياتقاندىن كېيىن ئىسھال (ئىچى سۈرۈش ) كېسىلىگە گىرىپتار بولدى . كېسەل شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، بىمار ئۆلۈمگە يېقىنلاشتى . ئاخىر مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن تېۋىپلارنى ئەۋەتتى . تېۋىپلار ھەرقانچە چارە - ئاماللارنى قىلغان بولسىمۇ ، نەتىجىسى بولمىدى . شۇنداق ئەھۋالدا تۇرغان كۈنلەردە بىر كىشى قىمىز ئېلىپ كەلدى . ئەمىر سەييىدئەلى تېۋىپلارغا ئىلتىماس قىلىپ : «مېنىڭ كېسىلىم دورا كار قىلمىدىغان دەرىجىدىن ئۆتۈپ كەتتى ، قىمىز ئىچىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن ، ئەگەر تېۋىپلار رۇخسەت قىلسا بىر ئىچسەم ، مەيلى پايدا قىلسۇن ، زىيان قىلسۇن ، ئارمانىم يوق» دېدى . تېۋىپلار : «بەلكىم تەبىئىتىگە قىمىز بىر ئاز قۇۋۋەت بېغىشلار» دەپ ئۇنىڭغا ئىچىشچە قىمىز بەردى . شۇ ھامانلا ياخشىلىنىش ئالامىتى كۆرۈلدى . ئەتىسى يەنە قىمىز بەرگەنىدى ، پۈتۈنلەي ساقىيىپ قالدى .

ئاشۇ كۈنلەردە مىرزا ئۇلۇغبەگ بۈزرۈكۋار ئاتىسى شاھرۇخ مىرزىنىڭ خىزمىتىگە بارماقچى ئىدى ، ئەمىر سەييىدئەلىنى ساقايغاندىن كېيىن ئۇلۇغبەگ : «ئەمىر سەييىدئەلىگە ئات ۋە ياراغ بېرىڭلار ، مېنىڭ بىلەن بىللە خوراسانغا بارسۇن» دەپ پەرمان قىلدى . مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئۇنى بىللە ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىتى موغۇلىستاندا مانا مۇشۇنداق زور ۋە باھادىر دۈشمەنلىرى-مىز بار ، دەپ خوراسان ئەھلىگە كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىدى . بۇ سەپەر جەريانىدا بىر كېچىسى قارشىدا كېتىپ باراتتى ، مىرزا ئۇلۇغبەگ مەيدە ئىدى ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئەمىر سەييىدئەلى مەشئەل ۋە پانۇسلارنى كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتاتتى . كېتىۋېتىپ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ نەزىرى ئەمىر سەييىدئەلىگە چۈشتى . ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ ئوقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون تۆت مۇشت ئەتراپىدا كېلەتتى ، ئۇنىڭ زور قۇۋۋىتى ۋە قەددى - قامىتىنى مۇشۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇ . مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە

چۇشۇپ : «ئەگەر مۇشۇ ھالەتتە مېنى ئېتىپ ئۆزى كېتىپ قالسا ، ئۇنىڭغا كىم تاقابىل تۇرالايدۇ ؟» دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى . ئۇ يالغۇز ئەمىر سەييىدئەلىنى چاقىرىپ : «خوراسانغا بېرىشتا سىز ھەرەج تارتىپ قالغۇدەكسىز . شۇڭا ، مۇشۇ جايدىن يانغايسىز ، سەمەرقەندتە تۇرغايسىز . مەن خوراساندىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن سىزگە رۇخسەت بېرىپ موغۇلىستانغا ياندۇرىمەن ، سىز بىز بىلەن شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئارىسىدا ۋاستە بولۇپ سۇلھى ۋە دوستلۇققا سەۋەب بولغايسىز» دېگەن سۆزلەرنى قىلىپ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى . ئەمىر سەييىدئەلىگە بىر كىشىنى ھەمراھ قىلىپ ، كۆرۈنۈشتە ئۇ كىشىگە : «سەمەرقەند ھاكىمىغا ئېيتقىن ، ئەمىر سەييىدئەلىنى ئىززەت ـ ئىكرام قىلىپ ئاسرىسۇن» دېدى . ئەمما ، ئۇ كىشىگە مەخپىي بۇيرۇق قىلىپ : «ئەمىر سەييىدئەلى بارغان ھامان قاماققا سالسۇن» دېدى .

ئەمىر سەييىدئەلى ئۇ كىشى بىلەن بىللە سەمەرقەندكە راۋان بولدى . يولدا كېتىۋېتىپ ئۇ كىشىنىڭ ئەلپازىدىن پاراسەت بىلەن ئەھۋالنى سېزىۋالدى : «بۇ كىشىنىڭ مەن بىلەن بېرىشىدا بىر سىر بار» دەپ گۇمان قىلدى . ئۇلار سەمەرقەندكە يەتتى . ئۇ كىشى ئەمىر سەييىدئەلىنى بىر مەنزىلگە چۈشۈرۈپ قويۇپ ، ئۆزى ھاكىمنىڭ ئالدىغا كەتتى . ئۇ كىشى كەتكەن ھامان ئەمىر سەييىدئەلى ئۇ مەنزىلدىن پىيادە چىقتى ـ دە ، تاشكەند تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى . ئۇ كىشى بېرىپ ۋەقەنى بايان قىلىپ ، ھاكىم بىلەن بىللە ئەمىر سەييىدئەلىنى چۈشۈرگەن مەنزىلگە كەلدى . قارىسا ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ ئات ۋە ياراغلىرى تۇرۇپتۇ ، ئۆزى غايىب بولۇپتۇ . ئۇ مەنزىلدىكى خەلقتىن ئەمىر سەييىدئەلىنى سورىدى . ئۇلار : «بىر پۇرسەت ئۆتتى ، پىيادە تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەندى» دېيىشتى . بۇلار ھەر قانچە ئىزدەشكەن بولسىمۇ تاپالمىدى .

ئەمىر سەييىدئەلى شۇ ماڭغىنىچە بىر توپ قەلەندەرلەرگە ھەمراھ بولدى ، ئۆزىمۇ قەلەندەر سىياقىدا بولۇپ تاشكەندكە

كەلدى . قەلەندەرلەر ئەمىر سەييىدئەلىگە ئۇشتۇر ئابدال① (ھابدال تۆگە ) دەپ ئات قويدى . قەلەندەرلەرنىڭ ھەممىسى بارلىق ئوزۇق - تۈلۈك ، سەكە - سەرەمجان ۋە قەلەندەرلىك ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمىر سەييىدئەلىگە كۆتۈرگۈزگەنىدى . ئۇلار تاكى تىراز دېگەن جايغا كەلدى ، ئۇ يەرنىڭ يەنە بىر ئىسمى «ياڭى» (يېڭى )دۇر . ئۇ يەردە ئەسھابىكەھفنىڭ مازارلىرى بولۇپ ، ئۇنى موغۇلىستاندا «ئىسەن مەملىكەت ئاتا» دەپ ئاتىشىدۇ . ئۇ مازارنىڭ شەيخى ئەمىر سەييىدئەلىنى تونۇدى ۋە ئۆزىنىڭ شادىكە ئاتلىق ئوغلىنى ئەمىر سەييىدئەلىگە قوشۇپ موغۇلىستانغا — ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئالدىغا يەتكۈزدى . بۇ شادىكە ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ يېقىنلىرىدىن بولدى ۋە ئۇنىڭغا «شادىكە ۋاپادار» دەپ لەقەم قويدى . ھازىرمۇ شادىكەنىڭ نەسلىدىن بولغانلار بار ، ئەمما مۆتىۋەرلىرى قالماپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ئەمىر سەييىدئەلى بۇزرۇكۋار بوۋىسى ئەمىر خۇدايدادنىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدى . ئۇ چاغلاردا سۇلتان ئۇۋەيسخان تاغىسى شىرمۇھەممەد بىلەن ئايرىلىپ بىر چەتكە چىققانىدى . ئەمىر خۇدايداد ئەمىر سەييىدئەلىگە : «مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق بىر مەسلىھەت كېلىۋاتىدۇكى ، سەن ئۇۋەيسخاننىڭ خىزمىتىگە بارغىن . بۇ يەردە تۇرساڭ زايە بولىسەن» دېدى ۋە ئەمىر خۇدايداد ئۆز مۇلازىملىرىدىن بىرقانچە ياشنى قوشۇپ ، ئەمىر سەييىدئەلىنى ئۇۋەيسخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى . ئەمىر سەييىدئەلى ئۇۋەيسخاننىڭ ئالدىدا ئۆز لايىقىدا خىزمەتلەرنى بەجا كەلتۈردى . ئۇۋەيسخان سىڭلىسى ئۇزۇن سۇلتان خانىمنى ئەمىر سەييىدئەلىگە نىكاھلاپ بەردى . ئۇۋەيسخان بارگاھىدا ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ تەرىپ - تەۋسىپلىرى ناھايىتى تولا ، ئۇنى تەپسىلىي بايان قىلساق ، سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ . بۇلارنىڭ تەپسىلاتى ئۇۋەيسخاننىڭ بايانىدا زىكىر قىلىنغۇسى .

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «ئەشتەر ئابدال» (Ashtar Abdal) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## شىرمۇھەممەدخان بىلەن ئۇۋەيسخاننىڭ ئارىسىدا بولغان ۋەقەلەرنىڭ قىسقىچە بايانى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، ئۇۋەيسخان تاغىسى شىرمۇھەممەدخاندىن ئايرىلىپ بىر چەتكە چىقتى ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر مۇنچە جامائەت ئەگەشتى . موغۇلىستاننىڭ چەت ئەتراپلىرىدا قاچاق بولۇپ يۈردى ، بىرمۇنچە ۋاقىت كەتىك ۋە سارىغ ئۇيغۇر تەرەپلىرىدە كۈن كەچۈردى . شۇ كۈنلەردە سىڭلىسى ئۇزۇن سۇلتان خانىمنى ئەمىر سەيىدئەلىگە نىكاھلاپ بەردى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، خانىمنى ئەمىر سەيىدئەلىگە بېرىدىغان چاغدا ئەمىر سەيىدئەلى توي جابدۇقى ئۈچۈن ئوۋغا چىققان ، ئوۋدا ئىككى بۇغىنى ئوۋلاپ كېلىپ ئۇنىڭ گۆشى بىلەن توي قىلغانىكەن . بۇ توينىڭ ئەھۋالىنى مۇشۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇ . لېكىن ، موغۇلىستان چېگرىسىنىڭ ئىچىدە ئۇلار ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي ، ئۇ يەردىن تۈركىستان تەرەپلىرىگە باردى . شۇ كۈنلەردە تۈركىستاندا ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئىبنى سار بۇغا قىپچاقى ھاكىم ئىدى ، ئۇ كىشى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئۇلۇغ ئەمىرلىرىدىن ئىدى . ئۇۋەيسخان ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى . ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بىلەن شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئىدى . شۇ تۈپەيلىدىن ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئۆز قىزى دەۋلەت سۇلتان بېگىمنى ئۇۋەيسخانغا نىكاھلاپ بەردى ۋە شىرمۇھەممەدخانغا تاقابىل تۇرۇپ ، قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلىش

ئۇچۇن ئۇنىڭغا مەدەت بەردى . نەچچە مۇددەتتىن بېرى ئۇۋەيسخان بىلەن شىرمۇھەممەدخان ئارىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى ، بۇ ئۇرۇشلاردا كۆپ ۋاقىتلاردا شىرمۇھەممەدخان غەلىبە قىلاتتى . شۇ ئۇرۇشلار جۇملىسىدىن بىرى مۇنداق يۈز بەرگەنىدى : شۇ چاغدا شىرمۇھەممەدخان موغۇلىستاننىڭ قاراڭغۇقايىغلىغ دېگەن يېرىدە ئىدى . ئۇۋەيسخان يىراقتىن ئىلغار قوشۇن تەشكىللەپ تاڭ كېچىدە تۆت يۈز كىشى بىلەن شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى . ۋاڭ - چۇڭلار پەيدا بولۇش بىلەنلا شىرمۇھەممەدخان ئۆزىنى بىر تۇرغۇن سۇغا تاشلىدى . ئۇۋەيسخان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئوردىسىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋېلىپ ، تاكى سۇبھى ۋاقتىغىچە ئۇچراتقانلا ئادەمنى ئۆلتۈردى ، تۇرغۇنلىرىنى قامىدى ۋە ئوردا ئەھلىگە قاتتىق سىياسەت قىلدى . شىرمۇھەممەدخان سۇدىن چىقىپ لەشكىرىنى توپلاپ يېتىپ كەلگەندە ، ئۇۋەيسخان تۇرغۇن مېھنەت - مۇشەققەتلەر بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى .

دېمەك ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇنداق ئۇرۇش ۋە ماجىرالار دائىم بولۇپ تۇراتتى . شىرمۇھەممەدخان ئۆز ئەجىلى بىلەن ئاغرىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن خانلىق ئۇۋەيسخانغا قارار تاپتى .

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# ئۇۋەيسخاننىڭ خانلىق قىلغانلىقىنىڭ بايانى

خانلىق نۆۋىتى ئۇۋەيسخانغا يەتتى . ئۇ شۇنداق خان ئىدىكى ، تەقۋادار مۇسۇلمان ، پاك ۋە كەرەملىك كىشى ئىدى . جىمى خانلار ئارىسىدا ھىممەت ۋە شىجائەتتە يېگانە ئىدى . ئۇۋەيسخان

موغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىنى توسۇپ توختاتتى. قالماقلار بۇلارغا يېقىن ئىدى، ئۇۋەيسخان دائىم ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇۋەيسخان مەغلۇپ بولاتتى، لېكىن ئۇرۇشتىن قول يىغمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئىككى نۆۋەت قالماقلارنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى. دەسلەپكى قېتىم ئەسىرگە چۈشۈش ئەھۋالى مۇنداق بولغانىدى: مىڭلاق دېگەن جايدا قالماقلاردىن ئىسان تايشى[1] بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش پەيتىدە قالماقلارغا تۇتۇلۇپ قالدى، خاننى ئىسان تايشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئىسان تايشى كۆڭلىدە: «ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن چىڭگىزخاننىڭ نەسلىدىن بولسا، ئەلۋەتتە ماڭا ئىززەت قىلمايدۇ ۋە مېنى ئۆز نۆكىرى قاتارىدا كۆرىدۇ» دەپ ئويلىدى. شۇنداق پىكىر قىلىپ تۇراتتى، ئۇۋەيسخاننى ئېلىپ كەلدى. ئىسان تايشى ئات ئۈستىدە ئىدى، خاننى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى. تولۇق تەزىم قىلىپ بېشىنى يەرگە ئۇرغىنىچە خاننىڭ ئالدىغا كەلدى. لېكىن، خان ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى، قولىنىمۇ ئۇزاتمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىسان تايشىنىڭ ئۇۋەيسخانغا بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ كۈچەيدى ۋە كۆپتىن - كۆپ ئىززەت ۋە ئىكراملار قىلىپ، ھۆرمەت ۋە ئىھتىرام بىلەن ياندۇردى.

كىشىلەر خاندىن: «نېمە ئۈچۈن قورقمىدىڭىز، ئىسان تايشىغا تەزىم قىلمىدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇۋەيسخان جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر ئىسان تايشى ماڭا غەزەپ بىلەن يۈزلەنگەن بولسا، ئەلۋەتتە جان ۋەھىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا تەزىم قىلار ئىدىم. ئەمما، ئۇ قەدىمىي كۇپپارلار رەسىم - قائىدىسى بىلەن ماڭا باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىپ كەلدى. شۇ چاغدا كۆڭلۈمدە: ‹ھازىر شېھىت بولىدىغان چاغدۇر، ئۇنىڭ كۇپپارلارچە قىلىقىنى كۆرۈپ

① بەزى تارىخىي ئەسەرلەردە «ئەسەن تايشى، يەسەن تايشى» دەپمۇ ئاتالغان (مۇھەررىردىن).

تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىش ۋە چىراي ئېچىش مۇسۇلمانلىق جۈملىسىدىن ئەمەستۇر ، دەپ ئويلىدىم . شۇ سەۋەبتىن تەزىم قىلمىدىم » دېگەنىكەن . چۈنكى ، خان دىن ئىشىدا سادىق ئىدى . ئۇنىڭ بەرىكىتى تۈپەيلىدىن بۇنداق ھالاكەتلىك قىسمەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى .

يەنە بىر نۆۋەتتە موغۇلىستاننىڭ چېتىدىكى پىشقابا دېگەن جايدا ئىسيان تايىشى بىلەن ئۇرۇش قىلىشتى . بۇ نۆۋەتتىمۇ خانغا شىكەستە يەتتى ، خاننىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ خان پىيادە قالدى . قالماقلار خاننى تۇتقىلى كېلىشكەنىدى ، ئەمىر سەييىدئەلى ئېتىدىن چۈشۈپ خاننى مىندۈردى ۋە ئۆزى يەرگە دۈم چۈشتى . قالماقلار ئۇنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلىپ خاننىڭ ئەتراپىغا يېقىنلاشقانىدى . ئەمىر سەييىدئەلى سەكرەپ قوپۇپ قالماقلاردىن بىرىنى تۇتۇۋالدى ، تۇتۇۋالغىنى قالماقلار ئىچىدىكى بىر مۆتىۋەر سەركەردە ئىدى . ئەمىر سەييىدئەلى ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىگە قالقان قىلىۋالدى ، ئوق كەلسە ئۇنى تۇتۇپ بېرەتتى . ئەمىر سەييىدئەلى خاننىڭ ئېتىنى يېتىلەپ پىيادە كېتىپ باراتتى ، شۇڭا قالماقلار ئەمىرگە ئوق ئاتالمايتتى . شۇ تەرىقىدە ئۇرۇش قىلىپ ئۇ دۇبۇلغا ـ قۇياقلىق قالماقنى ئۆزىگە قالقان قىلىپ بىر فەرسەڭ يەرگىچە كەلدى . ئىلى دەرياسىنىڭ لېۋىگە كەلگەندە قالماقنى سۇغا تاشلىدى ، ئۆزى خاننىڭ ئېتىنى مەھكەم تۇتۇپ سۇغا كىردى . دەريا سۇ بىلەن لىق تولغان مەزگىل ئىدى . باشقا خەلق چۆكۈپ كەتتى ، ئەمما خاننىڭ ئېتى سۇ ئۈزەتتى . ئەمىر ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى چۆككىلى قويماي ئۈستۈن كۆتۈرۈپ ، ئۆزى دوبۇلغا ـ قۇياقلىق ھالدا خاننى دەريادىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزدى ، قالغان خالايىقنىڭ كۆپ قىسمى بۇ دەرياغا چۆكۈپ كەتتى . شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى ، خاننىڭ تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىككىيلەن بار ئىدى . بىرىنىڭ ئېتى ھەسەن سۇلتان ، يەنە بىرىنىڭ ئېتى لوقمان سۇلتان ئىدى . ئۇلاردىن بىرىنىڭ كىيگەن ساۋۇتى قىزىل ، يەنە بىرىنىڭ يېشىل ، ئۇلارمۇ دەرياغا كىرىپ چۆكۈپ كەتتى . ئەمىر

سەييىدئەلى بىر قولىدا خاننىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتتى ، يەنە بىر قولىنى ئۇ ئىككى سۇلتاننىڭ بىرىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئىككى نۆۋەت قول ئۇزاتتى ، ئەمما قولىغا كىرمىدى . ئۇۋەيسخان بۇ ھەقتە : «خېلى يەرگە بارغۇچە ئۇ ئىككىسىنىڭ ساۋۇتلىرىنىڭ ئېتەكلىرى قىزىل ـ يېشىل بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى» دېگەنىكەن . بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇۋەيسخان ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ بۇ بەش تۇرلۇك ئىشىغا بەش مۇكاپات بېرىپتۇ . بۇ بەش ئىشنىڭ بىرىنچىسى ، خاننىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ پىيادە قالغاندا ، ئەمىر سەييىدئەلى ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىندۇردى ؛ ئىككىنچىسى ، قالماقنىڭ بىر سەركەردىسىنى تىرىك تۇتتى ؛ ئۈچىنچىسى ، تاكى بىر فەرسەڭ يەرگىچە ئۇنى تىرىك قالقان قىلىپ ئېلىپ باردى ؛ تۆتىنچىسى ، خاننى ئات ۋە دۇبۇلغا ـ قۇياقلىرى بىلەن دەريادىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزدى ؛ بەشىنچىسى ، خاننى ئېلىپ ئۆتكۈزۈپ كېتىۋاتقان تۇرۇقلۇق ، يەنە ئۇ ئىككى سۇلتاننى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئىككى قېتىم قول ئۇزاتتى . خان بۇ ھەقتە : «شۇنداق خىيال قىلىمەنكى ، ئەگەر ئۇ ئىككى بۇرادىرىمنىڭ بىرى ئۇنىڭ قولىغا كىرىپ قالغان بولسا ، جەزمەن ئۇنىمۇ دەريادىن كۆتۈرۈپ ساق ـ سالامەت ئېلىپ چىققان بولاتتى . ئەمىر سەييىدئەلىدە شۇنچىلىك كۈچ ـ قۇدرەت بار ئىدى» دېگەنىكەن . خان بۇ بەش ئىشنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن بەش ئايماقنى ئەمىر سەييىدئەلىگە بېرىپتۇ . ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ، تۇركات ، ئىككىنچىسى ، تۆۋەن شىرانۇت . ئۈچىنچىسى ، ئۆزبېك ئايمىقى بولۇپ ، خوتەندىدۇر . تۆتىنچىسى ، دورغا ئايمىقى بولۇپ ، ئۇمۇ خوتەندىدۇر . بەشىنچىسى ، كۆكۈنۇت ئايمىقى بولۇپ ، ئۇمۇ خوتەندىدۇر .

سۇلتان ئۇۋەيسخان يەنە بىر نۆۋەت تۇرپان دىيارىدا ئىسان تايشى بىلەن ئۇرۇش قىلدى . بۇ نۆۋەتمۇ خان مەغلۇپ بولۇپ ئىسان تايشىنىڭ قولىغا يەنە ئەسىرگە چۈشتى . ئىسان تايشى ئېيتتىكى : «ئەمدى بۇ نۆۋەت سىزنى بىكارغا قويۇپ بەرمەيمەن . ئۆزىڭىزنىڭ ئورنىغا سىڭلىڭىز مەختۇم خانىمنى بەرگەيسىز» دېدى . ئۇۋەيسخان

جان ۋەھىمىسى تۇپەيلىدىن ئىلاجسىز مەختۇم خانىمنى بېرىپ ئۆزى خالاس بولدى. بۇ مەختۇم خانىمنىڭ مەشھۇر نامى مەختۇم سۇلۇ ئىدى.

دېمەك، خالايىقنىڭ ئاغزىدا شۇنىسى مەشھۇركى، خان قالماق بىلەن ئاتمىش بىر نۆۋەت ئۇرۇش قىلىپتۇ، پەقەت بىر نۆۋەتلا غەلىبە قىلىپتۇ، باشقا ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە شىكەستە يەپتۇ. تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

پەقىر خاجە ئەھمەدتىن نەچچە نۆۋەت ئاڭلىغانىدىم، ئۇ زات مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇۋەيسخان ناھايىتى تەقۋادار ئىكەن، ھاياتىنى پاكلىق بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. خان ھەر يىلى ياۋا تۆگە ئوۋلاش ئۇچۇن [تۇرپان[①]،] تارىم، لوپ ۋە كەتىك تەرەپلىرىگە باراتتى. ئوۋلىغان تۆگىلەرنىڭ يۇڭىنى ئېلىپ كېلىپ ئانىسى سۇلتان خاتۇنغا بېرەتتى. ئانىسى ئۆز قولى بىلەن ئېگىرىپ كۆڭلەك، پايپاق تەييار قىلاتتى. خان ئۇنى كىيەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەپىس ئېگىنلەرنى كىيەتتى. تۇرپاندا سۇ كەمچىلدۇر، خان ئۆزى زىرائەت قىلاتتى، زىرائەتكە ئېرىقتىن سۇ سورىمايتتى. ئۆزى قۇدۇق قېزىپ، قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ زىرائىتىنى سۇغىراتتى.» مەۋلانا خاجە ئەھمەد ئۆز تاغىلىرىدىن رىۋايەت كەلتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «تاغىلىرىم: ‹كۆپ ۋاقىتلاردا خاننى ئىسسىق ھاۋادا ئۆزىنىڭ زىرائەتلىرىگە ئۆزى سۇ تارتىپ سۇغىرىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتۇق. ئۇ يەردىن ئالىدىغان مەھسۇلاتى ھەرگىز ئۇن ئۇلاغقا يەتمەس ئىدى. خاننىڭ يىللىق ئوزۇق - تۈلۈكلىرى شۇ ئىدى› دېگەنىدى. خان ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد كاسانىينىڭ مۇرىتلىرىدىن، مەۋلانا مۇھەممەد خاجە ھەسەن ئەتتار ئەتتەرەللاھنىڭ مۇرىتلىرى، خاجە ھەسەن ئەتتار بولسا مۇرشىدلار سەردارى ھەزرىتى خاجە باھاۋۇددىن نەقشىبەندى — تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئۇلۇغ قىلغاي — نىڭ مۇرىتلىرى ئىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۆزى پادىشاھ بولغان

① خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن).

تۇرۇقلۇق ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ئۆمرىنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزگەنىدى .» ئەمىر خۇدايداد بۇ دۆلەتمەن خاننىڭ زامانىدا ئۇلۇغ مەككىنى زىيارەت قىلىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك سەپەرگە راۋان بولدى . موغۇللار ئارىسىدا مەشھۇردۇركى ، ئەمىر خۇدايداد ئالتە خاننى ئۆز قولى بىلەن خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى . ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى خىزىر خاجەخان ئىدى ، بۇ ھەقتە يۇقىرىدا بايان قىلىندى . قالغانلىرى شەمئى جەھانخان ، نەقشى جەھانخان ، مۇھەممەدخان ، ئاخىرقىسى ئۇۋەيسخان ئىدى .

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

# ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئەھۋالى ، ئۇلۇغ مەككە زىيارىتىگە راۋان بولغانلىقى ۋە كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ بايانى

ئەمىر خۇدايدادنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ۋە مۇبارەك نەسەبلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدى . بۇ يەردە ئۇنىڭ قالغان ئەھۋاللىرى ۋە كېيىنكى كۈنلىرى ھەققىدە زىكىر قىلىنىدۇ . شۇنى بىلىش كېرەككى ، ھەممە موغۇل خەلقى ئەمىر خۇدايدادنى ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە يەتكەن كىشى دەپ قارايدۇ ، بۇ جەھەتتە ئۇلار ئورتاق پىكىردە . ئەمىر خۇدايدادنىڭ شەرەپلىك تارىخى ، ھۆكۈمەت ئىشىدىكى مۇئامىلىلىرى ئۇنىڭ ۋەلىيلىك دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىگە ، موغۇللارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئەقىدىسىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر . موغۇل ئۇلۇغلىرىدىن ئاتام — تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلسۇن — رەھمەتلىك ئۆزىنىڭ ئاتىلىرىدىن ھېكايەت قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى : «ھېچ ۋاقىتتا

ئەمىر خۇدايدادنىڭ خىزمىتىدىن يىگىرمە تۆت مىڭ ئۆيلۈك كىشى كەم بولماس ئىدى . ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئەمىرلىككە تەيىنلەنگەن ۋاقتى تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 760 ـ يىلى[①]دىن ئىلگىرى ئىدى [ ھەمدە ھىجرىيە 850 ـ يىلى (مىلادىيە 1446~1447 ـ يىللىرى) دىن ئىلگىرى ئۇلۇغ مەككە زىيارىتىگە راۋان بولغانىكەن[②] .] تاكى 90 يىل مۇددەت ئىچىدە پۈتكۈل كاشغەر ، ياركەند ، خوتەن ، ئاقسۇ ، باي ۋە كۇچا قاتارلىق جايلارنىڭ ئەمىرلىكى مۇستەقىل ئەمىر خۇدايدادقا تەئەللۇق ئىدى . شۇنچە زور ھاكىمىيەت قولىدا تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ يىلقىلىرى يوق ، كۆپ ۋاقىتلاردا بەلكى مىنگىلى ئاتلىرىمۇ يوق ئىكەن . ھەرقانداق جايغا كۆچىدىغان بولسا ، مۇلازىملىرى ئات ـ ئۇلاغلارنى ئېلىپ كېلىپ كۆچۈرىدىكەن . لەشكىرىي ئىشلاردىمۇ رەسىم ـ قائىدىلىرى شۇنداق ئىكەن . ھۆكۈمەتتىن ھاسىل بولغان مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇش ئىشىغا سەرپ قىلىدىكەن . چۈنكى ، ئۇ چاغلاردا موغۇللار ھەمىشە تۈركىستان ، تاشكەند ۋە ئەندىجاننى بۇلاپ ـ تالاپ ، مۇسۇلمانلارنى ئەسىر قىلىپ كېتىدىكەن . ئەمىر خۇدايداد ئۇ ئەسىرلەرنى موغۇللاردىن سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىدىكەن ، ئۇلارغا ئېگىن ـ ئاياغ ۋە يول ئوزۇقلىرى بېرىپ ئۆز ۋەتىنىگە ياندۇرىدىكەن . ئەمىرنىڭ بىساتىدا بار بولغان مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭغا سەرپ قىلىنىدىكەن . ھەر دائىم ئەسىرلەرنى ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن نەچچىلىگەن چېدىرلارنى تىكتۈرۈپ قويىدىكەن ، سېتىۋالغان ئەسىرلەرنى ئاشۇ چېدىر ئىچىدە مۇھاپىزەت قىلىدىكەن . ئۆزى ئەسىرلەر ئولتۇرغان چېدىرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرغۇدەك ۋە سەجدە قىلغۇدەك بىر جايغا پەردە تارتىپ ، شۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىدىكەن .

① خەنزۇچە نەشرىدە 765 ـ يىلى (مىلادىيە 1363 — 1364 ـ يىللىرى) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

② خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن) .

ئەمىر خۇدايدادنىڭ پۈتۈن ئۆمرى مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭدىن كارامەت ئىشلار كۆپ يۈز بېرىپتۇ. شۇنداق كارامەتلەردىن بىرى شۇكى، پەقىر مەۋلانا خاجە ئەھمەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: خاجە زاھىد ئاتلىق بىر پاكىز زات بار ئىكەن. ئەمىر خۇدايداد خاجە زاھىدنىڭ ئائىلىسىگە موھتاجلىق ئىزھار قىلىپ كىشى ئەۋەتىپ، خاجە زاھىدنىڭ تەۋەررۈك لۆڭگىلىرىنى بېرىشنى ئىلتىجا قىلىپتۇ. خاجە زاھىدنىڭ خوتۇنى ئۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر لۆڭگىنى خاجە زاھىدنىڭ لۆڭگىسى دەپ ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. بارغان كىشى ئۇ لۆڭگىنى ئەمىر خۇدايدادقا بېرىپتۇ. ئەمىر خۇدايداد ئۇ لۆڭگىنى تەۋەررۈك بىلىپ يۈزىگە بىر سۈرتۈپ، يەنە ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە: «ئەگەر بۇ لۆڭگە ھەقىقەتەن خاجە زاھىدنىڭ لۆڭگىسى بولىدىغان بولسا، مۇنداق لۆڭگىگە ئېھتىياجىم يوق، ياندۇرۇپ بەر» دەپتۇ. ئۇ كىشى لۆڭگىنى ئېلىپ خاجە زاھىدنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپتۇ ۋە ئەمىر خۇدايدادنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى بايان قىلىپتۇ. خاجە زاھىدنىڭ خوتۇنى بۇ ئىشقا ھەيران قاپتۇ ۋە بۇ ۋەقەنى خاجە زاھىدقا ئېيتىپتۇ. خاجە زاھىد خوتۇنىغا ئاچچىقلىنىپ: «ئەمىر خۇدايداد خۇداگۆيلار جۈملىسىدىندۇر. ناھايىتى بولمىغۇر ئىش قىلىپسەن» دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ لۆڭگىسىنى ئەمىر خۇدايدادقا ئەۋەتىپتۇ. بارغان كىشى لۆڭگىنى ئەمىر خۇدايدادقا ئەكېلىپ بەرگەندىن كېيىن ئەمىر لۆڭگىنى يۈزلىرىگە سۈرتۈپ: «مانا بۇ خاجە زاھىدنىڭ لۆڭگىسى» دەپتۇ.

دېمەك، ئەمىر خۇدايدادتىن مۇنداق كارامەتلىك ئەھۋاللار كۆپ سادىر بولغانىكەن.

ئەمىر خۇدايدادنىڭ شەرەپلىك ئۆمرى توقسان يەتتىگە يېتىپتۇ، ئۇنىڭدا قىبرىلىقنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەرەم شەرىپنى زىيارەت قىلىش ئارزۇسى بارغانسېرى زىيادە بولۇپتۇ. ئۇۋەيسخاندىن نەچچە نۆۋەت رۇخسەت سوراپتۇ، ئەمما ئىجازەت بېرىلمەپتۇ. شۇڭا، ئەمىر

مىرزا ئۇلۇغبەگكە مەخپىي كىشى ئەۋەتىپ : «مىرزا كەلسۇن ، مەن موغۇل ئېلىنى بۇزۇپ مىرزىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈپ بېرىمەن» دەپ ئۇچۇر يەتكۈزۈپتۇ . چۈنكى ، ئۇۋەيسخاندىن مىرزا ئۇلۇغبەگكە كۆپ زىيانلار يېتەتتى . مىرزا ھەممىشە موغۇلنى خارۇزار ۋە نابۇت قىلىش پىكرىدە ئىدى . بۇ ئۇچۇرنى ئاڭلىغان ھامان يۈرۈش قىلدى . موغۇلىستاننىڭ مەشھۇر جايى بولغان چۇ ساھىلىغا يېتىپ كەلدى . ئەمىر خۇدايدادمۇ قېچىپ شۇ يەرگە كېلىپ مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن كۆرۈشتى ۋە مۇنداق دېدى : «مېنىڭ مەقسىتىم ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىش ئىدى ، ئەمما ئۇۋەيسخان بۇنىڭغا ئىجازەت بەرمەيتتى . شۇڭا ، مۇشۇ باھانە بىلەن قېچىپ چىقتىم . ئەمدى بۇنىڭدىن نېرىسىغا ئۆتىسىڭىز ياخشى ئەمەس .» مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شۇ يەردىن ياندى . ئەمىر خۇدايدادقا كۆپتىن ـ كۆپ ئىززەت ـ ئىكراملار قىلىپ سەمەرقەندكە يېتىپ كەلدى . مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەمىرگە ئىلتىماس قىلىپ : «چىڭگىز-نىڭ تۆرە ـ قائىدىلىرىنى ھېچكىم سىزدەك ياخشى بىلمەيدۇ . ئۇنىڭ ھەممە قائىدىسىنى بىزگە ئۆگەتسىڭىز ، چۈنكى ئۇ بىزگە ھەممە ئىشلاردا لازىم بولىدۇ» دېدى . ئەمىر خۇدايداد ئۇنىڭغا : «مەن چىڭگىزنىڭ تۆرە ـ قائىدىلىرىنى يامان كۆرۈپ ، رەسۇلىللانىڭ شەرىئىتىگە كىرگەنىدىم . ئەگەر مىرزا چىڭگىز تۆرە ـ قائىدىلىرىنى ياخشى كۆرۈپ مۇنچە ئالىملىق ۋە دانىشمەنلىكىڭىز بىلەن شەرىئەتنى قويۇپ ، چىڭگىز تۆرە ـ قائىدىلىرى بىلەن بولىدىغان بولسىڭىز ، چىڭگىز تۆرە ـ قائىدىلىرىنى مىرزىغا ئۆگىتىپ قويۇپ ھەجگە بارماي يېنىپ كېتىمەن» دېدى . مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خىجىل بولدى ۋە چىڭگىزنىڭ تۆرە ـ قائىدىلىرىنى ئۆگەنمىدى . تۆرە ـ قائىدىلىرى دېگىنى چىڭگىزخان ئۆزى ئورناتقان ياساق ـ قائىدىلەردۇر .

ئەلقىسسە ، ئەمىر خۇدايداد مەككىگە باردى ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى . ئاتام — تەڭرى ئۇنىڭ دەلىللىرىنى نۇرلاند-

دۇرسۇن — خوراسانغا بارغانىدى ، بۇ ھەقتىكى قىسسە بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى دەپتىرى (كىتابى )دا بايان قىلىنغۇسى . خوراساندا سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ئەمىرلىرى ئىچىدە سۇلتانئەلى بارلاس دېگەن بىر كىشى بولۇپ ، يۈز ياشقا يېقىنلاشقانىدى . ئۇ كىشى سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ھۇزۇرىدا ناھايىتى مۆتىۋەر ئىدى . ئاتام سۇلتانئەلى بارلاسنىڭ نام - نەسەبى ۋە بوۋا - ئەجدادىنى سۈرۈشتۈردى . ئۇ كىشى : «ئاتامنىڭ ئېتى شاھ ھۇسەين بولۇپ ، موغۇللارنىڭ بارلاس قەبىلىسىدىن ئىدى . ئەمىر خۇدايداد ئاتلىق كىشى بىلەن موغۇلىستاندىن كەلگەنىدى» دېدى . ئاتام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەمىرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى . سۇلتانئەلى بارلاس ئېيتتىكى : «مېنىڭ ياش چاغلىرىم ئىدى . ئەمىر خۇدايداد مەككىگە سەپەر قىلدى . ئاتام شاھ ھۇسەينمۇ ئەمىرگە ھەمراھ ئىدى ، چۈنكى ئاتام ئەمىرنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ئىدى . موغۇلىستاندىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن كۆپ شەھەر ۋە مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ ، ئاخىر ئۇلۇغ مەككە زىيارىتىگە مۇشەررەپ بولدۇق . ھەجنى تۈگىتىپ ياندۇق ، نەچچە كۈنلۈك يەرگە بارغاندىن كېيىن ئەمىر : ‹مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قاچان يېتىپ بارىمىز ؟ › دەپ سورىدى . كىشىلەر ئۇنىڭغا : ‹مەدىنە باشقا تەرەپتە قالدى › دېدى . ئەمىر خۇدايداد ناھايىتى خاپا بولدى : ‹مەن شۇنچە يىراق يەردىن نۇرغۇن مېھنەت - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ كېلىپ ، رەسۇلۇللانىڭ پاك زىيارەتگاھىنى تاۋاپ قىلماي يېنىشىم ماڭا مۇناسىپ ئەمەس ، ئىنتايىن خاتا ! › دېدى ۋە پۈتۈن نەرسە - كېرەك ۋە مۇلازىملىرىنى كارۋانلارغا قوشۇپ رۇخسەت بېرىپ ياندۇردى . پەرزەنتلىرىگە ۋە موغۇل ئەھلىگە مەكتۇپ ۋە يادنامىلەرنى ئەۋەتتى» . شۇ ئەۋەتكەن يادنامىلەردىن بىرى بىر كالامۇللاھ (قۇرئان ) ھازىرمۇ پەقىر مۇھەممەدھەيدەرنىڭ قولىدا بار . بۇ ئاتا - بوۋامدىن پەقىرگە مىراس بولۇپ قالدى ، بىزنىڭ خاندانىمىز ئۇنى تەۋەررۇك بىلىپ ساقلىغانىكەن .

سۇلتانئەلى بارلاس مۇنداق دەيدۇ : بىز ئارقىمىزغا يېنىپ يولغا راۋان بولدۇق . نەچچە كۈندە مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە يەتتۇق . ئەمىر خۇدايداد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇقەددەس زىيارەتگاھىنى تاۋاپ قىلىشقا مۇشەررەپ بولدى . كېچىسى ئادەتتىكى بىر مەنزىلگە چۈشتۇق . كېچىدىن بىر نەچچە سائەت ئۆتكەندى، ئەمىرنىڭ ئەھۋالىدا چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا بولدى . ئەمىر ئاتام بارلاسنى سۈرە ياسىننى ئوقۇپ تامام قىلىشقا بۇيرۇدى . ئاتام سۈرە ياسىننى قىرائەت قىلىپ : «مىسلەھۇم بەلا ••• » دېگەن كەرەملىك ئايەتكە كەلگەندە، ئەمىر خۇدايدادنىڭ نەپىسى تامام بولدى . بۇ ۋەقەدىن بىزگە ئاجايىپ ھالەت يۈزلەندى، ھەيران قالدۇق . كېچە تاڭ ئاتتى، ئەتىسى مەدىنە ئۇلۇغلىرى پۈتۈن جامائەت بىلەن پەيدا بولۇپ كېلىپ : «بۈگۈن كېچە بىرەر كىشى ۋاپات بولدىمۇ؟» دەپ سورىدى . بىز ئەھۋالنى بايان قىلدۇق . ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ تەزىيە بىلدۈردى . ئاندىن مۇنداق دېيىشتى : «بىز ھەممىمىز چۈشىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردۇق . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇر - گۆھەرلەرنى تۆككۈچى مۇبارەك تىللىرى بىلەن : ‹بۈگۈن كېچە بىزنى زىيارەت قىلماق ئۈچۈن يىراقتىن بىر مېھمىنىمىز كەلدى، ئۇ نۇرغۇن مېھنەت - مۇشەققەتلەر بىلەن يېتىپ كەلگەندى . بۇ كېچە ۋاپات بولدى، سىلەر بېرىپ ئەمىرىل مۇئمىنىن ئۇسماننىڭ قەبرىسىنىڭ ئايىغىدا دەپنە قىلىڭلار› ، دەپ دەپنە قىلىدىغان يەرنى ھاسىلىرى بىلەن سىزىپ كۆرسەتتى . ئويغانغاندىن كېيىن ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرسەك، ھاسا بىلەن سىزىق سىزىپ كۆرسەتكەن جاي چۈشىمىزدە كۆرگەندەكلا تۇرۇپتۇ . بۇ ئاجايىپ سائادەتمەن بەندە ئىكەن . بۇنچىۋالا مەرھەمەت ۋە شەپقەتكە مۇشەررەپ بولۇپتۇ» . مەدىنە ئۇلۇغلىرى شۇ سۆزلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئەمىرنىڭ جەسىتىنى ئەزىز ۋە مۇكەررەم تۇتۇپ ھەزرىتى ئۇسمان — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ قەبرىلىرىنىڭ ئايىغىدا دەپنە

قىلدى . ئىككىنچى كېچىسى ئەمىرنىڭ خوتۇنىمۇ ۋاپات بولدى ، ئۇنى ئەمىرنىڭ يېنىدا دەپنە قىلدى .

سۇلتانئەلى بارلاس سۆزىنى تامام قىلغىنىدا ، ئاتامدا ناھايىتى چوڭ ھاياجان ۋە شادلىق پەيدا بولدى . سۇلتانئەلى بارلاس بۇ ھاياجانلىنىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى . ئاتام : «ئەمىر خۇدايداد مېنىڭ ئۇلۇغ بوۋام بولىدۇ» دېگەن ھامان سۇلتانئەلى بارلاس يۈگۈرۈپ قوپۇپ ئاتامغا تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە ئېيتتىكى : «سىزگە بۇنى ئېيتىپ ناھايىتى ياخشى قىلىپتىمەن ، چۈنكى ئەمىرنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى ئەھۋاللاردىن موغۇلىستاندا ھېچ كىشى خەۋەرسىز . بىز مەدىنە مۇنەۋۋەردىن يېنىپ نەچچە مۇددەتكىچە ئىراقتا تۇرۇپ قالدۇق ، ئاندىن خوراساندا تۇرۇپ قالدۇق ، بۇ خەۋەرنى ھېچ كىشى ئېلىپ بارمىدى . خۇداغا شۈكرى ، تەڭرىتائالانىڭ ئەمىر خۇدايدادنى مۇشۇنداق ئەلا دەرىجىگە يەتكۈزگەنلىكىنى سىزگە خەۋەر قىلدىم .»

ئەمىر خۇدايدادنىڭ مەنسىپى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مىر مۇھەممەدشاھقا بېرىلدى .

ئەمىر خۇدايدادنىڭ خۇدانىڭ سائادەتمەن بەندىسى بولغانلىقى ، يەنى ئۇنىڭ ھەج شەرىپى ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرە زىيارىتىگە مۇشەرەپ بولغاندىن كېيىن ، ئاشۇ جەننەت نىشان ماكاندا دەپنە قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى بۇ تەسىرلىك ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ كىتابنىڭ تەرجىمانى مۇھەممەدنىياز ئىنتايىن تەسىرلىنىپ ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى ئىختىيارسىز نەزم تەرىقىسىدە ئىزھار قىلدى . چۈنكى ، پەقىرمۇ بۇ مۇبارەك ھەج ئارزۇسى بىلەن دائىم بىقارار ئىدىم ۋە بۇ ئارمان تۈپەيلىدىن كۆزلىرىمدىن قان - ياش تۆكەتتىم . نەزم :

زىھى ساھىب سەئادەتكىم ، ئاڭا بۇ رۇتبەئى ۋالا ،
مۇيەسسەر ئەيلەمىش تەئىيدى فەزلى مەفزەلى يەكتا .
نەسىب ئولماس جەھاندە كىمسەگە مۇنداغ شەرەف ھەرگىز ،

تاپىلماس كىمسەگە ئالەمدە مۇنداغ دەۋلەتى ئۇزما .
تىلىمدا بۇ شەرەف ھىرماندىن ، ۋا ھەسرەتا ، ھەردەم ،
بۇ دەۋلەتنىڭ تەمەنناسىدا جانىم زىكرى ، ۋا شەۋقا .
قاچان بولغايكى ئول رەۋزە سارى مەن ، ئاسىئىي جافىي ،
ئېتەرمەن ئەزم باشىمنى قەدەم ئەيلەپ قۇيۇن ئالسا .
تەئەللۇق تەرك ئېتىبان بار ئەلايىقدىن بولۇپ فارىغ ،
دىلىمدىن مەھۋ ئېتىپ ھەببى جەمالى زىينەتى دۇنيا .
كېچىپ مۇلكۇ ۋەتەندىن ، ئايرىلىپ يارۇ دىيارىمدىن ،
رەۋان بولغايمەن ئول يولغە كۆزۈم گىريان ، دىلىم شەيدا .
بولۇپ ئازادە قەيدى بەندى ئەسبابى تەئەللۇقدىن ،
جۇنۇن ئەھلى مەسەللىك پۇيە ئۇرسام مەستۇ بىپەرۋا .
دىلىمدا قالمادى ئول كوي ئارزۇسىدىن بۆلەك فىكرى ،
دىماغىمدىن كېتىپ ئول رەۋزە تەۋفىدىن بۆلەك سەۋدا .
تۈنۇ كۈن تىنمايىن يول قەتئ ئېتەردىن شەۋق ئولۇپ غالىپ ،
كۆزۈمدىن ئىلگەرى ياشىم يۈگۈرسە رەشكىدىن غەمدا .
قاچانكىم بولسام ئول مۇلكى بىھىشت ئايىن ئارا داخىل ،
مەقامىم بولسە گەھ شۇربۇ ، مەكانىم بولسا گەھ بەتھا .
ئەدايى ھەججى شۇكر ئايتىپ ، مەدىنە سارى يۈزلەنسەم ،
كۆرۈنۈپ كۆزۈمە فىردەۋسدەك ئول يولداكى سەھرا .
يىراقدىن رەۋزە كۆزۈمگە كۆرۈنگەچ يەتسە بىر جىزبى ،
كېتىپ ئۆزدىن يۈگۈرسەم بەرقدەك گەھ پەستۇ گەھ بالا .
يېتىشكەچ كەلسەم ئۆزگە توختابان ئول دەم ئەدەب بىرلە ،
سەلام ئەتسەم دەبانكىم : ئەسسەلام ، ئەي خاجەئى تاھا .
سەن ئول تەختى رىسالەت شاھىسەن ئىقلىمى قۇرب ئىچرە ،
تەمامى ئەنبىيالار ئېردى خەيلى تابىئىڭ گويا .
ئەگەر زاتى شەرىفىڭ بولماسا ، بولماس ئىدى مەۋجۇد ،
نە توققۇز گۇنبەزى گەردۇن ، نە يەتتە ئەرزەئى غەبرا .
مۇقەددەم رۇتبەلىكدىن ئەنبىيالار ئاخىرى بولدۇڭ ،
مەقامىڭ غايەتى ئەئلالىقىدىن كەلدى ئەۋ ئەدنا .
چىراغى دەئۋەتىڭ ئىسلام ئۆيىنى ئەيلەدى رەۋشەن ،
بولۇپ شەرئىڭ قۇياشى نۇرى بىرلە دىن يولى پەيدا .
ئېرۇر زاتىڭ ھەمە ئالەمگە ھەق دەرگاھىدىن رەھمەت ،

ئەگەر سالىھ ، ۋەگەر فاسىق ، ۋەگەر مۆئمىن ، ۋەگەر تەرسا .
پەناھىڭغە ساغىنغانلارغەدۇرسەن دائىما ھامىي ،
ئەلىلۇ مەئسىيەتكە دەرگەھىڭ دارۇش ـ شىفا گويا .
يۈدۈپ ئىسيان يۈكىن كەلدى گەدايى ئاستانىڭغە ،
نىيازى ئاسىئى گۇمرەھ ، سىيەھ رو ، بىئەمەل رەسۋا .
ھەمە ئۆمرىنى جۇرمۇ پىسقۇ فىئلى بەدكە سەرف ئەتكەن ،
نۇقۇدى گەنجىئى ئىسلامنى نەفسى ئەيلەگەن يەغما .
ھەۋاغە تابىئ ئولغان ، شەرئىڭ ئىچرە بولماغان سابىت ،
تەرىقى سۇننەتىڭ تەبئىيەتىنى قىلماغان قەتئا .
نەكىم بىدئەت ئىدى ، مىڭدىن بىرىنىڭ تۇتماغان تەركىن ،
نەكىم ئەمرىڭ ئىدى ، مىڭدىن بىرىن كەلتۇرمەگەن بەرجا .
قارا يۈز بىرلە دەرگاھىڭغە كەلدىم لۇتق ئىتىپ ئۆمىد ،
كى كەلمەي نەيلەيىن يوقتۇر جەنابىڭدىن بۆلەك مۆلجا .
زەلالەت دەشتىدە سەرگەشتە بولغان ئۆممەتىڭدۇر مەن ،
ھىدايەت قىل مېنى بۇ ۋادى ئىچرە قويماغىل تەنھا .
ھەۋاۋۇ نەفسى شەيتان زورى كۆپ قىلدى مېنى ئاجىز ،
ھىمايەت قىلكى مەن مەغلۇب ، كۆپ غالىب ئېرۇر ئەئدا .
كېلىپ دەرگاھىڭە مۇھتاج ھەرگىز يانمىش نەۋمىد ،
ئەگەر ئاسىي ، ۋەگەر زاھىد ، ۋەگەر جاھىل ، ۋەگەر دانا .
ئەگەرچە جۇرمۇ ئىسيانىمغە يوقتۇر ھەددۇ غايەتلىك ،
ئېرۇر لۇتفۇڭغە نىسبەت قىلسە ئول بىر قەترە ، بۇ دەريا .
ئېرۇرمەن بىكەسۇ بىخانىمانۇ بىنەۋا ، دىلرىش ،
كۆزۈم پۇر ، نەم دىلىم پۇر غەم ، غەرىبۇ بىسەرۇ بىپا .
قىلىپ ئاجىزلىقىمغە رەھم ، رەد قىلمە سەلامنى ،
ئەگەر رەد ئەيلەسەڭ ، مىڭ ۋايۇ يۈز مىڭ ئاھۇ ۋاۋەيلا .
سەلام ئەيلەپ ئەدا ، بۇ ئەرزى دادىمنى تەمام ئەتسەم ،
سۇڭ ئاندىن ئەيلەسەم قەسدى تەۋافى رەۋزەئى ئەئلا .
قايۇ رەۋزەكى ، يەئنى فەخرى ئالەم مەرقەدى پاكى ،
كى تۇفراغىغە بىر ھىندۇئى قۇلدۇر ئەنبەرى سارا .
كۆرۈپ ئول رەۋزەئى ئالىينى جەننەت ئەينى خىجلەتدىن ،
قالىبدۇر تا قىيامەت ئىنزىۋا كۇنجىدە چۇن ئەنقا .
ئىبارەت تەڭدۇر ئول رەۋزە سىفاتىن قىلغالى تەئبىر ،

ئۆلۈۋۈي مەرتەبەتدە كەلدى بىمانەندۇ بىھەمتا .
چۇ بولسام رەۋزە تەۋفىدە قۇيۇندەك چەرخ ئۇرۇپ دايىر ،
تەرىقى دەۋرنى ئۆرگەنسە مەندىن گۇنبەزى خۇزرا .
جىگەر قانىن ئىكى كۆز جۇيىدىن ئانداغ ئاقىزسامكىم ،
ئانىڭدا غەرق ئولۇردىن ۋەھم ئېتىپ ئۆبرۇلسە ناپەيدا .
نەچە مىڭ دەۋر قىلسام بۇ سىفەت تا باردۇر ئىمكانىم ،
ئەدەب تەركىگە مۇخبىر بولسا ئول دەم توختاسام ئەمما .
يەنە قىلسام زەبانى هال ئىلە بۇ هالەتىمنى ئەرز ،
دەبانكىم : ئەل غىياس ، ئەي سەرۋەرى دۇنياۋۇ هەم ئۇقبا .
بىهىشت ئايىن دىيارىڭ ئىچرە بىر ناپاك ئىتىڭ كەلدىم ،
يوق ئات بەلكىم ، ئىتىڭنىڭ ئىتلارىدىن كەمتەرىن رەسۋا .
نىتەي ئالى جەنابىڭدىن بۆلەك پۇشتۇ پەناھىم يوق ،
ئەگەر سەن قوغلاساڭ ، مەن ئەمدى قايدا بارغامەن ، ئايا .
تەرەھھۇم ئەيلەگىلكى ، رەھمەتەن لىل ئالەمىندۇرسەن ،
ماڭا بەرگىل مەدىنەڭ گەردى ئەترافىدا بىر مەئۋا .
ئوشۇل مەئۋا ئارا ساكىن بولاي تاكىم هەياتىم بار ،
كى بىر كۈن بولمايىن مەهجۇر رەۋزەڭ تەۋفىدىن ئەسلا .
ئەجەل يەتتى قاچانكىم يەتسە ئول دەرگەهتە جان بەرسەم ،
كى بولسە دەفنەگاهىم ئول زەمىنى پاكۇ فەيز ئەفزا .
بۇ ئەرز ئىزهارىدا يوق ئىختىيارىم ، يا رەسۇلىللاھ ،
ۋەگەر نە مەندە يوق گوستاخلىقغە نې هەدۇ يارا .
تەمام ئەتسەم بۇ هالىمنى قەبۇل ئەتسە كېلىپ رەھمى ،
نە دەۋلەتدۇر مۇيەسسەر بولسا مۇنداغ مەقسەدى ئەسنا .
مېنىڭ بۇ هاجەتىمنى قىل رەۋا ، ئەي قازىيۇل هاجات ،
بەھەققى زاتى پاكىڭكىم ئېرۇر بىمىسلۇ هەم يەكتا .
بەئىززى كۇرسىيۇ لەۋهۇ قەلەم ئەرشى ئەزىمۇل قەدر ،
بەنۇرى كەئبەئى ئەئزەم ، بەفەيزى مەسجىدى ئەقسا .
رۇسۇللار هۇرمەتىدىن هەم خۇسۇسەن ئول هەبىبىڭكىم ،
ئېرۇر رەئنا گۇلى خۇش رەڭگى بۇيى گۇلشەنى ئەسرا .
تەمامى دەردى هالىمدۇر سېنىڭ دەرگاهىڭە مەئلۇم ،
ئېرۇرسەن ، كىردىگارا ، ئالىمۇس ـ سىر ، ئالىمۇل ، ئىخفا .
نىيازى ، بولماغىل نەۋمىد ، ئەمما بول ئەدەب يىرلە ،
نە هەد سەن رو سىيەھ هەددىڭدىن ئارتۇق قىلغالى دەئۋا .

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب

# ئۇۋەيسخاننىڭ شىھىت بولغانلىقىنىڭ بايانى

ئەمىر خۇدايداد مەككىگە كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مىر مۇھەممەدشاھ ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئەمىرلىك مەنسىپىگە ئولتۇردى. بىرنەچچە مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇۋەيسخاننىڭ ھاياتلىق كۈنلىرىنى ئۆلۈم كېچىسى قاراڭغۇ قىلدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق ئىدى:

ساتۇقخان تېمۇرىي خانلىرىدىن ئىدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرى شۇنداق ئىدىكى، خانلاردىن بىرىنى خان نامى بىلەن ئاتايتتى ۋە شەھەر ئىچىدە بىر مەھەللىدە ماكان تەيىن قىلىپ نەزەربەند ھۆكۈمى بىلەن ساقلايتتى. ھازىرمۇ سەمەرقەند شەھىرىدە ئۇ مەھەللىنى ھەياتىخان دەپ ئاتايدۇ، ئۇ مەھەللە ناھايىتى چوڭ مەھەللىدۇر. ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە كىچىك مەھەللىلەر بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى بار. ھەۋزى بوستانخان بولسا سەمەرقەند شەھىرىنىڭ ئوبدان مەھەللىسى بولۇپ، بۇ مەھەللىمۇ يۇقىرىقى مەھەللىلەر جۈملىسىدىندۇر. دېمەك، ئەمىر تېمۇرنىڭ زامانىدا ئاشۇ مەھەللىدە سۇيۇرغاتمىشخان بار ئىدى. ئۇ خان ئەمىر تېمۇرنىڭ زامانىدا ئىراققا بېرىپ شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخاننى ھەياتى خاندا ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزغانىدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ بارلىق ئالاقە ۋە پەرمانلىرى مۇشۇ ئىككى خاننىڭ ئىسمىدا ئىدى ۋە مۇنداق ئىبارە بىلەن پۈتۈلەتتى: «سۇيۇرغاتمىشخان يارلىقىدىن ئەمىر تېمۇر كۆرەگان سۆزۈم.» مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئالاقە ۋە پەرمانلىرى يۇقىرىدا

زىكىر قىلىنغان ساتۇقخاننىڭ ئىسمىدا ئىدى . مىرزا ئۇلۇغبەگ ساتۇقخاننى ھەياتى خاندىن چىقىرىپ ئورنىدا باشقا خاننى ئولتۇرغۇزدى ، ساتۇقخاننى موغۇلىستانغا ئەۋەتتى . ئۇۋەيسخان بۇ چاغدا ئىسسىقكۆل چېگرىسىدىكى ياقا بۇلۇڭ دېگەن جايدا ئىدى . پەقىر مەۋلانا خاجە ئەھمەدتىن ئاڭلىغانىدىم . ئۇ زاتنىڭ خاجە ئەبدۇلكەرىم ئاتلىق بىر نەۋرە تۇغقىنى بار ، ئۇۋەيسخانغا يېقىن ئىكەن . شۇ كىشى مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەرگەنىكەن : جۇمە كۈنى ئىدى ، خان جۇمە نامىزى ئۈچۈن غۇسلى قىلدى ۋە چېچىنى ئالدۇردى ، ئاندىن مەندىن : «مېنىڭ بېشىم مۇشۇ پاكىزلىكى بىلەن نېمىگە لايىقتۇر ؟ » دەپ سورىدى . مەن : «مەملىكەت تاجىنى كىيىشكە لايىقتۇر » دەپ جاۋاب بەردىم . خان ئېيتتىكى : «تاج كىيىشكە ئەمەس ، بەلكى شېھىت بولۇشقا لايىقتۇر . » شۇ سۆزدىن كېيىن بىر كىشى ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى ۋە : «ساتۇقخان كەلدى » دەپ خەۋەر قىلدى . خان دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ئەمر قىلدى ، ئۆزى كىيىنىشكە مەشغۇل بولدى ، يېقىن ئەتراپتىكى بارلىق لەشكەرلەر يىغىلدى . ئۇۋەيسخان ئۇلار بىلەن ئاتلىنىپ ساتۇقخاننىڭ ئالدىغا چىقتى . ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا بىر ئۇلۇغ سۇ بار ئىدى ، ئىككى تەرەپتە ئىككى سەپ بىر - بىرىگە يۈزلەندى ، ئاندىن ئۇۋەيسخان ئالدىدا يۈردى . ئۇ سۇدىن ئېتىنى سەكرىتىپ ئۆتمەكچى بولغانىدى ، ئاتنىڭ ئايىغى لايغا پېتىپ قالدى ، ئۆزى يىقىلدى . خاننىڭ چاقىر ئاتلىق بىر مۇلازىمى بار ، ئوقيا ئېتىشتا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ ، پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسى ئىچىدە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى . شۇ تۈپەيلىدىن خان چاقىرنى مىر مۇھەممەد-شاھتىن سورىۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىدە تۇرغۇزغانىدى . خان ئاتتىن يىقىلغاندا بۇ چاقىر دېگەن مۇلازىم يېتىپ كېلىپ قارىسا ، بىر كىشى ئات بىلەن يىقىلىپتۇ . ئۇ دۈشمەننىڭ باھادىرلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئاتتىن يىقىلغان بولسا كېرەك ، دەپ گۇمان قىلىپ كامانغا ئوقنى قويۇپ خاننىڭ بىقىنىغا شۇنداق ئاتتىكى ، ئوق تاكى يۇڭغىچە پېتىپ قالدى . خان يۇمىلاپ ئوڭدا بولغان ھامان چاقىر

ئۇنى تونۇپ ئاتتىن ئۆزىنى تاشلىدى ۋە خانغا ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئۈچۈن خاننىڭ بېشىدا چۆرگىلىگىلى تۇردى . ئۇنىڭغىچە بۇ خەۋەر ساتۇقخانغا ئاڭلاندى . ساتۇقخان تېزلىكتە ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كېلىپ ، ئاتتىن چۈشۈپ خاننىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى ، لېكىن خاننىڭ تىنىقى توختىغانىدى . شۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسى ۋەيران بولدى . ئۇلار ساتۇقخانغا بويسۇنمىدى ، شۇڭا ساتۇقخان موغۇلىستاندا تۇرالماي قەشقەرگە باردى . قەشقەردە ئەمىر خۇدايداد نەۋرىلىرىدىن قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى . ئۇ ساتۇقخاننى يوشۇرۇن تۇتۇپ ئۆلتۈردى . پات پۇرسەتتە مىرزا ئۇلۇغبەگ لەشكەر ئەۋەتىپ قاراقۇل ئەھمەد مىرزىنى تۇتۇپ ، سەمەرقەندكە ئېلىپ بېرىپ ئىككى پارچە قىلدى .

## ئوتتۇز بەشىنچى باب

# سۇلتان ئۇۋەيسخان شېھىت بولغاندىن كېيىن ئىرازان پاراكەندىچىلىكىنىڭ بايانى

سۇلتان ئۇۋەيسخان شېھىت بولدى ، موغۇل ئۇلۇسىغا قالايمىقانچىلىق ۋە مۇقىمسىزلىق يۈزلەندى . قاراقۇل ئەھمەد مىرزا ساتۇقخاننى قەتلى قىلغاندىن كېيىن موغۇل ئەھلىگە خېلى تەسەللى ھاسىل بولغانىدى . لېكىن ، ئۇۋەيسخاندىن ئىككى پەرزەنت قالغان بولۇپ ، بىرىنىڭ ئېتى يۇنۇسخان ، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئىسان بۇغاخان ئىدى . ئۇ پەرزەنتلەر ئىچىدە يۇنۇسخان چوڭى بولۇپ ، شۇ چاغدا ئون ئۈچ ياشتا ئىدى . ئەمىرلەر ئارىسىدا مۇنداق ئىختىلاپ پەيدا بولدى . بارىنلاردىن ئىرازان ئاتلىق بارىن ۋە مىرەك

تۇرۇكمەندىن ئىبارەت ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇلار ئەمىر خۇدايدادنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن ئىدى. ئەمىر خۇدايدادتىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مىر مۇھەممەدشاھنىڭ خىزمىتىدە بولغانىدى. ئۇۋەيسخان شېھىت بولغاندىن كېيىن بۇ ئىككىيلەن ئۆزىنىڭ پۇتكۇل تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە مىر مۇھەممەدشاھتىن ئايرىلىپ يۇنۇسخانغا قوشۇلدى ۋە پىتنە ـ پاسات پەيدا قىلدى، يەنە باشقا خالايىقلاردىنمۇ يۇنۇسخانغا قوشۇلغانلار ناھايىتى تولا ئىدى. ئەمما، ئەمىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسان بۇغاخان تەرەپتە تۇردى. شۇ سەۋەبتىن موغۇل خەلقى موغۇلىستاندا تۇرالمىدى. شۇڭا، ئىرازان بارىن ۋە مىرەك تۇرۇكمەن قاتارلىقلار يۇنۇسخاننى ئېلىپ، ئوتتۇز مىڭ ئۆيلۈك موغۇلنى باشلاپ سەمەرقەندكە يۈزلەندى. ئىسان بۇغاخان باشلىق قالغان ئەمىرلەر موغۇلىستاندا قالدى.

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

# يۇنۇسخان بىلەن ئىرازان بارىننىڭ [سەمەرقەندكە] مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھۇزۇرىغا بارغانلىقى

ئىرازان بارىن بىلەن مىرەك تۇرۇكمەننىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلاندى. ئۇلۇغبەگ سەمەرقەندتىن ئۆزبېك بىلەن ئالدىغا چىقتى ۋە موغۇل خەلقىگە تەمىنات بېرىشكە ۋەدە بېرىپ مۇنداق دېدى: «ھەر ئۆيلۈك كىشى ئىسمىنى ئايرىم ـ ئايرىم يازدۇرسۇن، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئۆيلۈك كىشىگە ئالاھىدە تەمىنات تەيىن قىلغايمىز.» تەمىنات ئۈمىدىدە موغۇل خەلقى بىر ئۆيلۈك ـ بىر

ئۆيلۈكتىن ئايرىلىپ شەھەرگە كىرىشكە باشلىدى . بۇ دەرۋازىدىن كىرىپ يەنە بىر دەرۋازىدىن چىقاتتى . چىقىدىغان دەرۋازىنىڭ يېنىدا نۇرغۇن ئادەم تەق بولۇپ تۇرۇشقانىدى ، ئۇلار ئۆي ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈپ خوتۇننى ئەسىر قىلاتتى . موغۇللاردىن قەلئەگە كىرگەنلەرنىڭ ھېچبىر خەۋىرى مەلۇم بولماس ئىدى . شۇنداق قىلىپ مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇ يوسۇندا بۇ ئىشنى نەچچە كۈندە تاماملىدى . يۇنۇسخاننى ئولجا ـ غەنىيمەت قاتارىدا ئاتىسى مىرزا شاھرۇخقا سوۋغات ھۆكۈمى بىلەن ئەۋەتتى . بۇ ۋاقىتتا خان ئون ئۈچ ياشتا ئىدى ، يۇنۇسخاننى شاھرۇخنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى . مىرزا شاھرۇخ ئوغلى ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ يۇنۇسخاننى ئەسىر قىلغانلىقىغا غەزەپلىنىپ بۇ ئىشنى خاتاغا ھۆكۈم قىلدى . شۇڭا ، شاھرۇخ مىرزا خاننى ئەسىرلەر قاتارىدىن چىقىرىپ ، ئۇنى ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن ئەزىزلىدى . خاننى پەرزەنتلىرى قاتارىدا كۆرۈپ مەۋلانانىڭ خىزمىتىدە پەزىلەت ۋە كامالەت ھاسىل قىلسۇن ، دېگەن نىيەتتە ، ئۇنى مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ تەربىيىسىگە ھاۋالە قىلدى . مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدى — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ يۇنۇسخاننىڭ ئىسمىغا يازغان مۇئەممالىرى ناھايىتى تولىدۇر ، خاننىڭ ئېتىغا ئېيتقان شېئىرلىرى ۋە قەسىدىلىرىمۇ ناھايىتى نۇرغۇندۇر . بۇ مەتلەئ شۇلار جۈملىسىدىندۇر . نەزم :

ئەيكى مىگۇيىكى ، ئەز مۇلكى خىتا خان ئامەدەست ،
خانىمانەت باد ۋەيران ، خان مەگۇ ، جان ئامەدەست .

تەرجىمىسى :

ئەيكى ئايتۇرسەن بۇدەم مۇلكى خىتادىن كەلدى خان ،
خانىمانىڭ بولسۇ ۋەيران ، خان دېمەكىم ، كەلدى جان .

شۇنداق قىلىپ يۇنۇسخان ئون ئىككى يىل مەۋلانانىڭ

خىزمىتىدە پەزىلەت ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىلىم ۋە پەزىلەتتە كامالەت ھاسىل قىلدى. تاكى مەۋلانا ۋاپات بولغۇچە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئاندىن يەزدىتىن ئىراق، ئەرەب ۋە پارس تەرەپلەرگە سەپەر قىلدى. خان تاكى يىگىرمە تۆت ياشقا يەتكۈچە مەۋلانانىڭ خىزمىتىدە بولغانىدى. قىرىق بىر ياشتا موغۇلىستاندا پادىشاھ بولدى. بۇنىڭ بايانى خۇدا خالىسا تۆۋەندە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر.

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب

# ئىسان بۇغاخان ئىبنى ئۇۋەيسخاننىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنىڭ بايانى

يۇنۇسخاننى ئىرازان بارىن، مىرەك تۈركمەن قاتارلىقلار سەمەرقەندكە ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن پۈتكۈل موغۇلىستان ئىسان بۇغاخانغا تەۋە بولدى، ھەممە ئەمىرلەر ئىسان بۇغاخاننىڭ خىزمىتىدە ئىدى. شۇڭا، ئىسان بۇغاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى تازا راۋاج تاپتى. خاننىڭ زۇرۇر خىزمەتلىرىدە ئەمىر سەييىدئەلى ناھايىتى كۆپ ئىجتىھات ۋە تىرىشچانلىقلار كۆرسەتتى. خان تەختتە مۇستەھكەم ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئەمىر سەييىدئەلى قەشقەرگە بېرىش ئۈچۈن خاندىن رۇخسەت سورىدى. چۈنكى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، خاجە شەرىف قەشقىرى قەشقەرنى مىرزا ئۇلۇغبەگكە تەۋە قىلىپ بەرگەندە، ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ ئاتىسى مىر سەييىدئەھمەد قەشقەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ سۇلتان مەلىك دۇغلاتنى، ئۇنىڭدىن كېيىن پىر

هاجى مۇھەممەد شايەستە ئاتلىق بىر كىشىنى، يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن پىر مۇھەممەد بارلاسنى كاشغەر ھۆكۈمىتىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى. ئەمىر سەييىدئەلى ئىسان بۇغاخانغا ئەرز قىلىپ: «مۇشۇ كۈنلەردە پۇرسەت غەنىيمەتتۇر. كاشغەرگە يۈرۈش قىلىپ قولىمىزدىن كېتىپ قالغىنىغا ئون تۆت يىل بولغان ئاتا ـ بوۋامنىڭ بۇ تەختىگاھىنى بىر ئاماللار بىلەن قايتۇرۇۋالغايمەن. چۈنكى، بۇ قەدىمىي يۇرت تەۋەلىكىمىزدىن مۇنداق چىقىپ كەتسە، بىز ئۇچۇن ناھەقچىلىك ۋە ئار ـ نومۇس بولغۇسىدۇر» دېدى. ئىسان بۇغاخان ئەمىر سەييىدئەلىگە ئىجازەت بەردى.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

# ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ كاشغەرگە يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە ئۇنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى

ئاشۇ كۈنلەردە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ماڭلايسۈيەنىڭ كۆپ قىسمى دۇغلاتلارنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى، شۇ جۈملىدىن كاشغەر بىلەن ئەندىجانلار سەمەرقەند دىۋان مەھكىمىسىگە تەۋە بولغانىدى. ئىسسىقكۆل چېگرىلىرى زامان ئىنقىلابلىرى بىلەن ۋەيران بولغانىدى، قالغان كۆپ قىسىم جايلار يەنىلا دۇغلات ئەمىرلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئاشۇ كۈنلەردە ئاقسۇ، كۇچا، باي دىيارلىرىدا ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ قېرىنداشلىرى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئوغلانلىرى بار ئىدى. ئەمىر سەييىدئەلى ئاقسۇغا كەلدى، ئەھلى خوتۇنىنى ئاقسۇدا قويۇپ ئۆزى كاشغەرگە يۈرۈش قىلدى. بۇ توغرىسىدا بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمىغان رىۋايەتلەر بار.

ئەمىر سەيىيدئەلى ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن خوتۇنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى ئاقسۇدا قويۇپ ئۆزى كاشغەرگە يۈزلەندى . بۇ چاغدا ئەمىر سەيىيدئەلى بىلەن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن ئادىل مۇئمىن مىرزا ۋە سەيىيدمەھمۇد مىرزا قاتارلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ـ ماجىرالار يۈز بەردى . ئاخىردا ئەمىر سەيىيدئەلى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەڭدى ، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ناھايىتى كۆپ كىشى ئۆلتۈرۈلدى . بۇ توغرىدىكى رىۋايەتلەرمۇ كۆپ خىل ، شۇ سەۋەبتىن بۇ رىۋايەتلەر بايان قىلىنمىدى . شۇنداق قىلىپ ئەمىر سەيىيدئەلى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يەڭدى ۋە يەتتە مىڭ كىشى بىلەن كاشغەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى . ئۇلار كاشغەر چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن كاشغەردىن ھاجى مۇھەممەد شايەستە ئاتلىق ۋە پىيادىلەردىن ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن يولغا چىقىپ ، كاشغەردىن ئۈچ فەرسەڭ يىراقلىقتىكى ئۈچ بارخان دېگەن جايغا كېلىپ تاقابىل بولدى . ئەمما ، ھاجى مۇھەممەد شايەستە ئەمىر سەيىيدئەلىنىڭ بىرىنچى ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قاچتى . موغۇل چاغاتايىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى ، ئەمما موغۇل ئۇنىڭغا ھېچبىر زەربە يەتكۈزمەستىن پۈتۈن ئەسلىھەلىرىنى تاشلاپ بەردى ۋە نالە ـ زار قىلغىلى تۇردى . شۇ سەۋەبتىن بۇ ئۇرۇشقا «سالاي بېگىم» دەپ نام قويىدى . بۇ دېگىنى «ئېگىنىمنى سالاي ، بېگىم»① دەپ يالۋۇردى دېگەنلىك ئىدى . «سالاي بېگىم» ئۇرۇشى ئاشۇ چېگرادىكى مەشھۇر ئۇرۇشلاردىن بىرى بولۇپ ، كاشغەر خەلقى ئۈچۈن بىر تارىخ بولدى . قېچىپ كەلگەنلەر قەلئە ئىچىگە بېكىنىۋالدى . ئەمىر سەيىيدئەلى قەلئەنىڭ سىرتىدا قولىدىن كەلگىنىچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى ، كېلەركى يىلىدا زىرائەت باش تارتقاندىن كېيىن يەنە كەلدى . بۇ نۆۋەت ئەمىر سەيىيدئەلىنىڭ مۇقابىلىسىگە ھېچكىم چىقالمىدى . ھاجى مۇھەممەد شايەستە قەلئەگە بېكىنىۋالدى . ئەمىر سەيىيدئەلى

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «ئەمىرىمنى يوقىتىپ قويدۇم» دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

قەلئەنىڭ سىرتىنى يەنە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ كاشغەر تەۋەسىدىكى قەلئەلەردىن ئالاكۇ ئاتلىق مەھكەم بىر قەلئەنى قانلىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئالدى ۋە قولىدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ ياندى .

خاجە شەرىف مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھوزۇرىدا ئىدى . بىر كۈنى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنىڭدىن : «كاشغەردە ھېز① تولا دەيدۇ ، راستمۇ ؟ » دەپ سورىدى . خاجە شەرىف : «كاشغەرگە چاغاتاي كەلگەندىن بۇيان ھېز تولا بولۇپ قالدى » دەپ جاۋاب بەردى ۋە خاجە شەرىف ئۇلۇغبەگكە قاتتىق تەلەپ قويۇپ پىر مۇھەممەد بارلاسنى كاشغەرگە ئېلىپ كەلدى . ئۇلۇغبەگ ھاجى مۇھەممەد شايەستىنى سەمەرقەندكە ئېلىپ كەتتى . پىر مۇھەممەد بارلاس كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن كاشغەر خەلقى ئۇنىڭغا پىر مۇھەممەد ياڭى② دەپ لەقەم قويدى ۋە ئۇنى ھېچبىر ھېسابقا ئالمىدى . خاجە شەرىف چاغاتايلاردىن نائۇمىد بولدى . شۇڭا ، ئۇچىنچى يىلى ئەمىر سەيىدئەلى كاشغەرگە يەنە كەلگەندە كاشغەرنىڭ كاتتىلىرى خاجە شەرىفكە غەلۋە ـ غوۋغا قىلىشقا باشلىدى : «ئىككى يىلدىن بېرى زىرائەتلىرىمىز زايە بولدى . يەنە بۇ يىل زايە بولىدىغان بولسا ، ئاچارچىلىقتا قالىمىز » دېيىشتى . ئەمىر سەيىدئەلى كاشغەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن كاشغەر خەلقى پىر مۇھەممەد بارلاسنى تۇتۇپ باغلاپ ئېلىپ چىقتى . ئەمىر سەيىدئەلى ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ ھايات لىباسىنى يىرتتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن كاشغەر شەھىرىگە كىرىپ ئادالەت بىلەن ئىش تۇتۇپ ، پۇقرالارغا مۇرۇۋۋەت ۋە زالىملارغا سىياسەت قىلىپ ، ناھايىتى ئوڭۇشلۇق يىگىرمە تۆت يىل ھۆكۈمەت تۇتتى . مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقىنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى ، تاكى مۇشۇ دەمگىچە كىشىلەر ئەمىر سەيىدئەلىنىڭ تەرىپىنى قىلىشىدۇ . ئەمىر سەيىدئەلى بۇ مۇددەت ئىچىدە مال ـ مۈلۈك ، زىرائەت ۋە چارۋىلارنى شۇ قەدەر كۆپ

---

① تېھران نەشرىدە بۇ سۆز «خەر» (ئېشەك) دېيىلگەن .

② تېھران نەشرىدە بۇ سۆز «بەڭگى» دېيىلگەن .

توپلىغانىدى . ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل ، ئىككى قىز قالغان بولۇپ ، مىراسنى تەقسىم قىلغان ۋاقتىدا بىر ئوغۇل ، يەنى پەقىر [نىڭ بوۋام] مىرزا مۇھەممەدھەيدەرگە ئون سەككىز مىڭ[1] قوي مىراس تەگكەنىدى .

خاجە فەخرىددىن ئارتۇچى بولسا تىجارەتچى ، تەقۋادار ۋە توغرا سۆزلۈك كىشى ئىدى . پەقىر ئۇنىڭدىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم : ئەمىر سەييىدئەلى زىمىستاندا ئۈچ ئاي شىكار قىلاتتى . بۇ شىكاردا ھېچ كىشىگە ئۇنىڭ سىپاھلىرىدىن زىيان ۋە مۇشەققەت يەتمەيتتى . چۈنكى ، ھەممە لازىمەتلىكلەرنى ۋە قونالغۇنى بىللە ئېلىپ يۈرەتتى . بۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە شىكارغا چىققانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوزۇقلۇقى ، گۆشلىرى ۋە باشقا لازىمەتلىكلىرىنى ئۆز ئوردىسىدىن بېرەتتى ، ھەر كىشىگە قانچىلىك كېتىدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈپ قويغانىدى . بەزى كۈنلىرىدە بەش يۈز قوي ، بەزى كۈنلىرىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك سەرپ بولاتتى . ھەر بىر كىشىنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ ئۇن ، قوي ۋە ئارپا قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى تارقىتاتتى . بەزى يىللىرىدا ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن شىكارغا چىقاتتى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئايلىق تەمىناتىنى ئەمىر ئوردىسىدىن بېرەتتى . شىكارگاھ ئەتراپىدىكى خەلقنىڭ ھەممىسى ئەمىرنىڭ شىكارغا چىقىشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى . چۈنكى ، ئاشۇ ئوزۇقلاردىن ئاشقىنىنى باشقىلارغىمۇ بېرەتتى . خاجە فەخرىددىن يەنە مۇنداق دېگەنىدى : «بىر قېتىم ئەمىر سەييىدئەلى بىزنىڭ ئارتۇچقا كېلىپ چۈشتى . شىكار ئەمىرى ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ يەيدىغان مەخسۇس ئۇنلىرىدىن نان پىشۇرغۇزاتتى . ئۇ بىر ئاجىز خوتۇنغا ئالتە ناندىن بىر نان ئىش ھەققى بېرىش ۋەدىسى بىلەن نان پىشۇرغۇزۇپتۇ . كېيىن ئۇ خوتۇنغا : ‹ئۇن ، ئوتۇن ، تۇز ،

① موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قوليازمىسىدا «بىر يۈز ئاتمىش قوي» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان ، پارسچە قولىيازما ۋە تېھران نەشرىدە ، خەنزۇچە تەرجىمىسىدە «ئون سەككىز مىڭ قوي» دەپ يېزىلغان ، پارسچە نۇسخا ۋە مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن توغرىلاندى .

ياغ ھەممىسىنى بەردىم ، پىشۇرۇپ بەرگەن چاغلىق خىزمەتنى ئىش ھەققى ئالماي قىلىشىڭ لازىم ئەمەسمۇ ؟ › دەپ ئۇ بىچارە خوتۇنغا نان بەرمەپتۇ . ئۇ كۈنى كەچ ئەمىر سەييىدئەلى شىكاردىن يېنىپ كېلىشى بىلەن تــەڭ ئۇ زەئىپ خوتۇن ئەرز قىلىپ كەلدى . ئەمىر سەييىدئەلى شىكار ئەمىرىنى چاقىرىپ سورىغانىدى ، شـــــكار ئەمىرىمۇ خوتۇننىڭ ئەجرىنى بەرمىگەنلىكىنى ئىقرار قـــىلدى . ئەمىر سەييىدئەلى : ‹نانىنى ئۆزۈڭ پىشۇرماي ، بۇ ئاجىز مەزلۇمگە زۇلۇم قىلىپ پىشۇرغۇزدۇڭمۇ ؟ › دەپ ئۆزى شۇ يەردە توختاپ تۇرۇپ تۆمۈرچىنىڭ دۇكىنىدىن ئـامبۇر ئالدۇرۇپ كېلـــىپ ، شىكار ئەمىرىنىڭ ئېزىق چىشىنى تارتقۇزۇپ بېشىغـا قاقتۇرۇپ قويدى . » دېمەك ، ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ ئادالىتى ۋە سىياسىتى شۇ دەرىجىدە ئىدى . ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ بىنا قىلغان خەير ـ ئېھسان تارقىتىش ئىمارەتلىرى تاكى مۇشۇ كۈنگىچە كاشغەردە بار . بۇ يىگىرمە تۆت يىل ئىچىدە كۆپ ۋەقەلەر بولۇپتۇ ، بۇلار كېيىن ئەھۋالغا قاراپ كــەڭ ۋە ساغلام رىۋايەتلەر بىلەن شەرھلەپ بايان قىلىنغۇسى .

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

# ئىسان بۇغاخانغا ئەمىرلىرىنىڭ قارشى چىققانلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

يۇنۇسخان سەمەرقەندكە كەتكەندىن كېيىن پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسى ئىسان بۇغاخانغا ئىتائەت قىلدى ، پۈتكۈل جەمئىــيەت ئۇنىڭغا بويسۇندى . بىر قانچە يىل شۇ يوسۇندا ئۆتتى . ئىسان

بۇغاخان ياش بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمىرلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلمىدى . ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان قەبىلىسىدىن تېمۇر ئاتلىق بىر كىشىنى ئۆزىگە ئورۇنباسارلىققا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا بولغان تەربىيە ۋە ھېسداشلىقنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى . ئەمىرلەر تېمۇرنىڭ ھەممىدىن ئۇلۇغ مەرتىۋىگە چىقىۋالغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەتلىرىنىڭ قالمىغانلىقىغا تاقەت قىلالمىدى . بىر كۈنى خاننىڭ ھۇزۇرىدا ئەمىرلەر ھۇجۇم قىلىپ تېمۇرنى پارە ـ پارە قىلدى ، ئاندىن بىراقلا بۆلۈنۈپ كەتتى . خان بۇ ۋەقەدىن ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتى ، شۇڭا ئوردىدا تۇرالماي قېچىپ كەتتى . بۇ خەۋەر كاشغەردىكى ئەمىر سەييىدئەلىگە ئاڭلاندى . ئەمىر سەييىدئەلى خاننى ئىزدەپ موغۇلىستانغا بېرىپ ، خاننى ئاققىياس[①] دېگەن جايدىن تاپتى ۋە بىرنەچچە كىشى بىلەن ئاقسۇغا ئېلىپ كەلدى ھەمدە ئاقسۇنى خانغا بويسۇندۇردى . لېكىن ، موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ ھەربىرى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى . مىر مۇھەممەدشاھ ئاتباشى دېگەن جايدا تۇراتتى . خان بىلەن بۇلار ئوتتۇرىسىدا خەت ـ چەك ۋە ئەھدۇپەيمانلار تولا ئۆتكەندىن كېيىن قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاقسۇغا — خاننىڭ ھۇزۇرىغا باردى . شۇنىڭدىن كېيىن تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەزىز ۋە مۆھتىرەم بولۇپ ئۆتتى . يەنە مىر كەرىمبەردى دېگەن كىشىمۇ دۇغلات ئەمىرلىرىدىن ئىدى . موغۇلىستان چېگرىسىدىكى ئەندىجان ۋە فەرغانىدىكى ئالابۇغا دېگەن جايدا بىر ئېگىز دۆۋىنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قەلئە تەييارلاپ شۇ يەردە ئورۇنلاشقانىدى ، بۇ قەلئەنىڭ ئىزنالىرى ھازىرمۇ بار . مىر كەرىمبەردى ئۇ يەردىن ئەندىجان ۋە فەرغانە تەرەپلىرىگە بېرىپ ، مۇسۇلمانلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى .

مىر ھەقبەردى كىچىك بەگلەردىن ئىدى . ئۇ قالماقلارنىڭ

① خەنزۇچە نەشرىدە «ئاق قاباس» ( Ak Kabas ) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

ھۇجۇمىدىن قورقۇپ، ئىسسىقكۆلدىكى قويسوي ئاتلىق جايدا پەيپەك جەزىرىسىگە قەلئە سالدى ۋە ئەھلى ئايالىنى شۇ جايدا قويۇپ، ئۆزى تۈركىستان ۋە سايرامنى ۋەيران قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. چۇراس ۋە بارىن قوۋمى ئەمىرى ئىسان تايشىنىڭ [ئوغلى ئاماسانجى تەيشى]① نىڭ قېشىغا — قالماقلار يۇرتىغا كەتتى. قالۇچى ۋە بالغاچى باشلىق نەچچە قەبىلە ئەبۇلخەيرخاننىڭ ھۇزۇرىغا — ئۆزبېكىستانغا كەتتى. كۆنچى ئەمىرلىرى بىلەن بىرنەچچە جامائەت موغۇلىستان سەھرالىرىدا بۆلۈنمە ھالەتتە يۈرۈۋاتاتتى، بۇ ھادىسىلەر تۇپەيلىدىن موغۇلىستاندا تەپرىقىچىلىك باش كۆتۈرگەنىدى.

ئىسان بۇغاخان ئاقسۇدا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن مىر مۇھەممەدشاھ ئاقسۇغا كەلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن خالايىق يەنە خانغا ئىتائەت قىلىشقا باشلىدى. خانمۇ ئۆزىنىڭ قىلغان مۇئامىلىسىگە پۇشايمان قىلىپ خالايىققا ياخشىلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە قايتىدىن كۈچەيدى. تۇنجى قېتىمدا سايرام، تۈركىستان ۋە تاشكەندنى بىراقلا ۋەيران - چاپقۇن قىلىپ ياندى. بۇ ۋەقە تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 855 - يىلى (مىلادىيە 1451 - يىلى) دىن ئىلگىرى بولغانىدى. ئىككىنچى نۆۋەت يەنە شۇ يوسۇن بىلەن يۇقىرىقى ۋىلايەتلەر ئۈستىگە باردى. بۇ زاماندا ماۋەرائۇننەھردە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا پادىشاھ ئىدى. ئۇ خاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان ياڭى② دېگەن جايدا خانغا يېتىشتى، ئەمما خان ھېچبىر سەۋەبسىز ئۇرۇش قىلماستىنلا قاچتى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىمۇ شۇ يەردىن ياندى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا خوراسانغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئىسان بۇغاخان ئەندىجانغا كەلدى. ئەندىجاندا مىرزا ئەبۇسەئىد تەرىپىدە تۇرىدىغان مىرزا ئەلى كىچىك ئاتلىق بىر ئەمىر بار ئىدى، ئۇ

① خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن).

② ياڭى — تېراز، تالاس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى قازاقىستاندىكى جامبۇل تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن).

ئەندىجان قەلئەسىنى مەھكەم ساقلىدى. خاننىڭ لەشكىرىنىڭ تولىلىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، پۇتكۇل ئەندىجان قەلئەسىنى ئۈچ قاتار ئايلاندۇرۇپ مۇھاسىرە قىلدى، ھەر تەرەپتىن لەخمە كولاپ تاشقىرىقى قەلئەنى ئالدى. مىرزا ئەلى كىچىك ئەرىكتە قالدى. ئاخىر ئۇلار سۇلھى تەلەپ قىلىپ نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن خاننىڭ ئالدىغا كەلدى. خان پۇتكۇل ئەندىجان خەلقىنى ئەسىر قىلىپ ياندى، تاكى مۇشۇ زامانغىچە شۇ ئەسىر بولغانلاردىن كاشغەر ۋە موغۇلىستاندا تولا.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى، ئەمما ئىسان بۇغاخاننى يوقىتىشقا ئاجىز كەلدى. چۈنكى، ئەبۇسەئىد مىرزا ئەگەر موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلسا، ئىسان بۇغاخان موغۇلىستاننىڭ يىراق چېگرالىرىغا كېتەتتى. سەمەرقەند لەشكەرلىرىنىڭ ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا يانسا ئىسان بۇغاخانمۇ يېنىپ كېلەتتى. ئەبۇسەئىد مىرزا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغۇدەك ئەمىرلەردىن قويۇشقا مۇيەسسەر بولالمايتتى. چۈنكى، ئىسان بۇغاخاننىڭ كۈچى ۋە لەشكەرلىرىنىڭ تولىلىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئەمىرلىرى ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئىراقتا لەشكەر تارتىش مۇددىئاسى بار ئىدى. لېكىن، ئىسان بۇغاخاننىڭ زىيان - زەخمەت سېلىشىدىن قورقۇپ ئىراق تەرەپكە بارالمايۋاتاتتى. شۇڭا، ئىراقتا كىشى ئەۋەتىپ يۇنۇسخاننى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ ۋەقەسى تۆۋەندە تەپسىلىي بايان قىلىنغۇسى. يۇنۇسخان ئىسان بۇغاخاننىڭ ئاكىسى بولۇپ، ئىراق زېمىنىدا مۇساپىر بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. دېمەك، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخاننى ئىسان بۇغاخاننىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. ئۇنىڭ غەرىزى شۇ ئىدىكى، ئىككى قېرىنداش بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەشغۇل بولسا، سۇلتان ئەبۇسەئىدنىڭ ۋىلايەتلىرىنىڭ چېگرىلىرى تىنچ بولاتتى. ئىسان بۇغاخاننىڭ ھۇزۇرىدىن بۆلۈنۈپ چىققان موغۇل ئەمىرلىرى

ھەرقايىسسى بىردىن قەلئەگە بېكىنىۋېلىپ ، ئىسان بۇغاخانغا تولۇق ئىتائەت قىلمايتتى ، ئىسان بۇغاخانمۇ ئۇلارغا چېقىلمايتتى ، بەلكىم يەنە ماڭا ئىتائەت قىلىپ قالار ، دەپ ئۇمىد قىلاتتى .

شۇ كۈنلەردە ئەبۇلخەيرخان دەشتى قىپچاقنى قولىغا ئېلىپ ، جۇچى نەسلىدىن بولغان سۇلتانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى ، جانىبېكخان ۋە كىرەيخان ئۇنىڭدىن قېچىپ موغۇلىستانغا كەلدى . ئىسان بۇغاخان ئۇلارنى ھىمايىسى ئاستىغا ئالدى ۋە موغۇلىستاننىڭ غەرب تەرىپىدىكى جۇدا كۆزباشى تەرەپنى ئۇلارغا بەردى ، ئۇلار ئۇ يەردە ئۆز ئەھۋالى بىلەن مەشغۇل بولدى . ئەبۇلخەيرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆزبېك ئۇلۇسى ئارىسىدا ئىختىلاپ ۋە نىزالار تولا يۈز بەردى ، ئۇلاردىن كۆپ قىسمى جانىبېكخان ۋە كىرەي خانلارنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى . شۇنداق قىلىپ ئۇلار كۆپىيىپ سانى ئىككى يۈز مىڭ كىشىگە يەتتى ، ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرى ئۆزبېك قازاق دەپ ئاتالدى .

قازاق سۇلتانلىرىنىڭ دەسلەپكى دۆلەت قۇرغان ۋاقتى ئېھتىمال تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 770 - يىلى[1] ئىدى — تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر . تاكى (ھىجرىيە) 940 - يىلى[2] غىچە قازاقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يۈرگۈزۈلدى ، كۆپىنچىسى ئۆزبېكىستاندا . كىرەيخاندىن كېيىن بۇراندۇقخان[3] بار ، ئۇنىڭدىن كېيىن جانىبېكخاننىڭ ئوغلى قاسىمخان بار ، قاسىمخان دەشتى قىپچاقنى شۇ قەدەر مۇستەھكەم تۇتتىكى ، لەشكەرلىرىنىڭ تولىلىقى مىڭ مىڭ (بىر مىليون)دىن كۆپ ئىدى . ئېھتىمال جۇچى خاندىن كېيىن ئۇ يۇرتتا قاسىم خاندىن ئۇلۇغراق خان بولمىدى بولغاي . قاسىم خاندىن كېيىن ئوغلى مىماشخان[1] خان

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «870 - يىلى» دېيىلگەن . مىلادىيە 1368 — 1369 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن) .

② ھىجرىيە 940 - يىلى مىلادىيە 1533 — 1534 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

③ خەنزۇچە نەشرىدە «باراندۇقخان» (Baranduk Khan) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

④ باشقا جايلاردا «مۇماشخان» دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

بولدى . ئۇنىڭدىن كېيىن قېرىندىشىنىڭ ئوغلى تاھىرخان خان بولدى ، ئەمما تاھىرخاننىڭ زامانىدا قازاقلار ئازىيىشقا باشلىدى . تاھىرخاندىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بىرىلاشخان خان بولدى . بۇنىڭ زامانىدا قازاق يىگىرمە مىڭ كىشى بىلەن قالغانىدى . تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 940 - يىلىدىن كېيىن بىرىلاش ئالەمدىن ئۆتكەندە ، قازاق پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ چېچىلىپ كەتتى ، جۇملىدىن ئىسان بۇغاخاننىڭ شۇ ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ تاكى رەشىدخاننىڭ زامانىغىچە موغۇل بىلەن قازاقنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق بار ئىدى ، ئەمما رەشىدخان بۇ دوستلۇق ئالاقىسىنى ئۈزدى . خۇدا خالىسا بۇ ئەھۋال رەشىدخان ۋەقەلىرىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىنغۇسىدۇر .

## قىرىقىنچى باب

# يۇنۇسخاننىڭ دەسلەپكى خانلىققا ئولتۇرغانلىقىنىڭ بايانى

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئىبنى سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئىبنى مىرانشاھ ئىبنى ئەمىر تېمۇر ئۆز ئاكىلىرىنىڭ بالىلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ، سەمەرقەندنى ئەبدۇللا مىرزىدىن ئالدى ۋە مىرزا بابۇر قەلەندەر ئىبنى مىرزا بايسۇنغۇر ئىبنى مىرزا شاھرۇخ مىرزا ئىبنى ئەمىر تېمۇر ۋاپات بولغاندىن كېيىن خوراساننىمۇ ئىلكىگە ئالدى . شۇ قەدەر يۇقىرى شان - شەۋكەتلىك پادىشاھ بولدىكى ، ئەمىر تېمۇر نەسلىدىن ئۇنىڭدەك كۆپ يەرلەرنى ئىشغال قىلغان پادىشاھ ئۆتمەپتۇ . ئۇ خوراساننى ئالغاندىن كېيىن ئۆز ھىممىتىنى ئىراقنى قولغا كىرگۈزۈشكە سەرپ قىلىۋاتاتتى .

لېكىن ، ئىسان بۇغاخانىنىڭ تەئەررۇزىدىن قورقۇپ ئىراققا يۈرۈش قىلالمىدى ، شۇڭا ئىراققا كىشى ئەۋەتىپ يۇنۇسخاننى ئالدۇرۇپ كەلدى . خوراساننىڭ كۈشەكى باغى زاغان[1] دېگەن يېردە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخان بىلەن بىر تەختتە ئولتۇرۇپ ، خانغا شاھانە توي - تاماشا قىلىپ بەردى ھەمدە بىر نەچچە ئىش توغرىسىدا ۋەدە ۋە شەرتلەر بىلەن قارار قىلىشتى . ئۇلاردىن بىرى شۇكى ، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا خانغا مۇنداق دېدى : «ئەمىر تېمۇر كۆرەگان دەسلەپكى قېتىم كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا ، ئەمىرلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت گەدىنىنى تولۇق سۇنمىدى . كۆپ سانلىق كىشىلەرنى شۇ سەۋەبتىن قەتلى قىلسا ئۇنىڭغا ئەيىب بولاتتى . ئەمىرلەر : ‹بىر خاننى تىكلەيلى . ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلايلى › دېيىشتى . شۇڭا ، ئەمىر تېمۇر سۇيۇرغاتمىشخاننى ساقلايتتى ۋە خانلىق پەرمان ، تۇركىي نىشانلارنى ئۇنىڭ ئېتىدا پۈتەتتى . ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى خانغا ئىتائەت قىلاتتى . سۇيۇرغاتمىشخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى مەھمۇد سۇلتاننى ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى . ئەمىر تېمۇرنىڭ [دەۋرىدىن تاكى مىرزا ئۇلۇغبەگ] دەۋرىگىچە بۇ قائىدىگە رىئايە قىلىنىپ كەلگەنىدى ، ئەمما خان ئۇچۇن بۇ بىر ئىسمىدىنلا ئىبارەت ئىدى . ئاخىرقى چاغلاردا خان كۆپىنچە سەمەرقەندتە تۇتقۇن ھالەتتە ئىدى ، ھازىر پادىشاھلىق نۆۋىتى ماڭا يەتتى . مېنىڭ بۈيۈك ئىستىقلالىيىتىم شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، ھېچقانداق خانغا ئېھتىياجىم قالمىدى . ھازىر مەن سىزنى پەقىرلىق لىباسىدىن ئاجراتتىم ، ئۇستۇۋېشىڭىزغا شاھانە خىلئەتلەرنى كىيدۈردۈم ، مانا ئەمدى ئەسلىي يۇرتىڭىزغا ئەۋەتمەكچىمەن . بۇنىڭدىكى شەرت شۇكى ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرىكى خانلارنىڭ يولىنى

---

① ھىراتنىڭ غەربىي شىمالىدىكى داڭلىق جاي . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، كۈشەكى باغى زاغاننى شاھرۇخ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى گەۋھەر شاھ ئاغا سالدۇرغانىكەن (مۇھەررىردىن ) .

تۇتمىغايسىز . چۈنكى ، ئۆتكەن خانلارنىڭ ھەممىسى : «ئەمىر تېمۇر ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى ئەۋلادمۇئەۋلاد بىزنىڭ نۆكەرلىرىمىزدۇر» دەپ دەۋا قىلىشاتتى ، ئەمدى ئۇ دەۋانى تاشلىغايسىز . گەرچە قەدىمدە شۇنداق بولغان بولسىمۇ ، لېكىن ھازىر ئۇ مەرتىۋە قالماپتۇ . ھازىر مەن ئۆز ئالدىمغا پادىشاھتۇرمەن . ئۆزگىلەرنىڭ مېنى نۆكىرىم دېيىش ئېھتىمالى يوقتۇر . شۇڭا ، خوجايىن ۋە خادىم دېگەندەك ئاتاقلارنى تاشلىغايسىز . دوستلۇق ئاتىقى بىلەن ئاتىغايسىز ۋە پادىشاھلىق يوسۇنى بىلەن تېمۇري نەسەبلىك ئەمىرزادىلەرگە دەپ خەت بەرگەيسىز ، يەنە دوستلار قاتارىدا ئالاقە ئەۋەتكەيسىز . بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پۈتكۈل ئەۋلادلىرىمىز بۇ قائىدىنى تاشلىمىغاي . » شۇنداق قىلىپ ئۇلار مۇشۇ مەزمۇندىكى بىرقانچە سۆزگە قارار قىلىشتى . يۇنۇسخانمۇ سۇلتان ئەبۇسەئىدنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى قوبۇل قىلدى ، بۇ ۋەدىلەرنى قاتمۇقات قەسەملەر بىلەن تەكىتلەشتى . سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخانغا رۇخسەت بەردى ۋە ئۆز چېگرىسى ئىچىدىكى بارلىق موغۇللارنىڭ ھەممىسىنى خانغا قوشۇپ بەردى .

قىرىق بىرىنچى باب

# يۇنۇسخاننىڭ ئەھۋالىنىڭ تەپسىلىي بايانى

يۇنۇسخاننىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىندى . تەپسىلاتى شۇكى ، يۇنۇسخان ئۇۋەيسخاننىڭ ئوغلى ، ئۇۋەيسخان شىر ئەلىخاننىڭ ئوغلى ، شىر ئەلى ئوغلان مۇھەممەدخاننىڭ

ئوغلى ، مۇھەممەدخان خىزىر خاجەخاننىڭ ئوغلى ، خىزىرخاجەخان بولسا تۇغلۇق تىمۇرخاننىڭ ئوغلىدۇر . گەرچە يۇنۇسخاننىڭ تۇغۇلغان تارىخى نامەلۇم بولسىمۇ ، لېكىن ۋاپات بولغان تارىخى ۋە هاياتلىق كۈنلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، يۇنۇسخاننىڭ تارىخنىڭ (هىجرىيە ) 819 ـ يىلى[①] تۇغۇلغانلىقى مەلۇم . ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇۋەيسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن خانلىققا يۇنۇسخان ئولتۇرغانىدى ، لېكىن ئىنىسى ئىسان بۇغاخان ۋە ئەمىرلەر بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى . شۇڭا ، سەردارلىرى ئىرازان بارىن ۋە مىرەك تۈرۈكمەن قاتارلىقلار خانىنى پۈتكۈل باشباشتاق موغۇللار بىلەن سەمەرقەندكە ئېلىپ باردى . ئۇ ۋاقىتتا يۇنۇسخان ئون ئۈچ ياشتا ئىدى ، موغۇللارنىڭ بۇ بۆلۈنۈشى شۇ موغۇللار ئارىسىدا بىر تارىخ بولدى . تا بۈگۈنگىچە ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تارىخ تۇتۇشىدۇ . ئۇ مەزگىل تارىخنىڭ (هىجرىيە ) 832 ـ يىلى[②] ئىدى .

مىرزا ئۇلۇغبەگ يۇنۇسخاننى ئاتىسىنىڭ هۇزۇرىغا ئەۋەتتى . مىرزا شاهرۇخ خانغا تەربىيەت ۋە مەرهەمەتلەر قىلىپ ، مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ تەربىيىسىگە هاۋالە قىلدى . [مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە دانىشمەن ئىدى . ئۆز دەۋرىدە] مۇئەمما ئىلمىدە مەۋلانا شەرەفىددىنگە [— سەمەرقەند ، خوراسان ۋە ئىراقلاردا[③] —] باراۋەر كەلگۈدەك كىشى يوق ئىدى . قەدىمدە مۇئەمما باشقا يوسۇندا ئىدى ، هازىر مۇئەمما خەلق ئارىسىدا تونۇلۇپ كەتتى . مەۋلانا شەرەفىددىننىڭ دىۋانىمۇ ۋە مۇئەمما پىنىدە تەسنىپ قىلغان

---

① هىجرىيە 819 ـ يىلى مىلادىيە 1416 — 1417 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .
② هىجرىيە 832 ـ يىلى مىلادىيە 1428 — 1429 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .
③ پارسچە قولىيازما ، تېهران نەشرى ۋە خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن ) .

كىتابىمۇ بار ، «زەپەرنامە»مۇ مەۋلانانىڭ تەسنىپاتىدىندۇر . تەسەۋۋۇپ تىلى بىلەن «قەسىدەئى بۇردە»نى شەرھلەپتۇ ، ئېھتىمال بۇ قەسىدىنى ھېچكىم ئۇنىڭدىن ياخشىراق شەرھلىيەلمىگەن بولغىيدى . مەۋلانانىڭ يازغان باشقا كىتابلىرىمۇ كۆپ ، تەپسىلىي بايان قىلىنسا سۆز ئۇزىرايدۇ . دېمەك ، مەۋلانا ئىلىم ۋە پەزىلەتتە كامالەت ئىگىسى ئىدى . خان ئون ئىككى يىل مەۋلانانىڭ خىزمىتىدە ئىلىم ۋە پەزىلەت ئۆگەندى . شۇ قەدەر كۆپ پەزىلەت ھاسىل قىلدىكى ، ئىلگىرى ۋە كېيىنكى موغۇل خانلىرى ئارىسىدا يۇنۇسخاندەك پەزىلەتلىك پادىشاھ ۋۇجۇدقا كەلمەپتۇ .

مەۋلانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن خان يەزدتىن پارس ۋە ئەزەربەيجان قاتارلىق تەرەپلەرگە بېرىپتۇ . ياخشىلىق بىلەن سەپەر قىلىپ كۆپىنچە ئۆز كەسپى بىلەن كۈن كەچۈرۈپتۇ . شىرازدا ۋەتەن تۇتۇپ شىراز ئالىملىرىنىڭ مەجلىسلىرىگە بېرىپ ، ئۇلاردىنمۇ پەزىلەت ئىگىلەپتۇ ۋە بارلىق ھۇنەر - كەسىپلەردە تەلتۆكۈس ماھارەت ھاسىل قىلىپتۇ . شۇڭا ، شىرازدا «ئۇستاز يۇنۇس» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپتۇ .

شۇ ئەسنادا سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا خوراساننى ئىشغال قىلىپ ، ئاندىن ئىراققا لەشكەر تارتىش پىكرىگە چۈشۈپتۇ . لېكىن ، ئىسان بۇغاخاننىڭ تەئەررۇزى تۈپەيلىدىن فەرغانە ، تاشكەند ۋە تۈركىستان تەرەپلىرىدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ ئىراققا بارالماس ئىدى . شۇڭا ، كىشى ئەۋەتىپ شىرازدىن يۇنۇسخاننى ئېلىپ كېلىپ ، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ۋەدە ۋە شەرتلەر بىلەن موغۇلىستان تەرەپلەرگە ئەۋەتتى . بۇ كۈنلەردە خان قىرىق بىر ياشتا بولۇپ ، تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 860 - يىلى[①] ئىدى .

① ھىجرىيە 860 - يىلى مىلادىيە 1455 — 1456 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

# قىرىق ئىككىنچى باب

## يۇنۇسخاننىڭ موغۇلىستانغا كەلگەنلىكى

[يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئەمىرلەرنىڭ ھەربىرى موغۇلىستاندا ئۆز ئورۇنلىرىنى مۇستەھكەملەپ تۇرۇۋاتاتتى.] ئەمىرلەر ئىختىلاپ پەيدا قىلىپ تېمۇر [ئۇيغۇر]نى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئىسان بۇغاخان ئاقسۇغا كەلگەنىدى.

دەل شۇ چاغدا يۇنۇسخان موغۇلىستانغا باردى. مىر كەرىمبەردى ئالدى بىلەن خان بىلەن ئالاقە باغلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆنچى ئەمىرلىرى [ۋە بەزى تارقاق موغۇل تائىپىلىرى مۇلازىمەتكە كېلىپ] قوشۇلدى. شۇ چاغدا تۇمەن كۆنچى ئەمىرلىكى [تۇمەن ئەمىرى مىر پىرھاجى كۆنچىگە] تەۋە ئىدى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىقى بار ئىدى. خان ئۇنىڭ ئىسان دەۋلەت بېگىم ئاتلىق بىر قىزىنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى. خان ئۇنىڭدىن ئۈچ پەرزەنت يۈزى كۆردى، بۇ پەرزەنتلەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ زىكرى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسى. ئەمىر بەگچەك ئىسسىقكۆلدە ئىدى. ئۇ ئەمىر پىرھەقبەردى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەمىر ئىبراھىمنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغانىدى، ئۇمۇ خانغا ئىتائەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ يۇنۇسخاننىڭ جامائىتى كۆپەيدى. ئەمما، بۇ ئەمىرلەر نەچچە زاماندىن بېرى ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ كۆنۈپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار خوجايىن ۋە

خىزمەتكارلىق ئەدەپ - قائىدىلىرىگە ئانچە تولۇق رىئايە قىلالمايتتى. خان ھەر ھالدا ئۇلارغا سىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

شۇ تەرىقىدە نەچچە مۇددەت ئۆتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇنۇسخان كاشغەرگە يۈزلەندى. ئەمىر سەييىدئەلى بۇ چاغلاردا ناھايىتى قېرىپ كەتكەنىدى. قېرىلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدىكى، ئاتقا مىنىسە راۋۇرۇس ئولتۇرالمايتتى، شۇڭا ئەمىر سەييىدئەلى كاشغەر قەلئەسىنى چىڭ ساقلاپ ئىسان بۇغاخانغا كىشى ئەۋەتتى. ئىسان بۇغاخان بۇ ۋاقىتلاردا موغۇلىستاننىڭ شەرق تەرىپىدىكى يۇلتۇز① دېگەن يايلاقتا كەتكەنىدى. بۇ خەۋەر ئىسان بۇغاخانغا يەتكەندىن كېيىن دەرھال لەشكەر توپلاشقا يارلىق چۈشۈردى. بىر نەچچە كۈندىلا ئاتمىش مىڭ كىشى يىغىلدى. ئىسان بۇغاخان يۇلتۇزدىن ئون بەش مىڭ كىشى بىلەن كاشغەرگە يۈرۈش قىلدى. مۇشۇنچىلىك ئادەمدىن ئالتە مىڭ كىشى ئىسان بۇغاخان بىلەن بىللە كاشغەرگە يېتىپ كەلدى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى يولدا قالدى. ئىسان بۇغاخان يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەمىر سەييىدئەلىمۇ ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن چىقىپ ئىسان بۇغاخانغا قوشۇلۇپ، كاشغەردىن ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ ئۈچ فەرسەڭ يىراقلىقتىكى خانسالار دېگەن جايدا قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. ئاخىر غەلىبە ئىسان بۇغاخان بىلەن ئەمىر سەييىدئەلى[گە تەۋە بولدى. يۇنۇسخان قېچىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. يۇنۇسخاننىڭ خوتۇنى ۋە بالا - چاقىلىرىمۇ ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ②] قولىغا چۈشتى. مىھرىنىگار خېنىم يۇنۇسخاننىڭ ئىسان دەۋلەت بېگىمدىن بولغان پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭى، بۇ چاغدا تېخى كىچىك ئىدى. ئەمىر

---

① يۇلتۇز — ھازىرقى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن).

② تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان جايلار پارسچە نۇسخىدىن تولۇقلاندى.

سەييىدئەلى ئۇلارغا ئات ۋە ياراغ بېرىپ يۇنۇسخاننىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتىپ بەردى .

يۇنۇسخان موغۇلىستانغا كەلگەندىن كېيىن پۈتكۈل جامائەتنى چېچىلىپ كەتتى . شۇڭا ، ئۆزى موغۇلىستاندا تۇرالماي ئائىلە ، بالا - چاقىلىرىنى موغۇلىستاندا قويۇپ ، ئۆزى خوراسانغا يۈزلىنىپ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا باردى . لېكىن ، خان شۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانىدىكى ، سوۋغات قىلغۇدەك ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى . خاننىڭ خىزمىتىدە بۇيانقۇلى ناملىق بىر كىشى بار ئىدى . خان ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلىپ : «مەن سېنى غۇلام دەپ مىرزىغا سوۋغا قىلاي» دېدى ، بۇيانقۇلىمۇ رازىلىق بەردى . خان ئۇنى سوۋغا قىلىپ ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ : «ماڭا ۋاقىتلىق تۇرالغۇ قىلىش ئۈچۈن چېگرىلىرىڭىزدا بىرەر ۋىلايەتنى بەرگەيسىز ، موغۇل خەلقى يەنە شۇ يەرگە يىغىلغاي» دېدى ، ئەبۇسەئىد مىرزا ئەندىجان تەۋەسىدىكى يەتتەكەنت دېگەن جاينى خانغا بەردى . خان قايتىدىغان چاغدا بۇيانقۇلى يىغلىدى ، مىرزا ئۇنىڭدىن يىغلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى . بۇيانقۇلى ھەقىقىي ئەھۋالنى بايان قىلدى ، مىرزىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ ئات ۋە ياراغلارنى بېرىپ خانغا قوشۇپ قويدى . شۇنداق قىلىپ خان يەنە موغۇلىستانغا كەلدى ، چېچىلىپ كەتكەن خالايىق قايتىدىن يىغىلدى . شۇ ئەسنادا ئەمىر سەييىدئەلى كاشغەردە ۋاپات بولدى ، ھازىرمۇ مەقبەرىسى كاشغەردە . ئۇ مەقبەرىدىكى گۈمبەزگە «تارىخقا سەككىز يۈز ئاتمىش ئىككى»① دەپ يېزىپ قويۇلۇپتۇ . ئەمىر سەييىدئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن خۇسۇسەن يۇنۇسخانغا ئازادلىك يۈزلەندى . بۇ ئىشلار كېيىن بايان قىلىنغۇسىدۇر .

① ھىجرىيە 862 - يىلى مىلادىيە 1457 — 1458 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

## قىرىق ئۈچىنچى باب

# ئەمىر سەيىدئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى سانىز مىرزىنىڭ كاشغەردە ھۆكۈمەت باشقۇرغانلىقى ۋە كېيىنكى ئەھۋاللارنىڭ بايانى

ئەمىر سەيىدئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى قالدى. چوڭى سانىز مىرزا [1] بولۇپ، ئانىسى چوراس قەبىلىسىدىن ئىدى. يەنە بىر ئوغلى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بولۇپ، ئانىسى ئۈزۈن [2] سۇلتان خانىم يۇنۇسخاننىڭ ھاممىسى ئىدى. موغۇللار رەسمىيىتى بويىچە چوڭ ئوغلى سانىز مىرزا ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىقتى، لېكىن ئۇ ناھايىتى يۇرەكلىك، قامەتلىك ۋە كۆڭلى - كۆكسى كەڭ كىشى ئىدى. شۇڭا، ئۈزۈن سۇلتان خانىمنىڭ ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى قىلىپ ۋە قېرىندىشى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا شەپقەت قىلىپ، كاشغەر ۋە ياڭىھىسارنى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بىلەن خانىمغا قويۇپ بېرىپ ئۆزى ياركەندنى پايتەخت قىلدى.

گەرچە مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ نەسەبى يۇنۇسخان بىلەن ئىسان بۇغاخانغا ئوخشاشلا تۇغقان بولسىمۇ، ئەمما ئەمىر سەيىدئەلى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا ئىسان بۇغاخاننىڭ قىزى دەۋلەتنىگار خانىمنى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا ئېلىپ بەرگەندى.

---

[1] بەزى قولىيازما ۋە باشقا جايلاردا «سانىز مىرزا» دەپمۇ ئېلىنغان (مۇھەررىردىن).

[2] پارسچە نۇسخىنىڭ بىرىدە «ئۈرۈن»، تېھران نەشرىدە «ئوردۇن» دېيىلگەن.

شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئىسان بۇغاخاننىڭ تەبىقىسىگە تەۋە بولۇپ شۇلارغا تايىناتتى. ئەمىر سەييىدئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئىسان بۇغاخانمۇ ۋاپات بولدى. [تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 866 - يىلى[1]] خانلىق ئۇنىڭ ئوغلى دوستمۇھەممەدخانغا قارار تاپتى. بۇ ئەھۋال كېيىن زىكىر قىلىنغۇسى. دېمەك، مۇھەممەدھەيدەر [مىرزا] كۈيئوغۇللۇق ۋاستىسى بىلەن ئىسان بۇغاخانغا خىزمەت قىلاتتى. ئىسان بۇغاخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى دوستمۇھەممەدخانغا بەيئەت قىلدى، ئەمما سانىز مىرزا ئۇنىڭ ئەكسىچە يۇنۇسخانغا ئىلتىجا قىلدى. شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا [كاشغەردە تۇرالماي ئاقسۇغا — دوستمۇھەممەدخاننىڭ قېشىغا باردى. سانىز مىرزا] كاشغەرنى تولۇق ئىشغال قىلدى ۋە شۇ قەدەر ئادالەت بىلەن سورىدىكى، ئۆتكەن زامانلار ئۇنىڭ زامانىسىگە ھەسەت قىلاتتى.

ئەمىر سەييىدئەلىدىن كېيىن سانىز مىرزا يەتتە يىل ھۆكۈمەت تۇتتى. تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 869 - يىلى[2] ۋاپات بولدى. ۋاپاتىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، سانىز مىرزا كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىكارغا چىققانىدى، ئۇ شىكار ئۈستىدە توساتتىن ئاتتىن يىقىلدى. ئۇ يەردىكى بىر يۇلغۇن زىخى قورسىقىغا كىرىپ كەتتى، جاراھەتلىنىپ يارىسى يامانغا ئۆرۈلدى. ئاشۇ جاراھەت تۈپەيلىدىن ۋاپات بولدى. ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن كاشغەر خەلقى مىرزا مۇھەممەدھەيدەرنى كاشغەرگە ئېلىپ كەلدى. دوستمۇھەممەدخان ياركەندكە بېرىپ سانىز مىرزىنىڭ خوتۇنى جامال ئاغىنى نىكاھىغا ئالدى. سانىز مىرزىنىڭ ئىككى ئوغلى، بىر قىزى بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى مىرزا ئەبابەكر، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئۆمەر مىرزا ئىدى. قىزىنىڭ ئېتى خانسۇلتان سۇلتانىم[3] ئىدى. شۇنداق

① ھىجرىيە 866 - يىلى مىلادىيە 1461 — 1462 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 869 - يىلى مىلادىيە 1464 — 1465 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
③ بۇ ئىسىم پارسچە نۇسخا بىلەن موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. 1996 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان رۇسچە نەشرىدە ۋە مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «خانسۇلتان خانىم» دېيىلگەن.

قىلىپ دوستمۇھەممەدخان سانىز مىرزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆزى بىلەن ئاقسۇغا ئېلىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ئەھۋالى كېيىن بايان قىلىنغۇسى .

## قىرىق تۆتىنچى باب

# دوستمۇھەممەدخاننىڭ خانلىقنى ئولتۇرغانلىقى

ئىسان بۇغاخان كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىدا ئوغلى دوستمۇھەممەدخان ئون يەتتە يېشىدا پادىشاھ بولدى . ئۇ ئەقىل ئىگىلىرى قاتارىغا كىرمىگەن ياش بالا بولۇپ ، كۆپىنچە قىلىقلىرى ئەقىل - پاراسەت قانۇنىغا خىلاپ ئىدى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر دەممۇ ھوشيارراق يۈرمەيتتى . مىسرا :

كەنارە تۇتقىل ، ئەي ئاقىلكى ، بولمىش مەستۇ دىۋانە .

دوستمۇھەممەدخان قەلەندەرچىلىككە ناھايىتى ھېرىسمەن ۋە ئامراق بولغاچقا ، ھەممە ئەمىرلىرىگە قەلەندەرلەرچە ئاتلارنى قويغانىدى . ئۆزىگە : «شەمسىددىن ھابدال» دەپ ئات قويدى ، باشقا پۇتكۈل خىزمەتچى - مۇلازىملىرىغىمۇ شۇ يوسۇندا : «پالانچى ھابدال ، [پوكۇنچى ھابدال] » دەپ ئات قويدى . خادىملىرىنى دائىم شۇ ئات بىلەن چاقىراتتى . لېكىن ، ئۆزى ھەددىدىن تاشقىرى سېخىي ئىدى ، يەنى تۆۋەندە ئېيتىلغىنىدەك ، مىسرا :

بۇ داۋەرلىك ئوخشاركى دىۋانەلىككە .

ئۇنىڭ ئىشلىرى بەلكى دىۋانىلىكنىڭ ئۆزى ئىدى. دوستمۇھەممەدخان يەتتە يىل پادىشاھلىق قىلدى، ئۇنىڭ پادىشاھلىق زامانىدا ياركەند ۋە كاشغەرگە بىر نۆۋەت لەشكەر تارتىپ باردى. سانىز مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىرىنچى نۆۋەت ياركەندكە لەشكەر باشلاپ كەلدى. سانىز مىرزىنىڭ ئەمىرلىرى ياركەند دەرۋازىسىنى تاقاپ شەھەرنى قوغدىدى. دوستمۇھەممەدخان ئۇلاردىن سانىز مىرزىنىڭ خوتۇنىنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەمىرلەر جامال ئاغىنى دوستمۇھەممەد-خانغا چىقىرىپ بەردى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىمۇ تەلەپ قىلدى. شۇڭا، چوڭ ئوغلى مىرزا ئەبابەكرنى چىقىرىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن دوستمۇھەممەدخان بۇنىڭدىن زىيادە تاقارىشماي كاشغەرگە ياندى. ئۆزى ئاقسۇدىن ياركەندكە يۈزلەنگەندە مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى كاشغەرلىكلەر تەلەپ قىلغانلىق تۈپەيلىدىن كاشغەرگە ئەۋەتكەنىدى. دوستمۇھەممەدخان ياركەندتىن كاشغەرگە قايتقاندىن كېيىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن دوستمۇھەممەدخان مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى ياغىسارغا بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى كاشغەرگە بېرىپ كاشغەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئاندىن ئاقسۇغا كەتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا دوستمۇھەممەد-خاندىن رەنجىپ يۇنۇسخانغا بەيئەت قىلدى. بۇلار تۆۋەندە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر.

دوستمۇھەممەدخان ئاقسۇغا بېرىپ بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن سىڭلىسى ھۇسنىنىگار خانىم[1]نى مىرزا ئەبابەكرگە بەردى. لېكىن، مىرزا ئەبابەكر دوستمۇھەممەدخاننىڭ مىجەزىنىڭ غەلىتىلىكىدىن ھەمىشە ۋەھىمە قىلىپ يۈرەتتى، شۇڭا ئاخىر قېچىپ كاشغەرگە — تاغىسى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا

---

[1] خەنزۇچە نەشرىدە «ھۇسەيىننىگار خانىم» (Husain Nigar Khanim) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

بېرىپ پاناھلاندى ، ئاندىن دوستمۇھەممەدخان ھۆسنىنگار خانىمنى كاشغەرگە ئەۋەتىپ بەردى .
بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن دوستمۇھەممەدخان ئاتىسىنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرىگە مايىل بولۇپ ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ ئۇنى نىكاھىغا ئالماقچى بولدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمالاردىن رۇخسەت تەلەپ قىلدى . ئۇنىڭ ھوزۇرىدىكى ئۆلىمالاردىن ھېچقايسىسى رۇخسەت بەرمىدى ، شۇڭا ئۇ ئۆلىمالاردىن يەتتىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئاخىر مەۋلانا مۇھەممەدئەتتار ناملىق تەڭداشسىز ئالىم ، دەرۋىش ۋە پەرھىزكار بىر كىشىنى چاقىرتتى . مەۋلانا مۇھەممەد كىرىپ كۆردىكى ، خان مەست ھالەتتە قولىدا شەمشەرنى تۇتۇپ غەزەپ بىلەن ئولتۇرۇپتۇ . خان مەۋلانادىن : « ‹ئەي موللا ، › ئۆگەي ئانامنى نىكاھىمغا ئېلىشنى ئارزۇ قىلىمەن ، راۋامىدۇر ؟ » دەپ سورىدى . مەۋلانا جاۋاب بېرىپ : «سىزگە راۋادۇر » دېدى . شۇنداق قىلىپ خان شۇ سائەتتىلا توي تەييارلىقلىرىنى ھازىرلاپ دەرھاللا نىكاھ قىلدۇردى ۋە شۇ كېچىسىلا بىر ياستۇققا باش قويدى . دوستمۇھەممەدخان بۇ ناشايان ئىشتىن كېيىن ئۇيقۇغا كەتتى . چۈشىدە ئاتىسىنى كۆردى ، ئاتىسى بىر قارا ئاتقا مىنىپ كەلدى ـ دە ، دوستمۇھەممەدخانغا : «ھەي بەتبەخت ، بىزنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىمىز يۈز يىلدىن بېرى ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى كۈچىيىپ كەلگەندى ، سەن ئىسلامدىن يېنىپ كاپىر بولدۇڭ ! » دەپ دوستمۇھەممەدخاننىڭ كۆكسىگە بىر تال ئوق ئاتتى ، شۇنىڭدىن كېيىن ئېتىدىن چۈشۈپ ، قازان قارىسى ئېلىپ كېلىپ دوستمۇھەممەدخاننىڭ يۈزىگە سۈرتۈپ قارا قىلدى . خان بۇ چۈشتىن قورقۇپ ئويغاندى ، كۆپ پۇشايمان ۋە نادامەتلەر قىلدى . شۇ سائەتتىلا ئۆگەي ئانىسىنىڭ قېشىدىن چىقىپ غۇسلى قىلدى . ئۇنىڭ كۆڭلى خىرەلەشتى ، تېنىگە قىزىتما ۋە ھارارەت پەيدا بولدى . خالايىق مۇھەممەدئەتتارغا غەلۋە ـ غوۋغالار بىلەن ھۇجۇم قىلدى . ئۇلار : «بۇ ئىشقا پەتىۋا بەرمىگەن

بولسىڭىز ، خان بۇ بالاغا گىرىپتار بولماس ئىدى » دېدى . خان ئېيتتىكى : «مەۋلاناغا چېقىلماڭلار ، چۈنكى مەن مەۋلانادىن پەتىۋا سوراشتىن ئىلگىرى ئۆلىمالاردىن يەتتىسىنى ئۆلتۈردۈم ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەۋلانانى چاقىرغانىدىم ، ئۇ چاغدا ئۆزۈم مەست ئىدىم . قولۇمدا شەمشەر تۇتقان پېتى قاتتىق قەھرى ـ غەزەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ : ‹ئۆگەي ئانامنى نىكاھىمغا ئېلىشنى ئارزۇ قىلىمەن ، راۋامىدۇر ؟ › دەپ سورىدىم . بىچارە مەۋلانا ئاجىزلىقى ۋە ئىلاجسىزلىقى تۈپەيلىدىن : ‹سىزگە راۋادۇر › دەپ بۇ پەتىۋانى بەردى . »

مەۋلانا ئېيتتىكى : «مەن ئۆگەي ئانىنى نىكاھىغا ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەرمىدىم ، ‹سىزگە راۋادۇر › دېيىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى ، ئانىسىنى نىكاھىغا ئېلىشنى ھالال بىلگەنىكەن ، شۇ تۈپەيلىدىن ئۇ كاپىر بولدى دېگەن سۆز . بۇنداق ئىشلارنى قىلىش بارلىق مۇسۇلمانلارغا راۋا ئەمەس . كاپىر ھەرقانداق ئىش قىلسا ئۇنىڭغا راۋا بىلەن ناراۋانىڭ پەرقى يوق . »

دېمەك ، خان شۇ جۇنۇپ بولغىنىچە ئالتىنچى كۈنى ۋاپات بولدى . بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېشى يىگىرمە تۆتتە ئىدى . ئالتە يىل پادىشاھلىق قىلدى ، يەتتىنچى يىلى ئالەمدىن كەتتى . بۇ ۋاقىت تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 873 ـ يىلى[1] ئىدى .

خاجە شەرىپ كاشغەرى دوستمۇھەممەدخاننىڭ ۋاپاتى تارىخىنى «خوك مەرد » (توڭگۇز ئادەم ) دېگەن سۆز بىلەن چىقىرىپتۇ . دوستمۇھەممەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن يۇرتنىڭ ھەممىسى باشباشتاق بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭدىن كەپەك سۇلتان ئاتلىق بىر ئوغلى قالغانىدى ، خەلقنىڭ بەزىلىرى ئۇنى ئېلىپ قېچىپ تۇرپان ۋە چالىش تەرەپلىرىگە كەتتى . يۇنۇسخان ئاقسۇغا كېلىپ پۈتكۈل خالايىقنى ئۆز تەۋەسىگە ئالدى .

---

① ھىجرىيە 873 ـ يىلى مىلادىيە 1468 — 1469 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

# قىرىق بەشىنچى باب

## يۇنۇسخاننىڭ موغۇلىستانغا ئىككىنچى نۆۋەت كەلگەنلىكى

مەخپىي قالمىسۇنكى، يۇنۇسخان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ھۇزۇرىدىن ئىككىنچى نۆۋەت موغۇلىستانغا كەلدى. موغۇل ئەمىرلىرى يەنە خاننىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلدى. خاننىڭ كۆپ ۋاقتى موغۇلىستاندا ئۆتەتتى ۋە يەتتەكەنتكە ئورۇنلاشقانىدى، لېكىن ئىسان بۇغاخانغا تەئەللۇق چېگرالارغا دەخلى يەتكۈزەلمەيتتى. ئىسان بۇغاخان بىلەن ئەمىر سەييىدئەلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن خانلىق دوستمۇھەممەدخانغا قالغاندا، مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بىلەن سانىز مىرزىنىڭ ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولۇپ، [مۇھەممەدھەيدەر مىرزا] ئاقسۇغا — دوستمۇھەممەدخاننىڭ ھۇزۇرىغا باردى. سانىز مىرزا يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك يۇنۇسخانغا بەيئەت قىلدى، شۇ سەۋەبتىن يۇنۇسخان بىردىنلا كۈچەيدى. شۇ كۈنلەردە يۇنۇسخان نەچچە نۆۋەت كاشغەرگە كەلدى، ئەمما موغۇل لەشكەرلىرى كاشغەردە تۇرغىلى ئۇنىماي قېچىپ كېتەتتى، بۇنىڭ بىلەن خانمۇ ئىلاجسىزلىقتىن موغۇلىستانغا كېتەتتى، نەچچە نۆۋەت شۇنداق ئەھۋال سادىر بولدى. بۇنىڭ تەپسىلاتىدا خىلمۇخىل رىۋايەتلەر بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رىۋايەتلەر ناھايىتى ئۇزۇن. قىسقىچە بايان قىلغاندا، يۇنۇسخان ھەمىشە شەھەر ۋە دىيار ئارزۇسىدا ئىدى، ئەمما موغۇل لەشكەرلىرى بولسا شەھەردىن بىزار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن خان ھەمىشە موغۇلىستاندا كۈن كەچۈرەتتى. سانىز مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن

مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ يۇنۇسخانغا تەۋە بولدى، بۇ ئەسنادا دوستمۇھەممەدخان ئۆلدى. يۇنۇسخان ئاقسۇغا كېلىپ دوستمۇھەممەدخاننىڭ تامام مەملىكىتىنى ئۆز تەۋەسىگە ئالدى، دوستمۇھەممەدخاننىڭ كەپەك سۇلتان دېگەن ئوغلىنى ئۇنىڭ بىر مۇنچە تەرەپدارلىرى تۇرپان تەرەپكە ئېلىپ قاچتى. يۇنۇسخاننىڭ تەبىئىتى ئاقسۇدا تۇرۇشنى خالايتتى، چۈنكى ئاقسۇ موغۇلىستان بىلەن سېلىشتۇرغاندا شەھەرگە ئوخشاشراق ئىدى. لېكىن، موغۇل خەلقىنىڭ ئەلپازىدىن خان شۇنى سەزدىكى، ئەگەر ئاقسۇدا بۇنىڭدىن زىيادە تۇرسا، موغۇل ئۇلۇسى كەپەك سۇلتان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، يۇنۇسخان ئىلاجىسىز پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسىنى ئېلىپ موغۇلىستانغا باردى.

بۇ ۋاقىت ئىسان تايشىنىڭ ئوغلى ئاماسانچى تايشىنىڭ دەۋرى ئىدى. ئىسان تايشى ھەققىدە ئۇۋەيسخاننىڭ ئەھۋالاتى بايانىدا زىكىر قىلىندى. دېمەك، ئاماسانچى تايشىمۇ بۇ چاغدا موغۇلىستانغا يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە: يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئىسان تايشى ئۇۋەيسخاننىڭ سىڭلىسى مەختۇم خانىمنى خاننىڭ جېنىنى ئامان قويۇش بەدىلىگە ئالغانىدى. ئۇ مەختۇم خانىمدىن ئىككى ئوغۇل، بىر قىز تاپتى. ئەمما، ئۇۋەيسخان مەختۇم خانىمنى ئىسان تايشىغا بېرىدىغان چاغدا ئىسان تايشىنى مۇسۇلمان قىلىپ، ئاندىن شەرىئەت بويىچە نىكاھلاپ بەرگەنىدى، شۇ سەۋەبتىن ئىسان تايشى ئۆز تەۋەلىرىنى مۇسۇلمان قىلغانىدى. مەختۇم خانىمدىن بولغان ئىككى ئوغۇلغا ئىبراھىم ۋە ئىلياس دەپ ئات قويدى. قىزىنى قادىربەردى ئىبنى [مىر] كەرىمبەردىگە بەرگەنىدى[1]. مەقسەت شۇكى، مۇسۇلمانچىلىق سەۋەبىدىن ئىبراھىم ئوڭ ۋە ئىلياس ئوڭ بىلەن ئاماسانچى تايشىنىڭ ئارىسىدا نەچچە قېتىم جەڭگۈجېدەللەر بولدى. قالماق تىلىدا خانزادىنى

① خەنزۇچە نەشرىدە «مىر كەرىمبەردىنىڭ ئىسمى بويىچە ئۆزىنىڭ قىزىغا قادىربەردى مىرزا دەپ ئىسىم قويدى» دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

«ئوڭ» دەپ ئاتىشىدۇ . دېمەك ، ئاماسانچى تايشى ئۇلاردىن قېچىپ ئۈچ [يۈز] مىڭ كىشى بىلەن موغۇلىستانغا كېلىپتۇ . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، ئىبراھىم ۋە ئىلياسلار توققۇز يۈز مىڭ[1] كىشى بىلەن قېلىپتۇ . ئاخىر ئۇلار بىلەن قالماق خانىنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىشىش كۆپ يۈز بېرىپ ، ئىبراھىم ئوڭ بىلەن ئىلياس ئوڭ قالماق خانىدىن قېچىپ قىرىق مىڭ[2] كىشى بىلەن خىتاي چېگرىسى ئىچىگە كىرىپتۇ . بۇلارنىڭ ۋەيرانچىلىقى دوستمۇھەممەدخان [ۋاپات بولۇشتىن] ئىلگىرى ، [يەنى ھىجرىيە 873 - يىلى[3]] يۈز بەرگەنىكەن . ئىبراھىم ئوڭ بىلەن ئىلياس ئوڭ [ھىجرىيە 910 - يىلى[1] ئەتراپىدا خىتاي چېگرىسى ئىچىگە كىرگەنىكەن ،] ھەر ئىككىلىسى خىتاي مەملىكىتىدە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . ئىبراھىم ئوڭنىڭ بابۇلاي ئاتلىق بىر ئوغلى قالغان ، ھازىر شۇ چېگرىدا بار بولغان شۇ قوۋمنىڭ ئېتىنى بابۇلاي دېيىشىدۇ . مەنسۇرخان خىتاي ئۇرۇشىغا بارغاندا ، شۇ ئۇرۇش جەريانىدا بۇ جامائەت بىلەن ئۇرۇش قىلغانىكەن . بۇنىڭ تەپسىلاتى مەنسۇرخانىنىڭ زىكرىدە بايان قىلىنغۇسى .

ئاماسانچى تايشى ئىبراھىم ئوڭ ۋە ئىلياس ئوڭدىن ئايرىلىپ موغۇلىستانغا كەلگەن چاغدا ، يۇنۇسخانمۇ ئاقسۇدىن موغۇل خەلقىنى كۆچۈرۈپ كەلگەنىدى . ئۇلار ئىلى دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا سەپ تۈزۈپ ئۇرۇش قىلىشتى . ئۇرۇشتا يۇنۇسخان يېڭىلىپ موغۇل ئەمىرلىرىدىن كۆپ كىشى شېھىت بولدى ، موغۇل ئۇلۇسى تۈركىستان تەرەپلىرىگە باردى . تۈركىستان چېگرىسىدا سەيھۇن دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا قاراتوقاي ئاتلىق جايدا قىش - زىمىستانىنى ئۆتكۈزدى . بۇرۇج ئوغلان بۇ چاغدا موغۇل ئەھلى ئۈستىگە

---

① خەنزۇچە نەشرىدە 1 مىليون 800 مىڭ دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .
② خەنزۇچە نەشرىدە 10 مىڭ دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .
③ ھىجرىيە 873 - يىلى مىلادىيە 1468 — 1469 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ .
① ھىجرىيە 910 - يىلى مىلادىيە 1504 — 1505 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ .

باستۇرۇپ كېلىپ چاپقۇن قىلدى . تەپسىلاتى تۆۋەندە زىكىر قىلىنغۇسى .

## قىرىق ئالتىنچى باب

## دوستمۇھەممەدخان ئۆلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى ، يۇنۇسخاننىڭ غالىبىيەتكە ئېرىشىپ ، ئەبۇلخەيرخان ئۆزبېكنىڭ ئوغلى بۇرۇج ئوغلاننى ئۆلتۈرگەنلىكى

تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 855 ـ يىلى[1] جۇچى خاننىڭ يۇرتى بولغان دەشتى قىپچاقتىن ئىبارەت بۇ مەملىكەتكە چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى جۇچى خاننىڭ نەسلىدىن بولغان ئەبۇلخەيرخان پادىشاھ ئىدى . ئۇ زاماندا ئۇ يۇرتتا ئۇنىڭدىن ئۇلۇغراق پادىشاھ يوق ئىدى . ئەبۇلخەيرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى خەلق چېچىلىپ كەتتى . كۆپ قىسمى كىرەيخان (كەرەيخان) ۋە جانىبېكخان قازاقتا تەۋە بولدى . كىرەيخان ۋە جانىبېكخانلار بىلەن ئەبۇلخەيرخاننىڭ پەرزەنتلىرى ئارىسىدا قەدىمىي ۋە چوڭ ئاداۋەت پەيدا بولدى ، شۇ سەۋەبتىن ئەبۇلخەيرخاننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ موغۇل خانلىرىغا ئاداۋەتلىرى بار ئىدى . چۈنكى ، موغۇل خانلىرى كىرەيخان ۋە جانىبېكخانغا ھىمايىچى بولغانىدى . ئەبۇلخەيرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بۇرۇج خاننىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلدى . كىرەيخان بىلەن جانىبېكخان كۈچلىنىپ كەتكەنلىكتىن ، بۇرۇج ئوغلان ئۇلاردىن چۆچۈپ

[1] ھىجرىيە 855 ـ يىلى مىلادىيە 1451 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

ئۆزىنى يىراقتا تارتىپ تۈركىستان چېگرالىرىدا كۈن كەچۈردى.

بۇرۇج ئوغلان موغۇل ئۇلۇسىنىڭ تۈركىستانغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، يۇنۇسخاننىڭ قاراتوقايدا ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەپ، ئىلغار قوشۇننى ئېلىپ يۇنۇسخان تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. پۈتكۈل موغۇل ئۇ كۈنى شىكارغا چىقىپ كەتكەنىدى، ئۇلار سەيھۇن دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ شىكار قىلاتتى. بۇرۇج ئوغلان مۇز ئۈستىدىن يۈرۈپ چاشگاھ ۋاقتىدا قاراتوقايغا يېتىپ كەلدى، خاننىڭ ئوردىسى خالىي قالغانىدى. بۇرۇج ئوغلان يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىلەن كەلگەنىدى. گەرچە موغۇللار ئۇ كۈنلەردە ئاتمىش مىڭ ئۆيلۈك بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ھەممىسى دېگۈدەك شىكارغا كېتىپ ماكانلىرىدا ئايال ۋە كىچىكلەرلا قالغانىدى. دېمەك، بۇرۇج ئوغلان لەشكىرى بىلەن تويۇقسىزلا باستۇرۇپ كەلدى ۋە ھەر قايسىسى بىردىن ئۆيگە كېلىپ چۈشتى. بۇرۇج ئوغلان ئۆزى خاننىڭ ئوردىسىغا چۈشتى، ئاندىن مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا باشلىدى ۋە پۈتكۈل لەشكەرلەر ئۆي - ئۆيدە بۇلاڭ - تالاڭغا مەشغۇل بولدى.

شىكار قىلىپ يۈرگەن يۇنۇسخانغا بۇ خەۋەر ئاڭلاندى، خان شىكارنى قويۇپ ئوردىسىغا ياندى. لەشكەرلىرىنى يىغىشنىمۇ ساقلىماستىن دەريا لېۋىگە كەلدى. قارىسا دەريا مۇزلاپتۇ، ئەمما خاننىڭ ئوردىسى دەريانىڭ لېۋىدە ئىدى. خان بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى، ئۆزى كاناي چالدى. چۈنكى، خان كاناي چېلىشتا شۇ قەدەر ئۇستا ئىدىكى، ئۇ ئەسىردە ھېچكىم كاناينى خاندەك چالالمايتتى. ھەر كىم ئۇنىڭ چالغان كانىيىنى ئاڭلىغان ھامان خاننىڭ كاناي چالغىنىنى بىلەتتى. دېمەك، خان ئالتە كىشى بىلەن مۇز ئۈستىدىن ئات چاپتۇرۇپ دەريادىن ئۆتۈپ كاناي چالغان پېتى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالتە كىشىنىڭ بىرى تۇغچى ئىدى، ئۇلار ئۆيگە كىرگەن ھەر بىر ئۆزبېككە ئامانلىق بەرمەي تۇتۇۋالدى. بۇرۇج ئوغلان كاناي ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئالتە كىشىنىڭ تۇغ بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆردى، شۇڭا ئاتقا مىنمەكچى بولدى. ئەمما،

ئۇنىڭ ئېتى بىلەن ئاختىچىسى[1]نى [خاننىڭ] كېنىزەكلىرى تۇتۇۋالغانىدى ، ئىچكىرىدىن ئاياللار چىقىپ بۇرۇج ئوغلانىنىمۇ تۇتۇۋالدى . شۇ ھالەتتە خان يېتىپ كەلدى ـ دە ، بۇرۇج ئوغلانىنىڭ ھاياتلىق رىشتىسىنى ئۆلۈم خەنجىرى بىلەن كېسىشكە پەرمان قىلدى . خاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن بۇرۇج ئوغلانىنىڭ بېشىنى كېسىپ ، نەيزىنىڭ ئۇچىغا سانجىپ كۆتۈردى ، كەلگەن يىگىرمە مىڭ كىشىدىن بىر كىشىمۇ قۇتۇلالمىدى . خان غەلىبە ـ نۇسرەت ئىچىدە ئوردىسىغا كىردى . ئەتىسى پۈتكۈل موغۇل خەلقى يىغىلىپ بۇرۇج ئوغلانىنىڭ مەنزىلگاھىغا يۈرۈش قىلدى ، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بىر مۇنچە يەرگىچە قوغلىدى . ئەبۇلخەيرخاننىڭ مۇلازىملىرىدىن قالغانلىرى بۇ قېتىم پۈتۈنلەي پاراكەندە بولۇپ چېچىلىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ئەھۋالى كېيىن ھەربىرى ئۆز ئورنىدا ، ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسى .

## قىرىق يەتتىنچى باب

## شەيخ جەمالىددىننىڭ[2] ۋەقەسى ۋە خاننىڭ ئۇنىڭغا تۇتقۇن بولغانلىقى

يۇنۇسخان زىمىستانىنى قاراتوقايدا ئۆتكۈزدى ، باھار يېقىنلاشقاندا تاشكەنت تەرەپكە باردى . ئۇ يەردە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن شەيخ جەمال [خەر] ئاتلىق بىر ئەمىر بار ئىدى . ئەمما ، ئۇ كۈنلەردە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئىراق زېمىنىدا ئالەمدىن ئۆتكەنىدى . خوراساننىڭ پادىشاھلىقى سۇلتان

---

① خاننىڭ ئات باققۇچىسى ، ئات يېتەكلىگۈچىسى (مۇھەررىردىن) .

② بۇ ئىسىم خەنزۇچە نەشرىدە «شەيخ جەمال خەر» دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

ھۇسەين مىرزىغا قارار تاپقانىدى . سەمەرقەندكە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا پادىشاھ بولغانىدى ، ھىسار ، قۇندۇز ۋە بەدەخشان قاتارلىق جايلارغا سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ يەنە بىر ئوغلى سۇلتان مەھمۇد مىرزا پادىشاھ بولغانىدى ، ئەندىجان ۋە فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ پادىشاھلىقى ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا تەۋە بولغانىدى . بۇ ئۈچەيلەن يۇنۇسخانغا كۈيئوغۇل ئىدى ، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ تەپسىلاتلىرى ئۆز نۆۋىتىدە زىكىر قىلىنغۇسى .

دېمەك ، بۇ شەيخ جەمال [خەر] سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن بىرى ۋە تاشكەندكە ھاكىم ئىدى . ئۆزىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا تەۋە بولغان سەمەرقەندكە قاراشلىق دەپ تونۇيتتى ، ئەمما سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا تولۇق ئىتائەت قىلمايتتى . يۇنۇسخان ئاماسانچى تايشى ۋە قالماقلارنىڭ زىيان - زەخمەتلىرى تۈپەيلىدىن موغۇلىستانغا بارالمىدى ، يايلاق ئىزدەپ تاشكەند تەرەپكە باردى . چۈنكى ، بۇ ئۈچ مىرزا يۇنۇسخانغا كۈيئوغۇل بولۇپ ، خان ئۇلارغا ئىشەنچ قىلغانىدى ۋە ئۆزئارا بىرىپ - كېلىشتە ھېچ ئىككىلەنمەيتتى . شۇ سەۋەبتىن خان ئىككىلەنمەيلا تاشكەند تەرەپكە باردى . ئەمما ، خاننىڭ قول ئاستىدىكى موغۇللار شەيخ جەمالنىڭ ھۇزۇرىغا مەخپىي كىشى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ خانغا قارشى ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى . شەيخ جەمال موغۇللار بىلەن ئەھدۇپەيمانلار قىلىشىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن كۆرۈنۈشتە خاننىڭ خىزمىتىگە بارىمەن ، دەپ خاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى . ئۇلار خاننىڭ ئوردىسىغا يېقىن كەلدى ، خاننىڭ ھۇزۇرىدىكى موغۇللارنىڭ ھەممىسى تاشقىرىغا چىقىپ يۈگۈرۈشتى . خان يالغۇز قالدى ۋە سورىدىكى : «بۇ خەلق قەيەرگە بارىدۇ ؟ » ئۇلار جاۋاب بېرىپ : «شەيخ جەمال جانابىڭىزنىڭ خىزمىتىگە كەپتۇ . بۇلار شۇنىڭ ئالدىغا چىقماقچى» دېيىشتى . شەيخ جەمال [خەر] ناغرىخاننىڭ يېنىغىچە ، يەنى خاننىڭ تۇغى قادالغان جايغىچە كېلىپ ئاتتىن چۈشمەي تۇردى . ئۇنىڭغىچە

خاننىڭ ھوزۇرىدا ھېچكىم قالمىغانىدى . شەيخ جەمال مۇلازىملىرىنى كىرگۈزۈپ خاننى تۇتۇۋالدى . شەيخ جەمال شۇنداق قىلىپ خاننى ئاسانلا تۇتۇۋېلىپ قاماققا سالدى . خان تاكى بىر يىلغىچە قاماقتا ياتتى . پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسى شەيخ جەمالنىڭ ھوزۇرىغا باردى .

خاننىڭ خوتۇنى ئىسان دەۋلەت بېگىم — بۇ ھەقتە يۇقىرىدا بايان قىلىنىدى — دىن بولغان دەۋلەتنىگار خانىم سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ خوتۇنى ، قۇتلۇقنىگار خانىم بولسا مىرزا ئۆمەر شەيخنىڭ خوتۇنى ئىدى . بۇ ئىككى خانىم ئىسان دەۋلەت بېگىمنىڭ قىزلىرى ئىدى ، شەيخ جەمال ئىسان دەۋلەت بېگىمنى بىر مۆتىۋەر كىشىگە بۇيرۇپ بەردى . ئىسان دەۋلەت بېگىمگە بۇ ناخۇشخەۋەرنى يەتكۈزگەن بولسىمۇ ، قىلچە ناخۇشلۇق ئىزھار قىلماي رىزالىق بەردى . ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى خاجە كالان ئىدى ، خاجە كالانغىمۇ ئىسان دەۋلەت بېگىمنىڭ رىزالىق بەرگەنلىكى يەتكۈزۈلدى . خاجە كالان ناھايىتى خۇشال بولدى ، كۈن كەچ بولۇش بىلەنلا بېگىمنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى . مۇلازىملىرىنى تاشقىرىدا قويۇپ ئۆزى يالغۇز ئىچكىرىگە كىردى . ئەمما ، ئىسان دەۋلەت بېگىم كېنىزەكلىرى بىلەن قارار قىلىشىپ : «خاجە كالان كىرسە ئۆلتۈرىمىز !» دەپ تەييارلىق قىلىشىپ تۇرغانىدى . خاجە كالان ئىچكىرىگە كىرىشى بىلەنلا كېنىزەكلەر ھەممە ئىشىكلەرنى مەھكەم ئەتتى . بېگىم ھەممە ئىشىكلەرنىڭ ئېتىلىپ بولغانلىقىنى بىلىپ ، كېنىزەكلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ خاجە كالاننى تۇتتى ۋە تەخىرسىزلا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈردى . ئەتىسى تاڭ سەھەردە ، خاجە كالاننىڭ جەسىتىنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىدى . خالايىق ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ شەيخ جەمالغا مەلۇم قىلدى . شەيخ جەمال كىشى ئەۋەتىپ بېگىمدىن ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى . بېگىم ئېيتتىكى : «مەن يۇنۇسخاننىڭ خوتۇنى تۇرسام ، شەيخ جەمالنىڭ مېنى يەنە بىرسىگە بېرىشى مۇسۇلمانچىلىق شەرىئىتىدە راۋامۇ ؟ مەن خاجە كالان دېگەننى ئۆلتۈردۈم ، شەيخ جەمال مېنى ئۇنىڭ

ئورنىدا ئۈلتۇرسە رازىمەن .»

شەيخ جەمال [ ئىسان دەۋلەت] بېگىمنىڭ بۇ دىن - دىيانىتىگە ۋە جۇرئىتىگە قايىل بولۇپ ئاپىرىن ئېيتتى . بېگىمنى ئىززەت - ئىكراملار بىلەن خاننىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى ، بۇ چاغدا خاننىڭ قاماقتا چۈشكىنىگە بىر يىل بولغانىدى . مىر كەرىمبەردى دۇغلاتنىڭ قېرىنداشىنىڭ ئوغلى ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇس بىر توپ كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ شەيخ جەمالغا ھۇجۇم قىلدى . ئۇنى ھالاك قىلىپ بېشىنى كېسىپ خاننىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلدى ۋە خاننى قاماقتىن چىقاردى . شەيخ جەمالنىڭ خىزمىتىگە بارغان موغۇللارنىڭ ھەممىسى يەنە خاننىڭ خىزمىتىگە قايتىپ كەلدى . ئۇلار خانغا ئەرز قىلىپ : «بىزنىڭ خانغا قارشىلىق قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى ، خان بىزنى شەھەر ھەم ۋىلايەتلەردە تۇرغۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ . بىزنىڭ شەھەر ، ۋىلايەتلەردە تۇرۇشىمىز نامۇۋاپىق ، ھەم ناھايىتى مۇشكۇلدۇر» دېيىشتى . خانمۇ شۇنىڭدىن كېيىن شەھەر ، ۋىلايەتلەردە تۇرۇش ۋە يۇرۇشتىن تەۋبە قىلدى [ «مەن بۇنىڭدىن كېيىن شەھەر ، ۋىلايەتلەر ئارزۇسىدا بولمىغايمەن» دېدى .] بۇ ۋاقىتنى «سەر خەر گىرىفتە ئەبدۇل قۇددۇس»[①] دېگەن تارىخ بىلەن خاتىرىلىدى . بۇ تارىخ تەئمىيە (مۇئەمما) ئۇسۇلى بىلەن تۇرغۇزۇلغان ، چۈنكى «خەر»نىڭ بېشىدا «خ» بولۇپ ، ئۇنى ئەبدۇل قۇددۇستىن ئالسا تارىخ ھاسىل بولىدۇ . بۇ ئەھۋال ئەسناسىدا قالماقلار يەنە ئۆز يۇرتىغا يانغانىدى . موغۇلىستان خالىي قالدى ، خان موغۇل خەلقىنى كۆچۈرۈپ موغۇلىستانغا باردى .

---

① خەر — خەنزۇچە نەشرىدە ئىزاھلىنىشىچە ، «خەر» جەمالىددىن خەر ئىكەن . «سەر خەر» ، يەنى «خ» بولۇپ ، 600 گە ۋەكىللىك قىلىدىكەن ، «گىرىفتە ئەبدۇل قۇددۇس» ھەرپلىرى ئەبجەد ھېسابى بويىچە جەملەنگەندە ، 277 بولىدىكەن ، «خ» ۋەكىللىك قىلىدىغان 600 نى قوشقاندا 877 بولىدىكەن . دېمەك ، بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن يىلى بۇ سانغا ، يەنى ھىجرىيە 877 - يىلى (مىلادىيە 1472 — 1473 - يىللىرى )غا توغرا كېلىدىكەن (مۇھەررىردىن ) .

## قىرىق سەككىزىنچى باب

# شەيخ جەمال [خەر]نى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن يۇنۇسخان بىلەن ماۋەرائۇننەھر پادىشاھ- لىرىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

يۇنۇسخان يەنە خانلىق تەختىدە ئورۇن ئالدى. موغۇل ئەمىرلىرى باشلىق ھەممە موغۇل ئۇلۇسى خاندىن بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى شەھەر ۋە ۋىلايەتلەردە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلماسلىق ھەققىدە ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. موغۇللاردىن سادىر بولغان بۇ پىتنە ئاخىر بېرىپ قارشىلىققا سەۋەب بولاتتى، شۇڭا خان ئىلاجسىز رىزالىق بېرىپ موغۇلىستانغا باردى. ئاماسانچى تايشى قالماقلار بىلەن ئۆز جايلىرىغا كەتكەنلىكتىن، موغۇلىستان قالماقتىن خالىي بولۇپ قالغانىدى. خان نەچچە يىلغىچە موغۇلىستاندا بولدى ۋە شەھەر - دىيارلارنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى مۇتلەق تاشلىدى، شۇڭا موغۇل ئۇلۇسى خانغا جان - دىلى بىلەن بەيئەت قىلدى.

مۇھەممەدھەيدەر مىرزا كاشغەردە ئىدى. ئۇ خاننىڭ ئىنائىتىنى تولۇق بەجا كەلتۈرەتتى. خانمۇ تاغىلىق مېھرىگە ئەمەل قىلىپ ئاتىلىق شەپقىتى بىلەن خۇشال قىلاتتى. موغۇلىستان ۋە كاشغەردە ئاۋاتلىق ۋە تىنچلىق ھاسىل بولدى.

خان موغۇلىستانغا كەلگەندە دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى كەپەك سۇلتان تۇرپان تەرەپكە قېچىپ كەتكەنىدى، مۇلازىملىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. كەپەك سۇلتان گەرچە خان بىلەن دۇشمەنلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن خان تۇغقانلىق مېھرى

بىلەن ئۇنىڭغا ھازا تۇتتى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگۈچىلەردىن قىساس ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچقايسى تەرەپتە خانغا بويۇنتاۋلىق قىلىدىغان كىشىلەر قالمىدى.

خان بۇرۇج ئوغلاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ چوڭ قىزى مېھرىنىگار خانىمنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئەۋەتتى ۋە ئېيتتىكى: «سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا موغۇل بىلەن چاغاتاي ئارىسىدىكى دۈشمەنلىكنى دوستلۇققا ئالماشتۇرغانىدى. مەن ئۇ دوستلۇقنى تۇغقانلىق، قېرىنداشلىق بىلەن مۇستەھكەملىگەنىدىم. شۇڭا، مەن ھەممە قىز- لىرىمنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغۇللىرىغا بېرىمەن.» مېھرىنىگار خانىم ئاخىرقى ئۆمرىگىچە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ھەرىمىدە بولدى. بۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى دەپتىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغۇسى.

خان شەيخ جەمالنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن موغۇلىستانغا كەلدى، مېھرىنىگار خانىمدىن كىچىك قىزى بولغان قۇتلۇقنىگار خانىمنى تارىخنىڭ 880 - يىلى[1] سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا بەردى. خان بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئارىسىدا بىرلىك ۋە مۇھەببەت شۇ دەرىجىدە كۈچەيدىكى، ئاتا بىلەن ئوغۇل ئارىسىدىمۇ ئۇنىڭدەك بىرلىك ۋە مۇھەببەتنىڭ بولۇشى قىيىن. ئۆمەر شەيخ مىرزا ھەمىشە موغۇلىستانغا بېرىپ بىر - ئىككى ئايلاپ خاننىڭ سۆھبىتىدە بولاتتى، بەزىدە خاننى ئەندىجان تەرەپكە ئېلىپ كېلىپ بىر - ئىككى ئاي ئوردىسىدا تۇرغۇزاتتى. ئۇ كۈنلەردە ئۆمەر شەيخ مىرزا خانغا تولا تەكلىپ - تەرغىبلەرنى قىلىپ: «سەمەرقەندكە بارسىڭىز ۋە سەمەرقەندنىڭ پادىشاھلىقىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىدىن ئېلىپ مېنى سەمەرقەندكە پادىشاھ قىلسىڭىز» دەيتتى، ئەمما خان قوبۇل قىلمايتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ بۇ خىيالىنى سۇلتان ئەھمەد

---

① ھىجرىيە 880 - يىلى مىلادىيە 1475 — 1476 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

مىرزا بىلىپ قېلىپ، ئۇمەر شەيخ مىرزىنى يوقىتىش پىكرىگە چۈشتى، شۇڭا لەشكەر توپلاشقا باشلىدى. ئۇمەر شەيخ مىرزا خانغا ئىلتىجا قىلدى، خان كەلدى. ئۇمەر شەيخ مىرزا خانغا بەزى ۋىلايەتلىرىنى بەردى. بۇ سەۋەبتىن سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇمەر شەيخ مىرزىغا چېقىلالمىدى، بىر نەچچە قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋاللار سادىر بولدى.

ئاخىر شۇنداق بولدىكى، خان ھەر قىشتا ئەندىجانغا كېلەتتى، ئۇمەر شەيخ مىرزا ئۆز ۋىلايىتى ئىچىدىن خان قايسى ۋىلايەتنى خالىسا شۇنى خانغا بېرەتتى. باھار پەسلىدە خان يەنە موغۇلىستانغا كېتەتتى، ئۇمەر شەيخ مىرزا يەنە ئۆز ۋىلايىتىگە ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. بۇ قېتىم ئۇمەر شەيخ مىرزا ئۆز قېرىندىشى سۇلتان ئەھمەد مىرزىدىن ۋەھىمە قىلىپ يۈنۈسخاننى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ئاخسى[1]نى خانغا بەردى، خان ئاخسىدا قىشلىدى. بۇ خەۋەر سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا يەتتى، سۇلتان ئەھمەد مىرزا تەئەررۇز قىلىشنى توختاتتى. ئۇمەر شەيخ مىرزا سۇلتان ئەھمەد مىرزىدىن خاتىرجەم بولدى. خان ئاخسىدا تۇرۇشنى خالىمىدى، چۈنكى ئاخسى فەرغانە ۋىلايىتىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئۇلۇغى، بەلكى فەرغانە شەھەرلىرىنىڭ ئانىسى ئىدى. بۇ تۈپەيلىدىن ئۇمەر شەيخ مىرزا خانغا دۈشمەن بولدى. ھەرقانچە نەسىھەتلەر قىلغان بولسىمۇ، پايدىسى بولمىدى. ئاخىر [تېكە ساغرۇتقۇدا[2]] ئۇرۇش قىلدى، ئۇمەر شەيخ مىرزىغا شىكەستە يەتتى. ئۇمەر شەيخ مىرزىنى [باغلاپ] خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. خان چاچراپ قوپۇپ ئۇمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قولىنى بوشىتىپ ئىنئام ـ ئېھسانلار قىلدى ۋە: «سەن چاپسان كەتكىن. لەشكەرلىرىڭ ۋە تاۋابىئاتلىرىڭ چېچىلىپ كەتمىسۇن، مەنمۇ تەخىرسىزلا ئۆيۈڭگە بارىمەن» دەپياندۇردى. ئۇمەر شەيخ مىرزا

---

① ئاخسى — يەنى ئاخسىكەت، نەماگەننىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن).

② خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن).

ئەندىجانغا كەتتى ، خان موغۇل ئۇلۇسىغا ئىجازەت بېرىپ موغۇلىستانغا ياندۇردى . ئۆزى ئەھلى ئايالى ۋە بىر مۇنچە مۇلازىملىرى بىلەن ئەندىجانغا بېرىپ ، ئۇمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئۆيىدە ئىككى ئاي مېھمان بولدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن ھېچبىر ئاداۋەت ۋە كىر ساقلانمىدى .

يەنە بىر نۆۋەت مىرزا ئۇمەر شەيخ مىرزا خاننى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ مەرغىنان[①]نى بەردى . خان مەرغىناندىكى ۋاقتىدا مۇرشىدلارنىڭ پېشۋاسى ، تەڭرى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ قىبلىگاھى خاجە ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللا — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مەرغىنانغا كەلدى . ئۇ زاتنىڭ خاھىشلىرى خاننىڭ ، ئۇمەر شەيخ مىرزىنىڭ ۋە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئارىسىدا سۇلھى بىلەن تىنچلىق ئورنىتىپ نىزا ۋە قارشىلىقنى تۈگىتىش ئىدى . مەن توغرا سۆزلۈك نەقىل قىلغۇچىلاردىن كۆپ قېتىم ئاڭلىغاندىم . ھەزرىتى ئىشان — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مەرغىنانغا يېقىن كەلدى ، تامام موغۇل خەلقى ئۇ زاتنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى . موغۇللار شۇ قەدەر تەزىم ۋە تەۋازۇ قىلدىكى ، ئەدەپ ساقلاپ ھېچبىرلىرى ھەزرىتى ئىشان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تاپتىن چىقىپ ئەدەپسىزلىك قىلمىدى ، ئەر - ئايال خالايىق توپ - توپ بولۇپ يىراقتىن ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئەدەپ بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى . ھەزرىتى ئىشان ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزلىرىنى يولغا تاشلىشاتتى ۋە ئۇ يولنىڭ تۇپرىقىنى تەۋەررۈك بىلىپ سۈپۈرۈپ ئېلىشاتتى . خان ئۆزى تەنھا ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى . ھەزرىتى ئىشان يېقىنلاشقاندا خان ئېتىدىن چۈشۈپ ، ھەزرىتى ئىشاننىڭ كېلىدىغان يوللىرىدا يۈزىنى تۇپراققا قويۇپ تۇردى . ئىشان يېتىپ كەلگەن ۋاقتىدا ھەزرىتى ئىشاننىڭ يېقىنلىرى ئىچىدىن خاننى تونۇيدىغان بىرى ئىشانغا : «بۇ يۇنۇسخاندۇر» دېدى ، ھەزرىتى ئىشان تېزلىك

---

① مەرغىنان — يەنى مەرغىلان ، ھازىرقى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن) .

بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ خـانىنىڭ بېشىنى تۇپراقتىن ئېلىـــپ كۆرۈشتى .

پەقىر مۇرشىدلار پاسىبانى ھەزرىتى مەخدۇمى مەۋلانا قازىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم : ھەزرىتى ئىشان مەرغىـنانغا بارۇر بولدى . يۇنۇسخانىنىڭ ئېتىنىــى ئاڭلايتتۇق ۋە خـــيال قىلاتتۇقكى : «ئېھتىمال بىر كۇسا موغۇلدۇر ، چىراي - تۇرقى سەھرالىق موغۇللاردەكتۇر » دەپ ئويلايتتۇق . ئەمما ، مەرغىنانغا بارغاندىن كېيىن خاننى كۆردۇم . ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق ، خۇش مۇئامىلە ، ساقاللىق ۋە تاجىك چىراي ، ئىنتايىن تەۋازۇلۇق ، شېرىن سۆزلۈك ئادەم ئىكەن . بۇنداق خۇش سۆزلۈك ۋە خۇش مۇئامىلە كىشى تاجىكلار ئارىسىدىمۇ كەم تېپىلسا كېرەك .

شۇنداق قىلىپ ھەزرىتى ئىشان خاننى كۆرگەندىن كېيىن يېقىن ئەتراپىدىكى پۇتكۇل پادىشاھلارغا مەكتۇپ ئەۋەتتى : «مەن يۇنۇسخان موغۇلنى كۆردۇم . مۇنداق پادىشاھنىڭ تەۋەسىدىكى خەلقنى قۇل قىلغىلى بولمايدۇ . ئۇلار ئىسلام ئەھلىدۇر » دەپ ئەمر قىلدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ماۋەرائۇننەھر ۋە خوراساندا ھېچكىم موغۇلنى ساتمىدى ۋە ئالمىدى . چۈنكى ، بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرى موغۇللارنى كۆپپارلار قاتارىدا ساتاتتى .

## قىرىق توققۇزىنچى باب

# مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ كاشغەردە ھۆكۈمەت تۇتقانلىقى

ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ ئوغلى سانىز مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا كاشغەردە ئەل تۇتتى . دوستمۇھەم-

مەدخان ئۆلۈپ موغۇل ئۇلۇسنى يۇنۇسخان موغۇلىستانغا ئېلىپ باردى . بۇرۇج ئوغلان ۋە شەيخ جەمالنىڭ ۋەقەلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك يۈز بەردى .

ئۇنىڭدىن كېيىن يۇنۇسخان موغۇلىستان خەلقىنىڭ رازىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، شەھەر ۋە ۋىلايەت دەۋاسىنى قىلمىدى . مۇھەممەدھەيدەر مىرزا كاشغەردە تۇرۇپ خانغا ئىتائەت قىلاتتى ، خانمۇ ئۇنى پەرزەنت قاتارىدا كۆرەتتى . تارىخنىڭ 869 ـ يىلىدىن[1] تاكى 885 ـ يىلىغىچە[2] مۇھەممەدھەيدەر مىرزا كاشغەردە تىنچلىق ۋە پاراغەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى . ئۇنىڭ كاشغەردە ھۆكۈمەت تۇتقان ۋاقتى باشتىن ـ ئاخىرغىچە جەمئىي يىگىرمە تۆت يىل ئىدى . بۇ مۇددەت ئىچىدە ئون ئالتە يىل مۇستەقىل ، سەككىز يىل باشقىلارغا تەۋە بولغان ھالدا ھۆكۈمەت تۇتتى .

## ئەللىكىنچى باب

# مىرزا ئەبابەكرىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنىڭ بايانى

سانىز مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن دوستمۇھەممەدخان ياركەندكە كېلىپ سانىز مىرزىنىڭ خوتۇنىنى نىكاھىغا ئېلىپ ، سانىز مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەبابەكر مىرزىنى بىللە ئېلىپ ئاقسۇغا كەتتى . نەچچە مۇددەتتىن كېيىن ئۆزىنىڭ سىڭلىسى ھۆسنىنىگار خانىمنى ئەبابەكر مىرزىغا بەردى . لېكىن ، ئەبابەكر

[1] ھىجرىيە 869 ـ يىلى مىلادىيە 1464 ـ 1465 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .
[2] ھىجرىيە 885 ـ يىلى مىلادىيە 1480 ـ 1481 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

مىرزا دوستمۇھەممەدخاننىڭ مىجەزىنىڭ يامانلىقىدىن قېچىپ، تاغىسى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. دوستمۇھەممەدخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھۇسنىنىگار خانىمنى كاشغەرگە ئەۋەتتى، بۇلار يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى.

مىرزا ئەبابەكرى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدى. ئۆزى ناھايىتى جۇرئەتلىك، ساخاۋەتلىك ۋە كۈچتۈڭگۈر كىشى ئىدى. قەددى ـ قامىتى شۇ قەدەر ئېگىز ئىدىكى، ئەگەر يۈز كىشىنىڭ ئارىسىدا پىيادە كەلسە، يىراقتىن ئۇنى كۆرگەن كىشى ئاتلىق كېلىۋاتامدىكىن، دەپ گۇمان قىلاتتى. لېكىن، مۇھەممەدھەيدەر مىرزا تامامى جەددۇجەھەتىدىن باشلاپ دۆلەتمەن كىشى بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن لەشكىرىي ئىشلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئەمىرلىرى ئارىسىدا ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ سەكسەن يىللىق ئۆمرى ئىچىدە تەربىيىلەپ كامالەتكە يەتكەن سەردارلىرى بار ئىدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ زامانىدا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋاپات بولغان بولسىمۇ، بەزىلىرى بار، بەزىلىرى قېرىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ مىرزا مۇھەممەدھەيدەرنىڭ ھۇزۇرىدا ھېچبىر ئېتىبارى يوق ئىدى. شۇڭا، ھەممە مىرزىلار ۋە ياش مىرزىزادىلەر مىرزا ئەبابەكرىنىڭ خىزمىتىگە مايىل بولدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى ناھايىتى ئۇزۇن، لېكىن بۇ ۋەقەلەر ئېسىمدە تەرتىپلىك قالماپتۇ. ئۇ زاماندىكى خەلقلەردىن ھازىرقى زاماندا كىشى قالماپتۇ، چۈنكى ئۇ زاماندىن بۇ زامانغىچە يىگىرمە يىل ئۆتكەن بولسا كېرەك. ئۇ زاماندىكى كىشىلەردىن ئۆز ۋاقتىدا پارچە ـ پۇرات ئاڭلىغانلىرىم، ھازىر بۇ كۈندە ئۇنتۇپتىمەن. ئەمما، خۇلاسە سۆز شۇكى، مىرزا ئەبابەكرى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىدىن قېچىپ ياركەندكە باردى ۋە ئۆزى بىر شاھانە مەكتۇپ ياساپ چىقىپ ياركەند ھاكىمىغا كۆرسىتىپ، بۇ ھىيلە بىلەن ياركەندنى قولغا كىرگۈزدى، ئاندىن

تاغىسى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ، مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ ئۇنىڭ ئىتائىتىنى قوبۇل قىلدى . شۇنداق قىلىپ مىرزا ئەبابەكرىنىڭ خىزمىتىگە كاشغەرنىڭ مىرزىلىرى ۋە ياشلىرىدىن ئۈچ مىڭ كىشى يىغىلدى . بۇ ئەھۋال ئەسناسىدا ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۇمەر مىرزا كاشغەردە ئىدى ، ئۇمۇ ئاكىسى ھۇزۇرىغا ياركەندكە باردى . بۇ ئىككى قېرىنداش بىرلىشىپ ياركەند چېگرىلىرىنى قوغداشقا كىرىشتى ۋە خوتەننى قولغا كىرگۈزۈشنىڭ خىيالىغا چۈشتى . سۆز بۇ يەرگە يەتكەندە ، خوتەننىڭ ۋە خوتەن ھاكىملىرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىش لازىم بولدى .

ئەللىك بىرىنچى باب

## خوتەن مىرزىلىرىنىڭ بايانى

خوتەن شەرق تەرەپتىكى شەھەرلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرىدۇر . خوتەننىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ تارىخلاردا زىكىر قىلىنغان . بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى دەپتىرى (كىتابى )دىمۇ بايان قىلىنغۇسى .

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، دۇغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىكى ئەمىر خۇدايداد — ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي — قا يەتكەندىن كېيىن دۇغلاتلارغا تەئەللۇق بولغان ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە قېرىنداشلىرىغا تەقسىم قىلىندى . كاشغەر ۋە ياركەندنى كىچىك ئوغلى سەييىدئەھمەد مىرزىغا

تاپشۇرغانىدى. ئەمىر خۇدايدادنىڭ ھامىسىنىڭ ئوغلىدىن ئىككى قېرىندىشى بار ئىدى، ئىسىملىرى ئىلياسشاھ ۋە خىزىرشاھ ئىدى. ئەمىر خۇدايداد ئاقسۇنى ئىلياسشاھقا، خوتەننى خىزىرشاھقا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى سەييىدئەھمەد مىرزىغا تەۋە قىلىپ بەرگەنىدى. ئۇلارنى مەنسەپكە تەيىنلەش ۋە مەنسەپتىن چۈشۈرۈش ھوقۇقىنىمۇ سەييىدئەھمەد مىرزىنىڭ ئىقتىدار ئالىقىنىغا تاپشۇرغانىدى. دېمەك، ئىلياسشاھ بىلەن خىزىرشاھ باشقا خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش ھەر يىلى سەييىدئەھمەد مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلەتتى ۋە رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆز ۋىلايەتلىرىگە ياناتتى. تاكى ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ زامانىغىچە بۇ قائىدە جارى بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمىر سەييىدئەلى ئاقسۇنى ئىسان بۇغاخانغا بەرگەندىن كېيىن ئىلياسشاھنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىلياسشاھ ئاتلىق بىر نەۋرىسى ئىسان بۇغاخاننىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئاقسۇنىڭ ھۆكۈمىتى تاكى دوستمۇھەممەدخاننىڭ زامانىغىچە شۇنىڭغا تەئەللۇق ئىدى. ئەمما، ئەمىر سەييىدئەلىدىن كېيىن خوتەندە خىزىرشاھنىڭ نەسلىدىن ئىككى قېرىنداش بار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى خاننەزەر مىرزا، يەنە بىرىنىڭ ئېتى قۇلنەزەر مىرزا ئىدى. خاننەزەر مىرزا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە غەيرەت - جاسارەتتە ئۆزىنى مىرزا ئەبابەكر بىلەن تەڭ تۇتاتتى، بەلكى ئەمىر سەييىدئەلىگە تاقابىل كەلگۈدەك چاغلايتتى. شۇ سەۋەبتىن مۇستەقىللىق داۋاسى قىلىپ كاشغەرگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەنىدى. دېمەك، ئۆزىنى مىرزا ئەبابەكر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قوياتتى. شۇڭا، مىرزا ئەبابەكر خوتەننى قولغا ئېلىش ئۈچۈن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىدىن رۇخسەت تىلىدى ۋە ئەرز قىلىپ: «خاننەزەر مىرزىلار ۋە قۇلنەزەر مىرزىلارنىڭ ئىتائەتكارلىقى ئۇلارنىڭ ئەجدادىدىن بۇيانقى قائىدە ئىدى. ئۇلار ئەدەپتىن تاشقىرى چىقتى. ئەگەر رۇخسەت بولسا، مەن بېرىپ

ئۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرغايمەن» دېدى . مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ ئۇلاردىن كۆڭلى رەنجىپ تۇرغان بولغاچقا ، مىرزا ئەبابەكرگە رۇخسەت بېرىپ خوتەنگە بېرىشنى تەرغىب قىلدى ، شۇڭا مىرزا ئەبابەكر خوتەننى ئىشغال قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىشلىرىغا ئەركىن ـ ئازادە تەييارلىق قىلدى . خاننەزەر مىرزا تۆمۈردىن بىر هاسا ياساتقانىدى ، هېچ كىشى ئۇ هاسىنى ئىككى قولى بىلەن كۆتۈرەلمەيتتى ، ئەمما خاننەزەر مىرزا بىر قولىدا كۆتۈرەتتى . ئەگەر ئۇ هاسا بىلەن ئات ، كالىنى ئۇرسا ، شۇ هامان يىقىلاتتى . خاننەزەر مىرزىنىڭ كىچىك ئىنىسى قۇلنەزەر مىرزىمۇ ناهايىتى مۇلايىم ۋە جەسۇر يىگىت ، ئۇ ئىككىسىنىڭ سەلتەنەت قۇرۇشقا تەييارلىقى بار ئىدى .

## ئەللىك ئىككىنچى باب

# مىرزا ئەبابەكرنىڭ خوتەننى ئالغانلىقى ۋە خوتەن مىرزىلىرىنى نابۇت قىلغانلىقى

مىرزا ئەبابەكر خوتەننى ئىشغال قىلىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان مەزگىلدە ، ئۇمەر مىرزا ئۇنىڭ هۇزۇرىدا ئىدى . لېكىن ، ئاكىسى مىرزا ئەبابەكرنىڭ مەملىكەت ئىشلىرىدىكى چارە ـ تەدبىرلىرىنى ياقتۇرمايتتى ۋە ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك پىكىرلىرىنى قىلاتتى . مىرزا ئەبابەكر ئۇمەر مىرزىنىڭ بۇ مەقسىتىنى سېزىپ ، ئۇنى تۇتۇپ جاهاننى كۆرۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە مىل تارتىپ كور قىلدى ، ئاندىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ هۇزۇرىغا ئەۋەتتى . كاشغەر ۋەيران بولغاندىن كېيىن

ئۆمەر مىرزا سەمەرقەندكە كەتتى ۋە ئۇ يەردە ھۆرمەت - ئېھتىراملارنى كۆردى . تاكى تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 921 - يىلى[1] بولغاندا كاشغەرگە قايتىپ كېلىپ ۋاپات بولدى ۋە ئەمىر سەيىيدئەلىنىڭ مەقبەرىسىدە دەپنە قىلىندى .

مىرزا ئەبابەكرى ئىنىسىدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن خوتەنگە يۈرۈش قىلدى . بىرىنچى قېتىم خوتەنگە بېرىپ سۈلھى قىلىپ ياندى . ئىككىنچى نۆۋەت يەنە باردى ، بۇ قېتىممۇ سۈلھىگە قارار قىلىشتى . مىرزا ئەبابەكرى بىلەن خاننەزەر مىرزا ھەر ئىككىلىسى ئاتلىق كۆرۈشتى ۋە سۈلھ - سالاھ سۆزلىرىنى ئارىغا سېلىشتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈلھىلىرىنى كەلامۇللا بىلەن قەسەم قىلىپ مۇستەھكەملەشنى قارار قىلىشتى .

مىرزا ئەبابەكرى خاس مۇلازىملىرىدىن بىرىگە كەلامۇللانى بېرىپ : «خاننەزەر مىرزىنىڭ ئالدىغا كەلامۇللانى ئېلىپ بارغاندا ، خاننەزەر مىرزا كەلامۇللانى ئېلىشقا قولىنى ئۇزاتقان ھامان ئىككى قولىنى تۇتۇۋېلىڭلار» دەپ مەخسۇس تاپشۇرۇپ قويغانىدى ، شۇڭا ئۇ كىشى كەلامۇللانى خاننەزەر مىرزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى . خاننەزەر مىرزا كەلامۇللانى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى سۇنۇشى بىلەنلا ئىككى قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى . مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ھەممە مۇلازىملىرى بۇ مەسلىھەتنى قارار قىلىشىپ تەق بولۇپ تۇرۇش-قانىدى . خاننەزەر مىرزا بۇ ۋەقەدىن بىخەۋەر ئىدى ، مىرزا ئەبابەكرىنىڭ مۇلازىملىرى ھەر تەرەپتىن شەمشەرلىرىنى چىقاردى . خاننەزەر مىرزىنىڭ مۇلازىملىرىدىن ھېچبىرىدە ئۇلارغا چېقىلغۇچىلىك ماجال قالماي ھەممىسى قاچتى . يەنە بىر نەچچە كىشىنى قۇلنەزەر مىرزىنى تۇتۇشقا بەلگىلەپ ئەۋەتتى ، ئۇلارمۇ قۇلنەزەر مىرزىغا ھۇجۇم قىلدى . دېمەك ، ھەر ئىككىلىسى شەمشەر بىلەن چېپىپ قەتلى قىلىندى . مىرزا ئەبابەكرى مۇشۇنداق

---

① ھىجرىيە 921 - يىلى مىلادىيە 1515 — 1516 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

ھىيلە بىلەن بۇ ئىككى مىرزىنىڭ ئۇرۇقىنى خوتەن ۋىلايىتىدىن قۇرۇتۇپ خوتەننى ئۆز قولىغا ئالدى، ئاندىن تولۇق كۆچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولدى. مىرزا ئەبابەكر خانىزەر مىرزا بىلەن قۇلنەزەر مىرزىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن پات پۇرسەت ئىچىدىلا مۇھەممەددەھەيدەر مىرزىغا قارشى چىقتى.

## ئەللىك ئۈچىنچى باب

# مىرزا ئەبابەكرنىڭ مۇھەممەددەھەيدەر مىرزىغا ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى، مۇھەممەددەھەيدەر مىرزىنىڭ ئۆز ئەمىرلىرىنى مىرزا ئەبابەكرنىڭ سۆزىگە كىرىپ خاراب قىلغانلىقى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، سانىز مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن دوستمۇھەممەدخان سانىز مىرزىنىڭ خوتۇنى جەمال ئاغانى نىكاھىغا ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كاشغەرنى مۇھەممەددەھەيدەر مىرزىغا بەردى. بۇ ۋەقەلەر تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 869 - يىلى[1] بولۇپ ئۆتتى.

دوستمۇھەممەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن مىرزا ئەبابەكر بىلەن ئۇمەر مىرزىنىڭ ئانىسى جەمال ئاغانى مۇھەممەددەھەيدەر مىرزا نىكاھىغا ئالدى ۋە جەمال ئاغادىن ئىككى ئوغۇل يۈزى كۆردى. بىرى پەقىرنىڭ ئاتام مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگان —

[1] ھىجرىيە 869 - يىلى مىلادىيە 1464 — 1465 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

تەگرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي ، يەنە بىرى تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئىدى . ئەبابەكر مىرزا خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن تازا كۈچەيدى ، ھەممە ئەمىرلەر مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئىشلىرى توغرىلىق ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى . ئۇلار ئەرز قىلىپ : «مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئىشلىرى باشتىن ـ ئاخىر مۇخالىپەتچىلىك ۋە قارشىلىشىش بولغۇسىدۇر . ئۇنىڭ ھېچ ئىشتا ھېچ كىشى بىلەن ئىتتىپاقى يوقتۇر . ئۇ ئالدى بىلەن يالغان يارلىقنامە ياساپ ، ياركەندنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋالدى ، ئاندىن نالايىق ئۆزرىلەرنى ئېيتتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇمەر مىرزىنىڭ كۆزىنى كور قىلدى . خاننەزەر مىرزا ۋە قۇلنەزەر مىرزىلارغا ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇلارنى ئۆلتۈردى . بۇنداق كىشىدىن قانداقمۇ ۋاپادارلىقنى كۆزلىگىلى بولسۇن ؟ ئۇ ھەمىشە كاشغەرنى ئىشغال قىلىش ئارزۇسىدىدۇر . ئۇنىڭ ھەممە تىرىشچانلىقى ۋە نىيىتى شۇكى ، بۇ مەملىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى بىر لوقما تائامغا ئايلاندۇرماقچى» دەپ بۇ توغرىدا نۇرغۇن سۆزلەرنى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا بايان قىلىشتى . لېكىن ، مۇھەممەدھەيدەر مىرزا تاغىلىق مېھىر ـ شەپقىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدىكى پىكىرنى سەل چاغلاۋاتاتتى . مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ خوتۇنى بولغان جەمال ئاغا ئەمىرلەرگە قارىمۇقارشى پىكىر بايان قىلاتتى . ئۇ : «مىرزا ئەبابەكر سىزنىڭ پەرزەنتىڭىزدۇر ، ياركەندتە ئەلۋەتتە سىزنىڭ تەرپىڭىزدىن بىر كىشى ھاكىمىيەتتە ئولتۇرۇشى مۇقەررەر . ياركەند مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئاتىسىنىڭ پايتەختى ئىدى ، ئۇ يەردە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئولتۇرۇشقا باشقىلارغا قارىغاندا ، مىرزا ئەبابەكر تېخىمۇ بەك ھەقلىق ئىدى . سىز ياركەندنى مىرزا ئەبابەكرگە بەرمىدىڭىز . لېكىن ، ئۇ سىزنىڭ كەڭچىلىكىڭىزگە ئىشەنچ قىلىپ ، باشتۇغلۇق بىلەن ياركەندنى سىزگە ۋاكالىتەن قولغا ئېلىپ ؛ ئاندىن سىزگە ئىتائەت قىلىشنى لايىق كۆردى .

بۇنىڭ نېمە يامىنى بار ؟ ئەمىرلەر ئۇنى سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە يامان قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ . خوتەنمۇ خانىنەزەر مىرزىلارنىڭ قولىدا ئىدى ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا مىرزا ئەبابەكر باشقۇرسا نېمە زىيىنى بار ؟ » دەپ مىرزا ئەبابەكرنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرىنى ئەنە شۇنداق توغرا ، ھەققانىي قىلىپ بايان قىلاتتى . مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا بۇنىڭدىن تەسەللى ھاسىل بولاتتى .

ئاخىر مىرزا ئەبابەكر ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى . جەمال ئاغا يەنە ئەرز قىلىپ : «ئەمىرلەر ھەمىشە مىرزا ئەبابەكرنى سىزگە يامان كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ . مىرزا ئەبابەكر شۇ سەۋەبتىن مۇخالىپلىق قىلىدۇ » دېدى ، ئاندىن مىرزا ئەبابەكرگە مەخپىي كىشى ئەۋەتىپ : «نېمىشقا مۇخالىپلىق قىلىسىز ؟ مەن سىز ئۈچۈن مۇنداق ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋاتىمەن» دېدى . مىرزا ئەبابەكرنىڭ مەقسىتىگە بۇ سۆز مۇۋاپىق كەلدى ، شۇڭا مىرزا مۇھەممەدھەيدەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ : «تاكى ئاشۇ ئەمىرلەرلا بولىدىكەن ، مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە بارالمايمەن . چۈنكى ، ئەمىرلەر ماڭا دۈشمەندۇر ، ئۇلار ھەمىشە مېنىڭ ئەھۋالىمنى سىزگە قەبىھلەشتۈرۈپ بايان قىلىدۇ . ئەگەر ئاشۇ ئەمىرلەرنى ھەيدەپ چىقارسىڭىز ، مەن يەنىلا سىزنىڭ پەرزەنتىڭىز ، بەلكى سىزنىڭ قۇلىڭىز بولىمەن» دەپ ئەرز قىلدى . مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ساددا كۆڭۈللۈك كىشى بولغاچقا ، ئۇنىڭ بۇ يالغان ئۆزرىلىرىنى راست دەپ بىلىپ ئەمىرلەرگە ئىجازەت بەردى . شۇنداق قىلىپ مۆتىۋەر ئەمىرلەرنى چىقىرىۋەتتى . شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ سەلتەنەت قۇۋۋىتىگە شىكەستە يەتتى ، ئاندىن مىرزا ئەبابەكر كاشغەر ۋە ياڭىھىسار چېگرىلىرىنى پاراكەندە قىلىشقا باشلىدى ، چۈنكى مۆتىۋەر ئەمىرلەر يوق ئىدى . ئۇ ناھىيە ئەتراپلىرىدا مىرزا ئەبابەكرنى يوقاتقۇدەك كىشى قالمىغانىدى .

## ئەللىك تۆتىنچى باب

# يۇنۇسخاننىڭ مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بىلەن بىللە مىرزا ئەبابەكر ئۇستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ يېڭىلىپ قالغانلىقىنىڭ بايانى

يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇس شەيخ جەمال [خەر]نى ئۆلتۈرۈپ خاننى قاماقتىن قۇتۇلدۇردى . شۇڭا ، خان ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپاتلار قىلدى ۋە كۆرەگانلىقۇا نامزات قىلىپ پۇتكۇل دۇغلات تۇمەنىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى . ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇس بۇنداق ئۇلۇغ مەرتىۋىگە يەتكەندىن كېيىن ئۆزىدە خېلى كىبىر ۋە غۇرۇر پەيدا قىلدى . شۇڭا ، خانغا بىر مۇئامىلە قىلغانىدىكى ، ئۇ مۇئامىلىسىدىن ئۆزگىمۇ ۋەھىمە ۋە چۆچۈش پەيدا بولدى . ئۇ مۇئامىلىسىنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇندۇر .

دېمەك ، ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇسقا ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ غالىب كېلىپ ، خاننىڭ ھۇزۇرىدىن قېچىپ كاشغەرگە — مۇھەممەد-ھەيدەر مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى . مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئەمىرلەرنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مەملىكىتىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يېتىپ قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى ، ئۇ كۆپ پۇشايماندا ئىدى . شۇڭا ، ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇس كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ ، ئۇنى ئۆز تەربىيىسى ئاستىغا ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ قىزى ئاغا سۇلتان بېگىمنى ئۇنىڭغا بەردى ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى مىرزا ئەبابەكرگە قارشى ئەۋەتتى . ئۇمۇ مىرزا ئەبابەكر بىلەن

دۈشمەنلىشىشكە بىلىنى مەھكەم باغلىدى .

ئەلقىسسە ، مىرزا ئەبابەكر يەنە بىر قېتىم ياڭىھىسارنى پاراكەندە قىلىشقا كەلدى . ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇسمۇ كېلىپ مىرزا ئەبابەكر بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن يۈزمۇيۈز بولۇپ ئۇرۇش قىلىشتى . قاتتىق تاقابىل تۇرۇپ نۇرغۇن جەڭگىۋجىدەللەردىن كېيىن ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇسقا شىكەستە يەتتى . گەرچە ئۇنىڭ لەشكىرى مىرزا ئەبابەكرنىڭكىدىن كۆپ بولسىمۇ ، يېڭىلىشكە قاراپ يۈزلەندى . شۇ سەۋەبتىن ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇس خىجالەت بولۇپ مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا بارالمىدى ، شۇ يەردىن ئۇدۇل ئۆزىنى شاھناز تەرەپكە ئېلىپ بەدەخشان يولىغا چۈشتى . ئۈچ يۈز كىشى بىلەن مىرزا سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھۇزۇرىغا باردى . سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇسقا كۆپ ئىززەت - ئىكراملارنى قىلدى ۋە قۇندۇز ھەم بەدەخشاننىڭ چوڭ ۋىلايەتلىرىدىن بىرى بولغان خاست[1] ۋىلايىتىنى ئۇنىڭغا بەردى ، ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇس ئۇ ۋىلايەتتە كۇتۇر كۇپپارلىرىنىڭ قولىدا شېھىت بولدى .

دېمەك ، ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇس بەدەخشانغا كەتكەندىن كېيىن مىرزا ئەبابەكرنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورىيىپ كەتتى . چۈنكى ، ئۇ ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ مىرزا مۇھەممەدھەيدەرنىڭ ھۇزۇرىدىن چوڭ - چوڭ ئەمىر ۋە سەردارلارنى ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرنى ھەيدەپ چىقارغۇزغانىدى . ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇسقا شىكەستە يەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ، مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ئىشلىرىدا كۈندىن - كۈنگە ئىلگىرىلەش قالمىدى . جەمال ئاغامۇ قىلغان ئىشلىرىغا كۆپ پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ ، پايدىسى بولمىدى . ئاخىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزا پىيادە ۋە ئاتلىقلاردىن بولۇپ ئوتتۇز

---

[1] خاست — خەنزۇچە نەشرىدە «خوست» (Khost) دېيىلگەن . ھازىرقى ھىندۇقۇشنىڭ شىمالى ، قۇندۇزنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبى ئارىلىقىدىكى جاي (مۇھەررىردىن ) .

مىڭغا يېقىن كىشىنى توپلاپ، مىرزا ئەبابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. مىرزا ئەبابەكرى ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن چىقىپ قارشى سەپ تۈزۈپ قاتتىق ئۇرۇش قىلىشتى. ئاخىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزا تەرەپ يېڭىلىشكە باشلىدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا يېڭىلگەن ۋە پاراكەندە هالدا كاشغەرگە يېنىپ كەلدى ۋە بۇ ئەھۋالنى بۇزرۇكۋار تاغىسى يۇنۇسخانغا ئەرز قىلىپ مەدەت تىلىدى. خان ئون بەش مىڭ كىشىنى ئېلىپ، تاغىلىق شەپقىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزى لەشكەر باشلاپ، مىرزا ئەبابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ لەشكەر تارتىپ بېرىپ خان بىلەن بىللە ياركەندكە يۈزلەندى.

مىرزا ئەبابەكرى ياركەند قەلئەسىگە كىرىپ سېپىلنى قوغدىدى، خان ياركەند قەلئەسىنىڭ شەرق تەرىپىگە چۈشتى. ئەتىسى مىرزا ئەبابەكرى قەلئەنىڭ سىرتىدىكى مەھەللىگە پىيادە ۋە ئاتلىقلاردىن بولۇپ ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن چىقتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ۋە باھادىرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى، ئەمما مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بۇلاردىن بىخەۋەر ئىدى. مىرزا ئەبابەكرى ئۇلارنى يىغىپ توپلىغانىدى. مىرزا ئەبابەكرى بۇ ئۈچ مىڭ جەڭگىۋار لەشكەر بىلەن خاننىڭ لەشكىرىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا قارىماستىن خاننىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. قاتتىق ئۇرۇشتىن كېيىن خان يېڭىلىشكە باشلىدى. خان يېڭىلگەندىن كېيىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ ھەر تەرەپتىن پاراكەندە بولۇشقا باشلىدى، ئۇلار ئاخىر بۇ قەدەر كۆپ لەشكىرى بىلەن يېڭىلىپ قاچتى. يۇنۇسخان مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بىلەن كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن: «مەن مىرزا ئەبابەكرىنى سەل چاغلاپ ئاز لەشكەر بىلەن كېلىپ قاپتىمەن. بۇ يىل سەۋر قىلىپ ئۆز ۋىلايىتىڭنى ساقلىغىن. كېلەر يىلى غول قوشۇن بىلەن كېلىپ ئۇنىڭ ئىشىنى تاماملايمەن» دېدى. خان شۇنىڭدىن كېيىن موغۇلىستانغا كەتتى، مۇھەممەدھەيدەر مىرزا كاشغەردە قالدى.

ئەللىك بەشىنچى باب

## يۇنۇسخاننىڭ مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا مەدەتكار بولۇپ لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىكى ۋە بۇ قېتىممۇ ياركەندتە مىرزا ئەبابەكرىدىن ئىككىنچى نۆۋەت زەربە يەپ يانغانلىقى

ياندۇرقى يىلى، يەنى تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 885 - يىلى[1] يۇنۇسخان ھەممە موغۇل لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، ئاتمىش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كاشغەرگە كەلدى، مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ ئۆتكەن يىلدىكىدىن ئارتۇقراق لەشكەر توپلاپ خانغا قوشۇلدى. سۇلتان يۇنۇسخان مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بىلەن بىللە ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ توقسان مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ياركەندكە يۈرۈش قىلدى، مىرزا ئەبابەكرمۇ ئۆتكەن يىلدىكى ئۇسۇل بويىچە ياركەند قەلئەسىگە بېكىنىۋالدى. ئۇمۇ ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ بەش مىڭ لەشكەر توپلىغانىدى، ئۇلارنىڭ ئۈچ مىڭى ئاتلىق، ئىككى مىڭى پىيادە ئىدى. مىرزا ئەبابەكرىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەمىر سەييىدئەلىنىڭ ئەمىرلىرى ۋە باھادىرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بولۇپ، مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلمەي قولدىن چىقىرىپ قويغانىدى. مىرزا ئەبابەكرى يەنە مىڭ مەرگەننى نۇرغۇن ۋەدىلەر بىلەن ۋىلايەت - ۋىلايەتلەردىن ئىلغاپ توپلىغانىدى.

خاننىڭ لەشكىرى ياركەند قەلئەسىنى گوياكى ئۈزۈكنىڭ

---

[1] ھىجرىيە 885 - يىلى مىلادىيە 1480 — 1481 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

كۆزىدەك ھالقا قىلىپ قورشاپ چۈشتى . خاننىڭ ئۆزى ياركەندنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مەشھۇر جاي بولغان قارلىغاچلىق يار[1] دېگەن يەرگە چۈشتى . نامازدىگەر ۋاقتى بولغانىدى ، خاننىڭ لەشكىرى ئىچىدىكى ھەربىر قوشۇندىن باشباشتاقلار ئۆز ھەۋەسلىرى بىلەن قەلئە ئالدىغا بېرىپ ئۇرۇشقا مەشغۇل بولدى . مىرزا ئەبابەكرىنىڭ لەشكىرى ھەر ئاتلىق لەشكەرنىڭ ئالدىدا بىردىن پىيادە مەرگەن ۋە ھەربىر مەرگەننىڭ ئالدىدا يەنە بىر پىيادە سۇپەر (قالقان ) كۆتۈرگەن لەشكەر ئۇرۇنلاشقان ھالدا قەلئە ئىچىدىن چىقىپ كەلدى . شۇنداق قىلىپ قاتتىق ئۇرۇش بولدى . خان ئۆزى چۈشكەن مەنزىلدە ئولتۇراتتى ، بىر توپ كىشىلەر كېلىپ بولۇۋاتقان ئۇرۇشنىڭ تولا تەرىپ - تەۋسىپلىرىنى قىلدى ۋە : «بېرىپ ئۇ ئۇرۇشنى تاماشا قىلىش كېرەك» دەپ تەرغىب قىلىشتى . شۇڭا ، خان تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن ئاتلاندى ، ئۇرۇش كىيىملىرىنىمۇ كىيمەي بىر نەچچە كىشى بىلەن راۋان بولدى . ئۇلار بىر يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قارىغانىدى ، ئىككى تەرەپتىن پىيادىلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ تۇرۇپتۇ ، ئەمما يارنىڭ تۆپىسىدىن ئۇ ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى . شۇڭا ، ئۇلار يارنىڭ تۈۋىگە چۈشتى . پىيادىلەر خاننى كۆرۈپ روھلاندى ۋە قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ تۇراتتى ، شۇ ئەسنادا خاننىڭ مۇتىۋەر پالۋانلىرىدىن ئەلەم شەيخ باھادىر يېتىپ كەلدى . ئۇ ئەسلىي چېدىردا قالغانىدى ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇشۇ پەيتتە بېرىپ خاننىڭ ئالدىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ، ئۆز تەكتۇشلىرىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ ئابرۇيلۇق بولۇش ھەۋىسى پەيدا بولدى ، شۇڭا دەرھال ئۇرۇش كىيىملىرىنى كىيىپ خاننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەنىدى . ئۇ ئۇرۇش قىلىۋاتقان پىيادىلەرنى كۆردى .

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «قالۇ ئەۋج بەرى» (Kalu Auj Bari) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

خاننىڭ پىيادە لەشكەرلىرى بىلەن مىرزا ئەبابەكر لەشكەر-لىرىنىڭ ئارىسىدا بىر پارچە زېمىن بار، بۇ زېمىننىڭ ئىككىلا تەرىپىدە تام بار، بۇ ئىككى تامنىڭ ئارىسى بىر - بىرىگە تۇتاش كوچا ئىدى. ئەلەم شەيخ باھادىر يېتىپ كېلىپلا ئۇ كوچا بىلەن يۈرۈپ مىرزا ئەبابەكرنىڭ لەشكەرلىرىنى قوغلىدى. ئۇ قوغلاپ كېلىپ توختاۋسىز شەمشەر ئۇرۇۋاتقان بىر پىيادىگە يېتىشتى. ئۇ پىيادە لەشكەر شەمشەرنى ئەلەم (شەيخ)نىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، ئات ئۈركۈپ ئەلەم شەيخ ئاتتىن يىقىلدى. تامنىڭ كەينىدە كۈتۈپ تۇرغان بىر مۇنچە پىيادە لەشكەرلەر تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئەلەم شەيخنىڭ ئىشىنى تامام قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى خاننىڭ پىيادە لەشكەرلىرىگە قاراپ ئات قويدى. پىيادىلەر قاراپ تۇرۇشنى راۋا كۆرمەي بىراقلا چېكىنىشكە يۈزلەندى، تاماشا كۆرگىلى كەلگەن خالايىقمۇ ئارقىلىرىغا قاچتى.

خان يارنىڭ تۇۋىگە چۈشكەنىدى. خان بىلەن كەلگەنلەر خانغا ئېيتتىكى: «ھەممە لەشكەر قاچتى، بىزمۇ چاپسانلىق بىلەن يار تۆپىسىگە چىقىشىمىز كېرەك.» خان ناھايىتى تېزلىك بىلەن يارنىڭ تۆپىسىگە يۈزلەندى. لەشكەرلەر ئىچىدىن بەزىلىرى يارنىڭ ئۈستىدە تېخى قاچماي تۇرغانىدى، خاننىڭ تېز سۈرئەت بىلەن يارنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارمۇ قاچتى. خان يار ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، ھەممە خالايىق قېچىپتۇ، لەشكەرلەر زەربە يەپتۇ. خان دەرھال ئوردىسىغا يۈزلەندى ۋە بېرىپ لەشكەرلىرىنى تىنچلاندۇرماقچى بولدى. خان ئوردىسىغا يەتكەندىن كېيىن قاچقىلى تەييار بولغان خالايىقلارنى توسۇپ قاتتىق سىياسەت بىلەن پەرمان قىلىپ: «ھېچ كىشى بىر قەدەم يۆتكەلمىسۇن، تۇرغان ئورنىدا، ئۆز جايلىرىدا تۇرسۇن!» دېدى. ئەمما، شۇ ئەسنادا مىرزا ئەبابەكرنىڭ يار تۇۋىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان پىيادە

لەشكەرلىرى ئاتلىق لەشكەرلىرى بىلەن بىللە تاماشا كۆرگىلى كەلگەنلەرنى قوغلاپ يارنىڭ ئۈستىگە چىقتى ، ئۇلار قوغلا ـ قوغلا ئاخىر ئاتلىقلىرى خاننىڭ ئوردىسىغا يېقىن يېتىپ كەلدى . خان بۇنى كۆرۈپ زەربە يېگەن لەشكەرلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن مۇمكىن بولمىدى . ھەتتاكى خاننىڭ ئالدىدا ھېچ كىشى قالمىدى ، ئاخىر خانمۇ ئىلاجسىز راۋان بولدى . بۇ قەدەر زور قوشۇن ۋە ھېسابسىز لەشكەرلەر بىر سائەتتە پاراكەندە بولۇپ قېچىشتى ، خانمۇ قېچىپ كاشغەرگە كەلدى . خاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خانغا قارىماستىن شۇ قاچقانچە موغۇلىستانغا كەتتى . خان مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بىلەن مەسلىھەت قىلىپ شۇنى مۇقەررەر قىلدىكى ، مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ئەمدى كاشغەردە تۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق . شۇڭا ، خان مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلىپ ، بەش مىڭ ئۆيلۈك كىشى بىلەن كۆچۈرۈپ ئاقسۇغا ئېلىپ كەتتى . كاشغەر خەلقىدىن نۇرغۇن خالايىق ئەندىجانغا كەتتى ، كاشغەرنى مىرزا ئەبابەكر ئالدى . بۇ ۋەقە تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 885 ـ يىلى① يۈز بەرگەنىدى ، پەقىرنىڭ ئاتام مۇھەممەدھۈسەين كۆرەگان شۇ كۈنلەردە ئون ئىككى ياشتا ئىدى .

يۇنۇسخان مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى ئۆزى بىلەن ئاقسۇغا ئېلىپ بارغاندا ، ئاتامنى يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخان ئۆزى بىلەن بىللە موغۇلىستانغا ئېلىپ كەتتى ۋە بىر ـ بىرلىرى بىلەن دوست بولۇشتى . سۇلتان مەھمۇدخان ئۆزى تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاتامنى «ئاداش» دەيتتى ، موغۇل تىلىدا «ئاداش» دېگەن سۆز «دوست» دېگەن سۆزدۇر .

① ھىجرىيە 885 ـ يىلى مىلادىيە 1480 — 1481 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

# ئەللىك ئالتىنچى باب

## يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد-خاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنىڭ بايانى

شۇنى بىلمەك كېرەككى، بۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغۇسىدۇر. بۇ يەردە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر تېپىلدى.

سۇلتان يۇنۇسخان خوراساندىن ئىككىنچى قېتىم كەلگەن چېغىدا ئەمىر سەييىدئەلى ۋاپات بولغانىدى، سانىز مىرزا يۇنۇسخانغا بەيئەت قىلدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، شۇ كۈنلەردە يۇنۇسخان كاشغەرگە يېتىپ كەلدى. شۇ زاماندا كاشغەرنىڭ مۆتىۋەر سەييىدلىرىدىن ئەمىر زىيائىددىن دېگەن كىشى بار ئىدى. خان ئۇ كىشىنى بەدەخشانغا — شاھ سۇلتان مۇھەممەد بەدەخشىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ قىزلىرىدىن بىرىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. شاھ سۇلتان مۇھەممەد بەدەخشى بولسا ئىسكەندەر زۇلقەرنەين[①] ئىبنى فەيلەقۇس[②]نىڭ نەسلىدىن ئىدى. چۈنكى، ئىسكەندەر جىمى ئالەمنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ھۆكۈمالارغا: «يەر يۈزىدە ھېچ پادىشاھنىڭ پاراكەندىچىلىك قولى يەتمەيدىغان بىر جاينى تېپىڭلار، نەسلىمنى شۇ جايدا قالدۇرغايمەن» دەپ بۇيرۇدى. ھۆكۈمالار بۇنىڭ ئۈچۈن

---

① ماكېدونىيىلىك ئىمپېراتور ئالېكساندىر ماكېدۇن (مۇھەررىرىدىن).

② خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىرىدىن).

بەدەخشاننى تاللىدى ، ئاندىن بىر «دەستۇرۇل ئەمەل» (قوللانما) يېزىپ چىقتى . مادامىكــــى بۇ «دەستۇرۇل ئەمەل»گە ئەمەل قىلىنسىلا ھېچ كىشى بۇ جاينى ئالالمايتتى .

ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ زامانىدىن تارتىپ تاكـــى سۇلتان مۇھەممەد[1] خاننىڭ زامانىغىچە ھېچكىـــم بەدەخشانغا تەئەررۇز قىلالمىدى ، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلار سەلتەنەت تەختىدە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەندى . سۇلتان مۇھەممەد بەدەخشىنىڭ دەۋرىگە يېتىپ كەلگەندە ، ئۇ ئىسكەندەردىن قالغان «دەستۇرۇل ئەمەل» گە ئەمەل قىلمىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى ئىنتايىن ئىنچىكە تەبىئەتلىك ۋە چەكسىز ئىستىبداتلىق پادىشاھ ئىدى . ئۇنىڭ ئىنتايىن پاساھەت ۋە بالاغەت بىلەن تۈزگەن بىر شېئىر دىۋانى بار بولۇپ ، ئۇنىڭغا لەئلى دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىپتۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ يېتۈك ئىستىبداتى ۋە قابىلىيىتى تۈپەيلىدىن «دەستۇرۇل ئەمەل»نىڭ ئورنىـــغا ئۆز ئىقتىدارىنى ئالماشتۇرغانىدى .

ئەلقىسسە ، بۇ شاھ سۇلتان مۇھەممەد بەدەخشىنىـــڭ ئالتە قىزى بار ئىدى . ئۇنىڭ بىرىنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان سۇلتان مەسئۇد كابۇلىغا ، يەنە بىر قىزىنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىغا بەرگەندى ، ئۇنىڭدىن ئەبابەكر ئاتلىـق بىـــر ئوغۇل بولغانىدى . بۇ ئەبابەكر مىرزا ئاتىسى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن سۇلتان ھۇسەين مىرزا بىلەن نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلدى ۋە سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ مەملىكىتىگە كۆپ پاراكەندىچىلىكلەر سالدى . ئۇنىڭ تەپسىلاتى مىرخاند ۋە خانەندەمىر ھىرەۋىينىڭ تارىخلىرىدا مەشھۇردۇر . ئۈچىنچى قىزىنى ئىبراھىم بارلاسقا بەرگەن ، ئۇنىڭدىن جەھانگىر بارلاس تۇغۇلغانىدى . بۇ جەھانگىر بارلاس چاغاتايلارنىڭ ئاخىرقى دۆلىتىدە سەلتەنەتنىڭ

---

[1] بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «سۇلتان مەھمۇد» دەپ يېزىلىپ قالغان ، پارسچە نۇسخا بىلەن مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىســـگە ئاساسەن تۈزىتىلدى .

مۇھىم تايانچلىرىدىن ئىدى . تۆتىنچى قىزى شاھبېگىم[1] ئىدى . ئۇنى سەئىد زىيائىددىن كاشغەرىنىڭ دالالىتى بىلەن يۇنۇسخانغا ئەۋەتتى . بەشىنچى قىزىنى سەييىد شاھ مىرزا ئەرھەڭگى[2] — ئۇنىڭ ئەھۋالى كېيىن بايان قىلىنغۇسىدۇر — گە بەرگەندى . ئالتىنچى قىزىنى شەيخ ئەبدۇللا بارلاسقا بەرگەن ، ئۇنىڭدىن سۇلتان ئۇۋەيس [بارلاس[3] ، ] مىرزاب بارلاس ۋە سۇلتان سەنجەر قاتارلىقلار تۇغۇلغاندى . بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بايانى ئۆز نۆۋىتىدە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر ، ئەمما بۇلارنىڭ ئەھۋالاتى خانەندەمىر ھىرەۋىينىڭ تارىخىدا بايان قىلىنغان .

دېمەك ، سەئىد زىيائىددىن شاھبېگەمنى بەدەخشاندىن كاشغەرگە ئېلىپ كېلىپ خانغا تاپشۇردى . شاھبېگەمدىن يۇنۇسخان ئىككى ئوغۇل ، ئىككى قىز پەرزەنت كۆردى . ئۇنىڭ چوڭى سۇلتان مەھمۇدخان بولۇپ ، تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 868 - يىلى[4] تۇغۇلغاندى . ئۇنىڭدىن كىچىكى سۇلتان ئەھمەدخان ، ئۇنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە زىكىر قىلىنغۇسى . ئىككى قىزنىڭ بىرى سۇلتاننىگار خانىم ، يەنە بىرى دەۋلەتسۇلتان خانىم ئىدى ، بۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە زىكىر قىلىنغۇسى . ئەمما ، سۇلتان [مەھمۇد] خان بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى [موغۇل ئەمىرلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ، سۇلتان يۇنۇسخانغا تولۇق ئىتائەت بىلەن ماسلاشقىلى ئۇنىمايتتى[5] ، ] بالاغەتكە يەتكەندە موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈپ كەتكەندى . يۇنۇسخان ئۆزىنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن

① خەنزۇچە نەشرىدە «شاھ بەگۇم» (Shah Begum) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .
② خەنزۇچە نەشرىدە «سەييىد شاھ بۇزۇرگ ئەرھەڭگى» (Sayyid Buzurg Arhang) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .
③ خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن) .
④ ھىجرىيە 868 - يىلى مىلادىيە 1463 — 1464 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .
⑤ تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان جايلار مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسى ۋە پارسچە نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى .

بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىغا تايىنىپ ، هايات قالغان موغۇل ئەمىرلىرىگە ۋە پۈتۈن موغۇل ئەهلىگە ئىگە بولدى .

يۇنۇسخان زەربە يەپ ياركەندتىن كاشغەرگە كەلگەندە ، ئۇ لەشكەر ئىچىدە سۇلتان مەهمۇدخان كەلمەي ، موغۇلىستاندىكى خەلقنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن قالغانىدى . يۇنۇسخان مۇهەممەدهەيدەر مىرزىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئۆز كۆڭۈل خاھىشى بىلەن شۇ يىلى قىشتا ئاقسۇغا باردى . مۇهەممەدهەيدەر مىرزىنىڭ ئوغلى مۇهەممەدهۈسەين كۈرەگان شۇ كۈنلەردە ئون ئىككى ياشتا ئىدى ، ئۇنى سۇلتان مەهمۇدخاننىڭ هۇزۇرىغا ئەۋەتتى . سۇلتان مەهمۇدخان سۇلتان مۇهەممەدهۈسەين كۈرەگاننى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى ، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن دوست بولۇشۇپ ئۆزئارا «ئاداش» دەپ چاقىرىشاتتى . مۇهەممەدهۈسەين مىرزا نەچچە مۇددەتكىچە ناهايىتى ئىززەت ۋە هۆرمەتلەر بىلەن موغۇلىستاندا — سۇلتان مەهمۇدخاننىڭ هۇزۇرىدا تۇردى .

## ئەللىك يەتتىنچى باب

# ئاقسۇدا يۇنۇسخان بىلەن مۇهەممەد- هەيدەر مىرزىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىچىنىشلىق ئۇرۇشنىڭ بايانى

قىش كىرگەندە خان ئاقسۇغا باردى . ئاقسۇ شەهىرى بىر يارنىڭ تۈۋىدە بولۇپ ، ئىككى قەلئەسى بار ئىدى . بىرىنى

مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا بەردى، يەنە بىرىدە ئۆزى ئورۇنلاشتى. ئۇ زىمىستاننى پاراغەت بىلەن ئۆتكۈزدى. باھار ۋاقتى بولغاندى، يۇنۇسخان موغۇلىستانغا بارماقچى بولدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا: «ھازىر باش باھار پەسلى كەلدى. مەن موغۇلىستانغا بارغايمەن، سەن ئاقسۇدا تۇرغايسەن. خەلق سېنىڭ ئادەملىرىڭگە بويسۇنىدۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ساڭا بەردىم. ئاشلىق باش تارتقان مەزگىلدە موغۇلىستاننىڭ ھەممە يايلىقى ئاخىرلىشىدۇ. شۇ چاغدا سەنمۇ تەييار بولغىن، كاشغەرگە بېرىپ مىرزا ئەبابەكرىنىڭ پېيىگە چۈشمىز. مەن موغۇلىستاندىن ئۇدۇل كاشغەرگە بارىمەن، سەنمۇ بۇ يەردىن بارغىن. كاشغەردە بىر - بىرىمىز بىلەن قوشۇلۇپ، ھەر مەسلىھەت بولسا شۇ يەردە ئىشقا ئاشۇرغايمىز» دەپ مەسلىھەتلىرىنى شۇنىڭغا قارار قىلىشتى. خان موغۇلىستانغا كىشى ئەۋەتىپ: «موغۇل گورۇھىنىڭ سەردارلىرى كېلىپ بىزنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ بارسۇن» دەپ پەرمان قىلدى.

ئەمما، بىرمۇنچە پىتنە - پاساتچىلار مۇھەممەدھەيدەرنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىغا كىرىۋالغاندى. ئۇلار ئېيتىشتىكى: «خان موغۇلىستانغا بارىدىغان بولسا، بۇ يەردىن چىقار ۋاقتىدا موغۇللار ئاقسۇنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كەتكۈسىدۇر.» ئۇلار مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان نەچچە خىل ھېكايىلەرنى ئوقۇدى، بىر مۇنچە شەيتان سۆپەت دەمدەمىلەر مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا دەمىدە قىلىشتى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ساددا كۆڭۈللۈكىدىن ئۇ پىتنىچىلەرنىڭ ناباب سۆزلىرىنى قۇلىقىغا ئېلىپ، بۇ ئىش چارىسى ئۈچۈن مەسلىھەت قىلدى. ئۇ پىتنە - پاساتچىلار: «بۇنىڭ چارىسى شۇكى، خان كۆچىدىغان چاغدا، خان بىلەن ھەمراھ بولۇپ تۇرۇۋاتقان خاننىڭ كىچىك ئوغلى سۇلتان ئەھمەدخاننى خاندىن ئايرىۋالايلى ۋە بۇ قەلئەنى مەھكەم تاقاپ يۇنۇسخانغا يېغى (دۈشمەن) بولايلى. چۈنكى، خان كۆچىدىغان ۋاقتىدا ھېچ ئىشقا قارىماستىن موغۇلىستانغا كېتىدۇ، بىز ئاقسۇدا قالىمىز» دېيىشتى.

بۇ نالايىق ۋە ناتوغرا ئىش مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا لايىق كۆرۈندى، شۇڭا خان كۆچىدىغان ۋاقىت كەلگەندە بىردىنلا ئاقسۇ دەرۋازىسىنى تاقىدى. شۇنىڭ بىلەن، سۇلتان ئەھمەدخان[1] مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا مەجبۇرىي قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ دۈشمەنلىك پەيدا بولدى.

يۇنۇسخان مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا كىشى ئەۋەتىپ نەسىھەت قىلدى ۋە خەت بەردى، ئەمما ھېچ پايدىسى بولمىدى. ئاخىر يۇنۇسخان موغۇلىستانغا كۆچمەي، يەنە بىر قەلئەگە كىرىپ بېكىندى ـ دە، سۇلتان مەھمۇدخانغا كىشى ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇدخان ئون يەتتە كۈندە ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى، تاكى قىرىق كۈنگىچە ھەر كۈنى ئۇرۇش قىلىشتى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ قەلئەسى ئىچىدە ئاچارچىلىق پەيدا بولدى. بۇ پىتنىنى تېرىغان پىتنە ـ پاساتچىلار ھەر كېچىدە قاچقىلى تۇردى. سۇلتان ئەھمەدخان ئاتىسىنىڭ نارازى بولۇشىدىن قورقۇپ قېچىپ چىقىپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىدا تولا ئۆزرىلەر ئېيتىپ تۆۋا قىلدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا قەلئەنىڭ ئىچىدە قالدى، خان بىر ھۇجۇم بىلەنلا قەلئەنى ئالدى. خان تېزلىك بىلەن ئەمىرلەرنى ئەۋەتىپ ئېيتتىكى: «سىلەر جىددىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار، لەشكەرلەر قەلئەنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلمىسۇن!» دەپ پەرمان قىلدى. ئەمىرلەر يېتىپ بېرىپ ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، پايدىسى بولمىدى. چۈنكى، لەشكەرنىڭ ھۇجۇمى ۋە ئامى كىشىلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئۇلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭدىن توسۇپ توختىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى تۇتۇپ مىڭلىغان تەشۋىش بىلەن خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. خانغا يېقىن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ قولىنى باغلاپ

---

① پارسچە نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قوليازمىسىدا «سۇلتان ئەھمەد مىرزا» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، تۈزىتىپ ئېلىندى.

ئېلىپ كىرمەكچى بولدى، خان ۋارقىراپ باغلاشتىن توسۇدى. ئۇنى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن خان مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى ئالدىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئاچچىقلىنىش بىلەن مۇنداق دېدى: «نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىسەن؟ ماڭا دۈشمەن بولۇش خىيالىڭ بولسىمۇ، ھازىرچە ھېچ ھەرىكەت قىلماي تۇرغان بولساڭ، تاكى مەن كەتكەندىن كېيىن سەن بۇ يەردە قالغان ۋاقتىدا دۈشمەن بولساڭ، مۇددىئايىڭ ھاسىل بولار ئىدى.» مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئۆزىنىڭ قىلغان يۈزسىزلىكىدىن شەرمەندە ۋە بۇ ئەخمىقانە ئىشلىرىدىن خىجالەت بولۇپ بېشىنى ئېگىپ تۇردى. خان: «خوش، بوپتۇ! ھېلىمۇ ئاقسۇنى ساڭا بەردىم، ئاقسۇنى سوراپ شۇ يەردە تۇرغىن» دېدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا: «ئاقسۇدا ھەممە خەلق بۇلاڭ - تالاڭغا كەتتى. بۇ يەردە قانداقمۇ تۇرغىلى بولار؟» دېدى. خان مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا ئۈچ يۈز ئات بەردى: «ئۇنداقتا مېنىڭ بىلەن موغۇلىستانغا بارغىن. يەنىلا مەسلىھەت شۇكى، ئاشلىق باش تارتىدىغان ۋاقتىدا كاشغەرگە بېرىپ، كاشغەرنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن» دېدى.

ئۇلار خان ئىدى، شۇڭا ئۇلاردا پادىشاھلىق ۋە ئۇلۇغلۇق يوسۇنى بار ئىدى. گۇناھكارلارغىمۇ ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى، خاھەرزادىلىكنىڭ ئىززەت - ئابرۇيلىرىنى ئەنە شۇنداق ساقلايتتى. ئەگەر ئۇلاردىن خاتالىق ياكى گۇناھ سادىر بولسا، شۇ ھامان مەغپىرەت ۋە مەرھەمەت سۈيى بىلەن يۇيۇپ خۇشال قىلاتتى ۋە: «ئۇ بىزنىڭ خاھەرزادىمىز (جىيەن تۇغقىنىمىز) دۇر. ئاشۇ ئىشەنچ بىلەن بۇ خىل بويۇنتاۋلىقنى سادىر قىلدى. ئەگەر بۇنچىلىك گۇناھ ئۈچۈن جازا بەرسەك، ئۇنداقتا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنىڭ قەدىر - قىممىتى قەيەردە قالىدۇ؟» دەيتتى. ھازىرقى كۈندە بىزنىڭ ئىشىمىز شۇنداق پادىشاھلارغا چۈشۈپ قالدىكى، ھەرقانچە گۇناھ قىلمىساقمۇ، بىر گۇناھنى ئىسپات قىلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھ يات كىشىلەردىن ئۆتكەن بولسا،

ئۇ يات كىشى ئۇ گۇناھ سەۋەبىدىن زەررىچىلىك دىل ئازار تارتمايدۇ . مۇھەممەدەھەيدەر مىرزا بىلەن يۇنۇسخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئالاقىسىگە قارىغاندا ، بۇ دەۋرنىڭ سۇلتانلىرى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئالاقە ئىككى دەرىجە ، بەلكى مىڭ دەرىجە زىيادىرەك ئىدى . لېكىن ، ھەممىسىدىن قەتئىينەزەر قىلىپ ئۆلتۈرمەكلىككە شۇنچىلىك تىرىشچانلىقلارنى قىلدىكى ، ھىچ دۈشمەن ئۇنچىلىك قىلمىغان بولاتتى . شۇنداق بولسىمۇ بۇ تەرەپ ئۇ ۋەھىمىدىن خالاس بولسا ، ھەقتائالا ئۆز ئىنايىتى بىلەن ئۇنىڭغا قۇۋۋەت بەرسە ، ئۇ زۇلۇملارنىڭ ھەممىسىدىن قەتئىينەزەر قىلىپ دوستلۇق ئىشىكىنى قېقىپ ، قاياشلىق ھالقىسىنى تەۋرىتىپ ئەلچىلەر ئەۋەتىپ ئۆتتۈلگەن ۋە ئۆتتۈلمىگەن خەۋەرلەرنى يەتكۈزسە مۇقەررەركى ، يەنىلا يامان جاۋاب بەرگۈسىدۇر . بۇ سۇلتانلارنى ئۇ سۇلتانلارنىڭ نەسلى دېيىش قانداقمۇ راۋا بولسۇن . نەزم :

ئوغۇلدا ئەگەر يوق نىشانى پەدەر ،
دېگىل ئانى بىگانە ، ئېرمەس پىسەر .

پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى مەرھۇم مۇرۇۋۋەت ئىگىلىرىگە ئۆز ئىنايىتى بىلەن مەرھەمەت قىلغاي ۋە كۆچلۈك تىلەك ۋە ئۈمىدىم شۇكى ، «ئىرھەم» ، «تەرھەم»[1] تەقەززاسى بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھكارلارغا رەھىم - شەپقەت قىلغىنىغا ئوخشاش ئۇلۇغ ۋە پاك تەڭرىمۇ ئۇلارغا رەھىم قىلىپ ، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان بولغاي ، ئامىن ! ئەي ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ، بۇ زاماننىڭ سۇلتانلىرى — مۇرۇۋۋەت ئۇلارنىڭ دەرگاھىدىن ئەنقادەك غايىب بولۇپتۇ — غا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ،

---

① «قۇرئان كەرىم» دىكى «رەھىم - شەپقەت قىل» دېگەن مەزمۇندىكى ئايەتلەرگە ئىشارەت قىلىنغان . 11 - سۈرە ھۇد ، 47 - ئايەت ، 23 - سۈرە مۇئمىنۇن ، 118 - ئايەت قاتارلىقلار .

ئۇلۇغ ئەسھابلىرىنىڭ ھۆرمىتىدىن تەۋپىق، مۇرۇۋۋەت ئاتا قىلغاي.

دېمەك، مۇھەممەدھەيدەر مىرزا يۇنۇسخان بىلەن بىللە موغۇلىستانغا باردى. باھار مەۋسۇمى كەلدى، خاننىڭ كاشغەرگە بېرىش قەستى بار ئىدى. شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا سۇلتان ئەھمەد مىرزا سەمەرقەندتىن فەرغانە ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئۆز قېرىندىشى ئۇمەر شەيخ مىرزىدىن مەزكۇر ۋىلايەتنى تارتىۋېلىشنى قارار قىلدى. بۇ خەۋەر ئۇمەر شەيخ مىرزىغا يەتتى. ئۇمەر شەيخ مىرزا تېزلىكتە يۇنۇسخانغا كىشى ئەۋەتىپ خاننىڭ كېلىپ مەدەت بېرىشىنى ئىلتىجا قىلدى. چۈنكى، ئۇمەر شەيخ مىرزا يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ غەزىپى ۋە كۈچىدىن ھەمىشە مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قۇتۇلاتتى. بۇ خەۋەر خانغا يەتتى، خان شۇ ھامان ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى. ئۇمەر شەيخ مىرزا خاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، خانغا شۇ قەدەر ئىززەت - ئىكراملار بىلەن پىشكەشلەر كەلتۈردىكى، ئۇنىڭدىن زىيادە تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى. ئۇ پۈتۈن ۋىلايىتىنى خانغا تەۋە قىلدى، خان بۇ قىشتا ئوش[1]تا بولدى. قالغان موغۇللارنى سۇلتان مەھمۇدخانغا تاپشۇرۇپ موغۇلىستانغا ئەۋەتتى، ئۆزى ئوشتا قىشلىدى. بۇ ۋىلايەتنى خان مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا بەردى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا خاننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي يۈرۈشىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە ئەندىجان ئۈستىگە كەلمىدى. ئۇمەر شەيخ مىرزا ئۆز ئاكىسىنىڭ خەۋپ - خەتىرىدىن خاتىرجەم بولدى. زىمىستان ئاخىرلاشقانىدى، يۇنۇسخان موغۇلىستانغا يانىدىغان بولدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا: «سەن ئۆتكەن يىلدا موغۇلىستاندا جاپا تارتتىڭ، بۇ ئوش ۋىلايىتىنى ساڭا بەردىم، سەن بۇ يەردە تۇرغىن. مەن يەنە كېلەر

---

① ئوش — ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى ئوش ئوبلاستى تەۋەسىدىكى شەھەر (مۇھەررىردىن).

يىلى قىشتا كېلىمەن ، بۇ ۋىلايەتنى ماڭا ۋاكالىتەن باشقۇرغىن »
دېدى . خان موغۇلىستانغا كەتتى ، مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئۇشتا
قالدى ۋە ئوغلى مۇھەممەد ھۇسەين مىرزىنى خاندىن تىلەپ كېلىپ
قېشىدا تۇرغۇزدى .

## ئەللىك سەككىزىنچى باب

# مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كاشغەرگە — مىرزا ئەبابەكرنىڭ ھۇزۇرىغا بارغانلىقى ، مىرزا ئەبابەكرنىڭ مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى قاماققا ئالغانلىقى

سۇلتان يۇنۇسخان ئەندىجاندىن موغۇلىستانغا يانغاندىن كېيىن
ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇشقا ئۆز دورغىلىرىنى ئەۋەتىپ ، مۇھەممەد
ھەيدەر مىرزىغا ئۆزرە ئېيتتى . ئەمما ، مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ
ۋە لەشكەرلىرىنىڭ موغۇلىستانغا يېتىپ بارغۇدەك كۈچ ـ قۇۋۋىتى
يوق ئىدى . ئۇشتا تۇرۇشنىمۇ قىيىن كۆردى . شۇڭا ، ئىلاجسىز
ئوغلى مۇھەممەدھۇسەين مىرزا بىلەن سەيىدمۇھەممەد مىرزىنى
ئۆمەر شەيخ مىرزىغا تاپشۇرۇپ ئۆزى كاشغەرگە راۋان بولدى . ئۇ
كۆڭلىدە : «مىرزا ئەبابەكر ئۆز قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى ، ھەم
ماڭىمۇ پەرزەنتتۇر . ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارسام ، ئېھتىمال
سۈلھى ـ سالا بىلەن ماڭا بىرەر جاينى بېرەر » دەپ ئۈمىد قىلىپ
مىرزا ئەبابەكرنىڭ ھۇزۇرىغا باردى . مىرزا ئەبابەكر
مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بارغان ھامان تۇتۇپ قاماققا سالدى ، تاكى
بىر يىلغىچە قاماقتا ياتتى . بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن

مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى بەدەخشانغا ئەۋەتتى . بەدەخشان ئۇ زاماندا سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ قولىدا ئىدى . يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، مۇھەممەد- ھەيدەر مىرزىنىڭ كۈيئوغلى بولغان ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇسمۇ شۇ كۈنلەردە سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدى . شۇڭا ، مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئۇ يەردە نەچچە كۈنگىچە مېھمان بولۇپ تۇردى ، ئۇنىڭدىن كېيىن سەمەرقەندكە كەلدى . ئۇ يەردە تەرىقەت ئەھلىنىڭ مۇرشىدى ، تەڭرىنىڭ يېقىن دوستى ھەزرىتى خاجە ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللا — تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ خىزمەتلىرىگە مۇشەررەپ بولدى ، ئاندىن سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن كۆرۈشتى . سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئېھتىرام ۋە مۇرۇۋۋەت يولىنى لازىم تۇتتى . شۇنداق قارار قىلدىكى ، مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ھەر يىلى ئىككى ھېيتتا سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەي . سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئۈچ ئىنىسى بار ئىدى ، بىرى ئۇسمان مىرزا ، يەنە بىرى سۇلتان ۋەلەد مىرزا ، يەنە بىرى بولسا مىرزا مەلىك مۇھەممەد[1] ئىدى . مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا ئۇسمان مىرزىنىڭ تۆۋىنىدە ، قالغان ئىككىسىنىڭ يۇقىرىسىدا ئورۇن تەيىن قىلدى . مۇھەممەدھەيدەر مىرزا سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا مېھمان بولۇپ ، مېھمانلار قاتارىدا بېرىش - كېلىش قىلاتتى . بۇ ئەسنادا يۇنۇسخاننىڭ ھۇزۇرىدىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئادەم كەلدى . مۇھەممەدھەيدەر مىرزا سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ بۇ قەدەر ھۆرمەت ۋە ئېھتىراملىرىغا باغلىنىپ قالماستىن خاننىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى . بۇ ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتى خاننىڭ تاشكەندكە بارغانلىق ۋەقەسىدە بايان قىلىنغۇسى .

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «تەلەك مۇھەممەد» (Talak Muhammed) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

## ئەللىك توققۇزىنچى باب

# يۇنۇسخاننىڭ موغۇل ئۇلۇسى بىلەن تاشكەندكە بارغانلىقى، سۇلتان ئەھمەد مىرزا، ئۇمەر شەيخ [مىرزا] ۋە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئارىسىدا سۇلھى تۈزۈلگەنلىكى

بىلىش كېرەككى، ئۇمەر شەيخ مىرزا بىلەن سۇلتان مەھمۇد-خاننىڭ ئارىسىدا ئۆتكەن زىددىيەت ۋە مۇخالىپەتچىلىكنىڭ قىسسىلىرى كۆپ. بۇ ۋەقەلەر خانەندەمىرنىڭ تارىخ كىتابىدا بار، ئۇلارنىڭ بۇ كىتابقا ئالاقىسى يوق. «تارىخى رەشىدىي»دە زىكىر قىلىش لازىم بولغانلىرىنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

شەيخ جەمال خەردىن كېيىن تاشكەند ئۇمەر شەيخ مىرزىغا تەۋە بولدى، مۇستەھكەم قەلئە بولغان شاھرۇخىيەمۇ ئۇمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. بۇ ئىككى ۋىلايەتنى تالىشىش سەۋەبىدىن سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇمەر شەيخ مىرزىغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ قاتتىق نىزا ۋە زىددىيەتلەر پەيدا بولدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا تاشكەندكە ھۇجۇم قىلىش قەستىگە چۈشتى. ئۇمەر شەيخ مىرزا يۇنۇسخاننى تاشكەندكە تەكلىپ قىلدى ۋە ئەندىجان بىلەن ئوشنى خانغا بەرگىنىگە ئوخشاش سايرامنىمۇ خانغا بەردى، شۇڭا خان سايرامغا يۈرۈش قىلدى. موغۇللارنىڭ كۆڭۈللىرى ھېچقاچان شەھەر، ۋىلايەتلەرنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇلار خاننىڭ كىچىك ئوغلى ئەھمەدخاننى يامان يولغا باشلاپ موغۇلىستانغا قېچىپ كەتتى، خانمۇ ئۇلارنى قوغلىمىدى. چۈنكى، موغۇللارنىڭ

نەسلىدىن موغۇلىستاندا نىزا پەيدا قىلغۇدەك ۋە ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلغۇدەك ھېچ كىشى قالمىغانىدى . خان ئۇلارنى موغۇلىستان تەرىپىگە قويۇپ بېرىپ ، ئۆزى سايرام تەرەپكە يۈرۈش قىلدى .
شۇ يىلى قىشتا خان سايرامدا ئىدى . خان چوڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخاننى ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى . يەنە پەرغانە تەرىپىدىن ئۇمەر شەيخ مىرزىمۇ ئون مىڭ كىشىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى . ئاندىن فەرغانە تەرەپتىن ئۇمەر شەيخ مىرزا ئۆزى ئون بەش مىڭ كىشى بىلەن كەلدى . شۇنداق قىلىپ ئۈچ مۇخالىپ لەشكەر بىر - بىرىگە يېقىنلاشتى ، ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى . بۇ ئەھۋال سەمەرقەندتە مۇرشىدلارنىڭ پېشۋاسى ، تەڭرىنىڭ دوستى ھەزرىتى ناسىرىددىن خاجە ئۇبەيدۇللا — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — غا ئاڭلاندى . ھەزرىتى ئىشان شۇ ھامان بۇلار تەرىپىگە راۋان بولدى ۋە «بىز بارىمىز» دەپ خەت ئەۋەتتى . بۇ خەۋەر ئۈچىلا پادىشاھقا ئاڭلاندى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز جايلىرىدا توختاپ كۈتۈپ تۇردى . ھەزرىتى ئىشان كېلىپلا سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ لەشكەرگاھىغا كىردى ۋە سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن ئۇمەر شەيخ مىرزىغا كىشى ئەۋەتىپ سۇلھى قىلىشنى تەرغىب قىلدى . ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇبارەك لەۋزىلىرىنى رەت قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى يوق ئىدى . چۈنكى ، ئۇ تەڭرى دەرگاھىغا يەتكەن زات بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئەسەر قالمىغان ، ئۇلار تەرىپىدىن سادىر بولغان ھەربىر ئىش جەزمەن تەڭرى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بولاتتى . پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ھۆكۈمىنى رەت قىلماققا كىمدە ماجال بولسۇن .
دېمەك ، بۇ ئۈچ پادىشاھنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى ئىشقا سېلىۋاتاتتى . ھەزرىتى ئىشان كېلىپلا ھەممىسىنى تىنچلاندۇردى ۋە بىر - بىرلىرىگە مۇخالىپ بولغان

بۇ ئۈچ پادىشاھنى بىر زىلچا ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. ھەزرىتى ئىشانمۇ بىرگە ئولتۇرۇپ، بۇ ئۈچ پادىشاھنى بىر-بىرلىرى بىلەن ۋەدە ۋە شەرتنامە تۈزدۈردى ھەمدە تاشكەندنى يۇنۇسخانغا بېرىشكە پەرمان قىلدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ زىددىيەتلىرى تاشكەندنى تالىشىش تۈپەيلىدىن پەيدا بولۇۋاتاتتى، شۇڭا ھەزرىتى ئىشان تاشكەندنى يۇنۇسخانغا بۇيرۇپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ زىددىيەتنى بىر تەرەپ قىلدى. ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد قازى — ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە مەغپىرەتلەر بولغاي — نىڭ «سىلسىلەتۇل ئارىفىن» ناملىق كىتابىدا بۇ قىسسىنى ئارىپلار ۋە مۇرشىدلارنىڭ پېشۋاسى بولغان ھەزرىتى خاجە ئۇبەيدۇللا — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ كارامەتلىرى قاتارىدا مۇنداق بايان قىلغان:

ئۇ مەجلىس ئاخىرلاشتى. ھەزرىتى ئىشان پەقىرگە ئىلتىپات قىلىپ ئېيتتىكى: «بۇ بىر-بىرگە مۇخالىپ بولغان ئۈچ پادىشاھ گوياكى بىر-بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشقا چۈشمەكچى بولغان ئۈچ مەست تۆگە ئىدى. مەن ئۈچلا تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى مەھكەم تۇتتۇم ۋە ئۇرۇش قىلغىلى قويمىدىم. قاپلان ئوۋلاشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى شۇكى، بۇ ئۈچ مۇخالىپ پادىشاھ بىر مەجلىستە كېلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ تارقاشتى. ھازىر مەن ياشىنىپ قالدىم، بۇ ئىشنى مۇندىن زىيادە ھەل قىلالمايمەن.»

بۇ ئۈچ پادىشاھ ئۆز لەشكەرگاھىغا قايتتى. ھەزرىتى ئىشان خوجەند دەرياسى لېۋىگە يەتتى ۋە تاھارەت ئالدى. ئۇ زات پەقىرگە ئىلتىپات قىلىپ: «ئەي مەۋلانا مۇھەممەد، بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزنى يېزىپ قالدۇرۇش كېرەك» دېدى. ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد ئۆزىنىڭ «سىلسىلەتۇل ئارىفىن» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىقىشقا ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇشۇ سۆزلىرى سەۋەب بولغانىدى، (مۇئەللىپ): «بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەنى شۇ بويىچە بايان قىلىپ

ئۆتتۇم ، چۈنكى ھەزرىتى ئىشاننىڭ پەرمانلىرىمۇ شۇنداق ئىدى . شۇ سەۋەبتىن بىرمۇنچە قۇرلارنى ھەزرىتى ئىشاننىڭ ھىممىتى ، كۆڭۈل قۇۋۋىتى ، پەزىلەت ۋە كارامەتلىرىدىن بايان قىلدىم» دەيدۇ .

شۇنداق قىلىپ سۇلتان ئەھمەد مىرزا سەمەرقەندكە قايتتى ، ئۆمەر شەيخ مىرزا فەرغانىگە باردى . سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەندكە بېرىپ يۇنۇسخان بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشتى . پەقىرنىڭ تاغام سەيىيدمۇھەممەد مىرزا مۇنداق دېگەنىدى : «بىر كۈنى ھەزرىتى ئىشاننىڭ① شەرەپلىك مەجلىسلىرىدە سۇلتان مەھمۇدخان- نىڭ ھېكايىسىنى قىلىشتى . سۆھبەتداشلاردىن بىرى : ‹بۇ سۇلتان مەھمۇدخان ئاجايىپ تەكەببۇر ۋە چوڭچى شاھزادىدۇر › دېگەنىدى . ھەزرىتى ئىشان : ‹مۇنداق پادىشاھلارنى مەن ئېتىكىدە توپا توشۇتقۇزىمەن ، تەكەببۇرلۇق ۋە چوڭچىلىق پەقەت ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى تەڭرىگىلا خاستۇر . سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغۇدەك نېمىسى بار ؟ › دېدى . شۇ سائەتتىلا سۇلتان مەھمۇدخان ھەزرىتى ئىشاننىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدى . ناماز ۋاقتى بولغانىدى ، ھەزرىتى ئىشان نامازغا قوپتى . قىبلە تەرەپتە ئاتەشدان بار ئىدى ، ئۇنىڭدىن چىققان بىر پارچە ئۇچقۇن ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇبارەك يۈزلىرىگە كېلىپ تەگدى . ھەزرىتى ئىشان سۆھبەتداشلىرىغا قاراپ : ‹ئاتەشداندىكى ئوتنى توپا بىلەن كۆمۈۋېتىڭلار › دەپ پەرمان قىلغانىدى . بۇ يەردە شۇنچە كۆپ كىشى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سۇلتان مەھمۇدخان ھەممىدىن ئىلگىرى يۈگۈرۈپ قوپۇپ تاشقىرىغا چىقىپ ، ئېتىكىگە توپا توشقۇزۇپ كىرىپ ئوتقا قويدى . ئۇ ھازىر تۇرغانلارغا

① بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا «سۇلتاننىڭ» دەپ يېزىلىپ قالغان . پارسچە نۇسخا ئاساسىدا تۈزىتىلدى .

ئىلتىماس قىلىپ : «بۇ خىزمەتنى يالغۇز ماڭىلا قويۇڭلار ، مەن ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئاستانىسىنىڭ تۇپرىقىنى توشۇش بەختىنى تىپىۋالاي » دېدى . خان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەيران قالدى . »

بۇ سۆلھىدىن كېيىن خان تاشكەند تەختىدە ئولتۇردى ، بۇ ۋاقىت تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 890 ـ يىلى[1] ئىدى . ھەزرىتى ئىشان نەچچە ۋاقىتقىچە تاشكەندتە ئىدى ، ئەمدى سەمەرقەندكە ياندى .

ئۇ زاماندىكى پادىشاھلارنىڭ ئارزۇسى شۇنداق ئىدىكى ، ھەرقايسىلىرى ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇرىتلىرىدىن بىرىگە ئىلتىجا قىلىپ ، ھەزرىتى ئىشانغا ئۆز ھاجەتلىرىنى بايان قىلىشتا شۇلارنى ۋاستە قىلاتتى . سۇلتان مەھمۇدخانمۇ ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد قازىنى ۋاستە قىلغانىدى . بۇ توغرىدا ھەزرىتى مەۋلانادىن ھېكايەتلەرنى ئاڭلىغانىدىم ، تەگرى خالىسا ئۆز نۆۋىتىدە زىكىر قىلىنغۇسى .

## ئاتمىشىنچى باب

# يۇنۇسخاننىڭ ئاخىرقى ئەھۋالىنىڭ بايانى

يۇنۇسخان تاشكەندتە ئورۇنلاشتى ، ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخانغا سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قىزى قاراكۆز بېگىمنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى . قاراكۆز بېگىمنىڭ كەلگەنلىكى كېيىن

---

① ھىجرىيە 890 ـ يىلى مىلادىيە 1485 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

بايان قىلىنىدۇ. لېكىن، سۇلتان يۇنۇسخان مۇشۇ ئەھۋال ئەسناسىدا كېسەلگە دۇچار بولۇپ، ئىككى يىل ئورۇن تۇتۇپ ياتتى ۋە شۇ كېسەل بىلەن ئالەمدىن كەتتى، ئۇنىڭ مۇبارەك ياشلىرى يەتمىش تۆتتە ئىدى. چاغاتاي نەسلىدىن بولغان خانلار ئارىسىدا ھېچكىم بۇ ياشقا يەتمىگەنىدى، بەلكى كۆپىنچىسى قىرىق ياشقىمۇ يەتمىگەنىدى. يۇنۇسخاننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 818 - يىلى[1] ئىدى، بەگۇم (ھىجرىيە) 892 - يىلى[2] ۋاپات بولدى، ھەزرىتى خاۋەنتەھۇر[3] — تەڭرى ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرلۇق قىلغاي — نىڭ مۇبارەك مازارلىرى يېنىدا دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ قەبرىسى ئۇستىدە ئالىي ئىمارەتلەر بىنا قىلىنغان بولۇپ، ھازىرمۇ بار ۋە ناھايىتى مەشھۇردۇر. يۇنۇسخان كېسەل بولغان كۈنلەردە، مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ بەدەخشان تەرىپىدىن سەمەرقەندكە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى كەلسۇن، دەپ كىشى ئەۋەتتى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا سەمەرقەندتىن خاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى، خاننىڭ كېسەللىك مەزگىلىدە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا جەرراھ (جاراھەتشۇناس)لىقتا ناھايىتى ماھىر ئىدى ۋە تېبابەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. خان ئۇ كۈنلەردە ئۇنى قېشىدىن بىر سائەتمۇ يىراق قىلمايتتى ۋە ئۇنىڭغا پەرزەنتلىرى قاتارىدا مېھرىبانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇمەر شەيخ مىرزىنىڭ ھۇزۇرىدا قالغان ئوغلى مۇھەممەد ھۇسەين مىرزىنى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا كېلىشتىن ئىلگىرى سۇلتان مەھمۇدخان ئەندىجاندىن ئالدۇرۇپ كەلگەنىدى، ئۇ ھەمىشە سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن ھەمخانە ۋە ھۇجرىداش ئىدى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.

---

① ھىجرىيە 818 - يىلى مىلادىيە 1415 — 1416 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 892 - يىلى مىلادىيە 1486 — 1487 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
③ خەنزۇچە نەشرىدە «خاۋەندى تۇھۇر» (Khawandi Tuhur) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

## ئاتمىش بىرىنچى باب

# سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن سۇلتان مەھمۇد-خاننىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن جەڭگە جېدەلنىڭ بايانى

يۇنۇسخان تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 892 ـ[①] يىلى ۋاپات بولدى. شۇ يىلى سۇلتان مەھمۇدخاننى موغۇللار ئۆزىنىڭ رەسىم ـ قائىدىسى بويىچە خان قىلىپ كۆتۈردى. يۇنۇسخاننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى ئەتراپقا تارالدى؛ ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن سۇلتان ئەھمەد مىرزىلار ھەر تەرەپتىن بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك ناغرىلىرىنى ياڭرىتىشقا باشلىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىشەنچ ۋە ئىقتىدار دەسمايىسى بولغان پۈتكۈل مۇلازىملىرىنى توپلاپ ئۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇلار كېلىپ تاشكەندتىكى مۇستەھكەم قورغان بولغان ئەشتە[②] قەلئەسىگە ئورۇنلاشتى. سۇلتان مەھمۇدخان ئۆزى كېلىپ ئۇ قەلئەنى قورشاپ شۇ قەدەر قاتتىق ئۇرۇش قىلدىكى، موغۇللار تاكى ھازىرغىچە ئۇ ئۇرۇشنىڭ تەرىپ ـ تەۋسىپلىرىنى قىلىشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ سۇلتان مەھمۇدخان زورلۇق بىلەن ئۇ قەلئەنى ئالدى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئەمىرلىرى ۋە مۇلازىملىرىدىن بىرمۇ كىشى قالماي پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش قىلا ـ قىلا تامام بولدى. بۇ ئىشغالىيەتتىن

---

① ھىجرىيە 892 ـ يىلى مىلادىيە 1486 — 1487 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② خەنزۇچە نەشرىدە «ئۇشتۇر» (Ushtur) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

كېيىن سۇلتان مەھمۇدخانغا زور كۈچ ـ قۇۋۋەت ھاسىل بولدى . ئۇمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئىككىنچى قېتىم دۈشمەنلىك قىلغۇدەك كۈچى قالمىدى .

ئىككىنچى يىلى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى ئەمىرلىرى كۈشكۈرتۈپ : «تاشكەندنى ئورۇنسىز ۋە سەۋەبسىزلا خانغا بەردىڭىز . قاچانكى ئۇلار شۇ يەردە تۇرۇۋېرىدىغان بولسا ، ئۇلاردىن بىزگە كۆپ زىيان ـ زەخمەت يېتىدۇ » دەپ سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى قايىل قىلدى . بۇ ۋەقەنى ھەزرىتى ئىشان ئاڭلاپ سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا كىشى ئەۋەتىپ : «بۇ ئىش مۇناسىپ كۆرۈنمەيدۇ ، خان بىلەن سۇلھى قىلىشىپ ئۆتكەيلا . ئۇلاردىن سىزلەرگە تەشۋىش يەتمىسە ، سىزلەر ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن تەشۋىش يەتكۈزىسىزلەر ؟ » دەپ ئېيتقۇزدى .

قىسقىسى ، سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىر يۈز ئەللىك① مىڭ لەشكەر تەييارلاپ تاشكەند ئۈستىگە كەلدى . سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەند مەھەللىسى ئۈستىگە چىقىپ مىرزىغا قارشى سەپ تۈزدى . ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا بىر چوڭقۇر يار بار ئىدى ، ئۇ ياردىن ئۆتۈش مۇيەسسەر بولمىدى . ئۈچ كۈنگىچە شۇ يەردە تۇردى .

سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ لەشكىرى ئاستىدا شاھىبېكخان بار ئىدى . ئۇ شاھ بۇداغ ئوغلاننىڭ ئوغلى بولۇپ ، شاھ بۇداغ ئوغلان ئەبۇلخەيرخاننىڭ ئوغلىدۇر . يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، بۇرۇج ئوغلان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن شاھىبېكخان ۋە بىر نەچچە سۇلتانلار بۆلۈنۈپ چېچىلىپ كەتكەنىدى ، شاھىبېكخان ئۇ چاغلاردا ياش ئىدى . تارىخ كىتابلىرىدا ئۇنىڭ تولا مېھنەت ـ مۇشەققەتلەرنى تارتقانلىقى بايان قىلىنىدۇ . ئۇلار سەھرادا يۈرەلمەي ئىلاجسىز ماۋەرائۇننەھرگە كېلىپ ، سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن بىرىگە نۆكەر بولغانىدى ؛ ئۇ ئەمىرنىڭ ئېتى مىر

① خەنزۇچە نەشرىدە 15 مىڭ لەشكەر دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

ئەبدۇلئەلى ئىدى . شۇ تۇپەيلىدىن شاھىبېكخان بۇ لەشكەر ئىچىدە مىر ئەبدۇلئەلىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ، ئۇنىڭ ئۈچ يۈز[①] نۆكىرى بار ئىدى . قوشۇن بۇ يەردە (دەريا بويىدا) ئۈچ كۈن توختىدى .

شاھىبېكخان بىر كۈنى سۇلتان مەھمۇدخانغا كىشى ئەۋەتىپ كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلدى . خان قوبۇل قىلغاندىن كېيىن كېچىسى شاھىبېكخان ئۇ تەرەپتىن كەلدى ، خان بۇ تەرەپتىن چىقتى . ئۇلار بىر - بىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن شاھىبېكخان ۋەدە ۋە شەرتنى مۇنداق بايان قىلدى : «ئەتە مىرئەبدۇلئەلى تەرىپىگە زورلۇق بىلەن باستۇرۇپ بارغايلا ، مەن ئۇنىڭ نۆكىرىمەن ، مەن نۆكەرلىرىم بىلەن قېچىپ بېرىپ ئۇلارغا شىكەستە بېرىمەن .»

ئەتىسى موغۇل لەشكەرلىرى تەق بولدى ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە قارشى سەپ تۈزۈشتى . ئاندىن موغۇل لەشكەرلىرىنىڭ پىيادىلىرى ياردىن ئۆتتى ، ئاتلىقلىرى يار ئىچىگە چۈشتى ، ئۇ تەرەپتىنمۇ پىيادىلەر كېلىپ ئۇرۇشقا چۈشتى . موغۇل لەشكەرلىرى مىرئەبدۇلئەلى تەرىپىگە يۈپۈرۈلۈپ كەلدى . شۇ ئەسنادا شاھىبېكخان ئۆزىنىڭ ئۈچ يۈز نۆكىرى بىلەن قېچىپ بەردى ۋە ئۆزىنى لەشكەرنىڭ مال - ئەشيالىرىغا ئۇرۇپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا مەشغۇل بولدى ، لەشكەر ئىچىدىكى ھەممە باشباشتاقلار بۇ باھانە بىلەن لەشكەرلەرنىڭ مال - جابدۇقلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا باشلىدى . سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى بىراقلا مەغلۇپ بولدى ، كۆپىنچىسى جىلغىنىڭ سۈيىدە غەرق بولدى . سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا شۇنداق چوڭ مەغلۇبىيەت يۈزلەندىكى ، سەمەرقەندكە پەرىشان ۋە پاراكەندە باردى - دە ، ھەزرىتى ئىشانغا تولا ئۆزرە - تەقسىرلەرنى ئېيتتى .

① خەنزۇچە نەشرىدە 3000 نۆكەر دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

ھەزرىتى ئىشان يەنە پەرمان قىلىپ سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئارىسىدا سۇلھى تۈزۈلۈشىنى ئارىغا سالدى. قاراكۆز بېگىمنى خانغا تارتۇق قىلىشنى تەلەپ قىلدى، نۇرغۇن ھەشەمەت - تەكەللۇپلاردىن كېيىن قاراكۆز بېگىمنى خانىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ غەلىبىدىن ئەتراپتىكى سۇلتانلارغا زىلزىلە چۈشتى، خانىنىڭ شەۋكىتى ۋە ھەيۋىتى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئورۇنلاشتى، خانغا تولۇق كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل بولدى.

## ئاتمىش ئىككىنچى باب

# سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ھەمشىرىسى خۇبنىگار خانىمنى ئاتام مۇھەممەدھۇسەين مىرزىغا بەرگەنلىكىنىڭ بايانى

ئاتام مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگان — تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلاندۇرغاي — كاشغەردىن چىققان ۋاقتىتىن باشلاپ تاكى شۇ زامانغىچە ھەمىشە سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى. پەقەت ئىككى يىللا ئۇمەر شەيخ ھۇزۇرىدا قالغان بولسا كېرەك، بۇ ئەھۋال يۇقىرىدا زىكىر قىلىنىپ ئۆتتى. سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ئاتام بىلەن دوستلۇقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئىككىيلەن ھەمىشە بىر ھۇجرا، بىر ئۆيدە تۇراتتى، خانىنىڭ ئوڭ تەرىپى ئاتامغا تەئەللۇق ئىدى، ئۆي ئەسۋابلىرىنى ئاتام خان بىلەن تەڭ ئىشلىتەتتى. خان ئۆزىگە ھەر نەرسە ئېلىپ كەلسە، ئاتامغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە ئېلىپ كېلەتتى. ئەگەر

خان ئاتلانماقچى بولسا ، ئىككى ئات كەلتۈرۈلەتتى ، ئۇلار بىردىن مىنەتتى . ئەگەر يېڭى كىيىم كىيمەكچــــى بولسا ، ئوخشاشلا ئاتامغىمۇ يېڭى كىيىم ئېلىپ كېلەتتى . دېمەك ، ھېچ ئىشتا پەرق تاپاۋتى يوق ئىدى . خان قاراكۆز بېگىمنى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن كۈندۈزى كۆپ ۋاقىتتا مەزكۇر ھۇجرىدا ئاتام بىلەن بىللە بولاتتى ، كېچىسى خان ھەرەملىرىگە كىرەتتــى ، ئاتام مەزكۇر ھۇجرىدا ئىستىراھەت قىلاتتى . خان تەختكە چىقىپ ئولتۇرغاندا تەختنىڭ ئالدىغا بىر زىلچا سېلىناتتى ، ئاتام زىلچا ئۈستىدە خاننىڭ تەختىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ھەمىشە بىر - بىرلىرى بىــــلەن سۆھبەتلىشەتتى ۋە بىر - بىرى بىلەن تەكلىپ - تەكەللۇپسىزلا كۆرۈشەتتى . خان دائىم ئاتامغا ئۆزرە ئېيتىــــپ : «مېنىـــــڭ كەتخۇدالىقنىڭ تەقەززاسى بىلەن ھەرەمگە كىرىشـــــمگە توغرا كېلىدۇ . سەن ھۇجرىدا قالىسەن ، گوياكى قونۇچىلارنىڭ سىياقىدا قېلىۋاتىسەن . بۇ دوستلۇق قائىدىسىگە خىلاپتۇر» دەيتتى .

مۇشۇ تەرىقىدە بىر يىل ئۆتتى . خان خۇبنىگار خانىمنى ئاتامغا نىكاھلاپ بېرىپ ئاتــامنى كۆرەگانلىق (كۈيئوغۇللۇق ) دەرىجىسىگە چىقاردى ، ئەمما خــۇبنىگار خانىم ياشتا سۇلتان مەھمۇدخاندىن چوڭ ئىدى . يۇنۇسخاننىڭ ئىسان دەۋلەت بېگىــــمدىن تاپقان قىزلىرىنىڭ ئۈچىنچىسى ئىدى . ئىسان دەۋلەت بېگىمدىن تۇغۇلغان قىزلىرى ئىچىدىن مىھرىنىگار[1] خانىمنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا بەرگەنلىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى ، قالغان ئەھۋالاتــى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسىدۇر . ئۇنىڭ كىچىــكــــى قۇتلۇقنىگار خانىم ئىدى . ئۇنى ئۇمەر شەيخ مىــرزىغا بەرگەن بولۇپ ، ئۇمەر شەيخ مىرزا زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر پادشاھنى

[1] بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە ، پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا ، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە يۇقىرىقىــدەك ئېلىنغان . پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «سۇلتاننىگار خانىم» دېيىلگەن .

ۋە خانزادە بېگىمنى قۇتلۇقنىگار خانىمدىن تاپقانىدى ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالاتىمۇ بايان قىلىنغۇسىدۇر . ئۈچىنچىسى خۇبنىگار خانىم بولۇپ ، ئاتامغا نىكاھلاپ بەرگەنىدى ، ئۇ پەقىر مۇھەممەدھەيدەرنىڭ ئانىسىدۇر . ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى .

يۇنۇسخاننىڭ شاھبېكەم بەدەخشىدىن تاپقان ئىككى قىزى بار ، چوڭى مىھرىنىگار[1] خانىم ئىدى . ئۇنى ھىساردىكى سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا بەردى . [مىرزا] خان ئۇنىڭدىن تۇغۇلدى ، بۇنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئىككىنچى دەپتەر (كىتاب )دە بايان قىلىنغۇسى .

دېمەك ، خان ئاتامغا كۆپ ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ : «مەن ھەمىشە ھەرەمدە بولىمەن ، سەن تاشقىرىقى ھۇجرىدا قونۇچى سىياقىدا ياتىسەن ، بۇ ھەرگىز ياخشى ئەمەس ، دوستلۇق قائىدىسىگە خىلاپتۇر » دېدى ـ دە ، پەرمان چۈشۈرۈپ : «توي تەييارلىقىنى قىلىڭلار !» دېدى . تۈرلۈك مەرھەمەت ۋە ئىلتىپاتلار ۋە خىلمۇخىل ئۇلۇغ ھەشەمەت ـ تەكەللۇپلار بىلەن توي ئۆتكۈزدى . بۇ ئەھۋالدىن كېيىن ئىككى يىل ئۆتكەنىدى ، سۇلتان ئەھمەد مىرزا ۋە سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋاپات بولدى ، بۇ كېيىن تەپسىلىي بايان قىلىنغۇسى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۆرەتۆپە[2] سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ تەۋەلىكىگە كىردى . خان بۇ چېگرىلارنى ئاتامغا بەردى ، ئاتام ئۆرەتۆپىدە ئورۇنلاشتى ۋە ئۇ ئەتراپلاردىكى چېگرىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزدى . بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى .

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە ، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا يوقىرىقىدەك ئېلىنغان . پارسچە بىرىنچى نۇسخا ، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسى ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «سۇلتاننىگار خانىم» دېيىلگەن .

② ئۆرەتۆپە — ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى خوجەند بىلەن ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى سەمەرقەند ئارىلىقىدا ، تاشكەندنىڭ جەنۇبىدا (مۇھەررىردىن ) .

## ئاتمىش ئۈچىنچى باب

# سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ تاشكەندتە خانلىق قىلغان مەزگىلىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ زىكرى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ھاياتىنىڭ خاتىمىسى ھەققىدىكى بايان

سۇلتان مەھمۇدخان سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن سۇلھى قىلىشتىن ئىلگىرى — قاراكۆزنى نىكاھىغا ئالماستىن بۇرۇنلا تۈركىستاننى ئالدى. تۈركىستان ھاكىمى مۇھەممەد فەرىد تارخان① سۇلتان ئەھمەد مىرزا قويغان ھاكىم ئىدى، ئۇنى تۇتۇپ قاماققا ئالدى. بۇ سۇلھىگە تولاراق سەۋەبكار بولغۇچى مۇھەممەد فەرىد تارخان ئىدى. چۈنكى، مۇھەممەد فەرىد تارخان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ تاغىسى ئىدى، خان تۈركىستاننى ئالغاندا شاھىبېكخان خاننىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى. خان ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قىلغان خىزمىتىنىڭ بەدىلىگە تۈركىستاننى شاھىبېكخانغا بەردى. كىرەي ۋە جانىبېكخان قازاقنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئارىسىدا قەدىمدىن بېرى دوستلۇق ۋە ئاشنالىق بار ئىدى، بۇ سەۋەبتىن ئارىلىرىغا زىددىيەت پەيدا بولدى. ئۇلار: «شاھىبېكخان بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئىدى. ئۇنى نېمە سەۋەبتىن تۈركىستاندا بىزنىڭ مۇقابىلىمىزدە قويدۇ؟» دەپ ئاداۋەت تۇتتى.

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «مۇھەممەد مەجىد تارخان» (Muhammad Majid Tarkhan) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

قىسقىسى ، بۇ كۆڭۈلسىزلىك تۇپەيلىدىن سۇلتان مەھمۇدخان ئۆزبېك قازاقلار بىلەن ئىككى نۆۋەت ئۇرۇش قىلدى ، ھەر ئىككىلا ئۇرۇشتا خان يېڭىلدى . مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى ، يۇنۇسخاننىڭ ئەمىرلىرىدىن بىرنەچچە ئەمىرلەر قالغانىدى ، سۇلتان مەھمۇدخان ئۇلارنىڭ قەدرىنى بىلمىدى . دۆلەتمەنلەرنىڭ ئىرسىيەتلىك ئادەتلىرىدىن بىرى شۇكى ، ئۇلار ياخشى خەلقنىڭ دۆلەتخاھلىقىغا ۋە ساداقىتىنىڭ قەدرىگە يەتمەي ، بەلكى ھەرقانداق كىشىگە پەرۋىش قىلسا ياخشى بولىدۇ ۋە دۆلەتخاھلىق قىلىدۇ ، دەپ گۇمان قىلىدۇ . ھالبۇكى ، مۇنداق بولۇشى ناتايىن .

سۇلتان مەھمۇدخانمۇ بۇ ناچار ئەقىدە بىلەن رەزىللەردىن بىرنەچچىسىنى پەرۋىش قىلغانىدى ، بۇ رەزىل كىشىلەر ھەمىشە ئاشۇ قەدىمىي مۆتىۋەر ئەمىرلەر ھەققىدە بەتنىيەتلىك قىلىپ ، نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار بىلەن ئىشنى شۇ يەرگە يەتكۈزدىكى ، ئەمىرلەرنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بەش كىشى بار ئىدى ، خان ئۇ بەش ئەمىرنىڭ ھەممىسىنى قەتلى قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ خانىدانىنى خانىۋەيران قىلدى . ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەزكۇر رەزىللەردىن بەش كىشىنى ئولتۇرغۇزۇپ ئۇلارغا پەرۋىش قىلدى . سۇلتان مەھمۇدخان شاھىبېكخان تۇپەيلىدىن ئۆزبېك قازاقلار بىلەن ئاداۋەتلىشىپ ئىشلىرى يۈزمۇيۈز ئۇرۇش قىلىشقا قارار تاپتى . شۇ كۈنلەردە بۇ بەش رەزىل سەردار تۇپەيلىدىن ھەربىر ئۇرۇشتا خانغا شىكەستە يەتتى . ئالدىنقى بەش مۆتىۋەر ئەمىرنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ھاسىل بولغان خاندىكى سۆلەت ۋە ھەيۋەت پۈتۈن ئەتراپى ئالەمدىكى سۇلتانلارنى ۋەھىمە ۋە تەشۋىشكە سالغانىدى ، ئۇلاردىن زەررىچە ئەسەر قالمىدى .

شۇ ئەسنادا ئۆمەر شەيخ مىرزا كەپتەرخانىدىن يىقىلىپ ئۆلدى ، بۇ ۋاقىت تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 899 ـ يىلى[1] ئىدى . بۇ خەۋەر سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئاڭلاندى . سۇلتان ئەھمەد مىرزا

---

① ھىجرىيە 899 ـ يىلى مىلادىيە 1493 — 1494 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

ئەندىجان موغۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن ، دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن جىددىي يۈرۈش قىلىپ ئەندىجان ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ كەلدى . ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئەمىرلىرى مەردانىلىكنى ۋايىگە يەتكۈزدى . بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئوغلى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر پادىشاھ ئون ئىككى ياشتا ئىدى ، ئۇنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈردى ۋە سۇلتان مەھمۇدخاندىن مەدەت تىلىدى . سۇلتان ئەھمەد مىرزا مەرغىلان[1] چېگرىسىغا يەتكەندە ، كېسەل بولغانلىقتىن سۇلھى قىلىپ ياندى ۋە بۇ يولدا قايتقۇچە ۋاپات بولدى . قىرىق كۈندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد مىرزا ھىساردىن كېلىپ قېرىنىدىشىنىڭ ئورنىدا سەمەرقەند تەختىدە ئولتۇردى ، ئالتە ئاي پادىشاھ بولغاندىن كېيىن كېسەل بىلەن ئۆلدى . [ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى بايسۇنغۇر مىرزا پادىشاھ بولدى .] شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخان [سەمەرقەند تەختىنى تەمە قىلىپ] سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىپ ، بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن كامىياي[2] دېگەن جايدا ئۇرۇش قىلىشتى . خاننىڭ ئەمىرلىرى ئاشۇ رەزىللەر ئىدى ، شۇڭا مەغلۇبىيەت خان تەرەپكە يۈزلەندى . بۇ ئۇرۇش مەشھۇر ئۇرۇشلار جۈملىسىدىندۇر . بۇ ئۇرۇشنى موغۇل ئەھلى سەمەرقەندتە بىر تارىخ قىلىپتۇ .

ئەلقىسسە ، خان يېڭىلىپ تاشكەندكە كەلدى . مەزكۇر رەزىللەر ۋەسۋەسىگە سېلىپ : «ئەڭ ياخشى ئىش شۇكى ، شاھىبېكخانغا پەرۋىش قىلايلى . ئۇ بېرىپ سەمەرقەند ۋە بۇخارانى ئالسۇن ، پادىشاھلىق ئىشغالىيىتى ۋە چېگرا مۇشەققىتىنى شۇ تارتسۇن . بىز تاشكەندتە راھەت ـ پاراغەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزەيلى» دەپ خاننى ماقۇل قىلدى . ئاتام خاننى بۇ ئىشتىن ھەرقانچە توسقان بولسىمۇ ، خان ئاتامنىڭ رايىنى خاتا دەپ قارىدى . ئاتام بۇ نالايىق مەسلىھەتكە ئەمەل قىلماسلىققا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن

① مەرغىلان — ھازىرقى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن ) .
② كامىياي — ھازىرقى سەمەرقەند ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

بولسمۇ ، خانغا مۇتلەق ياقمىدى . خان ياردەم ۋە مەدەت بەردى ، شاھبېكخان سەمەرقەند ۋە بۇخارانى ئالدى . بۇنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇندۇر ، بابۇر پادىشاھنىڭ بايانلىرىمۇ بۇ ۋەقەلەر ھەققىدىكى پەقەت بىر مۇندەرىجىدىنلا ئىبارەتتۇر . خۇدا خالىسا ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى .

گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى ، خاننىڭ مەدەت ۋە ياردىمى بىلەن شاھبېكخان سەمەرقەندنى ئالدى ۋە تولۇق ئىشغال قىلدى . ئۇنىڭ چېرىكى ئەللىك مىڭغا يەتتى ، ھەر يەردە ئۆزبېكلا بولسا ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يىغىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن شاھبېكخان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قەستىگە چۈشتى . بۇ ئىشتىن خان ئاجىز بولۇپ ھەيرانلىق بارماقلىرىنى ھەسرەت چىشلىرى بىلەن ھەرقانچە چىشلىگەن بولسىمۇ ، ھېچ پايدىسى بولمىدى . شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا ، موغۇلىستاندا قالغان سۇلتان ئەھمەدخان خاننىڭ ئىزتىراپلىق ئەھۋالىنى ئاڭلاپ قېرىنداشلىق ياردىمىنى ئېلىپ كەلدى . شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككىلا خان شاھبېكخان بىلەن ئۇرۇش قىلدى ، ئىككىلا خان يېڭىلىپ ئەسىر بولدى . شاھبېكخان ئىككىلا خاننى ئەزىز ۋە مۇكەررەم بىلىپ موغۇلىستانغا ئەۋەتتى ، ئەمما موغۇل خەلقىنى قويۇپ بەرمەي تۇتۇپ قالدى . بۇ ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى .

شۇنداق قىلىپ سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەدخان موغۇلىستانغا باردى ، [سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولدى .] سۇلتان مەھمۇدخان موغۇلىستانغا بېرىپ ، نەچچە مۇددەتكىچە مېھنەت ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەر بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى . ئاخىر شاھبېكخانغا قىلغان پەرۋىش ۋە ياردىمگە ئىشىنىپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا باردى . شاھبېكخان : «بىر نۆۋەت ياخشىلىق قىلىپ قويۇپ بەردىم ، مېنىڭ ئەمدى يەنە ياخشىلىق قىلىشىم ئۆز دۆلىتىمنىڭ زاۋال تېپىشىغا سەۋەب بولىدۇ» دەپ سۇلتان مەھمۇدخاننى ھەم ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك پەرزەنتلىرىنى خوجەند دەرياسىنىڭ لېۋىدە شېھىت

قىلدى . ئۇنىڭ شىھىت بولغان تارىخىنى «لەبى دەريايى خوجەند»①
دېگەن سۆزدىن چىقاردى . بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى كېيىن زىكىر
قىلىنغۇسىدۇر . تەكرارلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ يەردە
ئىلاجسىز قىسقا بايان قىلىندى .

### ئاتمىش تۆتىنچى باب

## سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بايانى

سۇلتان يۇنۇسخان تاشكەندكە بارىدىغان چاغدا ، شەھەر ۋە
ۋىلايەتلەردىن بىزار بولغان بىر توپ موغۇللار سۇلتان ئەھمەدخاننى
يامان يولغا باشلاپ ئاتىسىدىن ئايرىپ موغۇلىستانغا قېچىپ
بارغانىدى . بۇ ئەھۋالنىڭ باياناتى ۋە موغۇلىستاننى ئىشغال
قىلغانلىقىنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇندۇر . گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى ،
سۇلتان ئەھمەدخان ئون يىل مۇددەت ئىچىدە موغۇلىستاننى
تەلتۆكۈس بويسۇندۇردى ، ئەمىرلەردىن بىر نەچچە تەبىقىنى
سەلتەنەتتىن يىراقلاشتۇردى . شۇلار جۈملىسىدىن بىرى ئارلاتلار②
بولۇپ ، ئۇلار ئۇلۇغ ئەمىرلەردىن ئىدى . شۇ تۈپەيلىدىن ئۇلار
سۇلتان ئەھمەدخانغا قارشى چىقتى . ئاخىر قانلىق ئۇرۇشلار
قىلىشىپ ، خان غالىب كېلىپ ئۇلارنىڭ نەسلىنى يوق قىلدى .
ئەمىر ئەلى سۇلتان چۇراس ئىسان بۇغاخانغا قارشىلىق قىلغاندىن
بېرى ، شۇ مۇخالىپەتچىلىكى يادىدىن چىقمىغانىدى ۋە خانلارنىڭ
ھېچقايسىسىغا قارشىلىق قىلمىغانىدى ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى .

① ئەبجەد ھېسابى بويىچە بۇ ھەرپلەر 904كە ۋەكىللىك قىلىدۇ . ھىجرىيە 904 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1498 — 1499 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

② خەنزۇچە نەشرىدە «ئىرلات» (Irlat) دېيىلگەن (تەھرىردىن) .

شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا قالۇچى قوۋمى ۋە ئۇلارنىڭ سەردارلىرىدىن بولۇپ پۇتكۇل كۆپچىلىك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر كېچىدە خانغا شەبىخۇن ئۇردى. ئۇ زاماندا موغۇلىستاندا ئۇلاردىن تولاراق قوۋم يوق ئىدى. ئۇلار خان ئوردىسىدىكى نەچچە كىشىنى ئۆلتۇردى ۋە خاننىڭ بارگاھىنى ئوققا تۇتتى، خانغا نەچچە يەردىن زەخمە يەتتى. ئاخىر ئۇلادىن بىر كىشى بارگاھ ئىچىگە كىرىپ، خاننىڭ ئىشىنى تاماملىماقچى بولدى. خان شەمشىرىنى غىلىپىدىن چىقىرىپ ئۇ كىشىگە يۇزلەندى ۋە بىر - بىرىگە زەخمە ئۇردى. ئۇ كىشى تولا زەخىملىنىپ ئاخىر قاچتى، يەنە نەچچە كىشى بىرلىشىپ ئاتلىرىدىن چۇشتى. ئۇلار بارگاھ ئىچىگە كىرىپ خاننىڭ ھاياتلىق رىشتىسىنى كەسمەكچى بولغانىدى، شۇ ئەسنادا خاننىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن سۇتئەمگەن باھادىر① يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تېز يۇگۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۇپ، ئاتتىن چۇشكەنلەر قايتا ئېتىغا مىندى. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارىسا، ئۇ يالغۇز كېلىۋېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەشغۇل بولۇپ خېلى ۋاقىتقىچە ئۇرۇش قىلدى. ئاخىر سۇتئەمگەن باھادىرنى ئۆلتۇردى، ئاندىن يەنە خاننىڭ بارگاھىغا كېلىشتى. بۇ ئارىدا غەلۋە - غوۋغالار تولا بولدى، ھەر تەرەپتىكى خالايىق ئاتلىنىپ خاننىڭ ئوردىسىغا يۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن قالۇچى قوۋمىگە پاراكەندىچىلىك يۇزلىنىپ ھەممىسى قاچتى.

بۇ جامائەتنىڭ ھەممىسى خاننىڭ تەۋەلىرىدىن ئىدى، ھېچ كىشى ئۇلاردىن بۇنداق ئىشنىڭ يۇز بېرىدىغانلىقىنى گۇمان قىلمايتتى. ئۇلار ئاخىر قالماقلار تەرىپىگە قاراپ قاچتى. خاننىڭ يارىسى ساقايغاندىن كېيىن قاچقانلارنى قوغلاپ، ھەر يەردە بولسا ئۆلتۇرۇپ ئىككى يىل ئىچىدە پۇتۇنلەي يوقاتتى، شۇنىڭدىن كېيىن خاننىڭ ئىشلىرى راۋاج تاپتى. موغۇلىستاندا ھېچكىمنىڭ

① خەنزۇچە نەشرىدە «سۇت ئىم باھادىر» (Sut Im Bahadur) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

قارشىلىق قىلىشقا ھەددى قالمىدى . بۇ ۋەقەدىن كېيىن خان نەچچە قېتىم بېرىپ قالماقلارنى چاپقۇن قىلدى ، قالماقلارنىڭ تولىسىنى ئۆلتۈردى . ئىككى نۆۋەت ئىسسان تايشى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ، ھەر ئىككىلا نۆۋەتتە خان زەپەر قۇچتى . قالماقلار كۆڭلىدە خاننىڭ سىياستىنى مۇستەھكەم ۋە بەرقارار تۇتتى ، قالماقلار سۇلتان ئەھمەدخانغا «ئالاچە» دەپ لەقەم قويدى ، «ئالاچە» موغۇل تىلىدا «ئۆلتۈرگۈچى» دېگەن بولىدۇ . شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ «ئالاچە» دېگەن سۆز خانغا لەقەم بولۇپ قالدى . خالايىقلارنىڭ ھەممىسى ئالاچەخان دەيتتى . مىرخاند ھىرەۋىينىڭ تارىخىدا ۋە باشقا تارىخلاردا ئالاچەخان دەپ يېزىلغان .

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۆزبېك قازاقلار مەھمۇدخانغا قارشىلىق قىلدى ، بۇ قارشىلىقنىڭ سەۋەبى مەھمۇدخاننىڭ ئەھۋالىنىڭ بايانىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى . مەھمۇدخان ئۆزبېك قازاقلار بىلەن ئىككى نۆۋەت ئۇرۇش قىلدى ، ھەر ئىككىلا نۆۋەتتە سۇلتان مەھمۇدخان يېڭىلدى . ئۆزبېك قازاقلار سۇلتان مەھمۇدخانغا قانداق ئىشنى قىلغان بولسا ، سۇلتان ئەھمەدخانمۇ ئۇلارغا شۇنداق ئىشنى قىلدى ۋە موغۇلىستاننى شۇ قەدەر چىڭ باشقۇردىكى ، موغۇلىستان چېگرىسىدىن تاكى يەتتە - سەككىز ئايلىق يەرگىچە قالماق ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ كۆزى يەتمەيتتى . ئەھمەدخان موغۇلىستاندىن خاتىرىسىنى جەم قىلغاندىن كېيىن مىرزا ئەبابەكرنىڭ قەستىدە كاشغەرگە يۈرۈش قىلدى .

تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 905 - يىلى[1] بولغاندا — پەقىر مۇشۇ يىلى تۇغۇلغان ئىدىم — خان كاشغەرگە يۈرۈش قىلدى . كاشغەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن [ مىرزا ئەبابەكر كاشغەر ۋە ياڭگىھىسارنى ئېھتىيات بىلەن چىڭ ساقلاش ئۈچۈن زاپاس لەشكەر قويۇپ ، ئۆزى ياركەندكە كەتتى .] مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئەمىرلىرى كاشغەر ۋە

---

① ھىجرىيە 905 - يىلى مىلادىيە 1499 — 1500 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

ياغىيسىلاردا خان بىلەن نەچچە نۆۋەت ئۇرۇش قىلدى . بۇنىڭ تەپسىلاتى ناھايىتى ئۇزۇن .

خۇلاسە شۇكى ، سۇلتان ئەھمەد مىرزا[1] ياغىيسىلارنى زورلۇق بىلەن ئالدى . مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئەمىرلىرى كاشغەر قەلئەسىنى تاشلاپ قاچتى ، خان شۇنداق قىلىپ كاشغەر ۋە ياغىيسىلارنى ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزدى . قىش پەسلىنى ئۇ يەردە ئۆتكۈزدى ۋە ئائىلىسىنىمۇ موغۇلىستاندىن كاشغەرگە ئېلىپ كەلدى . قىشنىڭ ئاخىرقى مەۋسۇمىدا ياركەندكە — مىرزا ئەبابەكر تەرەپكە يۈرۈش قىلدى ، مىرزا ئەبابەكر قەلئەدىن تاشقىرىغا چىقمىدى . خان ياركەند قەلئەسىگە چېقىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي ، ياركەند تاغلىرىغا مال غەنىيمەت ئېلىش ئۈچۈن باردى ۋە غەنىيمەت ماللارنى ئېلىپ كاشغەرگە قاراپ ياندى . مىرزا ئەبابەكر لەشكەرلىرى شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ ، [تاغلار ئىچىدە] خاننىڭ يولىنى توسۇپ قاتتىق ئۇرۇش قىلدى ، ئاخىر خاننىڭ لەشكىرى پاراكەندە بولدى . شۇنداق قىلىپ خان پەرىشان ۋە چېچىلاڭغۇ ھالەتتە كاشغەرگە كەلدى ، ئۇ يەردىمۇ تۇرۇشقا پۇرسەت تاپماي كاشغەردىن چىقىپ موغۇلىستانغا كەتتى . بۇ ۋەقەدىن كېيىن بىر يىل ئۆتكەندى ، شاھىبېكخاننىڭ سۇلتان مەھمۇدخاننى مەغلۇپ قىلغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى ، شۇڭا سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ قېرىنداشلىق مېھرى جۇش ئۇرۇپ ئاكىسى مەھمۇدخاننىڭ خىزمىتىگە ماڭدى . چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، خان ئىسمىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەردى . يەنە ئىككى ئوغلى بار ئىدى ، بىرى سۇلتان سەئىدخان ، يەنە بىرى باباخان[2] ئىدى ، ئۇلارنى ھەمراھ قىلىپ

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «سۇلتان» دېيىلگەن ، پارسچە نۇسخىدا «سۇلتان ئەھمەدخان» دېيىلگەن .

② بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «بوباچاق سۇلتان» دېيىلگەن ، پارسچە نۇسخىدا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «باباچاق سۇلتان» دېيىلگەن .

تاشكەندكە باردى . سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەندتە ئۇچراشتى ، ئۇ يەردە يۈز كۆرۈشكەندە ھەر خىل تەكەللۇپلار بولۇپ ئۆتتى . ئۇنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى .

بۇ ئىككى خان شاھىبېكخاننىڭ پېيىگە چۈشتى . ئاخىر ئۇلار شاھىبېكخان بىلەن ئاخسىدا ئۇرۇش قىلدى ، خانلار مەغلۇپ بولدى ، ھەر ئىككىلا خان شاھىبېكخانغا ئەسىر بولدى . شاھىبېكخان تۈز ھەققىگە رىئايە قىلىپ بۇ ئىككى خاننى موغۇلىستانغا ئەۋەتتى ، ئەمما موغۇل ئۇلۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى موغۇلىستانغا بارغىلى قويمىدى .

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىلا خان يەنە موغۇلىستانغا يېنىپ باردى ، شۇ يىلى قىشتا ئاقسۇغا بېرىپ ئۇ يەردە تۇردى . بۇ مەزگىلدە سۇلتان ئەھمەدخان نەچچە خىل كېسەلگە دۇچار بولدى ، تېۋىپلار ئۇنى داۋالاشقا ئاجىز كەلدى . شۇ يىلى قىشنىڭ ئاخىرىدا ، يەنى تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 909 ـ يىلى[1] سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولدى — تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي .

سۇلتان ئەھمەدخان ئىنتايىن دىندار ، مۇسۇلمانچىلىقى بار ، شەرىئەت بويىچە ئىش كۆرىدىغان پادىشاھ ئىدى ، كۆپىنچە ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شەرىئەت قانۇنى بويىچە يۈرگۈزەتتى ، شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشتا ھېچقانداق سۇلھى ـ سالاغا يول قويمايتتى . ئۆزى ئىنتايىن غەيرەتلىك ۋە شۆھرەتلىك ئىدى ، شىجائەتتە كامىل ، ئەقىل ـ ئىدراكتا ساغلام ، تولىمۇ كەمتەر ئىدى ، بولۇپمۇ دەرۋىشلەر ، ئۆلىمالار ۋە سالاھىيەت ئىگىلىرىگە ئىنتايىن كەمتەرلىك ۋە ئەدەپ بىلەن ھۆرمەت قىلاتتى . كۆپ ۋاقىتلىرى دىنىي ۋەزىپە ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ ، بەش ۋاخ نامازنى ھەمىشە جامائەت بىلەن بىللە ئادا

---

[1] ھىجرىيە 909 ـ يىلى مىلادىيە 1503 — 1504 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

قىلاتتى . رەھىم ـ شەپقەتنى ئەلا بىلەتتى ، ئۇ ئۆز دەۋرىدە گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى ئىشلاردا تەڭداشسىز ئىدى ، مۇبارەك ياشلىرى ئوتتۇز توققۇزغا يەتكەندى . قالغان ھەممە ئەھۋاللىرىنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسىدۇر .

## ئاتمىش بەشىنچى باب

# مەنسۇرخاننىڭ بايانى

مەنسۇرخان — تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي — سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ چوڭى ئىدى . سۇلتان ئەھمەدخان ئاكىسى مەھمۇدخاننىڭ خىزمىتى ئۈچۈن تاشكەندكە يۈرۈش قىلغاندا ، مەنسۇرخاننى ئۆز ئورنىدا خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى . تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 909 ـ يىلى① — مەنسۇرخان شۇ كۈنلەردە ئون ئالتە ياشتا ئىدى — ئاتىسى ئەھمەدخان تاشكەندتىن يېنىپ ئاقسۇغا بىرىپ ئورۇنلاشتى ، مەنسۇرخانمۇ ئاقسۇغا بىرىپ ئاتىسىنىڭ خىزمىتى شەرىپىگە ئېرىشتى . سۇلتان ئەھمەدخان شۇ كۈنلەردە ۋاپات بولدى . سۇلتان مەھمۇدخان ئاقسۇنى قويۇپ موغۇلىستانغا كەتتى ، مەنسۇرخان ئاقسۇغا ئورۇنلاشتى . مەنسۇرخان بىلەن مىر جەبباربەردىنىڭ ئارىسىدا زىددىيەت يۈز بەردى ، مەنسۇرخان مىر جەبباربەردىنى ئۆلتۈرۈش قەستىگە چۈشتى . مىر جەبباربەردىمۇ مەنسۇرخاننىڭ پىكرىنى سېزىپ قېلىپ ، ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مىرزا ئەبابەكرگە ئادەم ئەۋەتىش پىكرىگە چۈشتى . شۇنداق قىلىپ مىرزا

---

① ئالدىنقى بەتتىكى ئىزاھاتقا قاراڭ .

ئەبابەكرگە مەخپىي ئادەم ئەۋەتتى ، مىرزا ئەبابەكرمۇ شۇنداق بولۇش ئارزۇسىنى تەڭرىتائالادىن تىلەپ كېلىۋاتاتتى ، شۇڭا ئۆزى يالغۇز ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى . مىر جەبباربەردى مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقىپ ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا دوستلۇق ، ھەمكارلىق ئىزهار قىلدى . بۇ خەۋەر مەنسۇرخانغا يەتكەندىن كېيىن ئاقسۇ قەلئەسىنى مەھكەم تاقاپ ، لەشكىرىنى ئاقسۇ قەلئەسىدە قويۇپ ئۆزى باي[1] ۋە كۇسەن[2] تەرەپكە كەتتى . مىر جەبباربەردى مىرزا ئەبابەكرگە ئىشەنچ باغلىغانلىقتىن ، ئۈچ (ئۈچتۇرپان) قەلئەسىنى — بۇ جاي مىر جەبباربەردىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ۋە تەۋەلىكى ئىدى — مىرزا ئەبابەكرگە ئۆتكۈزۈپ بەردى ، ئاندىن ئۆزى ھەمراھ بولۇپ ئاقسۇغا كەلدى . جەڭگۇجېدەللەر بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئالدى ، سۇلتان ئەھمەدخان يىگىرمە بەش يىل ئىچىدە يىغقان ھەممە خەزىنە ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى مىرزا ئەبابەكر تولۇق قولغا كىرگۈزدى . ئاقسۇ خەلقى ئىچىدىن موغۇل ۋە پۇقرالارنى پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ كاشغەرگە ماڭغۇزدى ، ھەممە كىشىدىن ئىلگىرى مىر جەبباربەردى ئۆزىنىڭ خوتۇنى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى كاشغەرگە ئەۋەتتى . ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇشۇ تەدبىرنى كۆردى . گەرچە مىرزا ئەبابەكر كۆپ مۇبالىغىلەر بىلەن : «ئەھلى ئايالىڭ قېشىڭدا قالسۇن ، ئۆزۈڭ بارىدىغان ۋاقتىدا بىللە ئېلىپ بارغايسەن» دېگەن بولسىمۇ ، ئەمما مىر جەبباربەردى : «ئائىلە ۋە بالا ـ چاقىلىرىمنى كېيىن ئېلىپ بېرىش مۇشكۇلدۇر ، ئەڭ ياخشىسى ئەھلى ئايالىم كېتىپ تۇرسۇن ، مەن بىر نەچچە كۈنگىچە ئەتراپتىكى جايلارنى بۇلاپ ـ تالاپ لەشكىرىڭىزنى ئولجا بىلەن خۇشال قىلىپ ، ئاندىن قوشۇن

---

[1] باي — ھازىرقى ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى باي ناھىيىسى تەۋەسى (مۇھەررىردىن) .

[2] كۇسەن — ھازىرقى كۇچا ناھىيىسى تەۋەسى (مۇھەررىردىن) .

بىلەن خىزمىتىڭىزگە بارغايمەن» دېدى ۋە بۇ ھىيلە بىلەن مىرزا ئەبابەكرنى ئالدىدى. مىرزا ئەبابەكر مىر جەببارىبەردىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ئەھلى ئايالىنى ۋە پۈتكۈل خالايىقنى بىللە ئېلىپ كاشغەرگە كەتتى. مىر جەببارىبەردىگە ئۇن مىڭ لەشكەر بەردى. ئۇلار ئۇ ناھىيىدىكى ھۇجۇمدىن ئامان قالغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ - تالاپ، ئاندىن كاشغەرگە قايتماقچى بولدى. مىر جەببارىبەردى لەشكىرىنى باي، كۇسەن ئۇستىگە باشلاپ بېرىپ، ئۇ جايلارنى بۇلاپ - تالاپ نەچچە كۈن ھايال بولدى. ئۇ مىرزا ئەبابەكرنىڭ كاشغەرگە كېتىپ بولغانلىقىنى قىياس قىلغاندىن كېيىن لەشكەرلەر ئارىسىدىن قېچىپ كەتتى. مىرزا ئەبابەكرنىڭ لەشكەرلىرى ئەتراپقا كۆپ زىيانلارنى سالغاندىن كېيىن پەرىشان ۋە پاراكەندە ھالدا كاشغەرگە ياندى.

مىر جەببارىبەردىنىڭ ئاقسۇدا پەيدا قىلغان بۇ ھادىسىلىرى سەۋەبىدىن مەنسۇرخانغا كۆپ تەرتىپسىزلىك، پاتىپاراقچىلىق يۈزلىنىپ ناھايىتى ئاجىز ۋە دەرمانسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇڭا، مەنسۇرخان مىر جەببارىبەردىگە قەست قىلغىنىغا كۆپ پۇشايمانلار قىلدى. مىر جەببارىبەردى مەنسۇرخاننىڭ تاغىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سىڭلىسى ساھىب دەۋلەت بېگىم مەنسۇرخاننىڭ ئانىسى ئىدى. مۇشۇ ئەھۋال ئەسناسىدا مىر جەببارىبەردىنىڭ خەۋىرى ئاڭلاندى. مەنسۇرخان بىرنەچچە كىشىلەرنى ئەۋەتىپ مىر جەببارىبەردىگە نۇرغۇن ئۆزرىخاھلىقلارنى ئېيتىپ، ۋەدىلەرنى بېرىپ مىر جەببارىبەردىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ پۇقرالارغا ۋە مىر جەببارىبەردىگە سۇلتان ئەھمەدخان كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلغانىدى، مەنسۇرخان ئۇنىڭدىن ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ قىلدى.

مىر جەببارىبەردى كەلگەندىن كېيىن مەنسۇرخاننىڭ زۆرۈرىيەتلىرىدىن تولۇق خەۋەر تاپتى. ئۇ كۈنلەردە بۇ قوۋمدىن پات - پات قارشىلىق ۋە ماجىرالار يۈز بېرىپ تۇراتتى، ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە تىنچىتتى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ناھايىتى ئۇزۇن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئېسىمدە تولۇق

قالماپتۇ .

بۇ ئەھۋال ئەسنااسىدا موغۇلىستاندا سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتانلار ئارىسىدا [قارشىلىشىش] ۋەقەسى يۈز بەرگەنىدى . ئۇنىڭ خەۋىرى ئاڭلاندى ، مەنسۇرخان موغۇلىستانغا باردى ، تاغىسى مەھمۇدخان بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشتى . مەنسۇرخان سۇلتان سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتانلار بىلەن تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ مەجلىسىدە ئۇچراشتى ، ئاندىن مەنسۇرخان قايتتى . [سۇلتان مەھمۇدخان] موغۇلىستاندا تۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنى تاپالماي ، [موغۇلىستاننىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ بولالماي] ماۋەرائۇننەھرگە باردى ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ، خوجەند دەرياسىنىڭ لېۋىدە شېھىت بولدى .

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ شېھىت بولغانلىق خەۋىرى مەنسۇرخانغا ئاڭلاندى ، شۇڭا قېرىنداشلىرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى . سۇلتان سەئىدخان بىلەن خەلىل سۇلتان قىرغىزلار ۋە قالغان موغۇللار بىلەن موغۇلىستاندا ئىدى ، مەنسۇرخان يېتىپ كېلىپ چارۇن چالاك[1] دېگەن جايدا سەپ تۈزۈپ قاتتىق ئۇرۇش قىلدى . ئاخىر مەنسۇرخان غالىب كېلىپ ، [بۇ ئىككى قېرىنداش قاچتى ۋە ئەندىجان ۋىلايىتىگە باردى . ئەندىجاننىڭ ھاكىمى ئۆلاردىن] خەلىل سۇلتاننى ئۆلتۈردى ، سۇلتان سەئىدخان قېچىپ كابۇل[2]غا كەتتى . بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسىدۇر ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەھۋالىمۇ شۇ جايدا بايان قىلىنىدۇ .

مەنسۇرخان موغۇلىستاندىكى بارلىق خەلقنى — مەيلى قىرغىز ، موغۇلدىن بولسۇن ، ھەممىسىنى كۆچۈرۈپ چالىش [ۋە

① چارۇن چالاك — ھازىرقى قازاقىستاننىڭ ئالمائاتا ئوبلاستىغا قاراشلىق چارىن ۋە چىلەك رايونلىرى .

② كابۇل — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇل ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

تۇرپان] تەرەپكە ئېلىپ كەتتى . قىرغىزلار موغۇللارنىڭ ئىچىدىكى پىتنە - پاساتلارنىڭ باشلامچىلىرىدىن ئىدى . ئۇلارنىڭ ئازراقى موغۇلىستانغا قېچىپ كەتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن مەنسۇرخان قالماقلار ئۇستىگە بىرنەچچە نۆۋەت بېرىپ ھۇجۇم قىلدى ، تولا چاغلاردا خان غەلىبە قىلدى .

مەنسۇرخاننىڭ ئىشلىرى تولۇق راۋاج تاپتى ، ئەمما قېرىنداشلىرى ئارىسىدا پات - پات قارشىلىق پەيدا بولاتتى ، جۈملىدىن ئەمىن خاجە سۇلتانمۇ قارشىلاشتى . [مەنسۇرخان ئىككى نۆۋەت قارشىلىقنى تىنچىتتى ۋە ئۇنى تۇتۇۋالغان بولسىمۇ ، ھېچنېمە دېمىدى . ئۈچىنچى قېتىم قارشىلاشقاندا] مەنسۇرخان ئۇنى تۇتۇپ ياراكا ئاتاكاغا تاپشۇرۇپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلدى . لېكىن ، ياراكا ئاتاكا ئەمىن خاجە سۇلتاننى بىر جايغا يوشۇرۇپ قويۇپ ، خانغا ئۆلتۈردۇم دەپ مەلۇم قىلدى . بۇ ۋەقەدىن بىر يىل ۋاقىت ئۆتكەندى ، مەنسۇرخاننىڭ يەنە بىر قېرىندىشى باباچاق سۇلتانمۇ قېچىپ باي ۋە كۇسەنگە كەلدى . باي بىلەن كۇسەننى مىرزا ئەبابەكر ۋە مىر جەبباربەردى قاتارلىقلار بۇلاپ - تالاپ ۋەيران قىلغانىدى . باباچاق سۇلتان كېلىپ [خارابلاشقان] باي ۋە كۇسەن قەلئەسىنى پۇختىلاپ ئاۋات قىلدى ، زىرائەت تېرىتقۇزدى . مەنسۇرخان باباچاق سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ تولا نەسىھەتلەر قىلدى ، يارىشىش ۋە ئىتتىپاقلىشىش سۆزلىرىنى ئارىغا سالدى . باباچاق سۇلتان : «مەن سىزگە قانداق ئىشىنىمەن ؟ ئەمىن خاجە سۇلتانمۇ ماڭا ئوخشاشلا قېرىندىشىڭىز ئىدى ، ئۇنى دۈشمەندەك كۆرۈپ ئۆلتۈردىڭىز ، ئەمدى مەن سىزگە ئىشەنمەيمەن» دېدى . مەنسۇرخان ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلغىنىغا كۆپ پۇشايمان قىلدى ۋە باباچاق سۇلتانغا ئېيتىدىغان ھېچقانداق جاۋاب تاپالمىدى . دەل شۇ ئەسنادا ياراكا ئاتاكا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ : «مەن باشباشتاقلىق بىلەن پەرمانىڭىزغا خىلاپلىق قىلىپ ، ئەمىن خاجە سۇلتاننى تىرىك ساقلىغانىدىم» دېدى .

مەنسۇرخان ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ياراكا ئاتاكانىڭ بۇ ئىشىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈردى. ئەمىن خاجە سۇلتاننى باباچاق سۇلتان قېشىغا ئەۋەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن باباچاق سۇلتان مەنسۇرخانغا ئىتائەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا يارىشىش ۋە ئىتتىپاقلىق هاسىل بولدى.

شۇ ئەسنادا سۇلتان سەئىدخاننىڭ مىرزا ئەبابەكىر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى ۋە كاشغەرنى قولىغا ئالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاڭلاندى، شۇڭا باباچاق سۇلتان بىلەن ئەمىن خاجە سۇلتاننى سۇلتان سەئىدخاننىڭ هۇزۇرىغا ئەۋەتتى. باباچاق سۇلتان بىلەن مەنسۇرخان ئىككىيلەن بىر ئانىدىن، ئەمىن خاجە سۇلتان، خەلىل سۇلتان ۋە سۇلتان سەئىدخان بىر ئانىدىن ئىدى. سۇلتان سەئىدخان ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ناهايىتى خۇشال بولدى. بۇ ئەهۋاللار ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.

مەنسۇرخان سۇلتان سەئىدخاندىن خەۋپسىرەپ ۋەهىمىگە چۈشكەندى. چۈنكى، خەلىل سۇلتان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئانا بىر قېرىندىشى ئىدى، ئۇ مەنسۇرخاننىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزبېكنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەندى. [سۇلتان سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن شىددەتلىك ۋەقەلەر يۈز بەرگەندى.] شۇڭا، مەنسۇرخان كۆڭلىدە سۇلتان سەئىدخان ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ، دەپ جەزم قىلىپ قورقۇنچقا چۈشكەندى. ئەمما، سۇلتان سەئىدخان ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ئاكىسى مەنسۇرخان هۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۇشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇلار تارىخنىڭ (هىجرىيە) 912 ـ يىلى[①] ئاقسۇ بىلەن كۇسەننىڭ ئارىسىدا ئۇچراشتى.

---

① هىجرىيە 912 ـ يىلى مىلادىيە 1506 — 1507 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يىلنامە هەممە نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. بىراق مۇشۇ كىتابنىڭ ئاتمىش يەتتىنچى بابىدا ۋە ئىككىنچى كىتابتا بۇ ئۇچرىشىش تەپسىلىي يېزىلغان ۋاقىتىدا هىجرىيە 922 ـ يىلى (مىلادىيە 1516 ـ يىلى) دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ 922 ـ يىلى بولغىنى توغرا ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان مەنسۇرخانغا ئىتائەت قىلدى ۋە خۇتبىنى ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ ئېتىغا ئوقۇتتى ، بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ ئارىسىدا يارىشىش ۋە تولۇق ئىتتىپاقلىق تۈزۈلدى . بۇ ئىككى خاننىڭ بەرىكىتىدىن يىگىرمە يىل مۇددەت ئىچىدە شۇ قەدەر پاراۋانلىق ۋە تىنچ ـ ئامانلىق بولدىكى ، كىشىلەر قۇمۇلدىن تاكى خىتاي ۋە ئەندىجانغىچە يالغۇز بېرىپ كېلەتتى ، يول ئوزۇقىغا ئېھتىياج بولمىغاچقا ، ھەر كېچە بىر ئۆيدە مېھمان بولاتتى . پاك ۋە مۇقەددەس تەڭرى بۇ ئىككى خاننىڭ ئادالەتلىك ۋۇجۇدىنى ياخشىلار قاتارىدا قوپقىلى نېسىپ قىلغاي ۋە ئەلا دەرىجىگە يەتكۈزگەي ، پۈتكۈل ئالەمنىڭ پەرۋىشكارى بولغان تەڭرىنىڭ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەم ئۇلۇغ ساھابىلىرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىدىن ، ئامىن !

بۇ يىگىرمە يىل مۇددەت ئىچىدە مەنسۇرخان نەچچە قېتىم خىتاي ئۈستىگە ئۇرۇشقا باردى ، ھەر قېتىمدا مەنسۇرخان نۇسرەت قازىنىپ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلدى . شۇ غازاتتا مىر جەببارىبەردى شېھىت بولدى ، خاجە تاجىددىنمۇ شېھىت بولدى . خاجە تاجىددىن مۇھەممەد بولسا كۆسەن خوجىلىرىدىن بولۇپ ، ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىننىڭ ئەۋلادلىرىدىندۇر . كىتابنىڭ باش قىسمىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، موغۇللار ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىننىڭ قوللىرىدا ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغانىدى . خاجە تاجىددىن مۇھەممەد مەۋلانا ئەلى غەرران تۇسى — تەڭرى ئۇ زاتقا رەھمەت قىلغاي — ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى . ئەۋلىيالار پېشۋاسى ھەزرىتى مەۋلانا خاجە ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللا — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ مۇبارەك سۆھبەتلىرىگە مۇشەررەپ بولغان ۋە ئۇ زاتنىڭ مېھىرلىك نەزەرلىرىدىن بەھرىمەن بولغانىدى .

پەقىر ھەزرىتى تاجىددىننىڭ ئۆز تىلىدىن ئاڭلىغانىدىم . ئۇ زات مۇنداق دېگەنىدى : «بىر كۈنى ھەزرىتى خاجە ئەھرار —

ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ سۆھبەتلىرىدە ئىدىم ، ھەزرىتى ئىشان : «شۇبھىلىك تائامدىن پەرھىز قىلماق كېرەك» دېدى . مەجلىستە ھازىر بولغانلارغا نەزەر سالدىم ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەقۋادار ، پەرھىزكار ئىدى . مېنىڭدىن باشقا پەرھىز تۇتمىغان كىشى يوق ئىدى . دېمەك ، شۇ كۈندىن باشلاپ كۆڭلۈمدە ھەرقانداق تائام بولسا ، ئۇنىڭ ھالال غىزا ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىم بولمىسا ھەرگىز يېمەيمەن ، دەپ نىيەت قىلغانىدىم . مېنى ئەپۇ قىلىڭلار ، سىلەرنىڭ تائامىڭلارنى يېيەلمەيمەن . » دېمەك ، خاجە تاجىددىن ئىنتايىن تەقۋادار ۋە پەرھىزكار زات ئىدى . ئەللىك يىل مۇددەت ئىچىدە سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ۋە مەنسۇرخاننىڭ ھۇزۇرىدا بولدى . خانلار ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ مۇرىتلىرى قاتارىغا قويۇپ ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى . لېكىن ، ئۇ ئەللىك يىل جەريانىدا خانلارنىڭمۇ ، شاھزادىلەرنىڭمۇ ، ئەمىر ۋە سىپاھلارنىڭمۇ ، پۇقرالارنىڭمۇ ، مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنىڭمۇ نەزىر ۋە ھەدىيىسىنى قوبۇل قىلماي ۋە ئالماي كەلگەنىدى . ئۇ زات ئۆزى تىجارەت ۋە زىرائەت قىلىپ ھايات كەچۈرەتتى . پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى ئۇ زاتنىڭ مال ـ دۇنيالىرىغا غايىبتىن شۇنداق بەرىكەت بەرگەنىدىكى ، تولىدىن ـ تولا مال ـ دۇنيا توپلانغانىكەن . ئۇ زات ھەر يىلى خانلارغا ۋە ئەمىرلەرگە نۇرغۇن مىقداردا ئادەمگەرچىلىك ۋە زىياپەتلەرنى قىلىدىكەن . پېقىر ـ يوقسۇللار ، مىسكىن ـ ئاجىزلار ، شۇنداقلا ئۇ زاتنىڭ دېھقانلىرى ، تىجارەتچىلىرى ، كاسىپلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇ زاتنىڭ ماللىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ مەنپەئەت ئالاتتى ، بۇ جەھەتتىن ئۇلارغا ھېچ كىشىنىڭ ئىنكارى يوق ، مەملىكەتنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئۇ زاتنىڭ ئالدىلىرىدا ھەل بولاتتى . ئۇ ھەقىقەتەن زېرەك ، پەزىلەتلىك ، مۇرۇۋۋەتلىك ، ساخاۋەتلىك ۋە ھىممەتلىك زات ئىدى . خىتاي ئۇرۇشىدا مەنسۇرخاننىڭ كۆز ئالدىدا شېھىت بولدى — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي .

مەنسۇرخان خىتاي ئۇرۇشىدىن قولى بوشىغاندىن كېيىن موغۇلىستاننىڭ ئارىش[1] دېگەن يېرىدە ئۆزبېك قازاقلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى، بۇ قېتىمدا مەنسۇرخان يېڭىلىپ قالدى. بەگچەك تەبىقىسىدىن سۇفى مىرزا بولسا سەلتەنەت تايانچلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ زات ئىدى، ئۇ زات شۇ ئۇرۇشتا قازا تاپتى. ئۇنىڭدىن كېيىن [مەنسۇرخان] چالىش ۋە تۇرپاندىن كەمرەك ھەرىكەت قىلدى.

سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەنسۇرخان ئاقسۇغا ئىككى قېتىم كەلدى، لېكىن ھېچ ئىش قىلالماي ياندى. تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 952 ـ يىلى[2] ۋاپات بولدى — تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى روشەن قىلغاي، ياشلىرى ئاتمىش بەشتە ئىدى. چاغاتاي نەسەبىدىن بولغان خانلار ئارىسىدا يۇنۇسخاندىن كېيىن ھېچقايسى خان بۇ ياشقىچە ياشىيالمىغانىدى. تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 907 ـ يىلى[3] ئون ئالتە يېشىدا خان بولغانىدى، قىرىق ئۈچ يىل پادىشاھلىق قىلدى. شۇنچە ئۇزۇن مۇددەت بۇ تۇراقسىز دۆلەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى، موغۇل خانلىرىدىن ھېچ كىشىگە مۇنداق ئۇزۇن دۆلەت تۇتۇش نېسىپ بولمىغانىدى. مەنسۇرخاننىڭ ھاياتى باشتىن ـ ئاخىرغىچە خەيرلىك ئىشلار ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن زىننەتلەنگەنىدى، پەرز ـ نامازلاردىن باشقا ۋاقىتلىرىنى قۇرئان ـ تىلاۋەتكە سەرپ قىلاتتى.

پەقىر مەنسۇرخاننىڭ يېقىنلىرىدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇلار مۇنداق دېگەنىدى: «خان ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ۋاقتىدىن بەشتىن بىر ھەسسىسىدە پادىشاھلىق ئىشىنى قىلاتتى، قالغان تۆت ھەسسىسىنى

---

① بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «ئەرتىش» دېيىلگەن، قالغان نۇسخىلاردا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان.

② ھىجرىيە 952 ـ يىلى مىلادىيە 1543 — 1544 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، خەنزۇچە نەشرىدە 950 ـ يىلى دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

③ ھىجرىيە 907 ـ يىلى مىلادىيە 1501 — 1502 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ناماز ۋە قۇرئان ـ تىلاۋەتكە ، شۇنداقلا دەۋا ئىشلىرى ۋە باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلاتتى . ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش جەھەتتە شاھلار ئارىسىدا بولسۇن ياكى تەرىقەت ئەھلى ئارىسىدا بولسۇن ، مەنسۇرخانغا تەڭ تۇرىدىغانلار ناھايىتى كەم ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەنە شۇنداق ئۆمۈر ۋە دۇنيا دۆلىتىگە ئېرىشتى ، خانلار ئارىسىدا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كۆپىنچىلىرى ئۇ ئېرىشكەن ئۆمۈر شەرىپىگە ئېرىشەلمىگەنىدى . ئۇمىدىم شۇكى ، پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى كۆڭلىنىمۇ بۇ دۇنيادىكىدەك ئاۋات قىلغاي . ئەي ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ، ئامىن !

مەنسۇرخان ئىلىم ـ ھېكمەت ، ئەقىل ـ ئىدراك ۋە چارە ـ تەدبىرلەردە جاھان تۇتۇش قائىدىسى ، لەشكەر باشقۇرۇش چارىلىرى ۋە مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرىدا ئىنتايىن دانا ئىدى . ئۇنىڭ خۇي ـ مىجەزىدە پادىشاھلىق ھەشەمەتلىرى ، خانلىق سالاپىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىغا مايىللىق يوق ئىدى ، بەلكى تەكەللۇپسىز ، ئەركىن ـ ئازادە بولۇشقا تىرىشاتتى ، ئۆزىنى باشقا خالايىقتىن ھېچقانداق ئىشتا ئايرىم تۇتمايتتى .

مەنسۇرخانىنىڭ دەۋرىدە بىر ھاپىز بار ئىدى ، خۇش ئاۋازدا قىرائەت قىلىدىغان قارىي ئىدى . چېگرا ئىچىدە ھېچكىم قۇرئاننىڭ قائىدىلىرى ۋە قىرائەت ئىلمىنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىلمەيتتى . [كىشىلەر ئۇنى ھافىز مەگەس (پاشا) سەگ (ئىت) دەپ ئاتىشاتتى .] ئەمما ، ئۇنىڭ مىجەزى شۇ قەدەر تۇراقسىز ۋە دىيانەتسىز ئىدىكى ، ئۇنىڭ يامان سۈپەتلىرىنى بايان قىلىشقا كىشى خىجالەت بولىدۇ . مەنسۇرخان ئۇنىڭدىن قۇرئان قائىدىلىرى ۋە قىرائەت ئىلمىنى تەلىم [ئېلىپ قۇرئاننى يادقا] ئالاتتى . بەزى ۋەزىرلەر مەنسۇرخاننى خىلۋەت جايغا چاقىرىپ : «بۇ ھاپىز [مەگەس] قارىينىڭ مىجەزى بەكمۇ تۇتۇرۇقسىزدۇر ، خۇسۇسەن يېقىنقى كۈنلەردە ئۇنى كالا بىلەن بىللە تۇتۇۋاپتۇ ، ئۇنىڭغا شاگىرت بولۇپ قىرائەت ئىلمى ئۆگىنىش خاننىڭ شەنىگە مۇناسىپ

ئەمەس» دەپ ئەرز قىلىشىپتۇ. خان ئۇلارغا: «مەن ئۇنىڭدىن كەلامۇللاھ (ئاللانىڭ سۆزلىرى)نى ئۆگىنىمەن، قىرائەت ئىلمىنى تەلىم ئالىمەن. مەن ئۇنىڭدىن تۇتۇرۇقسىزلىقنى، خىيانەتنى [ۋە كالىنىڭ سۇپەتلىرىنى] ئۆگەنمەيدىغان تۇرسام، ئۇنىڭ تۇتۇرۇقسىزلىقىنىڭ ماڭا نېمە زىيىنى بولسۇن؟» دەپتۇ.

دېمەك، مەنسۇرخان دىنىيەتلىك ۋە پاك ئېتىقادلىق پادىشاھ ئىدى، پۈتكۈل ئۆمرىنى ياخشى ئىشلارغا ۋە تائەت ـ ئىبادەتكە سەرپ قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل قالدى، بىرىنىڭ ئېتى شاھخان، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئىسكەندەر سۇلتان① ئىدى. بىر قىزىنى سۇلتان سەئىدخان ئوغلى ئەبدۇررەشىدخانغا ئېلىپ بەرگەنىدى، بۇ ئەھۋاللار ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.

## ئاتمىش ئالتىنچى باب

# مەنسۇرخانىنىڭ ئوغلى شاھخانىنىڭ بايانى

مەنسۇرخان — تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلاندۇرغاي — ئاخىرقى ئۆمرىدە چوڭ ئوغلى شاھخاننى ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلىپ تىكلەپ قويۇپ، ئۆزى پىنھان ئورۇندا تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولغانىدى. مەنسۇرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن شاھخان تۇرپان ۋە چالىش تەرەپلىرىدە مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يوقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «مۇھەممەد سۇلتان» دېيىلگەن.

ھازىر تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 952 ـ يىلى[1] بولدى ، ھېلىمۇ ئاتىسى مەنسۇرخاننىڭ ئورنىدا شاھخان پادىشاھلىق قىلىۋاتىدۇ . شاھخان ئاتىسىنىڭ مۇلازىملىرىغا خانلىق ئىشلىرىدا ۋە پادىشاھلىق يوسۇنلىرىدا ناتوغرا يول بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ ، دەپ ئاڭلىدۇق ، ئۇ يامان سۈپەت ۋە نالايىق ئەخلاق بىلەن مەشھۇر بولۇپتۇ . ئەمما ، ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىشتىن ھېچقانداق مەنپەئەت يوق ھەم بىزنىڭ مەقسىتىمىز بىلەن بۇ خىل بايانلارنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق . ئۇنىڭ بۇزرۇكۋار ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا ياخشى نام ۋە پاكلىق لىباسلىرىنى ھەقىقەت ۋە دىن زىننەتلىرى بىلەن بېزىگەنىدى . لېكىن ، ئۇ ئۇلۇغ بۇزرۇكۋار ئاتىسىنىڭ خاتىرىسى ۋە ئارزۇسىغا رىئايە قىلمىغانىدى . ئاتا ـ ئانىغا قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەر بولسا دىن ۋە دۇنيانىڭ توغرا ۋە نىجاتلىق يولىدۇر ، بۇنداق ياخشى ئىشلار بولسا ئۇنىڭدىن ۋۇجۇدقا كەلمىگەنىدى .

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ، لېكىن تارىخچىلارنىڭ قائىدىسى شۇكى ، زىكرى قىلىنغۇچى گەرچە لاياقەتلىك بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەزكىرە سىلسىلىلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئۈزۈۋەتمەي ، بەلكى نېمە بولسا شۇنى ئەينەن بايان قىلىدۇ . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى پادىشاھلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنىلا بايان قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ يامان سۈپەت ، قەبىھ ھەرىكەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ئەمەس ، بەلكى بارلىق ياخشى ۋە يامان سۈپەتلىرى ، گۈزەل ۋە قەبىھ ئەخلاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بايان قىلىشتىن ئىبارەت . شۇنداق قىلغاندىلا ئالەم قوۋملىرى ئىچىدىن ئۇلارنىڭ تارىخى يېتىپ بارغانلارنىڭ ھەربىرى ئۇلاردىن كېيىن پادىشاھ ياكى پۇقرا بولسۇن ، ھەر كىشى ئۇ تارىخقا نەزەر تاشلىسا ، ئۇلارغا پەندۇ نەسىھەت بولغۇسى . ئۇلار ياخشى ئەخلاقنىڭ نەتىجە ۋە پايدىلىرىنىڭ ۋە يامان قىلىق ، قەبىھ ھەرىكەتلەرنىڭ زىيانلىرىنىڭ

---

② ھىجرىيە 952 ـ يىلى مىلادىيە 1545 — 1546 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگۈسىدۇر . ھەر كىشى بۇنى يادىلىرىدا تۇتۇپ ، بۇ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىپ ، ياخشى ئەمەللەرگە مايىل بولۇپ قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇسىدۇر .

## ئاتمىش يەتتىنچى باب

# [سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى] سۇلتان سەئىدخاننىڭ بايانى

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئون سەككىز ئوغلى بار ئىدى ، ھەممىسىنىڭ چوڭى مەنسۇرخان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا بايان قىلىندى . ئۇنىڭدىن كىچىكى ئىسكەندەرخان ئىدى ، ئۇ ئاتىسىدىن كېيىنلا كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى . ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ كىچىكى سۇلتان سەئىدخان ئىدى . قالغان ئون بەش ئوغۇلنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى .

سۇلتان سەئىدخان ئون تۆت ياشتا ئىدى ، سۇلتان ئەھمەدخان ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخانغا ياردەمگە ماڭدى . ئوغۇللىرىدىن سۇلتان سەئىدخاننى ۋە باباخاننى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ تاشكەندكە باردى . خانلار بىر - بىرى بىلەن ھەمراھ بولۇپ تۇرۇۋاتقان زامانلاردا سۇلتان سەئىدخان ئاتىسى ئەھمەدخان ۋە تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ ئاتىدارچىلىقىدا بەختىيار كۈن ئۆتكۈزەتتى . سۇلتان ئەھمەدخان ۋە مەھمۇدخان ئىتتىپاقلىشىپ شاھىبېكخان بىلەن ئاخسىدا ئۇرۇش قىلدى ، [بۇنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى .] ئۇرۇشتا شاھىبېكخان غالىب كېلىپ ، سۇلتان ئەھمەدخان ۋە مەھمۇدخاننى مەغلۇپ قىلدى . شۇ مەزگىلدە سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئايىغىنىڭ ئۇستىخىنىغا بىر ئوق تېگىپ ، ئۇستىخە-

نىنىڭ بېشى سوندى ، ئۇ ئۆزىنى چوڭقۇر بىر يەرگە تاشلىدى . شۇ جايدىكى كىشىلەر ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخاننى تاپتى . ئۇنىڭ ئايىغى سۇنغانلىقتىن ھېچ يەرگە ئېلىپ بارماي ، بىرنەچچە كۈنگىچە مۇھاپىزەت قىلدى . بىر ئاز ساقايغاندىن كېيىن ئاخسىنىڭ ھاكىمى شەيخ بايەزىدنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى . شەيخ بايەزىدنىڭ ئەھۋالى ئىككىنچى دەپتەردىكى سۇلتان ئەھمەدى تەنبەلنىڭ سوپەتلىرى بابىدا بايان قىلىنغۇسى .

شەيخ بايەزىد سۇلتان سەئىدخاننى قاماقتا ساقلىدى . ياندۇرقى يىلى ئاشلىق باش چىقارغان مەھەلدە شاھىبېكخان يەنە فەرغانە ۋىلايىتى [ۋە سۇلتان ئەھمەدى تەنبەل ①] ئۈستىگە كەلدى . سۇلتان ئەھمەدى تەنبەل شەيخ بايەزىد ۋە بارلىق ئاغا ـ ئىنىلىرى بىلەن شاھىبېكخاننىڭ قولىدا ئۆلدى . فەرغانە ۋىلايىتى شاھىبېكخانغا تەئەللۇق بولدى . شۇ پەيتلەردىمۇ سۇلتان سەئىدخان قاماقتا ئىدى ، شاھىبېكخاننىڭ سىپاھلىرى سۇلتان سەئىدخاننى شاھىبېكخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى . ئۇ سۇلتان سەئىدخاننى پەرزەنتىم دەپ شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن ياخشى قاراپ ، ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ سەمەرقەندكە ، سەمەرقەندتىن ھىسارغا ئېلىپ باردى . خۇسرەۋشاھ قۇندۇز ۋە بەدەخشاننى ئىشغال قىلغان مەزگىلدىمۇ ، سۇلتان سەئىدخان شاھىبېكخان بىلەن بىللە ئىدى . شاھىبېكخان بۇ مۇھىم ئىشتىن بوشىغاندىن كېيىن يەنە سەمەرقەندكە قايتتى ، ئاندىن خارەزمگە يۈزلەندى . شۇ كۈنلەردە سۇلتان سەئىدخان شاھىبېكخاندىن قېچىپ موغۇلىستان تەرەپكە باردى .[ئۆزۈن ئەھمەدنىڭ يېرى ئارقىلىق يەتتەكەنت دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى .②] ئۇ زاماندا سۇلتان مەھمۇدخان [شۇ جايدا] بار ئىدى . سۇلتان سەئىدخان [بۇزرۇكۋار] تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن [يەتتەكەنتتە] كۆرۈشتى . بىرنەچچە كۈن ئۇنىڭ

---

① خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن ) .

② خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن ) .

خىزمىتىنى قىلىپ كۆردى ، قارىسا سۇلتان مەھمۇدخانغا ھۆكۈمەت قائىدىسى ۋە مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئىشلىرىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈش ۋە بىپەرۋالىق قىلىش ئادەت بولۇپ قالغانىدى . بۇ تۈپەيلىدىن سۇلتان سەئىدخانغا پۈتۈنلەي مەيۈسلۈك ، ئۈمىدسىزلىك يۈزلەندى . شۇڭا ، مەھمۇدخاننىڭ مۇلازىمىتىدىن قېچىپ موغۇلىستانغا بارغانىدى .

ئۇ مەزگىلدە [قېرىندىشى] خەلىل سۇلتان قىرغىزلارغا ھاكىم ئىدى ، ئۇنىڭ قېشىدا تۆت يىل تۇرۇپ قىرغىزلار ئىچىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزدى . بۇ تۆت يىل ئىچىدە سۇلتان سەئىدخان خەلىل سۇلتان ، سۇلتان مەھمۇدخان ۋە مەنسۇرخانلارنىڭ ئارىسىدا كۆپ ۋەقەلەر يۈز بەردى . ئاخىر ئىش شۇ يەرگە يەتتىكى ، سۇلتان مەھمۇدخان ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئوغلى تۈپەيلىدىن موغۇلىستاندا تۇرالماي ، شاھىبېكخاندىن شەپقەت كۆزلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى . يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، شاھىبېكخان ئۇنى خوجەندتە شېھىت قىلدى . سۇلتان مەھمۇدخان شاھىبېكخاننىڭ ئالدىغا كەتكەن ۋاقىتتا ، سۇلتان سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتان موغۇلىستاندا قىرغىزلار ئىچىدە قالغانىدى . شۇ ئەھۋالدا ئۇلار «مەنسۇرخان چالىش تەرەپتىن لەشكەر تارتىپ موغۇلىستانغا كېلىۋاتقانمىش» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بۇلارمۇ بارلىق قىرغىز ۋە موغۇل لەشكەرلىرىنى يىغىپ چارۇن چالاك دېگەن بىر مۇستەھكەم جايدا تەييارلىنىپ تۇردى ، مەنسۇرخانمۇ لەشكەرلىرىنى تەييارلاپ يېتىپ كەلدى . ئىككى تەرەپ لەشكىرى بىر ـ بىرىگە تاقابىل تۇرۇپ قاتتىق ئۇرۇش قىلدى ، ئاخىر سۇلتان سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتان ئۇرۇشتا يېڭىلدى . خەلىل سۇلتان ئۇرۇشتىن قېچىپ فەرغانە ۋىلايىتىگە يۈزلەندى . ئۇ تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ قېشىغا بارماقچى بولدى ، مەھمۇدخاننىڭ يۈز ـ خاتىرىسى تۈپەيلىدىن شاھىبېكخاننى ئۆزىگە شەپقەت ۋە مۇرۇۋۋەت قىلىدۇ ، دەپ ئۈمىد قىلدى . شۇنداق قىلىپ ئۇ

ئاخسىگە يەتتى . شاھىبېكخاننىڭ تاغىلىرىدىن بولغان جانىبېكخان فەرغانە ۋىلايىتىگە ھاكىم ئىدى ، ئۇ خەلىل سۇلتاننى شېھىت قىلدى .

سۇلتان سەئىدخان جەڭگاھتىن يانغاندىن كېيىن موغۇلىستاندا قاچاق ھالەتتە ئۇرۇش قىلىپ تۇرۇشنى نىيەت قىلغانىدى ، ئەمما ئاخىر شۇنداق ھادىسىگە دۇچ كەلدىكى ، موغۇلىستاندا تۇرماق بىلەن ھېچ نەرسە ھاسىل بولمىدى . بۇ ھادىسىنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسىدۇر . ئەگەر بۇ يەردە سۆزلىسەك ، سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ .

ئەلقىسسە ، سۇلتان سەئىدخان ئىلاجسىز ئەندىجانغا باردى ، ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي كابۇلغا — ئۇمەر شەيخنىڭ ئوغلى بابۇر شاھنىڭ ھۇزۇرىغا باردى . بابۇر پادىشاھ سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئىدى ، بابۇر پادىشاھ سۇلتان سەئىدخانغا كۆپ ئىززەت ـ ئىكراملار قىلدى . سۇلتان سەئىدخان كابۇلدا ئۈچ يىل تۇردى . شاھىبېكخاننى مەرۋ[1]دە شاھ ئىسمائىل ئۆلتۈردى ، بابۇر پادىشاھ كابۇلدىن قۇندۇزغا يۈرۈش قىلدى ، سۇلتان سەئىدخانمۇ ھەمراھ بولۇپ قۇندۇزغا كەلدى . بۇ چاغدا بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ تاغىسى سەييىدمۇھەممەد مىرزا [ئىبنى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا] ئەندىجاندا بۆلۈنۈپ چىقىپ ، جانىبېك سۇلتاننى ئەندىجاندىن قوغلاپ چىقىرىپ فەرغانە ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلدى ۋە بولغان ۋەقەلەرنى مەكتۇپقا پۈتۈپ بابۇر شاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى . بابۇر پادىشاھ [خاننىڭ مۇلازىملىرى بولمىش] موغۇل ئەمىرلىرىنى قوشۇپ سۇلتان سەئىدخاننى ئەندىجانغا ئەۋەتتى . سەييىدمۇھەممەد مىرزا دەرھال سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ ، ئىشغال قىلغان ۋىلايەتلەر-

---

① مەرۋ — ھازىرقى مەرۋ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى كونا مەرۋ شەھىرى (مۇھەررىردىن) .

نىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا تەۋە قىلدى . خان سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى ئىنتايىن ئەزىز ۋە مۇكەررەم تۇتتى ، قەدىمىي موغۇل قائىدىسى بويىچە ئۇلۇسبېگىلىك مەنسىپى سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ نىسىۋىسى ئىدى ، ئۇنى سەييىدمۇھەممەد مىرزىغا بەردى . بۇ چاغدا مىرزا ئەبابەكرى كاشغەردىن يىگىرمە مىڭ بەش يۈز چېرىك توپلاپ ئەندىجانغا يۈردى . ئۇلار فەرغانە ۋىلايىتىنى تەمە قىلىپ يېتىپ كەلدى ، سۇلتان سەئىدخان بىر مىڭ بەش يۈز كىشى بىلەن ئۇلارنىڭ يولىنى توستى . ئەندىجاندىن ئىككى يۈز فەرسەڭ يىراقلىقتىكى تۇتلۇغ دېگەن يەردە ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر - بىرىگە قارشى سەپ تۈزدى . ئۇلار شۇ قەدەر قاتتىق ئۇرۇش قىلدىكى ، ئاقىۋەت تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن غالىبىيەت سۇلتان سەئىدخانغا يار بولۇپ ، بىر مىڭ بەش يۈز كىشى بىلەن يىگىرمە مىڭ بەش يۈز كىشىنى مەغلۇپ قىلدى . [ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ كۆرۈلدى .]

سۇلتان سەئىدخانغا بۇ نۇسرەت ۋە غالىبىيەت مۇيەسسەر بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن ئەتراپى ئالەمنىڭ پادىشاھلىرىغا كۆپ قورقۇنچ ۋە خەۋپ پەيدا بولدى ، فەرغانە ۋىلايىتىدە ئۆزبېك پادىشاھلىرىدىن ھېچبىرى قالمىدى . پاراكەندە بولغان ئۆزبېك سۇلتانلىرى فەرغانە چېگرىلىرى ئەتراپىدا بار ئىدى ، ھەممە ئۆزبېكلەر سەمەرقەند ۋە تاشكەندكە يىغىلدى . بۇ كۈنلەردە بابۇر پادىشاھ ھىسار ۋە شادماندا ئۇ ۋىلايەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قىلدى ۋە مۇشۇ مەغلۇپ قىلىش بىلەن تەڭ ئۆزبېكلەرنى ماۋەرائۇننەھردىن قوغلاپ سەمەرقەند تەختىگاھىدا ئولتۇردى ، خان ئەندىجاندا ئورۇنلاشتى . بۇ ۋەقە تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 917 - يىلى[1] رەجەپ ئېيىدا بولغانىدى . شۇ يىلى باش باھار مەزگىلى ئىدى ، ئۆزبېكلەر

① ھىجرىيە 917 - يىلى مىلادىيە 1511 — 1512 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

تۈركىستاندىن تاشكەندكە كەلدى . ئۇبەيدۇللاخان بۇخارا ئەتراپىغا باردى . بابۇر پادىشاھ ئۇبەيدۇللاخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بېرىپ ، بۇخارا چېگرىسى ئىچىدە تۇتۇشۇپ ئۇرۇش قىلدى . ئۇبەيدۇللاخان غەلىبە قىلدى ، بابۇر پادىشاھ مەغلۇپ بولۇپ سەمەرقەندكە قايتىپ كەلدى ، ئۇ ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي كۆچۈپ ھىسارغا باردى . دېمەك ، ئۆزبېكلەر باش كۆتۈردى ، سۇلتان سەئىدخان ئەندىجاندا ئىدى . بابۇر پادىشاھ شاھ ئىسمائىلدىن ياردەم تىلىدى ، شاھ ئىسمائىل ئەمىر نەجم ئاتلىق بىر ئەمىرنى ئاتمىش مىڭ لەشكەر بىلەن بابۇر شاھقا ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى . بابۇر پادىشاھ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ سەمەرقەندكە باردى ، خانمۇ ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش مەقسىتىدە ئەندىجاندىن سەمەرقەندكە يۈردى . تاشكەند تەرەپتە — خاننىڭ قارشى تەرىپىدە سەۋىنچ خاجە[1] خاننىڭ يەتتە مىڭ چېرىكى بار ئىدى . بۇ ئىككى لەشكەر قاتتىق ئۇرۇش قىلدى ، ئاخىر سەۋىنچ خاجەخان غەلىبە قىلدى . سۇلتان سەئىدخان مەغلۇپ بولۇپ تالاپەتكە ئۇچراپ ئەندىجانغا يېنىپ كەلدى .. بۇ كۈنلەردە بابۇر شاھمۇ بۇخارادا ئۆزبېكلەردىن شىكەستە يەپ ھىسار[2]غا يېنىپ كەلدى .

بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان — تەگرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي — شۇنداق بايان قىلىدۇكى ، بابۇر پادىشاھ ئەمىر نەجم بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن مەن بابۇر پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ مۇلازىمىتى ئۈچۈن ئەندىجانغا باردىم . بۇ چاغدا خان سەۋىنچ خاجەخاندىن تالاپەت يەپ ئەندىجانغا يېنىپ كەلگەنىكەن . باھار ۋاقتى ئىدى ، خان قاسىمخاننىڭ يېنىغا باردى ، ئۇ قازاق پادىشاھى ئىدى . ئۇنىڭ

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «سۇيۇنج خاجە» (Suyunj Khwaja) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

② ھىسار — خەنزۇچە نەشرىدە «ئەندىجان» (Andijan) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

لەشكىرى ئۈچ يۈز مىڭ كىشى ئىدى . قاسىمخان خانغا ھەددىدىن زىيادە ئىززەت ـ ئىكراملار قىلدى . خان [نەچچە يىللاردىن كېيىنمۇ] ھەمىشە قاسىمخاننىڭ قىلغان كەسپىنى ئەسلەيتتى ، [ئۇنى يوقلايتتى] . بىز ئۇ يەردىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن خان مېنى كۆيئوغۇل قىلىپ كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۈپ ، يېقىنلىرى ئارىسىدا مۇمتاز ۋە مۇكەررەم قىلدى . بۇ قىسسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىككىنچى دەپتەردە يېزىلغۇسى .

تارىخنىڭ 920 ـ يىلى[①] باش باھار مەۋسۇمى ئىدى ، بارلىق ئۆزبېك پادىشاھلىرى سان ـ ساناقسىز لەشكەر ۋە سىپاھلار بىلەن ئەندىجان ئۇستىگە يۈرۈش قىلىپ كەلدى . خان ئۇرۇش قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي ئۆزبېك لەشكەرلىرى فەرغانە ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلمەستە موغۇلىستان تەرەپكە يۈرۈش قىلدى . يەتتەكەنتكە كەلگەندە ئۇلار بىردەك مەسلىھەتلىشىپ مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئىنىسى تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى ئالدى بىلەن كاشغەرگە ئەۋەتتى . خانمۇ توختاۋسىز يېتىشىپ كېلىپ كاشغەردە ئۇرۇش قىلىپ ، كاشغەر لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى ، كاشغەر لەشكەرلىرى شەھەرگە بېكىنىۋالدى . خان ياڭىھىسارغا چىقىپ ياڭىھىسار قەلئەسىنى ئۈچ ئاي قورشاپ ياتتى . ئاخىر ياڭىھىسار ئەھلى تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزىغا زارلىنىپ ئىلتىجا قىلىپ قەلئەنى ئېچىپ بەردى ، بۇ خەۋەر كاشغەرگە يەتتى . كاشغەردىكى لەشكەرلەرمۇ شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى . قاچقان لەشكەرلەر ياركەندكە — مىرزا ئەبابەكرىنىڭ قېشىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى . مىرزا ئەبابەكرمۇ قېچىشنى ئىختىيار قىلىپ خوتەنگە كەتتى ، خانمۇ توختاۋسىز قوغلاپ مىرزا ئەبابەكرىنىڭ كەينىدىن لەشكەر ئەۋەتتى ، ئۇلار تاكى تىبەت تېغىغىچە ئارقىسىدىن قوغلاپ باردى . موغۇل لەشكەرلىرىگە ھەددىدىن زىيادە مال ـ مۈلۈك ، ئات ـ قېچىرلار

① ھىجرىيە 920 ـ يىلى مىلادىيە 1514 — 1515 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

ئۇلجا چۇشتى . بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى .

خان كاشغەر تەختىگاھىدا ئولتۇرغان ۋاقىت تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 920 - يىلى [رەجەپ ئېيى[1]] ئىدى . بۇ چاغدا خان بىلەن ئاتا بىر ، ئانا بىر قېرىنداش بولغان ئەمىن خاجە سۇلتان قىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۇرپاندىن كەلدى . بۇنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا بايان قىلىندى . ئەمىن خاجە سۇلتاننىڭ ھەممە ئەمىرلىرى مەنسۇرخاندىن تولا شىكايەتلەر قىلدى . ئۇنىڭ موغۇلىستاندا قىلىنغان ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ ، مەنسۇرخاننى قەتلى قىلىپ يوقىتىش ئۈچۈن تولا ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى . ئەمما ، خان جاۋاب بېرىپ : «مەنسۇرخان بىزنىڭ ئاكىمىزدۇر ، ئىلگىرى بىز باشباشتاقلىق قىلىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماي ، ئۇنىڭ ئاكىلىق ھەققىنى ساقلىمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە ئاداۋەت قىلىپ ، بىزنى ئەدەپلەپ قويۇش ئۈچۈن بىز بىلەن دۈشمەنلەشكەندى . ئەمدى بىزنىڭ باشباشتاقلىق قىلىۋېرىشىمىز راۋا ئەمەس . شۇڭا ، نۇقسانلىرىمىزنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ ، ئۆزرە ئېيتىپ قىلغان يامانلىقلىرىمىزنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭغا ياخشى خىزمەتكارلىق قىلىپ ، ئىنىلىك شەرتىنى ئادا قىلغىنىمىز ياخشى» دېدى . مۇشۇ مەسلىھەت بويىچە ئۆزرىنامە يېزىپ مەنسۇرخانغا ئەلچى ئەۋەتتى . مەنسۇرخان سۇلتان سەئىدخاندىن چۆچۈپ ۋە ۋەھىمە قىلىپ جان ھەلقۇمىغا يەتكەنىدى ، بۇ خۇش خەۋەردىن ئۇنىڭغا يېڭى جان ۋە تازا روھ ھاسىل بولدى . ئۇ تىترىگەن ۋە لەرزىگە كەلگەن ھالدا سۇلتان سەئىدخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى . ئۇلار ئاقسۇ بىلەن كۇسەننىڭ ئارىسىدا كۆرۈشتى . سۇلتان سەئىدخان خۇتبە ۋە پۇلدا مەنسۇرخاننىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تولۇق ئىتائەتنى بەجا

[1] خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن ) .

كەلتۈردى ، مەنسۇرخاندىن كەلگەن دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتلەرنىڭ مۇقابىلىسىدە سۇلتان سەئىدخان ياخشىلىق ۋە پەرمانبەردارلىق قىلدى . بۇ ئىككى خاننىڭ سۇلھى ۋە ئىتتىپاقىدىن خانلىق ئارىسىدا شۇ قەدەر تىنچ ـ ئامانلىق ۋە پاراۋانلىق هاسىل بولدىكى ، قۇمۇل ۋە خىتاي چېگرىلىرىدىن تاكى فەرغانە ۋىلايىتىگىچە تەنها بىر كىشى يول ئوزۇقىدىن يۈك بىلەن بېرىپ خاتىرجەم كېلەلەيتتى . بۇ سۇلھى ئۈچۈن ئىقتىدارلىق تالىپلار «دولشكربنشاط ـ دولەشكىرى بنشات» (شاد ـ خۇرام بولغان ئىككى قوشۇن)① دېگەن سۆز تارىخ قىلىپ تېپىپ چىقتى .

ئاشۇ كۈنلەردە مۇهەممەد قىرغىز پات ـ پات تۈركىستاننى بۇلاپ ـ تالاپ ، سايرامنى چاپقۇن قىلىپ مۇسۇلمانلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلاتتى . خان ئىسلام غەلىبىسىدىن كېيىن بۇنداق ئىشنى مەكروھ دەپ قارايتتى . شۇڭا ، [مۇهەممەد قىرغىزنىڭ ئۈستىگە چاپقۇن قىلىپ ، ئۇنىڭ مۇسۇلمان خەلقىگە قىلغىنىدىنمۇ ئاشۇرۇپراق ئۆزىگە ۋە قىرغىز گۇرۇھلىرىغا تالان ـ تاراج يۈرگۈزدى .] مۇهەممەد قىرغىزنى تۇتۇپ قاماققا ئالدى ، ئۇ ئون بەش يىل قاماقتا ياتتى .

تارىخنىڭ (هىجرىيە) 928 ـ يىلى② ئىدى ، خان ئوغلى رەشىدخاننى موغۇلىستانغا چىقارتتى ۋە موغۇلىستاندىكى تامام قىرغىزلارنى بويسۇندۇردى ، موغۇلىستاندا رەشىد سۇلتانغا نۇرغۇن ئادەم قېتىلدى . [ئاخىر شۇنداق بىر ئەهۋال يۈز بەردىكى ، ماڭغىتلار ئىستىبلاسى تۈپەيلىدىن ئۆزبېك قازاقلارنىڭ دەشتى قىپچاقتا تۇرۇشى مۇمكىن بولماي موغۇلىستانغا كەلدى . ئۇلار

① «دولشكر بنشاط ـ دو لەشكەرى بنشات» (شاد ـ خۇرام بولغان ئىككى قوشۇن) دېگەن سۆزدىكى هەرپلەر ئەبجەد هېسابى بويىچە «922» دېگەن رەقەمنى ئىپادىلەيدۇ (تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «923» دەپ ئىزاهلانغان) . هىجرىيە 922 ـ يىلى مىلادىيە 1516 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

② هىجرىيە 928 ـ يىلى مىلادىيە 1521 — 1522 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

ئىككى يۈز مىڭ كىشى ، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ،] بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن رەشىد سۇلتان ئۆز لەشكىرى بىلەن كاشغەرگە يېنىپ كەلدى ، ئاندىن سۇلتان سەئىدخان بەدەخشانغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ بەدەخشاننىڭ يېرىمىنى ئىشغال قىلدى ۋە هازىرغىچە كاشغەر دىۋانىغا تەۋە بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . بۇنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇن بولغاچقا ، ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى .[ شۇنىڭدىن كېيىن بەدەخشاننىڭ مىراسخورلۇقى جەھەتتە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان شاهبېكەم بىلەن جېدەل - ماجىرالار بولۇپ ئۆتتى . بۇ تارىخلارنىڭ ھەممىسى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى .]

سۇلتان سەئىدخان ئىككى قېتىم بەدەخشانغا لەشكەر تارتىپ باردى . بىرىنچى قېتىم بارغان ۋاقتى تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 925 - يىلى[①] ، يەنە بىر نۆۋەت بارغان ۋاقتى تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 936 - يىلى[②] ئىدى . خان تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 934 - يىلى[③] مېنى رەشىد سۇلتان بىلەن بىللە بەلۇرغا ئۇرۇشقا ئەۋەتتى . بەلۇر — بەدەخشان بىلەن كەشمىرنىڭ ئارىلىقىدىكى كۆپپارلار ۋىلايىتىدۇر . بىز ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە - نۇسرەت قازىنىپ ، نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى قولىمىزغا چۈشۈرۈپ يېنىپ كەلدۇق .

بۇ ۋەقەدىن نەچچە مۇددەت ئۆتكەندىن ، ئەمىن خاجە سۇلتاننى چېقىمچى ۋە سۇخەنچىلەر سۇلتان سەئىدخانغا چېقىپ ، خاننىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىپ بەتگۇمان قىلدى . خان ئەمىن خاجە سۇلتانغا ئاقسۇنى بەرگەندى ، ئاقسۇ مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ھۆكۈمىتى زامانى ، يەنى تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 909 - يىلىدىن[④] تاكى تارىخنىڭ

---

① ھىجرىيە 925 - يىلى مىلادىيە 1519 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ .
② ھىجرىيە 936 - يىلى مىلادىيە 1529 — 1530 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .
③ ھىجرىيە 934 - يىلى مىلادىيە 1527 — 1528 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .
④ ھىجرىيە 909 - يىلى مىلادىيە 1503 — 1504 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

(ھىجرىيە) 923 - يىلى[1] بولغۇچە ۋەيرانە ھالەتتە ئىدى . ئەمىن خاجە سۇلتان ئاقسۇنى ئاۋات قىلىپ مەمۇرچىلىققا يەتكۈزگەنىدى . سۇلتان سەئىدخان ئەمىن خاجە سۇلتانغا مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ ، مېنى رەشىد سۇلتان بىلەن بىللە ئاقسۇغا ئەۋەتتى . بىز بېرىپ ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئۆيۋاقلىرى بىلەن بىللە كۆچۈرۈپ كاشغەرگە ئەۋەتتۇق . مەن رەشىد سۇلتاننى [ئاقسۇدا قالدۇرۇپ ئۇنىڭغا] لەشكەر ۋە پۇقرالار مۇئامىلىسى ۋە يۇرت ، مەملىكەتنى باشقۇرۇشقا كېرەكلىك قوشۇن ۋە لازىمەتلىكلەرنى تولۇق بېرىپ ، سۆيۈنچە سەرەمجانلىرىنى ئېلىپ خاننىڭ خىزمىتىگە كەلدىم . خان ئەمىن خاجە سۇلتاننى ھىندىستانغا چاقىرتتى ، ئەمىن خاجە سۇلتان ھىندىستاندا ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولدى .

تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 938 - يىلى[2] ئىدى ، سۇلتان سەئىدخان تۇبۇتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلماق ئۈچۈن تىبەتكە يېتىپ باردى ، مېنى ئىلگىرىرەك ئەۋەتتى . مەن بېرىپ تىبەتنىڭ كۆپىنچە كەنتلىرىنى ۋە بەزى قەلئەلىرىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان ۋاقتىمدا خان يېتىپ كەلدى ، لەشكەرلەرنىڭ ئالدى - كەينى يىغىلدى . [خان بىلەن كەلگەن] ھەممە لەشكەر مىڭ كىشى ئىكەن . ھېسابلاپ كۆرسەك بەش مىڭ كىشىگە قىشنى چىقارماق ئۈچۈن تىبەت تارچىلىق قىلىدىكەن . خان مەسلىھەت قىلىپ مېنى ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن بىللە تۆت مىڭ كىشىنى قوشۇپ كەشمىرگە ئەۋەتتى . خان مىڭ كىشى بىلەن بىللە بالتۇغا يۈرۈش قىلدى ، بالتۇ تىبەت بىلەن بەلۇرنىڭ ئارىسىدىكى بىر ۋىلايەتتۇر .

بۇ قىش خان بالتۇدا ئۇرۇش قىلىپ ، ئەتىياز بولغاندا يەنە تىبەتكە كەلدى . مەنمۇ شۇ قىش كەشمىرگە كەلدىم ۋە قىش

---

[1] ھىجرىيە 923 - يىلى مىلادىيە 1517 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ ، خەنزۇچە نەشرىدە 913 (1507) - يىلى دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

[2] ھىجرىيە 938 - يىلى مىلادىيە 1531 — 1532 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

ئاخىرىدا كەشمىرنىڭ سەردارلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدىم . پاك ۋە قۇدرەتلىك تەڭرى غەلىبە ئاتا قىلىپ ، پۈتۈن كەشمىر لەشكىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ ، سەردارلىرىنى بويسۇندۇرۇپ كەشمىر ۋىلايىتىنى ئۆزىمىزگە تەۋە قىلماق مۇقەررەر بولغانىدى ، ئەمما ئادىمىزات شەيتانلىرىنىڭ ئادىتى تۈزەلگەن ئىشنى بۇزماق ۋە ئارىغا تەپرىقىچىلىك سالماقتىن ئىبارەتتۇر . ئۇلارنىڭ پىتنىسى ۋە شۇملۇقى سەۋەبىدىن كەشمىرنى تەۋە قىلىش مۇيەسسەر بولمىدى . ئىلاجسىز كەشمىرنىڭ سەردارلىرى بىلەن سۈلھى تۈزۈپ ، مۇھەممەد شاھ كەشمىرىنىڭ قىزىنى خانىنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتانغا نىكاھ قىلىپ ، خۇتبە ۋە ئاقچىنى سۇلتان سەئىدخانىنىڭ ئىتىغا تەيىنلەپ ، كەشمىر ماللىرىدىن مۇيەسسەر بولغانلىرىنى جەملەپ ئەتىياز پەيتىدە يەنە تىبەتكە خانىنىڭ مۇلازىمىتىگە كەلدۇق . خان بىزنى نۇرغۇن شاھانە ئىلتىپاتلار ۋە خاقانلارچە مەرھەمەتلەر بىلەن ئەزىز قىلدى ، ئاندىن مېنى يەنە ختاي ۋە تىبەتنىڭ بۇتخانىسى بولغان ئۇرسەڭ[1] تەرەپكە بېرىشقا بۇيرۇدى . ئۆزى كاشغەرگە راۋان بولدى . خان ياركەندتىن تىبەتكە كېلىش ۋاقتىدا ئىسلاپ ناھايىتى زەئىپلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، تا بۇ مۇددەتكىچە ئوبدان ساقىيىپ كەتمىگەنىدى . شۇڭا ، «نېمىلا بولسۇن ، يانماي چارە يوقتۇر» دەپ يولغا راۋان بولدى . خان ئىسلايدىغان جايغا يەتكەندە ، ئۇنىڭ كېسلى ئېغىرلاشتى ۋە شۇ جايدا پاك روھى ئۇلۇغلۇق ئالىمىگە پەرۋاز قىلدى . بۇ ۋاقىتتا تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 939 - يىلى[2] بولغانىدى . بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى .

---

① ئۇرسەڭ — ھازىرقى شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى لاسانىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى (مۇھەررىردىن ) .

② ھىجرىيە 939 - يىلى مىلادىيە 1533 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

## ئاتمىش سەككىزىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئېسىل پەزىلىتى ۋە ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ بايانى

سۇلتان سەئىدخان دۆلەتمەن، سائادەتلىك، ئىززەت - هۆرمەتلىك پادىشاھ ئىدى، ھەر خىل ئېسىل پەزىلەتلەر بىلەن بېزەلگەن، ياخشى خۇلق ۋە سۇپەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن زات ئىدى. مۇبارەك ئۆمرى قىرىق سەككىزگە يەتكەندە، پاك ۋە مۇقەددەس تەڭرىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە ئۇلاشقانىدى. ئۇنىڭ مۇبارەك ساقىلىدا ئازراقلا ئاق پەيدا بولغان بولۇپ، ئانچە كۆزگە چېلىقمايتتى. ناھايىتى خۇش مۇئامىلە، شېرىن سۆز كىشى ئىدى. خاھى تۈركىي تىلدا، خاھى پارسىي تىلدا باراۋەر ئىدى. ئەگەر بىر كىشىگە ئىلتىپات قىلار بولسا، ئاۋۋال كۆلۈمسىرەپ، ئاندىن سۆزلەيتتى. ھەمىشە چىرايى ئوچۇق ۋە خۇشال، ئۆزى ساخاۋەتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىك ئىدى.

مەقسۇدئەلى ئاتلىق بىر باھادىر ئۇرۇش ئۈستىدە خاننىڭ سول مۈرىسىگە ئوق ئېتىپ ياردار قىلغانىدى. خان ئۇ زەخمەتنىڭ تەسىرىدىن ئىككى يىلغىچە ئاغرىپ ۋە قىينىلىپ ھالاك بولۇشقا يېقىن قالغانىدى. ئاشۇ كۈنلەردە خان ئاشۇ جاراھەتتىن ساقايماي كېسەل ھالىتىدە ئىدى، مەقسۇدئەلىنى بىر توپ جامائەت تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى خانغا ئۇنىڭ جازاسىنى بەرگۈزۈپ ئىنتىقامىنى ئالغۇزۇش ئىدى. مەقسۇدئەلىنى خاننىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلگەندە، خاننىڭ نەزەرى ئۇنىڭغا چۈشكەن ھامان مەقسۇدئەلىگە ئىلتىپاتلار قىلىپ، شاھانە ئىنئاملار بىلەن

ئەزىز ۋە مۆكەررەم قىلدى ، گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ ئىززەت ـ ھۆرمەتلەر قىلدى . ھالبۇكى ، خاننىڭ شۇ ۋاقىتلاردا بىرلا توندىن ئارتۇق تونى بولمىغاچقا ، شۇ توننى سېلىپ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى ، ئۆز مەجلىسىدە ئورۇن بېرىپ بىللە ئولتۇردى . [ ئۇنىڭغا : «مەن رەنجىپ ئولتۇراتتىم ، كەلگىنىڭ ياخشى بولدى» دېدى .] تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەقسۇدئەلىگە ئىلتىپاتنى كەم قىلمىدى . خاندىن بۇ خىل ياخشىلىق ۋە مۇرۇۋۋەتلەر تولا يۈز بەرگەن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىككىنچى دەپتەردە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر .

خاننىڭ ساخاۋىتىمۇ شۇ دەرىجىدە ئىدىكى ، مەن يىگىرمە يىل خاننىڭ خىزمىتىدە بولدۇم . ئىنئام ۋە ئىلتىپاتى شۇنچىلىك ئىدىكى ، گاھى ۋاقىتلاردا خەزىنىسىدە ، بەلكى ئۆيي تەئەللۇقاتىدىمۇ ھېچ نەرسە قويمايتتى . ھەتتاكى نەچچە كۈن شىلانخانىدە ھېچ نەرسە قالمىغانلىقتىن قۇپقۇرۇق تۇراتتى . خان ھەرەمگە كىرىپ غىزا يەيتتى . ئالاھازەل مەملىكەتنىڭ ھەممىسىدىن خەزىنىگە كىرىدىغان مەھسۇلات خاننىڭ ئىنئام ـ ئېھسانى خىراجىتىگە يەتمەس ئىدى .

شجائەت ۋە باتۇرلۇقتا خان تەڭتۇشلىرىدىن زىيادە ئىدى . بىر قېتىم ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئىدىم ، ئۆزى تەنھا دۈشمەن لەشكىرىگە ھۇجۇم قىلدى . ئۇنىڭ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەردە كەلگۈسىدۇر .

ئوق ئېتىشتا موغۇل ،ئۆزبېك ۋە چاغاتاي[ ئۇلۇسلىرى ] ئارىسىدا خانغا باراۋەر كىشىنى كۆرمىدىم ، ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭ تەڭدىشى كەلمىگەن بولغاي ۋە كېيىنمۇ بولمىغاي . مەن كۆپ قېتىم كۆرگەنىدىم ، خان سەككىز ، توققۇز ئوقنى ئاتسا ، ھېچبىرى خاتا كەتمەس ئىدى . خاھى كېيىك ئوۋلاشتا ، خاھى توشقان ۋە قىرغاۋۇل ئوۋلاشتا بولسۇن ، بىردەك خاتاسىز ئوق ئاتاتتى . موغۇلىستاندا يۈز بەرگەن نەچچىلىگەن ئۇرۇشلاردا [ قىرغىزلار ئارىسىدا] ئوق ئېتىشتا ھەممىدىن كامىل بولۇپ ، ئۇ خالايىق ئىچىدە ئۆز زامانىدىلا شۆھرەت قازانغانىكەن .

كەرەم ۋە ساخاۋەت بابىدا خاننىڭ تەڭدىشى كەمدۇر . بىر نۆۋەت ئەندىجاندا بىر كىشى خاننىڭ قەستىدە كېلىپ پۇرسەت ئىزدىدى ، پۇرسەت تاپالماي خاننىڭ خاس ئاختىخانىسىدىن بىر ئاتنى ئېلىپ قاچتى . ئۇ كىشىنى يولدىن تۇتۇپ ئېلىپ كېلىشتى . ئۇ كىشى خانغا : «سىزنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىدە كەلگەنىدىم ، ئەمما پۇرسەت تاپالمىدىم ، ھېچ ئىش قىلماي بىكار كېتىپ قالماي دەپ بىر ئاتنى ئېلىپ قاچقانىدىم» دېدى . بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنى لايىق تاپتى . خان ماڭا بۇيرۇق بېرىپ : «بۇ كىشىنى ئېلىپ چىقىپ ئادەملىرىڭگە تاپشۇرغىن ، خەۋەردار بولۇپ ساقلىسۇن» دېدى . خالايىقلار تارقاپ مەجلىس خالىي بولغاندا ، خان ماڭا : «خۇدايىتائالانىڭ مېنى ئۇنىڭ زىيان - زەخمىتىدىن ساقلىغانلىقىنىڭ شۈكرانىسىگە ئاشۇ ئاتنى ئۇنىڭغا بەردىم ، ئۆز كىشىلىرىڭگە بۇيرۇغىن ، ئۇ ئادەمنى لەشكەرلەردىن يىراق ئېلىپ چىقىپ قويۇپ بەرسۇن . شۇنداق قىلساق ، مەنمۇ شۈكرانىنى ئادا قىلغان بولىمەن ، ئۇمۇ ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەي بىكار قايتمىغان بولىدىكەن» دېدى .

خاننىڭ خەت ئوقۇشتا ساۋاتى شۇ قەدەر تېز ئىدىكى ، ھەرقانچە بەتئىملا ، سەت خەت بولسۇن ، خاھى نەزم ، خاھى نەسر بولسۇن ، شۇ قەدەر توختاۋسىز ئوقۇيتتىكى ، بىلمىگەنلەر بۇلار خاننىڭ يادىدا بار ئىكەن ، دەپ گۇمان قىلاتتى .

يەنە نەستەئلىق خېتىنى ئوبدان يازاتتى ، تۈركىي ۋە پارسىي ئىملاسى توغرا ئىدى . شۇ دەرىجىدە ئىدىكى ، باشقا كىشىلەر پۈتۈن دىققىتى بىلەنمۇ ئۇنچىلىك توغرا قىلالمايتتى . تۈركىي تىلدا نەسرىي ئەسەرلەرنى ياخشى يازاتتى . شېئىر ئېيتىشتا خاندەك قابىلىيىتى بار كىشىنى كەم كۆرگەنمەن . ھەرگىز ئويلاپ پىكىر قىلىپ ئولتۇرۇپ شېئىر ئېيتمايتتى . سۆھبەتلەردە ھەر خىل قاپىيىلەر ئارىغا چۈشسە ، دەل ۋاقتىدا نەزىرە (بەدىھەتەن تەتەببۇئ) ئېيتاتتى . ھەرقانداق شېئىر ئېيتسا ، بىر - ئىككى نۆۋەتتە ئۆزىگە

ياد بولۇپ قالاتتى . خان ئۆز شېئىرلىرىنى بىراۋنىڭ يېزىۋېلىشىغا رىزالىق بەرمەيتتى . شۇنداقتىمۇ مەجلىسلەردە ئېيتىپ بەرگەن بەدىھەلىرىنى مەن ياد ئالغانىدىم . بۇ بېيىتلار خاننىڭ شېئىرلىرىدىندۇر . نەزم :

قايسى گۈلشەننىڭ سىنىگدەك بىر گۈلى رەئناسى بار ،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىگدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار .
ھۇر بىرلە جەننەتۇل ـ مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن ،
يارنىڭ كۇيىدا يۈز مىڭ جەننەتۇل ـ مەئۋاسى بار .
... ... ... ... ...
يۈزى ئۈزرە كاكۇلى زۇلفىن پەرىشان كۆرگەلى ،
ئەي سەئىد ، ئاشفتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار .

نەزم :

شۇكرىللىللاھ ، ھالەتىم زاھىر بولۇپدۇر يارغە ،
ئەمدى يار ئالىدا ئۆزنى كۆرسەتەي ئەغيارغە .
سەير ئۈچۈن كىرسە گۈلىستان ئىچرە ئول سەرۋى رەۋان ،
بەندە بولسۇن سەرۋى ئازاد ئول قەدى رەفتارغە .
[گەر سەبا قان يىغلاسام ، ئەيب ئەيلەمەڭ مەن زارنى ،
بەس كېلە ئالمام بۇ زورى دىيدەئى خۇنبارغە .]

نەزم :

ئەھدى قىلدىڭكى ، ۋەفا قىلغايسەن ،
يوقكى ، جانىمغە جەفا قىلغايسەن .
[ئاتاسەن غەمزە ئوقى بىرلە مېنى ،
قورقادۇرمەنكى خەتا قىلغايسەن .]
ماڭا دەرسەنكى : «ۋەفا قىلغۇمدۇر» ،
ئەلگە قىلغانچە ماڭا قىلغايسەن .

سۆزنى ئىخچام قىلىش ئۇچۇن بۇنىڭدىن زىيادە بايان قىلمىدۇق . بىر كۈنى مەن خان بىر پارسىي بەدىھە ئېيتسا دەپ كۆپ ئىلتىجا قىلدىم . «دىۋانى خاجە ھەسەن»نى ئاچقانىدى . بۇ غەزەل چىقتى . مەئىلىئ بۇدۇر :

**نەزم :**

ئەي زى سەر تا بەقەدەم جان كەسى .

(ئەي ، سەن باشتىن ئاخىر ماڭا جانسەن . )

مەجلىستىكى ھەممە ئادەملەر بەدىھەگۈيلۇق قىلىشنى باشلىدى . خان ئېيتتىكى :

**نەزم :**

چەند گۈيىكى بەگۇ جان كەسى ،
راست گۈيەمكى تۇئى خان كەسى .

(جانلا ئەمەس ، بەلكى ئېيتسام راستىنى ،
سەن ئۆزۈڭ بىزگە خانسەن . )

ئەتىمالىم ھەزرىتى خان بۇ بېيىتنى ئېيتتى . يەنە باشقا پارسىي بېيىت ئېيتمىغان بولسا كېرەك .

خاننىڭ تەبىئىتىدىكى مۇلايىملىق ۋە شېئىرىي قابىلىيەتنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى ئەنە شۇ بېيىتتىن مەلۇم بولىدۇ .

خان يەنە نەغمە ئىلمىدە تەڭداشسىز ئىدى . روھنى جانلاندۇرغۇچى ئۇد ، سىتار ، غېجەك ۋە چاھارتارنى ياخشى بىلەتتى ۋە چالاتتى .

ئۇستىخانتاراشلىقتا كامىل ، تىرەسازلىقتىمۇ ناھايىتى ياخشى ، پەلەي ۋە تۇماق پىچىش ۋە تىكىشتە ناھايىتى ئۇستا ، جانىۋار بېقىشقا ۋە شىكار قىلىشقىمۇ ماھىر ئىدى .

ياشلىق ۋاقتىدىكى ھالىتى ناھايىتى قالايمىقان، بىپەرۋا، ھېيىقمايدىغان، مەيخور ۋە ھوشسىز ئىدى، ھەتتا بىر سائەتمۇ شاراب ئىچمەكتىن خالىي بولالمايتتى. بىر يىل ئىچىدە رامىزان ئېيىدىن بۆلەك ئايلاردا بىر كۈنمۇ ھوشيار ئەمەس ئىدى. مۇبارەك ئۆمرى ئوتتۇزغا يەتكەندە، يەنى تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 928 ـ يىلى[1] بولغاندا توۋا قىلدى ۋە سالاھىيەت تەقۋادارلىق يولىغا كىردى. مەن بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى دەپتىرىنى تەسنىپ قىلىۋاتقان ۋاقتىم ئىدى، كىتابتا سۆز خاننىڭ توۋا قىلغان يېرىگە كەلدى، ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكمەت خاتىرەمگە كەلدى ۋە ئۇنى مۇنداق بايان قىلدىم: خان تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 928 ـ يىلى بولغاندا سەرخۇشلۇق (مەستلىك)تىن توۋا قىلدى، ئەمما بارلىق مەنئى قىلىنغان نەرسىلەردىن توۋا قىلمىدى. دېمەك، بۇنىڭلىق بىلەن خاننىڭ توۋىسى تولۇق ئەمەس ئىدى. «توبواالي الله توبە — تۇبۇ ئىلەللاھى تەۋبەتەن» (ئاللاغا سەمىمىي تەۋبە قىلىڭلار)[2] دېگەن مۇبارەك ئايەتنىڭ ئاخىرقى ئىككى ھەرپى بولغان بە (ب) ۋە ھە (ھ)نىڭ ئەبجەد ھېسابىدا سانى يەتتەدۇر، ئۇنى قوشماي ھېساب قىلىنسا تارىخ ھاسىل بولاتتى[3]. مۇرشىدلار پېشىۋاسى ھەزرىتى مەخدۇم خاجە شەھابىددىن مەھمۇد[4] — تەڭرى ئۇنىڭغا سالامەتلىك ئاتا قىلغاي — بولسا خاجە خاۋەند مەھمۇد ئىسمى بىلەن مەشھۇر ئىدى، ئۇ زات كاشغەرگە كەلدى. خان بىر ئىرادە بىلەن ئۇنىڭغا مۇرىت ۋە مۇلازىملىق دۆلىتىگە ھەمدە ئۇنىڭ مەسلىكىگە كىرىشكە مۇشەررەپ بولدى، پۈتكۈل گۇناھىدىن توۋا

---

① ھىجرىيە 928 ـ يىلى مىلادىيە 1521 — 1522 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② «قۇرئان كەرىم»، 66 ـ سۈرە تەھرىم، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ بۇ ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 928 ـ يىلنى كۆرسىتىدۇ، مىلادىيە 1521 — 1522 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

④ بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. ئەمما، پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «خاجە بەھائىددىن مەھمۇد» دېيىلگەن.

قىلدى ، بۇ ۋەقە ئىلگىرىكى تۇۋدىن يەتتە يىل كېيىن ئىدى . دېمەك ، ئۇنىڭ تۇۋسى ئەنە شۇنداق تولۇقلاندى . بۇنىڭغا «تۇبوااللي الله توبه — تۇبۇ ئىلەللاھى تەۋبەتەن»[1] دېگەن مۇبارەك ئايەت تولۇق تارىخ بولدى . بۇ ئاجايىپ بىر لەتىپىدۇر .

خان ھەزرىتى خاجەلەر — تەڭرى ئۇلارنىڭ روھلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ مەسلىكىگە كىرگەندىن كېيىن كۈندىن - كۈنگە ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يولىنى ، شۇنداقلا شەرىئەت يوسۇنلىرىنى چىڭ تۇتتى . گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى خۇي - مىجەزلىرى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، ئېھتىمال ئۆتكەن پادىشاھلار ئارىسىدا يۇنۇسخاندىن باشقىلىرى بۇ مەرتىۋىگە يەتمىگەن بولسا كېرەك — تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر . خاننىڭ مۇبارەك ئەھۋالىنى ئاڭلاش مەقسەت بولسا ، ئىككىنچى دەپتەرنى مۇتالىئە قىلماق كېرەك .

## ئاتمىش توققۇزىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخان ئوغلى ئەبدۇر- رەشىدخاننىڭ بايانى

ھازىر تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 953 - يىلى[2] بولدى . خاقانلىق تەختىنىڭ ۋە سۇلتانلىق مەرتىۋىسىنىڭ ئىگىسى ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئەبدۇررەشىدخان بولۇۋاتىدۇ . بۇ كىتابنى

---

① ئەبجەد ھېسابى بويىچە بۇ ئايەتنىڭ ھەرپلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان سانلار جەملەنگەندە ، ھىجرىيە 935 - يىلى كېلىپ چىقىدىغان بولۇپ ، مىلادىيە 1528 — 1529 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

② ھىجرىيە 953 - يىلى مىلادىيە 1546 — 1547 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

ئاجىز ۋە كۆپ نۇقسانلىق بەندە پەقىر مۇھەممەدھەيدەر ئەبدۇررەشىدخاننىڭ مۇبارەك ئىتىغا ئاتاپ يازدىم ۋە زىننەتلىدىم ، شۇ سەۋەبتىن بۇ كىتابقا «تارىخى رەشىدي» دەپ ئات قويدۇم . بۇ تارىخنىڭ باش قىسمى موغۇل خانلىرىدىن دەسلەپ ئىسلام شەرىپىگە ئىگە بولغان تۇغلۇق تۆمۇرخاننىڭ باياندۇر . ئۇنىڭ بايانلىرىدىن تاكى سۇلتان يۇنۇسخانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەرنى ئىشەنچلىك ۋە مۆتىۋەر كىشىلەردىن ئاڭلىغانىدىم . ئاڭلىغان رىۋايەتلىرىم ئىچىدە ھېچقانداق ئىختىلاپسىز ۋە زىددىيەتسىز مەلۇماتلارنى كىتابتا نەقىل كەلتۈردۈم . ئىختىلاپلىق رىۋايەتلەرنى بايان قىلمىدىم . چۈنكى ، ھەرقانداق سۆزدە ئىختىلاپ بولسا ، ئۇ سۆزنىڭ يالغان بولۇش ئېھتىمالى بار .

يۇنۇسخاننىڭ بايانىدىن باشلاپ تاكى سۇلتان سەئىدخاننىڭ بايانىغىچە بولغان قىسمى ئىككىنچى دەپتەردە يېزىلغۇسى . ئەگەر ئۇنى بۇ يەردە تەپسىلىي بايان قىلساق ، سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ . شۇڭا ، بۇ يەردە ئىخچام بايان قىلىنىپ تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەرگە ھاۋالە قىلىندى . ئەمما ، ئەبدۇررەشىدخان ئەھۋاللىرىنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن ، بۇ يەردە قىسقىچە بايان قىلىش مۇناسىپ كۆرۈندى .

خان موغۇلىستاندىكى كۇنلەردە قېرىندىشى خەلىل سۇلتان بىلەن بىللە ئىدى . مەنسۇرخان كېلىپ چارۇن چالاك دېگەن يەردە ئۇرۇش قىلدى ، سۇلتان خەلىل سۇلتان ۋە سۇلتان سەئىدخان يېڭىلدى . ئاشۇ مەغلۇبىيەت سەۋەبىدىن خان موغۇلىستاندا تۇرالماي ، ئىلاجسىز ئەندىجانغا كېلىپ قاماققا چۈشتى . كېيىن ئۇ يەردىنمۇ قېچىپ كابۇلغا — بابۇر پادىشاھنىڭ قېشىغا باردى . بابۇر پادىشاھ خاننىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئىدى . بۇنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى . [ ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئانىسى ئاۋام خەلقتىن بولۇپ ، خان خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنى نىكاھىغا ئالغاندى ، شۇ زاماندىن باشلاپ خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ

كېلىشۋاتاتتى . خان ئەندىجاندا قاماققا چۈشكەن ۋاقتىدا ئۆزبېك پاسقىللىرى ئۇنى خاندىن ئايرىۋەتكەنىدى . بۇ چاغدا ئۇ خاندىن ئەبدۇررەشىدخانغا يەتتە ئايلىق ھامىلىدار ئىدى ، كېيىن خان كابۇلغا بېرىپ بابۇر پادىشاھقا قوشۇلدى . شۇ چاغدا خوتۇنىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقى ھەققىدە خانغا خەۋەر كەلدى . خان بۇ ھېكايىنى بابۇر پادىشاھقا ئېيتتى . پادىشاھ : «ئېتىنى ئەبدۇررەشىد قويۇڭلار ، سۇلتان سەئىدكە ئاھاڭداش بولسۇن» دەپ پەرمان قىلدى . خان بۇ مەقسەتنى ئېيتىپ خوتۇنىغا مەكتۇپ ئەۋەتتى .] دېمەك ، ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئېتىنى بابۇر پادىشاھ قويۇپ بەرگەنىكەن . بابۇر پادىشاھنىڭ مۇبارەك نەپەسلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن ئەبدۇررەشىدخان سۇلتان سەئىدخاندەك ئاتىنىڭ ئورنىدا قارار تاپتى .

تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئۆزبېك جانىبېكخانغا قارشى چىقىپ ، فەرغانە ۋىلايىتىنى ئۆزبېكلەرنىڭ خېيىمخەتىرىدىن خالاس قىلغاندىن كېيىن قۇندۇزغا — بابۇر پادىشاھنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتىپ سۇلتان سەئىدخاننى ئېلىپ كەلدى . [ئەبدۇررەشىدخان ئۆزبېكلەرنىڭ قولىدا ئەسىر ئىدى . شۇ قېتىملىق غەلىبە بىلەن تۇتقۇندىن قۇتۇلۇپ ، بۇزرۇكۋار ئاتىسى بىلەن قوشۇلدى .] مېنىڭ ھەمشىرەم ھەبىبە سۇلتان خانىش سەمەرقەندتىن كەلگەندىن كېيىن خان ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى ۋە ئەبدۇررەشىدخاننى ئۇنىڭغا تاپشۇردى . ئەبدۇررەشىدخاننى ھەمشىرەم ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈپ تەربىيىلەيتتى . ئەمىر غورى بارلاس ۋاپات بولغاندىن كېيىن موغۇل رەسىم ـ قائىدىلىرى بويىچە ئاتابەگلىك مەنسىپىنى ئەمىر غورىنىڭ تاغىسى ئەلى مىرەك بارلاسقا تاپشۇردى . مەۋلانا مۇھەممەد شىرازى تۇرلۇك ئىلىملەردە كامال تاپقان پەزىلەتلىك ئېسىل زات ئىدى . ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىنى موغۇل پادىشاھلىرىنىڭ خىزمىتىگە سەرپ قىلغانىدى . ئەبدۇررەشىدخاننى ئىلمىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئۈچۈن ئۇنى مەۋلانا مۇھەممەد شىرازىغا شاگىرت

قىلىپ بەردى . مەۋلانا سەدرى سۇدۇر (ۋەزىرلەرنىڭ ۋەزىرى) بولۇپ ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىدا يۇقىرى ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى . ئەبدۇررەشىدخانغا ئەمەلىيەتتە ئاتابەگ مەۋلانا مۇھەممەد شىرازى ئىدى . ئەلى مىرەك بارلاسنىڭ ئاتابەگلىكى پەقەت بىر رەسمىيەتتىنلا ئىبارەت ئىدى .

ئەبدۇررەشىدخان تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 915 - يىلى① تۇغۇلغانىدى . تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 928 - يىلى② بولغاندا ، يەنى ئەبدۇررەشىدخان ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە ، خان ئۇنى موغۇلىستانغا چىقارتتى .

بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق : يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ، خەلىل سۇلتاننى ئاخسىدا جانىبېكخان ئۆلتۈردى . خەلىل سۇلتاننىڭ ئوغلى بابا سۇلتان تىخى ئەمچەك ئېمەتتى . بابا سۇلتان بىلەن خۇرشىد سۇلتان جانىبېككە ئەسىر چۈشتى . فەرغانە ۋىلايىتىنى ئۆزبېكتىن خالاس قىلغاندىن كېيىن بۇلار خانغا قوشۇلدى . خان ئۇلارنى ئۆز پەرزەنتىدىن ئەزىز كۆرەتتى . خاجە ئەلى باھادىرنىڭ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن بېرى خانغا قىلغان خىزمىتى كۆپ ئىدى . شۇڭا ، بابا سۇلتان بىلەن خۇرشىد سۇلتاننى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانىدى ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار خاجە ئەلى باھادىرغا ئاتابەگلىك مەنسەپنى تەقدىم قىلدى . خاجە ئەلى باھادىر موغۇللاردىن ، تولا ئۆمرى موغۇلىستاندا ئۆتكەن ، شۇ سەۋەبتىن كۆڭلى ئۇ يەرلەرنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى ، ھەمىشە موغۇلىستانغا بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى . شۇ تۈپەيلىدىن خانغا موغۇلىستان ۋە قىرغىزنى بابا سۇلتانغا بېرىشنى ھەمدە شۇ ئارقىلىق قىرغىز ۋە موغۇلىستان ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇشنى ئىلتىماس قىلدى ، خان بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرمەكچى بولدى . ئەمما ، تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزا گەرچە بابا سۇلتان ئۆزىنىڭ

① ھىجرىيە 915 - يىلى مىلادىيە 1509 — 1510 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .
② ھىجرىيە 928 - يىلى مىلادىيە 1521 — 1522 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

كۆيئوغلى بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت مەنپەئەتىنى كۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۈز ـ خاتىرە قىلماي، خانغا مۇنداق مەسلىھەت يەتكۈزدى: «موغۇل تائىپىسىنىڭ ھەممىسى موغۇلىستانغا مايىلدۇر. ئەگەر بابا سۇلتان موغۇلىستانغا بارسا، ھەممە موغۇللارنىڭ موغۇلىستانغا بارغۇسى كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بېرىشىنى توسقاندا بابا سۇلتان رەنجىيدۇ، توسمىغاندا ھەممە سىپاھ ۋە ئەمىرلەر موغۇلىستانغا كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بابا سۇلتاننى موغۇلىستانغا ئەۋەتىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى شۇكى، موغۇلىستانغا ئەبدۇررەشىدنى ئەۋەتكەيسىز. چۈنكى، ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ پەرزەنتى. ھەرقانچە سىپاھلار ۋە خالايىقلار ئۇنىڭ قېشىغا بارسا، جانابىڭىزغا ئۇنىڭدىن ھېچ نۇقسان يەتمەيدۇ. ئەگەر خالايىقنىڭ موغۇلىستانغا بېرىشى توسۇپ قىلىنسا، ئەبدۇررەشىدخان رەنجىمەيدۇ. گەرچە ئەبدۇررەشىدخاننىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، شۇنداق قىلىش مۇۋاپىق» دەپ سۆزىنى تامام قىلدى. بۇ ئىشتا تاغامدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى موغۇلىستانغا بابا سۇلتاننى ئەۋەتىشنى مۇۋاپىق كۆرەتتى، بولۇپمۇ مىرزا ئەلى تاغاي بابا سۇلتان تەرەپدارى ئىدى. بۇ ۋەقەنىڭ ئارىسىدا خاجە ئەلى باھادىر كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى، شۇ تۈپەيلىدىن موغۇلىستانغا بابا سۇلتاننى ئېلىپ بارىدىغان مەسلىھەت پۈتۈنلەي توختاپ قالدى.

خاننىڭ رايىمۇ ئەبدۇررەشىدخاننى موغۇلىستانغا ئەۋەتىشكە قارار تاپتى. لېكىن، ئەۋەتىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە دۆلەت كاتىپلىرىنىڭ ھەربىرى باشقا ـ باشقا تەرزدە مەسلىھەت بېرەتتى. تاغامنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئەۋەتىش ئۇسۇلى مۇنداق ئىدى: نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قاماقتا يېتىۋاتقان مۇھەممەد قىرغىزنى قاماقخانىدىن بوشىتىپ ئۇنىڭغا ياخشى ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ، موغۇلىستانغا بارغۇسى بارلارنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ مۇتىۋەر خەلقلەردىنمۇ ھەمراھ قىلىپ ئەۋەتىش. ئاخىر خانغا تاغامنىڭ بۇ پىكرى ماقۇل كەلدى. مىرزا ئەلى تاغاينى

ئەمىرلەر ئەمىرى قىلىپ، مۇھەممەد قىرغىزنى ئەمىر قىلىپ ماڭدۇردى، شۇ كۈنلەردە ئەلى مىرەك بارلاس ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بارلاس ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئەبدۇررەشىدنىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى، ئۇمۇ ھەمراھ بولۇپ باردى. تاغامنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن پۈتكۈل لەشكەر چېدىر ۋە پادىشاھلىق ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر ھەسسىسىنى ئەبدۇررەشىدخانغا بېرىپ موغۇلىستانغا ماڭدۇرۇلدى. ئۇنى ماڭدۇرۇش مەزگىلىدە خان مېنى ھەرىمگە چاقىردى ۋە ماڭا پەرمان بېرىپ: «ئەبدۇررەشىد سۇلتاننىڭ بېلىگە شەمشەر بىلەن ئوقيانى سەن باغلاپ ئېتىغا مىندۇرگىن، ئۇ لەشكىرىي ئىشلاردا سېنىڭ شاگىرتىڭ بولسۇن ۋە ئۇنى مۇبارەكلەش بولسۇن» دېدى. پەقىر تەلەپ قىلىنغان بۇ خىزمەتنى بەجا كەلتۈردۈم. خان ئۆزى قوپۇپ ئەبدۇررەشىدخانغا پاتىھە ئوقۇپ دۇئا بەردى ۋە قايتا ـ قايتا جېكىلەپ: «ئېسىڭدە ساقلا ۋە ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، بۇ شەمشەرنى سېنىڭ بېلىڭگە مىرزا ھەيدەر باغلىدى. سەن ئۇنىڭ شاگىرتى بولدۇڭ، ئەگەر سەندىن لەشكىرىي ئىشلاردا سەن كىمنىڭ شاگىرتىسەن؟ دەپ سورىسا، نېمە دەيسەن؟» دېدى. ئەبدۇررەشىدخان: «مىرزا ھەيدەرنىڭ شاگىرتىمەن، دەيمەن» دېدى. خان: «مىرزا ھەيدەر بولسا مېنىڭ شاگىرتىمدۇر» ـ دە، بۇ سوئال ۋە جاۋابنى نەچچە نۆۋەت تەكرارلاپ دۇئا بېرىپ ماڭدۇردى. ئەبدۇررەشىدخان موغۇلىستانغا باردى. قىرغىزلارنىڭ ھەممىسىنى مۇھەممەد قىرغىز ئۆز تەۋەسىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالدى، شۇنىڭ بىلەن موغۇلىستان تولۇق قولغا كىرگۈزۈلدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە موغۇلىستاندا نۇرغۇن چېرىكلەر يىغىلدى.

دېمەك، ئۆزبېك قازاق ۋە قىرغىزلار دۈشمەنلىك قىلغاندىن كېيىن ئەبدۇررەشىدخان ھەممە تەۋەلىكلىرى بىلەن يېنىپ كاشغەرگە كەلدى.

بابا سۇلتان ۋە شاھمۇھەممەد سۇلتانىنىڭ ۋەقەلىرى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى . بۇ ۋەقەگە مۇھەممەد بارلاسنىڭ مۇناسىۋىتى بار ئىدى . شاھمۇھەممەد سۇلتانىنىڭ ۋارىسلىرى مۇھەممەدى بارلاستىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى خاندىن قاتتىق تەلەپ قىلدى ، بۇنىڭغا مەن ۋە تاغام توسالغۇ بولدۇق .

ئەلقىسسە ، شۇ قىش ، يەنى تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 934 ـ يىلى[①] خان مېنى ئەبدۇررەشىدخانغا قوشۇپ بەلۇرغا ئەۋەتتى ، شۇنىڭ بىلەن مەن ھەمراھ بولۇپ بەلۇرغا باردىم ، بۇ سەپەردە ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئادا قىلدىم . شۇ كۈنلەردە ئەبدۇررەشىدخان ئون سەككىز ياشتا ئىدى . ئۇنىڭ خىزمىتىدە ھېچبىر تەجرىبىلىك ، قابىلىيەتلىك ۋە پەزىلەتلىك كىشى يوق ، بەلكى ھەممىسى مۇھەممەد بارلاس باشلىق ئادەم سۈرەت ، ھايۋان سۈپەت مۇلازىملار ئىدى . ئۇلار بىلەن نېمە ئىش قىلغىلى بولسۇن ؟ لېكىن ، مەن ھەرقانچە ناقابىل بولساممۇ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قابىلىيەتلىك ئىدىم ۋە ئەبدۇررەشىدخان بىلەن مۇۋاپىق مۇناسىۋەتتە بولاتتىم . شاھمۇھەممەد سۇلتان بىلەن بابا سۇلتانغا قانچىلىك مۇھەببىتىم بولغان بولسا ، ئۇنى ئەبدۇررەشىدخانغا سەرپ قىلدىم .

نەچچە مۇددەتتىن كېيىن خاننىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ بارغىنىمىزدا ، خان پەرزەنتى ئەبدۇررەشىدخاننى ئۆزگىچە ھالەتتە كۆرۈپ ، ئۇنىڭ قابىلىيەت پەيدا قىلغانلىقىنى بىلىپ ماڭا نەچچە قېتىم ئىلتىپاتلارنى قىلىپ ، غايىۋانە ۋە ھازىرانە ئېيتتىكى : «مەن سەندىن كۆپ مىننەتدار بولدۇم ، رەشىد سۇلتاننى ماڭا بىر قابىل پەرزەنت قىلىپ بەردىڭ ، ئۇ لەشكىرىي ئىشلاردا كۆپ مۇۋەپپەقىيەت ۋە ماھارەتلەرنى ئىگىلەپتۇ . خۇداغا شۈكرى ، ئارزۇيۇمدىكىدەك بولۇشقا ئاز قاپتۇ» دەپ ناھايىتى خۇشاللىق ئىزھار قىلدى .

---

① ھىجرىيە 934 ـ يىلى مىلادىيە 1527 — 1528 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

بۇ چاغدا ئاقسۇدىن ئەمىن خاجە سۇلتان توغرىسىدا ھەر خىل يامان خەۋەرلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى . مەن ۋە تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزا بۇنداق خەۋەرلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا كۆپ ئۇرۇنۇپ كۆردۇق ، لېكىن پايدا بەرمىدى . بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسىدۇر . مىرزا ئەلى تاغاينىڭ شەيتانلىق قىلغىنىنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى .

قىسقىسى ، خاننىڭ پەرمانى بىلەن مېنى ئەبدۇررەشىدخانغا ھەمراھ قىلىپ ئاقسۇغا ئەۋەتتى ، ئاقسۇغا بارغىنىمىزدا ئۇ يەردىكى ھەممە خالايىق ئالدىمىزغا چىقتى . ئەمىن خاجە سۇلتان خان قېشىغا كەلتى . مەن ئالتە ئاي ئاقسۇدا تۇرۇپ ، پۇتكۇل لەشكەر ۋە پۇقرالارنىڭ ئىشلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردۇم . بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە خان بادام يەپ ئولتۇراتتى ، بىر بادام ئىچىدىن ئىككى مېغىز چىقتى . خان بىرىنى ماڭا ، بىرىنى ئەبدۇررەشىدخانغا ئىلتىپات قىلدى ۋە : «شۇنداق بىر رەسىم - قائىدە باركى ، ئىككى كىشى بىر - بىرى بىلەن دوست بولۇشماقچى بولسا ، بادامنىڭ ئىككى مېغىزىنى يېيىشىدۇ . بۇنىڭ مەنىسى ئىككى مېغىز بىر شاكالنىڭ ئىچىدىكى ۋاقتىدا بىر - بىرىدىن ئايرىلماي ، گوياكى بىر مېغىزدەك تۇرىدۇ . قارىماققىمۇ ئىككى مېغىز ئىكەنلىكى مەلۇم بولمايدۇ . مەن ئىككىڭلارغا شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى مېغىزنى بەردىم ، سىزلەرمۇ بىر دىل ، بىر مەقسەتتىكى دوست بولغايسىزلەر» دېدى . ئىككىلىمىز زېمىننى سۆيۈپ ئەدەپ - يوسۇننى بەجا كەلتۇردۇق ۋە بىر - بىرىمىزگە ئات تارتىپ بەردۇق . بۇلارنى ئېيتىشتىكى مەقسىتىم شۇكى ، بىز ئاقسۇدىكى ۋاقتىدا ناھايىتى ئىناق دوست ئىدۇق ، بىرلىك ۋە مۇھەببىتىمىز شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدىكى ، دوست دوستقا ئۇنىڭدىن زىيادە مۇھەببەتلىك بولۇشنىڭ ئېھتىمالى يوق . بۇ دوستلۇقىمىزنى ۋەدە - قەسەملەر بىلەن مۇستەھكەملىگەنىدۇق . ئەگەر بۇ بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق دەرىجىسىنى تولۇق بايان قىلسام ، ئاڭلىغۇچىلار

ئۇنى مۇبالىغە دەپ گۇمان قىلىشى مۇمكىن .

ئالتە ئايدىن كېيىن يۈز داغ ـ ھەسرەتلەر بىلەن بىر ـ بىرىمىزدىن جۇدا بولۇپ خانىنىڭ خىزمىتىگە ياندىم . ئەبدۇررەشىدخان بىلەن ۋىدالىشىدىغان مەھەلدە بىر پارسىي غەزەل ئېيتقان ئىدىم ، بۇ تۆت بېيىت شۇ غەزەلدىندۇر :

**نەزم :**

زىكۇيى تۇ با دەردۇ غەم مىرەۋىم ،
جۇدا ئەز تۇ با سەد ئەلەم مىرەۋىم .
تۇ ھەمتايى لەيلى بەھۇسنىيۇ ما ،
بەمەجنۇن قەدەم بەرقەدەم مىرەۋىم .
نەگۇيىكى تەنھا تۇ چۇن مىرەۋى ،
غەمەت ھەمرەھەستۇ بەھەم مىرەۋىم .
مۇھىتى كەرەم شاھ ئەبدۇررەشىد ،
كە زۇ غەرق بەھرى كەرەم مىرەۋىم .

(كوچاڭدىن دەرد ۋە غەم يۈرۈپ كەتتىم . جۇدالىق سەۋەبىدىن يۈزلەرچە ئەلەم بىلەن كەتتىم .

سەن لەيلى كەبى گۈزەلسەن ، مەن مەجنۇن كەبى بىچارە ھالدا ئاستا ـ ئاستا كەتتىم .

مېنى يالغۇز كەتتى دېمە ، سېنىڭ غېمىڭنى ھەمراھ قىلىپ ، بىللە ئېلىپ كەتتىم .

ئەي پادىشاھ ئەبدۇررەشىدخان ، سەن مەرھەمەت دېڭىزىسەن ، مەن ئاشۇ مەرھەمەت دەرياسىغا غەرق بولغان ھالدا كەتتىم . )

ئاقسۇدىن يېنىپ خانىنىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدۇم . ياندۇرقى يىلى خان ئۇرۇش ئۇچۇن سەپەرگە چىقتى ۋە مېنى ئالدىن ئەۋەتتى . مەن تىرىشچانلىق بىلەن تىببەتنىڭ بەزى يۇرتلىرىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغىنىمدا خان يېتىپ كەلدى . بۇ بەش مىڭ لەشكەر تىببەتتە جەم بولدى . قارىساق بەش مىڭ كىشى تىببەتتە بىر قىش تۇرسا ، بۇ جاي تولىمۇ كىچىكلىك قىلىدىكەن ، شۇڭا خان

ئىلاجسىز مېنى ئىسكەندەر سۇلتانغا قوشۇپ كەشمىرگە بېرىشقا بۇيرۇدى . ئىسكەندەر سۇلتان ئەبدۇررەشىدخاننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئىدى . دېمەك ، ئۇ قىشنى كەشمىردە چىقاردۇق . باھار ۋاقتىدا خاننىڭ خىزمىتى ئۈچۈن تىبەتكە كەلدۇق . خان ياركەندكە ياندى ۋە مېنى ئۇرسەڭ بۇتخانىسىنى ۋەيران قىلىشقا بۇيرۇدى . مەن تۆت ئايلىق يەرگىچە باردىم ، خان ياركەندكە يەتمەي يولدا ۋاپات بولۇپتۇ . خاننىڭ مۇلازىمىتىدىكى ئەمىرلەر ئەبدۇررەشىدخانغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىن خەۋەرچىلەرنى ئەۋەتىپتۇ . تاغامغىمۇ بۇ ھادىسىدىن ئۇچۇر يەتكۈزۈپتۇ . تاغام خاننىڭ نائىبى سۈپىتىدە خاننىڭ مېيىتى ئالدىغا چىقىپ تەزىيە مۇراسىملىرىغا مەشغۇل بولۇپتۇ . تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 940 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى① ئەبدۇررەشىدخان كېلىپتۇ ۋە تاغام ھازا رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ ، ياقىسى يىرتىلغان ۋە كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا ناله ـ پىغانلار قىلىپ ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ . ئەبدۇررەشىدخان تاغام بىلەن كۆرۈشۈشى بىلەنلا تاغامنى شېھىت قىلىپتۇ . [ئۇنىڭ شېھىت بولغان تارىخىنى «قتلا فیالمحرم — قەتەلا فىل ـ مۇھەررەمە» (مۇھەررەم ئېيىدا ئۆلتۈرۈلگەن ) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ .] تاغامنىڭ كوكۇلدىشى بولغان ئەلى سەييىدنىمۇ تاغام بىلەن بىللە شېھىت قىلىپتۇ .

شۇنى بىلىش كېرەككى ، ياخشى كىشىلەرنىڭ يوسۇنى ، مەردانىلەرنىڭ قائىدىسى مۇنداق : پادىشاھلاردا ئىككى سۈپەت بولسا ناھايىتى پەخىرلىنىشىدۇ . ئۇنىڭ بىرى ، بىر كىشى خىزمەت كۆرسەتكەن بولسا ، شۇ خىزمىتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ گۇناھى ئەپۇ قىلىنىدۇ . تاغام يۇنۇسخاننىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى پۇشتى ـ پۇشتىدىن باشلاپ موغۇل

---

① ھىجرىيە 940 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى مىلادىيە 1533 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ .

پادىشاھلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇلۇسبېگىلىك مەنسىپىگە ئىگە بولۇپ كەلگەنىدى ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىدىمۇ ئىززەت - ھۆرمىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى . سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىدا ھېچكىمنىڭ قەدىر - قىممىتى تاغامچىلىك يۇقىرى ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، تاغام خانغا كۆپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەنىدى . بىرىنچى خىزمىتى ئۇ ئەندىجاننى ئېلىپ بەرگەن بولۇپ ، خاننىڭ پادىشاھلىقىنىڭ باشلىنىشى شۇنىڭدىن تارتىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن . ئىككىنچى خىزمىتى خاننى كاشغەرگە ئېلىپ كەلدى ۋە كاشغەر ، ياڭىھىسار ، ياركەندنى ئېلىش ئۈچۈن تاغام كۆپتىن - كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى . ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبكارلىقى ۋە تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا ، خاننىڭ كاشغەردىن ئۈمىدى يوق ئىدى . تاغامنىڭ شۇنىڭغا ئوخشىغان خىزمەتلىرى ناھايىتى كۆپ ، شۇڭا خان دائىم تاغامغا مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى . تاغامنىڭ ئادىللىقىنى بىر - بىرلەپ سىناپ كۆرۈپ ئۇنىڭغا رىئايە قىلاتتى . ئەگەر تاغام ئەبدۇررەشىدخانغا ھېچ خىزمەت قىلمىدى ، دېيىلگەن-
دىمۇ ، ئاتىسىغا قىلغان خىزمىتىنىڭ يۈز - خاتىرىسىدىن ئۇنى ئەپۇ قىلىشى لازىم ئىدى . ھالبۇكى ، تاغام ئەبدۇررەشىدخانغىمۇ كۆپ خىزمەتلەرنى قىلغان ، مەسىلەن ، ئۆزبېكلەرنىڭ قولىدىن ئۇنى خالاس قىلغان ، ئۇنىڭ موغۇلىستانغا بېرىشىغا تاغام سەۋەبكار بولغان ، ئەبدۇررەشىدخاننىڭ دۆلىتىنىڭ ئېپتىداسى شۇنىڭدىن باشلانغانىدى . ئەگەر مىرزا ئەلى تاغاي ۋە خاجە ئەلى باھادىرنىڭ غەرىزى بويىچە بولغاندا ، ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئورنىدا باباخان سۇلتان بولۇر ئىدى . تاغام ھەمىشە ئەبدۇررەشىدخاننىڭ راۋاج تېپىشىغا ، ئۆسۈشىگە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتەتتى . ئەمىن خاجە سۇلتان تاغامنىڭ كۈيئوغلى ، تاغامنىڭ ئۇنىڭدىن بەش نەۋرىسى بار ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ تاغام بۇ سەۋەب بىلەن ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئاقسۇدىن قايتۇرۇپ كېلىپ ، ئورنىغا ئەبدۇررەشىدخاننى ئەۋەتىشنى توسماستىن ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى . تاغامنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى ھېسابسىز زىيادىدۇر . مۇنچە خىزمەتلىرىنىڭ يۈز -

خاتىرىسىنى ساقلىماستىن تاغامنى بىگۇناھ ئۆلتۈرگەنلىكى ئىنتايىن ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر. بۇ سۆزنى توختاتقىنىم ۋە تىلنى يىغقىنىم تۈزۈك. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ خاھىشى شۇنداق ئىكەن، شۇڭا ئاشۇنداق بولغان بولسا كېرەك، بۇنىڭ ئەجرىنى ياندۇرۇشقا تەڭرىتائالانىڭ قۇدرىتى بار. «بىز تەڭرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز ۋە تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز.»①

بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپراق ئىش شۇكى، ئەبدۇررەشىدخان بىلەن زىتلىشىپ كەلگەن ئۇ پىتنە - پاساتچىلارنى ئەبدۇررەشىدخان مۇتىۋەر قىلىپ ئۆستۈرۈپتۇ. مىرزا ئەلى تاغاينى تاغامنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ كاشغەرگە ئەۋەتتى. مىرزا ئەلى تاغاي كاشغەرگە بېرىپ تاغامنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈشتە ھېچبىر كەم - كۈتىسىنى قويمىدى.

ھېكايەت، شەيخ سەئدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ: قاتتىق ئۇرۇش ئارقىلىق قۇرەيشنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن يەتمىش كىشى ئىسلام لەشكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشتى. مەككىدىن قۇرەيش خەلقى فىدىيە ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېتەتتى. ئەبۇلئاس — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈيئوغۇللىرىدىن ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى پەرزەنتلىرىدىن زەينەب — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نى ئەبۇلئاسقا بەرگەن، ئەبۇلئاس بۇ ۋاقىتقىچە مۇسۇلمان بولمىغانىدى. دېمەك، ئەبۇلئاسمۇ بۇ كەلگەن كىشىلەر ئارىسىدا ئەسىرلەر ئۈچۈن مەككىگە فىدىيە ئېلىپ كەلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك نەزىرى ئەبۇلئاسقا چۈشكەن ھامان ئەبۇلئاسنىڭ كۆڭلىدىن دىنسىزلىق قاراڭغۇلۇقى كۆتۈرۈلدى ۋە: «مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئىسلامنىڭ مۇھەببىتى ئورۇنلاشتى. مەككىگە بېرىپ يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتىمەن» دېدى. ئۇلۇغ

① «قۇرئان كەرىم»، 2 - سۈرە بەقەرە، 156 - ئايەت.

ساھابىلەر ئۇنىڭغا : «ئىمان ئېيتىشنى كەينىگە سۈرۈش ياخشى ئەمەس ، دۇنيانىڭ ياخشىلىقىنى تېپىش ئۈچۈن تېزدىن ئىمان ئېيتقىن . شۇنداق قىلساڭ ، قىدىيىگە ئېلىپ كەلگەن ماللارمۇ تەڭرى ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ساڭا ھالال بولىدۇ » دېدى . ئەبۇلئاس جاۋاب بېرىپ : «بۇ مال ھەرقانچە ھالال بولغان تەقدىردىمۇ ھازىر مۇسۇلمان بولسام ، خائىنلىق قىلىپ ئىمان ئېيتقان بولىمەن ، ئىسلامنىڭ باشلىنىشى خىيانەت بىلەن بولسا ياخشى ئەمەس » دېدى . شۇنداق قىلىپ ئەبۇلئاس مەككىگە باردى ۋە خالايىقنىڭ ئامانىتىنى سالامەت تاپشۇردى ، ئاندىن جامائەتنىڭ ئىچىدە ئۈنلۈك ئېلان قىلىپ : «ئاراڭلاردا ھەرقانداق كىشىنىڭ مەندە ئامانىتى بارمۇ ؟» دېدى . جامائەتنىڭ ھەممىسى : «ھەممىمىزنىڭ ئامانىتى قولىمىزغا تەگدى ، سەندە ھېچ ھەققىمىز يوق » دېيىشتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇلئاس دەرھال ئاشۇ جامائەتنىڭ ئارىسىدا ئاشكارا ئىمان ئېيتتى ۋە مەدىنىگە ھەزرىتى پەيغەمبەر — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ خىزمەتلىرىگە باردى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى زەينەب — تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نى ئىلگىرىكى نىكاھ بويىچە ئەبۇلئاسنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى .

بۇ ھېكايىدىن مەقسەت شۇكى ، ھەر ئىشنىڭ باشلىنىشى ياخشىلىق بىلەن كەلسە ، ئاقىۋىتىمۇ ياخشى بولغۇسىدۇر . ئەمما ، ئەبدۇررەشىدخاننىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى ناھەق قان تۆكۈش ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن باشلاندى . ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ مۇشۇنىڭدىن قىياس قىلماق كېرەك . نەزم :

دېمىش ئول خىرەدمەندۇ نىكۇ نىھاد ،
خۇداۋەندە ئەدلۇ خۇداۋەندە داد .
ھەمە مۇلكى ئالەم سىپىھرى نىگۇن ،
قاچان ئەرزىگەي تۆككەلى قەترە خۇن .

دېمەك ، ئەبدۇررەشىدخان ۋاپا ئەھلىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن

خانلىق تەختى ۋە سۇلتانلىق كۇرسىدا ئورۇنلاشتى .
خاننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى مەنسۇرخانغا ئاڭلاندى . مەنسۇرخان ئاقسۇغا لەشكەر تارتىپ كەلدى ، ئەبدۇررەشىدخانمۇ ياركەندتىن ئاقسۇغا لەشكەر تارتىپ باردى . مەنسۇرخاننىڭ مەقسىتى هاسىل بولماي ياندى ، ئەبدۇررەشىدخانمۇ ياركەند تەختىگاهىغا يېنىپ كەلدى . مەنسۇرخان شۇ يوسۇندا ئاقسۇ ئۇستىگە بىرنەچچە رەت لەشكەر تارتىپ كەلدى ، هەر قېتىمدىلا ئەبدۇررەشىدخان پەتهى - نۇسرەت بىلەن غەلىبە قىلدى .
ئەلقىسسە ، سۇلتان سەئىدخانغا خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئەمىرلەرنىڭ هەممىسى ئەبدۇررەشىدخاندىن چۆچۈپ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى . چۈنكى ، ئۇ تاغامدەك خىزمەتلىك كىشىنى بىگۇناھ ئۆلتۈردى ، شۇ سەۋەبتىن هەممە ئەمىرلەر خەۋپسىرەپ چۆچۈشۈپ ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىك تۈگىدى . مىرزا ئەلى تاغاي قاراتېگىنگە قېچىپ كەتتى . بۇ شېئىر گويا ئۇنىڭ هەسبىهالىدۇر . نەزم :

ئەي زاتىڭغا مەكرۇ هىيلە ، جەبرۇ ئەزەم ،
سەندەك يەنە غەددارنى كۆرمەس ئالەم .
دېدىڭكى يوق ئۇلسە ياخشىلار ، مەن قالسام ،
يوق بولدى ئۇلار ، ۋەلى يوق ئولغۇڭ سەن هەم .

دېمەك ، مىرزا ئەلى تاغاي مەككار شەيتاندەك غايىب بولدى ، قالغان ئەمىرلەر هەممىسى بىرلىشىپ بەزىلىرى خاننىڭ پەرزەنتلىرىنى ئېلىپ خوتەن تەرەپكە بېرىپ ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئالدىغا چىقتى . قاچقانلار قېچىپ ، قالغان ئەمىرلەرنىڭ هەممىسى قەلئەدە ئىدى ، هەممىسىنى باغلاپ ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . ئەبدۇررەشىدخان ئۇلارنىڭ ئۆلۈم گۇناهىدىن ئۆتۈپ چېگرىدىن هەيدەپ چىقاردى ، بۇلار قارشىلىق كۆرسىتىپ يۈز ئۆرۈپ ئۆلۈمگە لايىق بولغان كىشىلەر ئىدى . ۋەهالەنكى ، ئۇلار هېچقانچە خىزمەتمۇ كۆرسەتمىگەندى ، بۇلارنى ئۆلتۈرمىدى .

ئەمما ، تاغامنىڭ يېقىن تۇغقانلىق مۇھەببىتى بار ، كۆرسەتكەن خىزمىتىمۇ تولا ئىدى . يەنە دوستلۇقتا ۋەدە ـ قەسەملەر قىلىشقان ، ھېچقانداق گۇناھى يوق ئىدى ، ئەمما ئەبدۇررەشىدخان ئۇنى ھېچبىر سەۋەبسىز ۋە گۇناھسىز ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن قىرىۋەتتى . نەزم :

تۇرفە كەج رەفتاردۇر دۇنيايى دۇن ،
دائىما بولغاي ئىلاھا سەرنىگۇن .
كىم ۋەفادار ئولسا ، ئول بولغاي خەراب ،
كىم مۇنافىق بولسا ، بولغاي كامياب .
كىمكى كۆڭلى راستدۇر ، بولغاي ھەقىر ،
كىمكى كەج راي ئولسە ، بولغاي بىنەزىر .
كىم مۇلايىم بولسا ، بولغاي رەنجۇ غەم ،
كىم دۇرۇشت ئولسە ، ئاڭا يەتمەس ئەلەم .
كىمكى بىئازاردۇر ، بەدھالدۇر ،
كىم دىلئازار ئولسە ، فارىغ بالدۇر .
كىمكى فاسىقدۇر ، مۇئەززەزدۇر دەۋام ،
كىمكى سالىھدۇر ، تاپالماس ئىھتىرام .
كىم سەخىيدۇر ، تەڭدۇرۇر ھالى ئانىڭ ،
كىم بېخىل ئولسە ، تولا مالى ئانىڭ .
كىم دىيانەتلىك ئېرۇر ، ئولدۇر يامان ،
بىدىيانەتلەرگە راھەت تەۋ ئەمان .
كىمكى ھەق جوي ئولسە ، نامەئقۇلدۇر ،
كىمكى غەيبەتكويدۇر ، مەئقۇلدۇر .
بىھەمىيەتلەركى ئېرۇر مۇئتەبەر ،
كىمكى ھىممەتلىك ئېرۇر ، ئولدۇر بەتەر .
كىمكى كۆڭلى كەڭدۇرۇر ، يەتكەي گەزەند ،
كىمكى ھاسىددۇر ، ئېرۇر ئول ئەرجۇمەند .
كىمكى بەدئەسل ئولسە ، ئەيلەر كامكار ،
كىم ئەسىل ئولسە ، قىلۇر مەھزۇنۇ زار .
كىمكى دانادۇر ، ئانى ئەيلەپ زەبۇن ،
بىغەمۇ خۇشۋەقتدۇر نادانۇ دۇن .

ياخشىلارنىڭ ئورنىغە بەرمەس مەدار ،
كىم ياماندۇر ، ئانى ئەيلەر پايى مال .
دەھر ئىشى بۇدۇر ئەزەلدىن تا ئەبەد ،
بىۋەفا دەرلەر ئانى ئەھلى خىرەد .

دىمەك ، ئەمىرلەرنىڭ ئىشىنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھەمشىرىلىرىنى ، قىزلىرىنى ۋە زەينەب سۇلتان خانىم — خاننىڭ خوتۇنلىرى ئارىسىدا خان ھەممىدىن ئامراقراقى شۇ ئىدى — قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ چىقاردى ھەمدە شەيبانىي خاننىڭ ئۆزبېكلىرى بىلەن دوستلۇق ئورناتتى . ھالبۇكى ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، ئۇلار قەدىمدىن بېرى دۇشمەن قازاق ئۆزبېكلەر بولسا قەدىمدىن بېرى دوست ئىدى ، ئۇلارنى زەبۇن قىلدى . ئەبدۇررەشىدخان ئۆزىنىڭ ھەمشىرىلىرىنى ئۆزبېككە ياتلىق قىلدى ، بۇ ئەبدۇررەشىدخانغا ناھايىتى ھاقارەت بولدى .

ئەلقىسسە ، شەيبانىي خان بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ قازاق ئۆزبېكلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى . ھەقىقەتەن قازاقلارنى مەغلۇپ قىلىش چوڭ ئىش . چۈنكى ، سۇلتان يۇنۇسخان بۇرۇج ئوغلان بىلەن قاراتوقايدا ئۇرۇش قىلىپ ، تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 877 - يىلى[1] ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ قىلغانىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ قىلالمىغانىكەن . بۇ مۇددەت ئىچىدە نەچچە نۆۋەت ئۆزبېك بىلەن موغۇللار ئۇرۇش قىلىپ ، پۈتۈنلەي ئۆزبېكلەر غالىب كەلگەنىكەن . ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئۆزبېكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى ناھايىتى ئۇلۇغ ئىش بولۇپتۇ . گەرچە بوۋىسى سۇلتان ئەھمەدخان يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، ئۆزبېكلەرگە غالىب كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئەھمەدخان ئۆزبېككە شەبىخۇن[2]

---

① ھىجرىيە 877 - يىلى مىلادىيە 1472 — 1473 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .
② شەبىخۇن — كېچىدىكى تۇيۇقسىز ھۇجۇم .

ئۇرۇپ غەلىبە قازىنىپتۇ . باتۇرلار ئارىسىدا شەبىخۇن ئۇرۇپ قىلىنغان غەلىبە ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ . ئۇرۇش ۋاقتىدا يېڭەلىسە ، ئاندىن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ . ئەبدۇررەشىدخان بولسا قازاقلارنى دەل ئۇرۇش مەزگىلىدە يېڭىپتۇ ، بۇنى تولۇق تەرىپلەپ ماختىسا ئەرزىيدۇ .

ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئەھۋاللىرىنى ھىندىستان ۋە كەشمىردە تۇرۇپ ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىرىمنى مۇشۇ يەرگىچە بايان قىلدىم . ئەبدۇررەشىدخان ئۆزبېكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئەندىجان ۋە تۇرپان تەرەپكە لەشكەر تارتىپ بېرىپتۇ . لېكىن ، ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاڭلىيالمىدىم ، شۇ سەۋەبتىن بۇ كىتابقا يازمىدىم ، قەلەمنىڭ تىزگىنىنى تارتتىم . ئەبدۇررەشىدخاندىن سادىر بولغان لاياقەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خالايىق ئەبدۇررەشىدخانغا تەنە قىلىشىپ : «بۇلار مۇھەممەدى بارلاسنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بولغانمىش» دېيىشىپ . مۇھەممەدى بارلاسنىڭ بۇ مەرتىۋىگە يەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى ھېچ مەلۇم ئەمەس ، ئۇنى بۇ دەرىجىگە يەتكۈزگۈدەك ھېچبىر خىزمەتكە لاياقىتى يوق . ئۇنىڭ بۇنچىۋالا ئېتىبار تاپقۇدەك نە شىجائىتى ۋە نە پەزىلىتى بولسۇن؟ شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك-تۇركى ، ئەبدۇررەشىدخان ئۇنىڭ سۆزى بىلەن مۇشۇنداق شۇنچە ناشايان ئىشلارنى قىلدى . ئەگەر ئۇ نالايىق ئىشلارنى بايان قىلسام ، بىلمىگەنلەر مېنى بىھۇدە تۆھمەت دەپ گۇمان قىلار . بارلاس تائىپىسىنىڭ لەقىمى ئېشەكتۇر ، بۇ لەقەم بەئەينى مۇھەممەدى بارلاسقا مۇۋاپىق كېلىدۇ . چۈنكى ، مۇھەممەدى بارلاس ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى — ئاتىسىنىڭ خوتۇنلىرىنى دۆلەت چېگرىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىشقا شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ھەم شۇنداق قىلدۇردى . بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىش مۇناسىپ كۆرۈنمىدى ، شۇڭا بۇ ۋەقەلەرنىڭ بايانىدىن ئۆزۈمنى تارتتىم . ئەمما ، مۇشۇ كۈنلەردە پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى ئەبدۇررەشىدخاننى بۇ بالا - قازادىن خالاس

قىلىپتۇ ، ئۇ ئىشەكنى خۇمار كېسىلى نابۇت قىلىپتۇ . ئۇمىدىم شۇكى ، ئەمدى ئەبدۇررەشىدخان ئۇلۇغلۇق تىزگىنىنى ئەقىل قولىغا ئالغاي ۋە يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتقاي ، ئۇلۇغ بوۋىلىرى ۋە بۈيۈك ئەجدادلىرى يولىدا مۇستەھكەم قەدەم تاشلىغاي ؛ ھەرقانداق بىر ئىشەكنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى ئىزدەپ ئۆز ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا يامانلىق قىلمىغاي ؛ ھەرقانداق سالىھ بىر مەستۇرىنى پاكلىق پەردىسى ئىچىدىن چىقىرىپ ، ئۇزەڭگە ئاستىغا تاشلاپ خار قىلىشنى راۋا كۆرمىگەي ؛ پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى ئۇنى ھەمىشە مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئادالەت بىلەن جاھاندارلىق مەرتىۋىسى ۋە خاقانلىق تەختىدە بەرقارار قىلغاي ؛ تەڭرى ۋە پەيغەمبەر رازى بولمىغان ھەرقانداق نەرسىدىن ئۇنى يىراق تۇتقاي ھەمدە ئۆتكەن نۇقسان ۋە كەمچىلىكلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا تەۋپىق ئاتا قىلغاي . ئامىن ، ئەي ئالەمنىڭ پەرۋىشكارى بولغان تەڭرى !

گەرچە ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئىچكى دۇنياسى سەل زەئىپرەك بولسىمۇ ، ئەمما بەدەن قۇۋۋىتى ۋە تەن سالامەتلىكى ، خۇش قامەت ۋە خۇش مۇئامىلىلىكى بىلەن يېقىنلىرى ۋە تەگتۇشلىرى ئارىسىدا تەڭدىشى يوقتۇر . ئوق ئېتىشتا ئاتىسىدىن قالسا ، ئەبدۇررەشىدخانغا تەڭ كېلىدىغان كىشى كەمرەكتۇر ، پالۋانلىق كەسپىدە ۋە شىر ئوۋلاشتا لەھەڭ ۋە ئەجدىھا كەبىدۇر . گۆھەر چاچقۇچى سۆزلىرى لاتاپەت دەرىجىسىگە يەتكەن بولۇپ ، خۇسۇسەن روھنى كۆتۈرگۈچى سازنى شۇ قەدەر ماھىرلىق بىلەن چالىدۇكى ، ئۇنىڭ ئالدىدا زۇھرە يۇلتۇزى نەغمىسىز ، خۇشناۋا بۇلبۇل ناۋاسىز بولۇپ قالۇر . مۇبارەك ئىستىبداتى شۇ قەدەر راۋاندۇركى ، نەسىر تەرتىپلىرىنى نەزم ئۇسلۇبلىرىغا تارتىدۇ . پەم - پاراستى گۈزەللىك ، نازۇكلۇق ھالاۋىتىنىڭ تەمىنى تاپقاندى . ئۆزىنىڭ تەبىئىي كامالىتى ۋە ئىرسىي پاكلىقى تۈپەيلىدىن ، ھەممە ھۈنەر ۋە ئىختىرا قىلىشتا قولى ماھىر ئىدى . شۇ جۈملىدىن بىرى شۇكى ، بىر ئۇلۇغ كىشىگە ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىرنەچچە خىل ھەدىيە ئەۋەتكەنىدى . ئۇلاردىن بىرى قەغەزدىن ياسالغان بىر

دەرەخنىڭ سۈرىتى بولۇپ ، ئۇنىڭ گەۋدىسى ، شاخ ۋە بەرگلىرىنىڭ ھەممىسى خۇددى دەرەخنىڭ گەۋدىسىدەك شاخ ۋە بەرگلەر چىقىرىپ ياسالغان ، ھۇنەرۋەنلەر ئۇنىڭ ئاجايىپ - غارايىبلىقىغا ھەيران قالغانىدى . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەبدۇرەشىدخان بىلەن ئايرىلىپ كەتتۇق . مەن بار ۋاقىتتا بىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ تولىسىنى مەندىن ئۆگەندى ، نەغمە - ناۋالارنى مەندىن ئۆگەنمىدى . بىز ئايرىلىپ كەتكەندىن بېرى ، يەنە باشقا ھۇنەرلەرنى ئۆگەنسە ئۆگەنگەندۇر . چۈنكى ، تەبىئىي قابىلىيەتلىك ئىدى ، ھەرقانداق ئىشقا قەدەم قويسا ، قولىدىن قېچىپ قۇتۇلمايتتى . ئادالەتلىك مۇسۇلمانپەرۋەر پادىشاھ بولسىمۇ ، ئەمما مۇساغا ھارۇن ۋەزىر بولۇشى كېرەك ئىدى . ھازىرقى ۋەزىرى ھارۇن ئەمەس ، بەلكى فىرئەۋن ئىدى . بەلكى خۇدايىتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت تاپقاي .

كىتاب يېگانە پادىشاھ بولغان تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن تۈگىدى . ئەي تەڭرىم ، بۇ كىتابنى كۆچۈرگۈچى ، ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغايسەن .

بۈيۈك تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن دۈشەنبە كۈنىدە تامام بولدى .

يەتمىشىنچى باب

# «تارىخى رەشىدي»نىڭ بىرىنچى دەپتىرى (كىتابى)نىڭ تۈگەللىمىسى

بىلىمىمنىڭ يېتەرسىزلىكى ، ئىقتىدارىمنىڭ يوقلۇقىغا قارىماستىن ، ناتىۋانلىقىنىڭ قارا قەلىمىنى قابىلىيەتنىڭ ئاق

قەغەزلىرى ئۈستىدە كەزدۈرۈپ كىتاب يازىمەن دېيىشكە پەقىر دە نېمە سالاھىيەت بولسۇن؟

ئەمما، زۆرۈرىيەت شۇكى، پەقىر مۇسۇلمان بولغان موغۇل خاقانلىرى ھەققىدە ئىشەنچلىك ۋە بىلىملىك شەخسلەردىن نۇرغۇن نەقىللەر، ھېكايەتلەر ۋە رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغان ۋە توپلىغانىدىم. پەقىر ئۆزۈممۇ ئۇلارنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار ئىدىم. بۇ زامانغا كەلگەندە كۆردۈمكى، بۇ رىۋايەتلەرنى ئېيتىپ بەرگەن ۋە بۇ ئەھۋاللارنى بىلىدىغان كىشىلەردىن پەقىردىن باشقا ھېچكىم قالماپتۇ. ئەگەر بۇ ئىشقا پەقىر جۈرئەت قىلمىسام، موغۇللارنىڭ ۋە خاقانلارنىڭ خاتىرىلىرى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ نەسەبنامىلىرىمۇ يوقىلىپ كەتكۈدەك. ئەگەر ئۆتكەن ئەجدادلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى يېزىپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ ئىشنى ئەزىز ۋە بىلىملىك كىشىلەرگە تاپشۇرسام، ئۇلار ئۆتكەن خاقانلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى مېنىڭچىلىك ئېنىق بىلمىگەچكە، چوڭ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇدەك. بۇ سۆزلەرگە موغۇللار ۋە موغۇل خاقانلىرىدىن باشقىلار ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەنىدى. چۈنكى، ئىلگىرى چىڭگىزخاننىڭ ئۇرۇق ۋە نەسىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەۋەلىرى ئالەم شەھەرلىرىنى ۋە دۇنيانىڭ تۆتتىن بىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغانلىقىغا قارىماستىن، ھازىرقى ۋاقىتتا موغۇللارنىڭ قولىدا ئەڭ چەت يەرلەر ۋە ناھايىتى ئازغىنا تائىپىلەرلا قېپقالدى.

چىڭگىزخاننىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى، ئۇ جاھاننى مانا شۇ تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەرگەنىدى. ھەربىر ئوغۇلنىڭ ئۇلۇسى جاھاننىڭ ئاۋاتلىق ۋە چۆللۈكلىرىدىن تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەپ ئىستېلا قىلغانىدى. تارىخلاردا ھەرقانداق يەردە «ئۇلۇسى ئەربەئە» (تۆت ئۇلۇس) دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنسا، ئەنە شۇ تۆت قوۋم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دانىشمەن مىرزا ئۇلۇغبەگمۇ «ئۇلۇسى ئەربەئە» دەپ ئات قويۇپ بىر تارىخ يازغان.

بۇ تۆت ئۇلۇستىن بىرى موغۇل بولۇپ، ئۇلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن، ئۇنىڭ بىرى موغۇل، يەنە بىرى چاغاتاي. بۇ ئىككى

قوۋم ئۆزئارا ئاداۋەت تۇپەيلىدىن ۋە بىر - بىرىنى كەمسىتىش يۈزىسىدىن ھەرقايسىسى بىر - بىرلىرىگە ئات قويۇشۇۋالغان، چاغاتاي موغۇلنى «جەتە» (چەتە) دېسە، موغۇل چاغاتايىنى «قارا ۋاناس» (قارا خەلق، ئاددىي پۇقرا) دەپ ئاتىغان. ھازىر چاغاتاي پادشاھلىرىدىن بابۇر پادشاھنىڭ ھۆكۈمەت تۇتۇۋاتقان ئوغۇللىرىدىن باشقا ھېچ كىشي قالمىدى. چاغاتايلارنىڭ مىراس قالغان يەرلىرىنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا تۈرلۈك خەلقلەر ئىشغال قىلدى.

ئەمما، كاشغەر، تۇرپان تەرەپلەردە موغۇللاردىن ئوتتۇز مىڭغا يېقىن كىشى قېپقالدى. موغۇلىستاننى بولسا ئۆزبېك بىلەن قىرغىزلار بېسىۋالدى. قىرغىزلار گەرچە موغۇل قوۋمىغا تەۋە خەلق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خاقانلارغا قىلغان كۆپ قېتىملىق ئىسيان ۋە قارشىلىقلىرى تۇپەيلىدىن ئۇلاردىن بۆلۈنۈپ كېتىشتى. موغۇللار پۈتۈنلەي مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام ئەھلى قاتارىغا كىرگەن. ئەمما، قىرغىزلار ھازىرغىچە كۇپپارلارغا ئوخشاش ھالەتتە ياشىماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار موغۇللاردىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۇلار بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتىدۇ.

بۇنى چۈشەندۈرۈشتىن مەقسەت شۇكى، ھازىرقى كۈندە موغۇللار چەت يەرلەردە ئورۇنلاشقان ناھايىتى ئاز خەلق بولۇپ قالدى. بۇ سۆزلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەشنىڭ موغۇللاردىن باشقا كىشىلەرگە ئانچە كېرىكى يوق. ئەگەر بۇ ئىش (تارىخ يېزىش)نى ئەزىز ۋە دانىشمەن كىشىلەرگە تاپشۇرسام، ئۇلارغا قىيىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇڭا، ئىستىبداتىمنىڭ يوقلۇقى ۋە بىلىمىمنىڭ يېتەرسىزلىكى ماڭا توسالغۇ بولۇپ تۇرسىمۇ، ئىقتىدارسىزلىق قەلىمىنى پېقىرلىق سەھىپىسىدە ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە ئىلاجسىز يۈرگۈزدۈم.

مۇئەللىپلەرنىڭ ئادىتى شۇكى، ئۇلار: «ئەگەر خاتا ۋە نۇقسان بولسا، ئېتىراز بىلدۈرمەستىن ئەپۇ ئېتەكلىرى بىلەن يېپىپ ئۇنى ئۆزگەرتكەي» دەپ ئىلتىماس قىلىپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. ئەمما،

مىنىڭ خاتا ۋە نۇقسانلارنىڭ بارلىقىدىن ئۇلارغا ئوخشاش بۇنداق ئۆزرە ئېيتىشقا ھەددىم يوق. چۈنكى، پەقىر (يازمىلىرىمنىڭ) باشتىن ئاخىرغىچە خاتالىق ۋە نۇقسانلار بىلەن تولغانلىقىنى ئېنىق بىلىمەن، بۇنىڭغا ھەرقانداق ئېتىراز بولسا ئورۇنلۇق دەيمەن. مىنىڭ بۇ ئىشتىن مەقسىتىم ئىستىبداتىمنى كۆرسىتىش ئەمەس، بەلكى ھاياتلىق دەپتىرىدىن پۈتۈنلەي يوقالغان موغۇل خاقانلىرىنىڭ ئەستىلىكلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت. موغۇل خاقانلىرى ئەگەر ئۆزىنىڭ نەسەبلىرى ۋە ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىشنى ئىستىسە، مۇشۇنىڭدىن بىلىۋالغاي.

ئىسلامغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆتكەن خاقانلارنىڭ پەقەت ئىسمىنى ئاتاپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندىم. چۈنكى، كۆپپار ئەگەر جەمشىد ۋە زەھھاكتەك شان ـ شەۋكەتكە يەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئەسلەشكە يارىمايدۇ. مىسرا:

ما نەخاھىمكى نامەش بەزەبان ھەم گۇزەرەد،

(ئالىمغايمىز تىلىمىز نامىڭنىمۇ ھېچقاچان.)

بۇ «تارىخى رەشىدي» تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 952 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرىدا[①] كەشمىر شەھىرى — تەڭرى ئۇنى بۇزغۇنچىلىق، ۋەيرانلىقتىن ساقلىسۇن — دە، دوست ـ يارانلار ئارىسىدا «مىرزا ھەيدەر كۆرەگان» دېگەن ئات بىلەن تونۇلغان پەقىر مۇھەممەدھەيدەر ئىبنى مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگان تەختتە ئولتۇرۇپ بەش يىلدىن كېيىن تاماملاندى.

---

① بۇ ۋاقىت پارسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا، تېھران نەشرىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە يۇقىرىقىدەك، يەنى «952 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرى» دەپ ئېلىنغان. بۇ ۋاقىت مىلادىيە 1546 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. خەنزۇچە نەشرىدە ۋە 1895 ـ يىلىدىكى ئىنگلىزچە نەشرىدە: «953 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرى» دېيىلگەن. بۇ ۋاقىت مىلادىيىنىڭ 1547 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ.

# ئككنچى كتاب

# «تارىخي رەشىدي»نىڭ ئىككىنچى دەپتىرى (كىتابى)نىڭ مۇقەددىمىسى

ئۆتكۈر كۆزلۈك دانىشمەنلەر، پەم - پاراسەتلىك زىرەكلەرگە مۇھەممەدھەيدەر[①] ئىبنى مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگان [— ئاللا ئاتامىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغاي —] شۇنداق مەلۇم قىلىدۇكى، كۆڭۈل ئەينىكىدە ھەمىشە بۇ خىيالنىڭ ئەكسى نامايان بولاتتى: ھەر قاچان چېھرىلىرى نۇرانە ئۇلۇغ تەۋەررۈك كىشىلەر، ئالىي مەرتىۋىلىك ۋە پەزىلەتلىك مۇسەننىپلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمەت مەرتىۋىسى شۇ قەدەر ئۈستۈنكى، ئەقىل - ئىدراكقا ئىگە بولمىغان ھەرقانداق كىشى ئۇ مەرتىۋىنى ئاڭقىرالمايدۇ. چۈنكى، غۇرۇر بورانلىرى ۋە جاھالەت دولقۇنلىرى ئەقىلسىزلىك ئېقىنىدىن ئىقتىدارسىزلىق ساھىلىغا چىقىرىپ تاشلىغان بىر پارچە ساپالنىڭ پەزىلەت ۋە كامالەت دەرياسى غەۋۋاسلىرى نەزىرىدە قانچىلىك قەدىر - قىممىتى بولسۇن؟ لېكىن، «زۆرۈرىيەت ئېھتىياتتىن ئۈستۈن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. بەزى موغۇل پادىشاھلىرىنىڭ ئاجايىپ ۋەقەلىرىدىن ھايات سەھىپىسىدە ئۇچۇر قالمىدى، ئۇلارنىڭ خالايىقنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسى مەيدانىدا ئىزلىرىمۇ قالماسلىققا يېقىن قالدى. نەزم:

ناز ئەتمە، ئەي بۇتى چىن، قالماس بۇ مۇلكى چىن ھەم،
دەھرى فەنا مەدارى بەرباد ئانچۇنىن ھەم.
ۋەيرانەدە بىرۇر جان ھەرچەندىكىم شۇتۇربان،

① مولla مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ نۇسخىسىدا «ھەيدەر» دېگەن ئىسىم «سەدىر» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان، پارىسچە نۇسخىلار ئاساسىدا تۈزىتىپ ئېلىندى.

باقى ئەمەس ۋەلىكىن سۇلتانى تەختىنىشىن ھەم .
جەم قالمادى جەھاندا ، نى خاتىرى سۇلەيمان ،
قالماس نىگىندە نەقشى ، كەتكەن كەبى نىگىن ھەم .
بىچارەئى ھەسەندىن[1] قالدى بۇ نالە ھالا ،
قورقۇنچۇم ئۆلكى ، قالماس بۇ نالەئى ھەزىن ھەم .

ئىلاجىسىز قۇدرىتىمىنىڭ يېتىشىچە ۋە پۇرسەت يار بېرىشىچە ، موغۇل پادىشاھلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىدىن ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرنى بايان قىلدىم ۋە كىتاب ئىچىگە كىرگۈزۈپ جەملىدىم . ئۆتكەن زاماندىكى تارىخچىلار بىر قانچە كىتاب تەسنىپ قىلغان بولۇپ ، موغۇلىستاننىڭ گۈللىگەن ۋاقىتلىرىدا پەزىلەت ئەھلى ۋە كامالەت ئىگىلىرى ناھايىتى كۆپ ئۆتكەنىكەن ، ئېھتىمال ئۇلار تارىخلارنى يازغان بولغىيدى . ئەمما ، يۈز [ئەللىك] يىلدىن زىيادىرەك ۋاقىت ئۆتۈپتۇ ، ئۇ خالايىقتىن ئەسەر ۋە يازغان كىتابلىرىدىن خەۋەرمۇ يوق ، بەلكى ئۇ شەھەرلەردىن بەزى جايلاردا مۇنار ، تاملار ۋە خارابىلەردىن ئۆزگە ئەسەر قالماپتۇ . بەزى شەھەرلەردە مەدرىسە ـ مەسچىت پەشتاقلىرى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان بولسا ، ئۇلارنىڭ ئىزنالىرى ساقلىنىپ قاپتۇ . ئىللا ماشائاللاھ (پەقەت تەڭرىنىڭلا خالىغىنى بولىدۇ) . نەزم :

يوق ئول جايدا ئادەمىدىن ئەسەر ،
ئۇلار ھالىدىن يوق كىشىدە خەبەر .

دېمەك ، موغۇلىستاندا ھېچ ئاۋاتلىق قالمىغاندى .
تولا مۇددەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن موغۇل خەلقىنىڭ ھەممىسى ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەندى . كامالەت ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى ئۇلار ئارىسىدا قالمىغان ، بەلكى پەزىلەت ۋە كامالەتنىڭ ئېتىمۇ خالايىقنىڭ ئېسىدىن پۈتۈنلەي يوقالغاندى . مىسرا :

---

[1] بۇ ئىسىم تېھران نەشرىدە «ھۇسەيىندىن» دېيىلگەن .

يوق ئېردى كەمال فەزلدىن نام ـ نىشا .

بولۇپمۇ موغۇللار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن موغۇلىستان خاراب بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللار ھەققىدە تارىخ كىتابى يوق . پەزىلەت ئىگىلىرى ئۆز زامانىدىكى ماۋەرائۇننەھر ، خوراسان ۋە ئىراق پادىشاھلىرى ھەققىدە يازغان تارىخ كىتابلىرىدا پەقەت شۇلارنىڭ مەقسەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغاندىلا موغۇل ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بەرگەن ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھېكايىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولمىسا سۈكۈت قىلغان . مەسىلەن ، خاجە رەشىدۇددىن فەزلۇللاھنىڭ «مەجمەئۇت ـ تەۋارىخ» ، خاجە ھەمدۇللا مۇستەۋفىينىڭ «تارىخى گۇزىدە» ، مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ، مەۋلانا ئابدۇررەززاقنىڭ «تارىخى مەنزۇمە» ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ «ئۇلۇسى ئەربەئە» قاتارلىق كىتابلىرىدا موغۇل ۋە جەتە پادىشاھلىرى ئەھۋالىدىن قىسقىچە بايانلار بار . ئەمما ، ئۇ كىتابلاردا موغۇل ئەھۋاللىرى تولۇق تەرتىپ بىلەن مەلۇم بولمايدۇ . بۇ كەمىنە خارۇزار بەندىنىڭ كىچىك ۋاقتىمدا قەدىمكىلەرنىڭ ئەھۋالىغا نىسبەتەن ھەۋىسىم بار ئىدى . ئۇ ۋاقىتتا موغۇل ئەمىرلىرىدىن يۈز ياشلىقلار ۋە ئۇنىڭدىن كونا ياشلىقلاردىن بار ئىدى . ئاتام — تەڭرى ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرلاندۇرغاي — نەزم :


ئاتامىكىم روھى بولغاي شادۇ مەسرۇر ،
ماڭا پىرانە بەردى پەندى مەشھۇر .

تاغام — تەڭرى ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغاي — ئاتىلىرىدىن ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەردىن موغۇل پادىشاھلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تولۇق تەرتىپ بىلەن نەقىل قىلاتتى . ھازىر نەچچە مۇددەتلەر ئۆتتى ، ئۇ زامانىدىكى خەلقتىن ھېچ كىشى قالماپتۇ . بۇ كەمىنە مۇھەممەدھەيدەرنىڭ خاتىرىسىگە شۇنداق كەچتىكى ، خۇدا خالىسا ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئىشىتكەن نەقىللەرنى بايان ۋە ئۆز

كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلەرنى ئايان قىلغايمەن. ئەمما، ناھايىتى ئىقتىدارسىزلىق ۋە بىلىمسىزلىكىم تۈپەيلىدىن بۇ ئۇلۇغ ئىشنى تولۇق ئادا قىلالماسلىقىمدىن قورقىمەن. دېمەك، ئۆزۈمنى ئىمتىھان قىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۆزۈم كۆرگەن ۋە بىلگەن ۋەقەلەرنى بايانِ قىلىشنى لايىق كۆردۈم. نەزم:

كۆرگىل مېنى تۈرفە مۇبتەلا قىلدى فەلەك،
پامالۇ غەم، رەنجۇ بەلا قىلدى فەلەك.

ئۇ ۋەقەلەردىن مەقسەت موغۇل پادىشاھلىرىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت، شۇڭا بۇ ۋەقەلەر تولۇق بايان قىلىنىدۇ. چۈنكى، كەمىنە مۇئەللىپىنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىم ئۇنىڭ بىلەن باغلانغان. پۈتۈن ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ نۇسخا تامام بولۇپ، كۆرگۈچىلەرنىڭ مەرھەمەت نەزىرىگە ۋە ئىلتىپات كۆزلىرىگە مۇشەررەپ بولسا، ئەپۇ ۋە مەقبۇللۇق تونلىرىنى كىيدۈرسە، كۆڭلۈمگە شادلىق، خاتىرەمگە ئەمىنلىك ھاسىل بولىدۇ. ئەمدى تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن «تارىخى ئەسل» (ئەسلىي تارىخ)نى بايان قىلىشقا مەشغۇل بولىمەن.



# «تارىخى رەشىدي» ئىككىنچى دەپتىرى (كىتابى)نىڭ باشلىنىشى

## بىرىنچى باب

## يۇز يىلدىن بېرى موغۇل، ئۆزبېك ۋە چاغاتاي ئۇلۇسى ئارىسىدا يۇز بەرگەن ۋەقەلەر

كەمىنە مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان تۇغۇلغان كۈنلەردە، يەنى تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 905 ـ يىلى[①] [— زامانىنىڭ پەزىلەت ئىگىلىرى بۇ ۋاقىتتا «شەھزادەئى باشەرەف ۋە نۇرى چەشمى شاھ» دېگەن جۈملىنى تارىخ قىلىپ تېپىپتۇ —] موغۇل پادىشاھلىرىنىڭ دۆلىتى ئىلگىرىكى زامانغا ئۇلىنىپ تەرەققىي قىلماقتا ئىدى، چۈنكى بۇ زاماندا موغۇلىستان شەھىرىدىكىلەر قاراختاي[②]دىن ئىبارەت ئىدى. سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ زامانىدىكىدىن بەكرەك ئاۋات ئىدى، چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا تەخمىنەن تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 889 ـ يىلى[③] بولغان چاغلار بولسا كېرەك، موغۇللارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەر ۋە كەنتلەردە ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ ئاۋاتلىق يۈزىنى كۆرمىگەنىدى. مىسرا:

① ھىجرىيە 905 ـ يىلى مىلادىيە 1499 — 1500 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② قاراختاي — يوللىغ تايشى قۇرغان غەربىي لياۋ سۇلالىسى (مۇھەررىردىن).
③ ھىجرىيە 889 ـ يىلى مىلادىيە 1484 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

گورۇھى ئىدى چۇن سابۇغى جەبال .

دېمەك ، ئۇ ۋاقىتلاردا شاش يەنە بىر قانچە ۋىلايەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ موغۇللارنىڭ تەختىگە تەۋە بولدى ، پۈتكۈل موغۇلىستاننىڭ سەھرا ۋە باياۋانلىرى تولۇق ئىشغال قىلىندى . بۇنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇن ، خۇدا خالىسا «تارىخى ئەسلى»دە بايان قىلىنغۇسى .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىختىن تاكى (ھىجرىيە ) 908 - يىلى[①] بولغان مەزگىلگىچە موغۇل ئۇلۇسىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى باياشاتلىق بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى . بۇنىڭ تەپسىلاتى شۇكى ، پەقىرنىڭ ئاتام مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگان ، ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇلۇغ ئەمىر ، تەخت ۋە قىلىچ ئىگىسى بولغان ئەمىر سەييىدئەلى ، ئۇنىڭ ئاتىسى سەييىدئەھمەد[②] ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىككى ھەرەم شەرىپىگە مۇۋەپپەق بولغان ، تەرىقەت يولىغا كىرگەن ئەمىر خۇدايداد ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمىر بۇلاجى — تەڭرى ئۇلارنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي — ئىدى . ئەمىر بۇلاجى ئىسلامغا كىرگەن ۋە «ئىككى ئالەمدە قارا يۈز بولۇش» قاراڭغۇلۇقنى «ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئىزناسىدىن نىشانلەر بار»[③] نۇرىغا ئالماشتۇرغانىدى .

ئاتام مەملىكەت ۋە پۇقرالارنىڭ باشپاناھى ، ئادالەت ۋە خەير - ئېھسان ئىگىسى بولمىش ئۇلۇغ خان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ مۇلازىملىق شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان چاغدا ، سۇلتان مەھمۇدخان ئاتامنى ئۇلۇغ ئىلتىپات ۋە كاتتا ئىنايەتلەرگە ئېرىشتۈرگەنىدى . سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ نەسەبى شۇكى : سۇلتان مەھمۇدخان ، ئۇنىڭ ئاتىسى [سۇلتان] يۇنۇسخان ، ئۇنىڭ

---

① ھىجرىيە 908 - يىلى مىلادىيە 1502 — 1503 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

② بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ نۇسخىسىدا «مۇھەممەد» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان ، پارسچە نۇسخا ئاساسىدا تۈزىتىلدى .

③ «قۇرئان كەرىم» ، 48 - سۈرە فەتھ ، 29 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

ئاتىسى ئۇۋەيسخان ، ئۇنىڭ ئاتىسى شىرئەلى ئوغلان ، ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەدخان ، ئۇنىڭ ئاتىسى خىزىر خاجەخان ، ئۇنىڭ ئاتىسى تۇغلۇق تېمۇرخان — تەڭرى ئۇلارنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلاندۇرغاي — دۇر . تۇغلۇق تېمۇرخان دۆلەتمەن پادىشاھ بولۇپ ، مەشرىق دىيارىدا كۆپۈرلۇق كېچىسىنى ئىسلام قوياشى بىلەن نۇرلاندۇردى ، «تارىخى ئەسل»نى يېزىشتىن ئالىي مەقسەتمۇ ئاشۇ بەخت ـ سائادەتلىك تۇغلۇق تېمۇرخان — تەڭرى ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرلاندۇرغاي — نىڭ [ھىدايەت شەرىپىگە ئېرىشكەن] ئاجايىپ ھېكايىسىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت . بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى خۇدا خالىسا «تارىخى ئەسل»دە تولۇق بايان قىلىنغۇسى .

سۇلتان مەھمۇدخان ئاتامغا شاھانە ئىلتىپات ، خاقانلارچە مەرھەمەت قىلغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ، يەنە ئاتامنى كۆرەگانلىقنىڭ پەخىرلىك لىباسلىرى بىلەن شان ـ شەرەپكە ئىگە قىلىپ ، خۇبنىگار خانىم ئاتلىق قېرىندىشىنى نىكاھ قىلىپ بەرگەنىدى ، خۇبنىگار خانىم سۇلتان مەھمۇدخاندىن ياشتا چوڭ ئىدى . بۇ نىكاھ مۇراسىمى ئېھتىمال شاش ۋىلايىتىدە تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 899 ـ يىلى[1] ئۆتكۈزۈلگەنىدى . بۇ نىكاھتىن كېيىن ئۆرەتۆپە ئىسمى بىلەن مەشھۇر بولغان ئۇشتۇر ۋە ئۇشنە[2] ۋىلايەتلىرىنى ئەتراپىدىكى بارلىق مۈلكى تەئەللۇقاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئاتامغا بېرىپ ، ئاتامنى ئۆرەتۆپىگە رۇخسەت بىلەن يولغا سېلىپتۇ . ئاتام ئۆرەتۆپىدە توققۇز يىل ھۆكۈمەت تۇتۇپتۇ ، بۇ مۇددەت ئىچىدە كۆپ ۋەقەلەر يۈز بېرىپتۇ . ئاتام ئۆرەتۆپىدە ھاكىمىيەت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئالتە يىل[3] ئۆتكەندىن كېيىن پەقىر تۇغۇلغانىكەنمەن .

---

① ھىجرىيە 899 ـ يىلى مىلادىيە 1493 — 1494 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ . بۇ يىلنامە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە 809 ـ يىلى دېيىلىپ قالغان .

② ئۇشتۇر ۋە ئۇشنە دېگەن بۇ يەر نامى تېھران نەشرىدە «ئۇسرۇشنە» دېيىلگەن . ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى لېنىنئاد بىلەن سەمەرقەند ئارىسىدىكى ئۆرەتۆپە (مۇھەررىردىن ) .

③ يەنى ھىجرىيە 905 ـ يىلى ، مىلادىيە 1499 — 1500 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

ئەقىل ئىگىلىرىگە مەخپىي قالمىسۇنكى، ئۇ ئەسىردىكى پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ۋە ھەر بىرى قايسى ۋىلايەتتە ئىكەنلىكى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنمىغۇچە، بۇ ۋەقەلەر تولۇق يورۇتۇلمىغان بولىدۇ.

بۇ دەۋرلەردە فەرغانە ۋىلايىتى ئەندىجان مەملىكىتىنىڭ پايتەختى[①] ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد كۆرەگاننىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزا كۆرەگان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئىككى ئوغلى، يەنى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر پادىشاھ غازى ۋە جەھانگىر مىرزا كىچىك ياشلىق بولغانلىقتىن ئەمىرلەر ئۆزئارا قارشىلىشىپ، دائىم قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلىپ نۇرغۇن غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلەر يۈزەگە چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ۋەقەلەرنىڭ ئاخىرىنىڭ بەزىلىرى بۇ «مۇختەسەر»دە بايان قىلىنغۇسى.

سەمەرقەند، بۇخارا ۋىلايەتلىرىدە بايسۇنغۇر مىرزا ئىبنى سۇلتانئەلى مىرزا ئىبنى سۇلتان مەھمۇد كۆرەگان ئىبنى سۇلتان ئەبۇسەئىد كۆرەگان شاھىبېكخان بىلەن تولا جەڭگۈجىدەل قىلىپ ئاخىرىدا غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلەر يۈز بېرەتتى. شاھىبېكخاننىڭ ئاتىسى شاھ بۇداغخان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇلخەيرخاندۇر. شاھىبېكخان خاجەخاندىن قالسا ئۆز دەۋرىدىكى ھەممە پادىشاھلاردىن ئۇلۇغراق ئىدى. بۇ ۋەقەمۇ كېيىن بايان قىلىنغۇسى. خوراساندا سۇلتان ھۇسەين مىرزا تولۇق ئىستىقلالىيەت ۋە بۈيۈكلۈك بىلەن سۇلتانلىق تەختىدە ئولتۇرۇۋاتاتتى. گاھىدا سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىغا قارشى چىقىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن سۇلتان ھۇسەين مىرزا ئۇلارغا ئۇلۇغلۇق بىلەن زەربە بېرەتتى.

ئىراق مەملىكىتىدە ئۇزۇن ھەسەننىڭ ئوغلى سۇلتان يەئقۇب

---

① موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا خاتا كۆچۈرۈلۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، تېھران نەشرىدە «ئەندىجان فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ پايتەختى ئىدى» دېيىلگەن.

ۋاپات بولغاندىن كېيىن شاھزادىلەر كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن سەلتەنەت ئىشلىرىغا تەسىر يەتتى . سۇلتان شاھ ئىسمائىل — ئۇنىڭ قەھر - غەزىپى ئالەمگە قوشۇلغان زەھەر كەبى ئىدى — ئىسيان قىلىپ ، پادىشاھلارنىڭ دىماغلىرىدىن دۇت چىقىرىۋەتتى . مەملىكەت ، مىللەت ۋە دىن ئىشلىرى ئۇ مەملىكەتتە پۈتۈنلەي يوقىلىش گىردابىغا يۈزلەندى .

دەشتى قىپچاقتا ۋە جۇچىخاننىڭ ئۇلۇسىدا بۇرۇندۇقخان[1] بار ئىدى ، تامامى جۇچى نەسلىدىن بولغان پادىشاھلار ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا ئىدى . ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ تولىلىقى يامغۇر تامچىلىرىدەك كۆپ ئىدى . ئۇلار بىلەن موغۇللار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر زىكىر قىلىنغۇسى .

ھازىر تاشكەند ئىسمى بىلەن مەشھۇر بولغان شاش ۋىلايىتىدە سۇلتان مەھمۇدخان بار ، سۇلتان يۇنۇسخان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئاتىسى ئىدى . تاكى شۇنىڭ ئەھۋاللىرىنى قىسقىچە بايان قىلمىغۇچە سۆز تەرتىپكە چۈشمەيدۇ ، چۈنكى كۆپ ۋەقەلەر ئاشۇ ھېكايىگە مۇناسىۋەتلىك .

## ئىككىنچى باب

# يۇنۇسخاننىڭ خان بولۇشى ، پەرزەنتلىرىنىڭ سانى ھەققىدە قىسقىچە بايان

سۇلتان يۇنۇسخان چاغاتاي نەسلىدىن بولغان خانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سەردارى ۋە ئۇلۇغى ، خانلار ئىچىدە كۆپ ئىشلاردا

---

[1] خەنزۇچە نەشرىدە «باراندۇق خان» (Baranduk khan) دېيىلگەن . ئۇ ئاق ئوردا خانلىقىدىكى كىرەيخاننىڭ ئوغلى (مۇھەررىردىن) .

ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى . شۇ جۈملىدىن ئىلگىرىكى چاغاتاي نەسلىدىن بولغان خانلارنىڭ كۆپىنچىسى قىرىق ياشتىن ئۆتمىگەن ، بەزىسى قىرىق ياشقىمۇ يەتمىگەنىدى . ئەمما ، سۇلتان يۇنۇسخان يەتمىش تۆت يىل ئۆمۈر كۆردى ۋە ئاخىرقى ئۆمرىدە توۋا قىلىش شەرىپىگە ئېرىشىپ تەرىقەت يولىغا كىرگەنىدى . ئۇ مۇرىتلىق نىسبىتىنى مۇۋەپپەقىيەت يولباشچىسى ، تەڭرى دەرگاھىنىڭ يېقىن كىشىسى ھەزرىتى ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللا ئەھرار — تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — غا يەتكۈزۈپ قول بەرگەنىدى . ئۇ زاتنىڭ پەرىشتىلەر دەرگاھىدىن نىشان بەرگۈچى ئاستانىسىدە خىزمەتكارلىق دۆلىتىگە ئېرىشكەنىدى . بۇ كىتابتا ھەرقانداق جايدا «ھەزرىتى ئىشان» دېگەن ئىبارە زىكىر قىلىنسا ، بۇ دەل ھەزرىتى خاجە ئەھرار ۋەلى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نى كۆرسىتىدۇ .

سۇلتان يۇنۇسخان شۇ ئەسىردىكى شەيخلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سۆھبىتىگە ئېرىشكەنىدى . ئۆزىنىڭ مۇبارەك زاتىمۇ شۇنداق پەزىلەتلەر بىلەن بېزەلگەنىدىكى ، ئىنتايىن چىرايلىق قىرائەت قىلىدىغان قارىي ئىدى ؛ ساۋادى راۋان ، تەبىئىتى گۈزەل ئىدى ؛ مىجەزى كۆڭۈلگە يېقىشلىق بولۇپ ، ھەممە ھۈنەردە كامىل ، ھۆسنخەت يېزىش ، مۇئەممالارنىڭ جاۋابىنى تېپىش ۋە سۈرەتكەشلىكتە تەڭداشسىز ئادەم ئىدى . مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ سۆھبەتلىرىگە ئېرىشىپ ئون ئىككى يىل شاگىرتلىق قىلغان ، تولا مۇساپىرلىق ۋە غېرىبەتچىلىك تارتقانىدى . ئۇنىڭ سەپەر قىلغان ۋەقەلىرى ، غېرىبەتچىلىك تارتقان ھادىسىلىرى ، ئىلىم ۋە پەزىلەت ئىگىلىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ۋە خانلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنىڭ تەپسىلاتى خۇدا خالىسا «تارىخى ئەسل»دە بايان قىلىنغۇسى .

ئۇ گۈزەل ئەخلاق ۋە يېقىملىق سۈپەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەنىدى ، بۇنچىۋالا كامالەتكە ئىگە بولغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە

ئۇلۇغلۇق ۋە ئەقىل - پاراسەتتە تەڭداشسىز ، هاكىمىيەت تەدبىرلىرىدە ، شىجائەت ۋە پالۋانلىقتا يېگانە ، خۇسۇسەن ئوق ئېتىشتا ئۆز دەۋرىنىڭ بىردىنبىر ماھىرى ئىدى — تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي .

سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ يەتتە پەرزەنتى بار ئىدى .

بىرىنچىسى مېھرىنىگار خانىم بولۇپ ، ئۇنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا نىكاھ قىلىپ بەرگەن ، ئۇلاردىن پەرزەنت قالمىدى .

ئىككىنچىسى قۇتلۇقنىگار خانىم بولۇپ ، ئۇنى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا نىكاھ قىلىپ بەرگەن ، ئۇلاردىن ئىككى پەرزەنت قالدى . ئۇنىڭ بىرى خانزادە بېگىم بولۇپ ، ھازىرغىچە پاكلىق پەردىسى ئىچىدە مەستۇرە بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . يەنە بىرى بابۇر پادىشاھ بولۇپ ، جاھان ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ھىممەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ . بۇنىڭ تەپسىلاتىمۇ «تارىخى ئەسل»دە بايان قىلىنغۇسى ، بۇ «مۇختەسەر»دە ھازىرچە قىسقىچە بايان قىلدۇق .

ئۈچىنچىسى خۇبنىگار خانىم بولۇپ ، ئۇنى پەقىر مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئاتامغا نىكاھ قىلىپ بەرگەنىدى .

تۆتىنچىسى سۇلتان مەھمۇدخان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەھۋاللىرى تۆۋەندە بايان قىلىنغۇسى .

بەشىنچىسى سۇلتان ئەھمەدخان بولۇپ ، «ئالاچەخان» لەقىمى بىلەن شۆھرەت قازانغانىدى . بۇنىڭ ئەھۋاللىرىمۇ تۆۋەندە زىكىر قىلىنغۇسى .

ئالتىنچىسى سۇلتاننىگار خانىم بولۇپ ، ئۇنى مىرزا سۇلتان مەھمۇدقا نىكاھ قىلىپ بەرگەنىدى . ئۇنىڭدىن بىر پەرزەنت قالغان بولۇپ ، ئىسمى مىرزاخاندۇر ، مىرزاخاننىڭ ئوغلى سۇلەيمان شاھ ھازىر بەدەخشاندا پادىشاھتۇر .

يەتتىنچىسى دەۋلەتسۇلتان خانىم بولۇپ ، تاشكەند پاراكەندىچىلىكى مەزگىلىدە شاھىبېكخاننىڭ ئوغلى تېمۇر سۇلتاننىڭ قولىغا چۈشكەنىدى . ئۇنىڭ تەپسىلاتىمۇ زىكىر قىلىنغۇسى .

## ئۈچىنچى باب

# يۇنۇسخان ئىشلىرىنىڭ ئاخىرى، پەرزەنتلىرىدىنىڭ ئەھۋاللىرى، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ خان بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا نۇقسان يەتكەنلىكىنىڭ قىسقىچە بايانى

سۇلتان يۇنۇسخان سەلتەنىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، موغۇللار پۈتۈنلەي قەدىمكى موغۇل ئادىتى بىلەن موغۇلىستاندا تۇراتتى، شەھەر ۋە كەنتلەردىن بەك ئېھتىيات قىلىپ قاچاتتى. باشقا خالايىقلار ئارىسىدا موغۇلنىڭ كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان ئېتىلا بار، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئېتىمۇ يوق ئىدى. پۈتكۈل موغۇل ئاھالىسىنى ھەممە ۋىلايەتتە باشقا كۆپپارلارغا ئوخشاش قۇل قىلىپ سېتىشاتتى.

«سۇلتان يۇنۇسخاننى كۆردۈم. پادىشاھى مۇنداق كامىل مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ پۇقرالىرىنى قۇل قىلىپ سېتىش دۇرۇس ئەمەس» دېگەن مەكتۇپ ئەۋەتىلگەن تارىختىن كېيىن ئىسلام دىيارلىرىدا ھېچكىم موغۇل خەلقلىرىنى قۇل سۈپىتىدە ئېلىپ ـ ساتمىدى.

دېمەك، موغۇل خەلقى ئەنە شۇنداق قوۋم ئىدى. مەرھۇم خان بۇ قوۋم ئۈچۈن ھەممە ھىممەتلىرىنى سەرپ قىلدى. بۇ قوۋم تاكى شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشمىغۇچە ھەرگىز مۇسۇلمانلىقنى بەجا كەلتۈرەلمەيدۇ، دەپ نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئاخىر ئارزۇ قىلغاندەك بولدى، ئاشۇ ھالەتتە سۇلتان يۇنۇسخان موغۇل خەلقىنى تاشكەندكە ئېلىپ كەلدى، ئۇلاردىن بىر مۇنچىسىنىڭ تاشكەندكە بېرىشقا مۇتلەق رايى يوق ئىدى. ئۇلار خاننىڭ كىچىك

ئوغلى ئەھمەدخاننى ئېلىپ قېچىپ موغۇلىستاندا قالدى . خان چوڭ ئوغلى مەھمۇدخان بىلەن بىللە قالغان موغۇل خەلقىنى ئېلىپ تاشكەندكە كەلدى . بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئۇزۇن ، خۇدا خالىسا «تارىخى ئەسل»دە بايان قىلىنغۇسى .

سۇلتان يۇنۇسخان مەملىكەتنى سۇلتان مەھمۇدخانغا ، جاننى خۇداۋەندە رەھمانغا تاپشۇرۇپ ئەبەدىيلىك سارىيىدا ئارام تاپتى . موغۇللارنىڭ رەسىم - قائىدىلىرى بويىچە سۇلتان مەھمۇدخاننى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى ، لېكىن قەدىمدىن قالغان بىر ئادەت شۇكى ، ۋارىسلار ئاتىسىدىن قالغان مال ۋە مىراسلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلمەيدۇ ، شۇنىڭغا ئوخشاش سۇلتان مەھمۇدخانمۇ ئاتىسىدىن قالغان ئۇلۇغ ئەمىرلەرنىڭ قەدرىنى بىلمىدى ، ئۇلارنى ئەزىز ۋە تەۋەررۇك بىلمىدى . شۇ سەۋەبتىن سەلتەنەت ئىنتىزامىغا كۆپ زىيانلار يەتتى . بىر توپ رەزىللەر سۇلتان مەھمۇدخانغا يېقىن مەھرەم بولۇۋالدى . ئۇلارنىڭ ناچار پىكىرلىرى ۋە ناتوغرا تەدبىرلىرى تۈپەيلىدىن كونا دوستلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى ، كونا دۈشمەنلەر ئۆزلىرىنى يېڭى دوست قىلىپ كۆرسىتىپ غەلىبە قىلدى . ئاخىر ئىش شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، ئۇلارنى يوقاتماقتىن ، بەلكى ئۆز مەملىكىتىنى مۇھاپىزەت قىلىشتىن ئاجىز كەلدى . بۇ خەۋەر ئالاچەخانغا يەتتى . گەرچە موغۇلىستان ۋە ئۇنىڭ قەسرى ئەتراپىدا ھەم ئەتراپىدىكى يۇرتلاردا پىتنە - پاساتچىلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ، ئۇلارغا قارىماستىن ئۆز ئورنىدا چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننى قويۇپ ، ئالاچەخان ئۆز ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ خىزمىتىگە راۋان بولدى .

تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 909 - يىلى[1] بولغانىدى . خانلىق

---

① ھىجرىيە 909 - يىلى مىلادىيە 1503 — 1504 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ . بۇ يىلنامە موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان . پارىسچە نۇسخىدا ، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە ھىجرىيە 907 - يىلى (مىلادىيە 1501 — 1502 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ) دېيىلگەن .

ئاسمىنىنىڭ قۇياشى بىلەن ئۇلۇغلۇق كۆكىنىڭ تولۇن ئېيى شەرەپ بۇرجىدا يېقىنلىشىپ ، ئىككى خان بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشتى ، بۇ ۋەقەدىن دۇشمەنلەرنىڭ كۆڭۈل مەيدانى لەرزىگە كەلدى .

خان قەدەم تەشرىپ قىلىشتىن يېرىم يىل ئىلگىرى پەقىرنىڭ ئانام بۇ ئالەمدىن ئاخىرەتكە كۆچكەنىدى . ئانامنىڭ ئالتە پەرزەنتىنىڭ ھەممىسى سۈت ئېمىدىغان ۋاقتىدا ۋاپات بولغان ، ئۇلاردىن كېيىن تۆت پەرزەنت قالغانىدى . ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە بايان قىلىنىدۇ .

پەقىرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىم ئىچىدە بىر ئاجايىپ ۋەقە شۇكى ، سۈت ئېمىدىغان ۋاقتىمدا ئېغىر بوۋاسىر كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپتىمەن ، تېۋىپلار ئۇنىڭغا ئىلاج قىلىشتىن ئاجىز بولۇپتۇ . ئانام مەندىن ئىلگىرى تۆت قىز پەرزەنت تۇغقانىكەن ، [ ئەي بولماپتۇ .] ئوغۇل پەرزەنت تەلەپ قىلىپ مازارلارغا ۋە شۇ دەۋردىكى ماشايىخلارغا تولا نەزىر قىلىپ ، مىننەتسىز ئاتا قىلغۇچى تەڭرى دەرگاھىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت تىلىگەنىكەن . تولا تەلەپ ۋە ئارزۇ قىلغاندىن كېيىن پەقىر ۋۇجۇدقا كەلگەنىكەنمەن . شۇ سەۋەبتىن ئاتا - ئانامنىڭ ماڭا مېھىر - مۇھەببىتى ھەددىدىن تاشقىرى ئىدى .

بوۋاسىر كېسىلىم ئېغىرلاشقاندا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۇئاگۇي ئۇلۇغلارغا ئىلتىجا قىلىپتۇ . ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد قازى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ھەزرىتى خاجە ئەھرار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ ئۇلۇغ سۆھبەتداشلىرىدىن ئىدى ، ھازىر نەسەب سىلسىلىسىگە ئىگە بولۇۋاتقان خاجەلەر دەل شۇلاردۇر . كۆپلىگەن خالايىق ئۇلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۇلۇغلۇق سىلسىلىسىگە ئېرىشىپتۇ . ئاتا - ئانام ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد قازى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىپتۇ . ھەزرىتى مەۋلانا كەرەملىك خىسلەتلىرىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ بىزنىڭ ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ

قىلىپتۇ ، پەقىرنى ئۇ زاتىنىڭ مەسىھا كەبى نەزەرلىرىگە كەلتۈرۈپتۇ . ھەزرىتى مەۋلانا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ : «ئەگەر مىرزىنىڭ پەرزەنتى بۇ ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام ، ھەرگىز كەلمەس ئىدىم» دەپ ھېچقانداق دورا بۇيرۇماي چىقىپ كېتىپتۇ ، پەقەت ئازراق پەرھىزلا بۇيرۇپتۇ .

لېكىن ، ئۇ خىلۋەتتە تەڭرى دەرگاھىغا يۈز كەلتۈرۈپ ئولتۇرغانىكەن ، بىر سەھەردە خادىملىرىدىن بىرىنى ئاتا ـ ئانامنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ . ئۇ ئەۋەتكەن خادىمغا : «مىرزىغا ۋە خانىمغا بېشارەتنى يەتكۈزگىن . پەرزەنتىگە ھەقىقىي ھېكىم بولغان تەڭرىتائالا ئۆزىنىڭ غايىب دورىخانىسىدىن ساغلاملىق شەربىتى ۋە ھاياتلىق غىزاسى ئاتا قىلدى» دەپتۇ . بۇ خۇش خەۋەر ئاتا ـ ئانامغا يېتىپتۇ ، ئاتا ـ ئانام دەرھال ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئىشىكىگە بېرىپ نەزىر ـ نىيازلار قىلىپ يېنىپتۇ . شۇ كۈنى ياخشىلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولۇپتۇ ، تاكى بۇگۈنگىچە بوۋاسىر كېسىلىم قوزغىلىپ باقمىدى . بۇ كېسەلنىڭ قايتا قوزغالمىغانلىقى ئۇ ھەزرەتنىڭ كارامەتلىرىدۇر . گەرچە بوۋاسىر كېسىلى ئادىمىزاتنىڭ ئۆمرىگە شېرىك بولۇپ يېقىن تۇرىدىغان كېسەل بولسىمۇ ، شۇ تارىختىن تاكى ئاخىرقى ھاياتلىرىغىچە ھەزرىتى مەۋلانا پەقىرنىڭ ئىنايەت پەردىلىرى ۋە تەربىيەت ئالىقانلىرىدا ئاشكارا ۋە مەخپىي مۇھاپىزەت قىلاتتى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەپسىلاتى ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە بايان قىلىنغۇسى .

ۋاقتىكى ، ئانام ھايات گۆھىرىنى ئاخىرەت خەزىنىچىسىگە تاپشۇردى . شۇ كۈنلەردە بۇخارا ۋە سەمەرقەندتە شاھىبېكخان ئىستېلاچىلىق بىلەن غەلىبە قىلىپ ، تېمۇرىيلەر سۇلتانلىرى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندى . خۇسۇسەن بابۇر پادشاھ خانلارنىڭ جىيەنى ئىدى ، ئۇمۇ شىكەستە يېدى . ئۇنىڭدىن كېيىن شاھىبېكخان ئىتائەت ۋە دوستلۇقنى غورۇر ، ئىسيان ۋە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتتى ، تەكەببۇرلۇق ۋە زىددىيەت ناغرىلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا چېلىشقا باشلىدى . بۇ ھالەتتە مەھمۇدخاننىڭ

جۇرئەتسىزلىكىدىن ئۇمەر شەيخ مىرزىنىڭ مۇلازىملىرىدىن سۇلتان ئەھمەد تەنبەل گەرچە ئۇنىڭ زاتى موغۇل ئەمىرلىرىدىن بولسىمۇ، ئەمما ئەندىجاندا ئىسيان قىلىپ قارشىلىق ئوقىنى سۇلتانلىق تەرىپىگە قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. سۇلتان ئەھمەد تەنبەلنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ھەر ئىككى خان بارغانىدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئۆز ئوغلى سۇلتان مۇھەممەد سۇلتاننى ئۆز ئورنىدا دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا تاشكەندكە قويۇپ، ئاتامنى ئۆرەتۆپىدە شاھىبېكخانغا تاقابىل تۇرۇشقا قويغانىدى. بۇ دۈشمەنلەر بۇ ئىككى لەشكەردىن ئۆتۈپ كېلەلمەس دەپ گۇمان قىلغانىدى، ھالبۇكى شاھىبېكخان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، «بۇ ئىككى خاننى ھەرگىز مۇنداق ئاز لەشكەر بىلەن تاپالمايمەن» دەپ سەمەرقەندتىن لەشكەرلىرى بىلەن فەرغانىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى ۋە يۈرۈشتە ئۆرەتۆپە ئۈستى بىلەن كەلدى. خەلق ئۇلارنى ئۆرەتۆپىنى مۇھاسىرە قىلىشقا كەلدى، دەپ گۇمان قىلىپ شەھەرنى بېكىتىپ قەلئە ئىچىنى چىڭ ساقلىدى. شاھىبېكخان نامازدىگەر ۋاقتىدا شەھەرگە يېقىن بىر يەرگە چۈشتى، كېچە بولغاندا ئۇ مەنزىلدىن كۆچۈپ ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە فەرغانىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن قەلئەدىكى خالايىقلار ئۇلارنىڭ فەرغانىگە يۈرۈپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۇرۇپ، بۇ ۋەقەنى خانلارغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئارقىمۇئارقا خەۋەرچى ئەۋەتتى. ئەمما، خەۋەرچىلەر بىلەن دۈشمەنلەر تەڭلا يېتىپ كەلدى. تاشكەندتىكى ۋە ئۆرەتۆپىدىكى لەشكەرلەر ھەرىكەت قىلغۇدەك پۇرسەت بولمىدى، خانلار بىلەن ئون بەش مىڭغا يېقىن لەشكەر بار ئىدى. چۈنكى، ئالدىنقى يىلى خانلار تەنبەلنىڭ ئۈستىگە بېرىپ ئۇنى ياخشى ئەدەپلەپ قويۇپ قايتقاچقا، ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە شان - شۆھرىتى قالمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن خانلار ئۇنى بۇ نۆۋەت جەزمەن تارمار بولىدۇ، دەپ ئويلاپ بابۇر پادىشاھنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ بارغانىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت تەنبەل قاچقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا بابۇر پادىشاھنى

ئولتۇرغۇزۇش ئىدى . خانلار تېخى ئەندىجانغا يەتمىگەنىدى . ئۇ ۋىلايەتنىڭ مۇستەھكەم قەلئەسىدىن بىرى بولغان ئاخسى قەلئەسىدە تەنبەلنىڭ ئىنىسى شەيخ بايەزىد قەلئەنى ساقلاپ تۇرغانىدى . شۇ ئەسنادا شاھىبېكخانىنىڭ لەشكەرلىرى شۇ قەدەر تېز سۈرئەتتە يېتىپ كەلدىكى ، تېزلىك بىلەن سەپ تۈزدى . ھەر تەرەپتىن سۈرەن - چوقان پەيدا بولدى ، چۈنكى دۈشمەنلەرنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ ئىدى . خانلارغا ئاجىزلىق ۋە مەغلۇبىيەت يۈزلەندى .

مىسرا :

مۇبادا دەردمەندىغە شىكەست ئۈزرە شىكەست بولغاي .

شۇنداق قىلىپ خانلارنىڭ ئېتى كاردىن چىقتى ، ھەممىسى دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى . بابۇر پادىشاھ فەرغانىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تاغلارغا قېچىپ كەتتى . شاھىبېكخان تاشكەندنى قولغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن خانلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ : «سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بىلەن غەلىبىگە ئېرىشتىم ھەم سىلەرنىمۇ قولغا چۈشۈردۈم . ئەمدى سىلەرنى ئۆلتۈرمەي قويۇپ بېرىمەن» دېدى .

بۇ يەردە بىر ئەمەلدارنىڭ ھېكايىتى ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى : بىر ئەمەلداردىن گۇناھ سادىر بولغانىكەن ، ھاكىم مۇسادىرە قىلىش يولى بىلەن ئۇنىڭغا بىرمۇنچە پۇل جەرىمانە قويۇپتۇ . ئۇ ئەمەلدار ئۇنى تېپىپ بېرىشكە ئاجىز كەپتۇ ، شۇڭا ئۇنى قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئازابلاپتۇ . بۇنى كۆرگەن بىر رەھىم - شەپقەتلىك خاجە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ، ئۇ ئەمەلدارغا قويۇلغان جەرىمانە پۇلنى بېرىپ ئۇنى بۇ ئازابتىن خالاس قىلىپتۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ كۆپ مېھرىبانلىقلار بىلەن مېھمان قىلىپتۇ . بىر كۈنى ئۇ ئەمەلدار ئۆز ئوغلى بىلەن سىردىشىۋاتقانىكەن ، خاجە تامنىڭ كەينىدە ئۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇ . ئوغلى ئاتىسىدىن : «خاجەنىڭ بىزگە قىلغان

ياخشىلىق ۋە مېھرىبانلىقلىرىنى قانداق خىزمەت بىلەن قايتۇرار-
مىز؟» دەپ سوراپتۇ . ئەمەلدار ئوغلىغا : «ئىلگىرىكى مەنسىپىم
قولۇمغا كەلسە ، بۇنىڭ چارىسى ئاسان» دەپتۇ . ئوغلى : «بۇنچىۋالا
زور ياخشىلىقنــى ياندۇرۇش قانداقمۇ ئاسان بولسۇن؟» دەپ
سوراپتۇ . ئەمەلدار : «ئىلگىرىكى مەنسىپــم قولۇمغا كەلسە ،
خاجەگە بىر گۇناھنى ئارتىپ ئـۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ مال - دۇنيا
جەرىمانە قويىمەن . خاجە ئۇنى تېپىپ بېرەلمەيدۇ ، مەن ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىر رەھىمسىز زالىمنــى ئەۋەتىپ قىيىن - قىستاققا
ئالىمەن . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىلاجسىز بار - يوقىــنىــڭ
ھەممىسىنى بېرىدۇ ، قالغىنىنى نۇرغۇن مىننەتلەرنى قىلىــپ
كەچۈرۈم قىلىپ خاجەنى خۇشال قىلىمەن» دەپتۇ .

ئەلقىسسە ، خانلارنىڭ ئەسىر بولغانلىق خەۋىرى تاشكەندكە
يەتتى . سۇلتان مۇھەممەد سۇلتان خوتۇن ، بالا - چاقىلىرىنى
ئېلىپ موغۇلىستانغا بەدەر كەتتى ، ئاتام بىلەن تاغاممۇ بىر مۇنچە
كىشىلەر بىلەن كەتتى .

خانلار ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن شاھىبېكخان : «تا مۇشۇ
ۋاقىتقىچە خانلار نەسلىدىن بىر ئايالغا نىكاھلىنىشنى ئىلتىماس
قىلىپ كەلگەنىدىم ، قوبۇل بولمىدى . ئەمدى ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۈچ
ئايالنى نىكاھ قىلىپ بېرىشىڭلار كېرەك» دەپ خاننىڭ يۇقىرىدا
ئىسمى زىكىر قىلىنغان كىچىك سىڭلىسى دەۋلەتسۇلتان خانىمنى
ئۆزىنىڭ ئوغلى تېمۇر سۇلتانغا نىكاھلىدى . يەنە خاننىڭ ئىككى
پاك ۋە ئىپپەتلىك قۇياش سۈپەت خانىشىدىن بىرىنى ئۆزىگە ، يەنە
بىرىنى جانىبېك سۇلتانغا نىكاھلىدى . شاھىــبېكخانغا نىــكاھ
قىلىنغان خاننىڭ ئىسمى ئائىشە سۇلتان خانىم بولۇپ ، «موغۇل
خانىم» لەقىمى بىلەن مەشھۇر ئىدى . جانىبېك سۇلتانغا مەنسۇپ
قىلىنغان خانىشنىڭ ئىسمى قۇتلۇقنىگار خانىم ئىــدى . ھازىر
ئۇلاردىن قالغان پەرزەنتلىرى ماۋەرائۇننەھردە سەلتەنەت ئىشلىرى
بىلەن مەشغۇلدۇر .

خانلارنىڭ قەدىم يۇرتلىرى موغۇلىستان ئىدى ، خانلار ئۇ

يەرگە باردى . سۇلتان ئەھمەدخان كېسەلگە دۇچار بولۇپ سەلتەنەت بېغىدىن جەننەت بېغىغا يۇرۇپ كەتتى ، بۇ ۋەقە تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 909 ـ يىلى[1]نىڭ ئاخىرىدا يۈز بەردى .

خاجە تاجىددىن مۇھەممەد ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ شەيخۇلئىسلام ، ھەقىقەتەن ئەزىز ، پەزىلەتلىك ، ئۇلۇغ زات ئىدى . پەقىر كەمىنىگە ئۇ زات مۇنداق نەقىل قىلىپ بەرگەنىدى :

خان كېسەل بولغان ۋاقىتتا ئۆزى يالغۇز قالغان پەيتتە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم : «كىشىلەر ئاغزىدا ھەزرىتىڭىزگە شاھبېكخان زەھەر بېرىپتۇ ، دېگەن سۆزلەر تارقىلىپتۇ . ئەگەر شۇنداق گۇمان بولسا ، زەھەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن تەرياك ئىشلىتىش لازىم بولىدۇ .» خان ئېيتتىكى : «توغرا ، شاھبېكخان ماڭا زەھەر بەردى . بۇ زەھەر شۇكى ، زەھىرى شۇ قەدەر يۇقىرى دەرىجىگە يەتتىكى ، مېنى ۋە ئاكامنى تۇتتى ، ئاندىن يەنە ئازاد قىلدى . بۇ قەدەر ئار ـ نومۇس ۋە ھاقارەت تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم . ئەگەر بۇ زەھەرگە تەرياك تېپىلىدىغان بولسا ، مەنپەئەت قىلسا كېرەك .»

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئون سەككىز ئوغلى بار ئىدى . ھەممىسىدىن چوڭى مەنسۇرخان بولۇپ ، شۇ كۈنلەردىن باشلاپ تاكى بۈگۈنكى كۈنلەرگىچە ، يەنى ھازىر تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 948 ـ يىلى[2] بولدى ، ئاتىسىنىڭ يۇرتىغا مۇستەقىل پادىشاھتۇر . مەنسۇرخاننىڭ ۋەقەلىرىدىن قانچىلىك مەلۇماتىم بولسا ، ھەممىسى بۇ كىتابتا بايان قىلىنغۇسىدۇر .

ئىككىنچى ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتان . ئۇ ئاز مۇددەتتىن كېيىن كېسەل بىلەن ئاتىسى قېشىغا كەتتى .

ئۈچىنچى ئوغلى سۇلتان سەئىدخان . ئۇنىڭ ھەممە ئەھۋالى بايان قىلىنغۇسىدۇر . بۇ كىتابنىڭ ھەر قانداق يېرىدە يالغۇزلا

---

① ھىجرىيە 909 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى مىلادىيە 1504 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

② ھىجرىيە 948 ـ يىلى مىلادىيە 1541 — 1542 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

«خان» دېيىلسە، بۇ سۆز سۇلتان سەئىدخاننى كۆرسىتىدۇ.

تۆتىنچى ئوغلى باباچاق سۇلتان. ئۇ تاكى بۇگۈنگىچە مەنسۇرخاننىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتىدۇ.

بەشىنچى ئوغلى شاھ شەيخ مۇھەممەد سۇلتان. تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 942 ـ يىلى[①] بولغاندا يەر تەۋرىگەندى، ھەرەمخانىسى يىقىلىپ نەچچە پەرزەنتلىرى بىلەن بېسىلىپ قازا تاپتى.

ئالتىنچى ئوغلى سۇلتان خەلىل سۇلتان. ئۇنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغاندا زىكىر قىلىنغۇسى.

يەتتىنچى ئوغلى ئەمىن خاجە سۇلتان. ئۇنىڭ ئەھۋاللىرىمۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغاندا سۆزلەنگۈسى.

سەككىزىنچى ئوغلى چىنتىمۇر سۇلتان. ئۇ نەچچە مۇددەتلەرگىچە مەنسۇرخاننىڭ خىزمىتىدە بولدى، ئاخىر قېچىپ خاننىڭ قېشىغا كەلدى. مەنسۇرخان تەلەپ قىلىپ كىشى ئەۋەتىپ ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە قېچىپ كەلدى. بۇ ئەھۋال نەچچە نۆۋەت تەكرارلاندى، ئۇ ئاخىر قېچىپ ھىندىستانغا بېرىپ بابۇر پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە تۇردى. ئۇيەردە ناھايىتى ياخشى خىزمەتلەرنى قىلدى، بابۇر پادىشاھمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىززەت ـ ھۆرمەتلەرنى قىلدى، يۈز ـ خاتىرىسىنى ساقلىدى. ئاخىر ئەگرەدە ئىسھال كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى ۋە شۇ شەھەردە دەپنە قىلىندى.

توققۇزىنچى ئوغلى يۇسۇنتىمۇر سۇلتان. ئۇمۇ چىنتىمۇر سۇلتانغا ئوخشاش ئىككى خاننىڭ ئارىسىدا كېلىپ ـ كېتىپ يۈرۈپ، تەڭقىسلىقتا قېلىپ ئاخىر قازاق تەرەپكە قېچىپ باردى. ئۇ يەردىن تۇرقازاق[②]قا باردى. ئۇ يەردىن بۇخاراغا —

---

① ھىجرىيە 942 ـ يىلى مىلادىيە 1534 — 1536 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يىلنامە پارسچە نۇسخىدا، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە 940 ـ يىلى (مىلادىيە 1533 — 1534 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ) دېيىلگەن.

② خەنزۇچە نەشرىدە «تۇران» (Turan) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

ئەبدۇللاھخاننىڭ قېشىغا باردى . ئۇ يەردىن ھىندىستانغا بابۇر پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە باردى ، پادىشاھ ئۇنىمۇ ئىززەت - ئىھتىرام بىلەن كۈتۈۋالدى . تاكى بۈگۈنگىچە ھىندىستاندا تۇرۇۋاتىدۇ .

ئونىنچى ئوغلى توختە بۇغا سۇلتان . ئۇمۇ ھىندىستانغا بېرىپ كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى .

يەنە سەككىز ئوغلى كىچىك ۋاقتىدا ھەممىسى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغانىدى .

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ تۆت قىزى بار ئىدى :

بىرىنچىسى لەئلشاد خانىم . ئۇنىڭ ئېتىبارى شۇ قەدەر يۇقىرى ئىدىكى ، گويا ئاتىسىنىڭ ئاپىسىدەك ئەزىزلىنەتتى . ئۇنى دۇغلات قوۋمىدىن ئەمىر جەبباربەردىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەمىر مىرزىغا بەرگەنىدى . ئالاچەخاننىڭ ھۆكۈمىتىدە ئۇلۇسبېگىلىك مەنسەپ مۇتلەق شۇلارغا تەۋەدۇر .

ئىككىنچىسى ماھىم خانىم . ئۇنى ئەدىك سۇلتاننىڭ ئوغلى بويلاشخانغا نىكاھ قىلىپ بەرگەنىدى .

ئۈچىنچىسىنى كەمىنە مۇھەممەدھەيدەرگە نىكاھ قىلىپ بەرگەنىدى . ئۇنىڭ تەپسىلاتى كېيىن بايان قىلىنغۇسى .

تۆتىنچىسى خەلچە سۇلتان خانىم① . سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن مىرزا ئەبابەكر ئاقسۇنى ئىستېلا قىلدى . ئاقسۇ سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ پايتەختى ئىدى . شۇ كۈنلەردە خەلچە سۇلتان خانىم مىرزا ئەبابەكرنىڭ قولىغا چۈشتى ، ئۇنى مىرزا ئەبابەكر ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپ ئوغلى جەھانگىر مىرزىغا ئېلىپ بەردى . جەھانگىر مىرزا قەتل قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنى شاھمۇھەممەد سۇلتان ئىبنى مۇھەممەد سۇلتان ئىبنى سۇلتان مەھمۇدخانغا نىكاھلاپ بەردى . بۇ ۋەقەلەر كېيىن بايان قىلىنغۇسى .

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «خەدىچە سۇلتان خانىم» (Khadija Sultan Khanim) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

# تۆتىنچى باب

## سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ شېھىت بولغانلىقىنىڭ قىسقىچە بايانى

ۋاقتىكى، سۇلتان ئەھمەدخان دارۇل قارار (ئۇ ئالەم)غا سەپەر قىلدى. سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ تەۋەلىكى خىتاي چېگرىسىدىن باشلاپ تۇرپان، چالىش، كۇچا، ئاقسۇ، [ئۇچتۇرپان ۋە] كاشغەرلەرگىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەۋە ئىدى. سۇلتان مەھمۇدخان بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قېرىندىشى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ پەرزەنتلىرىگە بەردى، ئۆزى بىر مۇنچە پۇقرالىرى بىلەن بىللە موغۇلىستان سەھرالىرىغا بېرىپ، ئۇ يەردە بەش يىل تۇردى. [ئەمما، ھېچ ئىشقا كىرىشمىدى.] سۇلتان مەھمۇدخان دۆلىتىنىڭ سۇبھىسىنى زاۋاللىققا ئۆزگەرتكەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاشۇ بىر ئوچۇم رەزىل ئادەملەر خاننى ۋەسۋەسىگە سېلىپ: «شاھىبېكخان ھەزرىتىڭىزگە ئادەمگەرچىلىك ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئەگەر قىلمىغان تەقدىردىمۇ سىزگە ئازارلاشمايدۇ. شۇ يەرگە بېرىپ خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ ئارامخۇدا راھەتتە ئۆمۈر ئۆتكۈزەيلى» دەپتۇ. تاغام — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — مۇنداق دېگەنىدى: «سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىر كۈنى ئاقسۇدا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھۇزۇرىدا ئىدىم. خان: ‹ئاقسۇنىڭ پادىشاھلىقىدىن تاشكەندنىڭ ئۇشتىگەرلىكى ياخشىراقتۇر›، دېدى. مەن ئېيتتىمكى: ‹شۇنداق، ياخشىراقتۇر، ئەمما شەرت شۇكى، ئۇشتىگەرلىك قىلغىلى قويسا.›، بۇ سۆزۈم خانغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى ۋە ناھايىتى رەنجىدى.»

دېمەك ، ئۇ رەزىل پەسكەش ئادەملەر خاننى ۋەسۋەسىگە سېلىپ فەرغانىگە ئېلىپ كەلدى . شاھىبېكخانغا بۇ خەۋەر ئاڭلاندى ، شاھىبېكخان بۇ كۇنلەردە ئۇلاڭرادكاندا [1] ئىدى . ئۇ دەرھال كىشى ئەۋەتتى ۋە خان بىلەن خوجەندتە كۆرۈشتى . شۇنداق قىلىپ خاننى بەش نارەسىدە ئوغلى بىلەن بىللە خوجەند دەرياسىنىڭ لېۋىدە شېھىتلىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزدى . خاننىڭ شېھىت بولغان تارىخىنى «لەبى دەريائى خوجەند» [2] (خوجەند دەرياسى بويى ) دېگەن سۆزدىن چىقىرىشتى . بۇ ۋەقەمۇ كېيىن تەپسىلىي بايان قىلىنغۇسى .

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى ، بەش ئوغلى ئاتىسى بىلەن بىللە شېھىت بولدى . چوڭ ئوغلى سۇلتان مۇھەممەد سۇلتان ئىدى . خان شاھىبېكخاندىن ياخشىلىق ئۇمىد كۈتۈپ موغۇلىستاندىن مېڭىش ۋاقتىدا ، سۇلتان مۇھەممەد سۇلتان ئاتىسىنى ناھايىتى قاتتىق توسقانىدى ، خان قوبۇل قىلمىدى . سۇلتان مۇھەممەد سۇلتان ئىلاجىسىز ئاتىسىدىن ئايرىلىپ موغۇلىستاندا قالغانىدى ، ئۇنىڭغا بىرقانچە ھادىسىلەر دۇچ كەلدى . ئۇنىڭ بايانى خۇدا خالىسا ئۆزىنىڭ تارىخىدا زىكىر قىلىنغۇسى .

سۆزنىڭ خۇلاسىسى شۇكى ، سۇلتان مۇھەممەد سۇلتان موغۇلىستاندا تۇرالمىدى . ئىلاجىسىز [بۇرۇندۇقخان ۋە] قاسىمخاننىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى ئىختىيار قىلىپ ، دەشتى قىپچاق تەرىپىگە راۋان بولدى . مۇلازىملىرى : «شاھىبېكخان سۇلتان مەھمۇدخانغا يۈز ـ خاتىر قىلغاندۇر » دەپ گۇمانلانغانلىقتىن ، خاتا يول باشلاپ سۇلتان مۇھەممەد سۇلتاننى ئېزىقتۇرۇپ تاشكەندكە ئېلىپ باردى . ئۆزبېكلەر ئۇنىمۇ تاشكەندتە ئاتىسىنىڭ يېنىغا (ئۇ

[1] بۇ نام «تارىخى رەشىدىي »نىڭ تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «راداكان ۋە تۇس» دېيىلگەن .

[2] «لەبى دەريائى خوجەند »نىڭ ھەرپلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان سانلار قوشۇلغاندا ، 914 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ . دېمەك ، شېھىت بولغان ۋاقتى 914 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

دۇنياغا ) يولغا سالدى . ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل قالغانىدى ، ئۇنىڭ ئىسمى شاھمۇھەممەد سۇلتاندۇر . ئۇنىڭ ئەھۋالى سۇلتان سەئىدخاننىڭ زىكرىدە بايان قىلىنغۇسى .

## بەشىنچى باب

# ئاتام مىرزا مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگان ئەھۋالىنىڭ بايانى

ۋاقتىكى ، خانلار شاھىبېكخانغا ئاخسىدا تۇتقۇن بولغان ۋاقتىدا ئاتام ئۆرەتۆپىدە قالغانىدى . شاھىبېكخان ئىككى ئارىنى ئۈزۈپ تاشلىغاچقا ، ئاتام ئۇلاردىن ئۆتۈپ خانلارغا قوشۇلۇشنىڭ ئىمكانىنى تاپالماي ئىلاجسىز قاراتېگىنگە باردى . ئۇ زاماندا ھىسار ، قۇندۇز ۋە بەدەخشاندا خۇسرەۋ شاھ بار ئىدى . خۇسرەۋ شاھ بولسا سۇلتان ئەبۇسەئىدنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن ئىدى . سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن خۇسرەۋ شاھ ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان مەسئۇد مىرزىنىڭ كۆزىگە مىل تارتتى . بۇ چاغدا سۇلتان مەھمۇدنىڭ يەنە بىر ئوغلى بايسۇنغۇر مىرزا سەمەرقەندتىن قاچتى . خۇسرەۋ شاھ كىشى ئەۋەتتى ۋە پۇشايمان قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ : «مەندىن ئۇ نالايىق ئىش پەقەت ئۆز جېنىمنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈنلا سادىر بولغانىدى . چۈنكى ، سۇلتان مەسئۇد مىرزا مېنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىگە چۈشكەنىدى . شۇڭا ، بۇ ۋەھىمە تۈپەيلىدىن ئىلاجسىز ئاشۇ ناچار قىلىقنى قىلغانىدىم . ئەمدى ئۇنىڭ بەدىلىگە سىزگە بولغان ساداقەتمەنلىكنى شۇ دەرىجىدە تىرىشچانلىق بىلەن ئادا قىلىمەنكى ، ئۇ قەبىھ ئىشىمغا ئەل تەنە ۋە لەنەت ياغدۇرغان

بولسا ، ئالەم ئەھلى ماڭا ئاپىرىن دېگەي ۋە رەھمەت ئوقۇغاي » دەپ چەندان ۋەسۋەسىلەرنى سالدى ، بايسۇنغۇر مىرزا ئۇنىڭغا ئالدىنىپ قېشىغا باردى . شۇنىڭدىن كېيىن خۇسرەۋ شاھ ئۇ پەزىلەتلىك مىرزىنىڭ ھاياتلىق رىشتىسىنى ئۆلۈم قايچىسى بىلەن كەستى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا تەئەللۇق بارلىق ۋىلايەتنى ئۆز ئىشغالىيىتىگە ئالدى ۋە تولۇق مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىشقا باشلىدى . شۇ ۋاقىتتا قاراتېگىنگە كىشى ئەۋەتىپ ئاتامدىن كۆرۈشۇشنى ئىلتىماس قىلدى ، ئاتاممۇ قوبۇل قىلىپ ھىسارغا باردى . خۇسرەۋ شاھ ئاتامنىڭ ئالدىغا چىنارباغ دېگەن يەرگىچە چىقتى ۋە ناھايىتى كۆپ ئادەمگەرچىلىك ۋە ئىلتىپاتلارنى قىلىپ : «سىزنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭىز مەن ئۈچۈن تەگرىنىڭ نېمىتىدۇر ، چۈنكى ھازىر شاھىبېكخاننىڭ ھەيۋەت ـ ھەشەمىتى ئەڭ يۇقىرى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن ۋاقىت . شۇڭا ، شاھىبېكخان بۇ يىل ئۇ تەرەپلەردىن خاتىرجەم بولۇپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كېلەرمىكىن ، دەپ گۇمان قىلىمەن . بىز ھازىرغىچە ئۆزبېك قوۋمى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ باقمىغانمىز ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ئادەتلىرىنىڭ قانداق داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز . چۈنكى ، ھەربىر قوۋم ، ھەربىر تائىپىنىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرى باشقىچە بولىدۇ . مەيلى جەڭگۇجېدەل ، مەيلى سۇلھ ۋە دوستلۇق قىلىشتا بولسۇن ، ئۆز ئورنى ۋە پەيتىنىڭ تەقەززاسىغا بېقىپ ئادەت ۋە قانۇنلىرى باشقىچە بولىدۇ . ھەربىر قوۋمنىڭ ئادىتىنى بىلمىگۈچە ئۇ قوۋم بىلەن قارشىلىشىش مۇشكۇلدۇر . مەن سىلەرنى بىلىمەن ، سىلەر ئۆزبېكلەر بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش ۋە سۇلھى قىلىشقان . ئاراڭلاردا نۇرغۇن غەلىبە ۋە يېڭىلىشلەر بولغان . ئەمدى قايسى يولنى مۇۋاپىق كۆرسىڭىز ، ئۇنى ماڭا بىلدۈرگەيسىز ، مەن شۇ يولنىڭ قىلچىلىك سىرتىغا چىقمايمەن . چۈنكى ، مېنىڭ ھۆكۈمەت ۋە سەلتەنىتىمنىڭ بىناسى سىزنىڭ پىكىر ۋە تەدبىرىڭىزنىڭ تۈۋرۈكى بىلەن ئۆرە تۇرغۇسىدۇر . بۇ ئىشنى تەكىتلەش ۋە ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق

مۇستەھكەم قىلىشىمىز كېرەك . تەكىت شۇكى ، سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قىزى سۇلتان بېگىم مېنىڭ پادىشاھىمىنىڭ قىزىدۇر ، ئۇنى قوبۇل قىلغايسىز . شۇ ئارقىلىق ئارىمىزدا بىرلىك ۋە ئىشەنچ پۇختا ۋە مۇستەھكەم بولغاي» دەپ شۇنىڭغا ئوخشىغان ئەپساندىلەرنى بايان قىلدى . دېمەك ، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بۇ نىكاھنى مۇقەررەر قىلدى .

تاشكەند ۋە ئۇرەتۆپىنىڭ ۋەيرانلىقى ئېھتىمال سەرەتان پەسلىدە[1] بولغانىدى . بۇ ۋەقەمۇ شۇ يىلى مىزان پەسلىنىڭ[2] ئاخىرىدا يۈز بەرگەن بولسا كېرەك . دېمەك ، بۇ كۈنلەردە شاھىبېكخانىنىڭ لەشكەر تارتىپ كەلگەن خەۋىرى يەتتى . خۇسرەۋ شاھنىڭ ئادەملىرى چېچىلىپ كەتتى ، كىرىدىغان سىپىل ـ قەلئەلىرى بارلىرى قەلئەگە كىردى ، بېكىنىدىغان سىپىل ـ قەلئەلىرى يوقلىرى تاغ ۋە جىلغىلارغا قاچتى . دېمەك ، ھېچ كىشى ھېچ كىشىدىن خەۋەر ئالالمىدى . خۇسرەۋ شاھنىڭ جامائىتى چېچىلىپ كەتكەن ۋاقىتىدا ئاتامىمۇ قاراتېگىن تەرەپتىكى مۇستەھكەم تاغلىق رايونغا قاچتى . ئۇ تاغلىق رايوندا زىمىستان كىرىش بىلەنلا قار يېغىشقا باشلىدى ۋە بىر ئايغىچە ھاۋا ئېچىلمىدى . قار شۇ قەدەر ياغدىكى ، ئون ئىككى غېرىچتىن ئېشىپ كەتكەنىدى قار چۈشكەنىدى . ئۇيگە ۋە جىلغىغا كىرگەن ھەربىر كىشىدە ھېچ تەرەپكە يۈرگۈدەك ۋە ھەرىكەت قىلغۇدەك ماجال قالمىدى .

شاھىبېكخانىنىڭ بۇ قېتىمقى يۈرۈشتىكى غەرىزى خۇسرەۋ شاھ بىلەن ئۇرۇش قىلىش بولماستىن ، بەلكى خۇسرەۋ شاھنىڭ تاقابىل تۇرغۇدەك ماجالى بارمۇ ـ يوق دەپ ئۇنى سىناپ بېقىشتىنلا ئىبارەت . شۇڭا ، شاھىبېكخان خۇسرەۋ شاھقا ھېچ ھۇجۇم قىلماي ۋە چېقىلماي قولغا چۈشكەن ئولجا ـ غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ بەدەر

---

[1] سەرەتان — قەدىمكى ئاسترونومىيىدە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ تۆتىنچىسىنىڭ نامى ، سەرەتان پەسلى — ياز پەسلى بولۇپ ، 6 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ .

[2] مىزان — قەدىمكى ئاسترونومىيىدە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ يەتتىنچىسىنىڭ نامى ، مىزان پەسلى — كۈز پەسلى بولۇپ ، 9 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ .

كەتتى ، شۇنداقلا يەنە بىر قېتىم كەلسە بىر ئىشارەت بىلەنلا خۇسرەۋ شاھنىڭ جامائىتىنىڭ داستىخانغا يىغىلغان چىۋىنغا ئوخشاش توزۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندى .

ئەلقىسسە ، شاھىبېكخان شۇ قىشتا ئۇ يەردىن يېنىپ ، خوراسانلىقلارنىمۇ بىر سىناپ باققۇسى كېلىپ مال ـ مۈلۈكلەرنى ئېلىپ بەلخكە باردى . بەلختە شۇ ۋاقىتلاردا سۇلتان قۇلۇنچاق ھاكىم ئىدى ، ئۇنى سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ئوغلى بەدىئۇززامان مىرزا ھاكىملىققا تەيىنلىگەنىدى .

ئەلقىسسە ، شاھىبېكخان بەلخنى مۇھاسىرە قىلدى ، شۇ قىشنى بەلخنى مۇھاسىرە قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى . خوراسانلىقلار شاھىبېكخان ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ ، بەلخنى مۇھاسىرىدىن خالاس قىلىشنى ھەرقانچە ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن جۈرئەت قىلالمايتتى . دېمەك ، شاھىبېكخان خوراسانلىقلارنىمۇ ئىمتىھان تارازىسىدا تارتىپ سىناپ كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭمۇ تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلدى .

شاھىبېكخان بەلخنى مۇھاسىرە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان مەزگىلدە خۇسرەۋ شاھقا ئارتۇقچە چېقىلمىدى ، شۇ تۈپەيلىدىن خۇسرەۋ شاھ يەنە بىرمۇنچە جامائەتنى يىغدى ۋە ئارقىمۇ ئارقا بەلخكە — شاھىبېكخاننىڭ ئالدىغا ئەلچىلەر ئەۋەتتى . شۇ ۋاقىتنىڭ تەقەززاسىغا بېقىپ ئىش كۆرۈپ سوۋغا ـ سالام ۋە مۇلايىم سۆزلەرنى ئارىغا سالدى ، شاھىبېكخانمۇ ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىغا لايىق جاۋابلارنى بەردى . شۇڭا ، خۇسرەۋ شاھ شۇ قىشنى خېلى خاتىرجەملىك بىلەن ئۆتكۈزدى . ئۇنىڭغا قاراتېگىنىدە ناھايىتى كۆپ قار يېغىپتۇ ، ھېچكىمدە ھەرىكەت قىلغۇدەك ئىمكانىيەت قالماپتۇ ، دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى . بۇ خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن خۇسرەۋ شاھ يىگىرمە ملڭ كىشىنى ئىنىسى [مىر ۋەلى]گە ھەمراھ قىلىپ ئالدىن ئەۋەتتى . ئۇلارنىڭ بۇ تەرەپتىن كۆڭلى خاتىرجەم ئىدى ، [چۈنكى بۇ يەردىكى لەشكەرلەر ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا يېقىن ۋە يىراقلاردا تارقاق ئولتۇراقلاش-

قانىدى .] لەشكەرلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يىغىلدى ، بۇ يەردە بەش يۈزگە يېقىن لەشكەر يىغىلىپ يولنى توستى . قار شۇ قەدەر قېلىن ياغقانىدىكى ، يولنىڭ تېشىغا چىقىپ بىر قەدەم ماڭغىلى بولمايتتى . دېمەك ، ھەر ئىككى تەرەپ پىيادە بولۇپ ئۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى ، ئەتىــگەندىن باشلاپ تاكــى نامازشامغىچە ئۇرۇش قىلدى . ئاخىر بۇ يەردە ئوق قالمىــدى ، چۈنكى ھەر تەرەپتىن ئاتقان ئوق قارغا چۆكۈپ غايىب بولاتتى . دۈشمەن لەشكىرى كۆپ ئىدى ، ئۇلار نۆۋەت بىــلەن ئۇرۇش قىلاتتى . بىر قىسمىنىڭ ئوقى تۈگىسە ، يەنە بىر قىسمى كېلىپ ئۇرۇش قىلاتتى . بۇ تەرەپتىكى لەشكەر ئاز ئىدى ، نامازشام ۋاقتى بولغاندا بۇلارنىڭ ئوقلىرى پۈتۈنلەي تۈگەپ يېڭىلدى . شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئەمىرلەردىن باغىياسار ئوغلان[1] ، خۇش راي كوكۇلداش يەنە بىرنەچچە ئەمىر ئوق زەخمىسى بىلەن كەتتى . ئاتام ئالتە كىشى بىلەن فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ تاغلىق تەرەپلىــرى بولغان قاراتېگىننىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغلارغا قاچتى . ئۇ تاغلار كاشغەر بىلەن ئەندىجاننىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئۇ تاغدىكــى خالايىقلارنىڭ نامىنى چەگرەك دەپ ئاتىشاتتى ، ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار كۆپ مالدار خالايىق ئىدى . شۇ ۋاقىتتىن كېيىن پات پۇرسەتتە مىرزا ئەبابەكىر ئۇلارنى ۋەيران قىلدى .

خۇسرەۋ شاھ بارلىق خىزمەتكارلىــرىمىــز ۋە يېقىــن كىشىلىرىمىزنى كۆچۈرۈپ قۇندۇزغا ئېلىپ كەتتى ، بىر يىلغىچە ۋاقىت شۇ يەردە ئۆتتى .

ھېكايەت بۇ يەرگە كەلگەندە ، شاھبېكخاننىڭ قىسىــسىدىن ئازراق بايان قىلمىساق ، ھېكايەت روشەن بولمايدۇ .

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، پارسچە ئىككىلا نۇسخىدا چېكىت چۈشۈرۈپ قويۇلغانلىقتىن ، «ياسار»مۇ ياكى «باسار»مۇ ، ئېنىق بولمىدى . تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «باسار» دەپ ئېلىنغان ۋە يەنە بىرقانچە خىــل قولىيازمىدا «ياسار» دېيىلگەنلىكى ئىزاھاتتا ئەسكەرتىلگەن .

# ئالتىنچى باب

## شاھبېكخان ئەھۋالىنىڭ بايانى

مۇتلەق دانا ۋە ھەقىقىي ھۆكۈمران بولغان تەڭرى ئۇلۇغلۇقى، روشەن ھېكمىتى ۋە غالىب ھۆكۈمىنىڭ تەقەززاسى بىلەن خالىسا بىراۋنى تاج ۋە سەلتەنەت بېرىپ ئەزىزلەپ زامانداشلىرى ئارىسىدا يېگانە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئاۋۋال بۇ ئىشنىڭ ئەسلىھەلىرىنى مۇنداق يوللار بىلەن تەييار قىلىدۇ: ھەرقانداق يەردە قولىدىن ئىش كېلىدىغان مەردلەر ۋە جاھان تۇتالايدىغان ئاقىللار بولسا ئۇنىڭ قېشىغا يىغىلىدۇ، ئۇنىڭ دۇشمەنلىرىنى غەپلەت، مەغرۇرلۇق، خاتالىق ۋە بۇزۇقلۇق ئىللەتلىرىگە دۇچار قىلىدۇ. يىراقنى كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ كور، قۇلىقى يەڭگىل كىشىلەرمۇ گاس بولىدۇ. ئاتا ئوغۇل بىلەن، بىر تۇغقان بىر تۇغقان بىلەن دۇشمەنلىشىدۇ.

بۇ مۇقەددىمىدىن مەقسەت شۇكى، شاھبېكخان شاھ بۇداغ سۇلتاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئەبۇلخەيرخاننىڭ نەۋرىسىدۇر. ئەبۇلخەيرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئارىغا زىددىيەت چۈشۈپ ھەر كىم ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى، خەلق غەيرەت ۋە جۈرئەت كۆتكەن شاھزادىلەر ۋە ئەمىرزادىلەرنىڭ ھەممىسى تەپرىقىچىلىك ئىچىدە تارقىلىپ كەتتى. گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، شاھبېكخان كۆپ تەپرىقىچىلىككە دۇچار بولۇپ، ناھايىتى ئاۋارىچىلىكلەرنى تارتىپ ماۋەرائۇننەھرگە ئىلاجسىز كەلدى. ئۇ ۋاقىتتا سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ماۋەرائۇننەھرنىڭ پادشاھى بولۇپ، ئىنتايىن دۆلەتمەن پادشاھ

ئىدى ، ئۇنىڭ ناھايىتى بەختىيار ۋە شەۋكەتلىك ئۇلۇغ ئەمىرلىرى
تولا ئىدى . شۇ قەدەر ئۇلۇغلۇقى تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ ھەربىر
ئەمىرىنىڭ پادىشاھلارچە شان - شەۋكىتى بار ئىدى ، ھەتتا
پادىشاھلارنىمۇ ئۆزلىرىگە خىزمەتكە تەرغىب قىلاتتى . شۇلاردىن
بىرى ئەمىر ئەبدۇلئەلى تارخان بولۇپ ، بۇخاراغا ھاكىم ئىدى .
شاھىبېكخان ئۇنىڭ خىزمەتكارلىقىنى ئىختىيار قىلدى ، شۇنىڭغا
ئوخشاش نەچچىلىگەن پادىشاھلارمۇ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى .
سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ شەۋكىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى مۇشۇنىڭدىن
قىياس قىلىشقا بولىدۇ . سۇلتان ئەھمەد مىرزا ھايات ۋاقتىدا
شاھىبېكخان ئەبدۇلئەلى تارخاننىڭ خىزمىتىدە ئىدى . [ئۇ مىرزا
ۋە ئەبدۇلئەلى تارخان بىلەن يېقىن ئىدى ھەم مۇقەررەر ھالدا
خەلقنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى .] شۇنداق قىلىپ شاھىبېكخان
تۈركىستانغا باردى ۋە مەھمۇدخان بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا
ئىلتىجا قىلدى . مەھمۇدخان ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ياردەم بەردىكى ،
شاھىبېكخان ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن سەمەرقەند ۋە بۇخارانى قولغا
ئالدى ، ھەتتا ئۇنىڭ لەشكىرى [ئىككى - ئۈچ يۈزدىن] ئەللىك
مىڭغا ۋە يەتمىش مىڭغا يەتتى . شۇ ۋاقىتتا ئۇ تۈركىستانغا باردى
سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ياردىمى بىلەن كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى .
ئەبۇلخەيرخاننىڭ ئەمىرلىرىدىن دەشتى قىپچاق سەھرالىرىدا
سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى شاھىبېكخاننىڭ
خىزمىتىگە يىغىلدى . شۇنداق قىلىپ شاھىبېكخان شۇ دەرىجىدە
زورايدىكى ، سەمەرقەند ۋە بۇخارانى ئىشغال قىلىپ بولۇپ ، ئۆز
ھىمايىچىسى بولغان سۇلتان مەھمۇدخاننى يوقىتىشنىڭ قەستىگە
چۈشتى . بۇ خەۋەر ئالاچەخاننىڭ قۇلىقىغا يەتتى ، ئۇ قېرىندىشىغا
ياردەم بېرىش ئۈچۈن موغۇلىستاندىن كەلدى . بۇنىڭ تەپسىلاتى
يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك خاننى تۇتتى ۋە قويۇپ بەردى .
موغۇل خەلقىدىن قانچىسى بولسا ، شۇنچىسى خاننىڭ
خىزمىتىدىن توسۇپ قالدى . ئوتتۇز مىڭ كىشىنى ئۆز لەشكىرىگە
قوشۇۋالدى . [مىسرا :

## [يىغىلىپ مىڭلارچە كوكات بولدى گۆل .①]

ئۇنىڭدىن كېيىن تاشكەندتىن يېنىپ سەمەرقەندتىمۇ توختىماي ھىسار ۋە بەلخ ئۇستىگە باردى . تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 909 - يىلى② بولغان چاغ ئىدى ، بىر قىشنى بەلخنى مۇھاسىرە قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى . ئۇ سەمەرقەند سەھرالىرىدا ئىككى ئاينى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سەپەر تىزگىنىنى ئەندىجان تەرىپىگە تارتتى . ئالدىنقى يىلى خانىنى قولغا چۈشۈردى ، تەنبەلگە ۋە ئەندىجانغا چېقىلمىدى . چۈنكى ، تاشكەندنى ئىشغال قىلىشنى مۇھىم بىلگەنىدى . شۇنداق بولسىمۇ شەيخ بايەزىد شەھەرنى ئىشغال قىلىشتىن ئىلگىرى توختاۋسىز ھالدا ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ ئۇنىڭغا ساداقىتىنى ئىزھار قىلدى . تەنبەل تەرىپىدىنمۇ ئامالنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا ساداقەت بايان قىلىندى . شاھىبېكخان بۇ يىلى مۇشۇنچىلىك قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىپ قايتتى . تاشكەند ۋە موغۇلدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ھىسار ۋە خوراسانلىقلارنى ئىمتىھان قىلىپ كۆرۈپ ، ئالدى بىلەن تەنبەلدىن خاتىرجەم بولۇش ، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇسرەۋ شاھقا يۈزلىنىش ۋە بۇ يۈزلىنىشنى خوراساننى ئېلىشنىڭ مۇقەددىمىسى قىلىشنى پىلانلىدى . شۇنداق قىلىپ ئۇ فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم قەلئەلىرىدىن بىرى بولغان مەرغىنانغا يەتتى . تەنبەل پۈتكۈل فەرغانە ۋىلايىتى ۋە قەلئەلىرىنى قويۇپ بېرىپ ھەممە ئادەملىرىنى ئەندىجانغا يىغدى ، بۇ خەۋەر شاھىبېكخانغا يەتتى . ئۇنىڭ دانىشمەنلىرىنىڭ ھەممىسى : «تەنبەلنىڭ ئادەملىرى بىر يەرگە

---

① بۇ مىسرا پارسچە نۇسخىغا ئاساسەن تولۇقلاندى . بۇ مىسرا پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «كل بود سبره پزاربسته شد — گۈل بۇۋەد سەبزە ھەزار بىستە شۇد (يىغىلىپ مىڭلارچە كوكات بولدى گۈل )» دېيىلگەن . پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «كل بود بسبزه نيزا استه شد — گۈل بۇۋەد بەسەبزە نىز ئاراستە شۇد (گۈلمۇ كۆكلەمگە ئوخشاشلا زىننەت بېرىدۇ )» دېيىلگەن .

② ھىجرىيە 909 - يىلى مىلادىيە 1503 — 1504 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

يىغىلغانلىقى بىزگە ئىشنى ئاسان قىلىپ بەردى » دېيىشتى . شۇڭا ، ئۇلار تېزلىك بىلەن ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى . ئۇلار : «تەنبەل قەلئەگە بېكىنىۋالغاندا خان ئۆزى قەلئەنى مۇھاسىرە قىلسۇن ، قالغان ئەمىرلەر ۋە سەردارلار فەرغانە ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلىپ ، ئەندىجان ئەتراپلىرىنى تالان - تاراج قىلىپ ۋەيران قىلايلى . شۇنداق قىلساق ، ياندۇرقى يىلى قەلئەدىكىلەر ھالىدىن كېتىپ ، ئىلاجسىز ھالدا ئەجەل ئۇلارنىڭ ئىككى ياقىسىدىن تۇتۇپ قەلئەدىن چىقارغۇسىدۇر » دەپ مەسلىھەت قىلىشتى . ئۇلار مۇشۇ خىل پىكىر بىلەن تۈرۈۋاتقاندا ، تەنبەل ئون مىڭ كىشى بىلەن قەلئەدىن چىقىپ ، ئۇرۇش مەيدانى تۈزۈش داغدۇغىسىنى قىلغىلى تۇردى . شاھىبېكخان لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەندە ، ئۇنىڭ لەشكىرىنىڭ تولىلىقىنى كۆرگەن تەنبەل تاقەت قىلالماي قەلئە تەرەپكە قاراپ قاچتى ، ئۇلار قەلئەگە يېتىۋالغۇچە نۇرغۇنلىغان كىشى قانلىق قىلىچ بىلەن رەھمەت دەرياسىغا غەرق بولدى . قورقۇنچتىن ھودۇققان ۋە تىترىگەن تەنبەل قېرىنداشلىرى بىلەن مىڭبىر مۇشەققەتتە قېچىپ قەلئەگە كىرىۋالدى . شاھىبېكخاننىڭ ئەمىرلىرى بۇ يىل تەنبەلنىڭ ۋىلايىتىنى خاراب قىلىپ قايتىشنى ، ياندۇرقى يىلى كېلىپ ئۇنىڭ ئىشنى ئاسانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى قارار قىلغانىدى . ئەمما ، تەنبەل ئالدى بىلەن ئۆزى ئۇرۇشقا چىقىپ زەربە يېدى ، شۇڭا ئۇلار بىر يىلدا بىر تەرەپ بولار دېگەن ئىشنى ئەمدى قىرىق كۈندە بىر تەرەپ قىلىشنى قارار قىلدى . شاھىبېكخان زەربە ۋە شىكەستە يېگەن بۇ ئادەملىرىنىڭ جان ۋەھىمىسىدە ھودۇققان ۋە تىترىگەن پېتى قەلئەگە بېكىنگەنلىكىنى كۆرۈپ ، قەلئەنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى .

ئاتام شۇ كۈنلەردە قاراتېگىندە زەربە يەپ قېچىپ چەگرەك ئارىسىدا يۈرۈۋاتاتتى . ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، تەنبەل شاھىبېكخاننىڭ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇقلۇق ، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلماي ئاتامنى يوقىتىشنىڭ قەستىدە چەگرەككە باردى .

ئاتام چەگرەكتە ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىرلىكتە تۇرۇق شاران[1] جىلغىسىدا مەھكەم بېكىندى، تەنبەل كېلىپ ئارقىمۇئارقا ئۈچ كۈن قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. مەن ئاتامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم:

ئۈچىنچى كۈنى يۈز ھىيلە بىلەن ئۆزىمىزنى توختاتتۇق. كېچە بولدى، مەن: «تەنبەل يەنە ئۇرۇش قىلسا، ئەھۋالىمىز قانداق بولار؟» دېگەنلەرنى ئويلايتتىم. تاڭ ئاتتى، بىچارىلىك ۋە قورقۇنچ بىلەن تاغ تۆپىسىدىن قارىدىم. تەنبەلنىڭ لەشكىرى توپ - توپ بولۇپ تېز سۈرئەتتە قايتىپ كېتىۋېتىپتۇ. خۇشاللىق يۈزلەندى، دەرھال زەخىملەنمىگەن بەزى كىشىلەرنى ۋە زەخىمدار بولسىمۇ، يارىسى ئېغىر بولمىغانلارنى تاغدىن چۈشۈردۈم. ئۇلار بىر كىشىنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ كىشى: «تەڭ كېچىدە ئادەم كېلىپ شاھىبېكخان كەندىبادامغا يېتىپ كەلدى، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى، شۇڭا دەرھال لەشكەرنى ياندۇردى» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. بۇ خەۋەردىن بىزگە يېڭى ھايات ۋە ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىق ھاسىل بولدى. مەن دەرھال شاھىبېكخان قېشىغا كىشى ئەۋەتىپ: «نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى زامانىنىڭ قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن سەرگەشتە بولۇپ يۈرگەنىدىم، ئەمدى خانىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىق خەۋىرى يەتتى، گوياكى يېڭى جان تاپقاندەك بولدۇم. تەييارمەن» دەپ ئۆز مۇددىئايىمنى بىلدۈردۈم. مېنىڭ ئەۋەتكەن كىشىم ئەندىجان مۇھاسىرە قىلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن يېتىپ بېرىپتۇ. دەرھال شاھىبېكخان رۇخسەت بېرىپ: «تېز بېرىپ ئېيتقىن، پاتراق يېتىپ كەلسۇن. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن ئارزۇ قىلىمەن» دەپتۇ. گەرچە ئۇ ۋاقىت ھېچ تەرەپكە بارىدىغان مەھەل بولمىسىمۇ، ئىلاجىسىز ۋە

---

① تۇرۇق شاران — خەنزۇچە نەشرىدە ئالاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى بىر جىلغىدىكى جاي بولۇشى مۇمكىن دەپ ئىزاھ بېرىلگەن (مۇھەررىردىن).

ئىختىيارسىز يولغا چىقتىم ۋە خاننىڭ خىزمىتىگە يەتتىم . ئۇ ماڭا ئادەتتىن تاشقىرى تەزىم ـ ئىھتىرام قىلدى ، خىلمۇخىل شاھانە ئىلتىپاتلار بىلەن ئىززەتلىدى ۋە پۈتۈن پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرگە : «مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگان مېنىڭ مېھمانىمدۇر ، ھەممىڭلار ئۇنىڭغا مېھماندارلىق قىلىڭلار !» دەپ پەرمان قىلدى . ئۇ مۇھاسىرە كۈنلىرىدە پۈتۈن سۇلتانلار ۋە ئەمىرلەر مېنى نەچچە كۈنگىچە زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى .

مۇھاسىرە قىرىق كۈنگە يەتتى . قىرىق بىرىنچى كۈنى سۇبھى ۋاقتى ئىدى ، تەنبەل سىپىلنىڭ بىر بۇرجىكىگە چىقىپ : «ئەي مىرزام ، مېنىڭ خىزمەتكارلىقىمنى ۋە ئېمىلداشلىقىمنى يادىڭىزغا كەلتۈرۈپ ھۆكۈم قىلىڭ ! مەن ھازىر قانداق قىلسام بولىدۇ ، مەسلىھەتىڭىز نېمە ؟» دەپ توۋلىدى . چۈنكى ، تەنبەل ئاتامنىڭ كوكۇلدىشى ئىدى ، لېكىن ئاتامغا نۇرغۇن يامانلىقلارنى قىلغانىدى ۋە ئىش قولدىن كېتىپ تەدبىر ـ مەسلىھەت پەيتى ئۆتكەنىدى . شۇ سەۋەبتىن ئاتام : «ئەمدى ساڭا نېمە بولدى ؟ قەلئەنى مەھكەم ساقلىساڭ بولمىدىمۇ ؟ !» دەپ سوراپتۇ . تەنبەل يەنە : «ھازىر ئاچچىقلىنىدىغان ۋە مالامەت قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس . راست گەپنى قىلىڭ ، ھازىرقى ئەڭ ياخشى چارە ـ تەدبىر نېمە ؟» دەپ سوراپتۇ . ئاتام ئۇنىڭغا : «ياخشى چارە شۇكى ، بىچارىلىك بىلەن تۆۋەنگە چۈشكەيسەن» دەپتۇ . شۇ ۋاقىتتا تېمۇر سۇلتانمۇ بار ئىكەن ، تەنبەل قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە دەرھال سىپىلدىن چۈشۈپ ئاتام بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ . شاھىبېكخان قوشۇنى يەنە باشقا ئىشلارغا پۇرسەت بەرمەي ھەممىسىنى ئۆلتۈردى . قەلئەنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ ھەددىدىن تاشقىرى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋىلايەتنى جانىبېك سۇلتانغا تاپشۇرۇپ قايتتى . ئاتام شاھىبېكخان بىلەن سەمەرقەندكە بېرىپ ، ئۇ يەردە نەچچە كۈن لەشكىرىي تەييارلىقلارنى قىلغاندىن كېيىن خۇسرەۋ شاھنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپتۇ . ئۇلار ھىسارغا يەتكەندە خۇسرەۋ شاھ تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنغۇچىلاردىن بىرى

بولغان شىرەم چەھرە ھىسار قەلئەسىنى بېكىتىپ قەلئەنى قوغداش داغدۇغىسىنى قىلدى ، شاھىبېكخان ئۆزى باشلامچى بولۇپ ھىسار قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شىرەم چەھر ئامانلىق تىلەپ قەلئەنى تاپشۇردى ، خانمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ شىرەمگە ئامانلىق بەردى . شىرەم نەچچە مۇددەتكىچە خاننىڭ خىزمىتىدە يۈرۈپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز قوۋمىغا قېتىلدى . ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ قانداق بولغانلىقى مەلۇم بولمىدى .

خان ھىسار قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلىشقا قەدەم قويغان كۈنى مەھمۇد سۇلتانغا يارلىق چۈشۈرۈپ : «لەشكەردىن قانچىلىك كىشىنى خالىساڭ ، ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىپ قۇندۇزغا يۈرۈش قىلغىن» دېدى . چۈنكى ، خۇسرەۋ شاھ نەچچە مۇددەتلەردىن بېرى قۇندۇز قەلئەسىنى ھەر خىل ئەسلىھەلەر بىلەن تولدۇرۇپ ، ئالەمگە غۇلغۇلا سېلىپ : «يىگىرمە يىللىق ئەسلىھە تەييار قىلدىم . ئەگەر ئىشقا قۇدرىتىم يەتمىگەندە يىگىرمە يىلغىچە كىم بار ، كىم يوق ؟» دەپ مۇشۇنداق قالايمىقان سۆزلەر بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرەتتى . شۇڭا ، خان مەھمۇد سۇلتاننى قۇندۇزغا بۇيرۇدى . خۇسرەۋ شاھقا شاھىبېكخان ھىسارنى مۇھاسىرىگە ئاپتۇ ، مەھمۇد سۇلتان قۇندۇزغا يۈرۈش قىلىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپتۇ ، دېگەن خەۋەر يەتتى . خۇسرەۋ شاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، توپلىغان ئەسلىھەلىرىنى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئالدى ، قالغىنىنى تاشلىدى . نەزم :

ئەل سېنى ئىخراج ئەيلەردىن بۇرۇن ، ئەي ناتەۋان ،
گاۋخەرگە يۈكلابان بارىڭنى يولغە بول رەۋان .

دېگەن شېئىردا ئېيتىلغىنىدەك ، ھەممە مال - مۈلۈكلەرنى بۇزۇپ - چېچىپ ، بەزىسىنى ئېلىپ ، بەزىسىنى تاشلاپ ، بەلكىم تاغ ئارىسىدا بىرنەچچە مەزگىل كۈن ئۆتكۈزەرمەن ، دەپ بەدەر

كەتتى .

خۇسرەۋ شاھ كېتىپ بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن مەھمۇد سۇلتان قۇندۇزغا كەلدى ، پەقىر سىڭىللىرىم ۋە ئىنىلىرىم بىلەن قۇندۇزدا ئىدىم . يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ، خۇسرەۋ شاھ سۇلتان [خانىم] بېگىمنى ئاتامغا نىكاھلاپ بەرگەن ۋە بىزنى قۇندۇزغا ئېلىپ كەلگەنىدى . شۇ كۈنلەردە بىز قۇندۇزدا ئىدۇق . سۇلتان [خانىم] بېگىمدىن پەرزەنت تۇغۇلدى ، ئۇنىڭ ئېتىنى ئەبدۇللا قويغانىدى . ئۇنىڭ ئەھۋالى كېيىن بايان قىلىنغۇسى .

ئاتام مەھمۇد سۇلتان بىلەن بىللە ئىدى ، ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا تولۇق دوستلۇق ئالاقىسى بار ئىدى . بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى ، شاھىبېكخان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا سەلتەنەت ئىشىدا ئۇ ھەممە جەھەتتە قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە كەمچىلىك سادىر قىلمايتتى ھەم ۋەدىسىگىمۇ ۋاپا قىلمايتتى . ھەر ۋاقىت پۇرسەت تاپسىلا قارشىلىشىشتىن تەپ تارتمايتتى . ئەگەر ئۇ ئىش ئارزۇسىدىكىدەك بولسا تېخى ياخشى ، ئۇنداق بولمىغاندا نۇرغۇن ھىيلىلەر بىلەن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ، سەۋەب ـ باھانىلەرنى ئارىغا سالاتتى . شاھىبېكخان بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئارىسىدا بۇنداق ۋەقە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن قېتىم سادىر بولغانىدى . ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، ھەر قېتىم مۇشۇنداق قارشىلىشىش سادىر بولۇپ يەنە ئۆزرە ئېيتىپ كەلسە ، مەھمۇدخان قوبۇل قىلاتتى . بۇنىڭ تەپسىلاتى ناھايىتى كۆپ ، خۇدا خالىسا ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنغۇسى . بەزى ۋاقىتلاردا بۇنداق ئۆزرە ئېيتىشلار قوبۇل بولماي سىياسەتكە يەتكۈزۈپ جازالىنىدىغان ۋاقىتتا ، نەچچە نۆۋەت ئاتام ئارىغا چۈشۈپ ئۇلارنى سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ غەزىپىدىن خالاس قىلاتتى . شۇ تۈپەيلىدىن ئاتام بىلەن مەھمۇد سۇلتاننىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق زەنجىرى مۇستەھكەم باغلانغانىدى . ئاتام مەھمۇد سۇلتان بىلەن قۇندۇزغا كېلىپ بىزگە قوشۇلدى . شاھىبېكخان شەھرىسەبزنى ھەممە تەئەللۇقاتى بىلەن بىللە ئاتامغا بەرگەنىدى ، ئاتام بىزنى كۆچۈرۈپ

ئۇ يەرگە ئېلىپ باردى. شاھبېكخان بەلختىن يانغاندىن كېيىن تاكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە بىر نۆۋەت [باھار كېلىپ ئۆتتى.] شاھبېكخان زىمىستانىنىڭ ئاۋۋىلىدا خارەزمگە بارماقچى بولدى، ئاتام خوراسانغا قاچتى. بۇ يەردە بابۇر پادىشاھنىڭ ۋە سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەھۋالىدىن بىرمۇنچە بايان قىلمىساق، سۆز تولۇق بولماي قالىدۇ.

## يەتتىنچى باب

# بابۇر پادىشاھنىڭ نەسەبى، ئۇنىڭ موغۇل پادىشاھلىرىغا تۇغقانلىقىنىڭ [ۋە دەسلەپكى ئەھۋالىنىڭ] بايانى

بۇنىڭ قىسقىچە بايانى شۇكى، قەدىمى زاماندا چاغاتاي بىلەن موغۇلنىڭ ئارىسىدا چوڭ ئاداۋەت بار ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئەمىر تېمۇرنىڭ زامانىدىن تاكى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ زامانىغىچە چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى چاغاتاي خاننىڭ نەسلىدىن بىر كىشىنى پادىشاھلىققا ئولتۇرغۇزۇپ، پادىشاھلىق نامىنى ئۇنىڭغا تەۋە قىلاتتى ۋە پادىشاھنى مەھبۇس ھالىتىدە تۇتاتتى، بۇ خىل ئەھۋال ئۇلارنىڭ يارلىقنامىلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھلىق دەۋرى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىغا يەتكەندە بۇ قائىدىنى تاشلىدى. ئادەم ئەۋەتىپ يۇنۇسخاننى شىراز[①]دىن ئېلىپ كېلىپ، قېرىندىشى ئىسان بۇغاخاننىڭ ئۈستىگە — موغۇلىستانغا ئەۋەتتى. يۇنۇسخاننىڭ شىرازغا بارغانلىقى، ئىسان

---

① شىراز — ھازىرقى ئىراننىڭ فارس ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىراز تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن).

بۇغاخاننىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقى ، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ پادىشاھلىق قىلغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر ناھايىتى كۆپ ، ئۇلارنى بۇ كىتابتا بايان قىلساق ، سۆز ئۇزاققا تارتىپ كېتىدۇ . قىسقىسى ، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇسخانغا : «قەدىمدە سىلەرنىڭ مۇددىئايىڭلار باشقىچە ئىدى . ھازىر ئۇ مۇددىئانى يادىڭلارغا كەلتۇرمەڭلار ، يەنى يارلىق ۋە پەرمان مۇشۇ تەبىقىنىڭ ئېتىدا بولسۇن . شۇنداق بولغاندا ئارىمىزدا دوستلۇق ئالاقىسى پەيدا بولىدۇ » دېدى . يۇنۇسخان موغۇلىستانغا كەلدى ، ئوتتۇز يىل جاپا ـ مۇشەققەتلەر تارتقاندىن كېيىن ئىسان بۇغاخان ئۇستىدىن غالىب كەلدى . بۇنىڭ تەپسىلاتى سۇلتان سەئىدخان ئەھۋالىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىنغۇسى . شۇنىڭدىن كېيىن يۇنۇسخاننىڭ كۆڭلىگە خاتىرجەملىك ھاسىل بولدى . يۇنۇسخان : «تەڭرىتائالا ـ نىڭ : ‹سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار ›[1] دېگەن ھۆكۈمى بىلەن سۇلتان ئەبۇسەئىدخان قەدىمي دۇشمەنلىكنى دوستلۇققا ئۆزگەرتتى . قەدىمىي ۋە كەرەملىك كىتاب (قۇرئان )تىكى ھۆكۈم بويىچە بۇ ياخشىلىققا جاۋابەن بىز نېمە قىلىمىز ؟ ئۇ دۇشمەنلىكنى دوستلۇققا ئۆزگەرتكەن بولسا ، بىز دوستلۇقنى يېقىن تۇغقانلىققا ئۆزگەرتىمىز » دەپ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئۇچ ئوغلى ، يەنى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ، سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋە ئۇمەرشەيخ مىرزا قاتارلىقلارغا پاكلىق ئاسمىنىنىڭ ئۇچ قۇياشى بولغان مىھرىنىگار خانىم ، [سۇلتانىنىگار خانىم] ۋە قۇتلۇقنىگار خانىم قاتارلىقلارنى نىكاھ قىلىپ بەردى . بۇنىڭ تەپسىلاتى يۇقىرىدا دېيىلىپ ئۆتتى .

فەرغانە ۋىلايىتى ئۇمەر شەيخ مىرزىغا تەئەللۇق بولۇپ ، موغۇلىستانغا يېقىن ئىدى ، شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ ئۇچ مىرزا ئارىسىدا ھەممىسىدىن ئۇمەر شەيخ مىرزىنىڭ يۇنۇسخان بىلەن بولغان

---

[1] «قۇرئان كەرىم» ، 4 ـ سۇرە نىسا ، 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

ئالاقىسى ۋە ساداقىتى زىيادە ئىدى . ئۇنى يۇنۇسخاننىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى . ھەرقانداق چاغدا كۆڭلى خالىسا بىر - بىرلىرىنىڭ ۋىلايەتلىرىگە بېرىپ - كېلىپ تۇراتتى ، زىيادە تەكەللۇپ قىلىشمايتتى . بابۇر پادىشاھ تۇغۇلغاندا يۇنۇسخانغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى كىشى ئەۋەتتى . خان موغۇلىستاندىن كەلدى ، نەچچە مۇددەتكىچە ھەمراھ ۋە سۆھبەتداش بولدى . بابۇر پادىشاھنىڭ چېچىنى ئالدۇرۇش ۋاقتىدا ھەر بىرلىرى ئالاھىدە توي ۋە مەرىكە قىلىپ بەردى . سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن ئۆمەر شەيخ بىر - بىرلىرى بىلەن شۇ قەدەر مۇستەھكەم دوستلۇق ئورنىتىشتىكى ، ھېچ ۋاقىتتا ئىككى پادىشاھ بۇنداق بىر نىيەت ۋە بىر مەقسەتتە بولمىغان بولغىيتتى . خۇلاسە شۇكى ، بابۇر پادىشاھ تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 888 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئالتىسىدە[1] تۇغۇلدى . مەۋلانا مۇنىر مەرغىنانى ئاجايىپ ئالىم ئىدى ، ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئىدى . ئۇ كىشى بابۇرنىڭ تۇغۇلغان تارىخىنى «شەشى مۇھەررەم »[2] (مۇھەررەمنىڭ ئالتىسى ) دېگەن سۆزدىن چىقاردى . ھەزرىتى ئىشان — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — دىن ئات قويۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى . ھەزرىتى ئىشان — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — زەھىرىددىن مۇھەممەد ئىسمىنى قويۇپ بەردى . بۇ ۋاقىتلاردا چاغاتاي ئۇلۇسى ناھايىتى ئۇلۇغ ئىدى ، بۇ زامانىدىكىگە ئوخشاش ئادەتتىكىچە ئەمەس ئىدى . ئۇلارنىڭ تىللىرىغا زەھىرىددىن مۇھەممەد دېگەن سۆز ئېغىر كېلەتتى ، شۇ سەۋەبتىن بابۇر دېگەن سۆزنى لەقەم قىلىپ قويدى . نىشان - يارلىقلاردا «زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر » دەپ يازاتتى . مۇشۇ سەۋەبتىن بابۇر پادىشاھ ئىسمى بىلەن مەشھۇر بولدى .

---

① ھىجرىيە 888 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 6 - كۈنى مىلادىيە 1483 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ .

② خەنزۇچە نەشرىدە «شەشى» 6 ، «مۇھەررەم» 1 - ئاي ، يەنى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى دېگەن مەنىدە دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

بابۇر پادىشاھنىڭ نەسەبى مۇنداق : ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا كۆرەگان سۇلتان ئەبۇسەئىد كۆرەگاننىڭ ئوغلى ، سۇلتان ئەبۇسەئىد كۆرەگان بولسا سۇلتان مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئوغلى ، سۇلتان مۇھەممەد مىرزا بولسا مىرانشاھ مىرزىنىڭ ئوغلى ، مىرانشاھ مىرزا بولسا ئەمىر تېمۇر كۆرەگاننىڭ ئوغلى . بابۇر پادىشاھنىڭ ئانىسى قۇتلۇقنىگار خانىم [سۇلتان] يۇنۇسخاننىڭ قىزى ، [سۇلتان] يۇنۇسخان بولسا [سۇلتان] ئۇۋەيسخاننىڭ ئوغلى ، [سۇلتان] ئۇۋەيسخان بولسا شىرئەلىخاننىڭ ئوغلى ، شىرئەلىخان بولسا مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى ، مۇھەممەدخان بولسا خىزىر خاجەخاننىڭ ئوغلى ، خىزىر خاجەخان بولسا تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ ئوغلىدۇر .

بابۇر پادىشاھ ھەر خىل پەزىلەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ، تۈرلۈك ئېسىل خىسلەتلەر بىلەن بېزەلگەن پادىشاھ ئىدى . ئۇنىڭ ھەممە خىسلەتلىرى ئىچىدە شىجائەت ۋە مۇرۇۋۋەتتى زىيادە ئىدى . ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىدىن كېيىن تۈركىي تىلدا شېئىرنى ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك ئېيتىمىغان بولغىيتتى . ناھايىتى نازاكەتلىك ۋە لاتاپەتلىك تۈركىي دىۋانى بار ، يەنە «مۇبەييەن» ناملىق نەزمىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان مەسىلە كىتابى بار ، بۇ كىتاب ناھايىتى پايدىلىق ۋە ھەممە خالايىقنا ياققان رىسالىدۇر . يەنە ئۇ تۈركىي تىلدا «ئەرۇز رىسالىسى» يازدى . ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم ئەرۇز ئىلمىنى تۈركىي تىل بىلەن مۇنداق ياخشى بايان قىلمىغان بولغىيتتى . يەنە ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئاتىلىرىنىڭ رىسالىسىنى نەزمىلەشتۈرۈپ يېزىپتۇ . يەنە «ۋەقايىئ» (ۋەقەلەر)① ئاتلىق تۈركىي تىلدىكى تارىخ كىتابىنى يېزىپتۇ . بۇ كىتاب ناھايىتى باغلىنىشلىق ، تىلى ئىنتايىن پاكىز ۋە چۈشىنىشلىك يېزىلىپتۇ . بۇ كىتابتا ئۇ

---

① يەنى «بابۇرنامە» . بابۇر قازا قىلىپ 10 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسلىمىسى مىرزا ھەيدەرنىڭ قولىغا چۈشكەن . بابىر ھىجرىيە 937 ـ يىلى (مىلادىيە 1530 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ) قازا قىلغان . مىرزا ھەيدەرنىڭ ھىندىستاندىكى ۋاقتى تەخمىنەن ھىجرىيە 943 ـ يىلىدىن 947 ـ يىلىغىچە ئىدى (مۇھەررىردىن ) .

تارىختىن بەزى رىۋايەتلەر بايان قىلىنغۇسى . ئۇنىڭدىن ئىلگىرى [بۇ جەمەت] پادىشاھلىرى ئارىسىدا نەغمە ئىلمى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىلىم ۋە پەزىلەت جەھەتلەردە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك كىشى يوق بولۇشى مۇمكىن . ئۇ باشتىن كەچۈرگەن غارايىب ۋەقەلەر ۋە ئاجايىپ ئۇرۇشلار ھەقىقەتەن ئىنسان بالىسى ئىچىدىن باشقىلارغا دۇچ كەلمىگەن بولغىيتتى .

بابۇر پادىشاھ ئون ئىككى ياش ۋاقتىدا ئۇمەر شەيخ مىرزا ئالەمدىن ئۆتتى ، بابۇر پادىشاھنىڭ تەسنىپ قىلغان «ۋەقايىئ» ناملىق تارىخ كىتابى تۈركىي تىلدا يېزىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلۇغ ۋە تەۋەررۇك بىلىپ ئۇ كىتابنىڭ سۆزىنى كەلتۈردۇق . ئۇ كىتابتا ئۇمەر شەيخ مىرزىنىڭ ۋاپاتىنى مۇنداق جۈملىلەر بىلەن بايان قىلىپتۇ : «رامىزان ئېيىنىڭ 4 ـ كۈنى دۈشەنبىدە ئۇمەر شەيخ مىرزا كەپتەرخانىغا ئۇچۇپ شۇڭقار بولدى ، ئوتتۇز توققۇز ياشتا ئىدى . بۇ ۋەقە تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 899 ـ يىلى[1] سادىر بولدى . »

ئۇمەر شەيخ مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن بابۇر مىرزىنى ئون ئىككى يېشىدا پادىشاھلىققا ئولتۇرغۇزدى . بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن سۇلتانئەلى مىرزا بولسا سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى . بۇ ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا بولدى . زىددىيىتى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ سەمەرقەند شەھىرىنى مۇھاپىزەت قىلغۇدەك قۇدرىتى قالمىدى . بۇ خەۋەر ئەندىجانغا يەتتى ، ئاخىر بايسۇنغۇر مىرزا تاقەت قىلالماي سەمەرقەندنى تاشلاپ قاچتى ـ دە ، ھىسار تەرەپكە بېرىپ خۇسرەۋ شاھنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى . بۇ ۋەقە يۇقىرىدا قىسقىچە سۆزلەندى .

ئەلقىسسە ، [بابۇر] پادىشاھ سەمەرقەندنى ئالدى . ئەندىجان

---

① ھىجرىيە 899 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 4 ـ كۈنى مىلادىيىنە 1494 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ .

لەشكەرلىرىدىن سەمەرقەندتە بىر قىسمىنى توختاتتى، يەنە بىر مۇنچە لەشكەرلەر بەزىسى ئىجازەت بىلەن، يەنە بەزىسى ئۆز خاھىشى بويىچە ئەندىجانغا كەلدى. جەھانگىر مىرزا بابۇر پادىشاھنىڭ كىچىك ئىنىسى ئىدى، مەزكۇر تەنبەل بىرمۇنچە ئەمىرلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈردى. ئەندىجاننىڭ قازىسى ناھايىتى مەردانە، پاك ۋە تەقۋادار بولۇپ، بابۇر پادىشاھقا ئىنتايىن سادىق ئىدى، لېكىن ئۇنى بىگۇناھ ئۆلتۈردى. قازى شېھىت بولۇشتىن ئىلگىرى [بابۇر] پادىشاھقا سادىق ئەمىرلەردىن بىرمۇنچىسى ئەندىجان قەلئەسىنى بېكىتىپ، دەرھال پادىشاھقا: «ئەگەر پادىشاھ دەرھال يېتىپ كېلىپ ئەندىجاننىڭ ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلسا، سەمەرقەندنىڭ ئىشى ئاساندۇر» دەپ ئەرزنامە ئەۋەتتى. [بابۇر] پادىشاھ بۇ ئەرزنامىنى كۆرۈپ سەمەرقەندنى قويۇپ ئەندىجانغا يۈرۈش قىلىپ خوجەندكە يېتىپ كەلدى، ئۇ يەردە پادىشاھ ئەندىجاننىڭ ئىشلىرىنىڭ پۈتۈنلەي تۈگەشكەنلىكىنى ئاڭلىدى. [بابۇر] پادىشاھ ھەيران بولۇپ سەمەرقەندتىنمۇ ئايرىلىپ، تاغىسى مەھمۇدخانغا دەرھال ئىلتىجا قىلدى. پادىشاھنىڭ ئانىسى ۋە ئانىسىنىڭ ئانىسى ئىسان دەۋلەت بېگىمنىڭ پەرزەنتى ۋە جىيەنى بولغان مېنىڭ ئانامنىڭ قېشىغا كەلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن [بابۇر] پادىشاھ بىزنىڭ ۋىلايىتىمىزدە بولدى، بىز تەرەپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇ ئەزىز مېھمانلارنى ئېھتىرام بىلەن كۈتتى. پادىشاھ ئىككىنچى قېتىم سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىپ بىرقانچە غالىبىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە دۇچ كېلىپ، نۇرغۇن مۇشەققەتلەر بىلەن ئاخىر سەمەرقەندنى قولغا ئالدى. دۈشمەن تەرەپ سەمەرقەندنى تالىشىپ نۇرغۇن ئۇرۇش ۋە جېدەللەرنى قىلدى، ئاخىر سەمەرقەند مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى. پادىشاھنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ شاھىبېكخانغا ئۆزىنىڭ سىڭلىسى خانزادە بېگىمنى نىكاھ قىلىپ بېرىپ، سۇلھى ئارقىلىق سەمەرقەندنى شاھىبېكخانغا بەردى. قىسقىسى، پادىشاھ يەنە تاغىلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى، سەمەرقەندتىن كۆڭلىنى بىتەرەپ

قىلىپ ئەندىجاننى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشتى. خانلارمۇ ئىجتىھات كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ، ئەندىجاننى پادىشاھقا بېرىشنىڭ پىكرىگە چۈشتى. ئاقىۋەت ئىش شۇ يەرگە يەتتىكى، بۇنىڭ نەتىجىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنىدى. دېمەك، ئۇ ئۇرۇشتا خانلار شاھىبېك-خاننىڭ قولىغا چۈشتى. پادىشاھ ئۆزىنى فەرغانىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تاغلارغا ئالدى ۋە بەدەر كەتتى، نۇرغۇن مۇشەققەت ۋە سانسىز جاپالارنى كۆردى، پادىشاھنىڭ ئانىسىمۇ بۇ سەپەردە ھەمراھ ئىدى. پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرىنىڭ تولىسى ئەھلى ئاياللىرى بىلەن ئائىلە بويىچە كۆچمەكتە ئىدى. «ئەسسەفەرۇ قىتئەتۇن مىنەس-سەفەرى» دېگەن بىر ھەدىس بار. بۇ ھەدىس ھەققىدە مۆمىن قېرىنداشلارنىڭ ئىمامى، ياخشىلارنىڭ ياخشىسى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى — تەڭرى ئۇنىڭ تۇپەيلىدىن ياخشىلىق قىلغاي — مۇنداق دېگەنىكەن: «ئەگەر پۈتكۈل ئالەمنىڭ سەرۋىرى بولغان ئەڭ ئېسىل پەيغەمبەر — تەڭرى ئۇنىڭغا سالام ۋە دۇئا ئەۋەتكەي — ‹ئەسسەفەرۇ قىتئەتۇن مىنەس-سەفەرى› دېمىگەن بولسا ئىدى، پەقىر ‹ئەسسەقەرۇ قىتئەتۇن مىنەس-سەفەرى› دېگەن بولاتتىم» دېگەنىكەن. بۇ ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى «سەپەر دوزاخنىڭ بىر پارچىسىدۇر» دېگەن بولىدۇ. ھەزرىتى ئەلى — تەڭرى ئۇنىڭ تۇپەيلىدىن ياخشىلىق قىلغاي — نىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسى: «دوزاخ سەپەرنىڭ بىر پارچىسىدۇر» دېگەن بولىدۇ.

دېمەك، پادىشاھنىڭ ئۇ سەپىرىگە «ئەسسەقەرۇ قىتئەتۇن مىنەس-سەفەرى» (دوزاخ سەپەرنىڭ بىر پارچىسىدۇر) دېگەن سۆز مۇۋاپىق كېلەتتى. بۇ تەتۈر يۈرۈشلۈك مەككار پەلەكنىڭ ھەربىر ئەزىز ۋە گۆھەر كەبى پاك كىشىلەر ئۈچۈن تەييارلىغان جاپاكارلىقى ۋە دۈشمەنلىكى خارلىق ۋە ئېتىبارسىزلىقتا سىلىشلىرى قانچىلىك بار بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ سەپەردە بابۇر پادىشاھقا چاچتى. ئاخىر ئۇ سانسىز ئازاب-ئوقۇبەت ۋە تۈرلۈك جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن خۇسرەۋ شاھنىڭ پايتەختى

بولغان ھىسار ۋىلايىتىگە يەتتــــى . خۇسرەۋ شاھ ئۆزىنىـــڭ ئادەمگەرچىلىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى . بابۇر پادىشاھ ئۇنىڭدىن ئادەمگەرچىلىك ۋە مۇرۇۋۋەت كۆزلىگەنىدى ، ئەمما كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە نەتىجە بەردى . خۇسرەۋ شاھ ئادەمگەرچىلىك يۈزىنى ئۆرۈپ مۇرۇۋۋەتسىزلىك دۇمبىسىنى ئۇ مۇرۇۋۋەتلىك زاتنىڭ يۈزىگە توغرىلىدى ، ئەمما ھەر ھالدا بابۇر پادىشاھقا چىقىلماي ئازراق ئادەمگەرچىلىك قىلدى . بابۇر پادىشاھ ھاياجان ۋە ئەندىشە ئىچىدە قىبچىپ غورى ۋە باقلان تەرىپىگە باردى . ئۇلار شۇ يەرگە يەتكەندە يول يۈرگۈدەك قۇۋۋەت ، قەدەم ئالغۇدەك تاقەتلىرى قالمىدى . ئامالسىز نەچچە كۈنگىچە شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى .
**مىسرا :**

ئەي بەسا نۇقسانكى ئاخىر ، بەرگۈسى بىر نەۋئى سۇد .

گەرچە ئۇ يەردە تۇرۇش كۆرۈنۈشتە نالايىق ۋە نامۇۋاپىق بولسىمۇ ، ئەمما مۇتلەق دانا ۋە ھەقىقىي ھاكىم ، ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك تەڭرىتائالانىڭ بۇ ئىشلار ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ھېكمەتلىرى ۋە مەرھەمەتلىرى بار ئىدىكـــى ، يىـــراقنــى كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزىمۇ ئۇنى كۆرۈشتە خىرە ئىدى .

شۇ ئەسنادا شاھبېكخاننىڭ ھىسارغا كېلىدىغان داغدۇغىسى ۋە مەھمۇد سۇلتاننىڭ قۇندۇزغا كېلىدىغان دەبدەبىسى يېتىپ كەلدى . خۇسرەۋ شاھمۇ قورقۇنچ تۇپەيلىدىن قىبچىپ غورى تاغلىرى تەرىپىگە يۈردى . بابۇر پادىشاھ شۇ كۈنلەردە غورىدا ئىدى ، ئۇلار پادىشاھنىڭ بارگاھىغا يېقىن يەتكەندە ، خۇسرەۋ شاھنىڭ لەشكىرى ۋە تاۋابىئاتلىرىغا بابۇر پادىشاھنىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى . ئۇلار خۇسرەۋ شاھنىـــڭ خـەزىنىســـى ، پۈتكۈل خىزمەتكارلىرى ۋە ھـەيۋەت ـ ھەشەمەتلىرىنى ئېلىپ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا باردى ، خۇسرەۋ شاھمۇ ئىلاجسىز مۇلازىملىق قىلىشتىن باشقا چارە تاپالمىدى . بايسۇنغۇر

مىرزا بىلەن سۇلتان مەسئۇد مىرزا پادىشاھنىڭ ھامىيسىنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى خۇسرەۋ شاھ ئۆلتۈرگەنىدى، يەنە تېخى پادىشاھ ھىسارغا بارغاندا ئۇنىڭغا مۇرۇۋۋەتسىزلىك قىلغانىدى. يۇقىرىقى مىرزىلارنىڭ قېرىندىشى بولغان مىرزاخان ئاشۇ كۈنلەردە بابۇر پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. خۇسرەۋ شاھ غۇربىغا كەلگەندە مىرزاخان پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ ئەرز قىلىپ: «خۇسرەۋ شاھ بايسۇنغۇر مىرزا ۋە سۇلتان مەسئۇد مىرزىنى ئۆلتۈردى. بىزگىمۇ شۇنداق پەرمان بېرىلسە، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن بىچارىلەرنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈشىمىز كېرەك» دەپ تەلەپ قىلدى. بابۇر پادىشاھنىڭ ۋۇجۇدى ۋە سۈپىتى مۇرۇۋۋەت (ياخشىلىق)تىن ئىبارەت ئىدى. پادىشاھ سىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن مىرزاخانغا: «ئىككى نەپەر پاك پەرىشتىنى بىر ناپاك دىۋىگە تەڭلەشتۈرسەك، بۇ بىز ئۈچۈن يۈز مىڭ ئەيىب ئەمەسمۇ؟» دەپ ئەنە شۇنداق نۇرغۇن دەلىل ۋە مۇۋاپىق ئىسپاتلار ئارقىلىق نەسىھەت قىلدى. مىرزاخان قايىل ۋە رازى بولۇشتىن ئۆزگە چارە تاپالمىدى. خۇسرەۋ شاھ مىرزاخاننىڭ پادىشاھقا ئەرز قىلغانلىقىنى، پادىشاھنىڭ ئەپۇ، كەرەم ۋە مۇرۇۋۋىتىنىڭ نەقەدەر گۈزەل ۋە نەقەدەر كامىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ھەر نەپەستە خىجالەت تەرلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى. پادىشاھ ئەپۇ ۋە كەچۈرۈم ئىبتەكلىرى بىلەن ئۇنىڭ خىجالەت تەرلىرىنى سۈرتتى. مەجلىس ئاخىرلاشتى، پادىشاھ: «خۇسرەۋ شاھنىڭ پۈتكۈل خەزىنە ۋە ئەسلىھەلىرىنى كەم ـ كۈتىسىز، تولۇق ھالدا پۈتۈنلەي خۇسرەۋ شاھنىڭ ئۆزىگە ياندۇرۇپ بەرسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلىپ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىنئام قىلدى. ئاشۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ ئىلكىدە پەقەت بىرلا ئات بار ئىدى، ئۇنىمۇ پادىشاھنىڭ ئانىسى مىنەتتى، قالغان ئەسلىھە ۋە ئەسۋابلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى مۇشۇنىڭدىنلا قىياس قىلىشقا بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ پادىشاھ مۇشۇنچىۋالا يوقسۇزچىلىقتا ۋە قىيىنچىلىقتا تۇرۇپمۇ، كامالەتكە

يەتكەن ئالىي ھىممىتى ۋە ئۇستۇن نەزىرى بىلەن خۇسرەۋ شاھنىڭ ھېچ نەرسىسىنى ئېلىپ قالماي ئۆزىگە ئىنئام قىلدى. خۇسرەۋ شاھنىڭ ئۆزى شاھنىڭ مۇلازىمىتىگە كەلگەندە، بىرمۇنچە ھەدىيىلەرنى ئالدىغا ئېلىپ كەلگەنىدى، پەقەت شۇنىلا ئېلىپ قالدى. ھالبۇكى، خۇسرەۋ شاھقا ئىنئام قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنىڭ ئالدىدا بۇلار گويا دېڭىز ئالدىدىكى بىر تامچە سۇچىلىك ئەمەس ئىدى.

خۇسرەۋ شاھ بابۇر پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ خوراسانغا يۇرۇپ كەتتى. ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، خۇسرەۋ شاھ ئۆز تەۋەلىرى بىلەن بىللە قۇتۇلغىنىغا قانائەت قىلماي خوراسانغا بېرىپ، بىرمۇنچە ياردەم تىلەپ ئېلىپ قۇندۇز ئۇستىگە كەلدى. ئەمما، مۇرادى ھاسىل بولماي ئۆزى ھالاك بولدى. ھەر كىشى ئۆز خاجەسىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرسە، ھامان ئاقىۋىتى ئاشۇنداق ھالەتكە قالغۇسىدۇر.

ئەمما، بابۇر پادىشاھنىڭ ئەتراپىغا بىر كېچىدىلا يىگىرمە مىڭ كىشى يىغىلدى. ئۇلۇغ ئەمىرلەر، مەسىلەن، باقى چاغانىيانى[1]، سۇلتان ئەھمەد قاراۋۇل، [باقى نىلا فۇرۇش] ۋە باشقىلار پادىشاھنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى، لەشكىرىي ئەسلىھەلەرنى تەييارلاپ كابۇلغا يۈرۈش قىلدى. كابۇلدا پادىشاھنىڭ تاغىسى ئۇلۇغبەگ مىرزايى كابۇلىدىن كېيىن سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن زۇنۇن ئارغۇنىنىڭ ئوغلى مۇقىم بار ئىدى، مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلى شۇ ئىدى. پادىشاھ يېتىپ كېلىش بىلەنلا ئۇ تاقابىل تۇرۇشقا چىقىپ، تەپ تارتماستىن ئۇرۇشقا قەدەم قويدى. ئازراق ۋاقىت ئىچىدىلا يېڭىلىپ كابۇل شەھەر سېپىلى ئىچىگە بېكىنىۋالدى، ئاخىر يەنە چىداشلىق بېرەلمەي ئامانلىق تىلەپ شەھەرنى تاپشۇردى. پادىشاھمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «قالغان چاغاتايى» دېيىلىپ قالغان، باشقا نۇسخىلار ئاساسىدا توغرىلاندى.

مۇقىمنىڭ ھەممە ئەسلىھەلىرى ۋە تەئەللۇقاتلىرى بىلەن بىللە ساق - سالامەت قەندەھار[1]غا كېتىشكە رۇخسەت بەردى. شۇ ۋاقىت تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 909 - يىلى[2] بولغان چاغ ئىدى. ھازىر تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 948 - يىلى[3] بولدى، ھازىرغىچە كابۇل مەملىكىتى [بابۇر] پادىشاھنىڭ تەختى تەۋەلىكىدە بولۇۋاتىدۇ.

سۆز بۇ يەرگە يەتكەندە سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋەقەلىرى، ئاتامنىڭ ھېكايىلىرى، خوراسانغا بېرىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇلارنىڭ بابۇر پادىشاھنىڭ ئەھۋالىغا ئالاقىدار ۋەقەلىرىنى بايان قىلىش لازىم كۆرۈندى. چۈنكى، خاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنى قىسقىچە، كېيىنكى ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتۈش لازىم بولدى.

## سەككىزىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخان ئىبنى سۇلتان ئەھمەدخان ئىبنى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ۋەقەلىرى، دەسلەپكى مەزگىللىرىدە باشتىن كەچۈرگەن بالا - قازا ۋە مېھنەت - مۇشەققەتلىرىنىڭ بايانى

شۇنى بىلمەك كېرەككى، پۈتكۈل دۇنيانىڭ، جىمى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان پاك ۋە مۇقەددەس تەڭرى ئۆزىنىڭ

---

① قەندەھار — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر. ماكېدونىيە ئىمپېرىيىسى مەزگىلىدە ئىسكەندەرىيە ئەراخوسىيە دەپ ئاتالغان (مۇھەررىردىن).

② ھىجرىيە 909 - يىلى مىلادىيە 1503 — 1504 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ ھىجرىيە 948 - يىلى مىلادىيە 1541 — 1542 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇلۇغلۇق ، بۈيۈكلۈك ھېكمىتى ۋە ئەبەدىي ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئۆز بەندىلىرى ئارىسىدىكى ھەربىر مەقبۇل كىشىنى تاجۇتەخت بىلەن ئەزىز قىلىشنى ، ھەربىر قابىلىيەت ئىگىسىنى ئىنايەت ۋە مەرھەمەت لىباسلىرى بىلەن زامانداشلىرى ئارىسىدا يېگانە ۋە بۈيۈك قىلىشنى خالىسا ، ئالدى بىلەن ھەر خىل بالا ۋە مېھنەت ، تۈرلۈك - تۈمەن جاپا ۋە مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا قىلىپ ، ئۇنىڭغا غارايىب ئىشلار ۋە ئاجايىپ ۋەقەلەرنى دۇچ كەلتۈرىدۇ . بۇنداق قىلىشتىكى ھېكمەت ئۇنىڭ ئالەمدىكى ھەر خىل ۋەقە - ھادىسىلەرگە دانا بولۇپ ، ئاجىز ، دەردمەنلەر ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ ، زەئىپ - بىچارىلەرگە رەھىم - شەپقەت كۆزى بىلەن قارىشى ، مەملىكەت ۋە مىللەت ئىشلىرىغا ئەقىل ۋە ئىدراك بىلەن ئىنتىزام بېرىشى ئۈچۈن بولسا كېرەك . مۇتلەق دانا پادىشاھ بولغان شەپقەتلىك تەڭرى دەرگاھىنىڭ يېقىن ۋە ئەزىز كىشىسى بولغان ھەزرىتى مۇسا — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ ئەنە شۇ خىل مەزمۇنغا ئىگە بىر ھېكايىتى ئىنسانلارنىڭ پەخرى ، دىن ۋە مىللەتنىڭ نۇرى شەيخۇلئىسلام ھەزرىتى مەۋلانا ئەبدۇررەھمان جامى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ «سىلسىلەتۇز - زەھەب» (ئالتۇن زەنجىرلەر) ناملىق كىتابىدا نەزم يولى بىلەن بايان قىلىنىپتۇ . تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە :

بىر كۈنى ئېردىكىم كەلىمى خۇدا ،
بولدىلار ئازىم ھەرىمى ۋەفا .
گەھ شۇبانلىق قىلۇرغە قويدى قەدەم ،
رەمەدىن بەررە قىلدى ناگەھ رەم .
بەررە قاچتى ، كەلىم پەي دەرپەي .
قوغلابان قىلدى كوھى ھامۇن تەي .
ئاخىر ئول بەررە بولدى ئاجىزۇ سۇست ،
بەس ، يىقىلدىيۇ يەتتى مۇسا چۇست .
تۇتۇپ ئانى قۇچاغدا ياتقۇزۇبان ،
رەھم ئەشكىن كۆزىدىن ئاقىزىبان .

غەزەب ئەتمەي ، ئاڭا تەرەھھۇم ئېتىپ ،
سىلابان لۇتف ئىلە تەكەللۇم ئېتىپ .
دەپكى : قاچماغدا نې ئىدى مەقسۇد ،
نېگە مۇنچە يۈگۈرماقىڭدا نە سۇد ؟
قوغلاماقلىق ئۆززۈم ئۈچۈن ئېرمەس ،
كى سېنىڭ نەفئىڭ ئېردى مەتلەب بەس .
ساڭا گەر لۇتفۇ شەفقەت ئەيلەمەيىن ،
قويسام ئېردى بۇ نەۋئى قوغلامايىن .
سېنى كەرگى پەلىدى خۇن ئاشام ،
تۇئمەئى چاشت ئېتەر ئىدى يا شام .
ئاڭا گەردۇن ئۆزە بېرىپ مەنزىل ،
چالدى مەقسەت سارىغە كۇسى رەھىل .
تارتىبان مۇنچە رەنجى بىپايان ،
ئالدى بويىنىغە مۇنچە بارى گەران .
شادۇ غەم ۋەقتى يوقتۇر ، ئەي يارى ،
باركەشلىك كەبى ئۇلۇغ كارى .
باركەش بۇلكى تاكى يەۋمى نۇشۇر ،
بولغۇسى مەنزىلىڭ سەرايى سۇرۇر .
ھەق تەئالا ئانى شۇبانلىقدا ،
كۆردى ئايىنى مېھرىبانلىقدا .
دېدى : ئەي قۇدسىيانى كەررۇبى ،
ئولكى بولغاي ئانىڭدا بۇ خۇبى .
ئەلدىن ئەتسەم كېرەك بەلەند ئانى ،
قىلىبان شاھى ئەرجۇمەند ئانى .
كىيدۇرۇپ ئاڭا تاجى سەرۋەرلىك ،
بېرەيىن مەنسەبى پەيەمبەرلىك .
سايەسىدە ئەمان تاپىپ قارى - ياش ،
سايەدەك قويغاي ئەل ئاياغىدا باش .

بۇ جەھەتتە توغرا ۋە ئىشەنچلىك خەۋەرلەردە بايان قىلىنىدۇكى ، ھەربىر پەيغەمبەرنى ئەلچىلىك تاجى ۋە لىباسلىرى بىلەن ئەزىز ۋە مۆتىۋەر قىلىشتىن بۇرۇن ، تەڭرى ئۇلارنى ئالدى

بىلەن چوپانلىق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت شۇ ئىش بىلەن تەجرىبە هاسىل قىلىپ، ئۇممەتلىرىنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىرىنىڭ هالىغا مۇناسىپ مېهىر - شەپقەت قائىدىسىنى بەجا كەلتۈرسۇن، دېگەندىن ئىبارەت.

«تارىخى ئاكاسۇرە»دە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

قۇباد ئاكاسۇرەنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولۇپ، نۇشىرۋان ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى. قۇباد نۇشىرۋاننىڭ پېشانىسىدە ئەقىل ۋە ئىدراك نۇرلىرى، ئادالەت ۋە ئېهسان شولىلىرىنى سەزگەندىن كېيىن چوڭ بولغۇچە ئۇنىڭ پاك كۆڭلى مېهىر - ۋاپا، پاكىزلىق ۋە ئىلىم - هېكمەت بىلەن تولسۇن، هەر خىل پەزىلەت ۋە كامالەتلەرنى هاسىل قىلىپ تۈرلۈك ئىلىملەر ئۇنىڭ كۆڭۈل هۇجرىسىغا نەقىشلەنسۇن، دەپ ئۇنى ئۆلىما ۋە هۆكۈمالارنىڭ ئەڭ ئاقىل ۋە كامىللىرىغا تاپشۇرماقچى بولدى. شۇڭا، خاجە ئەبۇزەر جۇمهۇر هېكىمنى چاقىرتىپ نۇشىرۋاننى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

هەكىم پادىشاهقا ئىلتىماس قىلىپ: «پادىشاهنىڭ شاهزادىنى ماڭا تاپشۇرۇشىدا ئۇنىڭغا ئەقىل ۋە هېكمەت ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا، مەندىن شاهزادىگە نىسبەتەن ئىلىم - هېكمەت ئۆگىتىش تەقەززاسى بىلەن يىراقنى كۆرەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە هۆرمەتسىزلىك ۋە هاقارەت هېسابلىنىدىغان بەزى ئەهۋاللار سادىر بولسا، پادىشاهنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىگە بۇنىڭدىن زەررىچە رەنجىش ۋە ئاداۋەت پەيدا بولۇپ قالمىغاي. چۈنكى، ئازراق ۋاقىتتىن كېيىنلا ئۇ ئىشنىڭ هېكمىتى، بەرىكىتى ۋە خاسىيىتى ئاشكارا بولىدۇ» دېدى. پادىشاه: «خوپ، مېنىڭ مەقسىتىممۇ شۇ» دېدى.

خاجە ئەبۇزەر جۇمهۇر نۇشىرۋاننى ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ چىقىپ ئىلىم - هېكمەتخانىسىگە قاراپ يولغا چىقتى، ئۇلار ئاتخانىغا يېتىپ كەلگەندە خاجە ئېتىغا مىندى، نۇشىرۋاننى يۈك - تاقلىرىنى يۈدۈپ پىيادە ئاتنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا بۇيرۇدى. نۇشىرۋانمۇ قوبۇل قىلىپ يۈك - تاقلىرىنى ئۈچىسىغا ئېلىپ،

خاجەنىڭ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسى ئالدىدا پىيادە ماڭدى. خاجە بەزىدە ئېتىنى تېز ماڭدۇراتتى، بەزىدە تىزگىنىنى تارتىپ ئاستا يۈرەتتى. خاجەنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، خاجە ساراي بوستانىنىڭ سەھنىسىدە توختاپ تۇرۇپ نۇشىرۋانغا غەزەپ ۋە ئاھانەت قىلىشقا باشلىدى. ئادەملىرىگە نۇشىرۋاننى ياتقۇزۇپ ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. نۇشىرۋاننى خاجەنىڭ ئادەملىرى ياتقۇزدى، ئىككى تەرەپتىن بىرنەچچە كىشى چۆپدەستىلەرنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ تۇردى. نۇشىرۋان ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى ئىزتىراپقا چۈشتى، نالە - زار قىلىپ يىغلاپ كۆپ يالۋۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن خاجە ئادەملىرىگە پەرمان قىلىپ: «قويۇپ بېرىڭلار، گۇناھىدىن ئۆتتۈم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، نۇشىرۋانغا شۇ قەدەر چەكسىز خۇشاللىق ۋە ئىختىيارسىز شاد - خۇراملىق ھاسىل بولدىكى، ئۇ ئۆمرى ئىچىدە مۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى.

خاجە شۇنىڭدىن كېيىن يۇقىرى ئىززەت ۋە ئېھتىرام بىلەن نۇشىرۋاننى مېھمانخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭغا تۈرلۈك زىياپەتلەرنى تەييارلاپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن شۇ قەدەر ئەدەپ ۋە خىزمەتكارلىق يوسۇنلىرىنى بەجا كەلتۈردىكى، نۇشىرۋان بۇ قەدەر ئادەمگەرچىلىك، ئەدەپ - قائىدە يوسۇنلىرىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. نۇشىرۋان خاجەدىن بۇ قەدەر ھۆرمەت ۋە مېھماندارلىق قائىدە - يوسۇنلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

خاجە ئەبۇزەر جۇمھۇر ئېيتتىكى: «ئەي شاھزادە، ئالدى بىلەن سېنى ئات ئالدىدا پىيادە ماڭدۇردۇم، گاھىدا تېز يۈردۈم، گاھىدا ئاستا ماڭدىم. بۇنىڭدىن مەقسىتىم شۇكى، سېنىڭ ئېتىڭنىڭ ئۈزەڭگىسى ئەتراپىدا ماڭغان پىيادىلەرنىڭ ھالىغا يەتكەيسەن، ئاتلىق يۈرۈشنىڭ مەرتىۋىسى قانداق ئىكەن، پىيادە مېڭىشنىڭ رەنج - مۇشەققىتى قانداق بولىدىكەن؟ بۇنى بىلگەيسەن. بۇ تەجرىبىنى ھاسىل قىلساڭ، ئاندىن پىيادىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولىسەن. شۇنىڭ بىلەن، ساڭا غەزەپلەندىم ۋە

سىزنى ئۇرۇشنى بۇيرۇپ ياتقۇزدۇم ، ئاندىن يەنە ئۇرماي كەچۈرۈم قىلدىم . بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇ ئىدىكى ، ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەن ھەرقانداق ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشقا كىشىلەرگىمۇ راۋا كۆرمىگەيسەن . پادىشاھلارنىڭ قورقۇنچلۇق غەزىپى ۋە سىياستى كىشىگە قانداق ئېزىتىراپلىق ھەم ۋەھىمىلىك ئەندىشىلەرنى سالىدىغانلىقىنى ، ئەپۇ ۋە كەچۈرۈم قىلىشنىڭ شاد - خۇراملىقى قانچىلىك دەرىجىدە بولىدىغانلىقىنى بىلگەيسەن . قاچانكى بىراۋغا غەزىپىڭ كەلسە ، دەرھال ئۇنىڭغا ئەپۇ ۋە كەچۈرۈم ئىشىكىنى ئاچقايسەن ، گۇناھكارلارنىڭ ھالىغا يەتكەيسەن . چۈنكى ، سەن پادىشاھ ، ھەممە خەلق ساڭا موھتاجدۇر . يەنە مەن ياخشى سۆزلەر بىلەن سىنىڭ كۆڭلۈڭنى ئالدىم ، بۇنىڭدىن مەقسەت شۇكى ، سەنمۇ خالايىققا مەن ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلغاندەك مۇشۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلغايسەن . »

خاجە ئەبۇزەر جۇمھۇر بۇ سۆزلەرنى دەپ شۇنچە كۆپ ھېكمەت ۋە نەسىھەتلەرنى بايان قىلدىكى ، نۇشىرۋان جان قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ ، كۆڭۈل خەزىنىسىدە ئۇ ھېكمەت جاۋاھىرلىرىنى چىڭ ساقلىدى ، ھېچ ۋاقىتتا بۇ نەسىھەتلەرنى ئۇنتۇمايتتى . ئۇ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغاندا ، سۆزلىرىدىن مۆجىزىلەرنى بايان قىلغۇچى ھەزرىتى پەيغەمبەر — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ مۇبارەك لەۋزىدىن جارى بولغان «مەن ئادىل پادىشاھنىڭ دەۋرىدە تۇغۇلدۇم» دېگەن شەرەپلىك ئۇنۋان ئۇنىڭ سائادەتلىك سەھىپىسىگە يېزىلدى . نۇشىرۋان شاھلىق زامانىدا شۇنداق يولدا ماڭغانىدىكى ، ئۇنىڭ تاۋابىئاتلىرى ، ۋەزىر - ئەمىرلىرى ۋە پۇقرالىرىدىن ھېچكىم ئۇنىڭدىن نارازى ئەمەس ئىدى . ئەگەر بىرەر كىشىدىن خاتالىق ۋە گۇناھ سادىر بولغان بولسا ، ئۇنىڭغا ھەرگىز جازا بېرىپ ئىنتىقام ئالمايتتى ۋە ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار قىلمايتتى ، بەلكى ياخشىلىق ۋە ئىنئام بىلەن ئېھتىرام قىلاتتى ، كەچۈرۈم ۋە ئىلتىپات بىلەن خالايىق ئىچىدە مۇمتاز قىلاتتى . شۇ تۈپەيلىدىن ئۇ كۆپپارلاردىن بولسىمۇ ،

لېكىن باشقا كۇپپارلاردىن پەرقلىق ھالدا كۇپپارلارنىڭ بارىدىغان يېرى بولغان جەھەننەمدىن خالاس بولۇپ، ئازاب - ئوقۇبەتلەردىن خالىي بولغان ئەئراف دېگەن مەنزىلدە ئورۇنلاشتى.

بۇ مۇقەددىمىلەرنى سۆزلەشتىن مەقسەت ۋە بۇ ھېكايەتنى يېزىشتىن مۇراد شۇكى، ئەزەل ھېكمىتى ۋە ئەبەدىيلىك ئىرادىسى شۇنى خالايدۇكى، ئىزباسارلىق تاجىغا ئىگە بولغۇچىلار خەير - ئېھسان ۋە ئادالەت خۇسۇسىيىتى بىلەن زىننەتلىنىشى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تۇرلۇك گۇرۇھلار ئىچىدىكى ياخشى خىسلەتلەرنىڭ جاۋاھىراتى ھەمدە خىلمۇخىل نازۇك ئىسىل تەجرىبىلەر بىلەن ياسانغان ۋە بېزەلگەن بولۇشى لازىم. پادىشاھلىق لىباسى شەرەپ نەقىشلىرىدىن ۋە نازۇك خىسلەتلەرنىڭ گۈللىرىدىن رەڭ ئالغان بولۇشى كېرەك.

ئەزىز ۋە بەختلىك ھەزرىتى خان بولسا پادىشاھلىق دەرىخىنىڭ مېۋىسىدۇر، ئۇ ئۇلۇغ پادىشاھلار خەزىنىسىدىكى يېگانە گۆھەردۇر، ئۇنىڭ ئىسمى سۇلتان سەئىدخاندۇر. ئۇ ئۆز قەددىگە پادىشاھلىق لىباسلىرىنى، مۇبارەك بېشىغا شاھلىق تاجىنى كىيگەندىن بېرى پۈتكۈل دۆلەت ئەربابلىرى، ئومۇمىي دېھقان ۋە پۇقرالارغا، بولۇپمۇ پەزىلەت ۋە كامالەت ئىگىلىرىگە، پېقىر ۋە مىسكىنلەرگە پاراغەت - خاتىرجەملىك ھاسىل بولدى. ئۇلار ئۆز ۋاقىتلىرىنى بۈيۈك پادىشاھ، بولۇپمۇ نازۇنېمەت بەرگۈچى بۈيۈك پادىشاھ — تەڭرىگە ئىبادەت ۋە شۈكۈر - سانا ئېيتىشقا سەرپ قىلماقتا. ئۇنىڭ بەرىكىتى ئۇزۇن مۇددەتلەرگىچە دىن ۋە دۇنياغا مەنسۇپ بولغاي.

ئالدى بىلەن ھەر خىل مېھنەت - مۇشەققەت تارتقۇچى ئالەم ئەھلى ئۇنىڭ تۈپەيلىدىن شۇ مېھنەت - مۇشەققەتلەر ئارقىلىق ئىمتىھان قىلىپ كۆرۈلدۇ. ھەزرىتى خاننى تەپرىقچىلىك ۋە زامان ئىنقىلابى ۋاستىسى بىلەن تەڭرى نەچچە خىل مېھنەت - مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا قىلدى. شۇ ئارقىلىق خان بۇ تۇراقسىز زامانىنىڭ ئىنقىلابلىرىدىن ساۋاق ئېلىپ تەجرىبىلىك ۋە ئەدەپ -

ئەخلاقلىق بولدى ، چوڭ ـ كىچىك ھەممە خالايىقنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولدى . شۇڭا ، سەلتەنەت ۋاقتىدا ھەربىر تائىپىنىڭ ئۆز ھالىغا قاراپ ، ئۇلارغا لايىقىدا مۇئامىلە قىلدى ، ھەممە خەلق ئۇچۇن پاراغەت ۋە تەرەققىياتقا سەۋەبكار بولدى .
نەزم :

مەردى خىرەدمەندۇ ھۇنەر پىشەگە ،
ئۆمر ئىككى بولسا كېرەك بىخەلەل .
بىرسى بىرلە تەجرىبە ئۆرگەنسە ئول ،
بەس ، يەنە بىر ئۆمر ئاڭا قىلسە ئەمەل .

دېمەك ، بۇ كىتابتا ھەرقانداق يەردە ھەزرىتى خان ئىبارىسى كەلسە ، ئۇنىڭدىن مەقسەت ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخاندۇر . بۇ ئىخچام كىتابنى يېزىشتىن ئەسلىي مەقسەتمۇ ھەزرىتى خاننىڭ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر . خاننىڭ شەرەپلىك نەسەبلىرى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنىپ ئۆتتى . خان تۇغۇلۇپ ئون تۆت ياشقا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا بۇزرۇكۋار ئاتىسىنىڭ سائادەتلىك ئالىقانلىرىدا بەختىيارلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى . خاننىڭ ئۆمرى ئون تۆت ياشقا يەتكەندە ، خاننىڭ بۇزرۇكۋار ئاتىسى — مۇبارەك ئىسىملىرى سۇلتان ئەھمەدخان ، لەقەملىرى ئالاچەخاندۇر — نىڭ كۆڭلىگە ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ خىزمىتىگە بېرىش ھەۋىسى چۈشتى . شۇڭا ، چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننى ئۆز ئورنىدا خان قىلىپ تىكلەپ قويۇپ ، ئاندىن ئىككى ئوغلى — ئۇنىڭ بىرى سۇلتان سەئىدخان ، يەنە بىرى باباچاق سۇلتاندۇر — نى ھەمراھ قىلىپ تاشكەندكە ئېلىپ باردى . يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ، ئاخىسىدىكى ئۇرۇشتا خانلار ئەسىرگە چۈشتى . ھەزرىتى خان ئۇ ئۇرۇشتا ئاتىسى بىلەن ھەمراھ ئىدى ، ئىككى لەشكەر بىر ـ بىرىگە قارشى ئۇرۇشقا قەدەم قويغاندا ، ھەممە كىشى ئۆز جېنىنى مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن قالدى . خانمۇ بىر تەرەپكە قېچىپ كېتىپ باراتتى ، تۇيۇقسىز

ئۇنىڭ يوتىسىغا بىر ئوق تەگدى ، ئوق ئۇنىڭ ئۇستىخىنىغىچە بېرىپ يەتتى . خان ئاتىسىنىڭ لەشكىرىنىڭ تىرىپىرەن بولغانلىقىنى كۆردى . ئۇنىڭ ئوق زەخمىسى بىلەن ھېچ يەرگە قاچقۇچىلىك ھەم ھەرىكەت قىلغۇچىلىك ماجالى قالمىغانىدى ، ئىلاجسىز بىر چوڭقۇر ئورەككە كىلىپ ياتتى . ئۇ جايدىكى يەرلىك خەلقلەر ئۇرۇش مەيدانى لەشكەرلەردىن خالىي بولغاندىن كېيىن جەڭگاھتا لەشكەرلەرنىڭ بىرەر نەرسىلىرى چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟ دەپ ئىزدەپ يۈرۈپ خاننى ئۇچراتتى ۋە تۇتۇۋالدى . قارىسا ئۇ خاندا بىر يەرگە بېرىپ كەلگۈدەك ماجال يوق ، ئىلاجسىز نەچچە كۈنگىچە ئۆيلىرىدە ساقلىدى .

شاھىبېكخان تاشكەندنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردە توختىماي يۈرۈش قىلغانىدى . خان بارا - بارا ماجالىغا كىلىپ ساغلام بولدى . بۇ ۋاقىتتا ئاخسىدا شەيخ بايەزىد ھاكىم ئىدى ، شۇڭا خاننى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىلىپ باردى . شەيخ بايەزىد خاننى بىر يىلغىچە قاماققا سالدى ، بىر يىل تامام بولغۇچە خان قاماقتا ياتتى . بۇ چاغدا شاھىبېكخان كىلىپ تەنبەلنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى ۋە ئەندىجان ۋىلايىتىنى جانىبېك سۇلتانغا تاپشۇردى . جانىبېك سۇلتان ئاخسىغا كەلدى ، خاننى جانىبېك سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئىلىپ كەلدى . جانىبېك سۇلتان خاننى شاھىبېكخاننىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى . شاھىبېكخان خانغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى قىلدى ، گوياكى ئاتىسىدەك لۇتفۇمەرھەمەتلەر بىلەن قىشىدا ساقلىدى . شاھىبېكخان ھىسار ۋە قۇندۇزنى پەتھ قىلغاندىمۇ خان ئۇنىڭ بىلەن ھەمراھ ئىدى . مەن خاننىڭ بۇ ۋەقەلەرنى تەھسىن ۋە تەئەججۇپلەر بىلەن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق بايان قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم :

شاھىبېكخان ھىسارنى پەتھ قىلغاندا سۇلتان مەھمۇدمۇ قۇندۇزنى پەتھ قىلىپ ، ئۆز ئىلكىگە ئالغانلىق ھەققىدە خۇش خەۋەرنى ئاڭلىدى . ھىسارنى ھەمزە سۇلتانغا تاپشۇردى ، چاغانىيا‌ننى مەھدى سۇلتانغا ئىنئام قىلدى ، ئۆزى يۈرۈشنى داۋام

قىلدى . دەربەندى ئاھەنىن[1] ئۆتكىنىڭ يولى تار ئىدى ، لەشكىرى ئەسلىھەلىرى ۋە غەنىيمەت ماللىرى تولا بولغانلىقى ئۈچۈن تۆپە[2] ۋە تىرمىز يولى بىلەن يۈردى . شاھىبېكخان غالىب لەشكىرى بىلەن بىر مەنزىلگە چۈشۈپ ، شاھانە چېدىردا مەجلىس تۈزۈپ ئولتۇرۇۋاتاتتى . كۆن چۈش بولغان مەزگىل ، تولا ئادەملىرى مەجلىستىن تارقىغان ، يەنە بىرمۇنچە ئۇلۇغ كىشىلەر ئەتراپىدا بار ئىدى ، مەنمۇ ئۇ مەجلىستە هازىر ئىدىم . توساتتىن بىر كىشى خەۋەرچىلەرگە خاس تېز سۈرئەت بىلەن يېتىپ كەلدى ، ئۇنىڭ چىرايىدىن غەم - قايغۇ ئالامىتى بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ ئادەم شاھىبېكخانىنىڭ بارگاھىغا كىرىپ بىر مەكتۇپنى ئۇزاتتى ، شاھىبېكخان مەكتۇپنى قولىغا ئېلىپ كۆردى ۋە دەرھال چىرايى ئۆزگەردى . مەكتۇپنىمۇ تولۇق ئوقۇماي قويۇپ ھەرىمگە كىرىپ كەتتى ، ئاندىن ئات تەييارلاپ تۇرسۇن ، دەپ كىشى چىقارتتى . ئۆزى ھەرەمدە ئۇزاق كېچىكتى ، ناماز پېشىندىن كېيىن چىقىپ ئاتقا مىندى . شۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم بولدىكى ، مەھمۇد سۇلتان قۇندۇزدا ئۆز ئەجلى بىلەن ئۆلۈپتۇ ، جەسىتىنى ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ . شاھىبېكخان ئۇنىڭ ئالدىغا راۋان بولدى لەشكەرگاھتىن چىقىپ بىرمۇنچە يول يۈرگەندى ، يىراقتىن نۇرغۇن كىشىلەر توپى پەيدا بولدى . ئۇلار ھەممىسى قارىلىق كىيگەن بولۇپ ، تاۋۇتقا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلار تاۋۇتنىڭ كەينىدە يىراق - يىراقلارغىچە سەپ - سەپ بولۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلار ئېنىق كۆرۈنگەندە شاھىبېكخان ئىشارەت قىلغانىدى ، ھەممە سۇلتانلار ، ئەمىرلەر ۋە دۆلەت ئۇلۇغلىرى ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولدى ۋە شاھىبېكخانىنىڭ ئۆزەڭگىسى ئەتراپىدا پىيادە يۈردى . ئۇ تەرەپتىن ئاڭلانغان نالە - پەرياد سادالىرى ئاسمان گۈمبىزىگىچە يەتتى ، بۇ تەرەپتىنمۇ كىشىلەر

---

① دەربەندى ئاھەنىن — يەنى تۆمۈرقاپقا ، هازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى دەربەندنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغ ئېغىزىدا (مۇھەررىردىن) .

② خەنزۇچە نەشرىدە «بۇيا» (Buya) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

ناله ـ زار قىلىشقا باشلىدى . ئۇلار يېقىن يېتىپ كەلگەندە ئىشارەت قىلغانىدى ، ھەممە خەلق سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرۇشتى . شاھبېگخان ئۆزى ئاتلىق يېقىن باردى . ئېتىنىڭ بېشى تاۋۇتنىڭ تۆپىسى بىلەن تەڭ بولدى . شاھبېگخان يەنە بىر ئىشارەت قىلغانىدى ، پۈتكۈل خالايىق ئۈن ـ تىنسىز سۈكۈتتە تۇردى ، ئاندىن سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەمىرلىرىدىن بىر كىشىنى چاقىرىپ تەزىيە رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن بىر سائەت جىم تۇردى ، چىرايىمۇ ئۆزگەرمىدى ، يىغا ـ زارمۇ قىلمىدى . بىر پەستىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېيتتىكى : «مەھمۇد سۇلتاننىڭ ئۆلگىنى ناھايىتى ئوبدان بولدى . چۈنكى ، خالايىقلارنىڭ ھەممىسى شاھبېگخاننىڭ دۆلىتى مەھمۇد سۇلتان بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ ، ئۇنىڭ ھەممە ئىشى مەھمۇد سۇلتاننىڭ تەرتىپ ۋە ئىنتىزامى بىلەن بولىدۇ ، دېيىشەتتى . ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى ، شاھبېگخاننىڭ ھېچ نەرسىسى مەھمۇد سۇلتانغا باغلىق ئەمەس . ئېلىپ بېرىڭلار ، جەسەتنى دەپنە قىلىڭلار !» شاھبېگخان سۆزىنى تامام قىلىپ ياندى . ئۇ شۇ قەدەر سەۋر قىلدىكى ، تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ھەيران قېلىشتى . مەھمۇد سۇلتاننىڭ ئۆلۈمى موغۇللارغا تولا قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى ، چۈنكى ئۇ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا موغۇللارنى ھىمايە قىلاتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى .

ئۇلار سەمەرقەندكە يەتكەندە موغۇلىستان تەرەپتىن شاھبېكەم[①] كەلدى . بۇ ۋەقەنىڭ بايانى مۇنداق ئىدى : شاھبېكەم خانلارنىڭ ۋالىدىسى (ئانىسى ) دۇر . شاھ سۇلتان مەھمۇد بولسا بەدەخشاننىڭ پادىشاھى بولۇپ ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئەۋلادى ، شاھبېكەم ئۇنىڭ قىزى ئىدى ، ئۇ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن موغۇلىستانغا بارغانىدى . سۇلتان مەھمۇدخان ۋالىدىسىگە شۇ قەدەر ئىتائەتچان ۋە پەرمانبەردار ئىدىكى ، ئۇنىڭدىن مۇتلەق ئەدەپسىزلىك سادىر بولمايتتى . ئۇ رەزىل كىشىلەر

① شاھبېكەم — يۇنۇسخاننىڭ ئىككىنچى خوتۇنى (مۇھەررىردىن ) .

مۇشۇنداق ئانا بىلەن ئوغۇل ئارىسىغىمۇ كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئاداۋەت كىرلىرىنى پەيدا قىلدى. ئۇ پىتنە - پاساتچىلار مەسلىھەت قىلىشىپ شاھبېكەمنى ئىلتىماس قىلىش ئۇچۇن شاھبېكخاننىڭ قېشىغا ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۆز ۋىلايىتىنى ساقلاپ قېلىش پىكرىگە چۈشتى. موغۇلىستاندا كۆنلەر قىيىنچىلىق بىلەن ئۆتەتتى، شاھبېكەم ناھايىتى ئەقىللىق ئايال ئىدى. ئۇ بۇ يەردىكى رەزىللەرنىڭ ئۆزى بىلەن پەرزەنتى ئارىسىغا ئاقمۇەتتە ھەممە ئالەم ئەھلى ئەيىب، تەنە - مالامەتكە ئېغىز ئاچقۇدەك دەرىجىدە زىددىيەت ۋە جۇدالىقنى سالىدىغانلىقىنى بىلدى. شۇڭا، بۇنداق ئىش سادىر بولۇشتىن ئىلگىرى مۇشۇنداق بىر باھانە بىلەن ئايرىلغىنىم ياخشىراق، دەپ پەرزەنتىدىن جۇدا بولۇپ يولغا راۋان بولدى. خالايىقنىڭ ئېغىزىدا ئىلتىماس ئۇچۇن ماڭدى، دەپ گەپ تارقالدى. ئۇ سەمەرقەندتە پەرزەنتى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە مۇشەررەپ بولدى. بۇ ئەھۋال ئەسناسىدا خارەزمگە لەشكىرىي يۈرۈش باشلاندى، ئاتام خوراسانغا قاچتى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىمۇ پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى.

خان شۇنداق ئېيتقاندىكى: «مىرزا خوراسانغا قاچقاندىن كېيىن بىزنىمۇ قورقۇنچ باستى، ئون ئالتە كىشى بىرلىشىپ سەمەرقەند ئىچىدىن قېچىپ خۇمۇك[1] يولى بىلەن قاراتوقاي[2] ئارقىلىق سايرامغا چىقتۇق. ئاندىن ئۇزۇن ئەھمەد يولى بىلەن يەتتەكەنت نامى بىلەن مەشھۇر بولغان جاي ئارقىلىق موغۇلىستانغا قاراپ ماڭدۇق. يەتتەكەنتتە سۇلتان مەھمۇدخان بار ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇق.» بۇ ۋەقە يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىنغانىدى. سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولۇپ، سۇلتان مەھمۇدخان موغۇلىستانغا باردى. سۇلتان مەھمۇدخان ناھايىتى مىجەزى نازۇك پادىشاھ، سەلتەنەت ئىشىدا تولىمۇ بىپەرۋا ئىدى.

---

① خۇمۇك — خەنزۇچە نەشرىدە «خۇتۇق» (Khutuk) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

② قاراتوقاي — سىر دەرياسى بويىدىكى توقايلارنىڭ بىرى بولۇپ، قارا سىغىرتوقاي بولۇشى مۇمكىن (مۇھەررىردىن).

موغۇلىستان بولسا بىر سەھرا بولغانلىقى ئۈچۈن ، بۇنداق بىپەرۋالىق بىلەن ئۇنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇش قىيىن ئىدى ، مۇشۇ ۋەجىدىن سۇلتان مەھمۇدخان موغۇلىستاندا تۇرالماي يەتتەكەنتكە كېلىپ تۇرغانىدى . دېمەك ، خان ئۇ يەردە تاغىسى بىلەن تېپىشتى ، نەچچە مۇددەتكىچە تاغىسىنىڭ مۇلازىمىتىدە بولدى . لېكىن ، خان ناھايىتى شىجائەتلىك ، غەيرەتلىك ئىدى . تاغىسىنىڭ سۇسلۇقى ۋە بىپەرۋالىقىغا چىداپ تۇرالماي ئۇ يەردىنمۇ قاچتى . سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنى ياندۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئارقىسىدىن كىشى ئەۋەتتى . ئۇلار قوغلىشىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن يەتتى ۋە ئۇرۇش قىلىشتى ، ئۇرۇش تازا شىددەتلىك پەللىگە يەتتى . سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ مەقسۇدئەلى ئاتلىق بىر مۇلازىمى بار بولۇپ ، ساز ۋە ناخشىغا ماھىر ، ناھايىتى باتۇر ئىدى ، بۇ ئۇرۇشتا ئۇ تولا قەھرىمانلىق كۆرسەتتى . خان بۇ ئۇرۇشتا شۇ باشلاۋاتقانلىقىنى ھەم خالايىق شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قەستىگە چۈشتى . خان ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلغانىدى ، ئۇ تاقەت قىلالماي قېچىشقا يۈزلەندى . قېچىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا قاراپ خانغا بىر ئوق ئاتتى ، ئوق خاننىڭ سول تارغىقىغا تەگدى . ئوق شۇ قەدەر چىڭ پاتقانىدىكى ، خاننىڭ تارغاق ئۇستىخىنىنىڭ بېشى سۇنغانىدى ، ئوق سول يەلكىسىگە ئۆتۈپ ئوڭ تارغىقىغا يەتكەندە توختىغانىدى . مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خان مەقسۇد ئەلىنى قوغلاپ يەتتى ، ئەمما خان يارىلانغانلىقتىن ماجالىدىن كەتكەنىدى . ئۇ مەقسۇد ئەلىنىڭ ئىشىنى تامام قىلىش ئۈچۈن شۇ قەدەر تىرىشچانلىق قىلدى ، ئەمما قولىنىڭ قۇۋۋىتى ۋاپا قىلمىدى . مەقسۇدئەلى سالامەت قېچىپ كەتتى ، خان قايتىپ كەلدى . خاننىڭ تارغىقىدىكى جاراھەت ئىنتايىن يامان ئىدى ، تاكى ئىككى يىلغىچە خاننىڭ ئوڭ كۆزى ، ئوڭ قولى كارغا كەلمىدى . ئاز ۋاقىتتىن كېيىن مەقسۇدئەلى بىر ئۇرۇشتا بىر مۇلازىمىنىڭ قولىغا چۈشتى . مۇلازىم ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى ، بىر كىشى ئۇنىڭغا : «ئۇنى خانغا ئاپىرىپ بەرگىن ، خان ئۆز قولى بىلەن

ئۆلتۈرگىنى ياخشى . شۇنداق قىلساڭ ، خانمۇ سەندىن خۇرسەن بولىدۇ » دېدى . شۇنداق قىلىپ ئۇنى خاننىڭ يېنىغا تىرىك ئېلىپ باردى . خان ناھايىتى خۇشال بولدى ، ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ : «سېنىڭ قولغا چۈشكىنىڭ ناھايىتى ئوبدان بولدى . مەن سېنى قولغا چۈشۈرەلمەي كۆڭلۈم غەش بولۇپ يۈرەتتىم» دېدى . گەرچە خاننىڭ بىرلا ئېگىندىن باشقا لىباسى يوق بولسىمۇ ، شۇ ئېگىنىنى سېلىپ مەقسۇد ئەلىگە بەردى ، ھەم بىرنەچچە ئات بەردى . چۈنكى ، موغۇلىستاندا كىيىم - كېچەك ۋە ماتا ناھايىتى كەمچىل ، ئەمما مال - چارۋا ھەددۇھېسابسىزدۇر . دېمەك ، خان تا ئاخىرقى زامانلارغىچە مەقسۇد ئەلىگە ناھايىتى كۆپ ئىلتىپات ۋە ئېھتىراملار قىلدى . خاننىڭ بۇنداق ئېھسان ، ئەپۇ ، ياخشىلىق ۋە گۈزەل ئەخلاقى چەكسىز ۋە ھېسابسىزدۇر . ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنغۇسى .

دېمەك ، خان مۇشۇنداق يارىلانغان ھالەتتە نۇرغۇن مۇشەققەتلەر بىلەن ئىنىسى خەلىل سۇلتاننىڭ قېشىغا باردى . خەلىل سۇلتان ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەنسۇرخاندىن قېچىپ موغۇلىستانغا كەلگەنىدى . موغۇلىستان جاڭگاللىرىنىڭ شىرى بولغان قىرغىز قوۋمى خەلىل سۇلتاننى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىپ كۆتۈرگەنىدى . ئۇلار نەچچە مۇددەتكىچە ئاغا - ئىنى بىللە ئۆمۈر كەچۈردى . خان بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان ۋە مەنسۇرخان ئارىسىدا جەڭگۇجېدەللەر ، غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتلەر تولا يۈز بەردى ، غارايىب ھادىسىلەر ۋە ئاجايىپ ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ ئۆتتى . ئاشۇ ئۇرۇشلاردا خانغا شۇ قەدەر ئېغىر زەخمەتلەر يەتتىكى ، ساغلام ئەقىل ئۇ زەخمىلەرنىڭ ياخشى بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتمەس ئىدى . بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى بىزنىڭ مەقسىتىمىز بىلەن ئالاقىسى يوق بولغانلىقى ئۈچۈن بايان قىلىنمىدى . تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 910 - يىلى[1] دىن تارتىپ (ھىجرىيە ) 914 - يىلى[2]

① ھىجرىيە 910 - يىلى مىلادىيە 1504 — 1505 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .
② ھىجرىيە 914 - يىلى مىلادىيە 1508 — 1509 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

غىچە بۇلار ئارىسىدا موغۇلىستاندا جەڭگۇجېدەللەر داۋام قىلدى. ئاخىر سۇلتان مەھمۇدخان ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئارىسىدا ۋە موغۇلىستان ئارىسىدا ناھايىتى تەڭقىسلىقتا قېلىپ، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، شاھىبېكخاننىڭ ئالدىغا باردى.

مەنسۇرخان، سۇلتان سەئىدخان، خەلىل سۇلتانلار قالدى. مەنسۇرخان قېرىنداشلىرى ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ كەلدى، ئۇلارمۇ ئۇرۇشقا تەييارلاندى. بۇ ۋەقەلەر موغۇلىستاننىڭ مەشھۇر يەرلىرىدىن بىرى بولغان ئالمائاتا[1] دا يۈز بەردى. ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى، ئاخىر نۇسرەت شامىلى مەنسۇرخانغا ياردەم قىلدى، سۇلتانلار تالاپەت تارتتى. خەلىل سۇلتان موغۇلىستاندىن ئۈمىدىنى ئۈزدى ۋە تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئارقىسىدىن شاھىبېكخاننىڭ قېشىغا راۋان بولدى. ئۇ ئاخسىغا يېتىپ كەلگەندە، شاھىبېكخان ئۇنى تۇتۇپ تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزا، سۇلتانئەلى مىرزا بەگچەك ۋە تۇبرە نۇياغۇت[2] قا تاپشۇردى. ئۇلارغا ئىشەنچ پەيدا قىلىش ئۈچۈن خەلىل سۇلتاننى دەريادا رەھمەت سۈيىگە چۆكتۈرۈشنى بۇيرۇدى.

ئۇلار ئىلاجسىز بۇ بىچارە سۇلتاننى ئاخسى دەرياسىغا چۆكتۈرۈپ خۇدانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈردى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن [سەئىد] خاننىڭ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگەن بۇ بىر نەچچە كىشىگە [سەئىد] خاننىڭ كۆپ تەربىيەتلەر قىلغانلىقلىرى، قىلغان يامانلىقلىرىغا قارشى كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلغانلىقى بايان قىلىنىغۇسى.

[سەئىد] خان شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن [چىقىپ ئەللىك نەپەرگە يېقىن خىزمەتكار ۋە ئات ـ ئۇلاغلار بىلەن ئالمائاتادىن

---

① ئالمائاتا — ھازىرقى قازاقىستاننىڭ كونا مەركىزى (مۇھەررىردىن).

② بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان، پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە رۇسچە نەشرىدە «تىياغۇست» دېيىلگەن: مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «تۇيغۇت» دېيىلگەن.

قېچىپ پاراكەندىچىلىك ،] ئالاقزادىلىك ئىچىدە دۆلانغا كەلدى ، ئۇ يەرگە نۇرمال يۇرسە ئون بەش كۈندە يەتكىلى بولىدۇ . خان شۇ يەرگە يەتكەندىن كېيىن دۈشمەنىنىڭ ۋەھىمىسىدىن خېلىلا خاتىرجەم بولدى . شۇ كۈنى بىر كىشى بىلەن كۆرۈشتى ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغانىدى . ئۇ كىشى : «بۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقتا ئورۇق[1] ئاتلىق بىر يەر بار . ئۇ يەرگە بەھرىن[2] قەبىلىسىدىن بىر مۇنچە جامائەت يىغىلىپتۇ . ئۇلارنىڭ مەقسىتى كاشغەرگە بېرىپ مىرزا ئەبابەكرىنىڭ پاناھىغا كىرمەكچى ئىكەن ، مەن قېچىپ قىرغىز تەرەپكە كېتىۋاتىمەن» دېدى . ھەممەيلەن شۇ يەردە ئولتۇرۇپ مەسلىھەت قىلىشتى . ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى خان ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇ قەبىلىگە قوشۇلسا ، ئېھتىمال بۇ باھانە بىلەن بىرمۇنچە كۈچ ـ قۇۋۋەت ھاسىل بولار ؛ دېگەن يەرگە قارار تاپتى . خاجە ئەلى باھادىر بۇ ئىشقا بەكرەك تەرغىب قىلدى . چۈنكى ، ئەلى باھادىرمۇ بەھرىن قەبىلىسىدىن بولۇپ ، ناھايىتى شىجائەتلىك مەشھۇر قەھرىمان ۋە تەگداشسىز مەرگەن ئىدى . خان سەمەرقەندتىن قېچىپ بۇزرۇكۋار تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخانغا قوشۇلغاندا ، خاجە ئەلى باھادىر يەتتەكەنتتە سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى . خان يېتىپ كەلگەندىن كېيىن خانىنىڭ خىزمىتىگە كەمەر باغلىدى ۋە جان ـ دىلى بىلەن ئېتىقاد قىلىپ مۇلازىم بولدى . يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇرۇشتا مەقسۇدئەلى سازەندە خاننى يارىلاندۇرغاندا ، خاجە ئەلى باھادىر ئاشۇ ئۇرۇشتا كۆپ قەيسەرلىك ۋە ئىنتايىن باھادىرلىق كۆرسىتىپ ، مەردانىلىك ۋە غەيرەت ـ شىجائەتنى ھەقدادىغا يەتكۈزگەنىدى . ئۇ ئاشۇ كۈندىن باشلاپ خانىنىڭ مۇبارەك نەزىرىدىن ئۆتكەنىدى .

---

[1] ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە ، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان . پارىسچە بىرىنچى نۇسخىدا «اردوان» (ئەردەۋان ) دېيىلگەن .

[2] بۇ سۆز پارىسچە نۇسخىدا «بېهترين ‹بىهتەرىن ›» دېيىلگەن .

موغۇلىستاندا يۈز بەرگەن كۆپىنچە ئۇرۇشلاردا خاجە ئەلى باھادىر نۇرغۇن خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى . ئۇ بۇ قەدەر مەردانىلىكى ، غەيرەت ۋە شجائەتتە يېگانىلىقى بىلەنلا قالماي ، پەم - پاراسەت ، ئەقىل - تەدبىردىمۇ تەڭداشسىز ۋە مۇمتاز ئىدى . ئاشۇ كۈنلەردە كۆپىنچە مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پىكىر ۋە تەدبىرلىرى بىلەن ھەل بولاتتى . دېمەك ، بۇ ئىشتا ئۇ كۆپ مۇبالىغىلەر بىلەن كۈچەپ تەرغىب قىلغانلىقى ئۈچۈن باشقا مەسلىھەتچىلەرمۇ ئۇنىڭ پىكىرىنى ماقۇل كۆردى .

خاجە ئەلى ئىلتىماس قىلىپ : «ئەگەر بۇ جامائەت بىلەن بارساق ، ئۇلار بىزنى ھازىر زەربە يېگەن ۋاقىتتا بىرەر تەمە بىلەن كېلىپتۇ ، دەپ گۇمان قىلىشى مۇمكىن . بۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ۋەسۋەسە پەيدا بولۇپ ، بۇ خىيال كۆڭلىدىن چىقمايدۇ . بۇ ئىتتىپاقسىزلىق ۋە تەپرىقىچىلىككە سەۋەب بولغۇسىدۇر ، شۇڭا ھازىرچە مەسلىھەت شۇكى ، شاھنىڭ مۇبارەك ئۆزەڭگىسىدە مەن باراي ، قالغان جامائەت بۇ يەردە بەش كۈن ساقلاپ تۇرسۇن . ئۇلار ئەگەر ماقۇل كۆرسە ، ئازراق مۇلازىملار بىلەن پەقىر بارسام ، ئۇلارنىڭ ناتوغرا خىياللىرى ۋە ناچار ئويلىرى ئورنىغا ساپ ئەقىدە ، ۋاپادارلىق ئورۇن ئالسا ، ھەممىمىز مەقسەتكە مۇۋاپىق ھالدا تېزلىك بىلەن بىزنى ساقلاپ تۇرغان جامائەتكە قوشۇلغايمىز . ۋاقىتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بۇ پىكىر مۇناسىپتۇر . چۈنكى ، ھازىر ئات - ئۇلاغلارنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىدىغان ۋاقىتتۇر . ئەگەر ھەممە خەلق خانىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ بىللە بارسا ، ئات - ئۇلاغلار كۈچ - ماغدۇرىدىن كېتىدۇ» دېدى . بۇ پىكىر ھەممەيلەنگە مۇۋاپىق بىلىندى .

شۇنداق قىلىپ خان بىلەن خاجە ئەلى باھادىر يۈرۈپ كەتتى ، ئۈچ كۈن يۈرگەندىن كېيىن يېتىپ باردى . ئۇ خالايىق ئاڭلاپ موغۇللارنىڭ قائىدىسى بويىچە كېلىپ تەزىم رەسمىيىتىنى ئادا قىلىدى ، ھەممىسى ئەدەپسىزلەرچە مۇئامىلە قىلدى . خاجە ئەلى

ئۇلارغا سۆز باشلاپ : «مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكەن جىمى ئارزۇلۇق كىشىلەر پۈرسەتكە ئىنتىزاردۇر . ئۇلار دۆلەتمەنلەرنىڭ پېشىنى ئۈمىد ۋە خىزمەتكارلىق قوللىرى بىلەن مەھكەم تۇتتى . . . » دېيىشىگە ، ئۇلار خاجە ئەلىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەستىنلا : «بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇماچقا چاغلىق مەززىسى يوقتۇر ، گەپ قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى ؟ يۈز ئۆيلۈك كىشىنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ ؟ بىزدە بۇنچىلىك كۈچ ـ قۇدرەت يوق» دەپ خاننى قويۇۋەتتى ۋە خاننىڭ دوستلىرىغا يۈگۈرۈپ خاجە ئەلىنى تۇتتى . خاننىڭ ئېتىنىڭ جۈببىسى خاجە ئەلىنىڭ قولىدا ئىدى ، ئۇنى تارتىۋېلىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى خاننىڭ ئالدىغا تاشلىدى . خاجە ئەلىنى تۇتۇپ ئۆز مەنزىللىرىگە ئېلىپ كەتتى . خانغا جان ۋەھىمىسى ئۈستۈن كەلدى ، شۇڭا تېزلىك بىلەن ياندى . خان ئۇلارنىڭ خاننى تۇتۇپ مىرزا ئەبابەكرگە تۆھپە قىلىپ ئېلىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەيتتى . خان بۇ ئەندىشە بىلەن ھەيران بولۇپ ، پۈتۈن سۈرئەت بىلەن ئۆزىنىڭ مۇلازىملىرىغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ ئېھتىيات بىلەن كېتىپ باراتتى .

خان بۇ ۋەقەنى كۆپ ھېكايە قىلغانىدى . پەقىر خاندىن : «شۇ چاغدا يالغۇزلۇق قورقۇنچىسى ھەممىدىن غالىب كەلگەندۇر ؟ » دەپ سورىغانىدىم . خان : «يالغۇزلۇقتىن ئارتۇقچە قورقمىدىم ، چۈنكى ئىلگىرى موغۇلىستاندا يالغۇز يۈرگەنىدىم . نەچچە كۈنلەرنى تەنھالىق بىلەن ئۆتكۈزەتتىم ، ئاندىن يەنە خالايىققا قوشۇلاتتىم» دەپ جاۋاب بەردى .

خان شۇ ماڭغانچە بىر مۇنچە يول يۈرگەندىن كېيىن يىراقتىن بىر كىشى پەيدا بولدى ، خان ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . ئېتىنى پىنھان بىر جايدا مەھكەم باغلىدى ۋە شۇ يەردە ئوقيانى تارتىپ ساقلاپ تۇردى ، ئۇ كىشى يېقىن يەتكەندە ئوق ئۈزۈپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى . ئۇ كىشى قورقۇپ كەتكىنىدىن ھەرىكەت قىلالماي ئۆزىنى ئاتتىن تاشلىدى ، خان ئۇنى تونۇدى . ئۇ قىرغىزلار تەرەپكە

كېتىۋاتقاندا دۆلاندا ئەھۋال سورىغان غۇلام ئىدى ، بۇ خەلقنىڭ خەۋىرىنى ئۇ ئېيتىپ بەرگەنىدى . ئۇمۇ خاننى تونۇپ خاننىڭ ئېتىنىڭ ئۆزەڭگىسىنى سۆيدى ، خان ئۇنىڭدىن ئۆز مۇلازىملىرىنىڭ خەۋىرىنى سوراپ : «ئۇلار ھازىر قەيەردە ؟» دېدى . ئۇ كىشى : «ھەزرىتىڭىز خاجە ئەلى باھادىر بىلەن يۈرۈپ كەتتىڭىز ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جامائەت ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى . ئۇلار مۇنداق دېيىشتى : ‹پالانى ـ پالانىلار : كېچىدە خاننىڭ مەنزىلىگە يېقىن يەردە ئىدىم ، خاجە ئەلى باھادىر خانغا : بۇ چېچىلاڭغۇ خەلقتۇر ، بۇلار بىلەن ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ . ئۇلار بولسا ئۆي ـ زېمىنلىك مالدار خەلقتۇر ، بۇ مۇلازىملارنىڭ ھەرقايسىسى ئەمىر ۋە ئەمىرزادىلەردۇر . بۇلارغا تەئەددى بىلەن بۇيرۇق قىلسىلا ، بۇلار بۇنى كۆتۈرەلمەيدۇ . بۇلاردىن بىزنىڭ مەقسىتىمىز ھاسىل بولمايدۇ . شۇڭا ، ئەڭ ياخشىسى بۇلاردىن ئايرىلىپ ئۇ جامائەت قاياققا بارسا ، ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ بىر ئىش قىلايلى ، دېدى . بۇ سۆز خانغا ناھايىتى ماقۇل كەلدى . ئەمدى خان ھەرگىز كەلمەيدۇ › دېدى . بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈمىدسىزلىنىپ ، ھەربىرى بىر يولغا كىرىپ چېچىلىپ كەتتى» دەپ جاۋاب بەردى .

ئۆچكۈ مۇھەممەد مىرزا ، شاھ مىرەك ۋە زىكۇل باھادىر باشلىق بىر نەچچىلىرى مەنسۇرخاننىڭ پايتەختى تۇرپان تەرەپكە كەتتى . قارا قۇلاق مىرزا باشلىق بىر گۇرۇھ ئەندىجانغا — شاھبېكخاننىڭ ئالدىغا بارساق ياخشىلىق كۆرەرمىز ، دەپ شۇ ياققا كەتتى . خۇشكەلدى كوكۇلداش ۋە ئەزىزبەردى ئاغا باشلىق يەنە بىر جامائەت كاشغەرگە — مىرزا ئەبابەكرىنىڭ خىزمىتىگە بېرىش ئۈچۈن راۋان بولدى . شۇنداق قىلىپ بۇلار ھەممىسى تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى .

ھەزرىتى خان — ئۇنىڭ ھۆججەتلىرى نۇرلۇق بولغاي — بۇ ھەقتە دائىم مۇنداق دەيتتى : «بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن

ھەيرانلىق ئىچىدە قالدىم، ماڭا قاتتىق دىشۋارچىلىق پەيدا بولدى. ئۇ كىشىدىن: «بۇ ۋەقەگە نەچچە كۈن بولدى؟»، دەپ سورىغانىدىم، غۇلام: «سىز خاجە ئەلى باھادىر بىلەن يۈرۈپ كەتكەن شۇ كۈنى ئۇلار بۇ پاراڭلارنى قىلىشىپ ھەممىلىرى تارقاپ كېتىشتى»، دەپ جاۋاب بەردى. بىر ئەر سائەتكىچە بېشىمنى تۆۋەن سىلىپ ئولتۇردۇم، ئۇزاق تەپەككۇر قىلدىم. ئاخىر مۇقەررەر قىلدىمكى، ئېتىمنى نارىن جاڭگىلى[1]غا قويۇپ بېرەي، ئۆزۈم پىيادە يۈرۈپ كېيىك ئېتىپ گۆشىنى غىزا قىلىپ، تېرىسىنى لىباس قىلىپ كىيىپ، بىر نەچچە مۇددەتكىچە كۈن ئۆتكۈزەي، غايىب ئالەمدىن نېمە ئىش دۇچ كەلسە، شۇ ئىشنى قىلاي، دېگەن قارارغا كەلدىم. مۇشۇنداق خىيال بىلەن ئېتىمنى يېتىلەپ يۈرەتتىم»دەيتتى.

بىلمەك كېرەككى، موغۇل خەلقىنىڭ ئارىسىدا بىر خىل ئادەت بار، ئۇلارنىڭ شىجائەتلىك كىشىلىرى ئۇزۇن مۇددەتكىچە تەنھا ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ. قەيەردە ئاۋات جايلاردىن بىر ئەر ئايلىق يىراقلىقتىكى بىر ئەر سەھرا، جاڭگال ياكى بىر ئەر تاغلىق بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ غىزالىرىغا كېيىك گۆشى يەيدۇ، تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيىدۇ. بۇ ئىشنى مەردانىلىك ۋە شىجائەتنىڭ ئالامىتى دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئىش ئىنتايىن مۇشكۈل ۋە خەتەرلىكتۇر. دېمەك، خان ئەنە شۇنداق خەتەرلىك ئىشقا بەل باغلاپ غۇلامغا رۇخسەت بەردى، ئۆزى ئۆز ئىشىغا قاراپ يۈزلەندى. كېچىسى بىر مۇۋاپىق جايدا ئۇخلىدى، تاڭ ئېتىپ كۈندۈز بولغاندا يولغا راۋان بولدى. خان موغۇل قائىدىسى بويىچە تاڭ ئېتىش بىلەنلا يولغا چىقىپ، ئارقىسىدىن كىشى كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىنى ياخشى كۆزىتەتتى. يەنە بارىدىغان تەرەپنى مۆلچەرلەپ تەكشۈرۈپ تەيىنلىۋېلىپ ئېھتىيات بىلەن يۈرەتتى، خان ھەر ئىككى تەرەپتىن خاتىرجەم بولغاندىلا ئېتىنى يايلاققا

[1] نارىن جاڭگىلى — ھازىرقى قىرغىزىستان تەۋەسىدىكى يايلاقلارنى كۆرسىتىدۇ (مۇھەررىردىن).

قويۇپ بېرىپ ئۆزى ئىستىراھەت قىلاتتى . بۇنداق ئېھتىيات قىلىشتىكى مەقسەت شۇ ئىدىكى ، ئەگەر كىشىلەر قوغلاپ كەلگەن بولسا ، كېچىسى يۈرەتتى ، سۇبھى ۋاقتىدا يولغا راۋان بولغىنىچە تاكى تەڭ كېچىگىچە يول يۈرەتتى . شۇنداق قىلغاندىلا ھېچكىم ئۇنى كۆرەلمەيتتى ۋە خاننىڭ ئۇخلايدىغان مەنزىللىرىنىمۇ بىلەلمەيتتى ، بۇنداق ئېھتىيات قىلىش ئۇلارنىڭ ئادىتى . خان ھەر تەرەپكە نەزەر قىلىپ خان كەلگەن تەرەپتىن بىرلا كىشىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى ، يىراقتىن ئۇ كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى . خان ۋەھىمىگە چۈشتى ، كۆڭلىدە : «ئۇ خەلق پۇشايمان قىلىپ قوغلاپ كەلگەن بولمىسۇن» دەپ ئەندىشە قىلىپ تۇراتتى . ئۇ كىشى يېقىن كەلدى ، قارىسا بىر كىشى ئىكەن . تېخىمۇ ئېھتىيات بىلەن قارىغانىدى ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە باشقا كىشىلەرنىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلدى . خان بىر يەردە ئوقيانى بەتلەپ تۇردى . ئۇ كىشى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چاقىردى ، خان تەئەججۇپلىنىپ تۇرغانىدى . ئۇ ئادەم يېقىن يېتىپ كەلدى ، شۇنىڭدىن كېيىن خان ئۇنىڭ خاجە ئەلىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تونۇدى . ئۇ ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى ، خاننى كۆرۈپ ئۆزىنى ئاتتىن تاشلاپ خاننىڭ ئايىغىغا يىغلاپ تۇرۇپ يىقىلدى ، خانمۇ يىغلاپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى . ھەممىگە مەلۇمكى ، مۇشۇنداق چاغدا بۇنداق ئەزىز دوست بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ خۇشاللىقىنى بايان قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ . ئالەمدە بۇنىڭدىنمۇ لەززەتلىكرەك ۋە يېقىملىقراق ئىشمۇ بولماس .

دېمەك ، ئۇلار يىغا ـ زار قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن خان خاجە ئەلى باھادىردىن سورىدى : «سەن قەيەرلەردە يۈردۈڭ ۋە نېمە ئەھۋاللارنى كۆردۈڭ ؟» خاجە ئەلى باھادىر : «ئۇلار مىنى ئېلىپ بېرىپ ئېتىمنى مۇھاپىزەت قىلدى ، ئۆزۈمنى بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە چۈشۈردى . ماڭا تۇغقاندارچىلىقى بار بىر قېرى كەمپىر بار ئىدى ، ئۇ خىلۋەت مەھەلدە يېتىپ كېلىپ : ‹نۇرغۇنلىغان

مەرد ـ مەردانىلەر ئۇلۇغلارغا ۋە پادىشاھلارغا تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى مەزگىلىدە ياكــــى بۆشۈكتە سۈت ئېمــــۋاتقان مەزگىللىرىدە خىزمەت قىلىپ ، مــۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپ ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ۋە يۈكسەك دەرىجىلەرگە ئېرىشكەنىكەن . سەن بولساڭ تەخت ۋە تاجغا ناھايىتى لاياقەتلىك بولغان ئۇلۇغ خاننى تاشلاپسەن . ئۇنىڭ خىزمىتىدە جان پىدالىق قىلماپسەن ، تازا ھىممەتسىز ئىكەنسەن . قوپقىن ، ئېتىڭ بولمىسا ، پالان يەرگە ئېتىمنى باغلاپ قويدۇم ، ئۇنى مىنىپ خاننىڭ خىزمىتىگە بارغىن ، دېدى . بۇ سۆزدىن ماڭا بىر غەيرەت ھاسىل بولدى . ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئـۇ كەمپىر كۆرسەتكەن يەرگە بېرىپ ئاتنى مىندىم . تەڭرىگە تەشەككۈر بولسۇنكى ، مانا خىزمىتىڭىــزگە مۇشەررەپ بولدۇم » دېدى . خان خاجە ئەلى باھادىرغا ئاپىرىن ئوقۇدى ، ئۇنى ئەزىز ۋە مۇكەررەم قىلدى . ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ، مەن ئۆزۈم يالغۇز قالغىنىمدىن كېيىن ئۇنداق ـ مۇنداق قىلىــش قارارىغا كەلگەنىدىم ، دەپ يــۇقىرىدا بايــان قىلىنغــان ۋەقەنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە سۆزلەپ بەردى . خاجە ئەلى باھادىر : «مەرد ۋە مەردانىلەرگە مۇشۇنداق مەھەلدە مۇشۇ ئىش مۇۋاپىــقتۇر . ناھايىتى ياخشى خىيال قىلىپسىز ، رەھمەت سىزگە . ئەمدى ئەڭ ياخشىسى شۇكى ، نەچچە يىلغىچە ئاشۇنداق ئۆمۈر ئۆتكۈزەيلى ، بۇ پەلەك بىر خىل تەرزدە ئايلىنىۋەرمەيدۇ . ئەلۋەتتە بىر ۋاقىتلار كېلىدۇكى ، شۇ چاغدا ئۆز ئىشىمىزنى پۈتكۈزىمىز . پات ـ پات ئالەم ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ تۇرۇشىمىز ۋە مەردانە بولۇشىمىــز كېرەك » دېدى .

ئىككىيلەن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن يانمۇيان يۈرۈپ كەتتى . ئەتىسى بىر نەچچە كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى ، ئۇلار يېقىــن كەلگۈچە ئېھتىيات بىلەن كۈتۈپ تۇردى . ئۇلار كەلگەندىن كېيىن كۆردىكى ، خاجە ئەلى باھادىرنىڭ ئىككى ئىنىسى ئىكەن . ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى تەكە ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئەلى مىرەك ئىدى .

يەنە خاجە ئەلى باھادىرنىڭ ئىككى كۈيئوغلى — ئەسلى فۇلاد ۋە دىۋەرىتە[1]مۇ بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ھەرقايىسسى بىلەن بىرەردىن خىزمەتكار ھەمراھ ئىدى ، بۇلار يېتىپ كېلىپ ئۇچراشتى . خانغا يەنە ئالدىنقى كۈندىكى ئەھۋالىغا قارىغاندا تولۇق سەلتەنەت ھاسىل بولدى . ئۇلاردىن ئەھۋال سورىغانىدى ، ئۇلارمۇ يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغاندەك ئەھۋاللارنى بايان قىلدى . ئۇلار : «خۇش كەلدى ۋە ئەزىزبەردى كاشغەرگە بېرىش ئۈچۈن تۈنۈگۈن بىزدىن ئايرىلدى . سۇقار ۋە قالۇچىدىن بىرنەچچەيلەن خاننىڭ مەختۇم ئاتلىق خوتۇنىنىڭ تۇغقانلىرى ، يەنە بىر نەچچە خاس ئاتلار بىلەن ھەمراھتۇر» دېدى . خان مەختۇمنى موغۇلىستاندا ئۇرۇش مەزگىللىرىدە نىكاھىغا ئالغانىدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا كېچە ئاخىرىغا يەتكەنىدى ، ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى كەلدى . خان پۈتكۈل ھەمراھلىرىنى ھەر قايىسىنىڭ ناملىرىنى بىرمۇبىر ئاتاپ چاقىردى . ئۇلار خاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەددىدىن تاشقىرى خۇشال - خۇرام بولۇپ ، خاننىڭ سائادەتلىك ئۈزەڭگىسى ئەتراپىغا يۈزلىنىپ ، ئاياغلىرىنى سۆيۈش شەرىپىگە ئېرىشىپ تەڭرىگە تەشەككۇر ئېيتىشتى .

ئەجەب بىر ھالەتتۇركى ، بەزىدە زامان ۋە پەلەك ھەر خىل ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ ، مىڭ قىسما جاپا ۋە مۇشەققەتلەرنى يەتكۈزىدۇ . يەنە بىردەمدىلا ئارزۇ - مۇرادنىڭ مېۋىلىرىدىن ئۈمىدۋار قىلىپ خۇشال قىلىدۇ ، يەنە شۇ سائەتتىلا زەھەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئۈمىدۋارلارغا ئىچكۈزىدۇ . نەزم :

فەريادكى ، ئۇشبۇ فەلەكى بىبۇنياد ،
بەرمەس كىشىنىڭ ئەقدەسىگە ھېچ كۇشاد .
ھەر خەستە كۆڭۈلدەكىم كۆرەر داغى ئەلەم ،
ئۇل داغ ئۇزە قويغاي يەنە بىر داغى زىياد .

[1] خەنزۇچە نەشرىدە «بۇزەنە» (Buzana) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

ئادالەتلىك خاننىڭ ئەھۋالى بۇ ھۆججەتكە دەلىل ۋە بۇ مۇددىئا گۇۋاھتۇر . خان ئاشۇنداق تەنھالىققا گىرىپتار ، غۇربەت ۋە قورقۇنچ ئەلەملىرى بىلەن بىقارار يۈرگەن مەھەلدە ، خاجە ئەلى باھادىر يېتىپ كېلىپ ھەممە غەم ۋە ئەندىشىلەردىن خالاس بولغانىدى . تەكە باشلىق جامائەت كېلىپ قوشۇلغاندا ، ئالدىنقى ھالىتىگە نىسبەتەن خانغا تولۇق سەلتەنەت ھاسىل بولغانىدى . بۇ جامائەتتىن كېيىن خاننىڭ خىزمەتكارلىرى خوتۇنى بىلەن يېتىپ كەلدى ـ دە ، كۆڭۈلدە خۇشاللىق ھاسىل بولدى . ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە بۇ كېچىنى خاتىرجەم ، راھەت ئۆتكۈزەرمىز ، دېگەنىدى . خانمۇ مۇشۇنداق ئۈمىد بىلەن ئۆتۈكىنى سېلىپ ، كىيىملىرىنى يېشىپ ئارامخودا راھەت بىلەن ئولتۇرغانىدى . ئەزىزبەردى ئاغا كېلىپ ناھايىتى ئالدىراش ھالدا كۆپ مۇبالىغىلەرنى قىلىپ ، خاننىڭ ئېگىن ـ ئاياغلىرىنى كىيدۇردى . بۇ خانغا قارىماققا ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئېھتىيات يۈزىسىدىن خان قوبۇل قىلدى . خان كىيىمىنى ۋە ئۆتۈكىنى كىيىپ ئۇخلىماقچى بولدى . چۈنكى ، نەچچە كۈندىن بىرى زادىلا راھەتلىنىپ يېتىپ باقمىغان ۋە ئۆز ئارامىدا ئۇخلىيالمىغانىدى . بۇ كېچە ئۆز ئارامىدا يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا باردى . تېخى ئۇيقۇسىغا قانمىغانىدى ، سۈرەن ـ چۇقان ئاۋازى پەيدا بولدى . خان ئورنىدىن قوپقۇچە دۈشمەنلەر يېتىپ كېلىپ بۇلاڭ ـ تالاڭغا كىرىشىپ كەتتى ، شۇ پۇرسەتتە خاجە ئەلى باھادىر ئوقيايىنى تارتىپ يېتىپ كەلدى . دۈشمەنلەر ئوتاغلاردا ، ئوت قالىغان يورۇق جايلاردا ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولدى . خاجە ئەلى باھادىر باشلىق ھەممە جامائەت ئۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە ئېلىپ ئۇلارنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى ، شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەنلەرمۇ ئۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇققا ئاتتى . دۈشمەنلەر ھەممىسى ئاتلىق ، بۇلار پىيادە ئىدى . بۇلار ھەر تەرەپتىن كامانلىرىنى تارتىپ ئوق ئاتاتتى : قاراڭغۇ كېچىدە ئىككى تەرەپتىكى سەربازلارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى بىلگىلى بولمايتتى . نەچچە كىشى

خان بىلەن بىللە ئوق ئېتىشقا باشلىدى ، قالغانلىرى ھەر تەرەپكە قېچىپ مۆكۈپ پاتپاراق بولۇپ كەتتى . بۇ دۈشمەنلەر مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئادەملىرى بولۇپ ، ئۇلارنى موغۇلىستانغا ئۈچرىغانلىكى ئادەمنى تۇتۇش ۋە يامانلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەنىدى . بۇ جامائەت ھەمىشە موغۇلىستاندا موغۇل ۋە قىرغىزلارغا زەربە بېرىپ يۈرەتتى ، ئۇلار نامازدىگەر ۋاقتىدا بۇلارغا يېقىن كېلىپ چۈشكەنىدى . كېچە بولغاندا ھەممە ئادەم ئاتلىرىنى ئوتقا قويغان ۋە كېچە ئاخىرىغا يەتكەندە كېلىپ شەبىخۇن ئۇرغانىدى . خاننىڭ تەۋەلىرىدە پەقەت بىرلا سېمىز ئاتتىن باشقا يايلاقتا قويۇۋەتمىگەن ئات قالمىغانىدى ، ئۇ ئاتلارنى تېپىپ ئېگەرلىدى . خاننىڭ ھەرىمى ، يەنە ئىككى - ئۈچ مەزلۇمە بىر نەچچە ئەر كىشى بىلەن ئاتقا مىنىشتى ، خاننىڭ ئېتىنىمۇ ئېگەرلىدى . ئۇنىڭغىچە تاڭ ئېتىشقا باشلىدى ، بۇلارنىڭ جانلىرى لەۋلىرىگە كېلىپ قالدى . خاننىڭ ھەرىمى ۋە ئىككى - ئۈچ مەزلۇمەدىن باشقا ئەھلى ئايال ۋە ئائىلە ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى . ھېچكىم بىر - بىرى بىلەن خوشلاشقۇدەك پۇرسەت تاپالمىدى ، ئۇلار ئەبەدىيلىك ھەسرەتلىرىنى پېشانىلىرىگە قويۇپ بىر - بىرلىرىدىن جۇدا بولۇشتى . ئۇلار ئەر ۋە مەزلۇمەلەرنىڭ زەئىپلىرىنى ئالدىلىرىغا سېلىپ قاچتى . خان باشلىق بىر نەچچە مەردانە سەربازلار ئاستا - ئاستا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈردى ، دۈشمەنلەرمۇ بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ ئارقا - ئارقىدىن راۋان بولدى . ھەر قېتىم دۈشمەنلەر يېقىن يەتسە ، خان باشلىق نەچچە باھادىر ھۇجۇم قىلىپ ئوق ياغدۇرۇپ ئۇلارنى ياندۇراتتى ، ئۇنىڭغىچە ئالدىدىكىلەر بىر مۇنچە يەرگىچە ئۆزاپ كېتەتتى . ئاندىن يەنە بۇلار تىزگىنلىرىنى تارتىپ توختاپ ، دۈشمەنلەرنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىشىنى كۈتەتتى ۋە يەنە ئوق ياغدۇرۇپ ئۇلارنى ياندۇراتتى . شۇنداق قىلىپ ئالاھەزەل سۈبھىدىن ناماز خۇپتەنگىچە مۇشۇ ئۇسۇلدا يول يۈردى . شەبىخۇن ئۇرغان يەرنى چۆلگەي ئوتلۇق ۋە ئاڭغۇن ئارچە دەپ ئاتايتتى . ناماز

خۇپتەن مەھەلدە كۆمەلە قاچۇرغا يېتىپ كەلدى . بۇ ئىككى مەنزىلنىڭ ئارىلىقى ئوتتۇراھال سۈرئەت بىلەن ماڭغاندا بەش كۈنلۈك يول ئىدى . ئەرلەر ۋە خوتۇنلارنىڭ زەئىپ ـ ئاجىزلىرىنى قاچىدىغان مەزگىلدە جاڭگاللارغا يوشۇرۇپ قويغانىدى ، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەخپىي تۇتاتتى . خاننىڭ خوتۇنى بىلەن بىر نەچچە خوتۇنلار ۋە ئەرلەر بار ئىدى ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دۈشمەن قولىغا تۇتقۇن بولدى . ناماز خۇپتەن بولغاندا يەنە جەم بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، شۇڭا ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا چېچىلىپ كۆمەلە قاچۇرنىڭ جاڭگىللىدا يوشۇرۇندى . بەزىلەرنىڭ ئاتلىرى ھېرىپ كاردىن چىققانىدى . شۇڭا ، ئۇلار قورقۇنچ تۈپەيلىدىن ئاتلىرىنى تاشلاپ پىيادە مېڭىپ جاڭگالغا يوشۇرۇندى . سۈبھى پەيتىدە ئۇلار ھەر قايسىلىرى جاڭگالنىڭ ئېگىز يەرلىرىگە چىقىپ ھەر تەرەپكە نەزەر سالغانىدى ، دۈشمەنلەردىن ھېچبىر نام ـ نىشان كۆرۈنمىدى . ئۇلار تاكى چۈش ۋاقتىغىچە تەخىر قىلىپ تۇردى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر تەرەپتىن بىر ـ بىرلىرىنى چاقىرىشىپ تېپىشتى . قاچىدىغان چاغدا ھەر تەرەپتە يوشۇرۇنۇپ قېلىپقالغانلارنىڭ ئەھۋالى نامەلۇم ئىدى ، ئۇلار دۈشمەن قولىغا گىرىپتار بولدىمىكىن ، دەپ تەكشۈردى . مەلۇم بولدىكى ، خاننىڭ خوتۇنى ۋە ئىككى مەزلۇمەدىن ئۆزگىسى پۈتۈنلەي دۈشمەن قولىغا ئەسىر بولۇپتۇ . شۇ كۈنى ئۇ يەردە ساقلاپ تۇردى ، ئۇلارنىڭ يول يۈرگۈدەك ماجالى قالمىغانىدى ۋە قايسى تەرەپكە بېرىشنىمۇ بىلمەيتتى . شۇڭا ، ھەيرانلىق ئۈستىگە ھەيرانلىق يۈزلىنىپ تەپەككۇر ۋە تەرەددۇت قىلاتتى ، ھەربىر كىشى ئۆزىچە بىر خىل مەسلىھەت قىلاتتى ، ھەر كىم ئۆزگىچە بىر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى كۆرسىتەتتى . ۋەھالەنكى ، ھەر بىرىنىڭ مەسلىھىتى بىر خىل نۇقساندىن ۋە توسالغۇدىن خالىي ئەمەس . ئۇ مەسلىھەتلەردىن بىرى شۇكى ، ئاۋات جايلارغا بېرىش خىيالىنى كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىپ جاڭگاللاردا كۈن ئۆتكۈزۈش . ئۇلار ئويلاپ كۆرگەنىدى ، بۇنىڭ مۇتلەق ئىمكانى يوقتۇر . چۈنكى ،

جاڭگالدا ئەسۋاب ــ سەرەمجانسىز ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. تەكشۈرۈپ كۆرگەنىدى، ھېچكىمنىڭ كامانىدا ئوق قالمىغان، پەقەت خاننىڭ كامانىدا بىر تالالا ئوق قالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ، ئامالسىز بۇ مەسلىھەتتىنمۇ كۆڭۈل ئۈزدى. يەنە بىر مەسلىھەت دەشتى قىپچاق تەرىپىگە بېرىش ئىدى. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلاردا موغۇل خانلىرىنىڭ خالاسلىق تاپىدىغان جايى شۇ يەر، لېكىن ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈنمۇ ئوق ــ ياراغلار لازىم ئىدى. يەنە بەزىلەر كاشغەرگە بېرىش مەسلىھىتىنى كۆرسەتتى. ئەمما، ئۇلار ئويلاپ كۆردىكى، كاشغەرگە بارغانلىق گوياكى تىرىك گۆرگە كىرگەنلىكتۇر. مەنسۇرخان بىلەن تېخى يېقىندىلا سەپ تۈزۈپ ئۇرۇش قىلىشقانىدى. بۇ مېھنەت ۋە بالا ــ قازالارغا سەۋەبكار بولغۇچىمۇ مەنسۇرخان ئىدى. ئاخىر ئىلاجسىز ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ئەندىجانغا بېرىشقا قارار تاپتى. ئېھتىمال شاھىبېكخان سۇلتان مەھمۇدخانغا ئىززەت ــ ھۆرمەت قىلىپ ياخشىلىق يەتكۈزگەندۇر، شۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن كۈن ئۆتكۈزگىلى بولار، دەپ قارار قىلىشتى.

پەقىر كەمىنىگە ھەزرىتى خان ھەمىشە بۇ ۋەقەنى بايان قىلىپ بېرەتتى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ ۋاقىتتا شاھىبېكخاننىڭ ۋىلايىتىگە بېرىشنى تەرغىب قىلغانلارنىڭ ھەممىسى شاھىبېكخاننىڭ مىجەزى ۋە خۇسۇسىيىتىنى بىلمىگەنلىكتىن شۇنداق قىلغانىدى. دانالار بۇ مەسلىھەتنى ھەر قانچە ماقۇل كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما نادانلار نەچچە خىل ناتايىن ئېھتىماللىقلار بىلەن بېرىشنى لايىق كۆرۈشتى. مەن ئۇلارغا يۈز خىل ئىنكار ۋە ئېتىرازلارنى قىلاتتىم. چۈنكى، مەن بىر يىل شاھىبېكخاننىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ مىجەزى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئەمىرلىرىنىڭ خىيال ۋە نىيەتلىرىنى تەلتۆكۈس بىلەلىگەنىدىم. ئۆز تەسەۋۋۇرۇمدا ئەگەر شاھىبېكخاننىڭ ۋىلايىتىگە بارساق، قولىدىن كېلىدىغانلىكى جەبىر ــ كۈلپەتلەرنى بىزدىن ئاياپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەتتىم ۋە بۇ خىل پىكىرنى ئۇ

نادانلارغا هەر قانچە ئېيتقــان بولسامۇ ، ئۇلار : «ئۇنداقتا نېمە ئامال بولسۇن ، ھەممە پىكىر ـ تەدبىرلىرىمىز ئېھتىمالدىن يىراق ۋە ئىمكانىيەتتىن ئۇزاقتۇر . شاھىبېكخاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىشتا بىر قانچە ياخشىلىقتىن ئۇمىد بار ، دېيىشتى . مەن بۇنىڭدىن باشقا ئامال تاپالمىدىم . «ئەزىزلىك ۋە ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بولغان پاك تەڭرى ھەققىــدە سۆزلەپ ، ئـۇ خالايــــققا تەنە قىــــلدىم ۋە ئاچچىقلاندىم ، بۇ مەسلىھەتلەرنى كۆرسەتكەنلەرنى نادانلىق بىلەن ئەيىبلەپ شۇنچــە ئىنكار ۋە ئېتىراز بىلدۇردۇم . بۇ خىـــــل تەدبىرنىڭ نالايىقلىقى ۋە بۇ مەسلىھەتنىڭ نامۇۋاپىقلىقىـــــنـــــى قۇياشتەك روشەن بىلەتتىم . كۆرۈپ ـ بىلىپ تۇرۇپ ئاخىـــر ئامالسىز شۇ نامۇۋاپىق مەسلىھەتنى قوبۇل قىلدىم ، ئىلاجسىز ئاشۇ نامۇۋاپىق پىكىرنى ماقۇل كۆردۇم ، شۇنىڭدىن باشقا ھېچ چارە تېپىلمىدى .» نەزم :

كۆرۈبان يۈزۈڭنى فەھم ئەيلەر ئىدىم خۇيۇڭى ،
ھەم بەس كۆرۈپ ، بىلىپ تۇرۇپ ئۆزنى بەلاغە تاشلادىم .

دېمەك ، ئەتىسى ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە ، كۆڭلىمىزنى شېھىت بولۇشقا توختىتىپ ، جانىبېك سۇلتاننىــڭ دەرگاھــــغا قاراپ يۈزلەندۇق . شاھىبېكخاننىڭ ۋىلايىتىنىڭ باشلىــنىـــشـــى ۋە مۇلازىمىتىنىڭ بىرىنچى پەللىسى شۇ ئىدى . جانىبېك سۇلتاننىڭ دەرگاھى گويا گۆرنىڭ تەكتى ئىدى . بۇ ۋەقە تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 914 ـ يىلى[1] بولغاندا يۈز بەردى . بۇ چاغدا سۇلتان مەھمۇدخاننى شېھىت قىلغاندىن كېيىن بۇ ۋەقەدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى سۇلتان خەلىل سۇلتاننى رەھمەت دەرياسىغا غەرق قىلغانىدى . خان سۇلتان خەلىل سۇلتان بىلەن ئاتىمۇ ، ئانىمۇ بىر قېرىنداش ئىدى . مۇشۇ يىلى بابۇر پادشاھ كابۇلدا ئـورۇنلىشىپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ، خاننىڭ ھېكايىسى بۇ يەرگە يەتتى . ئەمدى ئەگەر ئاتامنىڭ

① ھىجرىيە 914 ـ يىلى مىلادىيە 1508 — 1509 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

ۋە بابۇر پادىشاھنىڭ ھېكايىلىرىدىن بىرمۇنچە بايان قىلمىساق، سۆز تەرتىپى تولۇق بولمايدۇ.

## توققۇزىنچى باب

# ئاتام مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگاننىڭ شاھىبېكخاننىڭ ئالدىدىن خوراسانغا قاچقانلىقى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە ئەھۋاللارنىڭ بايانى

بۇ ۋەقەلەر ئىچىدىن بايان قىلىنىۋاتقان سۆزگە ئالاقىسى بارلىرى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنىپ ئۆتتى.

ۋاقتىكى، مەھمۇد سۇلتاننىڭ ئاتلىقلىرىنىڭ غالىب قەدەملىرى يېتىشى بىلەنلا قۇندۇز شەھىرى جەڭگۈجېدەلسىز ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. بىز بىر يىلدىن بېرى خۇسرەۋ شاھنىڭ قولىدا ئەسىر ۋە تۇتقۇنلۇقتا ئىدۇق، خالاس بولۇپ ئاتامغا قوشۇلدۇق. ئاندىن ئائىلىمىز بىلەن بىللە كۆچۈپ شەھرىسەبزگە باردۇق. چۈنكى، شاھىبېكخان شەھرىسەبزنى ھەممە قىشلاقلىرى بىلەن بىللە ئاتامغا بەرگەنىدى. قەۋس[1] پەسلىنىڭ ئىپتىداسى ئىدى، شاھىبېكخان خارەزمگە يۈزلەندى. ئۆزبېكلەرنىڭ ئىچىدىكى موغۇل قوۋمىدىن خاھى سۇلتانلار، خاھى ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈن ئائىلە تەۋەلىكلىرى بىلەن بىللە ھەمىشە ۋەھىمە ۋە قورقۇنچتىن خالىي ئەمەس ئىدى. مەھمۇد سۇلتان موغۇل

[1] قەۋس — ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجىنىڭ توققۇزىنچى، 11 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

ئەمىرلىرىنى ھەممە ئىشتا ھىمايە قىلاتتى . مەھمۇد سۇلتان قۇندۇزدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكتىن ، پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسى بۇ سەۋەبتىن ناھايىتى مالال ۋە غەمكىن بولدى ، بولۇپمۇ ئاتام — تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي — بىلەن مەھمۇد سۇلتان ئوتتۇرىسىدا شۇنداق بىرلىك ۋە ئىناقلىق بار ئىدىكى ، ئەگەر شاھىبېكخان تەرەپتىن ئاتام ھەققىدە زۇلۇم ھەرپى يېزىلسا ، مەھمۇد سۇلتان ئۇنىڭغا ھامىيلىق قەلىمى بىلەن ئۇ خەتنى جىججىپ تاشلايتتى ياكى سىياسەت قەلەمتىراچى بىلەن ئۆرۈش قىلاتتى . دېمەك ، مەھمۇد سۇلتان ھەممە ئەھۋالدا ئاتامنىڭ ھۆرمىتىنى ئۆزىگە زۆرۈر ۋە لازىم دەپ بىلەتتى .

ۋاقتىكى ، مەھمۇد سۇلتان ۋاپات بولدى . بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغان ھەممە موغۇلغا ، خۇسۇسەن ئاتامغا چوڭ ۋەھىمە پەيدا بولدى . شاھىبېكخان ئەمىرخان ۋەفا[1] غا مۇنداق دەپتۇ : «ئەگەر خارەزم قولۇمغا كىرمىسە ، ھېچبىر سەۋەب بىلەن ئۇ يەردىن يانغىلى بولمايدۇ . ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا مۇھاسىرە مۇددىتى ئۇزاققا سوزۇلىدىغاندەك تۇرىدۇ . ھازىر ئۆزبېكنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇز مىڭغا يېقىن موغۇل بار . ھېچ ۋاقىتتا موغۇل ئۇلۇغلىرى بىزگە خالىس ئەقىدە بىلەن خىزمەت قىلمايدۇ . ئەگەر پۇرسەت تاپسىلا بىز ئۇلارغا قانچىلىك قىلغان بولساق ، ئۇنىڭ جازاسىنى بىزگە ياندۇرغۇسىدۇر . ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكىسى مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگاندۇر . نەچچە مۇددەتتىن بېرى شۇ توغرىدا ئويلاۋاتىمەن ، ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرسەم گوياكى خانلاردىن بىرىنى ئۆلتۈرگەندەك بولىمەن . ئەگەر ئۆلتۈرۈشكە قەدەم قويسام ، خانلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىم بەربات بولىدۇ . شۇڭا ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا بۇ مەسلىھەتتىن خەۋەر يەتكۈزگىن . ئۇ بۇ يەردە تۇرماي قاچسۇن ، ئۆزىنىڭ ئەجىلىنى ساقلاپ

---

[1] باشقا نۇسخىلاردا بۇ ئىسىم «ئەمىرجان ۋەفا» دەپ ئېلىنغان .

تۇرمىسۇن . ئۇ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن موغۇل ئەمىرلىرىنى قان ئىچكۈچى تىغ بىلەن بىر تەرەپ قىلىمەن .»

ئەمىرخان ۋەفا ئاتام بىلەن دوست ئىدى . شاھبېكخاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان ئاتامغا كىشى ئەۋەتىپ بۇ ۋەقەنى مەلۇم قىلدى . ئەمىرخان ۋەفا ئەۋەتكەن كىشى ناماز پېشىن ۋاقتىدا كەلدى ، نامازدىگەر ۋاقتىدا ئاتام پەرزەنتلىرى ئارىسىدىن پەقىرنى ئىلغاپ ئالدى ۋە پۈتكۈل خىزمەتكارلىرى ئىچىدىن ئون ئالتە كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى . شۇنداق قىلىپ تېز سۈرئەتتە خوراسان تەرەپكە قاچتۇق . مەن بۇ ۋاقىتتا كىچىك ئىدىم ، ئاشۇ ۋەقەلەر گويا چۈشتەك يادىمدا تۇرىدۇ . شۇ كۈنلەردە سۇلتان سەئىدخانمۇ سەمەرقەندتە ئىدى ، بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن موغۇلىستانغا قاچتى . بۇ ھېكايەت يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتتى .

ئاتامنىڭ پەرزەنتلىرىدىن شەھرىسەبزدە قالغانلىرىنىڭ چوڭى ھەبىبە سۇلتان خانىش بولۇپ ، شاھىبېكخان تاشكەندتە ئالغان خوتۇنىنىڭ قېشىدا ساقلىدى . شاھبېكخانىنىڭ ئۇ خوتۇنى سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ قىزى بولۇپ ، ئېتى ئائىشە سۇلتان خانىم ئىدى ، ھازىر ئۇنىڭ مەشھۇر ئېتى موغۇل خانىمدۇر . بىرنەچچە مۇددەتلەردىن كېيىن ھەبىبە سۇلتان خانىشنى مەھمۇد سۇلتانىنىڭ ئوغلى ئەبدۇللاخانغا تۇرلۇك ھەيۋەت - ھەشەملەر بىلەن نىكاھ قىلىپ بەردى .

ھەبىبە سۇلتان خانىشتىن كىچىكى گەۋھەر شاھبېگىم ئىدى . ئەمىرخان ۋەفا ئاتامغا خەۋەر يەتكۈزگەن خىزمىتى ۋاسىتىسى بىلەن ئۇنى كىچىك ئوغلى ئەمىرە يارغا نىكاھ قىلىپ بەردى . ئۆزبېكلەر ئارىسىدا ئەمىرە يار ئۆز تەڭتۇشلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكىلىرىدىن ئىدى .

گەۋھەرشاھبېگىمدىن كىچىكى پەقىر مىرزا ھەيدەر ئىدىم ۋە ئاتامنىڭ يېنىدا ھەمراھ ئىدىم .

مەندىن كىچىكى مۇھەممەدشاھ ئىدى . ئۇنى ئاتامنىڭ

يېقىنلىرىدىن بىرى ئېلىپ ئارقىمىزدىن خوراسانغا كەلدى .

ھەممىمىزدىن كىچىكى ئەبدۇللا مىرزا ئىدى . ئۇنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا بايان قىلىندى . ئۇ ئانىسى سۇلتان بېگىم بىلەن ھەمراھ ئىدى .

دېمەك ، بىز شەھرىسەبزدىن يۈرۈپ ئەتىسى كەچتە ئامۇ دەرياسىنىڭ لېۋىگە يەتتۇق . ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى ، نۇرغۇن مۇشەققەتلەر بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ بەلخكە بارماي خوراسانغا باردۇق . ئۇ زامانلار سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى ۋە سەلتەنىتىنىڭ ئەڭ كېيىنكى مەزگىللىرى ئىدى .

سۇلتان ھۇسەين مىرزىغا مۇيەسسەر بولغان مەرتىۋىلەر شۇ دەرىجىدە ئىدىكى ، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئەمىر تېمۇردىن باشقا ھېچقايسىسى ئۇ مەرتىۋىگە يەتمىگەنىدى . سۇلتان ھۇسەين مىرزا نەچچە يىل جاپا ۋە مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ، ئاخىر يۇقىرى پەم ـ پاراستى ۋە زىيادە شىجائىتى تۈپەيلىدىن خوراساننى قولغا كىرگۈزۈپ قىرىق بەش يىل[1] ھىرات[2] تەختىگاھىدا ئولتۇرۇپ ، خوراساننىڭ تۆت يۈز شەھىرىگە تولۇق ئىستىقلال بىلەن پادىشاھلىق قىلدى . ئۇ پەزىلەت ئىگىلىرى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت ئەھلىنى تەربىيىلەشكە شۇ قەدەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى ، ئۇنىڭ زامانىدا ھەر قوۋمدىن بولغان كامالەت ئىگىلىرى شۇ قەدەر كۆپ پەيدا بولدى . ئۇنىڭ زامانىدا پەيدا بولغان كامالەت ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بۇنداق كۆپ يىغىلمىغان بولغىيىتتى .

ھېكايەت بۇ يەرگە يەتتى . مەن شۇ مۇبارەك زاماندا كۆزگە كۆرۈنگەن ئەربابلار ۋە شۆھرەت قازانغان زاتلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشنى كۆپ ئويلىغان بولسامۇ ، لېكىن ئىستېداتىمنىڭ كەملىكى ، لاياقىتىمنىڭ يوقلۇقى تۈپەيلىدىن ئۆزۈمنى بۇ ئىشقا

---

① باشقا نۇسخىلاردا بۇ ۋاقىتنى «قىرىق سەككىز يىل» دەپ يازغان .

② ھىرات — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ھىرات شەھىرى تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن) .

قەدەم قويۇشقا مۇۋاپىق تاپمىدىم . شۇنداق بولسىمۇ بۇ كىتاب ئۇلارنىڭ پاك ئەسلىمىلىرىدىن خالىي قالسا كۆڭلۈم بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ . شۇڭا ، ئىلاجسىز ئۇلارنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە قەدەم قويىمەن . بۇنىڭدىكى ئۇمىدىم شۇكى ، بەلكىم ئۇلارنىڭ مۇبارەك ئەھۋاللىرىنىڭ شاراپىتى ۋە بەرىكىتىدىن بۇ سەھىپە يۈزىگە قەلەم سىزغان خارۇزار خەتلىرىم كۆز سالغۇچىلارنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىگە ئىلىنىپ قوبۇل بولسا ئەجەب ئەمەس . ئاشۇ مۇتلەق ئۇلۇغ ھەقشۇناسلارنىڭ شەرەپلىك ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىش ۋاسىتىسى بىلەن بۇ خاكسارنىڭ ئىخلاسى ئۈستىگە بىر زەررە نۇر چۈشۈپ يورۇقلۇق سالغۇسى . شۇنچە كۆپ ۋاقىتلىرىم بۇ دۇنيادىكى سۆھبەتداشلار ، ئەمەل - مەنسەپ ئەربابلىرىنى بايان قىلىش بىلەن زايە بولدى . ئېھتىمال بۇ ئاشۇ زايە بولغان ۋاقتىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش بولۇپ قالغۇسى . شۇنداقتىمۇ نەزم :

يوق شەكەر ئاتىدىن ئۆزگە مەندە بەھر ،
لېك ، يۈز مىڭ شۈكر ، يوق كامىمدە زەھر .

دېگەن مىسرالار پەقىرنىڭ ئەھۋالىمغا ماس كېلىدۇ . نەزم :

پىرى ھىرى ، زۇبدەئى ئەنسارىيان ،
رۇھەھۇللاھۇ بەرۇھۇل - ئەيان .

يەنى ھىراتنىڭ پىر - ئۇستازى ، ئەنسارلارنىڭ ئۇلۇغى ، ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرنىڭ ئىگىسى ، بۈيۈك تەڭرىگە قوبۇل بولغۇچى ھەزرىتى خاجە ئەبدۇللا ① ئەنسارى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق دېگەنىكەن : «ئۇنىڭ دوستلىرىدىن بولۇشقا

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «ئۇبەيدۇللاھ» دەپ يېزىلىپ قالغان . باشقا نۇسخىلار ئاساسىدا تۈزىتىپ ئېلىندى .

تىرىشقىن ، ئەگەر ئۇنىڭدىن بولالمىساڭمۇ دائىم ئاشۇ قوۋمنىڭ سۆزلىرىنى ئىشىتسەڭ ، گەرچە ئۇ سۆزلەر قاتتىق كۆڭلۈڭگە تەسىر قىلمىسىمۇ ، بېشىڭنى لىڭشىتقىن . ئەگەر بۇنىمۇ قىلالمىساڭ ، ئۇلارنى دۈشمەن تۇتمىغىن . ئەگەر ئۇلارنى دۈشمەن تۇتقان تەقدىرىڭدىمۇ ، دۈشمەنلىك بىلەن ئۇلارنىڭ ئاستانىسىدىن يىراققا بارمىغىن . چۈنكى ، نۇرغۇن خەلق ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىغا دۈشمەنلىك بىلەن بېرىپ ئاخىر دوستلۇق لىباسلىرىنى كىيىپتۇ ، يەنى ھەرھالدا ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىدا چۆرگىلەپ خىزمەتلىرىدىن يىراق بارمىغىن . ئەسھابى كىراملار — ئۇلۇغ تەڭرى ئۇلارنىڭ ئورنىنى جەننەتتە قىلغاي — نىڭ كۆپىنچىسى ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن ئىدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۆھبىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكلىرى دوستلۇققا ، كۇپۇرلۇقلىرى ئىسلامغا ، زۇلمەتلىرى نۇرغا ئالماشتى . كۆپلىگەن ئىنكارچىلار ئۇلۇغلارنىڭ ھۇزۇرىغا ئىنكار قىلىش ئۈچۈن بارغان بولسىمۇ ، ئاخىر ئۇلارنىڭ ئىنكارلىرى ئىقرارغا قارار تېپىپتۇ . بۇنىڭغا دائىر رىۋايەتلەر ۋە ھېكايەتلەر ئاشۇ ئۇلۇغلارنىڭ كىتابلىرىدا ناھايىتى كۆپ . »

پەقىر قۇسۇرلىرىم كۆپ بىچارە بۇ ئۇلۇغلارنىڭ توپىغا داخىل بولالمىغان بولساممۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەدھىيە ۋە تەۋسىپلىرىنىڭ يولىغا كىرسەم ، بۇمۇ كاتتا نېمەت ۋە ئۇلۇغ دۆلەتتۇر . ھەرقانداق قىسقا قول بۇ دۆلەتنىڭ ئېتىكىگە يېتەلمەيدۇ ، بۇ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك قوۋمنىڭ تەزكىرىلىرىنىڭ تەپەككۇرى ۋە خىياللىرىغا مەشغۇل بولۇش باشقا ئىشلاردىن نەچچە مىڭ دەرىجە ياخشى ۋە يېقىملىقتۇر . نەزم :

فىكرى ۋەسلىڭنى قويۇپ ، غەيرىي جەمالىن نە قىلاي ،
بەس خەيالىڭ ماڭا ، بىگانە خەيالىن نە قىلاي .

چۈنكى ، بۇ كەمىنىدە ئۇ ئالىي دەرىجىلىك ھەزرەتلەرنىڭ بايانلىرىدا مەخسۇس كىتاب يازغۇدەك يۇقىرى سالاھىيەت ۋە ئالاھىدە جۈرئەت يوق . شۇڭا ، ئىلاجىسىز بۇ «مۇختەسەر»دە ئۇ كەرەملىك قوۋمنىڭ زىكىرلىرى يېقىندىن بايان قىلىنسا تەۋەررۇك بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەھۋالاتىنىڭ تەپسىلاتى قىسقىچە بايان قىلىنغۇسىدۇر . نەزم :

جاناكى ، لەبىم زىكرىڭە خامۇش ئولماس ،
يادىڭ دىلدىن دەمى فەرامۇش ئولماس .
ھەر قايداكى مەزكۇر بولۇر تەۋسىفىڭ ،
زەرراتى ۋۇجۇدۇم ھەمە جۇز گۇش ئولماس .

## خالايىقنىڭ پەخرى ، شەيخۇلئىسلام ، مىللەت ۋە دىنىنىڭ نۇرى ھەزرىتى مەخدۇم مەۋلانا ئەبدۇررەھمان جامى — ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە مەغپىرەتلەر بولغاي — نىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى

سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ زامانىدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەۋلىيالار ۋە ئۇلۇغ مۇرشىد پېشۋالار بار بولۇپ ، ھەزرىتى مەۋلانا جامى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئەڭ پازىل كىشى ئىدى . ئۇ زاتنىڭ ئۇلۇغلۇق سادالىرى تەرىپ ـ تەۋسىپ قىلىشقا موھتاج بولغۇدەك دەرىجىدە مەخپىي ئەمەس ، شۇنداق بولسىمۇ بۇ كەمىنىدە ئۇ زاتنىڭ تەرىپ ـ تەۋسىپلىرىنى بايان قىلغۇدەك لاياقەت يوق . ھالبۇكى ، ئۇ زات تەرىپ ـ تەۋسىپكە ئېھتىياجلىق ئەمەس ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھايات سىلسىلىسى ئىچىدىكى بەزى ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنىدۇ .

بىلمەك كېرەككى ، ھەزرىتى مەۋلانا ئەبدۇررەھمان جامى بولسا ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرىنىڭ مۇرىتىدۇر ، ئۇ [مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرى] بولسا ھەزرىتى مەۋلانا نىزامىددىن خامۇشنىڭ مۇرىتىدۇر ، ئۇ [مەۋلانا نىزامىددىن خامۇش] ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىن ئەتتار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ مۇرىتىدۇر . ئۇ زات بولسا مۇرشىدلار پېشۋاسى ، يولباشچىلارنىڭ سەرۋىرى ، تەڭرىگە يېقىنلىشىش زەنجىرىنىڭ باش ھالقىسى ھەزرىتى خاجە بەھائىددىن نەقشىبەندى — ئۇنىڭغا رەھمەت ، مەغپىرەت ۋە جەننەت نېسىپ بولغاي — نىڭ مۇرىتىدۇر .

## ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرى — ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي — نىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى

ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرى — كاشغەر ۋىلايىتى ئۇلۇغلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تەبىقىلىرى ئىچىدە تەقۋادار ئالىملار ۋە سالىھ ئەۋلىيالار بار ئىدى . شۇ جۈملىدىن شەيخ ھەبىب بولسا شەيخ سەييىد كارىزگەر[1]نىڭ مۇرىتىدۇر ، شەيخ سەييىد كارىزگەر بولسا شەيخ مۇھىب مۇجەررەدنىڭ مۇرىتىدۇر .

شەيخ ھەبىب بولسا ئەمىر سەييىدئەھمەد بىلەن زاماندارى ئىدى . ئەمىر سەييىدئەھمەد بولسا پەقىر كەمىنىنىڭ تۆتىنچى بوۋام بولىدۇ .

نەقىل قىلىنىشىچە ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەمىر سەييىدئەھمەد

---

[1] بۇ لەقەم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان . باشقا نۇسخىلاردا «كاردگەر» (پىچاقچى) دېيىلگەن .

پەرزەنتى مىر سەييىدئەلىنى شەيخ ھەبىبنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ بېرىپتۇ . مىر سەييىدئەلى ئۇ ۋاقىتتا كىچىك ئىكەن ، سۆھبەت تازا قىزىغان ۋاقىتتا مىر سەييىدئەلى بالىلارنىڭ ئادىتى بويىچە يىغا - زار قىلغىلى باشلاپتۇ . ئاتىسى ئۇنى قانچە بەزلىگەن بولسىمۇ پەس بولماپتۇ . شەيخ : «مىر سەييىدئەلى نېمە سەۋەبتىن بىئارام بولۇۋاتىدۇ ، ئۇنىڭ مەقسىتى نېمىدۇر ؟» دەپ سوراپتۇ . ئاتىسى : «قورسىقى ئېچىپتۇ ، يەيدىغان بىر نەرسە تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دەپتۇ . بۇ مەجلىس بىر ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە بولغانىكەن ، ئۇ دەرەخ ھازىرمۇ بار . پەقىرمۇ شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىشقا مۇشەررەپ بولدۇم ، شەيخنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھېكايىنى ۋە شۇ دەرەخنى تىلغا ئېلىشىدۇ . شۇنداق قىلىپ شەيخ دەرەخنىڭ ئۈستىگە نەزەر سالغانىكەن ، ئۈجمە دەرىخىدىن ئىسسىق گىردە نان چۈشۈپتۇ . شەيخ ئۇنى مىر سەييىدئەلىگە ئىلتىپات قىلىپ بېرىپتۇ ، ئاندىن شەيخ : «بۇ ئۇنىڭ نېسىۋىسىدۇر ، ھېچكىم ئۇنىڭغا شېرىك بولمىسۇن» دەپتۇ . دېمەك ، بۇ ئاشۇ شەيخنىڭ مۇبارەك نەپەسلىرىنىڭ بەرىكىتىدىندۇر .

بۇلارنى يېزىشتىن مەقسەت شۇكى ، مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرىنىڭ تەبىقىلىرى ئىچىدە بۇنىڭدەك ئۇلۇغ زاتلار بار ئىدى .

مەۋلانا ياشلىق ۋاقىتلىرىدا كاشغەردىن چىققانىدى . مەۋلانا مۇھەممەد[1] ئەتتار مەشھۇر ئالىملاردىن بولۇپ ، ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى ، ئۇ زاتمۇ كاشغەرلىك . مەۋلانا مۇھەممەد ئەتتار مۇنداق دېگەنىدى :

مەۋلانا سەئىدىددىن بىلەن ئىككىمىز بىر شەھەردىن بولغانلىقىمىز[2] ئۈچۈن ، بىز سەمەرقەندتە ھەمىشە بىر - بىرىمىزگە

---

① بۇ ئىسىم مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «مەھمۇد» دېيىلگەن .

② موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «ھەمشەھر» (بىر يۇرتلۇق ، بىر شەھەرلىك ) دېگەن سۆز «ھەمشىرە» (بىر ئانىنى ئەمگەن ، قېرىنداش ) دەپ يېزىلىپ قالغان ، باشقا نۇسخىلار ئاساسىدا تۈزىتىپ ئېلىندى .

ھەمراھ بولۇپ بىللــە ئىلىم تەھسىل قىلاتتۇق ، كۆپىنچە قىرائەت كىتابلىرىنى بىللە ئۆتكۈزگەندۇق ، دائىــم ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇراتتۇق .

بىر كۈنى تالىپلار : «شەھەردە بىر مەھەللىدە سىراج ئاتلىق بىر شەيخ پەيدا بولۇپتۇ . خالايىق ئۇنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ - كېلىپ تۇرار ئىمىش ، ئۇ شەيخ بارغانلارغا كۆپىنچە نان ۋە پاكىز شىرنىنى مەزە قىلىپ قويۇپ بېرەر ئىمىش» دېيىشتى . بىز مەۋلانا سەئىددىن بىلەن كېڭىشىپ ، شەيخ سىراجنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ نېنىنى يەپ ، شىرنىسىنى ئىچىمىز دېيىشىپ باردۇق . شۇنداق قىلىپ شەيخنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولدۇق . نەزم :

كۆزۈ ئىلكىمىزگە قىلىپ بۇسەلەر ،
ئالىپ كەلدى ئىززەت بىلە ماھەزەر .

شەيخ نان ۋە شىرنە ئېلىپ كەلدى . كۆردۈمكى ، ناھايىتى پاكىز ، لەزىز ۋە تاتلىق ئىكەن . مەن شىرنە بىلەن نان يېيىشكە مەشغۇل بولدۇم . شەيخ سىراج بىلەن مەۋلانا سەئىددىن ھەقىقەت ۋە مەرىپەت ھەققىدە سۆزلىشىشكە مەشغۇل بولدى ، ئۇ نان بىلەن شىرنىنىڭ لەززىتى مېنى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن غاپىل قىلدى . بىردەمدىن كېيىن قارىسام ، مەۋلانا يىــغلاشقا باشلاپتۇ ، شەيخ سىراج تازا قىزىپ سۆزلەۋاتاتتى . شەيخ ھەر قېتىم قولىنى كىگىز[1] ئۈستىگە قويسا ، تۇتۇن ئۆرلەپ ئۇ كىگىزنىڭ كۆيگەنلىك ئالامىتى پەيدا بولاتتى . بۇ ۋەقەنى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلۈمگە ئۇلۇغ بىــر رىغبەت ۋە قورقۇنچ يۈزلەندى ، ئولتۇرۇشقا تاقەت قىلالماي چىقىپ كەتتىم . بۇ ۋەقەدىن كېيىن مەۋلانا سەئىددىننى كۆرمىدىم ، نەچچە مۇددەتكىچە ئۇنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكــى

---

① مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «نەمەد» (كىگىز) دېگەن سۆز «نەم» (ھۆل ، نەم) دەپ ئېلىنغان .

قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى . نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ شۆھرىتى خوراساندا پەيدا بولدى .

## مەۋلانا نىزامىددىن خامۇشنىڭ بايانى

پەقىر كەمىنە سۆزلىرى ئېتىبارغا ئىگە بىر كاتتا كىشىدىن ئاڭلىغانىدىم . مەۋلانا نىزامىددىن — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىن ئەتتار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ شەرەپلىك خىزمەتلىرىگە ئېرىشىشتىن ئىلگىرىمۇ ناھايىتى تەقۋادارلىق ۋە پاكىزلىك بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزەتتى . فۇقەھا (فىقھىشۇناسلار ) مەسچىتىدە ھەمىشە شەيخ ئەبۇمەنسۇر ماتۇرىدىنىڭ روھانىيەتلىرىگە ئېھتىرام بىلەن يۈزلىنىپ ئولتۇراتتى . شەيخ ئەبۇمەنسۇر ماتۇرىدىنىڭ ئۇلۇغ روھلىرى پەنجىرىنىڭ كەينىدە زاھىر بولاتتى ، ئۇ گويا بېشى پەرەنجىگە پۈركەنگەن كىشىدەك كۆرۈنۈپ ناھايىتى ئۇلۇغۋار ھالەتتە پەيدا بولاتتى . ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىننىڭ سۆھبەتلىرىگە مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەنىدى : «ئەگەر مەن شۇ مەرتىۋىدە توختاپ قالغان بولسام ، خۇدا ساقلىسۇنكى ، ئىمانىمنىڭ سالامەت قېلىشىمۇ مۇشكۇل ئىدى . بۇ ماڭا ئەمدى مەلۇم بولدى . » خۇددى «نەفەھاتۇل - ئۇنس» ناملىق كىتابتا يېزىلغىنىدەك ، ئۇلاردىن ئاجايىپ كارامەتلەر ۋە غارايىب ئادەتلەر كۆپ كۆرۈلگەنىدى . مەۋلانا نىزامىددىن — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ بەزى ھېكايىلىرى ھەزرىتى خاجەنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى ئىچىدىمۇ سۆزلەنگۈسى .

# ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىن ئەتتارنىڭ
# بايانى

ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىن ئەتتار — تەڭرى ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى ئەتىر ھىدلىرىغا تولدۇرسۇن، قەبرىسىنى نۇرلاندۇرسۇن — بولسا بۇخارانىڭ مالدار (باي) خاجەلىرىدىن بولۇپ، ناھايىتى پاكىز كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتى. پەقىر كەمىنە ئۇلارنىڭ بىر نەۋرىسىدىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم:

خاجە ئەلائىددىن خاجەلەرنىڭ ئۇلۇغى ھەزرىتى خاجە بەھائىددىن نەقشبەندى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ شەرەپلىك خىزمەتلىرىگە ئېرىشكەندى. ئۇنىڭ روھى دۇنياسىدا ئۇلۇغ ئىدىيىلەر ۋە ھېسابسىز تەلەپكارلىقلار پەيدا بولۇپ، خاجەدىن (مۇرىتلىققا) قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇلۇغ خاجە: «ئەگەر مېنىڭ قوبۇل قىلىشىمنى ئىلتىماس قىلساڭ، قوشخانىغا بېرىشىڭ كېرەك. ئۇ يەردىن كالىنىڭ ئىچ - باغرىنى ئېلىپ بېشىڭدا قويۇپ ئېلىپ كەلسەڭ، ئاندىن سېنىڭ ئىرادەڭنى قوبۇل قىلىمەن» دېدى. ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىن كۈچلۈك ئىدىيە ۋە تەلەپكارلىق يۈزىسىدىن ئىككىلەنمەيلا بېرىپ، كالىنىڭ ئىچ - باغرىنى پاكىز سەللىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بازار ئىچى بىلەن يۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. كالىنىڭ ئۆپكە - ئۈچەيلىرىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر ئېقىپ مۇبارەك يۈزلىرىگە ۋە پاكىز كىيىملىرىگە تېمىپ تۇراتتى، كوچا ۋە بازاردىكى خالايىق ئۇنى مەسخىرە قىلىپ تەنە ۋە دەككە - دەشنام قىلاتتى. ئۇ بۇنىڭغىمۇ پەرۋا قىلماي شۇ يۈرگىنىچە ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇكنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇك بۇ ھالەتنى كۆرۈپ ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن رەھىم - شەپقەت قىلىپ، ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىننىڭ (مۇرىت بولۇش)

ئىرادىسىنى قوبۇل قىلدى .

دېمەك ، بۇ ئىنايەتلىك نەزەرنىڭ بەرىكىتىدىن ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىن شۇ مەرتىۋىگە يەتتىكى ، ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇك ئاخىرقى مەزگىللەردە نۇرغۇن تالىپلارنى ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىننىڭ سۆھبەتلىرىگە بۇيرۇدى . ئۇ : «ئەلائىددىن خېلى يۇكۇمنى كۆتۈردى » دېگەندى . بۇ نەقىل «نەفەھاتۇل - ئۇنس» ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان .

«سىلسىلەتۇل - ئارىفىن» ناملىق كىتابتا شۇنداق بايان قىلىنىدۇكى ، ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇكنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇكنىڭ ھەممە سۆھبەتداشلىرى ھەزرىتى خاجە ئەلائىددىنغا بەيئەت قىلدى ، ھەتتاكى خاجە مۇھەممەد پارسا — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇ بەيئەت قىلدى . ھەزرىتى خاجەئى بۇزرۇكنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى ۋە نەقشىبەندىيە شەيخلىرى — ئۇلارنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ ياخشى سۈپەت ، گۈزەل خىسلەتلىرى تۈرلۈك كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ناھايىتى مەشھۇردۇر .

ھەزرىتى مەخدۇمى خاجە شىھابىددىن بولسا خاجە خاۋەند مەھمۇد ئىسمى بىلەن مەشھۇردۇر . بۇ كىتابنىڭ ھەرقانداق يېرىدە «ھەزرىتى مەخدۇمى مۇتلەق» دېگەن ئىسىم كەلسە ، ئەنە شۇ زاتنى كۆرسىتىدۇ . پەقىر ئۇلاردىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم :

ھەزرىتى مەۋلانا ئەبدۇررەھمان جامىي مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئىرادە باغلاپ كەلگىنىدە ، بۇ غەزەلنى يېزىپ تۆھپە سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەندى . مەتلەئى تۆۋەندىكىچە :

پىرا ، نە سەرگەشتەم ئەندەر رەھى سەگانەت ،
مويى سەفىد كەردەم جارۇبى ئاستانەت .

(ئەي پىر - ئۇستازىم ، مەن گويا كوچىڭىزدىكى ئىتلىرىڭىز-دەك سەرگەردان بولدۇم ، چاچ - ساقاللىرىم بوسۇغىڭىزدىكى سۈپۈرگىڭىزدەك ئاقاردى . )

ھەزرىتى مەۋلانا ئەبدۇررەھمان جامى ئۆزىنىڭ «نەفەھاتۇل - ئۈنس» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن :

ھەزرىتى خاجە ئۇبەيدۇللا ئەھرار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — خوراساندىن ھىسارغا بارغانلىقلىرىنى پەقىرگە ھېكايەت قىلىپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى : «ھىسار تەۋەسىدىكى ھەلغەتۇ[1] دېگەن جايغا باردىم . ئۇ يەردە ھەزرىتى مەۋلانا يەئقۇب چەرخىنىڭ مۇبارەك سۆھبەتلىرىگە مۇشەررەپ بولدۇم . دەسلەپكى قېتىم ئۇ زاتنىڭ خىزمەتلىرىگە بارغىنىمدا ناھايىتى سوغۇقلۇق بىلەن كۆرۈشتى . ئۇ زات مېنىڭ ئالاقىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ خىزمىتىگە ئىرادە قىلماي يېنىپ كېتىشىمنى خالىغانىدى ، ئەمما مەن سەۋر - تاقەت قىلدىم ۋە كۆڭلۈمدە : ‹مۇشۇنچە يىراق يوللارنى بېسىپ سەپەر مۇشەققىتىنى تارتىپ بۇ زاتنىڭ خىزمىتىگە كەلدىم . ئەمدى چەككەن مېھنەتلىرىمنى زايە قىلىپ ، سۆھبىتىدىن مەھرۇم بولۇپ يېنىپ كەتسەم مۇۋاپىق بولماس . بۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىشتا ئېھتىمال بىرەر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن › دەپ ئويلاپ ئىككىلىنىپ تۇرغانىدىم . چاغانىيان خەلقىدىن بەزىلىرى مەۋلانا يەئقۇبقا قارشى ئىدى ، ئۇلار ئۇ زات ھەققىدە ھەر خىل نالايىق سۆزلەرنى قىلاتتى . [ئۇ زاتنىڭ بۇنداق قوپال مۇئامىلىسى شۇ سەۋەبتىنمىكىن دەپ ئويلىدىم .] مەن ئىچىمچە ئوي - خىيال ئىچىدە تۇراتتىم ، توساتتىن ھەزرىتى مەۋلانا يەئقۇب چىقتى . ئۇ زات كۆزۈمگە شۇنداق سۆيۈملۈك ۋە يېقىملىق كۆرۈندىكى ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلماقچى بولۇپ يۈگۈردۈم . »

ھەزرىتى خاجە ئۇبەيدۇللا ئەھرار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ھېكايەتنى بۇ يەرگە يەتكۈزدى . قارىسام ھەزرىتى خاجە ئۇبەيدۇللا گوياكى پىرىم ھەزرىتى مەۋلانا سەئدىدىن

---

① بۇ ئىسىم تېھران نەشرىدە «ھەلقەتۇ» ، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «خەلگەتۇ» دەپ ئېلىنغان .

كاشغەرنىڭ سۈرەتلىرىدە بولۇپ كۆرۈندى ، ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىدىن ھەزرەتلىرىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە نەچچە مۇددەتلەر بولغاندى . بۇ ۋەقەنى ئويلاپ ماڭا ئاجايىپ بىر ھالەت يۈزلەندى . ئېتىقادىم شۇكى ، ھەزرىتى ئۇبەيدۇللا ئۆزىنىڭ : «مەۋلانا يەئقۇب ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە شۇ قەدەر يېقىملىق ۋە سۆيۈملۈك كۆرۈندى» دېگەن سۆزلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سۈرەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ ، مەۋلانا سەئىدىدىننىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنگەن بولسا كېرەك .

ھەزرىتى ئىشاننىڭ ھەزرىتى مەۋلانا جامىغا بولغان ئىلتىپات ـ نەزەرلىرى ناھايىتى زىيادە ئىدى . مەۋلانا جامى ھەزرەتلىرى ياشلىق ۋاقىتلىرىدا ئىلىم ئۆگىنىشكە كۆپ تىرىشچانلىق قىلغاندى . شۇ دەرىجىدە ئىلىملەرنى ئىگىلىگەندىكى ، مىرزا شاھرۇخنىڭ زامانىدا ماۋەرائۇننەھر ۋە خوراسان مەملىكىتىدە بەش كىشى بار بولۇپ ، ئالىملار ئۇلارنى «خەمسەئى مۇتەھەييەرە» (كىشى ھەيران قالغۇدەك بەش زات) دەپ ئاتايتتى . بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى ھەزرىتى مەۋلانا ئەبدۇررەھمان جامى ، ئىككىنچىسى مەۋلانا داۋۇد ھىسارى ، ئۈچىنچىسى مەۋلانا ھۇسەين مۇھتەسىب ، تۆتىنچىسى مەۋلانا شەمسىددىن بەھرئابادى ، بەشىنچىسى مەۋلانا بۇرھانىددىن ئىدى . ھەزرىتى مەۋلانا جامى ئۇ ۋاقىتلاردا ناھايىتى ھېسسىياتچان بولۇپ ، ھەمىشە مىجەزى ئىشق ـ مۇھەببەتكە مۇيىتلا بولۇپ يۈرەتتى ، ھېچ ۋاقىتتا بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس ئىدى . ئۇ زاتنىڭ دىۋانلىرىدىنمۇ ئاشۇ خىل مەنە بىلىنىپ تۇرىدۇ . ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىدىن ھەمىشە بادغىس كوچىسىدا ئولتۇراتتى . بادغىس كوچىسى مەلىكان مەسچىتىنىڭ يېنىدا بولۇپ ، ئۇ مەسچىتنىڭ بىر ئىشىكىنى بادغىس دەرۋازىسى دەپ ئاتايتتى . مەۋلانا سەئىدىدىن ئاشۇ يەردە ئولتۇراتتى ، ھەزرىتى مەۋلانا جامى كۆپىنچە شۇ كوچىدىن ئۆتەتتى . مەۋلانا سەئىدىدىننىڭ بەزى سۆھبەتداشلىرى ئۇنىڭدىن بۇ كوچىدا ئولتۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى سورىسا ، ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىدىن : «بۇ يەردە بىر

لاچىن بار ، دائىم بۇ كوچىدىن ئۆتىدۇ . ئۇنىڭ قايسى دۆلەتمەن كىشىنىڭ دامىغا چۈشىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دەيتتى . «لاچىن» دېگىنى ھەزرىتى مەۋلانا جامىغا ئىشارەت قىلىنغان سۆز ئىدى . ئاخىر مەۋلانا جامى ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرىنىڭ خىزمىتىگە ئىرادە باغلىدى ۋە ھەممە ئىشىنى تاشلاپ مەۋلانانىڭ خىزمىتىگە شۇنداق مەشغۇل بولدىكى ، ئالتە ئايغىچە بارلىق ئالاقىلەرنى ئۇنتۇغانىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى جامى پىر - ئۇستازى مەۋلانا سەئىدىددىنىنىڭ ئىجازىتى بىلەن مەككە سەپىرىگە راۋان بولۇپ ، ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىش شەرىپىگە نائىل بولدى . زىيارەت ۋاقتىدا يازغان قەسىدىلىرى ۋە غەزەللىرى ناھايىتى يېقىملىق ۋە پاساھەتلىك چىققانىدى . شۇلار جۈملىسىدىن مەدىنىگە يۈزلەنگەن ۋاقتىدا يازغان بىر قەسىدىسى بار ئىدى ، ئۇنىڭ مەتلەئى مۇنداق :

نەزم :

ئىن زەمىنى ئەستكى مەنزىلكى جانان بۇدە ئەست ،
راھى ئامەد شۇد ئان سەرۋى خىرامان بۇدە ئەست .

(بۇ زېمىن مېنىڭ جانانىمنىڭ مەنزىلىدۇر ، بۇ ئاشۇ سەرۋى خىرامانىم ماڭغان يولدۇر . )

ھەزرىتى مەۋلانا جامى مەخسۇس ھەزرىتى ئىشاننى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئىككى نۆۋەت ماۋەرائۇننەھرگە كەلدى . ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — مۇنداق نەقىل قىلغانىدى :

ھەزرىتى ئىشان ھايات ۋاقىتلىرىدا سەمەرقەندتە ماڭا كېسەل چاپلاشتى ، شۇڭا كېسەللىمنى داۋالىتىش ئۈچۈن خوراسانغا باردىم . شۇ ۋاقىتلاردا ھەزرىتى مەۋلانا جامىنىڭ مەنزىللىرىدە ۋە ئۇ زاتتا دەرس ئوقۇر ئىدىم . شۇ چاغلاردا ماڭا قاتتىق كېزىك پەيدا بولدى ، مەۋلانا قۇتب ئادەم شۇ زاماندىكى ھەممە تېۋىپلارنىڭ ئۇستازى

ئىدى ، ئۇ زات مېنى داۋالاش بىلەن مەشغۇل ئىدى . قانچە دىققەت قىلغان بولسىمۇ ، بارغانچە كېسىلىم ئېغىرلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، ساقىيىشتىن ئۈمىد ئۈزدۇم . بىر كۈنى سەھەر ۋاقتى ئىدى ، ھالىم تەڭ بولدى ، نەپسىم ئۈزۈلۈشكە يېقىنلاشتى . شۇڭا ، دەرھال ئەھۋالىمنى ھەزرىتى مەۋلاناغا مەلۇم قىلىشىپتۇ . ھەزرىتى مەۋلانا ھامامدا يۇيۇنۇۋاتقانىكەن ، ئۇ ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن كۆڭلەك ، پايپاقلىرىنىمۇ كىيگۈدەك پۇرسەت تاپالماي باشلىرىغا لۆڭگىنى يېپىپ ، ئۈنىڭ ئۈستىگە دەستارىنى كىيىپ يالاڭ تەنلىرىگە جۇۋىسىنى كىيىپ ئىنتايىن تېزلىك بىلەن يېتىپ كېلىپ بېشىمدا ئولتۇرۇپ : «ئەي مەخدۇمزادە ، ئەھۋالىڭىز قانداقراق ؟ » دېدى . مەن ئۇ زات بىلەن ئاخىرەتلىك ۋىدالاشماقچى بولۇپ ئۈنىڭدىن رازىلىق تىلىدىم ، ئۇ زات : «ئەي مەخدۇمزادە ، ھېچ ئەنسىرىمەڭ ، ھېچقىسى يوق » دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ زات باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ خېلى ۋاقىتقىچە ئولتۇردى . خېلى پۇرسەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى مۇلاھىزە قىلسام ، مەندە كېسەل ۋە تەشۋىش ئالامەتلىرى قالماپتۇ ، بىر پەستىن كېيىن ئورنۇمدىن قوپۇپ ئولتۇردۇم . ھەزرىتى مەۋلانا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈپ تۇرۇپ : «ئەي مەخدۇمزادە ، مەن ھېچ ۋەقەسى يوق دەپ ئېيتمىدىممۇ ؟ خۇداغا شۈكرى ، سىز ساقىيىپ قالدىڭىز ، مېنى بەكمۇ جىددىيلەشتۇرۇۋەتتىڭىز » دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتىم ، مەۋلانا قۇتب ئادەمگىمۇ ئېھتىياج قالمىدى .

ھەزرىتى مەۋلانا جامى بەك كەم سۆز ئىدى . ئەگەر بەزى - بەزىدە سۆزلەپ قالسا ، سۆزلىرىنىڭ كۆپىنچىسى لەتىپە ۋە چاقچاق ئىدى . ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن مۇنداق دېگەنىدى :

بىر نۆۋەت ھەزرىتى مەۋلانا سەمەرقەندكە ھەزرىتى ئىشاننىڭ خىزمىتىگە كەلدى . ھەزرىتى ئىشان ھەزرىتى مەۋلانانى ماتۇرىدكە ئېلىپ باردى ۋە ئېيتتىكى : «سەمەرقەند ئۆزۈمىنىڭ ھەممە يەردە داڭقى بار » . مەۋلانا ھاجى قاسىم ھەزرىتى ئىشاننىڭ باغۇنى

ئىدى . ئۇ زاتنى : «مەۋلانا جامىغا ئۆزۈم ئېلىپ كەلگىن ، ئۆزۈمنىڭ ‹ساھىبى › ، ‹فەخرى › ، ‹ھۈسەينى › قاتارلىق ھەر خىل تۈرلىرىدىن بولسۇن» دەپ بۇيرۇدى . مەۋلانا قاسىم ئۆزۈم ئېلىپ كەلدى . «ساھىبى» ، «ھۈسەينى» ئۆزۈملىرى ناھايىتى ئوبدان ئىدى . ھەزرىتى ئىشان : « ‹فەخرى › ئۆزۈمىنى خوراساندا يېگەنىدۇق ، ناھايىتى ئوبدان ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ھەۋەس بىلەن ‹فەخرى › ئۆزۈمىنىڭ تېلىنى خوراساندىن ئېلىپ كېلىپ سەمەرقەندتە سالدۇق ، كۆپ پەرۋىش قىلدۇق ، ئەمما خوراساندىكىدەك ئوبدان بولمىدى . كۆرۈپ بېقىڭ ، بولغىنى مۇشۇ» دېدى . ھەزرىتى مەۋلانا جامى مەۋلانا قاسىمغا قاراپ : «سەمەرقەندنىڭ تۇپرىقى مۇساپىرلارنى ياقتۇرمايدۇ» دېدى .

ھەزرىتى مەۋلانا جامى ئۆزلىرىنى ھېچكىمگە تونۇتمىغان ھالدا سەمەرقەندكە كەلگەنىدى . بىر كۈنى ھاممامغا كىردى ، ھەزرىتى مەۋلانانىڭ مۇبارەك بەدەنلىرى ناھايىتى تولۇق ئىدى . بۇنى كۆرۈپ بىر سەمەرقەندلىك ئۇنىڭغا : «هاي خوراسانلىق ، ھاممامغا جۇۋا بىلەن كىرگىنىڭ نېمىسى ؟» دېدى . ھەزرىتى مەۋلانا ئۇنىڭغا : «سەمەرقەندلىكلەرنىڭ مىجەزى ناھايىتى سوغۇق ئىكەن ، ئۇلارنىڭ سوغۇقلۇقىدىن ھاممامدىمۇ جۇۋىسىز يۈرگىلى بولمايدۇ» دېدى . ھەزرىتى مەۋلانانىڭ بۇنداق لەتىپىلىرى ھەددىھېسابسىز كۆپ بولۇپ ، ئۇلار ئالەم ئەھلىنىڭ ئاغزىدا كەڭ تارقىلىپ ھەممىگە تونۇلغان ۋە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن . شۇڭا ، بۇ كىتابىمىزدا ئۇلارنى كۆپ بايان قىلمىدۇق . ھەزرىتى مەۋلانا ئۆزىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ناھايىتى مەخپىي تۇتاتتى ، چۈنكى ھەزرىتى نەقشىبەندىنىڭ تەرىقەتلىرىدە ئەنە شۇنداق مەخپىي تۇتۇلاتتى . ھەزرىتى مەۋلانا شۇ سەۋەبتىن زادى مۇرىت قوبۇل قىلمايتتى ، چۈنكى مۇرىت ئېلىش شۆھرەت قازىنىشقا سەۋەب بولاتتى . ئەمما ، ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىدە : «ئۇلۇغلارنىڭ نىسبەتلىرى بىزدە ئامانەت ئىدى ، ئۇنى مەخپىي تۇتۇش ئۈچۈن ھېچكىمگە يەتكۈزمىدىم . ئاخىر مەلۇم بولدىكى ، ئوبدان ئىش قىلماپتىمەن ، چۈنكى بۇ سىلسىلە

ئۇزۇلمەسلىكى كېرەك ئىدى» دەپ پۇشايمان قىلغانىدى. مەۋلانا ئەبدۇلغەفۇر لارى ئۆز زامانىدىكى كاتتا ئۆلىما بولۇپ، ھەزرىتى مەۋلانا جامىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، ھەزرىتى مەۋلانا ئۇ زاتنى مۇرىتلىققا ئالغانىدى. مەۋلانا ئەبدۇلغەفۇر «نەفەھاتۇل ـ ئۇنس» ناملىق كىتابقا شەرھ يازغان، ئۇ شەرھىنىڭ ئاخىرىنى ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى بىلەن تامام قىلغان. نەچچە يەردە ئۆزىنىڭ ھەزرىتى مەۋلانا جامىنىڭ خىزمىتىگە ئىرادە باغلىغانلىقىنى، ھەزرىتى مەۋلانانىڭ قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلىپتۇ، مەۋلانا ئەبدۇلغەفۇر ئەنە شۇ بايانلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دەپتۇ:

بىر كۈنى خىلۋەت جايدا ھەزرىتى مەۋلانانىڭ مۇلازىمەتلىرىگە مۇشەررەپ بولدۇم ۋە ئۇ زاتقا: «خالايىقنىڭ بېرىپ ـ كېلىشى ۋە ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش يۈزىسىدىن دەرس بېرىشتە ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىققا ئۇچراۋاتىمەن، ئۆزلىرى مېنى روھىي جەھەتتىكى مەشغۇلات بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئەمىر قىلىپ ئەزىزلىگەن ئىدىلە، ئەمما كۆپ ۋاقتىم تالىپلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ پەرمانلىرىنى چىڭ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرالـ ـمايۋاتىمەن، بۇنىڭ ئامالىنى قانداق قىلسام بولىدىكىن؟» دەپ ئەرز قىلدىم. ھەزرىتى مەۋلانا: «ئالەم خەلقىنى خۇدايىتائالانىڭ ئالىمىدىن چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ، ھەرقانداق ئەھۋالدا كىشى ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولۇشى لازىم. مەن بۇگۈن سەھەر ھامامغا باردىم، ھامامغا بېرىپ يانغۇچە بولغان ئارىلىقتا ‹يۇسۇف ـ زىلەيخا›دىن ئىككى يۈز بېيىت ـ نەزم تۈزدۈم، ئاندىن ئۆيگە كېلىپ ۋەزىپە دەرسنى ئادا قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن تۈزگەن ئاشۇ ئىككى يۈز بېيىتنى كۆچۈرۈپ چىقتىم ۋە ‹نەفەھاتۇل ـ ئۇنس› تىن بىر جۇزۋى يازدىم. لېكىن، يۇقىرىقى ئىشلارنى ئادا قىلىپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا باتىن زىكرىدىن بىر نەپەسمۇ خالىي ئەمەس ئىدىم، قەلەم ئۆز ئادىتى بويىچە ئۆز يولىدا خەتنى پۈتۈۋېرەتتى. بۇنى ئېيتىشتىن مەقسەت شۇكى، سىزلەرمۇ ھەممە

ۋاقىتتا ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولغايسىزلەر ، خالايىق بىلەن ئارىلىشىشتىن ھەرگىز خالىي بولغىلى بولمايدۇ» دېدى .

ھەزرىتى مەۋلانا جامى تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 898 ـ يىلى[1] بۇ ئالەم تۆپرىقىدىن ئۇلۇغلۇق ھۆزۇرىغا يۈرۈپ كەتتى — تەڭرى دائىم ئۇ زاتقا رەھمەت ۋە شەپقەت ئاتا قىلغاي .

شۇ دەۋرنىڭ پەزىلەت ئىگىلىرى ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ۋاپات بولغان تارىخىنى «ئەشئارى دىلفەرىب»[2] دېگەن سۆزدىن چىقىرىپتۇ .

ھەزرىتى مەۋلانا جامى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ يازغان كىتابلىرىدىن خەلق ئىچىدە تونۇلۇپ مەشھۇر بولغانلىرىدىن بىرى «شەۋاھىدۇن ـ نەبۇۋۋەت»دۇر ، يەنە بىرى «نەفەھاتۇل ـ ئۇنس» ، يەنە بىرى «ھەفت ئەۋرەڭ» بولۇپ ، نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان يەتتە كىتابتۇر . يەنە بىرى « ‹كافىيە›نىڭ شەرھى» بولۇپ ، بۇ كىتابنىڭ مەشھۇر نامى «شەرھى موللا» ، يەنە بىرى نەزمىي «ئەربەئىن» ، يەنە بىرى «لەۋايىھ» ، يەنە بىرى «شەرھى ‹لەمەئات›» ، يەنە بىرى «شەرھى ‹فۇسۇسۇل ـ ھىكەم›» ، يەنە بىرى «شەرھى ‹قەسىدەئى خەمرىيە› ، ‹فارىغىيە›» ، يەنە بىرى «شەرھى ‹رۇبائىيات›» ، يەنە ئۈچ دىۋان ، يەنە «رەسائىلى مۇئەمما ۋە ئىنشا» قاتارلىقلار .

يەنە بۇنىڭدىن باشقىمۇ يازغان كىتابلىرى كۆپ بولۇپ ، « ‹نەفەھاتۇل ـ ئۇنس›نىڭ شەرھى»نىڭ ئاخىرىدا مەۋلانا ئەبدۇلغەفۇر ئۇلارنى بايان قىلىپ ئۆتۈپتۇ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە قىرائەت قىلىنىدىغان كىتابلارمۇ بار .

ھەزرىتى مەۋلانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەكىيلىرىنىڭ ئاستىدىن نەچچە ۋاراق قولىيازما چىقىپتۇ ، ئۇلارنى ئىلگىرى

---

[1] ھىجرىيە 898 ـ يىلى مىلادىيە 1492 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

[2] بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «ئىشلاردە غەرىب» دەپ يېزىلىپ قالغان . باشقا نۇسخىلارغا ئاساسەن «ئەشئارى دىلفىرىب» (كۆڭۈلنى رام قىلغۇچى شېئىرلار) دەپ تۈزىتىپ ئېلىندى .

ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىكەن. شۇلاردىن ئىككىسىنى ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن پەقىر كەمىنىگە پۈتۈپ ئەۋەتكەنىدى. تەڭرى خالىسا خاننىڭ ئاخىرقى ئەھۋالىنىڭ ھېكايىسىدە بايان قىلىنغۇسى.

## مەۋلانا شەمسىددىن مۇھەممەد رۇمىنىڭ[1] بايانى

بىلىش كېرەككى، مەۋلانا شەمسىددىن مۇھەممەد رۇمىمۇ ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرىنىڭ مۇرىتلىرىدىندۇر. بۇ يولدىكى ئۇلۇغلارنىڭ بىرىدىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم:

بىر كۈنى ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىددىن ھەزرىتى شەيخ بەھائىددىن ئۇمەرنىڭ مۇلازىمىتىگە باردى، مەۋلانا شەمسىددىن مۇھەممەدمۇ ھەمراھ ئىدى. سۆھبەت تازا قىزىغاندا مەۋلانا شەمسىددىن مۇھەممەدنىڭ كۆڭلىگە بىزنىڭ يۈزلىنىدىغان مەبۇدىمىز ئالەمدە ھېچ ئوخشىشى ۋە ئەندىزىسى بولمىغان يەككە - يېگانە تەڭرىدۇر. ھېچقانداق ئوخشىشى ۋە ئەندىزىسى بولمىغان مەبۇدقا قانداق يۈزلىنەرمىز دېگەن خىيال كېلىپ تەپەككۇرغا چۆكتى. نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى مەۋلانانىڭ كۆڭلىگە بۇ خىل خىيال نەچچە قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەل بولماي كېلىۋاتقانىدى. مەۋلانانىڭ كۆڭلىگە كەلگەن بۇ خىيال ھەققىدە شەيخ بەھائىددىن ئۇمەر ئېيتتىكى: «تەڭرىتائالانىڭ ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدىغانلىقى ۋە ھېچقانداق ئەندىزىگە چۈشمەيدىغانلىقىغا

---

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ ۋە مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىلىرىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارسچە ئىككى خىل قولىيازمىدا «رۇھى» دېيىلگەن. تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «زەۋجى» دەپ ئېلىنغان.

يۈزلىنىش لازىم . ھەر قېتىم بۇ يۈزلىنىشتىن ھۇزۇر ھاسىل بولسا ، شۇ ھۇزۇرنىڭ ئۆزى نېمە قىلىش لازىملىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ » دېدى . بۇنى ئاڭلاپ مەۋلانا خۇشال ـ خۇرام بولدى . شەيخنىڭ سۆھبىتىدىن چىققاندىن كېيىن مەۋلانا سەئىدىدىن : «شەيخ ھاياجانلىق ھالەتتىدۇر ، سۇلۇك يوللىرىنى بىلمەيدۇ . نەچچە مۇددەتتىن بېرى بۇ سۆزىڭىز ماڭىمۇ مەلۇم ئىدى ، ئەمما جاۋاب بەرمىگەنىدىم . چۈنكى ، بۇ مۇددەت ئىچىدە بۇ خىيالنى تەپەككۇر قىلىشىڭىز ئىزدىنىشنى تېخىمۇ زىيادە قىلىشقا سەۋەب بولاتتى ۋە تەڭرىگە يۈزلىنىشنىڭ تەرەققىياتىغا سەۋەب بولاتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈن جاۋابىنى ئېيتمىغانىدىم . ھازىر بۇ خىيال كۆڭلىڭىزگە كېلىش بىلەنلا شەيخ ئۇنىڭ جاۋابىنى ئېيتتى ، سىزدە ئۇ خىل ئويلىنىش قالمىدى . گەرچە ئىشنىڭ قىيىن تەرىپى ھەل بولغان بولسىمۇ ، ئەمما ئىزدىنىش ، تىرىشچانلىقنىڭ تەرەققىياتىغا نۇقسان يەتتى » دەپتۇ .

## ھەزرىتى مەۋلانا ئەلائىددىن مەكتەبدارنىڭ بايانى

ھەزرىتى مەۋلانا ئەلائىددىنمۇ ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرىنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولۇپ ، پۈتكۈل خوراسان ئەھلى ئۇ زاتنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا قايىلدۇر . ھازىرقى كۈنلەردە بۇخارادا تونۇلغان ۋە مەشھۇر بولغان مەۋلانا ئەلى باۋەردىمۇ ئالەم ئەھلىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن زات بولۇپ ، مەۋلانا ئەلائىددىننىڭ مۇرىتلىرىدىندۇر . مەۋلانا ئەلى باۋەردى خاجەلەر — ئۇلارنىڭ ئورنى جەننەتتە بولغاي — نىڭ سىلسىلىسىنى بايان قىلىپ «سىلسىلەئى خاجىگان» ناملىق كىتابنى يېزىپتۇ . كىتابىنى

هەزرىتى خاجە جەھان ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىنىڭ بايانلىرىدىن باشلاپ تاكى پىر - ئۇستازى مەۋلانا ئەلائىددىن مەكتەبدارنىڭ زىكىرلىرىغىچە كىتابلاشتۇرۇپ چىقىپتۇ ، مەۋلانا ئەلائىددىننىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپتۇ . مەۋلانا ئەلائىددىن مەككىگە سەپەر قىلدى ، شۇ سەپەرىدە شەيخ ئەبدۇلكەرىمنىڭ شەرەپلىك سۆھبەتلىرىگە ئېرىشتى .

## خاجە ئەبدۇلئەزىز جامىنىڭ بايانى

خاجە ئەبدۇلئەزىز جامى — ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولغاي — مەككىگە سەپەر قىلغاندا ، نۇرغۇن ئۇلۇغلار ۋە پازىل زاتلار ئۇنىڭ خىزمەتلىرىدە ھەمراھ بولۇپ باردى . ئۇ سەپەر ۋەقەسى ناھايىتى مەشھۇردۇر .

## شەيخ پۇراننىڭ بايانى

شەيخ پۇران مەۋلانا جەلالىددىن ئەبۇيەزىد[1] پۇراننىڭ ئوغلىدۇر . ئۇ زاتنىڭ ئەھۋالى «نەفەھاتۇل - ئۇنس»تا مۇنداق بايان قىلىنغان :

مەۋلانا جەلالىددىن شۇنداق ئېيتقانىدىكى : «ئىلگىرى ھەركىم شەھەردىن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان بولسا ، تېخى يېتىپ كەلمەستىنلا ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقى ۋە كۆڭلىدىكى ھەرقانداق سىرلار مەلۇم

① پارسچە نۇسخىدا ۋە تېھران نەشرىدە «ئەبۇيەزىد» سۆزى «بايەزىدە» دېيىلگەن .

بولاتتى . ئۇ كىشى كەلگۈچە زىياپەت ئەسلىھەلىرىنى تەييار قىلىپ تۇراتتىم ، شۇڭا كەلگەن هامان تەخىرسىز هالدا كۆڭلىدىكى غىزالارنى ئالدىغا كەلتۈرەتتىم . بىر كۈنى بىر تۈرك بىرمۇنچە ئۈيۈتۈلغان ياغ ئېلىپ كېلىپ مېنى تولا زورلاپ يېيىشكە تەكلىپ قىلدى ، مەن قانچە ئۆزرە ئېيتقان بولسامۇ قوبۇل قىلماي تولىدىن ـ تولا ئىلتىجا قىلدى . ئاخىر ئىلاجسىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ ئۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ يېدىم ، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ مۆجىزىنىڭ يولى باغلاندى . ئەمدى هەركىم كەلسە تاكى يېتىپ كەلمىگۈچە بىلمەيمەن ، كەلگەندىن كېيىن كۆڭلى نېمە غىزا خالايدىغانلىقىنى ئۆزىدىن سوراپ ، ئاندىن مەزەگە مەشغۇل بولىمەن . شۇڭا ، هازىر كەلگەن كىشىلەر ئازراق كۈتۈپ قېلىشىدۇ » دېگەنىدى . ئۇ زاتنىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرى شۇنداق ئىدىكى ، هەر كىشى كەلسە ، ئالدى بىلەن ئالدىغا مەزە ئېلىپ كېلەتتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن : «نېمە غىزا قىلىپ بەرسەك بولىدۇ ؟ » دەپ سورايتتى . ئۇ زاتنىڭ رايى بويىچە ئەلۋەتتە بىرەر غىزانى بۇيرۇشقا توغرا كېلەتتى ، هەر كىم ئۆز خاهىشى بويىچە بىر غىزا بۇيرۇيتتى . هەزرىتى مەۋلانا جەلالىددىن دەرهال شۇ غىزانى تەييار قىلىپ ، هەر خىل تەكەللۇپلار بىلەن تۈرلۈك زىياپەتلەرنى هازىرلايتتى . كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مېهمانغا ئۆز قولى بىلەن داستىخان سېلىپ ئۆزى ئاش قويايتتى . ئاتام خوراسانغا بارغاندا نەچچە قېتىم شەيخنىڭ مۇلازىمىتىگە مۇشەررەپ بولدى ، مېنىمۇ بارغان ۋاقتىدا بىللە ئېلىپ بېرىپ دۇئايىپاتىهە ئىلتىماس قىلاتتى .

ۋاقتىكى ، شاهىبېكخان خوراساننى ئىشغال قىلدى . مىر موغۇل يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن سۇلتان ئەهمەدخاننىڭ[1] ئەمىرلىرىدىن بىرىنىڭ ئوغلى ، ئۆزى تونۇلغان شائىر ئىدى . مىر موغۇل بۇ بېيىتنى ئېيتقانىدى . نەزم :

① موللا مۇهەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، باشقا نۇسخىلاردا «سۇلتان ئەهمەد مىرزىنىڭ» دېيىلگەن .

ئالما ئالەمنىكى ، ئالەمدە بەسى غەملەر بار ،
ئال كۆڭۈل مۇلكىنىكىم ، ئاندا نە ئالەملەر بار[1] .

مىر موغۇل بۇ بېيىتنى شاھىبېكخاننىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى . شاھىبېكخان ئىنتايىن زوقلىنىپ ئاپىرىن ئېيتىپ : «پىردەۋسى ئاتمىش مىڭ بېيىتلىق ‹شاھنامە›نى يېزىپ سۇلتان مەھمۇد غازى غەزنەۋىگە تۆھپە قىلدى . سۇلتان مەھمۇد پىردەۋسىگە ئوتتۇز مىڭ دىنار بەردى . سەن بىر بېيىت ئېيتىپسەن ، مەن ساڭا ئاتمىش مىڭ تىللا شاھرۇخى بېرىمەن» دېدى .

ئەمما ، شۇ كۈنلەردە شاھىبېكخان شەيخ پۇراندەك ئۇلۇغ بۇزرۇكۋارغا ئاتمىش مىڭ تىللا شاھرۇخى مۇسادىرە قىلىش پەرمانى چۈشۈرگەن بولۇپ ، تېخى شەيختىن ئالمىغانىدى . شۇڭا ، مىر موغۇل تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ : «ئەگەر يارلىق مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ، شەيخكە ئاتمىش مىڭ شاخرۇخى مۇسادىرە ھۆكۈمى بېرىلىپتۇ ، شۇلارنى شەيختىن مەن ئېلىپ خىراجەت قىلسام» دەپ ئەرز ئېيتتى . شاھىبېكخان : «مەن ساڭا خەزىنىدىن ئېلىپ بەرمەكچى ئىدىم . ئەگەر شەيختىن ئالساڭمۇ ناھايىتى ياخشى» دەپ مۇسادىرە يارلىقىنى ئۇنىڭغا بەردى . شاھىبېكخان شۇنىڭدىن كېيىن شەيخ بېرىدىغان ئاتمىش مىڭ تىللانى تەلەپ قىلمىدى ، مىر موغۇل بۇ ۋەقەنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمىدى . نەچچە مۇددەتلەردىن كېيىن مىر موغۇلنىڭ بۇ قەدەر ئادەمگەرچىلىك قىلغانلىقى ئاشكارىلىنىپ مەشھۇر بولدى ، پۈتۈن ئالەم ئەھلى ئۇنىڭغا تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇدى .

---

① بۇ مىسرا موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان . پارسچە ئىككى خىل نۇسخىدا «ئال كۆڭۈل مەملىكەتىن ، كۆركى نې ئالەملەر بار» دېيىلگەن . مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «ئال كۆڭۈل مۇلكىنى ، كۆرگىلىكى ، نە ئالەملەر بار» دېيىلگەن .

## مەۋلانا ئەبۇسەئىد[①] ئۇبەھىنىڭ بايانى

مەۋلانا ئەبۇسەئىد ھەزرىتى ئىشانىنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولۇپ، شۇ ۋاقىتلاردىمۇ خوراساندا تونۇلغان مەشھۇر كىشى ئىدى. پەقىر ئاتام بىلەن نەچچە قېتىم مەۋلانا ئەبۇسەئىدنىڭ خىزمەتلىرىگە مۇشەررەپ بولدۇم ۋە دۇئايىپاتىھەلىرىنى ئالدىم.

ھەزرىتى مەختۇمى نۇرەندىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم:

بىر كۈنى ھىرات تېغىنىڭ ئېتىكىدە ھەممىمىز بىللە كېتىۋاتاتتۇق، بىر خۇش ھاۋا يەرگە يەتكەندە بىرئاز ئولتۇردۇق. ھەزرىتى مەۋلانا ئەبۇسەئىد تاغ تۆپىسىگە چىقىپ كەتتى ۋە ھەر تەرەپلەرنى سەيلە قىلىشقا باشلىدى. بۇ جامائەت ئارىسىدا بەزى قوپاللىراق مىجەزلىك ئادەملەرمۇ بار ئىدى، ئۇلاردىن بىرى ئاستا ئاۋازدا: «مەۋلانا ئۇ يەردە تاغ تېكىسىدەك كېتىپ بارىدۇ» دېدى. مەۋلانا تاغدىن يېنىپ چۈشكەندىن كېيىن ئۇ كىشىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «مەن تاغ تۆپىسىدە تاغ تېكىسىدەك ماڭدىم، ئېھتىمال كۆرگەنسىلەر» دېدى.

## مەۋلانا مۇئىن ۋائىزنىڭ بايانى

مەۋلانا مۇئىن ۋائىز مەۋلانازادەئى فەراھى دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر، مۇرىت ۋە سۆھبەتداشلىرى تولىدۇر، پۈتكۈل خوراسان ئەھلى ئۇ زاتنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا قايىلدۇر.

---

① بۇ ئىسىم مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «سەئىددىن» دېيىلىپ قالغان.

## مەۋلانا خاجە كوھىنىڭ بايانى

ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم مەلىكان جامە مەسچىتىدە نامازدىن كېيىن مەۋلانا خاجە كوھى تاھارەت لۆڭگىسىنى مۇرىسىگە سېلىپ، ئۇچىنى ئالدىغا چۈشۈرۈپ قىبلىگە قاراپ بىر جايدا ئولتۇرغانىكەن. ئۇ زاتنىڭ قىياپىتىدىن ھاياجان ۋە ھۇزۇر ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. [ئاتام ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىسىدىن:] «بۇ كىمدۇر؟» دەپ سورىدى، [ئۇلار:] «مەۋلانا خاجە كوھى» دەپ جاۋاب بەردى. ئاتام بىر بۇلۇڭدا ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇرغانىدى، بىر پەس كۈتكەندىن كېيىن مەۋلانا مەسچىتتىن چىقىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن قوپتى. ئاتام ئالدىغا بېرىپ كەمتەرانە ۋە ئاجىزانە ھالەتتە ئۇ زاتقا مۇلازىمەت قىلدى، پەقىرنىمۇ ئۇ زاتنىڭ قولىنى سۆيۈش شەرىپىگە ئىگە قىلدى. ئاتام تەلەپ قىلغانىدى، مەۋلانا دۇئايىپاتىھە ئوقۇدى، ئاندىن تاشقىرىغا چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتام نەچچە قېتىم ئۇ زاتنىڭ مۇلازىمەتلىرىگە باردى.

## ھافىز مەھمۇد زىيارەتگاھىنىڭ بايانى

ھەزرىتى شەيخ مەھمۇد بولسا ھەزرىتى شەيخ زەيىنىددىن خافىنىڭ ئىزباسارلىرىدىن، شەيخ زەيىنىددىن بولسا نۇرىددىن ئەبدۇررەھماننىڭ مۇرىتلىرىدىن، شەيخ نۇرىددىن بولسا ھەزرىتى شەيخ شەھابىددىن سۇھرەۋەردىنىڭ مۇرىتلىرىدىندۇر.

شەيخ مەھمۇد تاكى شاھىبېكخان سەلتەنىتى زامانىغىچە ئۆز زىيارەتگاھىدا ھايات بار ئىدى. پەقىر ئاتامنىڭ خىزمىتىدە ئۇ زاتنىڭ مۇلازىمەتلىرىگە مۇشەررەپ بولغانىدىم، ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك جامالىرى ئازراق ئېسىمدە بار.

سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ زامانىدا خوراساندا ئەۋلىيالار ۋە بۇزرۇكۋارلار ناھايىتى تولا ئىدى. پەقىر ئۇلاردىن كۆپىنچىسىنىڭ مۇلازىمەتلىرىگە مۇشەررەپ بولالىدىم، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئەھۋاللىرىنى تولۇق بىلىپ بولالمىغانىدىم. ئەمما، ئۇلارنىڭ تەرىپ ـ تەۋسىپلىرىنى مۆتىۋەر ۋە ئىشەنچلىك ئۇلۇغلاردىن ئاڭلىدىم. مەۋلانا ئەبدۇررەھمان كاردگەر، بابا ئەلىشاھ، شەيخ ھاجى مۇھەممەد قۇچانى، مەۋلانا شەمس مۇھەممەد مەرغىنانى، دەرۋىش پىر ئىماد غەيبى — تەڭرى ئۇلارنىڭ روھلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

## سۇلتان ھۇسەين زامانىدىكى ئالىملارنىڭ بايانى

سۇلتان ھۇسەيىنىڭ زامانىدا ئالىملار شۇ قەدەر تولا ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ تەپسىلاتى بۇ «مۇختەسەر»گە سىغمايدۇ، شۇنداقتىمۇ تەۋەررۇك بىلىپ بىرنەچچىسىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇ دەۋردىكى ئالىملارنىڭ ئالىمى ۋە ئەڭ ئۇلۇغراقى **شەيخۇلئىسلام** ئىدى. [ئۇ زات ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىددىن تەفتازانىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. مەۋلانا سەئىدىددىن تەفتازانى ئەمىر تېمۇر زامانىدا بار ئىكەن، ئۇ زات شۇ زامانىدىكى

ھەممە ئالىملارنىڭ ئۇستازى ئىكەن .] مەۋلانا سەئىددىن تەفتازانىدىن كېيىن يەنە ئۇنىڭدەك بۈيۈك ئەللامە ۋۇجۇدقا كەلمەپتۇ . مىر سەييىدشەرىف جۇرجانى مەۋلانا سەئىددىننىڭ ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىدە دۇنياغا كەلگەنىدى . مىر سەييىدشەرىف جۇرجانى چىرايلىق يىگىت ئىدى ، ئەمىر تېمۇرنىڭ ھۇزۇرىدا مەۋلانا سەئىددىن بىلەن تولا بەس - مۇنازىرە قىلاتتى . گاھىدا مىر غالىب كېلەتتى ، شۇ رەشك تۈپەيلىدىن مەۋلانا سەئىددىن كېسەل بولدى . مىر سەييىدشەرىف ئەللامە مەۋلانانىڭ ھۇزۇرىغا پاتىھە ئوقۇغىلى باردى ، ئۇلار كۆرۈشۈپ ئولتۇرۇشقانىدى ، بىر مۈشۈك كېلىپ مىر سەييىدشەرىفكە سۈركىلىپ يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى . مىر سەييىدشەرىف ئۇ مۈشۈكنى قوغلىۋەتتى . مەۋلانا سەئىددىن مىرغا : «مۈشۈكنى نېمە ئۈچۈن قوغلايدىلا ؟ ھەدىس شەرىفتىكى ‹مۈشۈكنى دوست تۇتۇشمۇ ئىمان جۈملىسىدىن › دېگەن سۆزگە ئەمەل قىلمىدىلا » دېدى . مىر سەييىدشەرىف :«بۇ ھەدىستىكى ئىزافەت بىلەن مەستەر ئالمىشىپ قالغان ، يەنى مۈشۈكنىڭ ئادەمنى دوست تۇتۇشى ئۇ كىشىنىڭ ئىمانى تۈپەيلىدىندۇر » دەپ جاۋاب بەردى . مەۋلانا سەئىددىن بۇ جاۋابتىن خىجىل بولۇپ چىرايلىرى ئۆڭدى . مۇشۇ سەۋەب بىلەن كېسەللىرى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى ، ئاخىر شۇ كېسەل بىلەن بۇ ئالەمدىن كېتىپ قالدى .

شەيخۇلئىسلام سۇلتان ھۈسەين سەلتەنەتىنىڭ باشلانغان زامانىدىن تارتىپ تاكى شاھ ئىسمائىل شاھىبېكخاننى مەغلۇپ قىلغان زامانغىچە شەيخۇلئىسلاملىق قىلدى . شاھ ئىسمائىل شاھىبېكخاننى يەڭگەن ئاشۇ مەغلۇبىيەتتە شېھىت بولدى . بۇ ھېكايەت ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنغۇسى .

شەيخۇلئىسلام بۇ مۇددەت ئىچىدە شۇ قەدەر تەقۋادارلىق ، پاكلىق ۋە دىيانەتنى ئادەت قىلدىكى ، ھېچكىم ئېتىراز بارمىقىنى شەيخۇلئىسلام ھەرپىگە قويالماس ئىدى . شۇ ئەسىردىكى

ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى شەيخۇلئىسلامنىڭ شاگىرتلىرى ئىدى، ئۇلار ئۇ زاتقا شاگىرت بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. پەقىر شۇ دەۋرنىڭ ئالىملىرىدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇلار: «شەيخۇلئىسلامنىڭ يۈكسەك ئۇلۇغۋارلىقى، ئالەم ئەھلىنىڭ ئۇ زاتنى زىيارەت قىلىپ كېلىپ - كېتىش ۋە ھاجەتمەنلەرنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش تۈپەيلىدىن شەيخۇلئىسلامنىڭ دەرس ئۆتۈشلىرىنىڭ تازا تايىنى يوق ئىدى. ئەمما، دانىشمەنلەرنىڭ ھەممىسى شەيخۇلئىسلامنىڭ شاگىرتلىرى ئىدى. مەسىلەن، مەۋلانا ئەسامىددىن ئىبراھىم، مىر مۇھەممەد، مىر يۈسۈف، مەۋلانا شەمسىددىن مۇھەممەد بەھرئابادى قاتارلىق يىگىرمە بەش دانىشمەن شاگىرتلىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرلىرى ئۆز ئالدىغا كىتابلارنى يازغانىدى. ئۇلار قاچانكى شەيخۇلئىسلامنىڭ مەجلىس-لىرىگە دەرس ئوقۇغىلى كەلسە، شەيخۇلئىسلامنىڭ ھۇزۇرىدا مۇشكۇل ۋە ئىنچىكە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بەس - مۇنازىرە قىلاتتى، مۇتالىئە جەريانىدا بەزىدە دانىشمەنلەر ئىككى تەرەپ بولۇپ قالاتتى. بۇ ئەھۋالنى شەيخۇلئىسلامغا مەلۇم قىلسا، شەيخۇلئىسلام كۆپىنچە ئۈچىنچى بىر خىل پىكىرنى بايان قىلاتتى - دە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىپ تەسلىم بولماقتىن ئۆزگە چارە تاپالمايتتى. بەزىدە دانىشمەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر دەك پىكىرگە كېلىپ بىر خىل مەنىنى مۇقەررەر قىلاتتى، بۇنداق ۋاقىتلاردا شەيخۇلئىسلام ئىككىنچى بىر خىل پىكىرنى بايان قىلاتتى - دە، دانىشمەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى قارار قىلغان پىكىردىن يېنىپ جان - دىلى بىلەن شەيخۇلئىسلامنىڭ پىكرىگە قايىللىق بىلدۈرەتتى. ئۇلار دەرس يىغىلىشىدىن يېنىپ تاشقىرىغا چىقىشىپ ئەجەبلەنگەن ھالدا تەھسىن - ئاپىرىن ئېيتىشىپ: «ئادىمىزاتنىڭ ئۆمرى ئىچىدە مۇنچىۋالا ئىلىم ۋە دانىشمەنلىكنى ھاسىل قىلالىشى ئاجايىپ ئەجەبلىنەرلىكتۇر» دېيىشەتتى. تاكى يىگىرمە تۆت يىلغىچە شەيخۇلئىسلامنىڭ دەرسلىرى مۇشۇ خىلدا

داۋاملاشتى ، ھېچبىر ئالىم ۋە دانىشمەن شەيخۇلئىسلامنىڭ ئالدىغا زادىلا ئۆتۈپ كېتەلمىدى .

كىچىك بالىنى تۆت ياش تۆت ئاي تۆت كۈن بولغاندا مەكتەپكە بېرىدىغان قائىدە بار . ئاتام خوراسانغا بارغان ۋاقتىدا مېنىڭ يېشىم شۇ مۇددەتكە يەتكەچكە ، ئاتام مېنى مەكتەپكە بەرمەكچى بولدى . شۇڭا ، مېنى تەۋەررۈك يۈزىسىدىن ئالدى بىلەن شەيخۇلئىسلامنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپ ساۋاق ـ تەلىم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى . شەيخۇلئىسلام «رەببىي ـ يەسسىر» (تەڭرىم ئاسان قىلغايسەن ) دەپ يازدى . ئۇ زاتنىڭ پەقىرگە كاتتا مەرھەمەت ۋە شەپقەت قىلىپ مۇبارەك قۇچاقلىرىدا ئولتۇرغۇزۇپ ، ناھايىتى دوستانە ۋە مۇلايىملىق بىلەن ساۋاق ـ تەلىم بەرگەنلىكى كۆڭلۈم ھۇجرىسىغا نەقىشلەنگەندەك ھازىرغىچە ئېسىمدە بار . ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك نەزەر ۋە ئىلتىپاتلىرىنىڭ بەرىكىتى تا بۈگۈنگىچە پەقىرگە يېتىۋاتىدۇ . تەڭرى خالىسا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شۇ ئىلتىپات نەزىرىنىڭ بەرىكەتلىرىدىن بەھرىمەن بولارمەن ، دېگەن ئۈمىدىم بار .

ئۆلىمالاردىن يەنە **مىر مۇرتاز** مۇ يېگانە دانىشمەن ئىدى . يەنە **خاجە مەۋلانا ئىسفەھانى** مۇ ھەدىسشۇناس ۋە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ ، ئىراقتىن قېچىپ كەلگەنىدى . ئۇ زاتنىڭ قېچىپ كېلىشىدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى ، يۇقىرىدا قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن شاھ ئىسمائىل بەتخۇي بەتقىلىقلىق بىلەن سۈننىي مەزھىپىدىكى جامائەت ئىچىدىن مەيلى سۇلتانلار ، مەيلى ئەمىرلەر ، ئالىملار ، پەزىلەت ئىگىلىرى ياكى دېھقان ۋە ئادەتتىكى پۇقرالار بولسۇن ، كىمنىلا تاپسا ھەممىسىنى قىرىپ تاشلايتتى . خاجە مەۋلانا ئىسفاھانى ئاشۇ ئومۇمىي قىرغىنچىلىقتىن قېچىپ خوراسانغا كەلگەنىدى . ئاخىرىدا ماۋەرائۇننەھرگە باردى ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولدى . ئالىملاردىن يەنە **مىر ئەبدۇلقادىر مەشھەدى** ، **مەۋلانا جەمالىددىن مۇھەددىس** ، **مىر**

ئەتائۇللاھ ، مىر ئىبراھىم مەشھەدى ، مەۋلانا مەسئۇد شىرۋانى ، مەۋلانا غىياسىددىن بەھرئابادى ، مەۋلانا ھەقىقى ، مەۋلانا ئىبراھىم شىرۋانى ، مەۋلانا شەمسىددىن ، مەۋلانا شاھ سەيىدئاشىق ، مەۋلانا مۇھەممەد گەنجە ، مەۋلانا ئەھمەد جەندى ، مەۋلانا كەلان تەبىب ، مەۋلانا ئەھمەد رۇمى ، مەۋلانا ھاجى تەبرىزى ، مەۋلانا مۇئىن تەبرىزى ، مەۋلانا سەئىدىددىن قەندەھارى ۋە جەنابى مەۋلانا مىر ئەبۇل بەقا — ھازىر بۇ زاتنىڭ شەرەپلىك ۋۇجۇدىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئالەم نۇرلىنىۋاتىدۇ . ئۇ زاتنىڭ ئەھۋالى ھىندىستان ۋەقەلىرىنىڭ بايانىدا زىكىر قىلىنغۇسى . ئۇ زات شۇ ۋاقىتلاردا ھىرات شەھىرىدە تونۇلغان مەشھۇر ئالىملاردىن ئىدى . ئاتام دائىم ئۇ زاتنىڭ بۇزرۇكۋار ئاتىسى ئەبدۇلباستىنىڭ مۇلازىمىتىگە باراتتى . يەنە **مەۋلانا ئەبدۇلغەفۇر** — ئۇ زاتنىڭ ئىسمىلىرى ھەزرىتى مەۋلانا ئەبدۇررەھمان جامىنىڭ بايانلىرى ئىچىدە تىلغا ئېلىنىدى ، مەۋلانا ئەبدۇلغەفۇر ئىنتايىن تەكەللۇپسىز ۋە ئاددىي ـ ساددا ئىدى . ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك خاتىرىگە تەكەببۇرلۇق ۋە ئۇلۇغۋارلىق چاڭ ـ توزانلىرى يېقىنلاشمايتتى . ئەگەر ئالەمنىڭ ئەتراپلىرىدىن ھەرقانداق بىر ئالىم كەلسە ، گەرچە ئۇنىڭدا مەۋلانانىڭ شاگىرتى بولغۇدەك لاياقەت بولمىسىمۇ ، مەۋلانا ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ۋە ئىشلىرىغا راۋاج بېرىش ئۈچۈن نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ ئالدىدا دەرس ئېلىپ كىتاب ئوقۇيتتى ، ھەمىشە كىتابلارنى قولتۇقلاپ كوچا ۋە بازارلاردا پىيادە سەيلە ـ تاماشا قىلاتتى — قاتارلىقلار بار .

دېمەك ، سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ دەۋرىدە خوراساندا ئالىملار ناھايىتى تولا ئىدى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمىلىرىنى بايان قىلساق ، سۆز ئۇزاققا تارتىدۇ . يەنە قانچىلىگەن ئالىملار بولغان ئىدىكى ، پەقىر ئۇلارنى بىلمەيمەن . شۇڭا ، ئىلاجسىز ئالىملارنىڭ بايانىنى مۇشۇ جايدا قىسقارتتۇق .

# سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ جەننەت كەبى زامانىدا ئۆتكەن شائىرلارنىڭ بايانى

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەۋلىيالار ۋە ئۆلىمالارنىڭ قاتارىدا بايان قىلىندى . مەسىلەن ، ھەزرىتى مەۋلانا ئەبدۇررەھمان جامىغا ئوخشاش .

**ھەزرىتى مەۋلانا جامى** ، خوراسان ئەۋلىيالىرىنىڭ پېشۋاسى ئىدى . ئالىملار ۋە شائىرلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسىمۇ ھەزرىتى مەۋلانا جامى ئىدى . شۇڭا ، تەكرارلىق ئېتىرازىدىن ئېھتىيات قىلىش زۆرۈر بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ زاتنىڭ زىكىرلىرىنى تەكرار ئەسكە ئالماق ھەقىقەتەن تەۋەررۇك ۋە يېقىملىق ئىشتۇر .
مەۋلانا ئەبدۇلغەفۇر لارى « ‹نەفاھات ›نىڭ شەرھى »دە مۇنداق بايان قىلغان : ھەزرىتى مەۋلانا جامى ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپ تاكى ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ئىشقى مەجازىي (دۇنياۋى ئىشق )دىن خالىي ئەمەس ئىدى . ئۇ زاتنىڭ كۆڭۈل مەملىكىتىدە ھەمىشە ئىشق كۈيلىرى ھۆكۈمرانلىق ناغرىلىرىنى دەبدەبە بىلەن چالاتتى . ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىدە ، بىر كۈنى ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىگە باردىم . ئۇ زات بىر خىلۋەتتە ئىكەن ، ھۇزۇرىغا كىرىپ قارىسام تاھارەت ئېلىۋاتقانىكەن . مەن مەۋلانانىڭ بىلەكلىرىنىڭ ناھايىتى تۈكلۈك ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن داغ ئىزلىرى بارلىقىنى بىلەتتىم . بۈگۈن قارىسام مەۋلانانىڭ بىلەكلىرى ئاجايىپ سۈزۈك ۋە نۇرلۇق تۇرۇپتۇ ، شۇڭا ئەجەبلەندىم ، ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم . مەۋلانا باشلىرىنى كۆتۈرۈپ مېنى كۆردى ـ دە : «نەچچە مۇددەتلەردىن بېرى ، ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن شۇ قەدەر زىچ

مۇئامىلە قىلىپ كەلدىم، كۆڭلۈمدە يېقىملىق ۋە گۈزەل قىياپەت-
لەرنى خىيال قىلاتتىم، خىيالىمدىكى شۇ گۈزەلگە تەكرار - تەكرار
نەزەر سالاتتىم، خىيالىمغا كەلتۈرگەن ئاشۇ گۈزەل بىلەن
مۇھەببەتلىشەتتىم. بۇ كۈنلەرگە كەلگەندە پاك ۋە مۇقەددەس تەڭرى
مېنىڭ قوللىرىمنى خىيالىمغا كەلتۈرگەن گۈزەل نازىنىنىنىڭ
قوللىرىنىڭ سىياقىدا قىلدى. ھازىر ئۆز قولۇم بىلەن
مۇھەببەتلىشىپ تۇرۇۋاتاتتىم، ئاجايىپ بىر ۋاقىتتا كەلدىڭىز»
دېدى. بۇ سۆز تامام بولغاندىن كېيىن قارىسام مەۋلانانىڭ مۇبارەك
بىلەكلىرى يەنە ئەسلىدىكى كونا ھالىتىگە كېلىپ قاپتۇ.

ھەزرىتى مەۋلانانىڭ شېئىر ۋە نەزملىرى شۇ دەرىجىدە
مەشھۇركى، ئۇنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئەسلا ھاجىتى يوق.
ئەمما، مەشھۇر بولمىغان بىر غەزىلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋۋالقى
بېيتى يېگانە ھەرپلەردىن تەرتىپلەنگەن، بۇ ھەرپلەرنىڭ
ھېچقايسىسى يەنە بىر ھەرپكە قوشۇلمايدۇ؛ ئىككىنچى بېيتى
ئىككى ھەرپتىن، ئۈچىنچى بېيتى ئۈچ ھەرپتىن، تۆتىنچى
بېيتى تۆت ھەرپتىن، بەشىنچى بېيتى بەش ھەرپتىن تەركىب
تاپقان. بۇ خىل ئاجايىپ سەنئەتنى تەۋەررۇك بىلىپ بۇ يەردە زىكىر
قىلىمىز. غەزەل بۇدۇر:

رۇخى زەرد دارەم زىدەۋرىئى ئان دەر،
زىدەھ داغى دەر دەم دەرۇنى دىل ئازەر.
تەنى مەن چۇ كاھەد[1] شەبى پۇرقەتى تۇ،
چۇ مەھ نەۋكى[2] باشەد بەدىن گۇنە لاغەر،
خەتەت خىزرۇ جەئدى[3] كەجەت مۇشكى تىبەت

---

① بۇ سۆزلەر پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «كاست» دېيىلگەن، پارسچە ئۈچىنچى نۇسخىدا «چۇتەن كاست گويى» دېيىلگەن.
② بۇ سۆز پارسچە ئۈچىنچى نۇسخىدا «مەھى نەۋكى» دېيىلگەن.
③ بۇ سۆز پارسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «زۇلفى» دېيىلگەن.

تەنەت سىيمۇ لەئلى لەبەت تەڭگۇ شەككەر .
بەجەننەت نەئىمى شەھدى[1] مۇھەببەت ،
بىھىشتى مۇخەللەد نەسىبى مۇھەققەر .
بەلەبھا مەلىھى بەتەلئەت سەبىھى ،
بەگۇفتەن فەسىھى بەگىيسۇ مۇئەنبەر .

(سېنىڭدىن يىراقتا قالغاندىن بېرى چىرايىم سارغايدى ، كۆيۈك ۋە دەرد ئازابىدىن قەلبىم ئوتخانىغا ئايلاندى .

سېنىڭ ھىجرانىڭ كېچىسىدە مېنىڭ تېنىم شۇ قەدەر يىگىلەپ كەتتىكى ، گويا يېڭى چىققان ئايدەك ئورۇق ۋە ئاجىز بولدۇم .

سېنىڭ مىيىقلىرىڭ كۆك ، جىڭگىلەك چاچلىرىڭ تىبەت ئىپارىدەك خۇش پۇراق ۋە قاپقارا ، بەدىنىڭ كۈمۈشتەك ئاق ، ياقۇتتەك لەۋلىرىڭ ئىنتايىن تار ۋە شېكەردەك تاتلىق .

مۇھەببىتىڭنىڭ قۇربانى بولۇش مەن ئۈچۈن جەننەت نېمىتىدۇر ، ئۇنىڭ ئالدىدا مەڭگۈلۈك بېھىشنىڭ ھېچقانچە قىممىتى يوق .

سېنىڭ لەۋلىرىڭ لەززەتلىك ، چىرايىڭ گۈزەل ، سۆزلىرىڭ يېقىملىق ، چاچلىرىڭ ئەنبەر كەبى خۇش پۇراق . )

« ‹نەفاھات › نىڭ خاتىمىسى» ئوتتۇز جۇزۋى (پارە ) ئەسەر بولۇپ ، ئۇنىڭدا مەۋلانا ئەبدۇلغەفۇر يەنە ئۆزرە ئېيتىپ : «ئەگەر سۆز رىشتىسىنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن قورقمىغان بولسام ئىدى ، ھەزرىتى مەۋلانانىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە ھېكايىلەر تولىدىن ـ تولا ئىدى . ئىلاجسىز مۇشۇنداق قىسقىچە بايان قىلدىم» دېگەن . بۇ «مۇختەسەر »دىن قىسقىچە تارىختىمۇ مەقسەت باشقا بولغاچقا ، ئەگەر مەۋلانانىڭ ئەھۋالىنى بۇنىڭدىن زىيادە تەپسىلىي بايان قىلساق ، مەقسەت يىراقتا قالىدۇ .

① بۇ سۆز پارىسچە ئۈچىنچى نۇسخىدا «مۇقىمى» دېيىلگەن .

# ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بايانى

بۇ زاتنىڭ تەخەللۇسى نەۋائىدۇر ، تۈركىي شېئىرنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭدەك راۋان ، گۈزەل ، مەزمۇنغا باي ۋە ئۇنىڭچىلىك ھەددۇھېسابسىز كۆپ نەزم ئۇسلۇبىغا كەلتۈرمەپتۇ . ئۇ زات بۇ پەنگە ئۇستازدۇر ، ئۇنىڭ تۈركىي تىلدىكى شېئىرلىرى ھەزرىتى مەۋلانا جامىنىڭ پارسىي شېئىرلىرىغا ئوخشاشلا زور شۆھرەتكە ئىگىدۇر .

ئەمما ، ئەمىر ئەلىشىرنىڭ پارس تىلىدىكى شېئىرلىرىمۇ تولا ، پارسىي شېئىرىدا «فانى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىپتۇ ، ھەزرىتى خاجە ھافىز شىرازى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ دىۋانلىرىغا جاۋابەن دىۋان تۈزۈپتۇ .

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋىدىن كېيىن «دەريائىي ئەبرار» (ياخشىلار دەرياسى) ناملىق قەسىدىنى ھېچكىم ئەمىر ئەلىشىرچىلىك نەزم قىلماپتۇ . ئەمىر خۇسرەۋنىڭ «دەريائىي ئەبرار» قەسىدىسىنىڭ مەتلىئى بۇدۇر :

**نەزم :**

ئاتەشىن لەئلىكى تاجى خۇسرەۋانرا زىۋەرەست ،
ئەخكەرى بەھرى خەيالى خامى پۇختەن دەر سەرەست .

تەرجىمىسى مۇنداق :

ئاتەشىن لەئلىكى شەھلەر تاجىغە زىۋەردۇرۇر ،
ئول فىشۇرماقغە خەيالى خامنى ئەخكەردۇرۇر .

خالايىقنىڭ پەخرى ، دىن ۋە مىللەتنىڭ نۇرى ھەزرىتى مەۋلانا

ئەبدۇررەھمان جامى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ئىككى ھەرەمنىڭ شەرەپلىك زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا ، ئەمىر ئەلىشىر بۇ رۇبائىينى تۈزۈپ ، ئۇ زاتنىڭ ئىستىقباللىرىغا (ئالدىغا) ئەۋەتىپتۇ . نەزم :

ئىنساف بىدەھ ، ئەي فەلەكى مىينا فام ،
تا زەينى دو كۇدامى خۇب تەر كەرد خىرام .
خۇرشىدى جەھان تاب تۇ ئەز جانىبى سۇبھ ، ،
يانا ماھى جەھانگەردى مەن ئەز جانىبى شام .

تەرجىمىسى مۇنداق :

ئىنساف ئەتكىل ، ئەي فەلەكى مىينا فام ،
بۇ ئىككىسىدىن قايسىگە خۇب بولدى خىرام .
يا جانىبى سۇبھىدىن سېنىڭ خۇرشىدىڭ ،
يا جانىبى شامدىن بىزنىڭ ماھ تەمام .

ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئۈچ تۈركىي دىۋانى ، بىر پارسىي دىۋانى بار . تۈركىي تىلدا «تەزكىرەتۇل - ئەۋلىيا» ، «تۈركىي خەمسە» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپتۇ ، بۇنىڭدىن بۆلەك يازغان كىتابلىرىمۇ تولا . بىرلا پارسچە دىۋانىدىن باشقا ھەممە ئەسەرلىرى تۈركىي تىلدا تەسنىب قىلىنغان .

ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرنىڭ باخشىلىرىدىندۇر . ئاتىسىنى «كىچىككىنە باخشى» دەپ ئاتايتتى ، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى . ئەمىر ئەلىشىرنىڭ سۇلتان ھۇسەين مىرزا بىلەن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ دوستلۇق ئالاقىسى بار ئىدى . سۇلتان ھۇسەين مىرزا پادشاھ بولغاندىن كېيىن ئەمىر ئەلىشىر ئۇنىڭ خىزمىتىگە باردى ، مىرزا ئۇنى پەرۋىش قىلدى ، ئەمىر ئەلىشىر بولسا پەزىلەت ئىگىلىرىنى پەرۋىش قىلدى . شۇ ئەسىردىكى تەڭداشسىز ئالىم ۋە پازىل كىشىلەرنىڭ ھەممىسى

ئەمىر ئەلىشىرنىڭ تىرىشچانلىقى ، تەربىيە ۋە پەرۋىشكارلىقى بىلەن كامالەت تاپتى . ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بايلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدىكى ، ھەممە مال - مۈلۈك ئۆسكۈناتلىرىدىن ھەر كۈنى ئۈنىڭغا ئون سەككىز مىڭ شاھرۇخى[①] كىرىم بولاتتى ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى پەزىلەت ئىگىلىرى ئىچىدىكى موھتاجلارغا سەرپ قىلاتتى . بەزى كۈنلىرى ئازراق بىرنەرسە ئاشاتتى ، بەزى كۈنلىرى ئون سەككىز مىڭ شاھرۇخى تولۇق سەرپ بولاتتى . ئاخىرقى ئۆمرىدە بارلىق مۇلازىملىرى ، ئەمىرلىك ھەشەمىتى ۋە شاھانە ئۆسكۈنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمىر بابا ئەلىگە تاپشۇردى . ئەمىر بابا ئەلى شۇ ئەسىردىكى سىپاھلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى كىشى ئىدى . ئەمىر ئەلىشىر ئۆزى لەشكىرىي ئىشلاردىن ئىستېپا بېرىپ سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بىلەن سۆھبەتداش بولدى ، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ھاجەتمەنلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلاتتى ، پەزىلەت ئىگىلىرىنى پەرۋىش قىلاتتى . مال - مۈلۈك ئەسۋابلىرىنىڭ پۈتكۈل مەھسۇلاتىنى تەگرى يولىدا ياخشى ئىشلارغا خالىس سەرپ قىلدى . شۇ قەدەر تولا مەسچىت ، لەڭگەر ۋە ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدىكى ، ئېھتىمال ئۇنچىۋالا كۆپ ئىمارەتلەرنى ئالەم سەھىپىسىدە ئانچە كۆپ كىشى بىنا قىلالمىغان بولغىيتتى . بۈگۈنكى كۈندىمۇ خوراساندا ئۇ ئىمارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساقلىنىۋاتىدۇ . شۇ ئەسىردىكى پەزىلەت ئەھلى ئىچىدە ئۇنىڭ پەرۋىش قىلىشىغا ۋە ياردىمىگە ئىگە بولمىغان ھېچكىم يوق .

ئەمما ، ئەمىر ئەلىشىر ئىنتايىن نازۇك ، زېرەك كىشى ئىدى ، ھەممە كىشىلەرنىڭ ئۆزىدەك نازۇك ۋە زېرەك بولۇشىنى تىلەيتتى . خالايىققا بۇنداق بولۇش مۈشكۈل ئىدى ، شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئەمىر ئەلىشىردىن ئازار يەيتتى . ئەمىر ئەلىشىرنىڭ نازۇكلۇقتىن باشقا ئەيىبى يوق ، ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك ، مەرد ۋە

① شاھرۇخى — شاھرۇخ مىرزا نامىغا قۇيۇلغان ئالتۇن پۇل .

دۆلەتمەن كىشى ئىدى . پۈتكۈل ئۆمرىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن يەككە ـ يېگانىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدى . بېيىت :

ھاسىلى دەريانىڭ ئېرۇر بىر گۆھەر ،
بەس كىشىدە بولسا ئەگەر بىر ھۈنەر .

دېمەك ، ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بىرلا ئەيىبىدىن ئۆزگىسى پۈتۈنلەي ھۈنەر ئىدى .

**ئەمىر شەيخىم ئەھمەد** ، تەخەللۇسى «سۇھەيلى» بولۇپ ، سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن ئىدى ، ياخشى شېئىرلارنى ئېيتىپتۇ ، «خەمسە»گە جاۋاب ئېيتىپتۇ .

**ھەسەن ئەلى جەلايىر** ، تەخەللۇسى «تىفەيلى» بولۇپ ، سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ نائىبلىرىدىن ئىدى . نەچچە مۇددەتلەرگىچە پەرۋانچى (ۋەزىر) بولدى ، قەسىدە ئېيتىشتا تەڭداشسىز بولۇپ ، گويا سەلمان[①] ۋە زەھىر[②] بىلەن باراۋەر ئىدى . رادىپى «شىكەست» دېگەن سۆز بىلەن بىر گۈزەل قەسىدە ئېيتقانىكەن ، ھېچكىم قەسىدىنى ئۇ قەسىدىدەك ياخشى ئېيتمىغان بولغىيتتى . شۇ قەسىدىدىن بىرنەچچە بېيىت قىسقارتىپ ئېلىندى . **نەزم :**

نەخلى قەدەت جىلۋە كەرد قەدرى سەنەۋبەر شىكەست ،
لەئلى لەبەت خەند زەد قىيمەتى گەۋھەر شىكەست[③]
پىستەئى تۇ غۇنچەرا چۇن بەدەرۇنى زەد گىرىھ ،

---

① سەلمان — شائىر سەلمان ساۋەجى .
② زەھىر — شائىر زەھىر فارىيابى .
③ پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا بۇ مىسرا ئورنىغا كېيىنكى بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسى كۆچۈرۈلگەن ۋە بۇ مىسرا بىلەن كېيىنكى بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسى چۈشۈرۈپ قويۇلغان .

غۇنچەئى تۇ پستەرا خەندە بەلەبى دەر شكەست .
مەردۇمەكى چەشمى ئۇ كەندى بىنايى خرەد
فىتنەئى يەئجۇج بەستى سەددى سكەندەر شكەست .
نەۋھەئى قومرى چەراست گۇنە زياد قەدەت ،
سەرسەرى ئاھەم بەباغ قامەتى ئەرئەر شكەست .
ھامىئى ئەمنۇ ئەمان شاھى بەدىئۇززەمان ،
ئانكى بەبازۇيى ئەدل پۇشتى ستەمگەر شكەست .

(قامىتىڭ كۆچىتى ھەرىكەت قىلىۋىدى ، سەنۇبەر دەرىخىنىڭ قىممىتى قالمىدى ، ياقۇت لەۋلىرىڭ كۈلگەنىدى ، گۆھەرنىڭ باھاسى چۈشتى .

پىستىدەك ئېغىزىڭ غۇنچىنى ئىچ - ئىچىدىن تۇگۇلۇۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى ، غۇنچىدەك لەۋلىرىڭ پىستىدەك كۈلگىنىدە ئۈنچە - مارجاننىڭ ئېتىبارى يوقالدى .

گويا يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ پىتنە - پاساتلىرى ئىسكەندەر سېپىلىنى خاراب قىلغىنىدەك ، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ئەقىل - ئىدراك بىناسىنى بۇزدى .

پاختەكنىڭ يىغا - زارى ئۇنىڭ قامىتىنى ئۆستۈرسىمۇ ، لېكىن مېنىڭ ئاھ - ۋاھلىرىم بورىنى باغدىكى ئارچىنىڭ قامىتىنى سۇندۇردى .

تىنچ - ئامانلىقنىڭ ھىماتچىسى شاھ بەدىئۈززاماننىڭ ئادالەت قوللىرىدا زالىملار تايانچلىرى يىقىلدى . )

بۇ قەسىدە پۈتۈنلەي مۇشۇ ئۇسلۇب بويىچە ئېيتىلغان .

ئاسەفى ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى بولۇپ ، ياخشى شېئىرلىرى بار .
بۇ مەتلەئ ئۇنىڭ تەبئىي ئىقتىدارىنىڭ نەتىجىسىدۇر :
بېيىت :

بەر سەرى كويى رەقىبان زىكرى ئان مەجنۇن كۇنەم ،
كافىرىستانىست ئانجا ، ئەللاھ ، چۇن كۇنەم .

(كۆپپارلار يۈرتىدا يۈرۈپ تەڭرىنى تىلغا ئالغانغا ئوخشاش ، رەقىبلەرنىڭ كوچىسىدا ئۇ ئاي يۈزلۈكۈمنى ئەسلىدىم . )

**ئاھى** ، شېئىرلىرى ناھايىتى پاساھەتلىك ۋە باغلىنىشلىقتۇر ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى مىر شاھىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تەڭ بىلىشىدۇ . ئۇنىڭ ناھايىتى گۈزەل بىر دىۋانىمۇ بار ، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى .

**مەتلەئ :**

نازەم بەچەشم خۇدكى جەمالى تۇ دىدە ئەست ،
ئەفتەم بەپايى خۇدكى بەبۇيەت رەسىدە ئەست .

(سېنىڭ جامالىڭنى كۆرگەندىن بېرى كۆزۈم باشقا نەرسىگە قارىماس بولدى ، پۈتۈم سېنىڭ كوچاڭغا يېتىشكەندىن بېرى ، باشقا جايغا يۈرەلمەس بولدى . )

**ھىلالى** ، شېئىرىيەت پېنىدە ئۇستازدۇر . ياخشى شېئىرلىرى بار ، «شاھ ۋە گەدا» ئۇ زاتنىڭ نەزملىرىدىندۇر . دىۋانى ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ مەشھۇردۇر ، بۇ مەتلەئ ئۇنىڭكى .

**نەزم :**

مەھى زىجەۋرى فەلەك دۇ تا شۇدە ئەست ،
بەئەز مەھى پارەئى جۇدا شۇدە ئەست .

(پەلەك جاپاسىدىن ئاي ئىككى پارچە بولدى ، ئاي ئۆزىنىڭ بىر پارچىسىدىن ئايرىلدى . )

**بەنائى** ، پازىل كىشىدۇر ۋە كامىل شائىردۇر . ئۇ زات بىلەن ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئارىسىدا دائىم مىتەۋە - چاقچاقلار تولا يۈز بېرەتتى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتكەن چاقچاقلار ناھايىتى

مەشھۇردۇر . شۇ چاقچاقلاردىن بىرى شۇكى :

مەۋلانا بەنائى ئەمىر ئەلىشىرگە تولا چاقچاق قىلاتتى . ئەمىر ئەلىشىرمۇ چاقچاق قىلىپ : «مەۋلانا بەنائىي ساراڭ بولۇپتۇ ، شىپاخانىغا ئېلىپ بېرىپ تاپىنىغا نوقۇت قايناتمىسىنى قويۇپ داۋالاڭلار» دېدى . مەۋلانا بەنائى ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بۇ سۆزىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېچىپ ئىراق زېمىنىغا باردى . ئۇ يەردە سۇلتان يەئقۇبنىڭ پەرۋىش قىلىشىغا ئېرىشتى ، نەچچە مۇددەتلەردىن كېيىن يەنە ھىراتقا قايتىپ كەلدى . ئەمىر ئەلىشىر ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ ، ناھايىتى مۇلايىملىق ۋە مۇھەببەت بىلەن كۆرۈشتى ، ئۇنىڭغا ئىنئام ۋە ئېھتىراملارنى بەخش ئەتتى ، ئۆتكەنكى رەنجىشلەر ئۇچۇن ئۆزرە ئېيتتى . مەۋلانا بەنائىمۇ ئۆزىنىڭ قىلغان چاقچاقلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدى ، ئۇلار ئىنتايىن يېقىن دوستلۇق قائىدىسىنى بەجا كەلتۈرۈشتى . ئەمىر ئەلىشىر مەۋلانا بەنائىدىن ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن سۆز ئارىسىدا : «ئىراق زېمىنى قانداق ۋىلايەت ئىكەن؟ ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مىجەزلىرى قانداق ئىكەن؟» دەپ سورىدى . مەۋلانا بەنائى : «ياخشى ۋىلايەت ئىكەن ، خەلقىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ، ئادەت ۋە مىجەزلىرىمۇ ماختاشقا لايىق ۋە يېقىملىق ئىكەن . خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ تولىمۇ ئوبدان بىر خىسلىتى بار ئىكەن» دەپ جاۋاب بەردى . ئەمىر ئەلىشىر ئۇنىڭدىن : «قانداق خىسلىتى بار ئىكەن؟» دەپ سورىدى . مەۋلانا بەنائى : «ئىراق خەلقى تۈركىي شېئىرغا پەقەت ئېتىبار قىلمايدىكەن ، تۈركىي تىلدا شېئىر ئېيتىدىغان كىشى ئەسلا يوق ئىكەن . ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتىنى تولىمۇ ياخشى كۆردۈم» دەپ جاۋاب بەردى . ئەمىر ئەلىشىر : «تېخى ھوشۇڭغا كەلمەپسەن ، ئەمدى مۇنداق دەخلى ـ تەرۇز قىلىشلىرىڭنى تاشلاپ راستلىق ۋە توغرىلىق بىلەن ئېيتقىن . مېنىڭ دىۋانىمدىكى شېئىرلىرىمدىن ئىراق خەلقى قايسىسىغا ئاپىرىن ئېيتىدۇ؟ قايسى نەزمەمنى ياقتۇرىدۇ؟» دەپ

سوريدى . مەۋلانا بەنائى : «سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىز ئىچىدىن بۇ مەتلەئىڭىزنى ياقتۇرىدىكەن» دەپ جاۋاب بەردى . مەتلەئ :

كۆكرەكىمدۇر سۇبھىنىڭ پىراھەنىدىن چاكرەك ،
كىرپىكىم شەبنەم تۆكۈلگەن سەبزەدىن نەمناكرەك .

ئەمما ، بۇ مەتلەئنى مەۋلانا ساھىبى ئېيتقان بولۇپ ، ئەمىر ئەلىشىر ساھىبىغا ئىلتىماس قىلىپ ، بۇ مەتلەئنى داۋاملاشتۇرۇپ غەزەل قىلغان ۋە ئۆز دىۋانىغا كىرگۈزگەنىدى . ئەمىر ئەلىشىر مەۋلانا بەنائىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چېھرىنى ئۆزگەرتىپ : «سەن ئاجايىپ جېدەلخور ئادەمسەن ، بۇ مەتلەئ مېنىڭ ئەمەس ، مەۋلانا ساھىبىنىڭ ئەمەسمۇ ؟ سەن مەن بىلەن قەستەن قارشىلىشىش ئۈچۈن مۇشۇنداق دەۋاتىسەن» دېدى . مەۋلانا بەنائى : «مېنىڭ سىزگە چېقىلىشقا هەددىم بارمۇ ؟ بۇ مەتلەئنىڭ سىزنىڭ ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن ، ئىراق خەلقى ناهايىتى ياقتۇرۇپ ياخشى كۆرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا مەتلەئلىرىڭىزمۇ بار» دېدى . ئەمىر ئەلىشىر : «ئۇ قايسى مەتلەئ ؟» دەپ سورىدى . مەۋلانا بەنائى ئېيتتىكى :
**مەتلەئ :**

باشىمىزدىن سايەئى سەرۋى قەدىڭ كەم بولماسۇن ،
زاتى پاكىڭ بولماسا ئالەمدە ئادەم بولماسۇن .

لېكىن ، بۇ مەتلەئمۇ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئەمەس ئىدى . ئۇنى مەۋلانا لۇتفى ئېيتقان بولۇپ ، ئەمىر ئەلىشىر ئۇنى غەزەل قىلىپ دىۋانىغا قوشقانىدى . شۇڭا ، ئەمىر ئەلىشىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز غەزەپلەندى : «بۇ مەتلەئ مەۋلانا لۇتفىنىڭ ئەمەسمۇ ؟ سەن بىلىپ تۇرۇپ قەستەن مەن بىلەن قارشىلىشىۋاتىسەن . ئادەمگە چېقىلىشنى زادىلا تاشلىمايسەن !» دەپ غەزەپ بىلەن كايىپ

ئولتۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇردى .

مەۋلانا سەيفى مەسەلچىلىك بىلەن مەشھۇردۇر ، تۇسىغا تەقلىد قىلىپتۇ ، ئەمما ئۇنىڭدىن ياخشى ئېيتىپتۇر . مەۋلانا سەيفى ئالىم ۋە پازىل كىشى ، ئۇنىڭ دىۋانى خالايىق ئىچىدە مەشھۇر ئىدى . بۇ بېيىتلار ئۇنىڭدۇر . نەزم :

ئەي تۇرا چۇن دىلى ئۇششاقى پەرىشان كاكۇل ،
قامەتەت پىتنەۋۇ سەرفىتنەئى دەۋران كاكۇل .
ھەمچۇ دۇد ئەستكى بەر گەردى سەرى شەمئى بۇۋەد .
ھەلقە ـ ھەلقە بەسەر ئان مەھى تابان كاكۇل .

(ئەي سىنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىڭ ئاشىقلار كۆڭلىدەك پەرىشان ، سىنىڭ قەددى ـ قامىتىڭغۇ بىر پىتنە ، ئەمما دەۋرلەر پىتنە ـ پاساتلىرىنىڭ باشلىنىش ئورنى سىنىڭ چاچلىرىڭ .
ئەي نۇرلۇق ئاي ، سىنىڭ بېشىڭدىكى ھالقا ـ ھالقا چاچلىرىڭ خۇددى شامنىڭ بېشى ئەتراپىنى قاپلىغان قارا ئىس ـ تۇتەكلەرگە ئوخشايدۇ . )

يەنە ئۇ سەنئەتكارلار ئۇچۇنمۇ بېيىتلارنى ئېيتقان بولۇپ ، ئۇنىڭغا «بەدايىئ» دەپ ئات قويۇپتۇ . بۇ بېيىت شۇ جۈملىدىندۇر . بېيىت :

چۇ ئىشقى گىلەھ بىزور كەردەن ئەفتاد ،
دىلا ، خۇش باش ، نان دەر رەۋغەن ئەفتاد .

(ئىشقىنىڭ چاڭگىلىغا چۇشۇپ ئۆزۈمنى يوقاتتىم ، ئەي كۆڭۈل ، خۇشال بول ، نان ياغقا چۇشكەندەك بولدى . )
بېيىت :

بۇتى پەرداز كەرەم چۇن بەكەسان مىسازەت ،
ھىچ با ھالى مەنى خەستە نەمى پەردازەت .

(ئۇ گۇزەلىم كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ ، ئەمما مەن بىچارىنىڭ ھالىغا يېتىپ ، كۆڭلۈمنى ياساپ قويمايدۇ . )

يەنە بۇلاردىن باشقىمۇ دىۋان تۈزگەن شائىرلار ناھايىتى تولا ، ھازىرمۇ ناھايىتى مەشھۇردۇر . شۇ جۈملىدىن **مەۋلانا ئەھلى ، مەۋلانا نەرگىسى ، مەۋلانا ھەجرى ، مىر مۇھەممەد سالىھ ، مەۋلانا شەھىدى ، مەۋلانا شۇھۇدى ، گۇلشەنى ، گۇلخەنى ، پەيامى ، خاجە ئەبۇلبەرەكە** (تەخەللۇسى «فىراقى»دۇر) ، **ھەيدەر گەلىچە**[1] ۋە بۇنىڭدىن باشقىلار شۇ دەۋردە كۆپ ئىدى . ھەممىسىنى بايان قىلساق ، سۆز رىشتىسى ئۇزىراپ كېتىدۇ .

## مۇئەممماچىلارنىڭ بايانى

سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ دەۋرىدە مۇئەمما ئېيتىدىغان پەزىلەت ئىگىلىرىمۇ تولا ئىدى . يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ياخشى مۇئەممالارنى ئېيتقان . ئەمما ، تۆۋەندىكى پەزىلەت ئىگىلىرى مۇئەمما پېنىنىڭ ئۇستازلىرىدۇر . گەرچە ئۇلارنىڭ باشقا پەزىلەتلىرى بار بولسىمۇ ، لېكىن مۇئەمما پېنىدە ماھارەتلىرى يۇقىرىدۇر .

شۇ جۈملىدىن **ئەمىر ھۇسەين** مۇئەمما پېنىدە تەڭداشسىز بولۇپ ، بۇ جەھەتتە ئىنتايىن ئاجايىپ بىر رىسالىسى بار . «سۇھراب» دېگەن ئىسىمغا ئېيتىلغان بۇ مۇئەمما شۇلاردىن بىرىدۇر :

---

[1] بۇ ئىسىم تېھران نەشرىدە «كەلىبجە» دېيىلگەن .

**مۇئەمما :**

يافتەم ئەز دەرى مەيخانەئى تەرسا شەرەفى ،
ھاسىلى مەدرەسە ئەكنۇن تەرەفى ما تەرەفى .

(تەرسالار مەيخانىسىنىڭ شەرىپىدىن ۋە مەدرىسىدە ئۆگەنگەن-
لىرىمدىن شۇنى چۈشەندىمكى ، بىز ھەممىمىز بىر تەرەپتە . )

ئۇنىڭدىن باشقا ، **مەۋلانا بەدەخشى مۇئەممايى** ۋە **مەۋلانا شىھاب مۇئەممايى** ۋە يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن مۇئەمماچىلار ئۆتكەن ، ئۇلار ناھايىتى مەشھۇر . ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسلەپ ئۆتىدىغان بولساق ، مەقسەت يىراقتا قالىدۇ .

## سۇلتان ھۇسەين مىرزا زامانىدىكى كاتىپلارنىڭ زىكرى

نەسختەئلىق خېتى بۇ كۈنلەردە ناھايىتى راۋاج تاپتى ، بۇ خەتنى پەيدا قىلغۇچى **مىرئەلى تەبرىزى** ئىدى . مىرئەلى تەبرىزى ئەمىر تېمۇرنىڭ زامانىدا ئۆتكەنىدى . **مەۋلانا جەئفەر خۇش نەۋىسمۇ** مىرئەلى تەبرىزىنىڭ شاگىرتى بولۇپ ، ئەقسام خېتىدە ئۇستاز ئىدى . **مەۋلانا ئەبدۇللاھ** مۇ ئۆز ۋاقتىدىكى خەتتاتلىق ئىلمىنىڭ ئۇستازى ئىدى . **مەۋلانا مەھمۇد كاتىپ سەمەرقەندى** ۋە يەنە بىرقانچە كاتىپلار مەۋلانا ئەبدۇللاھنىڭ شاگىرتلىرى ئىدى . قالغان ھەممە كاتىپلار يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان كاتىپلار شاگىرتى ئىدى .

يەنە تەئلىق خېتىدە مىر ئەبدۇلھەي مەۋلانا جەئفەرنىڭ شاگىرتىدۇر ، قالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى مىر ئەبدۇلھەينىڭ شاگىرتلىرىدۇر .

نەستەئلىق خېتىدە **مەۋلانا ئەزھەر** ئۆز دەۋرىنىڭ كامالەت ئىگىسى ئىدى . **مەۋلانا شەيخ ئەبدۇللاھ خارەزمى ۋە مەۋلانا مەھمۇد ھەنەفى** قاتارلىقلار مەۋلانا ئەزھەرنىڭ شاگىرتلىرىدىندۇر . مەۋلانا جەئفەر خەتنى ئاستا ۋە كىچىك ، لېكىن پۇختا ۋە يېقىملىق يېزىپتۇ . مەۋلانا ئەزھەرمۇ پۇختا ، يېقىملىق ھەم توغرا ، لېكىن ناھەمۋارراق (تەكشىسىزرەك ) يېزىپتۇ . مەۋلانا جەئفەر مىرزا شاھرۇخنىڭ دەۋرىدە بار ئىكەن ۋە مەۋلانا ئەزھەر سۇلتان ئەبۇسەئىد كۆرەگاننىڭ مۇلازىملىرىدىن ئىكەن . مەۋلانا ئەزھەرنىڭ شاگىرتلىرىمۇ كۆپ . **مەۋلانا سۇلتانئەلى مەشھەدى** ۋە **شەيخ بايەزىد پۇرانى** شۇلار جۇملىسىدىن بولۇپ ، بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ كاتىپلىرىدىن ئىدى . بايسۇنغۇر مىرزا شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئوغلى ۋە مىرزا بابۇر قەلەندەرنىڭ ئاتىسىدۇر .

**مەۋلانا سۇلتانئەلى مەشھەدى** قىتئەنەۋىسلىكتە ۋە پۇتكۇل جەللى ۋە خەفى خەتلىرىنى يېزىشتىلا ئەمەس ، بەلكى نەسخ ۋە تەئلىق خەتلىرىدىمۇ بىردەك ئىپتىراپ قىلىنىدۇ ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھېچ كىشى ئۇنىڭدەك خەت يازمىغان بولغىيدى . مەۋلانا سۇلتانئەلى ئۆز خېتىنىڭ ھەممە سۈپەتلىرى ۋە گۈزەللىكىدە تەڭداشسىزدۇر . خۇسۇسەن مەۋلانا سۇلتان ئەلىنىڭ خېتىدە بار بولغان يېقىملىق خۇسۇسىيەت ۋە نازاكەت ھېچ كىشىگە مۇيەسسەر بولماپتۇ . مەۋلانا سۇلتانئەلى خەتتاتلىق ئىلمىنىڭ قائىدىلىرى ھەققىدە بىر رىسالە يېزىپ چىقىپتۇ . ئۇ ئاشۇ رىسالىسىدە مۇنداق دەيدۇ : «شۇ ھالەتتە مەشىق قىلىپ يۈرەتتىم . كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھەزرىتى ئىمام ئەلى مۇسا رىزا — تەڭرى

ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — نىڭ مۇقەددەس زىيارەتگاھلىرىدا تۇراتتىم. بىر كۈنى چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۈيئوغلى، تەڭرىنىڭ غالىب شىرى ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب — تەڭرى ئۇنىڭ يۈزىسىدىن ياخشىلىق قىلغاي — ماڭا بىر قەلەم ئىلتىپات قىلدى. ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قارىسام، خەتتاتلىق ئىلمىنىڭ ھەممىسى ماڭا باش ئېگىپتۇ.»

مەۋلانا سۇلتانئەلى دەسلەپكى مەشىق قىلىدىغان ۋاقىتلىرىدا، ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچىلا خەتلەرنى بىر خىل شەكىلگە كەلتۈرۈپ يازاتتى، ئۇنىڭ يازغانلىرى ئاۋام خەلقلەرگە خۇش ياقاتتى، ئەمما كاتىپلار ئۇنى قوبۇل قىلمايتتى. ئاشۇ ۋاقىتلاردا مىرزا سۇلتان ئەبۇسەئىد كۆرەگانىنىڭ بىر «خەمسە»سى بار بولۇپ، ئۇنى مەۋلانا جەئفەر باشتىن باشلاپ كۆچۈرۈپ ئاخىرىغا يەتمەي ناتامام ھالەتتە قالغانىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا: «بۇ ‹خەمسە›نىڭ قالغان قىسمىنى پۈتۈپ تامام قىلىپ بېرىدىغان بىر كىشى بارمىدۇ؟ ئۇنىڭ خېتى مەۋلانا جەئفەرنىڭ خېتىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان بولسا» دەپ سورىدى. شۇ ۋاقىتلاردا مەۋلانا سۇلتانئەلى خېلىلا شۆھرەت قازانغانىدى. شۇڭا، كىشىلەر: «ھازىر بىر ياش يىگىت بار، خۇشخەت يېزىشتا ناھايىتى مەشھۇر. بۇ چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئاشۇ يىگىت چىقالىشى مۇمكىن؟» دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەۋلانا سۇلتان ئەلىنى ئېلىپ كېلىپ مەۋلانا جەئفەر پۈتكەن «خەمسە»نى كۆرسەتتى، مەۋلانا سۇلتانئەلى بۇ ئىشنى شۇ ھامان قوبۇل قىلدى ۋە ئېلىپ بېرىپ بىر جۈزۋى (بىر پارچە) پۈتۈپ ئېلىپ كەلدى. ئالدى بىلەن ئۇنى مەۋلانا ئەزھەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى، مەۋلانا ئەزھەر سۇلتان ئەلىنىڭ پۈتكەن خېتىنى كۆرۈپ غەزەپلەندى ـ دە: «بۇ سېنىڭ خېتىڭ ئەمەس، مەۋلانا جەئفەرنىڭ خېتىنى مېنىڭ خېتىم دەۋاتامسەن؟» دەپ نەچچە كۈنگىچە مەۋلانا سۇلتان ئەلىنى مەھبۇس قىلىپ قويدى. ئۇنىڭدىن

كېيىن قاماقخانىدىن چىقىرىپ : «ئەي ئوغلۇم ، سېنىڭ ناھايىتى قابىلىيىتىڭ بار ، ئەمما خەتتاتلىق دېگەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولىدۇ . سېنىڭ پۈتۈشۈڭ نەسختەئلىقنىڭ ئۇسلۇبى ئەمەستۇر » دېدى . مەۋلانا سۇلتانئەلى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر قىتئەنى مەۋلانا ئەزھەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا پۈتۈپ بەرگەندىن كېيىن بىلدىكى ، نەسختەئلىقنىڭ ئۇسلۇبى مۇشۇنداق ئىكەن ۋە خەتتاتلىقتا ئۇسلۇب مۆتىۋەر ئىكەن .

بۈگۈنكى كۈندە مەۋلانا سۇلتان ئەلىدىن شۇ قەدەر كۆپ ئەسەرلەر مىراس بولۇپ قالدىكى ، ئەقىل ئۇنىڭدىن ھەيران قالىدۇ . ئالەمدىكى كۆپىنچە شەھەرلەردىكى قەلەم ئىگىلىرى ئىچىدە مەۋلانا سۇلتان ئەلىنىڭ قىتئەلىرى ۋە كىتابلىرىدىن خەۋىرى بولمىغان كىشى كەم كۆرۈلىدۇ ، كۆپىنچە پادىشاھلارنىڭ كىتابخانىسىدا مەۋلانا سۇلتان ئەلىنىڭ شاگىرتلىرى ناھايىتى تولا . **مەۋلانا ئەلائىددىن** شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ ، مەۋلانا سۇلتان ئەلىنىڭ خېتىگە ھېچكىم مەۋلانا ئەلائىددىندەك ئوخشىتىپ يازالمايدۇ . يەنە بىر شاگىرتى **سۇلتان مۇھەممەد خەندان** بولۇپ ، ئۇنىڭ خېتىمۇ مەۋلانا سۇلتان ئەلىنىڭ خېتىگە ئوخشايدۇ ، ناھايىتى يېقىملىق يېزىپتۇ . يەنە بىر شاگىرتى **موللا مۇھەممەد ئەبرىشىمى** بولۇپ ، خەتنى تولىمۇ پۇختا پۈتۈپتۇ ، ئەمما سەل شىكەستىرەك يېزىپتۇ . يەنە بىر شاگىرتى **مەۋلانا نازەيىن مەھمۇد ،** مەۋلانا سۇلتان ئەلىنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ ، خەتتاتلىقتا كامالەت ئىگىسى ئىدى . يەنە بىر شاگىرتى **قەلەندەر كاتىپ ،** مەۋلانا سۇلتانئەلى ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپاتلار قىلاتتى . قەلەندەر كاتىپ پۈتكۈل ئۆمرىنى يالغۇزلۇق ، يەككە - يېگانىلىق ، ئەھلى سالاھلىق ۋە پاكلىق بىلەن ئۆتكۈزدى . يەنە كاتىپلاردىن نۇرغۇنلىرى بار ، ئۇلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جامائەتنىڭ شاگىرتلىرىدىندۇر . شۇ جۈملىدىن **مەۋلانا قاسىم ئەلى** مەۋلانا مۇھەممەد ئەبرىشىمنىڭ شاگىرتى ، ئۇنىڭ خېتىنىڭ پۇختىلىقىغا

ھېچكىمنىڭ خېتى ئوخشىمايدۇ . كۆپىنچە ئادەملەردىن ئوبدانىراق يېزىپتۇ ، پەقىر كەمىنە خەتتاتلىقتا ئۇنىڭ شاگىرتىمەن ، بۇ ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنغۇسى . يەنە بىرى **قاسىم شادى شاھ** بولۇپ ، مەۋلانا سۇلتان مۇھەممەد خەندانىنىڭ شاگىرتىدۇر ، خەتنى ناھايىتى يېقىملىق پۈتۈپتۇ . يەنە بىرى **مەۋلانا مىرئەلىدۇر** ، ئۇ مەۋلانا نازەين مەھمۇدنىڭ شاگىرتىدۇر ، خەتنى ناھايىتى پۇختا ۋە پاكىز پۈتۈپتۇ ، خەفى خېتىنى جەللى خېتىدىن ياخشىراق پۈتۈپتۇ .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ كاتىپلار شۇنداق كىشىلەردۇركى ، ئىلگىرىكى زامانلاردىمۇ ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ ئۇلارغا تەڭداش بولالىغۇدەك كىشىلەرنى بۇ پەلەكنىڭ كۆزى كۆرمىگەندۇر .

## سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ دەۋرىدىكى سۇرەتكەر ۋە نەققاشلارنىڭ بايانى

سۇرەتكەر (رەسسام ) ۋە نەققاشلاردىن بىرى **ئۇستاد مەنسۇر** نىڭ ئوغلى **شاھ مۇزەففەردۇر** . ئۇستاد مەنسۇر سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ زامانىدا بار ئىدى ، بۇ پەندە ئۇ ئۇستازدۇر . ئۇنىڭ قەلىمى شۇ قەدەر نازۇك ۋە ئىنچىكە ئىدىكى ، شاھ مۇزەففەردىن باشقا ھېچ كىشى ئۇنداق نازۇك قەلەمنى تۇتۇپ باقمىغان . ئەمما ، شاھ مۇزەففەر ئاتىسى ئۇستاد مەنسۇردىن نەچچە دەرىجە يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپتۇ . شاھ مۇزەففەر يىگىرمە تۆت يېشىدا ۋاپات بولۇپتۇ ، بۇ سەنئەتنىڭ ئۇستازلىرى ئۇنى تولىمۇ ئەزىزلەيدۇ .

**بېهزاد** بۇ پەندە ئۇستاز بولۇپ ، قولى شاھ مۇزەففەردەك نازۇك ئەمەس ، ئەمما قەلىمى شاھ مۇزەففەرنىڭ قەلىمىدىن كۈچلۈكرەك ، ئۇستىخانىلارنى سىزىشى ئۇنىڭدىن ياخشىراقتۇر . قەدىمكى دەۋرلەردىكى ھۆلەگۈ خاقانلارنىڭ ئەۋلادى بولغان ئىراق پادىشاھلىرى ۋاقتىدا **خاجە ئەبدۇلھەي** بۇ پەندە ئۇستاز ئىدى ، بۇ سەنئەت ئەھلىنىڭ ئېتىقادىچە خاجە ئەبدۇلھەي ئەۋلىيا ئىدى . ئاخىرقى ئۆمرىدە بۇ سەنئەتتىن توۋا قىلدى ، ھەر يەردە ئۆزى سىزغان تەسۋىرلەردىن ئۇچرىتىپ قالسا سۇدا يۇيۇۋېتەتتى ياكى ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتەتتى . شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئىشلىرى ناھايىتى كەم كۆرۈلىدۇ ، سۈرەتكەرلىك ساھەسىدە ئۇنىڭ مىسلى يوقتۇر . شاھ مۇزەففەر بىلەن بېھزاد ئىككىلىسى ئەمىر ئەلىشىرنىڭ تەربىيىسى ۋە پەرۋىشىگە ئېرىشكەنلەردۇر .

**قاسىم ئەلى چېھرەگۈشاي** ، بېھزادنىڭ شاگىرتىدۇر . ئۇنىڭ ھۈنەرلىرىمۇ بېھزادقا يېقىنراق ، [ئادەم سۈرىتىنى سىزىش ئۇسلۇبىدا نۇرغۇن مەشىق قىلىش ئارقىلىق قاسىم ئەلىنىڭ ئىشلىرى ،] بېھزادنىڭ ئىشلىرىغا قارىغاندا [توغرىراق چىقىپتۇ ،] ئەمما بېھزادنىڭ ئىشىدىن سەل قوپالراقتۇر .

**مەقسۇد** ،[ئۇنى ئىككىنچى قاسىم ئەلى دېيىشكە بولىدۇ .] ئۇمۇ بېھزادنىڭ شاگىرتى بولۇپ ، [ئۇنىڭ قەلىمى قاسىم ئەلىدىن ھېچ كەم ئەمەس ، ئەمما] ئۇنىڭ سىزمىلىرى قاسىم ئەلىگە نىسبەتەن خامراقتۇر .

**مەۋلانا مىرەك نەققاش** ، ئۇ ئاجايىپ - غارايىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان كىشى بولۇپ ، بېھزادنىڭ ئۇستازى ئىدى . سىزمىلىرى بېھزادتىن پۇختا چىقىپتۇ ، ئەمما باشقا ھۈنەرلەردە

بېھزادتەك ئەمەس ، پۈتۈن ئىشلىرىنى ئازادە يەردە قىلاتتى ، ئۇي ۋە ھۇجرىغا كىرمەيتتى ، بۇ ئىشى ئەجەبلىنەرلىكتۇر . يەنە ئۇنىڭ ئۇستىگە پالۋانلىق ، چېلىشچىلىقنى ئادەت قىلغانىدى ، بۇ ئىشلار بىلەن رەسساملىق ھۈنىرىنى بىللە قىلىش تولىمۇ ئاجايىپ - غارايىبتۇر .

**ئۇستاد بابا ھاجى** ، ئۇنىڭ تەسۋىردە قەلىمى پۇختا ، ئەمما سىزمىلىرى قوپال . پۇتكۇل خوراساندا نەقىش ۋە لايىھىنى ئۇنىڭدەك قىلىدىغان كىشى يوق ئىدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ بىر مەجلىستە ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەللىك دائىرە سىزىپتۇ ، ئۇنىڭ ھېچقايىسىسى بىر - بىرىدىن بىر قىل مىقدارى چاغلىق چوڭ - كىچىك ئەمەس ئىكەن .

**شەيخ ئەھمەد** ، [بابا ھاجى]نىڭ قېرىندىشى ئىدى . يەنە **مەۋلانا جۇنەيد ، ئۇستاد ھىسامىددىن غەددارىگەر ، مەۋلانا ۋەلى** قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ماھىر ئۇستازلاردىن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ماھارىتى بىر - بىرىدىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيتتى .

**مەۋلانا يۇسۇف** ، بېھزادنىڭ شاگىرتى بولۇپ ، قولى ناھايىتى تېزدۇر . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇستازلار بىر ئايدا قىلىدىغان ئىشنى ئۇ ئون كۈندە قىلىپ تۈگىتەتتى ، ئەمما قەلىمى يۇقىرىقى ئۇستازلاردەك يېقىملىق ئەمەس . ئۇنىڭ سۈرەتكەرلىك ھۈنىرىدىن تىللاكارلىق (ئالتۇن ھەل بېرىش) ھۈنىرى يۇقىرىراقتۇر .

**مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد** ، پەقىرنىڭ ئۇستازىمدۇر . ئۇ شاھ مۇزەففەرنىڭ شاگىرتى بولۇپ ، قەلىمى نازۇكلۇقتا مىسلىسىز

ۋە تەڭداشسىز ، بەلكى شاھ مۇزەففەردىنمۇ يۇكسەكرەك ، لېكىن بەزى ئىشى شاھ مۇزەففەردىن خامراق ، ئۇ بىر شىرنىڭ سۈرىتىنى سىزىپتۇ . شىرغا بىر كىشىنى مىندۈرۈپتۇ ، ئاندىن شىرنى نەيزىنىڭ ئۇچىغا ئىلىپتۇ . پۈتكۈل سۈرەتنىڭ ھەممىسىنى بىر دانە گۈرۈچنىڭ ئاستىدا قويسا كۆرۈنمەيدۇ . بۇ دەۋردە ئۆتكەن نەققاشلار ناھايىتى كۆپ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇستازلىرى ۋە ئالدىنقى ئورۇندىكىلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جامائەتتۇر .

## مۇزەھھىبلەر[①]

**موللا يارى** ، ئالتۇن ھەل بېرىشتە ئۇستازدۇر ، يېزىقچىلىقى بولسا ئالتۇن ھەل بېرىشتىنمۇ ياخشىراقتۇر . ئۇمۇ مەۋلانا ۋەلىنىڭ شاگىرتى ، ئەمما ھۈنەرنى ئۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ .

**مەۋلانا مەھمۇد مۇزەھھىب** ، دەرۋىش مۇھەممەدتىن ياخشىراق ھۈنەرلەرنى قىلىپتۇ . شۇلاردىن بىرى سۇلتان ھۈسەين مىرزىغا تەييارلىغان بىر دىباچىسى بولۇپ ، ئۇ پۈتمەي قاپتۇ . ئۇنىڭغا [يەتتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ] شۇ قەدەر ئىنچىكە ئىشلەپتۇ . ئۇنىڭغا بەندىرۈمى گۈللىرىنى شۇنداق نازۇكلۇق بىلەن سىزىپتۇكى ، يېرىم نوقۇت ئورنىچىلىك يەرگە بىر ئاي ئىشلەپ ، ئۇ يەرگە ئەللىك ئەسلىم ياپراقچىسىنى چۈشۈرۈپتۇ .

(بۇ دەۋردە ئۆتكەن ) مۇزەھھىبلەر ناھايىتى تولا ، ئۇلار ئىچىدە ئۇستازلىرى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مۇشۇ ئىككىيلەندۇر .

---

① مۇزەھھىب — ئالتۇن ھەل بەرگۈچى .

## مۇغەننىيلەر[1]

بۇ دەۋردە ئۆتكەن مۇغەننىي (نەغمىچى )لەردىن بىرى **هافىز بەسىر** بولۇپ ، ھەممە كىشى ئۇنى بىردەك تەڭداشسىز قابىلىيەت ئىگىسى دەپ قارايدۇ . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، باھار پەسلىدە ئۇ باغ ئىچىدە شېئىرلارنى ئوقۇيدىكەن . بۇ چاغدا بۇلبۇل ، پاختەك ، قۇشقاچ ۋە باشقا ھەر خىل قۇشلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ بېشىغا ۋە مۈرىلىرىگە قونۇپ ئولتۇرىدىكەن .

**هافىز ھەسەن ئەلى** ، (ھافىز بەسىر )نىڭ شاگىرتى ئىدى . ئۇ (ھەسەن ئەلى )نىڭ ئاۋازى تۆۋەن ، ئەمما ئىنتايىن يېقىملىق ، راۋان ۋە مەزمۇنلۇق ئىدى .

**هافىز هاجى**[2] ، ئاۋازىنىڭ ئاھاڭدارلىقى جەھەتتە يېگانە ۋە تەڭداشسىز ئىدى ، ناھايىتى ياخشى بېيىتلارنى ئوقۇيتتى ، لېكىن هافىز ھەسەن ئەلىدىن ساددىراق ئوقۇيتتى .

**خاجە ئەبدۇللاھ مەرۋارىد** نىڭ مەۋلىۋىيە سۇلۇكـــى جەھەتتىكى ئەھۋالى «تەزكىرەئى مەۋالى» ناملىق تەزكىرىدە بايان قىلىنغان . شېئىرىيەتتە ھىلالى ۋە ئەھلىدىن ، تەئلىق خېتىدە ئەڭ

---

① «مۇغەننىيلەر» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا بېرىلگەن توققۇز كىشى ھەققىدىكى مەلۇمات پارسچە ئىككىنچى ، ئۈچىنچى نۇسخىلاردا ۋە موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە يوق . بۇ بۆلەك پارسچە بىرىنچى نۇسخىغا ئاساسەن مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسى ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدىن پايدىلىنىپ تولۇقلاندى .

② بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان . تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «هافىز جامى» دېيىلگەن .

ئالدىنقىسى بولغان مىر ئەبدۇلھەي[①] ۋە موللا دەرۋىشتىن ، نەسختەئلىق خېتىدە سۇلتان مۇھەممەد نۇردىن كېيىن ئۇنىڭ نامىنى يېزىش كېرەك . ئۇ ھەر خىل پەنلەردە تەڭداشسىز ۋە مىسلىسىزدۇر . قانۇن (قالۇن )دا ئۇنىڭغا يېتىدىغان ھېچ كىشى يوق ، «گىرفت »نى ئۇ ئىختىرا قىلغان . قەدىمىي ساز بولغان قانۇننى چېلىشتا ئۇنىڭغا تەڭ تۇرالايدىغانلار يوق . باشقا سازلاردىنمۇ خەۋەردار بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تەبىئىتى قانۇنغا كۆپرەك مايىل ئىدى . چۈنكى ، بۇ سازمۇ خۇددى خاجە ئەبدۇللاھقا ئوخشاش ناھايىتى چۈس ۋە كەسكىن خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن ، خاجە ئەبدۇللاھنىڭ تەبىئىتى قانۇندىن باشقا سازغا ئانچە قىزىقمايتتى . بۇ پەندە ئۇ ئۇستاز ، بارلىق ماھارەت ۋە پەزىلەتلەردە كامىل . شۇ جۈملىدىن مۇغەننىيلەر تائىپىسىنىڭمۇ ئەڭ ئالدىنقىسى ئىدى .

**ئۇستاد سەييىدئەھمەد غىجەكى**[②] ۋە **مۇتەھھىرى ئۇدى**[③] قاتارلىقلارمۇ ئۆز زامانىنىڭ ماھارەت ئىگىلىرىدىن ئىدى . ئەمما ، **ئۇستاد قۇلمۇھەممەد** ئۇ ئىككىسىدىن ئىلگىرىلەپ كېتىپتۇ ، ئۇ زاتنىڭ تەڭداشسىز پىشرەۋ (پەشرۇ )لىرى بار ئىدى .

**ئۇستاد ھەيدەرشاھ بالبانى**[④]مۇ ئۆز كەسپىدە تەڭداشسىزدۇر . بۇ جەھەتتە ئۇ زاتقا تاقابىل تۇرالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا

---

① بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە يوق ، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «مىر ھەي» دېيىلگەن .
② ئىسىم پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «سەييىدمۇھەممەد ئەجەمى» دېيىلگەن . تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «ئۇستاد سەييىدمۇھەممەد غىجەكى» دېيىلگەن .
③ بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان . تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «مەزھەرى ئۇدى» دېيىلگەن .
④ ئىسىم پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان . مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «بالبانى» دېگەن سۆز «بۇلبۇلانى» دېيىلگەن .

ئۇخشىتالايدىغان كىشى يوق ئىدى .

**ئۇستاد شەيخى** [نايى[1]] ، ھەممە سازلارنى ئۇنىڭ ئۇستازلىرىدىن ياخشىراق چالاتتى . شۇ جۇملىدىن نەي چېلىش ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ماھارەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ، بۇ جەھەتتە ئۇ زور شۆھرەت قازانغان .

بۇ دەۋردە ئۆتكەن مىسلىبسىز ئالىم ، سەنئەتكار ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى ۋە ئوچۇق بايانلىرى بار . بۇ دەۋردە خوراساندا كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ، پەزىلەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئەمىر ئەلىشىرنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە پەرۋىش قىلىشى نەتىجىسىدە يېتىشىپ چىققانىدى .

## ئەسلىدىكى ھېكايەتنىڭ بايانى

بۇ مۇقەددىمىلەرنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت شۇكى ، ئاتام — تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي — خوراسانغا شۇنداق چاغدا بارغانىدىكى ، بۇ ۋاقىتتا خوراساننىڭ بۇيۇكلۇكى ۋە گۈزەللىكى ، بولۇپمۇ ھىرات شەھىرىنىڭ گۈزەللىكى ، ئالىملىرى ۋە پازىللىرى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغىنىدەك شۇ دەرىجىدە ئېسىل ۋە تەڭداشسىز ئىدى . ئەمما ، ئۇ كۈنلەردە سۇلتان ھۈسەين مىرزىنىڭ پەرزەنتلىرى بۇزرۇكۋار ئاتىسىغا ئىتائەتسىزلىك ۋە ئاسىيلىق قىلىشىپ ، يەنە پۇشايمان قىلىپ توۋا قىلىشىپ ئاتىسىنىڭ ئاياغلىرىنى سۆيۈشكە مۇشەررەپ بولۇپ ، ھەرقايسىلىرى

---

① بۇ ئىسىم پارسچە بىرىنچى نۇسخىدا «ئۇستاد شەيخى» دېيىلگەن ، مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە «ئۇستاد شەيخى ۋە نامى» دېيىلگەن ، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان .

سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ تەختىراۋاننىڭ پۇتلىرىنى ئىتائەت بويۇنلىرىغا ئېلىپ تولۇق ئىتتىپاقلىق ھاسىل قىلغانىدى.

ئاتام ھىراتقا بارغىنىدا ئۇنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن خەلقلەر چىقتى، ناھايىتى ئەزىز ۋە ئېھتىرام بىلەن مۇناسىپ ئورۇنغا چۈشۈردى.

ۋاقتىكى، ئاتام سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا بارماقچى بولدى. مىر مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس شاھرۇخ مىرزا[1] نىڭ ئەمىرلىرىدىن ئىدى. شۇ زاماندا ياش جەھەتتە، ئېسىلزادىلىكتە، تۆرىلىك مەرتىۋىسىدە ۋە چارە ـ تەدبىرلەردە چاغاتاي ئۇلۇسىدا ئۇنىڭدىنمۇ پىشقەدەمرەك كىشى يوق ئىدى. مىر مۇھەممەد بۇرۇندۇق بارلاس ئاتامغا ئىلتىپات ۋە تەكەللۇپلارنى كۆرسىتىپ، سۇلتان بىلەن تىزلىنىپ كۆرۈشۈش تەكلىپىنى ئارىغا سالدى. ئاتاممۇ رازىلىق بىرىپ سۇلتان ھۇسەين مىرزىغا چوڭقۇر تەزىم قىلىپ ئەدەپ بىلەن كۆرۈشتى، مىرزا سۇلتان ھۇسەينمۇ ئاتامغا كۆپ ئىززەت ـ ئىكراملار قىلىپ، ئاتامنى ھەممە پەرزەنتلىرىدىن، يەنە كېلىپ بارلىق پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭى ۋە ئەزىزرەكى بولغان مىرزا بەدىئۇززاماندىنمۇ يۇقىرى ئولتۇرغۇزدى. ھىرات شەھىرى بولسا جەننەت كەبى شەھەردۇر، ئاتام ئەنە شۇنداق شەھەردە بۇ قەدەر ئىززەت ۋە ھۆرمەتلەر بىلەن ھايات كەچۈردى.

ئەمما، سۇلتان ھۇسەين مىرزا بەك ياشىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە پالەچ [ۋە نۇقرەس] كېسىلىگە گىرىپتار بولغان [ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن قالغانىدى.] ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدا سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ئورنىنى بېسىپ شاھبېكخانغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك جاسارەت ۋە قابىلىيەت يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاتام ھىراتنا تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەنىدى، ئەمما شۇ قەدەر ھۆرمەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ قېلىشنى قوبۇل قىلدى.

---

[1] بۇ ئىسىم باشقا نۇسخىلاردا «شاھرۇخ مىرزا» دېيىلگەن. موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ مۇشۇ قولىيازمىسىدا «شاھبېكخان» دېيىلىپ قالغان، تۈزىتىپ ئېلىندى.

بۇ ۋەقە ئەسناسىدا يۇقىرىدا موغۇلىستاندىن سەمەرقەندكە — شاھىبېكخاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈنۈش ئۈچۈن بارغانلىقى زىكىر قىلىنغان شاھبېكەم خوراسانغا كەلدى. شاھىبېكخان سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىغا تەۋە بولغان خارەزمگە يۈرۈش قىلغىنىدا، ئاتام ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن خوراسانغا قاچقانىدى، سۇلتان سەئىدخان موغۇلىستانغا يۈزلەنگەنىدى. شاھىبېكخان قالغان موغۇللارنىڭ كۆپىنچە ئۇلۇغلىرىنى ئاخىرەت مەملىكىتىگە راۋان قىلغان، بەزىلىرىنى زىندانغا قامىغانىدى. شاھبېكەمنى ھەيدەپ چىقىرىش يولى بىلەن خوراسانغا ئەۋەتكەنىدى،، قالغان موغۇللارمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ خوراسانغا يېتىپ كەلدى.

يەنە يۇقىرىدا يۇنۇسخاننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتلىرى بايانىدا زىكىر قىلىنغان پەرزەنتلەرنىڭ چوڭى مىھرىنىگار خانىم سەمەرقەند پادىشاھى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ياتلىق قىلىنغانىدى. شاھىبېكخان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى ئۆلتۈرۈپ، سەمەرقەندنى قولغا كىرگۈزگەن ۋاقتىدا مىھرىنىگار خانىمنىمۇ ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ نىكاھلانغانىدى. سەمەرقەندنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق مۇھاسىرىسىدە بابۇر پادىشاھ سەمەرقەندتە ئىدى، ئاخىر ئىش سۇلھىگە قارار تاپتى. شاھىبېكخان خانزادە بېگىمنى تەلەپ قىلدى، بابۇر پادىشاھ ئىلاجسىز ئۆز جېنىنىڭ بەدىلىگە خانزادە بېگىمنى ئۇنىڭغا بېرىپ ئۆزى بەدەر كەتتى. شاھىبېكخان مىھرىنىگار خانىمنى تالاق قىلىپ خانزادە بېگىمنى نىكاھىغا ئالدى. مىھرىنىگار خانىم سەمەرقەندتە ئىدى، شاھبېكەمنى خوراسانغا ماڭدۇرغاندا خانىممۇ شۇ سەۋەب بىلەن ئانىسىغا قوشۇلدى. ئاتامنىڭ بىر سىڭلىسى شەھرىسەبزدە قالغانىدى، ئۇ قېرىندىشىم مۇھەممەدشاھنى ئېلىپ شاھبېكەم ۋە مىھرىنىگار خانىم بىللە بىللە خوراسانغا يېتىپ كەلدى. بۇ جامائەت يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئاتام ھەجگە تەييارلىق قىلىۋاتقانىدى. بۇ جامائەت كېلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن مۇنچىۋالا جامائەتنى مۇساپىرچىلىقتا تاشلاپ كېتىش مەردانىلىك ۋە ئىنسانچىلىق مەزھىپىدە ئاتامغا نالايىق

كۆرۈندى ، شۇڭا ئالدى بىلەن ئۇلارنى كابۇلغا يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى ، چۈنكى كابۇلدا بابۇر پادىشاھ بار ئىدى . شاھبېكەم بابۇر پادىشاھنىڭ ئانىسى تەرەپتىن يېقىن تۇغقىنى ، مىھرىنىگار خانىم بابۇر پادىشاھنىڭ ھاممىسى ئىدى . دېمەك ، ئاتامنىڭ ئوي - خىياللىرى مۇشۇ ئىشقا قارار تاپتى .

سۇلتان ھۇسەين مىرزىدىن رۇخسەت ئېلىپ كابۇلغا قاراپ سەپەر قىلدى . كابۇلغا يېتىپ بېرىشىمىزدىن نەچچە كۈن ئىلگىرى ، بابۇر پادىشاھنىڭ ئانىسى قۇتلۇقنىگار خانىم ۋاپات بولغانىدى . ئۇنىڭ ۋاپاتى كابۇلغا كېتىۋاتقان بۇ جامائەتنىڭ تەلىيىنىڭ تەتۈرلۈكى ئىدى . بابۇر پادىشاھمۇ ئاشۇنچە ھازىدار ھالەتتە بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە بۇ جامائەتنىڭ قەدىرىنى ئىنتايىن ئەزىز ، مۇكەررەم ۋە مۆھتەرەم بىلدى . ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ ئەلا دەرىجىدە ئىززەت - ھۆرمەت قىلىپ ، ئۇلۇغ ۋە تەۋەررۇك بىلگەن ھالدا مۇھاپىزەت قىلدى . ئۇلار نەچچە مۇددەتكىچە ناھايىتى راھەت - پاراغەتتە ۋە ئىنتايىن تىنچ - ئامانلىقتا ھايات كەچۈردى ، ئارقىدىنلا سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلدى .

خوراساننىڭ ئەھۋاللىرى مۇنداق بولدى : مىرزا بەدىئۇززامان «تۆرە قائىدىسى»نىڭ ھۆكۈمىگە بىنائەن ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇراتتى . سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ خانىشى بولغان خەدىچە بېگىم پىتنە - پاساتچىلارنىڭ ئەڭ ئالدى ئىدى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى بولغان مۇزەففەر ھۇسەين مىرزىنىڭ بەدىئۇززامان مىرزا بىلەن سەلتەنەت ئىشىدا شېرىك بولۇشىنى قارار قىلدى . گەرچە ئۇ دەۋردە ئاقىل ۋە دانا كىشىلەر بار بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار بۇنداق پايدىسىز ئىشقا ئامالسىز رازىلىق بەردى . بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە : «ئەگەر ئاسمان - زېمىندا ئاللادىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى ، كائىناتنىڭ تەرتىپى ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى»[1] دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكۈمىگە بىنائەن

① «قۇرئان كەرىم» ، 21 - سۈرە ئەنبىيا ، 22 - ئايەتنىڭ باش قىسمى .

ئۇلارنىڭ سەلتەنىتى مۇقىملاشمىدى . بۇ ۋاقىتلاردا جەھانگىر مىرزا غەزنەين[1]دە ئىدى . ئۇ ۋىلايەتنىڭ كىچىكلىكى ۋە قاتتىقلىقى تۈپەيلىدىن خوراسانغا قاراپ يۈزلەندى ۋە بابۇر پادىشاھقا خەت ئەۋەتىپ : «سۇلتان ھۈسەين مىرزا بۇ كۈنلەردە بۇ تۇراقسىز ئالەمدىن ئاخىرەت سارىيىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ . كۆڭلۈمگە شۇنداق كېلىۋاتىدۇكى ، مۇشۇ مەھەلدە سۇلتان ھۈسەين مىرزىنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن ياردەملەشسەك ، مۇھىم ئىشلىرىمىز ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن .» بۇ مەكتۇپ بابۇر پادىشاھقا يېتىش بىلەنلا تېزلىكتە يولغا چىقتى . بابۇر پادىشاھ ئەگەر جەھانگىر مىرزىغا يولدا يېتىشسە ، ئۇنى يولدىن ياندۇرۇش غەرىزىدە ئىدى . يېتىشەلمىسە ، ئارقىسىدىن خوراسانغا بارماقچى بولدى . پادىشاھنىڭ خوراسانغا بېرىشى رەسمىي تەيىن تاپقان چاغدا ، بابۇر پادىشاھ ئاتامغا كابۇلنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ، پۈتكۈل تەۋەلىكتىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى ، ئەمما ئاتام قوبۇل قىلمىدى . ئاتام : «خوراساندا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغانىدىم . ئەگەر بۇ ئىشلارغا مەن مەسئۇل بولۇپ قالسام ، ھەج قىلىش نىيىتىم ئەمەلگە ئاشمايدۇ . بۇ يەردە مۆتىۋەر ئەمىرلەر كۆپ ، ئۇلار بۇ ئىشلارغا باش بولۇپ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ ، شۇنداق بولسىمۇ مەنمۇ بىپەرۋالىق قىلمايمەن . ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەرقانداق ئىشلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن» دەپ ئۆزرە ئېيتتى .

شۇنىڭدىن كېيىن بابۇر پادىشاھ سۇلتان نىزامىددىن ئەلى خەلىفە ، مەۋلانا بابا بەشاغەرى ، ئەمىر ئەھمەدقاسىم كوھى ۋە باشقا بىرنەچچە مۆتىۋەر ئەمىرلەرنى چاقىرتىپ بارلىق مەملىكەت ئىشلىرىنى ئۇلارغا تاپشۇردى ۋە ئاتامغا قاراپ : «مەن خوراسانغا بېرىشىمدا بارلىق ئىشەنچنى سىزگە باغلىدىم . بۇ ئەمىرلەر ھەممە

---

① غەزنەين — ھازىرقى ئافغانىستاندىكى كابۇلنىڭ جەنۇبىدىكى غەزنە شەھىرى (مۇھەررىردىن) .

ئىشلارنى سىزنىڭ ئالدىڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرسۇن» دەپ تاپىلىدى، ئاندىن خوراسانغا قاراپ يۈزلەندى.

## ئونىنچى باب

# بابۇر پادىشاھنىڭ ۋەقەلىرىنىڭ زىكرى ۋە كابۇلدا دەھشەتلىك ماجىرا يۈز بەرگەنلىكىنىڭ بايانى

بابۇر پادىشاھ كابۇلدىن خوراسانغا بارغاندىن كېيىن تاكى قىشنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە كابۇل تىنچ ـ ئامانلىقتا ئىدى. بابۇر پادىشاھ خوراساندا ئۇزاق كېچىكتى. ئۇ تەرەپتىن ھەر خىل خەۋەرلەر كېلەتتى، لېكىن يول توسار قاراقچىلارنىڭ ۋەھىمىسى تۈپەيلىدىن يوللار ئېتىلگەنىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، يۇنۇسخاننىڭ بەش قىزى، ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئۇلاردىن ئۈچى بىر ئانىدىن ئىدى: بىرىنچىسى مىھرىنىگار خانىم، ئۇ شاھبېكەم بىلەن سەمەرقەندتىن ھىراتقا كېلىپ، ھىراتتىن كابۇلغا كەلگەنىدى. شۇ كۈنلەردە كابۇلدا ئىدى. ئىككىنچىسى بابۇر پادىشاھنىڭ ئانىسى قۇتلۇقنىگار خانىم، يېقىندا ۋاپات بولغانىدى. ئۈچىنچىسى پەقىر مىرزا ھەيدەرنىڭ ئانام، تىنچلىق مەزگىلىدە تاشكەنتتە ۋاپات بولغانىدى. بۇلار يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى. دېمەك، بۇ ئۈچ قىزنىڭ ئانىلىرى ئىسان دەۋلەت بېگىم ئىدى. سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخان ۋە سۇلتاننىگار خانىم — ئۇ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى مىرزا سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئايالى ئىدى، مىرزاخاننىڭ ئانىسى دەۋلەت سۇلتان بېگىم ئۇ

شاھبېگخاننىڭ ئوغلى تېمۇر سۇلتاننىڭ ئايالى ئىدى — بۇ ئىككى ئوغۇل ۋە ئىككى قىزنىڭ ئانىسى شاھبېگەم ئىدى. بۇلارنى تىلغا ئېلىشتىن مەقسەت شۇكى، شاھبېگەم بابۇر پادىشاھقىمۇ، پەقىرگىمۇ ئانا تەرەپتىن موما، مىرزاخانغىمۇ مومىسى ئىدى. پادىشاھ خانلار بىلەن بىرگە يېغىلىپ ھىسار تاغلىرىغا قېچىپ بارغان چاغدا، مىرزاخان شۇ تاغلاردا پادىشاھ بىلەن قوشۇلدى. شۇ ۋاقىتتىن تاكى بۇ مۇددەتكىچە بابۇر پادىشاھنىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى، بابۇر پادىشاھمۇ ئۇنى پەرزەنتى ئورنىدا كۆرەتتى. چۈنكى، مىرزاخاننىڭ دادىسى بابۇر پادىشاھنىڭ ئاتىسى بىلەن بىر تۇغقان، ئۇنىڭ ئانىسى بابۇر پادىشاھنىڭ ئانىسى بىلەن بىر تۇغقانىدى. بابۇر پادىشاھ خۇراسانغا بېرىش ۋاقتىدا مىرزاخان شاھبېگەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن كابۇلدا قالغانىدى. بۇ قىشتا خۇراسان تەرەپتىن ھەر خىل خەۋەرلەر ئاڭلانغىلى تۇردى. شاھبېگەمنىڭ كۆڭلىدە ئانىلىق مېھرى ئوتى يالقۇنجاشقا باشلىدى. ئۇ: «بابۇر پادىشاھ خۇراساندا مىرزىلارنىڭ قولىدا تۇتقۇن بولدى. چۈنكى، سۇلتان ھۇسەين مىرزا بىلەن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئوتتۇرىسىدا قان تۆكۈلۈپ قاتتىق ئاداۋەت چۈشكەنىدى، بابۇر پادىشاھ ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلالمايدۇ» دەيتتى. يەنە كېلىپ ئاشۇنداق خەۋەرلەرمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا، شاھبېگەم مىرزاخاننى بابۇر پادىشاھنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇش پىكرىگە چۈشتى، ئاندىن بۇ سۆزنى ئاتامغا ئىزھار قىلدى. ئاتام بۇنى مۇتلەق لايىق تاپمىدى ۋە بۇ ئارىدا كۆپ تالاش - تارتىش ۋە جېدەللەر بولدى. ئاخىر بۇ ئىشقا ماقۇل بولمىسا، شاھبېگەمگە ئازار يەتكۈزۈشكە توغرا كېلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. شاھبېگەمگە ئازار يەتكۈزگەندە خانلارغىمۇ ئازار يېتەتتى، ئاتامغا بۇ ئىشلار ئىنتايىن مۇشكۈل ئىدى. ئاخىر ئاتام: «سىلەر مېنىڭ توسقىنىم بىلەن چەكلىنىپ قالمايسىلەر، بۇ ئىشلارغا مەن باش بولالمايمەن» دېدى. بابۇر پادىشاھنىڭ ئەمىرلىرى ھەر كۈنى كابۇل قەلئەسىدىن چىقىپ ئاتامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلەتتى، تاكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇ ئادەتلىرىنى

تاشلىمىغانىدى . بۇ تالاش ـ تارتىش ۋە ماجىرالار تولا بولۇپ ، بىر ئايدىن كېيىن شاھبېكەم مىرزاخاننى بابۇر پادىشاھنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇشنى قارار قىلدى . شۇڭا ، ئاتام ئەمىرلەرگە مەخپىي ھالدا : «ئەمدى سىلەرنىڭ مېنىڭ قېشىمغا كېلىشىڭلار مۇۋاپىق ئەمەس ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئالدىمغا كەلمەڭلار» دەپ ئۇلارنى ياندۇردى ، ئەمىرلەر يېنىپ قەلئەگە كىرىپ كەتتى . ئاتام كابۇلدىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئابباران دېگەن يەرگە بېرىپ تۇردى ۋە ئۇ يەتنە ـ پاساتلارغا قوشۇلمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن شاھبېكەم پۈتكۈل موغۇللارنىڭ ئالدىدا خۇتبىنى مىرزاخاننىڭ نامىغا ئوقۇدى ۋە كابۇل قەلئەسىنى ئېلىشنىڭ قەستىگە چۈشتى . قانچە جەڭگۈجېدەللەرنى قىلغان بولسىمۇ ، ھېچبىر مەقسەتلىرى ھاسىل بولمىدى . شاھبېكەم ئاتامنى چاقىرغىلى نەچچە نۆۋەت كىشى ئەۋەتتى ، ئاتام قوبۇل قىلمىدى . ھەددىدىن زىيادە زورلاپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ، ئاتاممۇ ئىلاجسىز كەلدى ، تاكى يىگىرمە تۆت كۈنگىچە كابۇل قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلدى . تېخىچە جەڭگۈجېدەل تۈپىسىدە ئىدى ، بابۇر پادىشاھ يېتىپ كەلدى .

ئون بىرىنچى باب

## بابۇر پادىشاھنىڭ خوراسانغا بارغانلىقى ۋە كابۇلدا يۈز بەرگەن ئېغىر ماجىرانىڭ بايانى

ۋاقتىكى ، بابۇر پادىشاھ جەھانگىر مىرزىنىڭ ئارقىسىدىن خوراسانغا قاراپ يۈردى . پادىشاھ ھەزارە تاغلىرىدا جەھانگىر مىرزىغا يېتىشىپ كەلدى ، كېڭەش ۋە مەسلىھەت قىلىشىپ :

«خوراسانغا بارغان مۇۋاپىق . ئېھتىمال سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قوۋۋىتى بىلەن شاھىبېكخانغا تاقابىل تۇرغىلى بولار » دېگەن قارارغا كېلىپ ، بۇ خىيال بىلەن خوراسانغا قاراپ يۈردى . خوراسان خەلقى بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە كۆپ خۇرسەن بولۇشتى . خوراسان خەلقى سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كۈچى بىلەن شاھىبېكخانغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ ، دېگەن پىكىر بىلەن شادلىقتا چۆمۈشتى . لېكىن ، پادىشاھ مۆلچەرلەپ كۆردىكى ، سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئىتتىپاقلىششى مۇمكىن ئەمەس . تاكى بۇلار ئىتتىپاقلاشمىغۇچە ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە جەھانگىر مىرزا شارابنى تولا ئىچكەنلىكتىن ، ئىسھال ، مۇي ۋە تەبى مۇھەررىق (قىزىق تەب ) كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى . خالايىقنىڭ ئاغزىدا : «جەھانگىر مىرزىغا خەدىچە بېگىم شارابقا زەھەر قوشۇپ ئىچكۈزۈۋېتىپتۇ » دېگەن گەپ - سۆزلەر تارقالدى . شۇ سەۋەبتىن كابۇلغا ياناماقچى بولۇپ مىرزىلار بىلەن خوشلاشتى ، كابۇلغا قاراپ يۈزلەندى .

ئۇلار ھەزارە تاغلىرىغا يېتىپ كەلگەندە : «مىرزاخان ۋە مۇھەممەد ھۇسەين مىرزىلار كابۇلنى مۇھاسىرە قىلىپ ئۇرۇش قىلىۋاتقانمىش » دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى . بۇ يامان خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممە ئەسلىھە ۋە ئېغىر يۈكلىرىنى جەھانگىر مىرزىغا تاپشۇردى . چۈنكى ، جەھانگىر مىرزا كېسەل ئىدى ، مەيدە ئاستا كېلىۋاتاتتى . پادىشاھ بىرقانچە تېز يۈرگۈچى ئاتلىقلار ۋە چاققان پالۋانلارنى ئېلىپ كابۇلغا قاراپ يۈردى . ھىندۇقۇش تېغى[1]دا قار كۆپ ئىدى ، ناھايىتى قىيىنچىلىق بىلەن ئۆتۈپ تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈپ ، بىر كېچە سەھەر ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ تېگىش قىلدى .

---

① ھىندۇقۇش — ھازىرقى ئافغانىستان تەۋەسىدىكى تاغ ، ھىندىستان چېگرىسى بويىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن ) .

قەلئەنىڭ ئىچىدىكىلەر پاراكەندە بولۇپ ھەر تەرەپكە قېچىشتى ، قەلئە ئىچىدىكىلەر تاشقىرىغا چىقتى ، ئىچكىرى ـ تاشقىرىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى تالان ـ تاراج قىلدى . ئەمما ، ياخشىلىق ۋە مۇرۇۋۋەت بابۇر پادىشاھنىڭ خاس سۈپىتى ئىدى . ئۇ خۇشال ـ خۇرام ھالدا مومىنىنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى ، ھازىر ئۇ پادىشاھتىن يۈز ئۆرۈپ نەۋرىسى مىرزاخاننى پادىشاھنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزغانىدى . بابۇر پادىشاھ شاھبېكەم بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن شاھبېكەم ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى ۋە تىلىغا ھېچبىر سۆز كەلمىدى . بابۇر پادىشاھ تىزلىنىپ تەزىم قىلىپ ئەدەپ رەسمىيىتىنى بەجا كەلتۈردى ۋە : «كىشىنىڭ ئانىسى بىر پەرزەنتىگە شەپقەت ۋە ئىلتىپات قىلسا ، ئۇنى ئېغىر ئىلىپ مالال بولۇشقا يەنە بىر پەرزەنتىدە نېمە ھەد بولسۇن ؟ مەن شۇ تاپتا ئۇزاق يولدىن ھېرىپ كەلدىم» دەپ شاھبېكەمنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلىغان بولۇپ ياتتى ، ئۇ شاھبېكەمنى خىجالەتتىن چىقىپ كۆڭلى تەسەللى تاپسۇن ، دېگەن غەرەزدە ئىدى .

باركاللا ، ئاپىرىن بۇ ياخشىلىققا . تېخى پادىشاھنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بارمىغانىدى ، پادىشاھنىڭ ھاممىسى مېھرىنىگار خانىم كىرىپ كەلدى . پادىشاھ چاچراپ قوپتى ۋە خانىم بىلەن كۆرۈشتى . خانىم ئۇنىڭغا : «ياراتقۇچى ئۇلۇغ تەڭرىگە يۈز مىڭ شۈكرى ـ سانا بولسۇنكى ، دىدارىڭىزنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇق . ئەھلى ئاياللىرىڭىز جامالىڭىزنى كۆرۈشكە ئىنتىزاردۇر . قوپۇڭ قەلئەگە كىرىڭ ، بىزمۇ شۇ يەرگە كىرىمىز» دېدى . بابۇر پادىشاھ قەلئەگە كىردى . بارلىق ئۆلىمالار ، ئەمىرلەر تەڭداشسىز تەڭرىگە شۈكرى ـ سانالار ئادا قىلدى . ئۇلار خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى بابۇر پادىشاھنىڭ مۇرۇۋۋەتلىك ئاياغلىرى تۇپراقلىرىنىڭ سۈرمىسى بىلەن روشەن قىلدى . بۇ چاغدا خانىم مىرزاخاننى ۋە ئاتامنى ھەمراھ قىلىپ بابۇر پادىشاھنىڭ قېشىغا يوردى . ئۇلار يېقىنلىشىپ كەلگەندە بابۇر پادىشاھ خانىمنىڭ ئىستىقبالىغا

چىقتى . خانىم ئۇنىڭغا : «ئەي جانۇجاھانىم ، گۇناھكار قىرىندىشىڭ-
نى ئىلىپ كېلىشتى . بۇلار توغرىسىدا نىمە دەرسەن ؟ » دەپ ئاتامغا
ئىشارەت قىلدى ، بابۇر پادىشاھ ئاتامنى كۆرۈش بىلەنلا تىزلىكتە
ئىلگىرىكــــى تەزىم ۋە تەۋازۇلارنــــى بەجا كەلتۈرۈپ خۇشال
كۆلۈمسىرەپ كۆرۈشتى ۋە قۇچاقلاشتى . ئىنتايىن خۇش مۇئامىلە
ۋە مېھىر ـ شەپقەتلەر بىلەن ئاتامنىڭ ئەھۋالىنــــى سورىدى ،
ئۇنىڭدىن كېيىن مىرزاخان بىلەن كۆرۈشتى . ئۇنىڭغىمۇ زور
مېھىر ـ شەپقەتلەر كۆرسەتتى ۋە ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن
مەجلىس تۈزدى . شۇنداق قىلىپ بۇلارنى يا تۇرالمايدىغان ، يا
كېتەلمەيدىغان ھالەتتە ھەيران قىلدى ، بۇلار خىجالەتتىن باشلىرى-
نى ئۇستۇن كۆتۈرەلمەيتتى . كەرەملىك بابۇر پادىشاھ بۇلارنىڭ
خىجالەت غۇبارلىرىنى ئادەمگەرچىلىك ۋە ياخشىلىق سۈيى بىلەن
يۇياتتى . ئەمما ، ئۇ بولمىغۇر قىلىقنىڭ خىجالەتچىلىك غۇبارلىرى
ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىگە مەھكەم ئورنىشىپ ھەرگىز بىر تەرەپ
بولمىدى . ئاتام بىلەن مــىرزاخان قەندەھارغا بېرىشقا رۇخسەت
ئالدى ، ئۇلار شاھبېكەم بىلەن خانىمنى ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن
ئاسراپ قەندەھارغا يېتىپ كەلدى . شۇنىڭدىن كېيىن مىرزاخان
قەندەھاردا قالدى . ئاتام فەراھ ۋە سىيىستان[1] تەرەپكە كەتتى . ئۇ
خوراساندا كۆڭلىگە پۈككەن مۇبارەك نىيەتنى ئادا قىلماقچى ئىدى .
ئاتام فەراھقا يېتىپ كەلگەندە شاھبېكخاننىــــڭ خوراساننــــى
ئالغانلىقى ۋە چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن خانۋەيران
بولغانلىقى ، يوللارنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى ئارقا ـ ئارقىدىن
ئاڭلاندى ، شۇڭا ئاتامنىڭ ئۇ مەقسىتى ۋۇجۇدقــا چىقمىدى . بۇ
چاغدا تــارىخنىڭ (ھىجرىيە) 912 ـ يىلى[2] بولغانىدى .

---

① سىيىستان — ھازىرقى ئىران ۋە ئافغانىستان تەۋەسىدىكى چۆللۈك ، فەراھ
دەرياسى ، ھەلمەند دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بۇ يــەردىن ئېقىــــپ ئۆتــــدۇ
(مۇھەررىردىن) .

② ھىجرىيە 912 ـ يىلى مىلادىيە 1506 — 1507 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

## ئون ئىككىنچى باب

# بابۇر پادىشاھنىڭ كابۇلدىكى ۋاقتىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى ۋە بۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر خىل ھېكايەتلەرنىڭ زىكرى

بىلمەك كېرەككى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 909 - يىلى[1] بابۇر پادىشاھ مۇقىم ئىبنى زۇننۇن [ئارغۇن]دىن كابۇلنى ئالدى ۋە خۇسرەۋ شاھنىڭ لەشكىرىمۇ پادىشاھ بىلەن بىللە ئىدى، ئۇلار يىگىرمە مىڭغا يېقىن كىشى ئىدى. شۇڭا، كابۇلدا قىستىلىپ تەڭلىك تارتتى. شۇ سەۋەبتىن بابۇر پادىشاھ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلدى. بۇ سەپەردە يول بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن مۈشكۈل يوللارغا كىرىپ كېتىپ، ئات - ئۇلاغلارنىڭ كۆپىنچىسى نابۇت بولدى. ئاخىر ئىلاجسىز كابۇلغا يېنىپ كەلگەندىن كېيىن خۇسرەۋ شاھنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى چېچىلىپ ھەر تەرەپكە كەتتى. مۇشۇ ۋەقە ئەسناسىدا شاھبېكەم ۋە ئاتام كابۇلغا كەلدى، بابۇر پادىشاھ خوراسانغا باردى، بۇلار يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىز قەندەھار تەرەپكە باردۇق. بۇ ئىشلاردىن پادىشاھنىڭ تاۋابىئاتى ئاجىزلاشتى، ئۇنىڭ كۆڭلىرى تەڭلىك ئىچىدە ئۆتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۈنلەردە جەھانگىر مىرزا ۋاپات بولدى. پادىشاھ بۇ ۋەقەدىن كېيىن قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر كابۇلدا تۇرۇش قارارىغا كەلدى ۋە

---

[1] ھىجرىيە 909 - يىلى مىلادىيە 1503 — 1504 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

قەندەھاردىكى شاھبېككە كىشى ئەۋەتتى . شاھبېك زۇننۇن ئارغۇننىڭ ئوغلى بولۇپ ، زۇننۇن ئارغۇن سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن ئىدى . ئۇ ئوتتۇز يىلدىن بېرى سۇلتان ھۇسەين مىرزا تەرەپتىن قەندەھاردا تۇرۇپ تولۇق ھوقۇق بىلەن ھۆكۈمەت تۇتقانىدى . گەرچە ئۇ ئۆزى شىجائەتلىك ۋە پاراسەتلىك بولسىمۇ ، لېكىن ناھايىتى بېخىللىق بىلەن نۇرغۇن خەزىنە توپلىغانىدى . ئۆزى مىرزىلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن خوراسانغا كەتكەنىدى . شاھبېكخان ھىرات ئۈستىگە يېتىپ بارغىنىدا زۇننۇن يالغۇز تاقابىل تۇرۇپ ، ئۆزبېك لەشكىرىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى بىلەن بىر پەس ئۇرۇش قىلدى ۋە شۇ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى . قەندەھاردا زۇننۇن [ئارغۇن]نىڭ ئورنىدا ئوغلى شاھبېك ھاكىمىيەت ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى . بابۇر پادىشاھ ئۇنىڭغا كىشى ئەۋەتىپ : «ھازىر سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ پەرزەنتلىرى چېچىلىپ كەتتى ، ئەڭ ياخشىسى ئىتائەت ۋە خىزمەت ئىشىكىنى ئاچقىن . چۈنكى ، ھازىر بىزنىڭ سەلتەنەت بارگاھىمىزدا ئەمىر ۋە ۋەزىرلىك ئورنىغا ئولتۇرۇشقا سەندىن لايىقراق كىشى يوقتۇر» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ ، ئەنە شۇنداق ۋەدە ئارىلاش سۆزلەرنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ ئارىغا سالدى . ئەمما ، شاھبېك قوبۇل قىلمىدى ، چۈنكى ئۇ بابۇر پادىشاھقا خىزمەت قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن ئار - نومۇس دەپ بىلەتتى .

ئەلقىسسە ، شاھبېك ھېچبىر يول بىلەن سۈلھىگە كەلمىدى ، ئاخىر ئىش ئۇرۇش قىلىشقا قارار تاپتى . بابۇر پادىشاھ قەندەھار ئۈستىگە باردى ، ئىككى تەرەپ يۈزمۇيۈز تاقابىل تۇرۇشۇپ ئۇرۇش قىلدى . ناھايىتى قاتتىق ۋە قانلىق ئۇرۇش بولدى ، ئاخىر غالىبىيەت شامىلى بابۇر پادىشاھنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىنى لەپىلدەتتى ۋە مەغلۇبىيەت توپا - تۇمانلىرىنى شاھبېكنىڭ لەشكىرىنىڭ كۆزىگە چاچتى . ئۇلارغا پاراكەندىلىك ۋە ساراسىمىلىك يۈزلىنىپ قەندەھار قەلئەسىگە كىرگۈدەك ماجال تاپالمىدى ، پارلاق ئىستىقبالنى خارۇزارلىققا تېگىشىپ پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشتى .

بابۇر پادىشاھىنىڭ قولىغا شۇ قەدەر كۆپ خەزىنە چۈشتىكى، ئالتۇن ۋە جاۋاھىراتنى لەشكەرلەرگە سەرلەپ تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇ چاغدا مىرزاخان قەندەھاردا ئىدى، بابۇر پادىشاھ ناھايىتى دۆلەتمەنلىك بىلەن ۋە نۇرغۇن غەنىيمەت ماللار بىلەن كابۇلغا يېنىپ كەلدى. قەندەھارنى جەھانگىر مىرزىنىڭ ئىنىسى سۇلتان ناسىر مىرزىغا بەردى. كابۇلغا كەلگەندە بەدەخشان تەرەپتىن: «خۇسرەۋ شاھنىڭ ۋىلايىتى ئۆزبېككە تەۋە بولۇپ كەتتى. لېكىن، بەدەخشان خەلقىنىڭ بەزىلىرى ئۆزبېككە بويسۇنماپتۇ، نەچچە قېتىم ئۆزبېك لەشكىرىگە زەربە بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ چوڭى زەبىراغى[1]» دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شاھبېكەم بەدەخشانغا بېرىش زۆرۈرىيىتىنى ئارىغا سالدى. ئۇ: «بەدەخشان مېنىڭ ئۈچ مىڭ يىلدىن بېرىقى مىراس - مۈلكۈمدۇر. گەرچە مەن ئايال كىشى، سەلتەنەت بىلەن مۇناسىۋىتىم يوق بولسىمۇ، ئەمما نەۋرەم مىرزاخان بار، بەدەخشان خەلقى مەندىن ۋە پەرزەنتىمدىن ئۆزىنى قاچۇرماس» دېدى. شۇڭا، بابۇر پادىشاھ رۇخسەت بېرىپ بەدەخشانغا بېرىشقا ئىجازەت قىلدى. شاھبېكەم ۋە مىرزاخان بەدەخشانغا باردى. قېرىندىشىم مۇھەممەدشاھمۇ شاھبېكەمنىڭ خىزمىتىدە ئىدى، ئۇمۇ ھەمراھ بولۇپ كەتتى. ئۇلار بەدەخشانغا يېقىنلاپ بارغاندىن كېيىن مىرزاخاننى زۇبەير ئاغا قېشىغا يېتىپ كەلگەنلىكى خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ۋە ئۇنىڭ خىيالىنى ئاڭلاپ بېقىشقا ئەۋەتتى. بۇ غەرەز بىلەن مىرزاخان زۇبەير ئاغا قېشىغا يۈرۈپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا مىرزا ئەبابەكرىنىڭ لەشكىرى كاشغەردىن يېتىپ كېلىپ، شاھبېكەم ۋە خانىملارنى ھەممە تەۋەلىرى ۋە تەئەللۇقاتلىرى بىلەن تۇتۇپ كاشغەرگە ئېلىپ كەتتى. مىرزا ئەبابەكرىنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە بايان قىلىنغۇسى.

① زەبىراغى — راغلىق كىشى دېگەن مەنىدە. راغ بەدەخشاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغلىق رايون بولۇپ، پەنج دەرياسىنىڭ ئوڭ ۋادىسىغا توغرا كېلىدۇ (مۇھەررىردىن).

مىرزاخان بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ زۇبەير ئاغا قېشىغا قېچىپ باردى . باشتا زۇبەير ئاغا دەرھال ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئالدىغا چىقتى . ئەمما ، ئاخىردا ئۇنى شۇ قەدەر نەزەربەند قىلدىكى ، مىرزاخاننىڭ قېشىدا ئۆزىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ خىزمەتكارىدىن باشقا كىشى قويمىدى ، نەچچە مۇددەتكىچە مۇشۇنداق ئۆتتى . يۇسۇپ ئەلى كۆكۈلداش مىرزاخاننىڭ كونا مۇلازىمى ئىدى . ئۇ ئون سەككىز كىشى بىلەن بىرلىشىپ ، كېچىدە بېرىپ زۇبەير ئاغىنى ئۆلتۈردى ۋە مىرزاخاننى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈردى . بۇ ۋاقىت تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 913 ـ يىلى① بولغانىدى . تاكى ئاخىرقى ۋاقىتلارغىچە بەدەخشان مىرزاخاننىڭ قولىدا ئىدى .

بابۇر پادىشاھ قەندەھارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن كابۇلدا تۇراتتى . خۇسرەۋ شاھنىڭ موغۇللىرىدىن قالغان بىرمۇنچە جامائەت بار بولۇپ ، ئۇلار مىڭغا يېقىن كىشى ئىدى . ئۇلار ئەبدۇررەززاق مىرزا ئىبنى ئۇلۇغبەگ كابۇلىنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈرۈپ بابۇر پادىشاھقا قارشى چىقتى . شۇڭا ، بابۇر پادىشاھ بىلەن بىللە بەش يۈزدىن ئارتۇق كىشى قالمىدى . بابۇر پادىشاھ ئىنتايىن جۇرئەتلىك بولغانلىقتىن ، بەش يۈز كىشىنى باشلاپ ئۇرۇشقا كىردى . بابۇر پادىشاھنىڭ ئۇرۇشلىرى ئىچىدە بىر چوڭ ئۇرۇش مۇشۇ ئۇرۇشتۇر . دېمەك ، نۇرغۇن جەڭگۇجېدەللەردىن كېيىن قارشى تەرەپكە مەغلۇبىيەت يۈزلەندى . بابۇر پادىشاھ ئۇ ئۇرۇشتا يالغۇز بەش كىشىگە تاقابىل تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قىلدى . ۋەھالەنكى ، ئۇ بەش كىشى قارشى تەرەپ لەشكەرلىرى ئىچىدىكى ئىلغانغان باھادىرلار ئىدى . بابۇر پادىشاھ ئەلى گۇر ، ئەلى سىنا ۋە يەنە ئۈچ باھادىر پالۋان بىلەن تاقابىل تۇرۇپ ئېلىشتى ، پادىشاھ ئۆتكۈر شەمشىرى بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قاچۇردى . ئەبدۇررەززاق مىرزا شۇ ئۇرۇشتا پادىشاھنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشتى ، ئەمما پادىشاھ كەڭچىلىك قىلىپ ئۇنى قويۇپ

① ھىجرىيە 913 ـ يىلى مىلادىيە 1508 — 1509 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

بەردى . بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن پادىشاھىنىڭ ئىش - كۈشلىرى راۋاج تېپىپ ، كابۇلدا مۇستەھكەم ئورۇنلاشتى . تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 916 - يىلى[1] بولغاندا شاھبېكخان ئۆلتۈرۈلۈپ يوقىتىلدى ، شۇ ۋاقىتقىچە پادىشاھ كابۇلدا ئىدى . بۇ ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنغۇسىدۇر .

## ئون ئۈچىنچى باب

# شاھبېكخاننىڭ خارەزمگە بارغانلىقى ،خارەزمنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى ،ئاندىن ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلىپ خوراسان مەملىكىتىگە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بايانى

شاھبېكخان موغۇلنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان موغۇلىستانغا قاچتى ، ئاتام خوراسانغا كەتتى . قالغانلاردىن بەزىسىنى ئۆلتۈردى ، بەزىسىنى زىندانغا سالدى . شاھبېكەمنى خوراسانغا ئەۋەتتى ، قالغان موغۇل خەلقىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ خارەزمگە باردى . خارەزمنى ئون بىر ئايغىچە قورشىدى ، خارەزمدە سۇلتان ھۇسەين مىرزا تەرەپتىن ھۇسەين سوپى ھاكىم ئىدى . بۇ ئون بىر ئاي مۇددەت ئىچىدە ھېچكىم ئۇنىڭ پەريادىغا يەتمىدى . ئۇ بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى ، بەزىلىرىنى زىندانغا سالدى . ئۇنىڭغا ھېچبىر تەرەپتىن ياردەم بېرىلمىدى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئاجايىپ - غارايىپ ئۇرۇشلارنى قىلدىكى ، ئۇنىڭ ئۇرۇشلىرى ھازىرمۇ ئۆزبېكلەر ئارىسىدا مەسەل

---

[1] ھىجرىيە 916 - يىلى مىلادىيە 1510 — 1511 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

بولۇپ تارقىلىپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ پۈتكۈل مائاش ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلىرى قالمىدى، كۆپ خەلق ئاچلىقتىن ئۆلدى ۋە ئۇرۇش قىلغۇدەك ماجاللىرى قالمىدى. شۇ ۋاقىتتا شاھبېكخان خارەزمنى ئالدى ۋە ھۈسەين سوپىنى ئۆلتۈردى، ئۇنىڭدىن كېيىن سەمەرقەندكە قايتىپ كەلدى. خارەزمنى ئىشغال قىلىشتىن ئىلگىرى بەلخنى ئالتە ئاي قورشاپ قولغا كىرگۈزەلمەي ئارىلىقتا قالغانىدى، بۇ ۋەقە يۇقىرىدا بايان قىلىندى. شاھبېكخان خارەزمنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن يەنە بەلخكە يۈرۈش قىلدى، بەلخنىمۇ ئىشغال قىلىپ سەمەرقەندكە يېنىپ كەلدى. قىشنى سەمەرقەندتە چىقىرىپ، باھار ۋاقتىدا خوراسانغا يۈرۈش قىلدى. سۇلتان ھۈسەين مىرزا شۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى يىلى ۋاپات بولغانىدى، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ پىكرى سۇس، تەدبىرلىرى كوتا بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، ھېچقايسىسى بىر - بىرى بىلەن ئىتتىپاق ئەمەس ئىدى. شاھبېكخاننىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى ئاڭلانغاندىن كېيىن ئۇلارغا ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ يۈزلەندى، ھەر كىم ھەر قىسما مەسلىھەتلەرنى كۆرسەتتى، ئەمما تېخىچە ئوي - خىياللىرى بىر يەرگە قارار تاپمىغانىدى. شاھبېكخان ھىراتقا يېتىپ كەلدى، دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى، مىرزا زۇننۇن [ئارغۇن] ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇردى. ئۇ ئۇلۇغ كەلكۈننى بىر سىقىم تۇپراق بىلەن باغلاپ توختاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەشئەلنى خەس ۋە خەشەك بىلەن ئۆچۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتى. شاھبېكخاننىڭ لەشكىرىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى ئۆزبېكلەر ئىدى، ئۇلار بىلەن بىر پەس ئۇرۇش قىلدى، مىرزا زۇننۇن شېھىت بولدى. ئۆزبېك لەشكىرى شۇ يەردىن يۈرگەنچە ئۇدۇل ھىرات شەھرىگە كېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى، مىرزىلار ۋە ئەمىرلەر ھەر تەرەپكە قاچتى. شاھبېكخانغا: «ھىرات ئىشغال قىلىندى، لەشكەرلەر شەھەر ئىچىگە كىردى» دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. ھىراتتەك بۇنداق چوڭ شەھەر مۇنچە ئاسان قولغا كىرەمدۇ؟ دەپ ھەممە خالايىق

ئەجەبلەندى . «تەزكىرەتۇش ـ شۇئەرا» (شائىرلار تەزكىرىسى ) ناملىق كىتابتا ئىسمى زىكىر قىلىنغان مۇھەممەد سالىھ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن ئىدى . ئۇ خوراساننىڭ ئىشغال قىلىنغانلىق تارىخىنى «فتح خراسان» (فەتھى خوراسان ) دىگەن سۆزدىن چىقىرىپتۇ ، ئۇنىڭ سانى توققۇز يۈز ئون ئىككىدۇر[1] .

## ئون تۆتىنچى باب

## ئاتام مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگاننىڭ شاھبېكخان ھۇزۇرىغا بارغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەلەرنىڭ بايانى ، شاھبېكخاننىڭ تاغام سۇلتان مەھمۇدخاننى ۋە ئاتامنى شېھىت قىلغانلىقىنىڭ زىكرى

ئاتام — تەگرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي — بىلەن مىرزاخان كابۇلدىن قەندەھارغا كەلگەندىن كېيىن مىرزاخان قەندەھاردا قالدى . ئاتام ھەج قىلىش نىيىتىدە قەندەھاردىن ئۆتۈپ كەتتى ۋە سىيستانغا بېرىشنى قارار قىلدى ، ئاندىن نۇھبەندان يولى بىلەن كىرمان[2]غا بارماقچى بولدى . چۈنكى ، خوراسان بىلەن بارسا خوراساندىكى مىرزىلار ئۇنى توختىتىپ قالاتتى . ئاتام قەندەھاردىن ئۆتۈپ فەراھقا يېقىن يېتىپ كەلگىنىدە ، بىر توپ جامائەت قېچىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئەھۋالى شۇ دەرىجىدە خاراب ۋە پەرىشان ئىدىكى ، ئۇنىڭدىن زىيادىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى .

① ھىجرىيە 912 ـ يىلى مىلادىيە 1506 — 1507 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .
② كىرمان — ھازىرقى پېرسىيە قولتۇقى بويىدىكى كىرمان (مۇھەررىردىن ) .

ئۇ جامائەت بايان قىلىپ : «شاھبېكخان خوراساننى ئالدى ، بىز قېچىپ كەلدۇق» دەپ ھەممە ۋەقەنى ئېيتتى . ئاتام ئۇ يەردىن فەراھقا باردى . ھەر تەرەپتىكى يوللارنىڭ خەۋپلىك ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇ يەردە باشقا ئامال تاپالماي تاكى ئۈچ ئايغىچە فەراھتا تۇردى . شاھبېكخان ئاتامنىڭ فەراھتا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى ۋە كۆپ تەكىتلەشلەر بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى ، ئاتام فەراھنىڭ ئۇلۇغلىرى بىلەن بىللە باردى . شاھبېكخاننى كۆردىكى ، ئۇلاڭ كەھدەستان[1]دا شۇ قەدەر ئۇلۇغۋارلىق بىلەن ئولتۇرۇپتۇكى ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى بۇ كىتابقا سىغماس . ئۇنىڭ دەبدەبە ۋە ھەشەمىتى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى ، نەچچە يىللارغىچە ئۇنىڭغا ئۆزگىرىش ۋە زاۋاللىق يېتىشىنىڭ ئېھتىمالى يوق ئىدى . ئەجەب ھالەتتۇركى ، ئازغىنا مۇددەتتىلا پەيدا بولۇپ كېتىپ ، ئاندىن يوق بولدى . بۇ ۋەقە پات پۈرسەتتە بايان قىلىنغۇسى .

دېمەك ، ئاتامغا شاھبېكخان ئىززەت ۋە ئىكراملار قىلدى ، ئىلتىپات دانلىرى ۋە ئىنئام كانلىرى بىلەن ئەزىزلىدى ، ئاندىن قەندەھارغا كەلدى . قەندەھاردا سۇلتان ناسىر مىرزا بار ئىدى . قىرىق كۈنگىچە قەندەھارنى مۇھاسىرە قىلدى ، ئاخىر سۇلھى قىلىشىپ غەنىيمەت مال ئېلىپ ياندى . شۇ يىلى مەشھەد[2] ، نىشاپۇر[3] ، ئەستىرئاباد[1] ، تەرشىز قاتارلىق جايلاردا سۇلتان ھۈسەين مىرزىنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن شاھبېكخاننىڭ ئارىسىدا نەچچە قېتىم ئۇرۇش بولدى . ئەمما ، ھەر قېتىمدا غەلىبە ئۆزبېك تەرىپىدە ، مەغلۇبىيەت چاغاتاي تەرىپىدە ئىدى . چاغاتايلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ ئۇرۇشلاردا ئۆلتۈرۈلدى . قالغانلىرى شۇ قەدەر

---

① ئۇلاڭ كەھدەستان — ھازىرقى ئافغانىستاندىكى ھىراتنىڭ ئەتراپىدا (مۇھەررىردىن) .

② مەشھەد — ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەھەر (مۇھەررىردىن) .

③ نىشاپۇر — ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەھەر (مۇھەررىردىن) .

④ ئەستىرئاباد — ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەھەر (مۇھەررىردىن) .

پاراكەندە بولدىكى، شۇنىڭدىن كېيىن مۇتلەق بىر جەمئىيەت ھالىتىگە كېلەلمىدى.
شۇ ئەسنادا ئۇبەيدۇللاخان سۇلتان ئىدى، بۇخاراغا باراتتى، چۈنكى بۇخارا ئۇنىڭ مىراس پايتەختى ئىدى. ئۇ مېنى ئاتامدىن تىلىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى، ئاتامنىڭ پەرزەنتلىرى زىكرىدە بايان قىلىنغىنىدەك، ئاتامنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭى ھەبىبە سۇلتان خانىش ئىدى. ئاتام شەھرىسەبزدىكى ۋاقتىدا ھەبىبە سۇلتان خانىشنى شاھىبېكخان ئۇبەيدۇللا سۇلتانغا نىكاھ قىلىپ قويغانىدى. شۇ ئالاقە بىلەن ئۇبەيدۇللا سۇلتان مېنى ئاتامدىن تىلەپ بۇخاراغا ئېلىپ كېلىپ ھەمشىرەم قېشىدا ساقلىدى.
شۇ يىلى قىشتا شاھىبېكخان ماۋەرائۇننەھر بىلەن قازاقلار ئۈستىگە ئاتلاندى. ئاتام شاھىبېكخان بىلەن بۇخاراغا كەلدى، شاھىبېكخان قازاقلا ئۈتۈپ كەتتى، ئاتامنى سەمەرقەندتە قويدى. باش باھار پەسلىدە شاھىبېكخان دەشتى قىپچاقتىن يېنىپ خوراسانغا كەتتى، سەمەرقەندنى ئوغلى تېمۇر سۇلتان بىلەن ئاتامغا تاپشۇردى. شۇ يىلى يازدا ئاتام سەمەرقەندتە، مەن بۇخارادا ئىدىم. شۇ چاغدا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ موغۇلىستاندىن ئەندىجانغا كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى. شاھىبېكخان ئاتامنى خوراسانغا چاقىرىپتۇ، ئاتام خوراسانغا سەپەر قىلدى. ئەمما، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر نەزەرلىرى بىلەن ئېنىق كۆرگەنىدى ۋە شېھىتلىك رەڭگىنى ئەجەل لەۋھەسىدە تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. ئەمما، بەزىدە يەنە ھايات رىشتىسىنى نىجاتلىق ئۈمىدىنىڭ رىشتىلىرى بىلەن باغلايتتى. ھالبۇكى، نىجاتلىق ئۈمىدىنىڭ رىشتىلىرى ئۆمۈچۈك تورىنىڭ رىشتىسىدىنمۇ ئاجىزراق ئىدى. لېكىن، مېنىڭ مۇھاپىزىتىمگە كۆپتىن - كۆپ تىرىشچانلىقلار ۋە ئېھتىياتلارنى قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەپسى شاھادەت قايىنىمى ئىچىدە غەرق بولسىمۇ، مېنىڭ سالامەتلىك ساھىلىدا بالا - قازا دولقۇنىنىڭ ئاپىتىدىن سالامەت قېلىشىمنى ئىستەيتتى.

بىرىنچى قېتىم خوراسانغا بارغاندا ، مېنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىر سالىھ ۋە پەزىلەتلىك مۇئەللىمنى تەكلىپ قىلغان ، ئۇنىڭ ئىسمى ھافىز مىرىم ئىدى ، ھەقىقەتەن سالىھ ۋە پېقىر ، نەسىخ ، تەئلىق خەتلىرىدىن ۋە خىلمۇخىل ئىلىم ـ پەزىلەتلەردىن خەۋەردار كىشى ئىدى . ھافىز مىرىم ئاتلىق بۇ مۇئەللىمگە ئاتامنىڭ مۇھەببىتى ناھايىتى زىيادە ئىدى . خاھى راھەت ـ پاراغەت ۋاقتىدا بولسۇن ، خاھى مېھنەت ـ مۇشەققەت مەزگىلىدە بولسۇن ، ئۇ مۇئەللىم ئاتام بىلەن بىللە ئىدى . ئۇ ماڭا قۇرئان ۋە خەتتاتلىقتىن تەلىم بېرەتتى . ئاتامنىڭ خوراسانغا ئىلاجسىز بېرىشىغا توغرا كەلدى . ئۇ ماڭا مەخپىي ھالدا ئىلتىپات ۋە مېھرىبانلىق قىلىپ ، شەپقەت بۇلۇتلىرىدىن ياغقان تامچىلاردەك كۆز ياشلىرىنى تۆكتى . ئاتام كۆزلىرىدىن مېھىر ۋە مۇھەببەت ياشلىرىنى ئاققۇزاتتى ۋە : «تاغاڭ سۇلتان مەھمۇدخان موغۇلىستاندىن چىقىپتۇ ، ئۇنىڭغا ھەرقانچە نەسىھەتلەر قىلىپ : ‹ئەمىر تېمۇرنىڭ سەلتەنىتى كۈچەيگەندىن كېيىن ۋە موغۇلىستان خاراب بولغاندىن كېيىن سىزنىڭ ئاتا ـ بوۋا ئەجدادىڭىز موغۇلىستاندا بەرقارار بولۇپ پۈرسەت كۈتۈپ تۇرغانىدى . ئۇلار كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ كەملىكى ۋە تۇرلۇك ـ تۈمەن تائام ۋە نازۇنېمەتلەرنىڭ يوقلۇقىغا قانائەت قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ۋە لەشكەرلىرىنىڭ ئار ـ نومۇسىنى تۆكمىگەنىدى . ئۇلار نەپىس رەختلەردە تىكىلگەن لىباسلارنىڭ ھۇزۇرى ھەمدە لەزىز تائام ، شاراب ۋە مېۋىلەرنىڭ لەززىتىدىن كېچىپ ، ئۆز جانلىرىنىڭ سالامەتلىكى ۋە نۇسرەت ئېلىپ كەلگۈچى لەشكەرلىرىنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامىنى قوغدىغانىدى ، تاكى يۈز يىگىرمە يىلغىچە مۇشۇ ئەھۋالدا ئۆتتى . يەنە كېلىپ جانابىڭىزنىڭ مۇبارەك ۋۇجۇد قۇياشىمۇ موغۇلىستاندىكى دەريانىڭ شەرقىدە ، يەنى خاقانلار نۇرلىرىنىڭ مەشرىق تەرىپىدە تۇغۇلغانىدى . ياشلىق ۋاقتىڭىزدىن تاكى ئوتتۇرا ياشلارغىچە بولغان دەۋرىڭىزگىچە ئارىلىقتا ئىلگىرىكى ئەجدادىڭىزنىڭ دەۋرىدە ۋەيران بولغان موغۇلىستاننى ئاۋات قىلدىڭىز ، بۇنداق پۈرسەتكە بۇزرۇكۋار

ئەجدادىڭىزمۇ ئىنتىزار ئىدى . سۇلتان يۇنۇسخانغا ۋە سىزگە ئاتا - بوۋىلىرىڭىزمۇ ھەسەت قىلىدىغان مەملىكەتلەر نېسىپ بولدى ، ئۇلارغا ئىگە بولۇپ ئىدارە قىلدىڭلار . ئون ئىككى يىلغىچە تولۇق كامال تاپقان پېتى ھايات كەچۈردۈڭلار . ھازىر سىزنىڭ لەشكىرىي كۈچىڭىز شاھىبېكخاننىڭ لەشكىرىگە يەتمەيدىغانلىقى كۈندەك روشەندۇر . شۇڭا ، سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى شۇكى ، ھازىرچە موغۇلىستاندا تۇرغايسىز ، ھاياتلىقنى ھەرقانچە مېھنەت - مۇشەققەت بىلەن ئۆتسىمۇ ، ئۆلۈمدىن نەچچە ھەسسە ئەۋزەل بىلگەيسىز . ماڭا ناھايىتى ئوچۇق - ئاياندۇركى ، ئەگەر شاھىبېكخان سىزنى تېپىۋالسا ، سىزنى ئەڭ خارۇزار بولغان ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ ، ھېچبىر سەۋەب بىلەن سىزنى ساق قويۇشنى راۋا كۆرمەيدۇ › دەپ شۇنچىۋالا قاتتىق تەكىتلەپ قايتا - قايتا نەسىھەت قىلدىم . ئەپسۇسكى ، مەن جان ۋە دىلىم بىلەن ھەرقانچە نەسىھەت قىلغان بولسامۇ ، ئەمما كالتە پەملىكتە تەڭداشسىز ، خەشخاش ئۇرۇقى چاغلىق مەنپەئەتنىڭ ئۈمىدىدە بىر ئالەمنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبكار بولىدىغان بىرقانچە رەزىللەر بار ئىدى . ئۇ پەسكەشلەر خانغا : ‹مۇھەممەدھۇسەين مىرزا سىزنىڭ شاھىبېكخان ھۇزۇرىغا بېرىشىڭىزنى خالىمايدۇ . چۈنكى ، شاھىبېكخان ئۇنىڭغا تولا ياخشىلىق ۋە ئىززەت - ھۆرمەتلەر قىلىۋاتىدۇ . سىزنىڭ بېرىشىڭىز بىلەن ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتى كەملەپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىۋاتىدۇ . ھالبۇكى ، مۇھەممەدھۇسەين مىرزا سىز شاھىبېكخانغا قىلغان ياخشىلىقلارنىڭ ئوندىن بىرىنى قىلغان ئەمەس ، ئەمما شاھىبېكخان مۇھەممەد-ھۇسەين مىرزىغا بۇ قەدەر ھۆرمەت قىلىۋېتىپتۇ . سىزگە ئۇنىڭدىن يۈز ھەسسە ، بەلكى مىڭ ھەسسە زىيادە ھۆرمەت قىلغۇسىدۇر › دەپ ۋەسۋەسگە سالاتتى . بۇ خام خىياللار سۇلتان مەھمۇدخانغا يېقىملىق ئاڭلىنىپتۇ ، شۇڭا ماڭا : ‹ھەي ئاداش ، ئەجەبا ئۆزىڭىز خوراسان ۋە سەمەرقەندتە نازۇنېمەتلەر بىلەن خۇشال - خۇرام ئۆمۈر ئۆتكۈزىسىز ، ھالبۇكى موغۇلىستاننىڭ ۋەيرانلىقى ،

تىرىكچىلىكنىڭ قىيىنلىقىنى بىلىسىز . شۇنداق تۇرۇپ مېنىڭ ئاشۇنداق تەڭلىك ئىچىدە مېھنەت بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشۈمنى راۋا كۆرىسىز ، دەپ جاۋاب بېرىۋاتىدۇ . ئۇ رەزىل ئادەملەرنىڭ بىھۇدە سۆزلىرىگە چىن پۈتۈپ بۇياققا كېلىۋېتىپتۇ . بۇ قېتىم ئۇ ئەلۋەتتە شاھىبېكخاننىڭ مۇراد قولىدىن شېھىتلىق شارابىنى ئىچىدۇ ، ئۇنىڭدىن قالغىنىنى پۈتۈنلەي ماڭا ئىچۈرىدۇ . ئەمدى سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم . گەرچە سېنىڭ بىلەن ھەمراھ بولۇش ماڭا جېنىمدىنمۇ شېرىنراق بولسىمۇ ، ئەمما شاھىبېكخاننىڭ سېنى ماڭا ھەمراھ قىلماسلىقىدىن قورقىمەن . سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھاياتىڭنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى كۆزلەپ ئايرىلىش زەھىرىنى ئىچىشنى لايىق كۆردۇم . سەنمۇ مېنىڭدىن ئايرىلىش ئەلەملىرىگە سەۋر - تاقەت قىلغايسەن . مىسرا :

سەبر ئىرۇر تەلخ ، ۋەلى مېۋەسى كۆپ شىرىندۇر .

بىلگىنكى ، ئاتىنىڭ ئۆلۈمى ھەممە پەرزەنتكە مىراستۇر ، ساڭىمۇ بۇ ھادىسە دۇچ كېلىدۇ . ئەگەر ھاياتىم قۇشى شاھىبېكخاننىڭ قىلتاقلىرىنىڭ قەستىدىن خالاس بولسا ، سېنىڭ دىدارىڭنى كۆرۈش بىلەن خۇشال بولارمەن .. ھافىز مىرىم سالىھ ۋە پىقىر كىشىدۇر ، ھېچ كىشى بىلەن دوستلۇقى يوقتۇر . شۇڭا ، ماڭا بىرەر ۋەقە دۇچ كېلىپ قالسا ، مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ مەسلىھىتى بىلەن سەن توغرىسىدا بىرەر چارە قىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئەھلى ئايالى خوراساندا . بىر يىلدىن بېرى ئۇ مەن بىلەن ھەمراھ بولۇپ ئەھلى ئايالىدىن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ ، شۇڭا ھافىز مېنىڭ بىلەن بارسۇن ، سېنى مەۋلانا مۇھەممەدكە تاپشۇرىمەن . سەن ھەممە ئىشتا جەزمەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشنى زۆرۈر دەپ بىلگەيسەن ، چۈنكى مەۋلانا مۇھەممەد مېنىڭ ئۇستازىم ، ئۇنى مېنىڭ ئورنۇمدا كۆرگىن . ئۇ زات ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ بىز بىلەن ئارىلىشىپ كەلگەن ، تۇغۇلغان

ۋاقتىدىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە ھەر ۋاقىت ماڭا ھەمراھ ، ھەمدەم ۋە ھەمسۆھبەت ، سىرداش بولۇپ كەلدى . ھەرقانداق بالا ۋە پىتنىلەردە ئۇ ساڭا ياردەم قىلىپ ، ساڭا تىنچ - ئامانلىق ۋە مەرھەمەت ئىپتەكلىرىنى ياپار دېگەن ئۈمىدىم بار » دەپ ئاتام نۇرغۇن پەندۇنەسىھەت گۆھەرلىرىنى مەسلىھەت رىشتىسىگە تىزىپ ئەقىل - ھوشۇم قۇلاقلىرىغا ئاستى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئاتام شاھىبېكخانىنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ يولغا چىقتى ، شۇ كۈنلەردە شاھىبېكخان كەلاتنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان مەھەل ئىدى . ئاتام بېرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن شاھىبېكخان كۆرۈنۈشتە ئىلتىپات ۋە شەپقەتلەر قىلدى ۋە دەرھال رۇخسەت بېرىپ :«ھىراتقا بېرىپ تۇرۇڭ» دەپ ئۆلۈم خېتىنى يېزىپ ئارقىسىدىن كىشى ئەۋەتتى . ئاتام ھىراتقا يەتكەن ھامان شېھىت قىلدى .

سۇلتان مەھمۇدخاننى ھەممە پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە خوجەندتە شېھىت قىلدى . سۇلتان مەھمۇدخاننى ھەزرىتى قۇتبۇل - ھەق ۋەددىن شەيخ مۇسلىھىددىن خوجەندى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ مۇبارەك زىيارەتگاھى بولغان ئۇلۇغ مازاردا دەپنە قىلدى . ئاتامنى سائادەت مەنبەسى سەييىدلەر خوجىسى ھەزرىتى ئەمىر سەييىدھۇسەين — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ نۇرلارغا تولغان مازارلىرىدا دەپنە قىلدى . بۇ زۇلۇم ۋەقەسى تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 914 - يىلى[①] يۈز بەرگەنىدى . [يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مەۋلانا مۇھەممەد] خاننىڭ شېھىت بولغان تارىخىنى «لەبى دەريايى خوجەند» دېگەن سۆزدىن چىقاردى [ۋە ئاتامنىڭ شېھىت بولغان تارىخىنى «خوراسان» دېگەن سۆزدىن چىقاردى .] گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى ھەزرىتى تەڭرى ھەر ئىككى ھەقىقىي شېھىتنىڭ كەرەملىك مازارلىرى باغچىسىنى مەغپىرەت ۋە رەھمەت نۇرلىرى

---

① ھىجرىيە 914 - يىلى مىلادىيە 1508 — 1509 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

بىلەن يورۇتقاي، گۇناھلىرىنى ساتتار (ياپقۇچى، يۆگىگۈچى) ناملىرى پەردىسى بىلەن ياپقاي، ساۋاب ۋە ياخشىلىقلىرىنى ۋەھھاب (كۆپ بەخش ئەتكۈچى) لىقىنىڭ تەقەززاسى بىلەن كەرەم ۋە بەخشىشكە ئايلاندۇرغاي، دەرىجىلىرىنى ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرگە يەتكۈزگەي، مەھشەر كۈنى ئۆز ئېتىقادلىرى تەقەززاسى بىلەن ئەھلى سۈننەت جامائىتى ئىچىدە تىرىلدۈرگەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن بۇ دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغاي.

## ئون بەشىنچى باب

# بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مىرزا مۇھەممەد-ھەيدەر كۆرەگان باشتىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنىڭ بايانى

شاھىبېكخان ئاتامنى شېھىت قىلغاندىن كېيىن مېنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بۇخاراغا كىشى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى مېنىمۇ سۇغا تاشلاپ، خوجەند دەرياسىغا چۆكتۈرۈپ تەگرىنىڭ رەھمىتىگە يەتكۈزمەكچى ئىدى. بۇ ئىشقا ئۇبەيدۇللا سۇلتان رازى ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ھەمشىرەمنىڭ كۈيۆسى (ئېرى) ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشىغا مۇمكىنچىلىكى ۋە قۇدرىتى يوق ئىدى. ھالبۇكى، چەكسىز ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بولغان تەڭرى شۇنداق قۇدرەت ئىگىسىدۇركى، پەلەك قەھرىمانى بولغان غەزەپكارلار ئۇنىڭ قەھر-غەزىپى ئالدىدا خارۇزار ۋە زەبۇن بولغۇسىدۇر. زامانىنىڭ جاپاكارلىرىمۇ تەڭرىتائالانىڭ جەبىر-جاپالىرى ئالدىدا يوقنىڭ ھېسابىدا بولغۇسىدۇر. تاكى تەڭرىنىڭ

ئىرادىسى بۇيرۇمىغۇچە ، ئۇلار ھېچبىر باشتىن بىر تال تۈكىنىمۇ كەم قىلالمايدۇ ، مىڭ ئاياغنىڭ مىڭ پۇتىدىن بىر پۇتىغىمۇ زەخىم يەتكۈزەلمەيدۇ . بۇ مەنىگە دەلىل ۋە بۇ مەزمۇنغا شاھىت بۇ پېقىر شىكەستىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ بايانىدۇر . چۈنكى ، شاھىبېكخان ھەزرىتى تەڭرىتائالانىڭ قاھھارلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىنىڭ بىر تىمسالى سۈپىتىدە نى - نى سەلتەنەت كارخانىلىرىنى ۋەيران قىلدى ، نى - نى شاھانە خاندانلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى . شۇ جۈملىدىن بىرى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە تەۋەلىكلىرىنىڭ خاندانلىرى بولۇپ ، ئۇلار ئىككى يۈز مىڭغا يېقىن كىشى ئىدى ، سۇلتان مەھمۇد مىرزىلارمۇ ئەللىك مىڭغا يېقىن كىشى ئىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى شاھىبېكخاننىڭ قولىدا ئاستىن - ئۈستۈن بولدى ، يەنە سەمەرقەندنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىنى ، سۇلتان ئەھمەد مىرزىلارنىڭ تەۋەلىرىدىن يەنە نەچچىلىگەن ساداقەتمەن جامائەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تەۋەلىرىنى يوقلۇق پەردىسى ئىچىگە ئەۋەتتى . ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ، يۈكسەكلىكى ، غەزىپى ۋە سىياسەتلىرى شۇ دەرىجىدە تولا ۋە چەكسىز ئىدى . شۇنچىۋالا كۆپ خاندانلىقنى ئۇ ناھايىتى ئازغىنە مۇددەت ئىچىدە يوقلۇق شامىلىغا شۇنداق سورۇدىكى ، يوقلۇق سەھراسى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدلىرىنىڭ چاڭ - توزانلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاھلىرىنىڭ تۈتۈنلىرىدىن ئۇ ۋادا ئىچىدە قۇيۇنلار كۆتۈرۈلدى .

دېمەك ، شۇ قەدەر جاپاكار ۋە ئۇلۇغ بىر پادىشاھ مەندەك بىر ئاجىز ، يېتىم بالىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىگە چۈشتى ، ھالبۇكى مېنىڭ يېشىم تېخى بالىلىق ياشلىرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىنى تۈگەتمىگەنىدى . تېخى مەن ئوڭنى سولدىن ، ياخشىنى ياماندىن پەرق ئەتكۈدەك ئىمتىيازغا ئىگە بولمىغانىدىم ، تېخى قۇۋۋەتنى ئىشقا سالغۇدەك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولمىغانىدىم ، ئەقلىم ھېچبىر مەقسەت ۋە ئىرادىنى ئويلىغۇدەك ۋە تەسەۋۋۇر قىلغۇدەك دەرىجىگە يەتمىگەنىدى . شۇنداق بىر يېتىم بالا ئىدىمكى ، ئانام

ئۆلۈپ كەتكەن ، ئاتام شېھىت بولغان ، ھاممىلىرىم پاراكەندىچى-
لىككە چۈشكەن ، خاللىرىم شېھىت بولغانىدى . ماڭا غەمخورلۇق
قىلىدىغانغا چوڭ ئاغامۇ يوق ، غەمگۇزارلىق قىلىدىغانغا
ئۇرۇق - تۇغقان ، يېقىن - يورۇقلىرىممۇ يوق ئىدى .

بۇ ۋاقىت تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 914 - يىلى[1] ئىدى . [زامان
سۇلتانلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك ۋابا تەگدى ، موغۇل خاقانلىرىنىڭ
ھەممىسى قىرغىن قىلىندى ،] ھېچكىم تەقدىرنىڭ ئىرادىسىدىن
قېچىپ قۇتۇلالمىدى . شاھىبېكخان تاغىلىرىم ، ھاممىلىرىمنى ۋە
ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى قەيەردە تاپسا ، شۇ يەردە بىر - بىرلەپ
شېھىتلىق يولى بىلەن جەننەتكە ئەۋەتىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ
ھەممىسىدىن مەن كىچىكرەك ۋە ئاجىزراق ئىدىم . ھەممىدىن
ئاجايىپراقى شۇكى ، ئۇلار گەرچە شاھىبېكخاننىڭ تەۋەلىكىنىڭ
سىرتىدىكى موغۇلىستان پايتەختىدە بولسىمۇ ، ئۇلار ئۆزلىرىنى
ئۆلۈمگە زورمۇزور تۇتۇپ بەردى ، ھەتتا ئۆزلىرىنى ئىختىيارسىز
ھالدا بالا - قازا قايىنىمىغا تاشلاپ شېھىت بولدى . ئەمما مەن
شاھىبېكخان مەملىكىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇخارادا ، گويا بالا -
قازا دېڭىزى ئىچىدە ئىدىم . لېكىن ، مەڭگۇ زاۋال تاپمايدىغان
پادىشاھ — تەڭرىنىڭ قۇدرەت - ئىرادىسى مېنى ھالاك قىلىشقا
بۇيرۇماي ، بەلكى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى مېنىڭ ھاياتلىقىمغا قارار
تاپقانىدى . شۇڭا ، بۇ قەدەر بۈيۈك پادىشاھ مەندەك يېتىم ، زەئىپ
ۋە ئاجىز بىر بالىنى ھالاك قىلىشقا قەست قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما
بىر تال مويۇمغا زەخىم يەتكۈزۈشكە قۇدرىتى يەتمىدى . «پۈتكۈل
كائىناتنىڭ ۋە مەۋجۇداتنىڭ ئىگىسى ، ئىززەت - ئىكرام ،
كۈچ - قۇدرەت ، ھەيۋەت - ھەشەمەت ۋە ئۇلۇغلۇق ئىگىسى
مەڭگۈ ھايات بولغان پادىشاھ — تەڭرىنى پاك دەپ ياد ئېتىمەن .»

ئەلقىسسە ، بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى شۇكى ، مەزكۇر تارىخنىڭ
ئاتام — تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي — خوراسانغ

---

④ ھىجرىيە 914 - يىلى مىلادىيە 1508 — 1509 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ

باردى ۋە شاھىبېكخان ئۇنى شىھىت قىلدى ، بۇلار يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇلدى . ئاندىن مېنى ئېلىپ بارغىلى بۇخاراغا كىشى ئەۋەتتى ، گەرچە ئۇبەيدۇللا خاننىڭ مېنى ئەۋەتىشكە ھەرقانچە تاقىتى يوق بولسىمۇ ، ئەمما شاھىبېكخاننىڭ ھۆكۈمىگە قارشىلىق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ئىلاجسىز مېنى ئېلىپ بارىدىغان كىشىگە تاپشۇردى ، ئۇلارنىڭ مېنى ئامۇ دەرياسىغا غەرق قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . ئۇ كىشى ئاتامنىڭ بۇخارادا قالغان مال - مۈلۈكلىرىنى ئېنىقلاشقا باشلىدى . بۇنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى ، ئۇ كىشى : «مىرزا مۇھەممەدھۇسەين ماڭا : ‹بۇخارادا قالغان مال - مۈلۈكلىرىمنى ئوغلۇم بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگىن › دەپ تەكىتلىگەنىدى» دېدى . بىز مال - مۈلۈكلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ، بىرنەچچە كۈن ھايال بولۇپ قالدۇق .

مەۋلانا مۇھەممەد مېنىڭ ئۇستازىم ، ئاتامنىڭ ئىزباسارى ئىدى . شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ . ھەزرىتى مەۋلانا ئۇنىڭدىن : «خوراسانغا قاچان ماڭىسىلەر ؟» دەپ سوراپتۇ . مەۋلانا مۇھەممەد : «ئاز قالدى ، بەش - ئالتە كۈن ئىچىدە ماڭىمىز» دەپتۇ . ھەزرىتى مەۋلانا ئۇنىڭغا : «بىر سائەتتىن كېيىن كېلىڭ ، سىزگە بىرمۇنچە سۆزۈم بار» دەپتۇ . مەۋلانا مۇھەممەد بىر سائەتتىن كېيىن بېرىپ قارىسا ، ھەزرىتى مەۋلانانىڭ سۆھبەتداشلىرى ۋە تالىپلىرىنىڭ ھەممىسى تارقىشىپتۇ . مەۋلانا مۇھەممەد ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ ، شۇ چاغدا ھەزرىتى مەۋلانا : «مۇھەممەدھۇسەين مىرزىنىڭ خوراسانغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسام ، مەن ھەرگىز يول قويمىغان بولاتتىم ، ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ بارامسىلەر ؟» دەپ سوراپتۇ . مەۋلانا مۇھەممەد : «شۇنداق ، خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ ئېلىپ بارىمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . ھەزرىتى مەۋلانا : «ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — غا مەككە كاپىرلىرى قەست قىلغان ۋاقىتتا پەيغەمبەر — تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — قېچىپ

تەۋەككۇل قىلغانىدى . هازىر سىلەرگىمۇ ئەڭ ياخشى چارە شۇكى ، پاك ۋە بەرھەق تەڭرىتائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ مىرزىنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ قاچقايسىلەر . ئەگەر سىلەرگە بىرەر خەۋپ ـ خەتەر دۇچ كەلسە ، مەن ئۇنىڭغا كېپىل بولىمەن . سىلەر توختىماستىن قاچماققا قەدەم قويغايسىلەر» دەپتۇ . مەۋلانا مۇھەممەد ماڭا : «سىزنى ئېلىپ قاچىدىغان خىيال كۆڭلۈمگە زادىلا يەتمىگەنىدى ، ھەزرىتى مەۋلانانىڭ بۇ مۇبارەك سۆزلىرىدىن كۆڭلۈمگە ئاجايىپ بىر قۇۋۋەت ھاسىل بولدى . سىزنى ئېلىپ قېچىشقا شۇ قەدەر تەقەززالىق پەيدا بولدىكى ، ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپلا بىر تەرەپكە ئېلىپ قېچىشنىڭ پىكرىگە چۈشتۇم» دەپ ئېيتىپ بېرەتتى .

سۆز بۇ يەرگە يەتتى . ھەزرىتى مەۋلانانىڭ زىكىرلىرى يۇقىرىدا مېنىڭ كېسەل بولغانلىقىم ۋەقەسى بايانىدا ئازراق تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەنىدى . ئەمدى بۇ يەردە ئۇ زاتنىڭ شەرەپلىك زىكىرلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىش زۆرۈر ۋە لازىم بولدى .

## ئون ئالتىنچى باب

# ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد قازىنىڭ زىكىرلىرىنىڭ بايانى

بىلمەك كېرەككى ، ھەزرىتى مەۋلانا — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي ۋە مەغپىرەت ئاتا قىلغاي — نىڭ شەرەپلىك ئىسمىلىرى مۇھەممەد ئىبنى بۇرھانىددىندۇر ، ئاتىلىرى قازى ئىمادۇددىن ئىبنى مىسكىن سەمەرقەندىنىڭ داڭلىق كىشىلىرىدىن ئىدى . شۇ سەۋەبتىن مەۋلانا مۇھەممەد قازى ئىسمى بىلەن مەشھۇر بولدى . ھەزرىتى مەۋلانا ئىلىم تەھسىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن

ئۇنىڭ كۆڭۈللىرىگە تەرىقەت يولىغا كىرىش ئارزۇسى چۈشتى ، شۇ ئارزۇ بىلەن خوراسانغا سەپەر قىلدى . ئۇ سەمەرقەندتىن چىققاندا ، ئەۋلىيالارنىڭ ئۇلۇغى ، تەڭرىنىڭ دوستى خاجە ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللا ئەھرار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — بىر مەنزىلدە ئىدى . ھەزرىتى مەۋلانا ھەزرىتى ئىشاننىڭ خىزمىتىگە باردى ، ھەزرىتى ئىشان ئۇنىڭدىن : «قەيەرگە بارىسىز ، مەۋلانا ؟ » دەپ سورىدى . مەۋلانا : «ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بارىمەن » دېدى . ھەزرىتى ئىشان يەنە : «ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن باشقا ، يەنە مەقسىتىڭىز بارمۇ ؟ » دەپ سورىدى . مەۋلانا جاۋاب بېرىپ : «شۇنداق ، تەرىقەت ئارزۇسىمۇ بار » دېدى . مەۋلانا بىلەن يەنە بىر تالىپمۇ بىللە ھەمراھ ئىدى ، ئۇ ئېيتتىكى : «دەرۋىشلىك ئارزۇسى ئۇستۇنرەكتۇر . » ھەزرىتى ئىشان : «بىر سائەت توختاپ تۇرۇڭلار » دەپ باغ تەرەپكە كىرىپ كەتتى . خېلى ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ چىقتى ـ دە ، ئىككى پارچە خەت چىقىرىپ بەردى . بۇ خەتنىڭ بىرى مەۋلانانى ھەزرىتى مەۋلانا سەئىدىددىن كاشغەرىنىڭ ئوغلى ھەزرىتى خاجە كەلان[1]نىڭ تەربىيىسىگە ھاۋالە قىلغانلىق خېتى ئىدى ، يەنە بىر خەتكە خاجە كەلان — ئاللا ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — ھەزرەتلىرىنىڭ شەرەپلىك تاۋابىئاتلىرىغا دائىر نەسەبنامىلەرنى يازغانىدى . بۇ خەت مۇنداق ئىبارەتلەر بىلەن باشلانغانىدى :

بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن ) ئىبادەت ، يەنى بەندىچىلىك قىلماقنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئاجىزلىق ، شىكەستىلىك ۋە ھاجەتمەنلىكتىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ خۇدايتائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا بولغان ئىشەنچنى كۆڭۈللەرگە سالىدۇ ، بۇنداق سائادەتنىڭ پەيدا بولۇشى مۇھەببەتكە سەۋەب بولىدۇ . مۇھەببەتنىڭ

① بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ نۇسخىسىدا «خاجەگان» دەپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان ، پارسچە نۇسخا ۋە تېھران نەشرى ئاساسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىندى .

پەيدا بولۇشى ھەزرىتى مۇھەممەد پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — گە تەۋە بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. دىن ئىلمىنى بىلمەي تۇرۇپ تاۋابىئات يوللىرىنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولۇش قىيىن، شۇ سەۋەبتىن دىن ئىلمىگە ۋارىس بولغان ئالىملارنىڭ ئالدىغا مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن بېرىش زۆرۈردۇر. ئۆز ئىلىملىرىنى دۇنياۋى تىرىكچىلىك ۋە ئەمەل، ئىززەتكە ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغان ئالىملارنىڭ سۆھبىتىدىن يىراق قاچماق لازىم. ئەگەر تەقۋادار ۋە دىيانەتلىك ئۆلىمالار تېپىلمىسا، ئامالسىزلىقتىن ئۇلاردىن ئىلىم ئۆگىنىش كېرەك. رەقسۇ ساما قىلىپ ئالدىغا ھەر نەرسە كەلسە، ئۇيالماستىن ئېلىۋېرىدىغان ۋە يەۋېرىدىغان دەۋرىشلەرنىڭ سۆھبىتىدىنمۇ پەرھىز قىلماق لازىم. تەۋھىد (بىرلىك) نى تونۇش ئۈچۈن قىلىنغان دەۋەتلەر ئىچىدە ئۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەھلى سۈننەت جامائەتكە ئەقىدىنى سۇس قىلىدىغان ئەمرىمەرۇپلاردىن يىراق بولۇش لازىم. مەرىپەتنى ئۆگىنىش بولسا ھەقىقەت نۇرلىرىغا ئېرىشىش بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد پەيغەمبەر — تەڭرى ئۇ زاتقا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ تاۋابىئاتلىرىغا باغلىقتۇر. شۇڭا، ئۇلارنى ئېنىق بىلىش ئۈچۈن ئىلىم تەھسىل قىلىش لازىم. ئېھتىرام بىلەن خەت تامام.

«سىلسىلەتۇل - ئارىفىن» (مەرىپەت ئەھلىنىڭ نەسەبنامىلىرى) ناملىق كىتاب مەۋلانانىڭ ئېتىبار قازانغان مۇسەننىپات (ئەسەر) لىرىدىندۇر. بۇ كىتابتا: «ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ھەزرىتى ئىشاننىڭ شۇنچە توسۇشلىرىغا قارىماي خوراسانغا بېرىش ئارزۇسى كۆڭلۈمدىن كەتمىدى، ئىلتىماس ۋە ئىلتىجالار بىلەن رۇخسەت ئېلىپ خوراسانغا يۈزلەندىم. يولدا بىر ۋەقەگە دۇچ كېلىپ خوراسانغا بېرىشقا مۇتلەق ئىمكان بولمىدى، ئىلاجسىز ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇڭا، قايتىپ كېلىپ ھەزرىتى ئىشاننىڭ سۆھبەتلىرىگە مۇشەررەپ بولدۇم» دەپ

يېزىلغان .

مەۋلانا ئۆزۈن مۇددەت ھەزرىتى ئىشاننىڭ مەخسۇس ئاشخانىلىرىغا قاراشلىق مۇتەسەددى (باشقۇرغۇچى) بولغانىدى . ئىنتايىن ئىتائەتچانلىق ۋە چەكسىز ئەقىدە تۇپەيلىدىن مۇشۇنداق خىزمەتلەرنى قىلاتتى ، گاھى تائامنى كۆتۈرۈپ ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئاتلىرىنىڭ ئۈزەڭگىسى يېنىدا پىيادە يۈگۈرەيتتى . بارا - بارا ھەزرىتى ئىشانغا شۇ قەدەر يېقىن بولدىكى ، كۆپىنچە ئالىي مەجلىسلەردە ھەزرىتى ئىشان ئالىملار ۋە پازىللار بىلەن سۆھبەت تۈزەتتى ، تولا ھاللاردا مەجلىستە ھەزرىتى مەۋلاناغا خىتاب قىلىپ سۆزلەيتتى ، ھەممە ئىشلاردا ۋە تۈرلۈك سىرلاردا ھەزرىتى مەۋلانا ھەزرىتى ئىشان بىلەن بىللە ۋە سىرداش ئىدى . ھەزرىتى ئىشاننىڭ ھەزرىتى مەۋلاناغا ئىلتىپات نەزەرلىرى شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدىكى ، پۈتكۈل ئۇلۇغ سۆھبەتداشلارنىڭ ھەممىسى ، ھەتتاكى ھەزرىتى ئىشاننىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ھەزرىتى مەۋلاناغا ھەسەت قىلاتتى ، شۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى مەۋلاناغا مالاللىق يۈزلەندى . ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇرىتلىرىدىن بىرى بولغان مەۋلانا مۇھەممەد ئەمىن بىلەن بىللە ئىككىيلەن خوراسانغا بېرىشنى مەسلىھەت قىلدى . ئۇلار : «تەرىقەت يوللىرىنى ھەزرىتى ئىشاندىن مۇشۇنچىلىك تەلىم ئالدۇق ، تەرىقەت ئەھلىلىرى : ‹خوراساننىڭ ھاۋاسىمۇ كىشىگە يېرىم پىر چاغلىق تەربىيەت قىلالايدۇ دېيىشىۋاتىدۇ› ، يەنە يېرىم پىر بولسا ھەزرىتى مەۋلانا ئەبدۇررەھمان جامىدۇر . دېمەك ، بۇ دەلىل بىلەن خوراساندا تەرىقەت يوللىرى تولۇق ۋە كامىل تامام بولغۇسىدۇر» دېيىشتى .

«سىلسىلەتۇل - ئارىفىن» ناملىق كىتابتا ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئاجايىپ ئادەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېيىلىدۇ :

خوراسانغا بېرىشىم مۇقەررەر بولغان ئاشۇ كۈنلەردە ھەزرىتى ئىشاننىڭ خىزمەتلىرىگە باردىم . ئۇ زاتنىڭ سائادەتلىك نەزەرلىرى پەقىرگە چۈشتى . قايتا - قايتا نەزەر قىلىپ : «سەن زادى

بىلەمسەن ، ساڭا مۇنداق دىققەت بىلەن نەزەر قىلىشىمنىڭ مەنىسى نېمە ؟» دېدى . مەن : «پەقىر بىلمەيمەن . تەڭرى ، تەڭرىنىڭ رەسۇلى ۋە تەڭرىنىڭ ئەۋلىياسى بىلىدۇ» دېگەنىدىم ، ھەزرىتى ئىشان : «سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارغا قاراپ باقسام ، كۆرۈۋاتىمەنكى ، ئىستىقامەت يولىدا ئەمەسكەنسىلەر ، يەنە مەن چۈش كۆردۇم ، چۈشۈمدە مەۋلانا بىر يات يەردە ئۆي سالماقچى بولدى ، ئەمما ئۇ ئۆيىنىڭ ئۇلى يوقتۇر» دېدى .

ھەزرىتى ئىشانىنىڭ ئادەتلىرى شۇنداق ئىدىكى ، ئۇ ئۆزىنىڭ كەشىپ ۋە كارامەتلىرىنى چۈش كۆردۇم ، دەپ بايان قىلاتتى . شۇنداق بولسىمۇ بۇنىڭلىق بىلەن سەپەرنىڭ زوق - ھەۋەسى تۆۋەنلىمىدى . ئاخىر ھەزرىتى ئىشانىنىڭ ئىجازىتىسىزلا خوراسانغا كەتتىم . ئالتە ئاي خوراساندا تۇردۇم ، ھەمىشە مەۋلانا ئەبدۇررەھمان جامىنىڭ سۆھبەتلىرىدە بولاتتىم . ئەمما ، ھەزرىتى ئىشانىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ ئارزۇسى شۇ قەدەر ئۈستۈن كەلدىكى ، ئاخىر ئىلاجىسىز ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ زاتنىڭ ئالدىغا يېنىپ كېلىپ خىزمەتلىرىگە مۇشەررەپ بولدۇم .

«سىلسىلەتۇل - ئارىفىن» ناملىق كىتابتا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ :

تاشكەندتە ھەزرىتى ئىشانىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتىشتىم . كۆڭلۈمدە : «ئەمدى قالغان ئۆمرۈمنى ئۇ زاتنىڭ ئاختىخانىلىرىدا ئۆتكۈزىمەن» دەپ قارار قىلىپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇراتتىم . بىر كىشى تېز سۈرئەت بىلەن چىقىپ كەلدى - دە : «سىزنى ھەزرىتى ئىشان چاقىرىدۇ» دېدى . بۇنى ئاڭلاپ ھوشۇمنى يوقاتتىم ، ئىلاجىسىز خىجالەت بىلەن ھەزرىتى ئىشانىنىڭ شەرەپلىك دەرگاھىغا كىردىم . ھەزرىتى ئىشان شۇ قەدەر ئىللىق ۋە مەرھەمەت بىلەن كۆرۈشتىكى ، گويا مەندىن ھېچقانداق نالايىق ئىشلار سادىر بولماي ، بەلكى مەن كاتتا خىزمەتلەرنى قىلغاندەك مېنى بۇ قەدەر ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئەزىزلىدى . شۇڭا ، ئۇ زات بۇ مەرھەمەت

ۋە ئىلتىپاتلارنى قانچە زىيادە قىلغانسېرى خىجالەتچىلىكىم شۇنچە ئاشاتتى ، ھەمىشە ھەزرىتى ئىشاننىڭ تاشقىرىقى ئاستانىلىرىنى چۆرگىلەيتتىم . بىر كۈنى ھەزرىتى ئىشان ئۆزىنىڭ ھەقىقەتلەرنى بايان قىلغۇچى تىللىرى بىلەن مەرىپەت ۋە ھەقىــقەتلەرنـــى ئاشكارىلايدىغان چاغدا ، ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك خىتابلىرىدىن مېنىڭ مەھرۇم قالغانلىقىم خاتىرىلىرىگە يېتىپ مۇنداق دەپتۇ : «مەۋلانا مۇھەممەد قەيەردە ؟» مەجلىس ئەھلى ئەرز قىلىپ : «تاشقىرىدا بار ، مەجلىسكە كىرىشكە تەرغىب قىلغان بولساقمۇ : ‹مەندىن ئاشۇ نالايىق ئىش سادىر بولدى ، ئەمدى مەندە ھەر دائىم ئۇ شەرەپلىك مەجلىسكە كىرىشكە نېمە لاياقەت بولسۇن ؟ تاشقىرىقى بوسۇغىنى سۆيۈش بىلەنلا قانائەتلىنىمەن . ئەگەر مۇيەسسەر بولسا ، ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇبارەك جامالىلىرىنى يىراقتىن كۆرەرمەن › دەپ زار ـ زار يىغلايدۇ» دېيىشتى . ھەزرىتى ئىشان : «چىقىپ ئۇنىــڭغا ئېيتىڭلار ، مېنىڭ خاھىشىم شۇكى ، مەۋلانا مۇھەممەد ھەمىشە ئىلگىرىكىدەك مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا بولسۇن . ئەگەر ئۇنىڭدىن بىرەر گۇناھ سادىر بولغان بولسا ، ئۇنى مەن ئەپۇ قىلدىم . مەنمۇ گۇناھ سادىر قىلغان بولسام ، ئەپۇ قىلىپ بۇ يەرگە كىرسۇن» دەپ بىرنەچچەيلەننى چىقارتتى . ھەزرىتى ئىــشانىنــــىڭ ماڭا بولغان ئىلتىپاتلىرى شۇ دەرىجىگە يەتتى ، مەن ئۇ مۇبارەك ئاستانىنىڭ تۆشەك ئەسلىھەلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە تەيىنلەندىم . ئۇ مەرھەمەت دەرياسى ماڭا شۇ دەرىجىدە ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتلەرنى قىلدىكى ، مەن بۇلارنى ھەرگىز تەسەۋۋۇرۇمغا كەلتۈرۈپ باققان ئەمەس ئىدىم . بىر كۈنى ئۇ زات مۇنداق دېدى : «مەردانىلەرنىڭ ئادىتى شۇنداق بولۇشى كېرەككى ، گۇناھكارلار بىــلەن ئۆزرە ئېيتىشقا ھاجەت قالمايدىغان دەرىجىدە ئارىلاشقاي .» ئۇ زات ماڭىمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق مۇئامىلە قىلدىكى ، گۇناھىــمنىــــىڭ ئۆزرە تەقسىرىنى بايان قىلىشقا ھېچبىر ھاجەت قويمىدى . تەڭرى ئۇ زاتقا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن ، ھەمىشە ماڭا ھايات مۇساپىسىدە ھەزرىتى

ئىشاننىڭ باشلامچىلىق قەدەملىرى يول كۆرسىتەتتى .

ھەزرىتى مەۋلانا ئىتائەت قەدەملىرىنى شۇ كۆرسەتكەن يولدىن كۆتۈرمىدى ۋە ناھايىتى يېقىنلىق دەرىجىسىگە يەتتى . شۇ دەۋر پادىشاھلىرىدىن ھەرقايسىلىرى ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇرىتلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق ھەزرىتى ئىشانغا ئىخلاس بىلەن باغلانغانىدى . ھەزرىتى ئىشانغا ئەرز ۋە ھاجەتلىرىنى شۇلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن يەتكۈزەتتى . سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا مەۋلانا قاسىمنىڭ ، سۇلتان ئەھمەد مىرزا مەۋلانا خاجە ئەلىنىڭ ، يەنە باشقا پادىشاھلارمۇ ھەرقايسىلىرى بىرەر مۇرىتلىرىنىڭ پېشىنى تۇتقانىدى ، سۇلتان مەھمۇدخان ھەزرىتى مەۋلانا ئارقىلىق ھەزرىتى ئىشانغا باغلانغانىدى ، پەقىر مىرزا ھەيدەر ھەزرىتى مەۋلانانىڭ گۆھەر چاچقۇچى لەۋزىلىرىدىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم : «سۇلتان مەھمۇدخان قابىل يىگىتتۇر ، ئەمما بىر ئەيىبى باركى ، يېتىلگىلى ئۇنىمايدۇ . يەنى تەربىيەت قىلغۇچىنىڭ ئالدىدا تەربىيە ئالغۇچى شۇنداق بولۇشى كېرەككى ، تەربىيىچى نېمىگە بۇيرۇسا ، ئۇنىڭغا توختاۋسىز قەدەم قويغاي ، ھەرگىز ئىككىلەنمىگەي ، كۆڭلىگە شەك كەلتۈرمىگەي . ھەر نەرسىگە سالسا ، خاھى قۇۋۋىتى يەتسۇن ، خاھى يەتمىسۇن ، بىرىپ چاپلىشىدىغان لاچىندەك بولغاي ، قانداق بولاركىن دېمىگەي . دېمەك ، ئامالسىز سۇلتان مەھمۇدخان خەلق ئويلىغاندەك يېتىلەلمىدى . »

بىلىش كېرەككى ، بۇ كىتابنىڭ بېشىدا زىكىر قىلىنغان بۇ مۇقەددىمىدىن مەقسەت شۇكى ، ئاشۇ مۇناسىۋەتتىن ھەزرىتى مەۋلانا ھەزرىتى ئىشان — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تاشكەندكە كەلدى ، تاشكەندتە ھەزرىتى مەۋلانانىڭ مۇبارەك قەدەملىرىنى تەۋەررۇك بىلىپ ناھايىتى ئەزىز ۋە مۇكەررەم تۇتتى . ئاخىر تاشكەند ۋەيران بولغاندا بۇخاراغا باردى . شاھىبېكخاننىڭ ئىنىسى ، ئۇبەيدۇللاخاننىڭ ئاتىسى مەھمۇد سۇلتان شۇ ۋاقىتلاردا شاھىبېكخان تەرەپتىن بۇخاراغا

پادىشاھ ئىدى . مەھمۇد سۇلتان ھەزرىتى مەۋلانانىڭ شەرەپلىك سۆھبەتلىرىگە بېرىپ ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ تەرىقەت يولىغا كىردى . مەن ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئىشەنچلىك سۆھبەتداشلىرىدىن ئاڭلىغانىدىم . ئۇلار : «مەھمۇد سۇلتان ھەزرىتى مەۋلاناغا ئىتائەت قىلدى . ‹كىشلەر ئۆز پادىشاھلىرىنىڭ دىنىغا سادىق بولىدۇ › دېگەن ماقالنىڭ مەزمۇنى بويىچە دەرۋىشلەر ئارىسىدا تەرىقەتكە مەشغۇل بولۇش شۇنداق راۋاج تاپتىكى ، بۇنداق تەرەققىيات ۋە لەززەتنى بۇنىڭدىن كېيىن تاپالمىدۇق» دېگەنىدى .

دېمەك ، يۇقىرىقى سەۋەب بىلەن ھەزرىتى مەۋلانا بۇخارادا ئىدى . شۇ ۋاقىتتا ئاتام خوراسانغا بېرىپ شېھىت بولدى ، ئۇ كۈنلەردە پەقىرمۇ بۇخارادا ئىدىم . ھەزرىتى مەۋلانا شۇ ۋاقىتلاردىن تاكى تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 916 ـ يىلى[1] بولغانغا قەدەر بۇخارادا ئىدى . قىزىل باش — تەگرىتائالا ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن — بۇخارانى ئىستىلا قىلغان چاغدا — بۇ ۋەقە كېيىن بايان قىلىنىدىغۇسى — ھەزرىتى مەۋلانا بۇخارادىن ئەندىجان ، ئاخسى ۋىلايىتىگە بېرىپ تۇرۇشنى نىيەت قىلدى . ئۇ زاتنىڭ شەرەپلىك قەدەملىرىنىڭ بەرىكىتىدىن شۇ ۋىلايەتتە نۇرغۇن خەلقلەر ئالىي شان ـ شەۋكەتلىك خاجە نەقشىبەندىيە — تەگرى ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — گە مۇشەررەپ بولۇپ يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە يەتتى . ھالا بۇ كۈنلەردىمۇ شۇ ۋىلايەتلەردە ئۇلارنىڭ بەرىكەتلىرى روشەن نامايان بولۇپ تۇرماقتا . نۇرغۇن كامالەت ئىگىلىرى ۋە تەرىقەت ئەھلىلىرى مۇكەممەل يولباشچىغا ئىگە بولدى . بۇ سائادەتلىك جامائەتنىڭ زىكىرلىرى ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرەن — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ زىكىرلىرىدە بايان قىلىنغۇسى . بۇ كىتابتا ھەرقانداق يەردە ھەزرىتى مەۋلانا دېگەن ئىبارە تىلغا ئېلىنسا ، بۇنىڭدىن مەقسەت مەۋلانا مۇھەممەد قازى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — دىن ئىبارەتتۇر .

---

[1] ھىجرىيە 916 ـ يىلى مىلادىيە 1510 — 1511 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

ھەزرىتى مەۋلانانىڭ قالغان ئەھۋاللىرىنىڭ تەپسىلاتى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنىدۇ .

## ئون يەتتىنچى باب

# ئەسلى ھېكايەتنىڭ داۋامى

ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئەھۋاللىرىنى زىكىر قىلىشتىن ئىلگىرى ، ئەسلىدىكى قىسسىدە سۆز مېنىڭ ئۇستازىم مەۋلانا مۇھەممەد ھەزرىتى مەۋلانانىڭ پەرمانلىرى بىلەن مېنى ئېلىپ قاچماقچى بولغان يەرگە كەلگەنىدى . گەرچە مەۋلانا مۇھەممەدنىڭ كۆڭلىدە ئىلگىرى بۇنداق خىيال يوق بولسىمۇ ، ئەمما ھەزرىتى مەۋلانانىڭ جان بەخش ئەتكۈچى نەپەسلىرىنىڭ تەسىرلىرى بەرىكىتىدىن مەۋلانا مۇھەممەدتە بۇ ئارزۇ ئۇستۇنلۇك قازاندى . مەۋلانا مۇھەممەد بىر خىلۋەت جايدا ماڭا : «ئەمدى سىز خوراسانغا بارامسىز ؟ » دېدى . مەن : «شۇنداق (ئۇلار شۇنى تەلەپ قىلىپتۇ ) ، بارىمەن» دېدىم . مەۋلانا ئېيتتىكى : «شاھبېكخان مىرزىنى قاماققا ئېلىپتۇ ، سىز بارسىڭىز ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن ؟ » مەۋلانا مۇھەممەد مۇشۇ ھالەتتە بىرقانچە سۆزلەرنى ئارىغا سالدى . ئاخىرىدا يەنە : «بىر سۆزۈم بار ، بۇ مەخپىي سىرلاردىندۇر . ئەگەر بۇ سىردىن ھېچقانداق ئادەم ئەۋلادىغا خەۋەر بەرمىسىڭىز ئېيتىمەن» دېدى . مەن : «سىز ئېيتقان سىرلارنى مەن قانداقمۇ باشقىلارغا ئاشكارا قىلارمەن ؟ خاتىرجەم بولۇڭ ، بۇ كۆڭۈل سىرلىرىنى ھەرگىز كىشىگە ئېيتمايمەن» دېدىم . شۇنىڭدىن كېيىن مەۋلانا مۇھەممەد ناھايىتى كۈچلۈك تەكىتلەشلەر بىلەن سۆزلەپ : «مىرزىنى خوراساندا شېھىت قىلىپتۇ ، ئەمدى سىزنى تەلەپ قىلمۇاتىدۇ . شۇنى بىلىڭكى ، ئۇلار ئەگەر

سىزنى دەريانىڭ تېگىدە تاپسىمۇ ، شۇ يەردە جەننەت تەرەپكە ئۆزىتىدۇ① . ئەگەر سىزنى تەلەپ قىلىدىغان بىر كىشى بولسا ، سەمىگىزدە بولسۇنكى ، ئەگەر ئۇ كىشى سىزنى ئېلىپ قاچسا ، سىز بىللە قاچارسىزمۇ ؟ » دېدى . [ بېيىت :

مەرگۇ مۇردەن چى جەۋان چى پىرى مەرد ،
ۋەھمى ئۇ بەر ھەركى زەد تەئسىر كەرد .

ئۆلۈم ۋەھىمىسى تەسىر قىلمايدىغان ياشمۇ ، قېرىمۇ يوق .]

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ماڭا بىتاقەتلىك ۋە ئىزتىراپ يۈزلەندى . [جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدىدە جان – دىلىم بىلەن قېچىشنى ئارزۇ قىلدىم .] ئۇنىڭدىن كېيىن مەۋلانا : «بۇ سىرنى مەخپىي تۇتماق كېرەك ، تەق بولۇپ تۇرغايسىز . مەن ھەرقانداق چاغدا خەۋەر بەرسەم ، شۇ ھامان تەييار بولغايسىز . بىز بۇخارا ئىچىدە بىر دوست تېپىپ بىرنەچچە كۈن شۇ يەردە يوشۇرۇنىمىز ، ئاندىن ئاتىڭىزنىڭ مۇلازىملىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى تاپىمىز ۋە كېچىسى ئۇلارغا ئاتلىرىنى ئېلىپ ھەر تەرەپكە قېچىپ كېتىشنى بۇيرۇيمىز . شۇنداق قىلساق ، ئايغاقچىلار سىزنى ئاتقا مىنىپ قاچتى دەپ گۇمان قىلىدۇ – دە ، شەھەرنىڭ سىرتىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ ، بىزنىڭ شەھەردە ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەيدۇ» دەپ بۇ ئاقىلانە مەسلىھەتنى ئارىغا سالدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنلا ئاشۇ تەدبىرگە قەدەم قويدى ، تەقدىرمۇ تەدبىرگە مۇۋاپىق كەلدى . شۇنداق قىلىپ بىز شەھەر ئىچىدە بىر دوستنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇندۇق . ئاتامنىڭ مۇلازىملىرى ئاتلىرىنى ئېلىپ تەرەپ – تەرەپكە كەتتى . ئايغاقچىلار مېنى ئاتقا مىنىپ قاچتى ، دەپ گۇمان

① بۇ جۈملە موللا مۇھەممەدنىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسىنىڭ مۇشۇ قولىيازمىسىدا يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان ، پارسچە بىرىنچى ، ئىككىنچى ، ئۈچىنچى نۇسخىلاردا ۋە مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە ھەم تاشكەند نەشرىدە «سىزنى ئامۇ دەرياسىنىڭ قەرىگە تاشلاپ ، جەننەتكە يوللايدۇ» دېيىلگەن .

قىلىپ شەھەر ئىچىنى ئاختۇرمىدى . ئۇ نادانلار تاكى ئون بەش[1] كۈنگىچە ئۇ دوستىنىڭ ئۆيىگە قارىمىدى .

شۇنداق قىلىپ ئون بەش كۈندىن كېيىن بىرنەچچە ئېشەكچىلەر بىلەن ھەمراھ بولۇپ، ھىسارى شادىمانغا كەلدۇق . ھىسار بازىرىدا ئاتامنىڭ بىر مۇلازىمى بار ئىكەن، ئۇ مەۋلانا مۇھەممەدنى كۆرۈپ تونۇدى . بىزنى ئاشكارىلاپ قويارمىكىن، دەپ قورقۇپ ھىساردىمۇ توختىماي قاچتۇق . يولدا كېتىۋېتىپ ئۇلاغدىن يىقىلىپ سول قولۇم جەينىكىمدىن سۇندى . قورقۇنچ تۈپەيلىدىن شەھەر بازىرىغا كىرەلمىدۇق . قولۇمنىڭ سۇنۇقىغا ھېچ داۋا قىلالماي ئاشۇ ھالەتتە ئىككى ئايغىچە ھەممە مۇشەققەتلەرنى تارتىپ يول مېڭىپ، خۇتتەلان[2] ۋىلايىتىنىڭ بىر مەھەللىسى بولغان پۈشەڭگە يەتتۇق . بۇ جاينىڭ ئەربابلىرىدىن بولغان خاجە ھەببۇللانىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن تۇردۇق . خاجە ھەببۇللا ناھايىتى دانا ۋە ئىش بىلىدىغان كىشى ئىكەن، بىزگە كۆپتىن ـ كۆپ ئېھتىراملار قىلدى، قولۇمنىڭ سۇنۇقىغا ئىلاج قىلىشقا باشلىدى . ئەمما، قولۇمنىڭ زەخمىسى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئىككى ئايدىن بىرى مۇتلەق ھەرىكەتتىن قالغانىدى . شۇ قەدەر ئاغرىتتىكى، ھېچبىر كېچىسى ئۇخلىيالمايتتىم . خاجە ھەببۇللا داۋالىغان كېچىسى راھەتلىنىپ ئۇخلىدىم . بىرنەچچە كۈن تۇرغاندۇق، بىر سىپاھ كېلىپ ئوقيانى بىر تەرەپتە قويۇپ ئولتۇردى ۋە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە دىققەت بىلەن قاراپ، ئاندىن چاققانلىق بىلەن يۈگۈرۈپ قوپۇپ ئىنتايىن ئەدەپ ۋە تۆۋەنچىلىك بىلەن : «مەۋلانا مۇھەممەد، مېنى تونۇمىدىلامۇ؟ مەن مىرزا مۇھەممەدھۇسەيىننىڭ باقاۋۇلى ئەمەسمۇ؟ بىر چاغلاردا سىلەرگە خىزمەت قىلغىنىم ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالدىمۇ؟»

---

① خەنزۇچە نەشرىدە 14 كۈن دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

② خۇتتەلان — خەنزۇچە نەشرىدە «خەتلان» (Khatlan) دېيىلگەن . بۇ جاي يەنە قۇتلان، قۇتل دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئورنى ھازىرقى مەركىزىي ئاسىيادىكى سۇرغئاب ياكى ۋەخش دەرياسى بىلەن پەنج دەرياسى ئارىلىقىدا (مۇھەررىردىن) .

دەپ ئۆز نىشانلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى. مەۋلانا مۇھەممەدمۇ ئىلاجسىز تونۇشلۇق بەردى ۋە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى ئارىغا سالدى. شۇ كېچىسى كېچىنى كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىزھار قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدۇق. ئەتىسى ئۇ كىشى قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە پەگاھقا چۈشۈپ تەزىم بىلەن: «ئەي مەۋلانا مۇھەممەد، سىزنىڭ ھىمايىڭىز ۋە ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، تۇز ھەققىنى مۇشۇنداق ساقلىماق لازىم. مىرزىنىڭ پەرزەنتىنى ئېلىپ قاچقانلىقىڭىز ناھايىتى ئوبدان بولۇپتۇ، تۇزنى ھالاللىق بىلەن يېيىش كېرەك. ئەگەر مېنىڭ ئاتلىرىم بولغان بولسا، مەنمۇ خىزمىتىڭىزدە مۇلازىم بولاتتىم. نېمە ئىلاج، ئاتلىرىم يوق، ئەمما ئىمكانىيىتىمنىڭ يار بېرىشىچە قولۇمدىن كېلىدىغان خىزمەتنى قىلىمەن» دەپ چىقىپ كەتتى. بىر سائەتتىن كېيىن خاجە ھەبىبۇللانىڭ مۇلازىملىرىدىن بىرى كىرىپ خاجەنىڭ قۇلىقىغا ئاستا بىر نېمىلەرنى دېگەنىدى، خاجەنىڭ [يۈزى زەپەر رەڭدەك سارغىيىپ] رەڭگىرويى ئۆڭۈپ كەتتى. خاجە دەرھال يۈز بەرگەن ئەھۋالنى سورىدى. مۇلازىم: «ئۇ كىشى: ‹خاجە ھەبىبۇللاغا ئېيتقىن، بۇ ئوغۇل مىرزا مۇھەممەدھۇسەين كۆرەگانىنىڭ ئوغلىدۇر، مىرزاخانىنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلىدۇر، بابۇر پادىشاھنىڭمۇ ھاممىسىنىڭ ئوغلىدۇر. ئۇنى خاجە ئۆيىدە ساقلاپتۇ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى غەرىزى ھەمزە سۇلتانغا قارشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت. مەن بۇ ئىشنى بېرىپ خەۋەر قىلىپ، خاجەنىڭ خانىدانىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇيمەن› دەپ تېز سۈرئەتتە كەتتى» دېدى. مۇلازىم يەنە: «بۇ يەردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقىنى ھەمزە سۇلتانىنىڭ ئوغلىدۇر، ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن ھەممە ئالەم تىترىشىدۇ. مەن شۇڭا بۇ سۆزنى دەۋاتىمەن» دېدى.

خاجە ھەبىبۇللا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىر سائەت ئوي ـ خىياللارغا چۆكۈپ كەتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «ماڭا سىلەرنى تېپىپ بەر دەيدىغانغا ھېچكىم مېنى سىلەرگە كېپىل قىلمىغان. بۇ نارەسىدىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش شەرىئەتتە ھەرگىز راۋا ئەمەس،

بۇنداق ئىش مۇرۇۋۋەت ۋە ئىنسانىيەتچىلىكتىن يىراقتۇر. يۇرۇڭلار، ھەرقانداق يەردە سالامەتلىك ئۇمىدى بولسا، شۇ يەرگە بېرىڭلار. ئەگەر سىلەر ئۇچۇن مېنى ھەر نېمە قىلسا، ئۇ ماڭا ئاخىرەت ئوزۇقى بولغۇسىدۇر» دېدى. بىز ئۇ زات ھەققىدە دۇئايىخەير قىلىشىپ خوشلاشتۇق. دەرھال چىقىپ بەدەخشان تەرەپكە راۋان بولدۇق.

لېكىن، ئۇ زامانلاردا بەدەخشاندا شاھ رەزىئەددىن ئاتلىق بىر چىراغكەش پەيدا بولغانىدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى ھەر يەردە ئەھلى سۈننەت جامائىتىنى تاپسا ئۆلتۈرەتتى، ئۆزىنىڭ مەزھەپلىرىدە بۇ ئىشنى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ساۋاب دەپ ئېتىقاد قىلىشاتتى. شۇ سەۋەبتىن يول خەتەرلىك، بىزنىڭ بەدەخشانغا بېرىشىمىز مۈشكۈل ئىدى. شاھ رەزىئەددىن كۇھىستان مەللاھىدىلىرىدىن ئىدى، ئۇ مەلئۇننىڭ ھېكايىلىرى ھەممە تارىخ كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان. ئۇ ۋاقىتلاردا بەدەخشان خەلقىنىڭ تولىسى شۇ مەزھەپتە ئىدى. ئۇلارنىڭ مەزھەپلىرى شۇنداق ئىدىكى، ئۇلار ئالەمنى قەدىمىي دەپ بىلەتتى، بېھىش، دوزاخقا ۋە قىيامەتكە قايىل ئەمەس ئىدى. ئۇلار: «شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ ئىچىدە بولۇش ھەزرىتى پەيغەمبەر — ئاللا ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي — نىڭ زامانلىرىدا ھەممەيلەنگە پەرھىز ئىدى. ئەمدى بۇ زاماندا ‹كەلىمەئى تەييىبە›نى ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ مەنىسىگە ئېتىقاد قىلىش ھەمدە شۇ بويىچە ئىش قىلىش پەرھىزدۇر. قالغان شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلماق ۋاجىپ ئەمەس، جىما قىلماق ئۆز زاتىدا ھالالدۇر، نىكاھ شەرت ئەمەس. ھەرقانداق كىشى بىلەن جىما قىلىشقا مۇمكىن بولسىلا ۋە كۆڭلى تارتسىلا، جىما قىلماق ھالالدۇر. ئەگەر ئانىسى ۋە قىزى بولسىمۇ، جىما قىلماق دۇرۇستۇر، ھەر كىشىنىڭ خۇنى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرى بىر ـ بىرىگە ھالالدۇر» دېيىشىدۇ. مەللاھىدە مەزھىپى كۇپۇرلۇقنىڭ ئەڭ يامانراقىدۇر، ئالەمدە ئاشۇ قوۋمدىن يامانراق كاپىر يوقتۇر. شاھبېكخان بۇ جايلارنى ئىستېلا قىلغان مەزگىلدە، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغىنى ـ

دەك بەدەخشان خەلقى ئۆز ئالدىغا ئىدى. شاھ رەزىئەددىن شۇ چاغدا سىيستاندا ئىدى، ئۇ بەدەخشان خەلقىنىڭ قەدىمكى پىرلىرىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. بەدەخشانلىقلار ئۇنىڭغا ھەر يىلى نەزىر ـ نۇزراتلىرىنى ئەۋەتىپ تۇراتتى، بۇ مەزگىلگە كەلگەندە شاھ رەزىئەددىنگە كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى سىيستاندىن ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەمما، شاھ رەزىئەددىن تېخى بەدەخشانغا كەلمەستە مىرزاخان زۇبەير ئاغانى ئۆلتۈرۈپ پادىشاھ بولغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ [راغ خەلقى ۋە بەدەخشاندىكى ھەزارەلەر [1]] يەنە شاھ رەزىئەددىنگە ئىتائەت قىلغانىدى. ئۇ تولۇق مۇستەقىل ھالدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى، بەدەخشان خەلقى غايىبانە ۋە ھازىرانە ئۇنىڭغا باغلانغانىدى. بىز خۇتتەلانىڭ خېلى چوڭ كەنتلىرىنىڭ بىرى بولغان دىللى بازىرىغا يەتكەندە، بۇ ۋەقەلەرنى تولۇق ئاڭلىدۇق، ئاندىن ئۇ يەردىكى خەلق بىزگە مەسلىھەت كۆرسىتىپ: «نىكپەي شاھ گەرچە ھەمزە سۇلتانغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن مىرزاخانغا سادىقتۇر. شاھ رەزىئەددىن بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بار. ئەگەر شۇنىڭغا ئىلتىجا قىلساڭلار، سىلەرنى مىرزاخاننىڭ قېشىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ» دېدى.

مەۋلانا مۇھەممەد مېنى بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە قويۇپ ئۆزى نىكپەي شاھنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. ئۇنىڭغا: «مەن [مىرزاخاننىڭ ئۇستازىمەن. ئۆزبېكلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن خالاس بولۇپ، مىرزاخاننىڭ ھاكىمىيەت تەختىگە چىقىشى ۋە خان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇڭا،] مىرزاخاننىڭ ئالدىغا بارماقچى ئىدىم. ئەگەر بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ماڭا ياردەم قىلسىڭىز، سىزگە كاتتا ساۋاب بولغۇسى، يەنە سىزنىڭ ساداقىتىڭىزنى ياخشى سۆپەتلەر بىلەن مىرزاخاننىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزىمەن» دېدى.

نىكپەي شاھ مەۋلانا مۇھەممەدكە تەزىم ۋە ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن بەش كىشىنى

---

[1] خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى (مۇھەررىردىن).

ھەمراھ قىلدى ۋە ئۇلارغا تەكىتلەپ : «بۇلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ رۇستاققا يەتكۈزۈپ قويۇپ يانغىن» دېدى . چۈنكى ، رۇستاق ۋەيران بولغان بولسىمۇ ، ئەمما چىراغكەشنىڭ ھۇجۇمىدىن خالىي[1] ئىدى . ئۇ بەش كىشى بىزنى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزدى ، بىز رۇستاق تەرەپكە قاراپ يۈردۇق . قۇياش گىردىسى غەرب تونۇرىغا چۈشۈپ يۇلتۇز ئۇچقۇنلىرى پەلەك تورۇسىغا ئۆرلىگەندە ، بۇ بەش كىشىنىڭ جانلىرىغا ئوت تۇتاشتى ، ئۇلار ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە قالدى . شۇ ۋاقىتتا نەچچە پىيادە غالچا پەيدا بولدى ، ئۇلار «قىي - چۇ» قىلىشىپ چۇقان - سۈرەن سېلىشقا باشلىدى . بىز بىلەن ھەمراھ كېتىۋاتقان ئۈچ سودىگەر بار ئىدى ، ئۇلار : «باج بېرەيلى» دېدى ، شۇنداق قىلىپ بىر مۇنچە ماللىرىنى بەردى . ئۇ غالچىلار : «ھەرقايسىڭىزغا ئالاھىدە بىرەر نەرسە بېرىڭلار» دېدى . بارلىق مال - مۈلۈكلىرىمىزنى بەردۇق ، ئۇلارنىمۇ ئالدى ، ئاندىن يەنە : «بىزگە مال كېرەك ئەمەس ، ئۆزۈڭلارنىمۇ قويۇپ بەرمەيمىز» دەپ ھەرقايسىمىزنى باغلاشقا باشلىدى . ئۇلار مەۋلانا مۇھەممەدنى تۇتقانىدى ، مەۋلانا مۇھەممەد سىياسەت بىلەن دوق قىلىپ : «سىلەرنىڭ بىزگە چېقىلىشقا نېمە ھەددىڭلار ؟ !» دېدى ۋە مېنى كۆرسىتىپ : «بۇ كىشىنى تونۇمامسىلەر ؟ بۇ كىشى مىرزاخاننىڭ قېرىنداشىدۇر ، بۇخارادىن قېچىپ مىرزاخاننىڭ ھۇزۇرىغا كېتىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ مۇلازىملىرىدىن نۇرغۇن كىشى كەينىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ ، يەنە بىر مۇنچە كىشى نىكپەي شاھنىڭ قېشىدا قالغانىدى ، ئۇلارمۇ يېتىپ كېلىدۇ . بىز قەلئەئى زەفەرگە بارساق ، سىلەرگە قانداق جازا يېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭلار !» دېدى . مەۋلانا مۇھەممەد شۇ يوسۇندا نۇرغۇن سىياسەتلەرنى قىلغانىدى ، غالچىلار پەسكويغا چۈشتى . ئۇلار ئۆز تىلى بىلەن : «خاجە ، مۈلۈكھاترا گىر» (ئەي خوجا ، ھەممە نەرسە - كېرەكلىرىڭنى ئالغىن) دېدى ۋە نەرسىلىرىمىزنىڭ

① موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ مۇشۇ قولىيازمىسىدا بۇ سۆز «خالىي ئەمەس ئىدى» دېيىلگەن . باشقا نۇسخىلار ئاساسىدا تۈزىتىپ ئېلىندى .

ھەممىسىنى ياندۇرۇپ بېرىپ بىزگە قارىماي كېتىشتى. ئەمما، بىز شۇ قەدەر خەۋپ - خەتەر ئۈستىدە ئىدۇقكى، ئارقىمىزغا يېنىشىمىزنىڭ ئىمكانى يوق ئىدى، ئىلاجىسىز «تەۋەككۇل قىلغۇچىلار پەقەت ئاللاغا تەۋەككۇل قىلسۇن»① دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، پۈتكۈل ئالەمنىڭ پەرۋىشكارى بولغان تەڭرىگە تەۋەككۇل قىلىپ قەلئەئى زەفەر تەرەپكە قاراپ يۈردۇق. شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە يول يۈرۈپ، كۈندۈزى خىلۋەت جايلاردا دەم ئالدۇق. يەنە كېچىلەپ يۈرۈپ سۈبھى ۋاقتىدا رۇستاققا يېتىپ كەلدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن مەللاھىدىلەرنىڭ خەۋپ - خەتىرىدىن ئەمىن بولدۇق، ئەتىسى قەلئەئى زەفەرگە يەتتۇق.

بۇ يەرنى «قەلئەئى زەفەر» دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: بۇ ئەتراپنى ئۆزبېكلەر ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن بەدەخشاننىڭ سەردارلىرىدىن ھەرقايسىسى بىر تەرەپتە باش كۆتۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزبېكلەر بەدەخشان ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ باردى. شۇ ۋاقىتتا مۇبارەكشاھ ئاتلىق بىر سەردار مۇستەھكەم بىر جايغا بېكىندى، ئۆزبېكلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ جايدا مۇبارەكشاھ قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ قىلدى، شۇڭا ئۆزبېكلەر بۇ يەرنى قەلئەئى زەفەر دەپ ئاتاپتۇ. بۇنداق ئاتىلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇ ئىدىكى، بەدەخشاندا بىر قەبىلە خەلق بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇزەففەرىيلەر دەپ ئاتايدۇ. مەزكۇر مۇبارەكشاھ ئاشۇ قەبىلىدىن ئىدى، شۇ سەۋەبتىن بۇ جاي قەلئەئى زەفەر دەپ ئاتالدى.

قەلئەئى زەفەر بەدەخشاننىڭ پايتەختى ئىدى، مۇبارەكشاھ[نى زۇبەير ئاغا ئۆلتۈرۈپ بۇ يەرنى ئىستېلا قىلغانىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك،] مىرزاخان زۇبەير ئاغانى ئۆلتۈرۈپ بەدەخشاننى ئىشغال قىلدى. شۇ مەزگىلدىن تاكى بۇ ۋاقىتقىچە مىرزاخان قەلئەئى زەفەردە ئىدى. ئەمما، بەدەخشاننىڭ يۇقىرى

① «قۇرئان كەرىم»، 14 - سۈرە ئىبراھىم، 12 - ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى.

تەرپىدىكى بىرمۇنچە جايلار مىرزا ئەبابەكرنىڭ ئىشغالىيىتىدە، ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە تۇتاش جايلار ئۆزبېكلەرگە تەئەللۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرمۇنچە ئوبدان ۋىلايەتلەرنى شاه رەزىئەددىن چىراغكەش مەللاھىدىلەر بىلەن بىللە ئۆز قولىغا ئالغانىدى، ئازراق بىر قىسمىلا مىرزاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى.

دېمەك، بىز قەلئەئى زەفەرگە يەتتۇق. مىرزاخان بىزگە تولىدىن ـ تولا مېھىر ـ شەپقەتلەر قىلدى، چەكسىز مۇھەببەت ۋە مەرھەمەتلەر بىلەن قارشى ئالدى. ئەمما، بىزدىن ئون سەككىز كۈن ئىلگىرى سۇلتان سەئىدخان قەلئەئى زەفەرگە كېلىپ، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كابۇلغا كەتكەنىدى. بۇ ھېكايەت يېقىندا زىكىر قىلىنغۇسى. پەقىر بىر يىل مىرزاخاننىڭ خىزمىتىدە تۇردۇم، قالغان ئەھۋاللىرىم خاننىڭ كابۇلغا بارغان ۋەقەسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن سۆزلەنگۇسى.

## ئون سەككىزىنچى باب

# سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەندىجانغا كېلىپ قاماققا ئېلىنغانلىقى ۋە يەنە خالاس بولۇپ كابۇلغا بېرىپ، بابۇر پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنىڭ بايانى

شۇنى بىلىش كېرەككى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، خان نەچچە مۇددەتكىچە شاھىبېكخاننىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى تولۇق بىلگەنىدى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ياخشىلىقلىرىغا جاۋابەن شاھىبېكخان ئۇنى بىر قېتىم تۇتۇپ

قويۇۋەتكەندى ، بۇ قېتىم موغۇل سۇلتانلىرى قولىغا چۈشۈپ قالسا ، ھايات قويمايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەنگەنىدى . شۇڭا ، ھەركىم شاھىبېكخاننىڭ قېشىغا بېرىشنى ھەۋەس قىلسا ، ئۇنى يۈز تىل بىلەن توساتتى . ئاخىردا موغۇلىستاندا شۇنداق زۆرۈرىيەت بولدىكى ، ئۆزبېكلەرنىڭ يېنىغا بېرىشتىن بۆلەك چارە بولمىدى . بۇ ۋەقە يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتۈلدى .

ئەلقىسسە ، شۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن خان ئىلاجسىز ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئەندىجان تەۋەسىگە كىردى . فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى جانىبېك سۇلتاننىڭ ئىلكىدە ئىدى . جانىبېك سۇلتان ئەندىجاننى خاجە ئەلى باھادىر ئاتلىق بىر كىشىگە تاپشۇرغانىدى . خاجە ئەلى باھادىر شاھىبېكخاننىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدىن بولۇپ ، جانىبېك سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىدا ئاتالىق (ۋەزىر ) قىلىپ بەلگىلەنگەنىدى . خاجە ئەلى باھادىر سەۋدايى مىجەززەك كىشى ئىدى ، ئەمما لەشكىري ئىشلاردا ۋە مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشتا ئىنتايىن كامىل ۋە چىڭ ئىدى .

سۇلتان سەئىدخان ئەندىجان تەۋەسىدىكى يەسۇلات① دېگەن يەرگە يەتكەندە ، ئۆزىنىڭ نام ـ نەسەبىنى ئاشكارا قىلماي ، خەلقتىن : «سۇلتان مەھمۇدخاننى نېمە قىلدى ، سۇلتان خەلىل سۇلتاننى قەيەرگە ئەۋەتتى ؟ » دەپ سورىدى . خالايىق : «سۇلتان مەھمۇدخان باشلىق كەلگەن ھەممە موغۇل پادىشاھلىرىنى بىر ـ بىرلەپ شېھىت قىلدى » دېيىشتى . خاننىڭ ئۇمىد رىشتىسى ئۈمۈچۈك تورىچىلىكلا بار ئىدى ، بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى ، لېكىن كەلگىنىگە پۇشايمان قىلمىدى . چۈنكى ، خان ھەممىنى كۆرۈپ بىلىپ تۇرۇقلۇق ئىلاجسىزلىقتىن بۇ يەرگە كەلگەنىدى .

خاجە ئەلى باھادىر كىشى ئەۋەتىپ خاننىڭ بارلىق

① بۇ ئىسىم مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ تەرجىمىسىدە ۋە تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «سۇلات» دېيىلگەن (خەنزۇچە نەشرىدە «سۇلاتكەند» ‹Sulat — kand› دېيىلگەن — مۇھەررىردىن ) .

ھەمراھلىرىنى تۇتتى ، بۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالدى ۋە خاننى ئەندىجان ئەرەكى دەرۋازىسىنىڭ تۆپىسىدىكى بىر ھۇجرىغا قامىدى . ئەتىسى شەرق تۈركىي (باھادىرى) قۇياش شەمشىرىنى ئۇپۇق غىلىپىدىن چىقىرىپ ، ئۇنىڭ شولىسىدىن ئالەمنى نۇرلاندۇردى ، ئەمما خاننىڭ كۆزىگە جاھان قاراڭغۇ كۆرۈنەتتى . خاننى باغلاپ ئاخسىگە — جانىبېك سۇلتاننىڭ قېشىغا ماڭدۇردى . ئەمما ، خاجە ئەلى باھادىر ئىنتايىن غەمكىن ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە ئىدى . ئۇ خانغا ئەپسۇس ـ نادامەتلەر قىلاتتى ، لېكىن شاھىبېكخاننىڭ ھۆكۈمىدىن قورقۇپ ، خاننى قۇتقۇزۇشقا ھېچبىر پىكىر ۋە ئىلاج تاپالماس ئىدى . خاننى ئاخسىگە ماڭدۇرۇشتىن ئىلگىرى خاجە ئەلى باھادىر بىر كىشىنى جانىبېك سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ خەۋەر يەتكۈزگەنىدى . بۇ ۋاقىتلاردا جانىبېك سۇلتان ئاتتىن يىقىلىپ بېشى يەرگە قاتتىق چۈشۈپ كەتكەچكە ، مېڭىسى زەخىملەنگەنىدى ، ئۇنىڭ كۆپىنچە سۆزلىرى ۋە قىلىقلىرى ساغلام ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى . ئەقىل قولىدىن ئىختىيار تىزگىنى ئاجراپ كەتكەنىدى . خاننى تۇتۇپ ئەۋەتىدىغانلىق خەۋىرى يەتكەن ۋاقىتىدا ، ئېھتىمال شۇ كۈنى جانىبېك سۇلتاننىڭ مېڭىسىگە مۇسۇلمانچىلىق ، ئىنساپ ۋە رەھىم ـ شەپقەت ھەۋىسى چۈشكەن بولسا كېرەك . ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان تەڭرى خاننى خالاس قىلىش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق سىر ـ ھېكمەتلەرنى كۆرسەتكەندۇر . خەۋەر ئېلىپ بارغان كىشى جانىبېك سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىپ ، خاننى مەھبۇس قىلغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى . جانىبېك سۇلتان : «مەن ناھەق قان تۆكىدىغان ئىشنى قىلمايمەن ، چۈنكى مەن جاللات ئەمەس» دېدى ـ دە ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ : «خاجە ئەلى باھادىرغا مۇنداق مەزمۇندا پەرمان يېزىڭلار : ‹موغۇل پادىشاھىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم ، ئەمما ئۇنى ھېچكىم ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئەمەس ، ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش ئۈچۈنمۇ شەرىئەت بۇيرۇقى چۈشكەن ئەمەس . شۇڭا ، مەن ئۇنى ئامان ـ ئېسەنلىك سەھراسىغا

قويۇپ بېرمەن. ئۆزى قاياققا بېرىشنى خالىسا بېرىۋەرسۇن›» دەپ يارلىق نىشان پۈتۈپ ئەۋەتتى.

پەقىر كەمىنىگە خان بۇ ۋەقەنى نۇرغۇن قېتىم ئېيتىپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى:

ئۆز كۆڭلۈمدە: «شاھبېكخان موغۇل خانلىرىدىن بىرەرسىنىمۇ ھاياتلىق دائىرىسى ئىچىدە قويمىدى» دەپ ئويلايتتىم ۋە جەزم قىلاتتىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ئەندىجانغا قاراپ يۈزلەندىم، ئۆزۈمگە شېھىتلىكنى مۇقەررەر قىلىپ قويغانىدىم. ئەندىجانغا يەتكىنىمدە بەزى تەقۋادار كىشىلەر ماڭا ئوقۇيدىغانغا دۇئا پۈتۈپ ئەۋەتىشتى. مەن ئۇلارغا جاۋابەن: «دۇئانىڭ شەرتلىرىدىن بىرى شۇكى، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلماسلىق كېرەك. دېمەك، مېنىڭ ئۆلۈمدىن خالاس بولالىشىم مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا مېنىڭ ئۇنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلىشىم دۇرۇس ئەمەس» دەيتتىم. ئۇلار: «ئەگەر بۇ دۇئا سىزنىڭ خالاس بولۇشىڭىزدا ئۆز خاسىيىتىنى كۆرسەتمىگەن تەقدىردىمۇ، بەرىبىر ئاخىرەتتە شۇ دۇئادىن ئۇلۇغ ساۋاب ھاسىل بولغۇسىدۇر» دېيىشەتتى. مەنمۇ ئۇ دۇئالارنى ئاخىرەتتە ساۋاب تېپىش نىيىتىدە ئوقۇيتتىم، ئەمما ھېچقاچان خىيالىم لەۋھەسىدە خالاسلىقىمنىڭ سۈرىتى كۆرۈنۈپ باقمىغانىدى. چۈنكى، تەسەۋۋۇرۇمدا ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلاتتىم. شاھبېكخان «ئۆلگەن بولسا» دېگەننى ئويلايتتىم، ئەمما يەنە: «مېنى مۇشۇ سائەتتە ئاخىسدا ئۆلتۈرىدىغان تۇرسا، شاھبېكخاننىڭ خوراساندا ئۆلگىنىنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟» دېگەنلەرنى ئويلايتتىم. يەنە: «جانىبېك سۇلتان مەن بارغۇچە ئۆلۈپمۇ كېتەر» دەپ خىيال قىلاتتىم، ئەمما يەنە: «جانىبېك سۇلتاننىڭ ئۆلگىنىدىن ئۆزبېكلەرگە ھېچبىر قىيىنچىلىق ۋە پەرىشانلىق يەتمەيدىغان تۇرسا، ئۇ سەۋەب بىلەن خالاسلىق تاپالامتىم» دېگەنلەرنى خىيال قىلاتتىم. دېمەك، ھېچبىر سەۋەب بىلەن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى كۆڭلۈمگە كەچمەيتتى، شۇڭا ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈمۈمنى مۇقەررەر بىلىپ كېتىپ

باراتتىم . ئاخىرىدا يېقىن يەتكەنىدۇق ، ئالدىمىزغا بىر كىشى ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى . مەن : «بۇ كىشىنىڭ بۇنچە تېزلىك بىلەن كېلىشى ۋاقتىنىدىن قارىغاندا ، ئۇ مېنى ئۆلتۈرگىلى ئەۋەتكەن كىشى بولسا كېرەك » دەپ ئويلاپ كېتىپ باراتتىم ، ئۇنىڭغىچە ئۇ كىشى يېتىپ كەلدى . قارىسام ئۇ ئەندىجاننىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن بولغان مەۋلانا ھەيدەر خەرسۇز ئىكەن . مەۋلانا ھەيدەر ئۆزىنى ئاتتىن تاشلىدى ۋە ئېتىمنىڭ ئۈزەڭگىسىنى سۆيدى ـ دە ، ھەددىدىن تاشقىرى خۇشاللىق بىلەن : «سىزگە خۇش خەۋەر ، جانىبېك سۇلتان سىزنى ئازاد قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى ، بۇ ھەقتە ئامان ـ ئېسەنلىك يارلىقنامىسىنى ئەۋەتكەنىدى ، ئۇنى دوستمۇھەممەد ئەلى چولاق كەينىمىزدىن ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ » دېدى . مەن كۆڭلۈمدە : «مەۋلانا ھەيدەر ماڭا بۇ سۆزلەرنى كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئېيتىۋاتىدۇ » دەپ ئويلىدىم ۋە مەۋلانا ھەيدەرگە : «خۇدايىتائالا سىزگە كۆپ ئەجىر بەرسۇن ، مەن تىرىكلىكتىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم ، ماڭا بۇنداق تەسەللى بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق » دېدىم . مەۋلانا ھەيدەر سۆزىنىڭ راستلىقىغا تەكرار ـ تەكرار قەسەمياد قىلدى . شۇ ئارىدا دوستمۇھەممەد ئەلى چولاقمۇ يېتىپ كەلدى ۋە ماڭا مەسئۇل بولۇپ بارغان كىشىگە ھۆكۈمنى يەتكۈزۈپ : «سەن مۇشۇ يەردىن يانغىن ۋە خاجە ئەلى باھادىرغا مەندىكى يارلىق نىشانىنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلسۇن ، دەپ ئېيتقىن » دېدى . ئاخىرىدا يېتىپ بېرىشقا بىر فەرسەڭ يول قالغانىدى ، شۇ يەردىن مېنى ياندۇرۇپ ئەندىجانغا ئېلىپ كەلدى . يارلىق نىشانىنى خاجە ئەلى باھادىرغا بەردى ، خاجە ئەلى باھادىر نىشانىنى ماڭا بەردى ، ئوقۇپ كۆرگەنىدىم ، مەۋلانا ھەيدەر بايان قىلغان مەزمۇن بىلەن ئوخشاش چىقتى . خاجە ئەلى باھادىر : «جانىبېك سۇلتان بۇ پەرماندا تۇرمايدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىشچاندۇر . ئېھتىمال يېقىندىلا بۇ يارلىقنىڭ دەل ئەكسىچە يەنە بىر يارلىق نىشان ئەۋەتىدۇ . شۇنداقتىمۇ ماڭا مۇشۇنچىلىك باھانە بولسىلا كۇپايە . كۆڭلۈڭنى خۇشال تۇت ، غەم يېمە . ھازىر

شۇنداق ۋاقىتتۇركى ، روھىمىزغا شاراب ئىچىش ئارقىلىق راھەت يەتكۈزگەيمىز ۋە ئالەمنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىدىن بىر پەس خالاس بولغايمىز» دېدى . مەن : «ھازىر ماڭا شېھىتلىك شەربىتىنى يېتەرلىك ، بۇنداق چاغدا شاراب ئىچىپ ئاغزىمنى بۇلغىشىم پۈتۈنلەي قاباھەتلىك ۋە غەپلەتنىڭ ئالامىتىدۇر» دەپ نۇرغۇن مۇبالىغىلەر بىلەن ئۆزرە ئېيتتىم . ئەمما ، خاجە ئەلى باھادىر ھېچبىر باھانە بىلەن سۆزۈمنى قوبۇل قىلمىدى . ھاياتلىق تەقەززاسى بىلەن زۆرۈرىيەتنى كۆزدە تۇتقاندىمۇ ، ئۇنىڭ رايىغا خىلاپلىق قىلىشىم لايىق ئەمەس ئىدى ، شۇڭا ئىلاجسىز قوبۇل قىلدىم . پىيالىنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى ، يۈزۈمنىڭ رەڭگى شاھىبېكخاننىڭ سەپرا مىجەز پەرمانى بىلەن سېرىق گۈلدەك سارغايغانىدى . ئەمدى گۈل رەڭلىك شارابنىڭ تەسىرى بىلەن باھاردا ئېچىلغان لالىدەك قىزاردى . شۇنداق قىلىپ بۇ بىر كۈن گۈل رەڭ شارابلارنى ئىچىش بىلەن كەچ بولدى ، بەزمە سورۇنى كەچلىك شاملارنى يېقىش بىلەن زىننەتلىنىپ كۈندۈزدەك يورۇق ۋە نۇرانە قىلىندى . كەچلىك ئولتۇرۇش ئەمدىلا باشلانغانىدى ، جانىبېك سۇلتاننىڭ ئاللابەردى ئاتلىق بىر ياساۋۇلى كىرىپ كەلدى ، ئۇ يېنىدىن بىر خارۇزارلىق پەرماننى چىقىرىپ خاجە ئەلى باھادىرغا بەردى . خاجە ئەلى باھادىر بۇ پەرماننى ماڭا بېرىپ : «بۇ يارلىق نىشاننى ئوقۇغىن» دېدى . قارىسام : «سۇلتان سەئىدخاننى ئازاد قىلىش ھەققىدە ئويلاشمايلا يارلىق نىشان بېرىلىپ قاپتۇ ، ھازىر ئۇنى ئازاد قىلىش خاننىڭ ھۆكۈمىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ ، شۇڭا ئۇنى كەلمەس بولۇپ كەتكەنلەر قاتارىغا قوشۇپ ئەۋەتكەيسەن ۋە قەدىمىي قائىدە بىلەن پايتەختكە يولغا سالغايسەن . ئۇنىڭ دارغا ئېسىش يولى بىلەن ئۇ دۇنياغا ئەۋەتىلىشى مۇقەررەردۇر .» بۇ يارلىق نىشاننى ئوقۇغاندىن كېيىن قىپقىزىل شارابتىن گۈل رەڭگىگە كىرگەن يۈزۈمنىڭ رەڭگى زەپەر رەڭگە ئۆزگەردى . خاجە ئەلى باھادىر يارلىقنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز پاراستى بىلەن بىلىۋالدى ۋە ئېيتتىكى : «نېمىشقا يارلىق

نشاننى ئوقۇماي خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدىڭ؟» شۇنىڭدىن كېيىن مەن يارلىقنامىنى ئوقۇدۇم. خاجە ئەلى باھادىر دەرغەزەپ بولۇپ: «جانىبېك سۇلتاننىڭ ئەقلى ۋە مېڭىسىگە نۇقسان يېتىپتۇ، ئۇنداق مېڭىدىن ھەرقانداق ياخشى خىيال پەيدا بولسا يامان نەتىجە، يامان خىيال سادىر بولسا كۆپىنچە ياخشى نەتىجە بەرگۈسىدۇر. خۇدا ساقلىسۇن، دار تۈۋىدىن ئازاد بولۇپ سىمابتەك يوقالغان سۇلتاننى مەن قەيەردىن ئىزدەپ تاپىمەن؟» دېدى. ياساۋۇل تەزىم قىلىپ يەر سۆيۈپ ئېيتتىكى: «ئەي باھادىر، ساداقەت يولىدىن چىقىش ۋە يالغان ئېيتىش ھەممە سۇپەتلەرنىڭ يامانراقىدۇر. بۇنداق يامان سۇپەتكە ئىگە بولۇش سىزگە مۇناسىپ ئەمەس. سۇلتاننى سىز كۆزدىن سىمابتەك يوقالدى دەيسىز، ئەمما مەن ئۇنى بىلىمەن ۋە كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، يېنىڭىزدا ئولتۇرۇپتۇ.» خاجە ئەلى باھادىر ياساۋۇلدىن بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ غەزەپ ئوتلىرى يالقۇنجىدى: «ساڭا ئوخشاش يېڭى كەلگەن، تېخىچە مۇلازىمىتىڭنىڭ ئېتەكلىرى مۇخالىپەتچىلىك نىجاسەتلىرىدىن ئېرىغدالمىغان، ئۇنى ئەپۇ ۋە كەچۈرۈم سۇلىرى بىلەن ھەرقانچە يۇسىمۇ پاك قىلالمايدىغان بىر چاغاتايى مېنى يالغانچى قىلىۋاتىسەن ۋە شاھىبېكخاننىڭ خانىدانىغا ساداقەتلىك بولۇش يولىنى كۆرسىتىۋاتىسەن. جانىبېك سۇلتاننىڭ ئالدىدا قىلغان خىزمەتلىرىمنىڭ نەتىجىسى ئاخىر مۇشۇ يەرگە يەتتىمۇ؟ سېنىڭ جاۋابىڭنى سۇلتانغا ھەر باب بىلەن بېرىپ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن» دېدى ــ دە، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بىر چوڭ ياغاچنى ئوتتۇرىدىن تېشىپ، ياساۋۇلنىڭ گەدىنىگە ئۆتكۈزۈپ دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

كېيىن ئەندىجان مەملىكىتىنىڭ سەلتەنىتى خاننىڭ شاھانە قەددى ــ قامىتى بىلەن زىبۇزىننەت تاپقان ۋاقىتلاردا ئاشۇ ئاللابەردى ياساۋۇلنى تۇتۇپ خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىنى ئەرز قىلىشتى. خان بۇ چاغدا: «خاجە ئەلى

باھادىر ئۆز ۋاقتىدا بىزنىڭ ئىنتىقامىمىزنى ئۇنىڭدىن ئالغانىدى ، شۇڭا بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاداۋەتتىن خالىيدۇر . ئەمدى ئۇ ياساۋۇللۇق خىزمىتىنى ئادا قىلسۇن» دەپ ئۇنىڭغا ياساۋۇللۇقنىڭ ئوتتۇراھال مەرتىۋىسىنى بەردى . بۇ خېلى يۇقىرى مەرتىۋە بولسىمۇ ، سۇلتان سەئىدخان مەردانىلىك ۋە كەرەم يۈزىسىدىن بۇ خىزمەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى . ئەي تەڭرىم ، سەن شۇنداق پادىشاھتۇرسەنكى ، كەرەم ۋە مەرھەمىتىڭ نۇرلىرىنىڭ شولىسىدىن ئەزەلدىن ئەبەدكىچە پۈتكۈل ئالەم نۇرلاندى . مۇنچىۋالا ياخشى ئەخلاق سېنىڭ بىر كەمتەر بەندەڭدە نامايان بولۇپتۇ ، بۇ بەندەڭ سېنىڭ كەرىمىڭگە نەمۇنە بولۇپتۇ . سېنىڭ تەڭرىلىكىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، ئۇ ناھايىتى تۆۋەن ۋە ئېتىبارسىزدۇر . ئەگەر ئۇ بەندەڭدىن گۇناھ ۋە سەۋەنلىكلەر سادىر بولغان بولسا ، ئۇنى ئەپۇ قىلساڭ ئەجەب ئەمەس ، چۈنكى ئۇ بەندەڭ شۇ قەدەر ئاجىزلىقى بىلەن شۇنداق گۇناھنى كەچۈرۈم قىلىپتۇ . ئۇ بەندەڭنىڭ گۇناھى سېنىڭ رەھمىتىڭ دەرياسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە پايانسىزلىقى ئالدىدا يوقنىڭ ئورنىدىدۇر . ئەي بەندەڭگە كەچۈرۈم ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغۇچى ، پۈتكۈل ئالەمنىڭ پەرۋىشكارى بولغان تەڭرىم ، بەندەڭنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغايسەن ، ئامىن !

ئەلقىسسە ، خاجە ئەلى باھادىر ئۇ ياساۋۇلنى باغلاپ قويۇپ ، كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە خانغا نەسىھەت قىلىپ تاڭغا ئۇلاشتۇردى . ئەتىسى خانغا نەچچە كىشىنى ھەمراھ قىلىپ قاراتېگىن يولى بىلەن يولغا سالدى . بىر كۈنلۈك يەرگە بارغانىدى ، خانىنىڭ ھەمراھلىرى يولدىن ئېزىپ قېلىپ ، يەنە يېنىپ خاجە ئەلى باھادىرنىڭ ھۇزۇرىغا باردى . خاجە ئەلى باھادىر ئۇلارغا غەزەپلىنىپ جازالار بېرىپ سىياسەتكە يەتكۈزدى . خاننى نەچچە كۈنگىچە مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلىدى ، ئۇنىڭغىچە بىرنەچچە ئىشەنچلىك مۆتىۋەر كىشىلەرنى تاپتى . ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى مەۋلانا خۇلقى[1] بولۇپ ،

---

① تېھران نەشرىدە «مەۋلانا خەلىفى» (خەنزۇچە نەشرىدە «مەۋلانە خالىقى» (Maulana Khaliki) دېيىلگەن — مۇھەررىردىن ) .

ئالىم ۋە پازىل كىشى ئىدى ، تەئلىق خېتىنى پۇختا ۋە ياخشى پۈتەتتى ، ياخشى شېئىرلارنى ئىجاد قىلاتتى ، نەغمە ئىلمىدە ئۇستاز ئىدى . يەنە بىرى سالىھ خاجە بولۇپ ، ئەندىجان سودىگەرلىرىنىڭ كاتتىسى ئىدى . يوللاردىكى ھەممە خەلق بىلەن دوست ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەزىرىدە مۆتىۋەر ۋە ئىشەنچلىك كىشى ئىدى . يەنە بىرى مەۋلانا يۈسۈف كاشغەرى بولۇپ ، مۇھتەسىب ئىدى ، ئۇ ئەندىجاندا كېڭەش - مەسلىھەتكە پۇختا كىشىلەردىن ئىدى . يەنە بىرى گادايبەردى[1] بولۇپ ، ھەر خىل خىزمەتلەردە قابىل ، نەغمىگە كامىل ئىدى . يەنە بىرى مىرزا ئەھمەد بولۇپ ، ئەندىجاننىڭ تۈركلىرىدىن ، تولا سەپەر قىلغان ۋە جاھان كۆرگەن كىشى ئىدى . يەنە بىرى جەلال بولۇپ ، تولا خىزمەتلەرگە پۇختا كىشى ئىدى . خاجە ئەلى باھادىر بۇلارنى خانغا ھەمراھ قىلىپ يولغا سالدى . خاجە سالىھ بىلەن مەۋلانا يۈسۈف سودىگەر سىياقىدا ياساندى ، مەۋلانا خۇلقى ، گادايبەردى ۋە خان قاتارلىق ئۈچەيلەن تالىبى ئىلىم سىياقىدا قەلەندەر سۈپەت ياساندى ، جەلال بىلەن مىر ئەھمەدمۇ سودىگەر سىياقىدا بولدى . ئۇلار مۇشۇنداق سىياقتا يولغا كىرىپ ناھايىتى خاتىرجەم ، تىنچ - ئامانلىق بىلەن قەلئەئى زەفەرگە يېتىپ كەلدى . يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، قەلئەئى زەپەردە مىرزاخان بار ئىدى ، مىرزاخان ئۇ كۈنلەردە قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە خىزمەتكارلىق قىلدى . خان ئون سەككىز كۈنگىچە قەلئەئى زەفەردە تۇردى ، ئەمما مىرزاخان ئاجىز كىشى ئىدى . مىرزاخاننىڭ ئەمىرلىرى مىرزاخاننىڭ ئاجىزلىقىنى مۇلاھىزە قىلىشىپ ، قەلئەئى زەفەرنىڭ پۇچۇق نانچىلىك ۋۇجۇدى يوق پادىشاھلىقىنى ئىلتىماس تاۋۇقىدا قويۇپ ، خاننىڭ دەريا كەبى نەزىرىگە سۇندى . خان ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلمىدى ۋە ئېيتتىكى : «مىرزاخان مېنىڭ ھامامىنىڭ ئوغلىدۇر . بۇ تەتۇر پەلەكنىڭ

---

[1] گادايبەردى — خەنزۇچە نەشرىدە «گاداي پىرى» (Gadai Piri) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن) .

دەستىدىن بۇ قەلئەدە مىڭ جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭغا قارشى چىقىش ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى تارتىۋېلىش مۇرۇۋۋەت دىنىدا خاتا ۋە مەردانىلىك مەزھىپىدە ناراۋادۇر.» خان مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ قەلئەدە ئۇزۇن تۇرماي كابۇلغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. خان كېتىپ ئون سەككىز كۈندىن كېيىن پەقىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر مىرزاخانىنىڭ ھۇزۇرىغا باردىم. بۇ ئەھۋال يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

خان كابۇلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بابۇر پادىشاھ خانىنىڭ قەدىمىنى تەۋەررۈك بىلىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكراملار قىلدى. خان ھەمىشە مۇنداق دەيتتى:

مەن كابۇلدىكى كۈنلەردە شۇ قەدەر خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن غەمسىز ھايات كەچۈردۈمكى، ھېچ كىشىنىڭ ئۆمرى ئۇنداق خۇشاللىق بىلەن ئۆتمىگەن بولغىيتتى. چۈنكى، ھەممە ئىشلارنىڭ جاپالىقراقى بولغان سەلتەنەت زۆرۈرىيەتلىرىگە بابۇر پادىشاھ مەسئۇل ئىدى. سەلتەنەتنىڭ مەھسۇلاتى ۋە مېۋىسى بولغان ئەيش ـ ئىشرەت، راھەت ـ پاراغەت ۋە مۇتلەق ئىختىيارلىق بولسا ماڭا نېسىپ بولغانىدى. سەلتەنەت ئىشلىرىنىڭ ئىگىلىرىگە دوستلار بىلەنمۇ، ياتلار بىلەنمۇ، ياخشىلار بىلەنمۇ، يامانلار بىلەنمۇ ئارىلىشىپ مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، مەن ئۇ كۈنلەردە شۇ قەدەر ئەركىن ۋە ئىختىيار ئىدىمكى، كىمنى خالىسام، شۇنىڭ بىلەن ئارىلىشاتتىم، كۆڭلۈم خالىمىغان كىشى بىلەن ئۇچراشمايتتىم، ھېچكىمدىن ماڭا قىيىنچىلىق ۋە ئازار يەتمەيتتى، مانا بۇ ھەممە پاراغەتلەرنىڭ ئۇلۇغىدۇر. يەنە كۆڭلۈم ھەۋىسى مەي ئىچىشنى خالىسا توسالغۇسىز ۋە توختاۋسىز مۇيەسسەر بولاتتى. ھەممە كېرەكلىك ئەسۋابلارنى خەج ـ خىراجەتلەرنى پادىشاھ تەييار قىلدۇرۇپ بەرگەنىنىڭ ئۈستىگە، دېگەندىن زىيادە تەق قىلىپ قويغانىدى. ئىككى يېرىم يىل مۇددەت ئىچىدە شۇنداق غەم ـ ئەندىشىسىز، شاد ـ خۇراملىق بىلەن ئۆمۈر

ئۆتكۈزدۈمكى ، غەم ـ ئەندىشە تۇزانلىرى كۆڭلۈم ئېتىكىگە زادىلا يېقىنلاشمىغانىدى . ئۇ كۈنلەردە «بۈگۈن قەيەردە بەزمە قىلارمىزكىن ، سۆھبىتىمىز قانداق لەززەتلەرنى بېرىدىكىن» دېگەندىن بۆلەك خىيال پەقەتلا كۆڭلۈمگە يەتمەيتتى . شۇ كۈنلەردە مەندە ھېچقانداق باش ئاغرىقى يوق ئىدى . شۇ مۇددەت ئىچىدە پەقەتلا يارنىڭ چاچلىرىغا باغلىنىپ قالغانىدىم ، ھەمىشە ئىشق چاڭگىلى سەۋەبىدىن سەۋر ـ تاقىتىمنىڭ ياقىسى پارە ـ پارە ئىدى ، كۆڭلۈم قۇشى ئاھۇ كۆزلۈكلەردىن باشقا نەرسىدىن گوياكى ياۋا قۇشلاردەك قاچاتتى . ئەگەر بىر پىيالە شاراب ئىچسەم ، ئۇلارنىڭ قىپقىزىل لەۋلىرىنىڭ ئارزۇسى بىلەن سۈمۈرەتتىم . ئەگەر بىر لوقما كاۋاپ يېسەمۇ ، ئۇلارنىڭ شەۋق ئىشتىياقىنىڭ ئوتى بىلەن پىشۇراتتىم . نەزم :

گەر بادەنۇش ئەتسەم باشىمدەدۇر خۇمارىم ،
بارساڭ ئەگەر چەمەنگە كۆڭلۈمدە خار ـ خارىڭ .

بولۇپمۇ موغۇل ئەمىرلىرىدىن بىر ئەمىرزادە بار ئىدى ، بەگچەك نەسەبىدىن ، پەرىزاتلار نەسلىدىن ۋە ھۆر سۈپەتلەر قوۋمىدىن ئىدى . سەرۋى قامەتلىك ، يۈرۈشلىرى يېقىملىق ، يۈزلىرى لالە رەڭلىك ، شېرىن سۆزلۈك ، ياخشى زاتلىق ياش ئىدى . ئېتى بەگمۇھەممەد ئىدى . نەزم :

سەفھەئى ئەندىشەگە ھەر نى يازار كىلكى خەيال ،
شەكلى مەتبۇئۇڭ ئانىڭدىن يۈز تۈمەن زىيبا ئېرۇر .

خۇددى ئۇستازلار بۇ مەزمۇننى شۇنىڭغا ئاتاپ يازغاندەكلا :
نەزم :

سەرۋىنىڭ رەئنا قەدىڭغە بولسا ئېردى نىسبەتى ،
بولغاي ئېردى غۇنچەدىن ئاغزىيۇ گۈلدىن تەلئەتى .

ئېھتىمال بۇ بېيىت ئۇنىڭ گۈزەل ۋە پاك ۋۇجۇدى شەنىدە پۈتۈلگەندۇر. ئۇ يىگىت تېخى تولۇق بالاغەتكە يەتمەستە، يەنى نارەسىدىلىك مەزگىلىدىلا جاپاكارلىقنى ۋايىگە يەتكۈزگەنىدى. نەزم:

لەتافەت، خۇبلۇقدىن ھەر نە دەرلەر سەندە ئول باردۇر،
كېرەك ئېردى ۋەلېكىن ئارەزىڭ ئۇزرە ۋەفا خالى.

ئۇنىڭ ئاغىسى، ئىنىسى ۋە ھەممە قوۋم ـ قېرىنداشلىرى مېنىڭ خىزمىتىمدە ئىدى. ئۇلار ھەممىسى ماڭا خىزمەت قىلىشنى ئۆزلىرىگە لازىم ۋە ۋاجىپ دەپ بىلەتتى. ئەمما، ئۇ جاپاكار مۇنچىۋالا ئالاقىلەرگە رىئايە قىلماي سۆھبىتىمدىن ئۆزىنى تارتاتتى. غەمكىن جېنىمغا پىراق تىكەنلىرىدىن ئازاب يەتكۈزۈشتىن تەپ تارتماس ئىدى. نەزم:

تا قاچانلارغىچە، ئەي شوخ، بىرۇرسەن ئازار،
ھەمە ئالەم ساڭا يارۇ، ھەمەدىن سەن بىزار.

ئۇنىڭ ۋىسال ئېتىكىگە ئۇزاتقان قوللىرىم بەزىدە يېتەتتى. ئەگەر شۇنچىكى يەتكەن تەقدىردىمۇ ناز ۋە دوق قىلىپ ئېتىكىنى شۇنداق سىلكىيتتىكى، ۋىسال ئېتىكى ئىلكىمدىن ئاجراپ كېتەتتى، سەۋ ـ تاقەت تىزگىنى ئەقىل ۋە ئىدرىكىم قوللىرىدىن چىقىپ كېتەتتى. نەزم:

ھەر نەچەكىم ئاشىنالىق كۆڭلۈمە مەتلۇب ئىدى،
يار تەبئىگە ۋەلې بىگانەلىك مەرغۇب ئىدى.

دېمەك، ئىلاجىسىز ئاياغلىرىمنى پىراق باياۋانى ئېتىكىگە قوياتتىم ۋە سەۋر ـ تاقەت زەھرىنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىيتتىم. نەزم:

قىلما نەزەر ئەبرۇسىغە ، ئەي كۆز ، بۇ پەندىم ئاڭلاغىل ،
ھىجرانىغە مەن خۇي ئەيلەدىم ، سەن بىزنى بەدخۇ قىلماغىل .

بىقارارلىق تۇپەيلىدىن كېچىلەردە ئۇنىڭ مەنزىلىـــنىـــڭ ئەتراپىغا باراتتىم . نەزم :

ئول ئاينىڭ قەسرى بامىغە كېچە بارىپ چىقار ئېردىم ،
تۇرار ئېردىم ئانىڭ تۈگۈلۈكىدىن ئالماي قۇلاغىمنى ،
مۇناسىپ كۆرمەي ئول رەۋزەنگە ، شىشە ئالىبان ، ئانى
ئانىڭ ئورنىغە ئورناتمىش ئىدىم كۆزۈ قاراغىمنى .

كۇندۇزى كۆڭلىرىمنى باغ سەيلىسى ، گۈل تاماشاسى بىلەن ئۆتكۈزەتتىم . نەزم :

ئاچىلماغاي چەمەنۇ باغ سەھنى ئەرسەسىدە ،
ۋەلېكى غۇنچە كەبى ھەجرىدىن ئېرۇر دىل تەڭ .

ئەگەر كوكاتلارنى كۆرسەم ، ئۇنىڭ يېڭـــى خەت تارتقان بۇرۇتلىرى يادىمغا يېتەتتى ـ دە ، كـۆڭلـۇم باھـار بۇلۇتىدەك ھۆل ـ يېغىنلارنى تۆكەتتى . نەزم :

باغقە باردىمۇ يوق سەرۋى خىرامان ئاندا ،
يوق چەمەنگە قاراسام غۇنچەئى خەندان ئاندا .
يىغلادىم مەن يۈگۈرۈپ ھەر سارى چۈن ئەبرى بەھار ،
كى قايانغە قاراسام يوق ئىدى جانان ئاندا .

ئەگەر سەرۋى ۋە گۈلگە كۆزۈم چۈشسە ، ئۇنىڭ يۈزى ۋە قەددى ـ قامىتىنى ئەسلەپ ئاھ ئۇراتتىم . نەزم :

يادىمغە يېتەر باغقە كىرسەم كويۇڭ ،
گۈلنى كۆرسەم ساغىنارمەن گۈل رويۇڭ ،

تۇرسام بىردەم چۇ سەرايىڭ سايەسىدە ،
يادىمغە كېلۇر سەرۋى قەدى دىل جويۇڭ .

دېمەك ، ئىشقنىڭ قائىدىسى ۋە ئاشىقلىق ئادىتى مەشۇقلار يوسۇنى ئالدى بىلەن كۆيمەك ئاخىرىدا ئۆلمەكتۇر ، ئىشققا چەك - چېگرا ۋە مەشۇققە هەددۇپايان يوقتۇر . هەرقانچە تىرىشچانلىق بىلەنمۇ ئۇنىڭ پايانىغا ۋە چېكىگە ئاشىق بىچارىنىڭ يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس . نەزم :

ئىشقدىندۇر غەرەزىم چاشنى دەردۇ غەم ،
ۋەرنە ئەسبابى تەرەب ئالەم ئارا ئېرمەس كەم .
فىكرى يادىڭ بىلە ئۇمرۇم كېچەدۇر شاد دەمى ،
هاسىلى ئۇمرى گەران مايە ئېرۇر بىر - ئىكى دەم .
غەمى ئىشقىڭ بىلە خەم بولدى بۇ قەددىم ، نە ئەجەب ،
ئىشق بارى ئىدىكىم ، قىلدى فەلەك قەددىنى خەم .

بۇ «مۇختەسەر»دىن مەقسەت شۇكى ، پەلەكنىڭ چۆرگىلىشى زامانىنىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر . ئىشق هېكايىسىنىڭ چەك - چېگراسى يوقتۇر ، شۇڭا بۇ كىتابچىگە سىغمايدۇ . نەزم :

ئوقۇدۇم قىسسەئى ئۇششاقنى ، يوق لېك ئاندا ،
غەيرى دىلدار جەفاسىيۇ ۋەفايى ئاشىق ، بەس .

ئىلاجىسىز ئەسلىي قىسسىگە قايتىپ كەلدۇق .

شۇنداق قىلىپ خان نەچچە مۇددەتكىچە كابۇلدا ئىدى ، هەمىشە پادىشاھ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشاتتى . بۇ ئىككى ئالىيجانابنىڭ ئارىسىدا بىرلىك ۋە مۇهەببەت ، ئەقىدە ۋە ئېتىقاد ئەلا دەرىجىدە ئىدى . خاننىڭ كابۇلغا بارغان ۋاقتى تارىخنىڭ

(ھىجرىيە ) 914 ـ يىلى[1] شەئبان ئېيى ئىدى . شۇ ۋاقىتتىن تاكى شاھىبېكخان شاھ ئىسمائىلنىڭ قولىدا قەتلى قىلىنغان زامانغىچە ، يەنى تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 916 ـ يىلى[2] رامىزان ئېيىغىچە بولغان ئارىلىقتا ، ئىككى يېرىم يىل مۇددەتنىڭ ئىچىدە خان كابۇلدا ئىدى . شاھىبېكخاننىڭ شاھ ئىسمائىلنىڭ قولىدا ئۆلگەن ۋەقەسى پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى .

## ئون توققۇزىنچى باب

# مىرزاخان ئەھۋالىنىڭ قىسقىچە بايانى ۋە پەقىر مىرزا ھەيدەرنىڭ بەدەخشاندىن كابۇلغا بارغانلىقى

خان كابۇلغا ئۆتۈپ كېتىپ ئون سەككىز كۈندىن كېيىن پەقىرنىڭ بەدەخشانغا يېتىپ كەلگەنلىكىم يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدى . مىرزاخاننىڭ ئەھۋالى بەدەخشى بەدنەقشلەرنىڭ تايىنى يوق قەلئەسى ئىچىدە قىسىنچىلىق ۋە خارابلىق ئىچىدە ئىدى . بەدەخشاننىڭ تەڭگى بالا تەرىپى شۇ تەرەپ ھەزارەلىرىنىڭ مۇستەھكەم يەرلىرى بولۇپ ، بۇ يەرلەر كاشغەرگە تەئەللۇق بولغانىدى . بۇ ھەقتە كېيىنچە بايان قىلىنىدۇ . بەدەخشانغا تۇتاش ۋە زىرائەت ئوخشايدىغان ئاۋات يەرلەر ئۆزبېكلەرنىڭ ئىشغالىيىتىدە ئىدى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا قالغان ئاۋات جايلارمۇ ئۆزبېكلەرنىڭ

---

① ھىجرىيە 914 ـ يىلى شەئبان ئېيى مىلادىيە 1508 ـ يىلى 12 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ .
② ھىجرىيە 916 ـ رامىزان ئېيى مىلادىيە 1510 ـ يىلى 12 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ .

قورقۇنچىسى تۇپەيلىدىن ۋەيران بولغانىدى. كاشغەرلىكلەر بىلەن ئۆزبېكلەردىن ئىبارەت بۇ ئىككى ۋەھشىي تاغ يولۋىسى ۋە جاپاكار دەريا لەھىڭىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن تاشقىرىدا قالغان يەرلەرنى شاھرۇخىددىن چىراغكەش مەللاھىدىلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن سىيستاندىن كېلىپ ئىشغال قىلغانىدى. مىرزاخان بىچارە بولارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازغىنە يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. مىرزاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى يەرلەرنىڭ ھاسىلاتى ئۇنىڭ قىسمەن لاۋازىماتلىرىغىمۇ يېتىشمەيتتى، شۇڭا تىرىكچىلىكى شۇ قەدەر تەڭلىك ئىچىدە ئۆتەتتى. بۇ قىشنى بىر يوللار بىلەن ئۆتكۈزدۇق. شۇ يىلى باھارغا يېقىنلاشقانىدى، شاھرۇخىددىننىڭ ئېتىقادچىلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. جېدەل - ماجىرالار شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئاخىر ئۇلار شاھرۇخىددىننىڭ نىجىس بېشىنى ناپاك تېنىدىن جۇدا قىلىپ مىرزاخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشتى. مەللاھىدىلەرگە بۇ خىل زەربە ۋە پاراكەندىچىلىك يەتكەنلىكى ئۈچۈن مىرزاخانغا بىر ئاز كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل بولدى. ئۇ باھارنىمۇ ئۆتكۈزدۇق، كۈز پەسلىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى بولغانىدى، بابۇر پادىشاھتىن مىرزاخانغا بېجىرىش زۆرۈر بولغان پەرمان كەلدى. بۇ پەرمان: «مۇھەممەدھۈسەيىن مىرزانىڭ ئوغلى سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا ئىمىش، سېنىڭ يۇرتۇڭ ئۆزبېكلەر تەۋەلىكىگە يېقىن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن خاتىرجەم ئەمەس، ئۇنىڭغا بىرەر خېيىمخەتەر يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ئۇنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا ئەۋەتكەيسەن» دېگەن مەزمۇندا ئىدى. مىرزاخان بۇ يارلىقنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ مېنىڭ كابۇلغا بېرىشىمغا رۇخسەت بەرمەكچى بولدى. ماڭا بىر رەڭدار كىيىم تەييارلاپ بېرىش ئۈچۈن ھەممە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، لېكىن تەييار قىلالمىدى، ئاخىر ئىلاجسىز ئىجازەت بەردى.

شۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن ناھايىتى ئاجايىپ ۋە

غارايىپ ۋەقە شۇكى ، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، ھىسار تەۋەسىدىكى مىر ئىماد لەشكىرى دېگەن يەردە ئۆلاغدىن يىقىلىپ ، قولۇم جەينىكىمدىن چىقىپ كەتكەنىدى ۋە پۇشەك كەنتىدە ئۇ جاراھەتنى تېڭىپ ئاغرىق پەس بولغانىدى ، ئەمما قولۇمنى سۇنغىلى ، يىغقىلى بولمايتتى . قولۇمنى يۈزۈمگە يەتكۈزەلمەيتتىم ۋە ئوقنىمۇ دۇرۇس راق تۇتالمايتتىم . مىرزاخاننىڭ ھۇزۇرىدىكى ۋاقتىمدا باھار ۋاقتى بولغانىدى . بىر بەدەخشانلىق ئىككى ياشلىق بولغان بىر ئوبدان ئاتنى ئۆزبېكلەردىن ئوغرىلاپ كېلىپ مىرزاخانغا سوۋغا قىلدى ، مىرزاخان ئۇ ئاتنى ماڭا بەردى . بىر كۈنى مىرزاخان سەيلە قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندى ، مەنمۇ ئاتقا مىنىپ ھەمراھ بولۇپ سەيلىگە چىقتىم . كېتىۋاتقىنىمىزدا ئۇ ئات توساتتىن نەچچە نۆۋەت مۆڭكۈپ ئاخىر مېنى يەرگە ئۇردى ، سۇنغان قولۇم ئاستىمدا قالدى . بىر ئاۋاز قۇلىقىمغا ئاڭلاندى ، شۇ ھامان ھوشۇمدىن كەتتىم . بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام ، مىرزاخان بېشىمنى تىزىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن مېنى يۆلەپ قوپاردى ، قولۇمنى بوينۇمغا ئېسىپ ئاتقا مىندۈرۈپ قەلئەئى زەفەرگە ئېلىپ كەلدى ، ئاندىن سۇنۇق تاڭىدىغان كىشىلەرنى ئېلىپ كېلىشتى . ئۇلار مۇلاھىزە قىلىشتىكى ، قولۇمنىڭ چىقىپ كەتكەن بوغۇمى ئۆز جايىغا چۈشۈپ قالغانىكەن ، شۇڭا تېڭىشنىڭ ھاجىتى بولمىدى . ئاز كۈندە قولۇم شۇ قەدەر ساغلام بولدىكى ، ئۇنىڭدا ھېچبىر قۇسۇر قالمىدى ، بۇ ناھايىتى ئاجايىپ ۋە غارايىپ ۋەقەدۇر .

مىرزاخان كابۇلغا بېرىشىمىزغا رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن رەجەپ ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى قەلئەئى زەفەردىن يولغا چىقتۇق ، ماڭا ئون ئالتە كىشى ھەمراھ ئىدى . پەقەت ئىككىلا ئات بار ئىدى ، بۇنىڭدىن باشقا دۇنيالىق ئەسۋابلاردىن ھېچ نەرسەم يوق ، ھەتتا كېچىسى بېشىمغا قويۇپ ياتقىلىمۇ ھېچ نەرسە يوق ئىدى . مېنىڭ ئاتام ئورنىدىكى كىشى مەۋلانا مۇھەممەدنىڭ ئۈچىسىدىمۇ ئادەتتىكى

بەدەخشانلىقلار كىيىدىغان يۇڭ چەكمەندىن باشقا كىيىم يوق ئىدى ، باشقا دۇنيالىق ئەسلىھەلىرىمىزنى مۇشۇنىڭدىن قىياس قىلىپ بىلىشكە بولىدۇ .

بىز كابۇلغا يېتىپ كەلدۇق ، پادىشاھقا ۋە ماڭا تاغلىق تۇغقاندارچىلىقى بار ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا مەملىكەتنىڭ ئۇلۇغ كىشىلىرىدىن بولغان شىرىن تاغاي ئىستىقبالىمىزغا چىقتى . ئۇ بىزنى ناھايىتى ئىززەت ۋە ھۆرمەتلەر بىلەن باشلاپ ئۆز ئۆيىگە چۇشۇردى ۋە ئادەمگەرچىلىك شەرتلىرىنى ئەلا دەرىجىدە بەجا كەلتۈردى . شۇ كۈنلەردە پادىشاھ : «يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇتلۇق سائەت يېتىپ كېلىدۇ ، شۇ كۈنى چاقىرتقىلى ئادەم ئەۋەتىمەن ، شۇ ۋاقىتتا كەلسۇن» دەپ سۆز ئېيتىپ كىشى ئەۋەتتى ، مەنمۇ شۇ ۋاقىتقىچە ساقلاپ تۇردۇم . تەلىيىم ئېيى ۋە بەختىم يۇلتۇزى نەسلىك ۋە پالاكەت ئورنىدىن ئۆتۈپ شەرەپ ۋە ئىستىقبال بۇرجىدا تۇغدى . شۇ چاغدا پادىشاھتىن ئالىي پەرمان يېتىپ كېلىپ ، مېنى مۇلازىمەت شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇشقا ئىجازەت بەردى . مەن دەرھال پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ يۈردۈم ، پادىشاھنىڭ ئالىي ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدىم . پادىشاھنىڭ سائادەتلىك نەزەرلىرى ماڭا چۈشكەن ھامان چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت ۋە پايانسىز رەھىم - شەپقەت تۇپەيلىدىن ئۇنچىلەر چاچقۇچى كۆز ياشلىرى سائادەتلىك كۆزلىرىدىن باھار بۇلۇتىنىڭ تامچىلىرىدەك توختاۋسىز تۆكۈلۈشكە باشلىدى ۋە ئىنايەت قوللىرىنى مەن تەرەپكە ئۇزىتىپ : «يېقىن كەلگىن» دەپ ئىشارەت قىلدى . تىزلىنىپ سالام بەرگەندىن كېيىن يېقىن باردىم . پادىشاھ مېنى شەپقەت قۇچىقىغا ئالدى ۋە ئاتىلىق باغرىغا تارتتى ، خېلى مۇددەت قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزدى . ئورنۇمدىن قوپۇپ تەزىم رەسمىيىتىنى ئادا قىلاي دېسەم ، ئۇنىماي يېنىدا ئولتۇرغۇزدى . چەكسىز كۆيۈمچانلىق ۋە ھاياجان تۇپەيلىدىن نەچچە سائەتكىچە كۆزلىرىدىن ئۇنچىلەر تۆكتى ۋە ئېيتتىكى : «ھەممە تۇغقانلىرىڭ

ۋە مېھرىبان ئاتاڭ شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچكەن بولسىمۇ، خۇداغا شۈكرى، سەن ساق ـ سالامەت مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا يېتىپ كەلدىڭ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭ ۋە ئاتاڭدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈڭنى زىنھار مالال قىلمىغىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەن بار. مەن ساڭا ئۇلارنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىدىن يۈز ھەسسە زىيادە مېھىر ـ شەپقەت قىلىمەن» دەپ نۇرغۇن تەسەللى قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، يېتىملىك كۈلپىتى ۋە غېرىبلىق مېھنىتى كۆڭلۈمدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتتى. يەنە: «سېنى قايسى كىشى ئېلىپ قېچىپ كەلدى؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئۇستازىم مەۋلانا مۇھەممەد ئېلىپ قاچتى» دېدىم. پادىشاھ پەرمان قىلىپ: «مەۋلانا مۇھەممەدنى چاقىرىڭلار» دېدى. مەۋلانا مۇھەممەدنى ئېلىپ كىردى، پادىشاھنىڭ سائادەت بەخش ئەتكۈچى نەزەرلىرى مەۋلانا مۇھەممەدكە چۈشتى ۋە ئۇنى تۈرلۈك ئىززەت ـ ھۆرمەتلەر بىلەن ئەزىزلىدى، ئۇنىڭدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى تەكرار ـ تەكرار سورىدى، مەۋلانا مۇھەممەدمۇ پۈتۈن ۋەقەلەرنى تولۇق بايان قىلدى. پادىشاھ مەۋلانا مۇھەممەدنى تولىدىن ـ تولا ئىلتىپات ۋە ئىنايەتلەر بىلەن خۇشال قىلدى، ئاندىن: «سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھۇزۇرىغا بارمىغان بولساڭلار كېرەك» دەپ بىر خاس نەۋۋاپنى چاقىرىپ: «بۇلارنى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ بارغىن» دەپ قوشۇپ قويدى. ئۇ نەۋۋاپنىڭ ھەمراھلىقىدا سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ساق ـ سالامەت كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئېرىشتۇق، ئاندىن يەنە يېنىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باردۇق. پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن شاھانە ئىلتىپات بىلەن بىر مەنزىلگە يېتىپ بېرىشقا رۇخسەت ئىنايەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىن تاشقىرى چىققاندۇق، بىر كىشى ئىنتايىن كەمتەرلىك ۋە سىلىقلىق بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئالدىمىزغا كەلدى ـ دە، بىزگە: «پادىشاھ سىلەرگە تەيىن قىلغان مەنزىلنىڭ مەسئۇلى ۋە

خادىمى مەن بولىمەن» دەپ ئالدىمىزدا بىزنى باشلاپ بىر ھويلىغا ئېلىپ كىردى . قارىسام ناھايىتى كاتتا ۋە چىرايلىق بىر ئىمارەت ئىكەن . ئىچىگە رەڭگارەڭ بىساتلار ، كىرمان زىلچىلىرى سېلىنغانىدى . ئىچىدە ھەشەمەتلىك ئورۇندۇقلار قويۇلغان ، پۈتكۈل راھەت - پاراغەت ئەسۋابلىرى خىزمەتكارلار ۋە باشقا لاۋازىماتلارنىڭ ھەممىسى ئېھتىياجدىن زىيادە تەييار ئىدى . بىر كىشىگە بۇ قەدەر راھەت - پاراغەت ، نازۇنېمەت ، بەخت - دۆلەتكە تولغان ئازادە ماكان نېسىپ بولسا ، ئۇنىڭ شۈكرى - تەشەككۈرىنى قايسى تۈتى سۆپەت شېرىن تىل بىلەن بايان قىلىپ تۈگىتەلىسۇن ؟ بۇنىڭ ياخشى ئەجىر - مۇكاپاتىنى تەڭرىم ئۆزى بەرگەي .

نەچچە مۇددەت پادىشاھنىڭ ھوزۇرىدا مۇشۇنداق پاراغەت ، خاتىرجەملىك بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزدۇق . ھەمىشە پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا باراتتىم ، پادىشاھ ماڭا نۇرغۇن ياخشى ۋەدىلەر ۋە چىرايلىق تەكلىپلەر بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشكە ، كەسىپ ۋە پەزىلەت ئىگىلەشكە ئەمىر قىلاتتى . كىچىككىنە پەزىلەت ياكى ئىقتىدار ھاسىل قىلغىنىم ئاشكارا بولسا ، نەچچە ھەسسە ئىلتىپاتلار ۋە ئىنايەتلەرنى قىلاتتى ھەمدە ئۇنى چوڭلارغا بايان قىلىپ ئاپىرىن - تەھسىن قىلاتتى .

قىسقىسى ، شۇ مۇددەت ئىچىدە ماڭا پادىشاھ شۇ قەدەر مېھىر - شەپقەت ۋە ياخشىلىقلارنى قىلدىكى ، مېھرىبان ئاتامنىڭ مېھىر - شەپقىتى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا گويا يېتىملىك ۋاقتىدىكى غۇربەت ۋە كۆلپەتتەكلا ئىدى . بىر مەزگىلدىن كېيىن تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 918 - يىلى[1] بولغاندا مەن پادىشاھنىڭ مۇلازىملىقىنى قىلىشقا باشلىدىم . پادىشاھ ئاتلانسا بىللە ھەمسەپەرلىك شەرەپلىرىگە مۇشەررەپ بولاتتىم ، ئەگەر بەزمە ۋە سۆھبەت قۇرسا ھەمسۆھبەتلىك بىلەن ئەزىز ۋە بەختىيار بولاتتىم ،

① ھىجرىيە 918 - يىلى مىلادىيە 1512 — 1513 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

قىسقىسى ھېچ ۋاقىتتا پادىشاھ مېنى ئۆز ھۇزۇرىدىن يىراقلاشتۇرمايتتى . پەقەت ساۋاق ئوقۇغىلى بارغان ۋاقىتتىلا شاھ ھۇزۇرىدىن چىقاتتىم ، ئەمما ساۋاق ئوقۇپ بولغان ھامان يەنە چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتەتتى ، بىزگە ئاۋۋالدىن ئاخىرىغىچە ئەنە شۇنداق ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتلەرنى قىلدى .

## يىگىرمىنچى باب

# شاھبېكخاننىڭ قازاقلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئىقبالىنىڭ چېكىنىشكە باشلىغانلىقىنىڭ بايانى

ۋاقىتىكى ، شاھبېكخان خانلارنىڭ ۋە ئاتامنىڭ ئۆمۈر قەدەھىنى شېھىتلىك شەربىتى بىلەن توشقۇزۇپ ئۇلارغا تولۇق ئىچۈردى . نەزم :

ھەر ئول شەربەتكى سەن ئەلگە ئىچۈرگۈڭ ،
ئۆزۈڭ ھەم ئاقىبەت ئانى سۈمۈرگۈڭ .

دېگەن مىسرالاردا ئېيتىلغىنىدەك ، شاھبېكخاننىڭ ئۆمۈر پەيمانىسىمۇ تولۇپ ، ئۇلارغا ئىچۈرگەن شەربەتنى ئاخىر ئۆزىمۇ بىر تامچە قالدۇرماي سۈمۈردى . نەزم :

ئەي نۇرى چەشىم ، ئاڭلا بۇ پەندىمنى گۆش قىل ،
پۇر دەۋر قەدەھ تۇت ئەلگەۋۇ ئۆزۈڭمۇ نۇش قىل .

بۇ مۇجمەل سۆزنىڭ تەپسىلاتى شۇكى ، شاھىبېكخان خانلاردىن ۋە ئاتامدىن خاتىرجەم بولدى ، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر تەرەپكە تەھدىت ۋە ھۆكۈمرانلىق قوللىرىنى ئۇزىتىشقا باشلىدى ، ھەر تامانغا سىياسەت ئوقلىرىنى ئاتقىلى تۇردى . ئاخىر تارىخنىڭ (ھىجرىيە ) 915 ـ يىلى قىش پەسلىدە[1] قازاقلار ئۈستىگە باردى . ئۇ ۋاقىتتا بۇرۇندۇقخان بار ئىدى ، ئەمما ئۇ خانلىقنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە سەلتەنىتىنىڭ شان ـ شەۋكىتى قاسىمخاندا ئىدى . شاھىبېكخان شۇنچە كۈچ ـ قۇدرەتكە ۋە بۈيۈكلۈككە ئىگە بولغان تۇرۇقلۇقمۇ ، قاسىمخانغا تاقابىل تۇرغۇدەك قۇدرىتى يوق ئىدى . چۈنكى ، قاسىمخاننىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى لەشكىرىنىڭ سانى 200 مىڭ[2]دىن زىيادە ئىدى . قىش كۈنلىرىدە قازاق خەلقى چارۋىلىرىغا ئوت ـ چۆپلەر ئىزدەپ ھەر تەرەپلەرگە چېچىلىپ كېتەتتى . شاھىبېكخان كۆپىنچە قىش ۋاقتىدا بىرىپ تەرەپ ـ تەرەپلەردە پاراكەندە ھالەتتە ئولتۇرغان قازاقلارنى بۇلاپ ـ تالاپ ياناتتى ، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى قازاقلارنى ئۆز ۋىلايىتىگە يېقىن ئولتۇرالمايدىغان قىلىش ئىدى . كۆپىنچە قىش كۈنلەردە بىرىپ ئۇلارغا پاراكەندىچىلىك سالاتتى . يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىخقا كەلگەندە ، شاھىبېكخان يەنە قازاق ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى . بۇ ۋاقىت قىش پەسلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتكەن چاغ ئىدى . شاھىبېكخان كۆپ قىسىم لەشكىرى بىلەن كۆكتۆپىدە ۋە كۆككاشانە چېگرىسىدا قالدى . ئاتلىرىنىڭ كۈچ ـ مادارى بار لەشكەرلەردىن بىر مۇنچىسىنى ئالدىن ماڭدۇردى ، ئۇلار بىرىپ ئازغىنە خەلقنى تىپىپ ئولجا ۋە ئەسىر قىلدى . بىر كۈنى ئۇلارنىڭ چارۋا ـ ماللىرىنى تىپىشۋېلىش ئۈچۈن شۇ يەردە ساقلاپ تۇردى . ئۇلار تۇساتتىن :

---

① ھىجرىيە 915 ـ يىلىنىڭ قىش پەسلى مىلادىيە 1509 ـ يىلىنىڭ 11 ـ ئايلىرىدىن 1510 ـ يىلىنىڭ 2 ـ ئايلىرىغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ .

② خەنزۇچە نەشرىدە 20 مىڭ دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .

«قاسمخان مۇشۇ جايغا يېقىن يەردە بار» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى، بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە ۋەھىمە ۋە ئەندىشىلەر كۆپىيىپ كەتتى. بويۇنسىز ھەسەن① قاسىمخاننىڭ ئەمىرلىرىدىن ئىدى. ئۇ شەيبانىيلارنىڭ كېلىپ بۇ جايدىكى خەلقنى ئەسىر قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، پۈتۈن قوشۇنى بىلەن بۇ جايغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇ پۈتكۈل ئەتراپقا: «قاسىمخان يېتىپ كەلدى» دەپ خەۋەر تارقاتتى، ئاندىن بىر بۆلۈكىدىن ئۆزىنى كۆرسەتتى. شاھبېكخاننىڭ لەشكەرلىرى يىراقتىن ئۇلارنى كۆرۈش بىلەنلا راستتىنلا قاسىمخان يېتىپ كېلىپتۇ، دەپ گۇمان قىلىپ ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ تۈپەيلىدىن بىر نەپەس تۇرغۇدەك ماجال ۋە تاقەتلىرى قالمىدى، بۇلاپ ـ تالىغان نەرسىلەرنىمۇ، ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئەسۋاب ـ سەرەمجانلارنىمۇ تاشلاپ قېچىپ شاھبېكخانغا قوشۇلدى ۋە بولغان ۋەقەلەرنى خەۋەر قىلدى. شاھبېكخان قاسىمخاننىڭ ئېتىنى ئىشىتىپ ۋەھىمىگە چۈشتى ـ دە، ئىختىيارسىز چېكىنىش ناغرىسىنى چېلىپ ھېچ نەرسىگە قارىماي قېچىپ كەتتى. قالغانلار قالدى، قاچقانلار قاچتى، ئاخىر پاراكەندە ۋە شىكەستە ھالەتتە ئەتىيازغا يېقىن سەمەرقەندكە يېتىپ كەلدى، شاھبېكخان ئۆزى خوراسانغا ئۆتۈپ كەتتى، باھارنى خوراساندا ئۆتكۈزدى.

كۈز پەسلىنىڭ باشلىرىدا شاھبېكخان ھەزارەلەر ئۈستىگە لەشكەر تارتتى. ھەزارە تاغلىرىنى نۇرغۇن قېتىم ئاختۇرۇپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، ھەزارەلەردىن ھېچ ئەسەر تاپالمىدى، چۈنكى ھەزارەلەر تەرەپ ـ تەرەپتىكى مۇستەھكەم جايلارغا يوشۇرۇنۇۋالغانىدى، ئۇلارنى تاپالماي ئىلاجسىز ياندى. يانغۇچە شۇنداق بىر يولغا كۆزى چۈشتىكى، يول ئېگىزدە — بىر يارنىڭ

---

① خەنزۇچە نەشرىدە «بۇيان پىر ھەسەن» (Buyan Pir Hasan) دېيىلگەن (مۇھەررىردىن).

تۆپسىدە ئىدى . ئۇ يارنىڭ تۈۋىدە [ ھەلمەند دەرياسى[1] ] ئاقاتتى ، يار ئۈستىدىن چۈشۈپ سۇ ئالىدىغان يول يوق ، بار دېيىلگەندىمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە تار ئىدى . مۇنچە كۆپ لەشكەرنىڭ ئۇ يول بىلەن چۈشۈپ سۇ ئېلىشى ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىنى سۇغىرىشى تولىمۇ مۇشكۇل ئىدى . دېمەك ، نەچچە كۈنلەرگىچە ئەنە شۇنداق مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن يول يۈردى ، سۇنىڭ قىسلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىمۇ ناھايىتى قىينالدى ، ئات ـ ئۇلاغلىرىمۇ كۆپلەپ نابۇت بولدى . ئاخىر مىڭ مۇشەققەت ۋە جاپا بىلەن خوراسانغا يېتىپ كەلدى ، بۇ لەشكەرلەرمۇ پۈتۈنلەي مەجروھ بولغانىدى . قىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى ، لەشكەرگە بۇنداق ئارقىمۇئارقا يېتىپ كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى كۆرگەن شاھىبېكخان لەشكەرلىرىگە ئومۇمىي ئىجازەت يارلىقى چىقاردى : «تۈركىستاننىڭ يىراق جايلىرىدىن تاكى ئىراق ۋە كىرمان چېگرىلىرىغىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەرمان شۇكى ، ھەر كىم ئۆز ۋەتىنىگە يانسۇن ! » دەپ يارلىق قىلدى . بۇ ئىجازەت بىلەن ھەممە ئەتراپتىن يىغىلغان لەشكەرلەر ئۆز ماكانلىرىغا ياندى . شۇ ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقاندا شاھ ئىسمائىلنىڭ خوراسانغا يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرى ئاڭلاندى ، شاھىبېكخان كۆردىكى ، پۈتكۈل لەشكەر تارقىلىپ ئۆز ۋەتىنىگە ياندى ، شاھ ئىسمائىل بىلەن تۇتۇشۇپ ئۇرۇش قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىش قىيىن ، شۇڭا ھىراتتا تۇرۇشنى خوپ كۆرمەي مەرۋگە بېرىشنى لايىق تاپتى ۋە ئەتراپى ئالەمگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ : «مېنىڭ تەۋەيىمدىكى سۇلتانلار ۋە ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى لەشكەرلىرىنى يىغىپ تېزدىن مەرۋ شاھى جاھانغا يېتىپ كەلسۇن ! » دەپ يارلىق ماڭدۇردى ، ئۆزى مەرۋگە ئاتلاندى . شاھىبېكخان مەرۋگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن

---

① خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن تولۇقلاندى . ھەلمەند دەرياسى — ھازىرقى ئىران ۋە ئافغانىستان تەۋەسىدىكى چۆللۈكتىن تۆۋەن ئېقىنى ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا (مۇھەررىردىن ) .

ئارقىسىدىن شاھ ئىسمائىلمۇ ئارقىمۇئارقا يېتىپ كەلدى، بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى پات يېقىندا بايان قىلىنغۇسى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# شاھىبېكخان بىلەن شاھ ئىسمائىلنىڭ ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا بولغانلىقى ۋە بۇ ئارىدا يۈز بەرگەن دەسلەپكى تالاش - تارتىشلارنىڭ بايانى، شاھىبېكخاننىڭ شاھ ئىسمائىلنىڭ قولىدا قەتلى قىلىنغانلىقى

شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇ كىتابنىڭ باش قىسمىدا تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 905 - يىلى[①] قايسى دىياردا قايسى پادىشاھنىڭ بار ئىكەنلىكى ھەققىدە بايان قىلىنغانىدى. شۇلار جۈملىسىدىن بىرى شاھ ئىسمائىل بولۇپ مەزكۇر تارىختا ئىراق[②] زېمىنىدا كۆچەيگەنىدى. ئۇ مۇبارەك شەرىئەتنى ئىراق دىيارىدىن يىراققا ھەيدەپ مۇسۇلمانلارنى قەتلىئام قىلغانىدى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى بۇ «مۇختەسەر»گە سىغمايدۇ. ئىراق زېمىنى شاھ ئىسمائىلنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى، شاھىبېكخان ھۆكۈمرانلىقىد-

① بۇ يىلنامە مۇھەممەدسادىق كاشغەرىنىڭ نۇسخىسىدا «توققۇز يۈز ئەللىك» دېيىلگەن، تاشكەند رۇسچە نەشرىدە «توققۇز يۈز ئون بەش» مىلادىيە 1509—1510 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ، دېيىلگەن. پارسچە نۇسخىلاردا ۋە موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ تەرجىمىسىدە «توققۇز ئون بەش» دېيىلگەن، ھىجرىيە 905 - يىلى مىلادىيە 1499 — 1500 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② بۇ يەردىكى «ئىراق» دېگەن سۆز ئاساسەن دەجلە دەرياسىنىڭ شەرقىدىن تاكى ئىراننىڭ چېگراسى ئىچىدىكى ئېگىز تاغلىق رايونلارغىچە ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىراق - ئەجەمنى كۆرسىتىدۇ.

ـدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ بىر چېتى ئىراق زېمىنىغا بېرىپ تۇتاشتى. ئىراقنىڭ خوراسانغا تۇتاش بولغان كۆپىنچە چېگرا رايونلىرىغا ئۆزبېكلەر پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىدى، ئۇ يەردىكى خەلقنى بۇلاپ ـ تالاشقا قەدەم قويدى. شاھ ئىسمائىل بۇ ۋەقەنى بىلگەندىن كېيىن شاھىبېكخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتتى، ئەلچىـــدىن ئىبىل تۆھپە ۋە ھەدىيىلەرنى ئەۋەتتى، يەنە مۇنداق مەزمۇندا مەكتۇپ يېزىـپ ئـەۋەتتـــى: «ئـۇزۇن مـۇددەتلـەردىـن بېـرى ئەھدىنامىلەرگە ئەمەل قىلىنىپ، ئىككىلا تەرەپنىـــڭ كۆڭۈل ئېتىكىگە قارىمۇقارشىلىق چاڭ ـ توزانلىرى قونمىغانىدى، شۇ سەۋەبتىن ئارىمىزدا گىنە ـ ئاداۋەت كىرلىرى يوق ئىدى. ھازىرقى كۈندىمۇ ئۇ تەرەپتىن ئاتىلىق قائىدىسى نامايان بولسـىــلا، بۇ تەرەپتىنمۇ پەرزەنتلىك ئالاقىسى مۇستەھكەملەنگۈسىدۇر. نەزم:

ئەداۋەت نەخلىنى يۇلغىلكى، قىلغاي رەنجگە ئاشۇب،
نىھالى دوستلۇق تىككىلكى، كامى دىل بولۇر ھاسىل.»

شاھ ئىسمائىل ئەنە شۇنداق سۇلھى مەكتۇپىنـــى يېزىپ ئەۋەتتى، شاھ ئىسمائىلنىڭ ئەلچىسى شاھىبېكخاننىڭ دەرگاھىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەلچىلىك شەرتلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن تۆھپە ۋە ھەدىيىلەرنى شاھىبېكخاننىڭ نەزىرىن ئۆتكۈزدى ۋە شاھ ئىسمائىلنىڭ مەكتۇپىنى تۇتۇپ بەردى، شاھىبېكخان مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولدى. ئۇ مۇۋاپىـــق مەكتۇپقا مۇنداق نامۇۋاپىق جاۋابنى پۈتۈپ ئەۋەتتى، جاۋاب خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەي شاھ ئىسمائىل، ئەڭ ياخشىسى شۇكى، ھەر كىم ئاتىسىنىڭ ھۈنىرىنى قىلىشى لازىم. چۈنكـى، ئۇزۇن ھەسەن قىزىنى، سۇلتان يەئقۇب ئىبنى ھەسەن سىڭلىسىنى ئاتاڭغا بەرگەن كۈنى ئۇلارنى ئۆز زامانىنىڭ مەلىكىلىـــرى دائىـــرىســـدىن چىقىرىۋەتكەنىدى. بۇ زاماندا سېنىڭ ئاناڭ تەرىپىدىن سەلتەنەت دەۋاسى قىلىشىڭ ھەرقانداق بىر ئانىنىڭ مېنىڭدەك سۇلتان ئوغلى سۇلتاندىن بولغان پەرزەنتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا راۋا بولغان

بولاتتى ، «ئوغۇل ئاتىنىڭ ھۇنىرىنى قىلسۇن ، قىز ئانىسىنىڭ ئىشىنى تاشلىمىسۇن » دەيدىغان مەسەل بارغۇ؟ نەزم :

ئۇمۇرى مەملەكەتۇ مۇلكنى بىلۇر شەھلەر ،
گەدايى گۇشە نىشىنسەن خۇرۇش ئەيلەمەگىل . »

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۈزلۈق سۆزلەر بىلەن بىر مەكتۇپنى پۈتتۇرۇپ ئەلچىگە تاپشۇرۇپ ، بىر ھاسا ، بىر جەندە ، بىر كاچكۇل ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتتى . ئاندىن خەتكە يەنە : «ئەگەر ئاتاڭنىڭ ھۇنىرىنى ئۇنتۇپ قالساڭ ، بۇ تۆھپىلەر يادىڭغا سالغۇسىدۇر : نەزم :

نەسىھەت ئاڭلاغىل ، جاناكى ، جاندىن دوستىراق بىلگەي ،
جەۋانانى سەئادەتمەن پەندى پىرى دانانى .

ئەگەر ئايىغىڭنى سەلتەنەت تەختى ئۇستىگە قويساڭ ، ئۆزۈڭدىن ئەندىشە قىلغىن ۋە بىخەۋەر بولمىغىن . نەزم :

ئەرۇسى مۇلكنى ئول مەرد ئالۇر كەنارىغە ،
كى بۇسە قىلسا دەمى تىغى ئابدارىغە . »

دېگەن سۆزلەرنى يېزىپ ئىراق ئەلچىسىگە بۇ جاۋاب مەكتۇپنى تۇتقۇزۇپ ياندۇردى . شاھىبېكخان ئۆزى ھەزارەلەرگە لەشكەر تارتتى ، ئىراق ئەلچىسى شاھ ئىسمائىلنىڭ ھۇزۇرىغا يېنىپ باردى ، شاھىبېكخاننىڭ مەكتۇپىنى ۋە ھەدىيىسىنى بىر - بىرلەپ شاھ ئىسمائىلنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى . شاھ ئىسمائىل بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ ، ئۇنىڭغا جاۋابەن يەنە مەكتۇپ يازدۇردى . بۇ مەكتۇپ مۇنداق باشلانغاندى : «ئەي شاھىبېكخان ، ئەگەر ھەر بىر ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ھۇنىرىنى قىلىدىغان بولسا ، ئادەم پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرلىك

مەرتىۋىسىگە يېتىشى لازىم ئىدى . ئەگەر پادىشاھلىق پۈتۈنلەي مىراس يولى بىلەن بولىدىغان بولسا ، پادىشاھنىڭ ئەۋلادىدىن باشقا كىشى پادىشاھلىققا لايىق بولمىسا ، پادىشاھلىق پۈشتىدىن پۈشتىغا قالىدىغان بولسا ، پادىشاھلىق كەيانىيلاردىن ئاشمىغان بولاتتى . بۇنداق ئەھۋالدا چىڭگىزگە قاچان سەلتەنەت مۇيەسسەر بولاتتى ، ساڭىمۇ قانداق مۇيەسسەر بولاتتى؟ نەزم :

ئۆلگەن ئاتاڭنى سەنەد ئەتمە جەۋان ،
ئىت كەبى قىلمە تالاش ئۇستىخان .

سەن يەنە مەكتۇپىڭدا مۇنداق دەپسەن :

**نەزم :**

«ئەرۇسى مۇلكىنى ئول مەرد ئالۇر كەنارىغە ،
كى بۇسە قىلسا دەمى تىغى ئابدارىغە .»

مىنىڭمۇ جاۋابىم ئاشۇ بېيىتتۇر ، سېنىڭ بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلىش كەمىرىنى بېلىمگە باغلىدىم ، مۇستەھكەملىك ئايىغىنى ئۇرۇش ئۇزەڭگىسىگە قويدۇم . ئەگەر ماڭا تاقابىل تۇرماقچى بولساڭ ، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەۋا ئۇرۇش مەيدانىدا ئايرىلغۇسىدۇر . ئەگەر قورقساڭ ، خاتىرجەم ھالدا خۇشال - خۇرام ئولتۇرغىن ۋە مەن ساڭا ئەۋەتكەن ئىشقا مەشغۇل بولغىن» دېگەن سۆزلەرنى يېزىپ مەكتۇپنى ئاخىرلاشتۇردى . شاھبېكخاننىڭ تۆھپىسىگە جاۋابەن يىپ ئىگىرىدىغان چاقنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى ، مەكتۇپنىڭ ئەتراپىغا يەنە بۇ بېيىتنى پۈتۈپ قويدى :

**نەزم :**

«بەس تەجرىبە كەردىم دەرىن دەيرى مۇكافات ،
بائالى ئەبا ھەركى دەر ئەفتاد دەر ئەفتاد .

**نەزم :**

بۇ دەيرى مۇكافاتدا كۆپ تەجربە قىلدىم ،
كىم ئالى ئەبا بىرلە جەدەل قىلدى ، يىقىلدى . »

بۇ مەكتۇپنى شاھىبېكخانغا ئەۋەتتى ، ئارقىسىدىن ئۆزى شاھىبېكخاننىڭ ئۈستىگە ئاتلاندى . شاھىبېكخان شاھ ئىسمائىلنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، لەشكەرلىرىنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ھىراتتا تۇرالماي مەرۋگە يۈردى . يېڭىلا بېرىپ چۈشكەندى ، شاھ ئىسمائىلنىڭ مەكتۇپى يېتىپ كەلدى . شاھىبېكخان بۇ مەكتۇپنى كۆرۈپ ئەتراپى ئالەمگە تارقىلىپ كەتكەن لەشكەرلىرىگە جەم بولۇش توغرىسىدا يارلىقنامە يېزىپ ئادەم ئەۋەتتى . شاھىبېكخاننىڭ لەشكەرلىرى تېخى يېتىپ كەلمىگەندى ، شاھ ئىسمائىل مەرۋگە يېقىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشتى . ئۈچ كۈن ئۇرۇش قىلدى ، نە ئۇ تەرەپكە غەلىبە ، نە بۇ تەرەپكە مەغلۇبىيەت يۈزلەنمىدى ، شاھىبېكخاننىڭ لەشكەرلىرى ھەر تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى . شاھ ئىسمائىل ئۇ مەنزىلدىن كۆچۈپ يۈرۈپ كەتتى ، ئۆزبېكنىڭ قاراۋۇللىرى ئۆزبېكلەرگە خەۋەر يەتكۈزدى . ئۆزبېكلەر شاھ ئىسمائىل كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپياندى بولغاي ، شۇ كەتكىنىچە كېتىدىغان بولدى ، دەپ گۇمان قىلىشتى . بۇ ۋاقىت تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 916 ـ يىلى[①] رامىزان ئېيىنىڭ شەك كۈنى ناماز پېشىن ۋاقتى ئىدى ، شاھىبېكخاننىڭ قول ئاستىدىكى بار لەشكىرى يىگىرمە مىڭ كىشى ئىدى . ئۇنىڭ تەدبىرلىك مەسلىھەتچىلىرىدىن ئەمىر قەنبەر ئەلى ۋە باشقا ئەمىرلەر شاھىبېكخانغا : «بۈگۈن ئۇرۇش قىلماي

① ھىجرىيە 916 ـ يىلى رامىزان ئېيى مىلادىيە 1510 ـ يىلى 12 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ .

تۇرايلى ، شاھ ئىسمائىلنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارمايلى ، چۈنكى ئەبدۇللا سۇلتان ۋە تېمۇر سۇلتان يىگىرمە مىڭ كىشى بىلەن بۇ يەردىن بىر فەرسەڭ يىراق يەرگە كېلىپ چۈشۈپتۇ . ئەتە ئۇلارمۇ كېلىپ قوشۇلىدۇ ھەم دۈشمەن شۇ كەتكىنىچە كېتەمدۇ ياكى بۇ يەردىن كۆچۈپ باشقا يەرگە چۈشۈپ يەنە ئۇرۇش قىلىدىغان خىيالى بارمۇ ، بۇ خەۋەر ھەقىقىي ئېنىقلىنىدۇ . ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىدىغان غەرىزى بولسا ، ئەتراپتىن كېلىدىغان لەشكەرلىرىمىزنى تولۇق جەملەپ ، ئاندىن ئۇرۇش قىلايلى . ئەگەر شۇ يۇرگەنچە قېچىپ كېتىدىغان غەرىزى بولسا ، ھەزرەتلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىشلىرى لايىق ئەمەس . ئۇبەيدۇللا سۇلتان ۋە تېمۇر سۇلتان باشلىق قالغان ئەمىرلەر قوغلاپ بارسۇن ، ھەزرەتلىرى ئاستا ـ ئاستا ئارقىسىدىن تاكى ئىراق زېمىنىگىچە مەنزىلمۇمەنزىل قوغلاپ بارغايلار . شاھ ئىسمائىل بۇ يەردىن قېچىپ بارسا ، ئۆز خەلقىمۇ ئۇنى قوغلىشى مۇمكىن ، ئۇ ھەتتاكى ئىراقتىمۇ تۇرالمايدۇ » دېدى . شاھىبېكخان ئۇلارغا : «توغرا ئېيتىۋاتىسىلەر ، لېكىن شاھ ئىسمائىل بىلەن ئۇرۇش قىلىش بولسا غەزاتى ئەكبەر (ئۇلۇغ غازات ) دۇر ، ئۇنىڭ ئۇستىگە غەنىيمەت ماللىرىمۇ ناھايىتى تولا ، بۇنداق ئىككىلىنىش ۋە ۋەھىمە قىلىش پادىشاھلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان كەلتۈرگۈسىدۇر ، مەردانە بولماق كېرەك» دەپ ئۆزى ئاتلىنىپ شۇ سائەتتىلا شاھ ئىسمائىلنىڭ ئارقىسىدىن ئات سالدى . ئۇلار ئېگىز ـ پەس يەرلەردىن ئۆتۈپ تۈز يەرگە چىقىپ قارىغانىدى ، شاھ ئىسمائىل پۈتۈن لەشكىرى بىلەن مۇستەھكەم تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ لەشكىرىنى قىرىق مىڭ كىشى دەپ قىياس قىلىشتى . تېخى ئۆزبېك لەشكەرلىرى سەپلىرىنى تۈزۈپ بولمىغانىدى ، شاھ ئىسمائىل كامان ئوقلىرى بىلەن ئۇرۇشنى باشلىۋەتتى . شاھىبېكخانىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كۆزىگە كامان ئوقلىرى ناھايىتى كۆپ كۆرۈنۈپ ، ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ تۈپەيلىدىن ئۆزىنى توختاتقۇدەك تاقەتلىرى قالمىدى . ئۇلار قېچىشقا

يۈزلەندى ، ئەمما شاھسبېكخان باشلىق ھەممە سۇلتان ، ئەمىر - سەردارلار ئۆز ئورنىدا مۇستەھكەم تۇردى ، ئاقىۋەتتە شاھىبېكخان ۋە پۈتكۈل سۇلتان ، ئەمىر - سەردارلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۆلۈم دەرياسىغا غەرق بولۇپ كەتتى . ئۇلۇغلاردىن بىرەر كىشىمۇ ھاياتلىق ساھىلىغا چىقالمىدى . ھېچ تارىختا ، ھېچبىر كىتابتا ، ھېچبىر ئۇرۇشتا سەردارلارنىڭ بۇنداق تامامەن قەتلى قىلىنغانلىقىنى ھېچ كىشى ئوقۇمىغان ۋە ھېچ كىشى ھېچ كىشىدىن ئاڭلىمىغان بولغىيتتى . قاچقان لەشكەرلەر قەلئەگە قايتىپ كېلىپ ، قۇدرىتى يەتكەنلىرى بالىۋاقىلىرىنى ئېلىپ قاچتى ، قۇدرىتى يەتمىگەنلىرى «ھازا فىراقۇ بەينى ۋە بەينىكە» (بۇ سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش ۋاقتىمىز ...)[1] ئايىتىنى ئوقۇپ خوتۇنلىرى ۋە بالا - چاقىلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى . موغۇل قوۋمىنىڭ كۆپىنچىسىنى شاھىبېكخان خانلاردىن ۋە موغۇلىستاندىن يىراقراق تۇرسۇن دېگەن غەرەز بىلەن خوراسان تەرىپىگە ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى ، قېچىپ كەلگەن ئۆزبېكلەر ئامۇ دەرياسى لېۋىگە يەتكەندە ، موغۇللار ئۆزبېكلەرنى بۇلاپ - تالاشتا ھېچبىر كەم - كۇتىسىز ھەرىكەت قىلىپ ، ئاندىن يىگىرمە مىڭ موغۇل بۆلۈنۈپ چىقىپ قۇندۇزغا كەتتى .

ئۇبەيدۇللا سۇلتان ۋە تېمۇر سۇلتان مەرۋگە بىر فەرسەڭ كېلىدىغان يەرگە بېرىپ چۈشكەنىدى . ئۇلار بۇ چوڭ ۋەقەنى ئاڭلاپ دەرھال قەلئە ئىچىگە بېكىندى ۋە شاھىبېكخاننىڭ ئەھلى ھەرەملىرىنى ۋە بەزى سۇلتان - سەردارلارنىڭ ئەھلى ھەرەملىرىنى ئېلىپ كېچىلەپ قاچتى ، قالغانلاردىن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى تۈركمەنلەرنىڭ قولىدا شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچتى . شاھ ئىسمائىل خوتۇنلار ۋە ئاجىزلارنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلدى ، مەرۋ خەلقىنى قەتلىئام (ئومۇمىي قىرغىن) قىلدى ، ئاندىن شاھ

---

[1] «قۇرئان كەرىم» ، 18 - سۈرە كەھف ، 78 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

ئىسمائىل ئۆزى يېنىپ ھىراتقا كەتتى. ھىراتقا بېرىپ: «ھەممە ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك زاتلار مەلىكان مەسچىتىگە يىغىلسۇن، مەسچىتتە خۇتبە ئوقۇلسۇن، خۇتبىدە ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابلىرىغا ۋە ئائىشە سىددىق — ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي — قا ھاقارەتلەر ئېيتىلسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈردى. ھىرات كاتتىلىرى مەلىكان مەسچىتىگە يىغىلدى. ئۇ خارۇزەبۇنلۇقتا مەھكۇم بولغۇچى مەلئۇننىڭ نالايىق پەرمانىنى يەتكۈزۈلدى. ئۇلۇغلارنىڭ ھەممىسى سۈكۈت قىلىشتى، ھېچكىم ئۈن چىقارمىدى. مەسچىتنىڭ ھاپىزى ۋە خەتىبى ھاپىز زەينىددىننى مۇنبەرگە چىقىرىشتى. ھاپىز — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — مۇنبەرگە چىقىپ، ئالدى بىلەن تەڭرىتائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن پۈتكۈل كائىناتنىڭ خوجىسى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك مەدھىيىسىنى گۈزەل سۆزلەر ۋە يېقىملىق ئىشارەتلەر بىلەن بايان قىلدى، ئاندىن ئۇلۇغ ئەسھابلار — تەڭرى ئۇلاردىن رازى بولغاي — نىڭ مۇبارەك لەقەملىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ مەلئۇننىڭ ناپاك ھۆكۈمى ۋە ناتوغرا يارلىقى ئېسىگە كەلدى، لېكىن ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت دىيانەت قوللىرى ھاپىز — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ ياقىسىدىن مەھكەم تۇتتى، شۇڭا ھاياتلىقتىكى ۋاقىتلىق خارۇزارلىق، ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئاخىرەت نېمەتلىرىگە ۋە تەڭرى ئىنايىتىدىن ئىبارەت بەخت - دۆلەتكە بەدەل قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئۇزۇن مۇددەتتىن ۋە كۆپ ۋاقىتلاردىن بېرى مۇنبەر ئۈستىدە شەرەپلىك خۇتبىنى ئەھلى سۈننەت جامائىتىنىڭ قانۇنىدا ئادا قىلىپ كەلدىم. ئەمدى ئۆمرۈم قۇياشى ئۆلۈم مەغرىبىگە يېقىن بېرىپتۇ. ئەگەر ھاياتىم كۈنلىرىنىڭ سۇبھىسى يېڭىدىن پارلىغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭدەك شەرەپلىك ھاياتنى مۇنداق كۇپۇرلۇقتا تېگىشمىگەن بولاتتىم، بولۇپمۇ ئەمدى ئاخىرقى ئۆمرۈمگە كەلگەندە ئەھلى سۈننەت

جامائەتتىگە قانداقمۇ مۇخالىپەتچىلىك قىلىمەن؟ ئىسلام دىنى بىلەن ئۆتكەن شەرەپلىك ئۆمرۈمنى كۆپۈرلۈق خارلىقىنىڭ نىجاستى بىلەن بۇلغايمەنمۇ؟ خۇدا ساقلىسۇن، تەڭرى پاناھ بەرسۇن.»

ھاپىز بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن ھەزرىتى خولەفائىي راشىددىن (چاھاريار) نىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەسھابلار — تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن — نىڭ مۇبارەك لەقەملىرىنى شۇ قەدەر پاساھەت ۋە ئىنتايىن گۈزەل بايانلار بىلەن ئەزىزلەپ، تولۇق تەزىم ۋە يۇقىرى ئېھتىراملار بىلەن ئادا قىلدى. ھاپىزنىڭ بۇ خۇتبىسىگە پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئېيتىشتى. ئەمما، لەنىتى قىزىل باش — تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە لەنەت قىلسۇن — تاقەت قىلالماي يۈگۈرۈپ مۇنبەرگە چىقىپ، ھاپىز — تەڭرى ئۇ زاتقا رەھمەت قىلغاي — نىڭ مۇبارەك ئاق ساقاللىرىدىن تۇتۇپ تۆۋەنگە تارتىپ چۈشۈپ، ئۇنى پارە - پارە قىلىپ تاشلىدى. ھىرات ئۇلۇغلىرىنىڭ كۆڭۈللىرى غەملىك، كۆزلىرى نەملىك ھالدا پاتپاراق بولۇپ كېتىشتى.

ئۇ كۈنى ئۆتۈپ كەتتى، ئەتىسى شاھ ئىسمائىل يەنە بارلىق ھىرات كاتتىلىرىنى يىغدۇردى. شەيخۇلئىسلام يۇقىرىدا ھىرات ئۆلىمالىرى قاتارىدا بايان قىلىنغانىدى. شاھ ئىسمائىل شەيخۇلئىسلامغا قاراپ: «ئەي شەيخ، سېنىڭ مەرد ۋە دانىشمەنلىكىڭگە ئىسىت، خاتا يولغا كىرىپ قاپسەن. كەلگىن، ئەمدى ئەسھابلارغا ھاقارەت كەلتۈرگىن ۋە شىئە مەزھىپىگە كىرگىن» دېدى. شەيخۇلئىسلام: «ئەي نارەسىدە بالا، سەن دىن، مەزھەپنى نېمە بىلىسەن؟ مېنى كۆپىيار سۈپەت ۋە ئۇلۇغ مەھكۇم شۇم قوۋمغا قوشۇلۇشقا دالالەت قىلىۋاتىسەن. سېنى يولدىن ئازدۇرغان شۇ كىشىلەرنى چاقىرغىن، ئەگەر ئۇلارنىڭ دەلىلى ۋە ھۆججىتى مېنىڭ سۆزۈمنى يېڭەلىسە، مەن ئۆز دىنىمدىن يېنىپ ئۇلارنىڭ مەزھىپىگە كىرىمەن. ئەگەر مەن ئۆز دىنىمنىڭ ھەقلىقىنى ھۆججەت ۋە دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىسام، ئۇلارمۇ باتىل

مەزھەپلىرىنى تاشلاپ ئىسلامغا كىرسۇن» دېدى . شاھ ئىسمائىل ئۆز ئۆلىمالىرىغا قاراپ سورىدى : «سىلەر نېمە دەيسىلەر ؟» ئۇ مەلئۇنلار : «بۇلارغا سۆز تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ» دېيىشتى . شاھ ئىسمائىل دېگەن بەتبەخت يەنە شەيخۇلئىسلامغا قاراپ : «ئەي شەيخ ، كەل دىنىڭدىن يانغىن» دېدى . شەيخ — تەڭرى ئۇ زاتقا رەھمەت قىلغاي — نىڭ غۇرۇرلىرى ئۆرلەپ : «ئەي دىنىسىز ، نجىس ئاغزىڭغا لەنەت تۇپراقلىرى تولسۇن ، بېشىڭغا نەپرەت تاشلىرى ياغسۇن ! نامەردلىك پۇشتىدىن خارۇزارلىق ئۇرۇقى شۇنداق تۆكۈلگەنىكەنكى ، جاھالەت زۇلمىتىنىڭ بالىياتقۇسىدا سەندەك بەتبەخت ۋۇجۇدقا كەپتۇ . مېڭەڭ ئەقىل نۇرىدىن شۇ قەدەر خالىي بولۇپتۇكى ، قەبىھ نەپسانىي تەلەپلەرنى پاك روھىي ئارزۇلاردىن پەرقلەندۇرەلمەيسەن ، دىن ۋە مەزھەپنى سەن نېمە بىلىسەن ؟ رەھمان بىلەن شەيتاننى قانداق پەرق ئېتىسەن ؟ قايسى ئەقىل ـ ھوشۇڭ ، قايسى بىلىم ۋە دانىشمەنلىكىڭ بىلەن ھەقنى باتىلدىن پەرقلەندۇرەلەيسەن ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنى قانداقمۇ ھەق دىنغا دەۋەت قىلالايسەن ؟ ! ...» دېدى . شەيخۇلئىسلام بۇ مۇبارەك سۆزلەرنى سۆزلەۋاتقىنىدا ، شاھ ئىسمائىل قولىغا ئوق ۋە كاماننى ئېلىپ ھەزرىتى شەيخكە قارىتىپ بىر ئوق ئاتتى . شەيخ ئوقنى تارتقانىدى ، جاراھەت ئېغىزىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى . شەيخ — تەڭرى ئۇ زاتقا رەھمەت قىلغاي — ئۇ قاننى مۇبارەك يۈزلىرىگە ۋە ئاق ساقاللىرىغا سۈرتتى ـ دە : «تەڭرىگە تەشەككۇرلەر بولسۇنكى ، سەكسەن يىللىق ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ھەقنى ئىسپاتلاش ۋە باتىل مەزھەپنى مۇتلەق باتىل قىلىش ئۈچۈن ئاق ساقىلىمنى شېھىتلىك قانلىرى بىلەن بويىدىم» دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قارا يۈز يەنە بىر ئوقنى ئېلىپ شەيخكە ئاتتى ، ئاندىن : «شەيخنى دەرەخكە چىقىرىڭلار !» دەپ پەرمان قىلدى . شەيخنى دەرەخ ئۈستىگە چىقىرىشتى ۋە دەرەخنى تۈۋىدىن كەستى . ھەزرىتى شەيخ دەرەخ بىلەن قوشۇلۇپ يىقىلدى ، ئاندىن ئۇنى بازارى مەلىككە ئېلىپ بېرىپ ، شەيخنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرىنى

ئوت يىقىپ كۆيدۈردى . نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن شەيخنىڭ مۇبارەك كۆكرىكى زادىلا كۆيمىدى . ئىلاجسىز ئۇنى ئاياغ ئاستىلىرىغا تاشلىدى ، كۇپپارلار نەچچە نۆۋەت ئۇنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتتى .

بىلىش كېرەككى ، مۇتلەق دانا ۋە بەرھەق قۇدرەت ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ تەڭرى ئۆزىنىڭ يېقىن بەندىلىرىنى ۋە ئۇلۇغ زاتلارنى تۇرلۇك بالا ــ قازالارغا مۇپتىلا ، مىڭلىغان مېھنەت ــ مۇشەققەتكە گىرىپتار قىلىدۇ . بۇنداق قىلىشنىڭ سىر ــ ھېكمىتى تەقدىرى ئەزەلدە يېزىلغان ئىنسانىيەتچىلىك تەقەززاسى تۇپەيلىدىن بولسا كېرەك . بەندە نەپسانىي ئىستەكلەرنى بېسىشقا ئىلاجسىزدۇر ، چۈنكى تەڭرى ماقامىغا يېقىنلىشىش بىلەن بەندە ئارىسىدا پەردە ھاسىل بولغاندۇر . نەپسىدىن لەززەتلىنىش ياخشى بولسىمۇ ، لېكىن نەپسىگە بۇنداق تەربىيە قىلىش روھنىڭ ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئۆرلىشىگە نۇقسان يەتكۈزگۈسىدۇر . بۇ بالا ــ قازا ۋە رىيازەتلەر ئاشۇ لەززەتنىڭ نۇقسانىنىڭ بەدىلى بولسا كېرەك . يەنە شۇنداق ئېھتىمالمۇ باركى ، دىن باياۋىنىنىڭ شىر يۈرەكلىرى ئالدىدا بۇ سىرلار ئاشكارا بولغانلىقتىن ئۇلار ھەقنى ئىزھار قىلىشتا شىردەك يۈرەكلىك بولسا كېرەك . ئۇلارنىڭ پايدىسى ھەممە تەرەپكە ئورتاقتۇر . يەنە بىر ھېكمەت شۇكى ، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىسىز دۆلەتمەنلەرنىڭ ئالىي مەرتىۋىگە يېتىشى مۇشكۇلدۇر . يەنە خارۇزار كىشىلەرگە ئەنە شۇ قەھر ــ غەزەپ بىلەن تەيىنلەنگەن دوزاخ بىر نىشانەدۇركى ، ئۇ خارۇزارلار مۇشۇنداق يامان قىلىق ۋە قەبىھ ئەھۋاللار بىلەن دوزاخقا مۇپتىلا بولغۇسىدۇر . يەنە ئۇنىڭدىن باشقا ، سىر ــ ھېكمەتلەرنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىندۇركى ، ئۇلار غايىب ھالەتتە بولغاچقا ، ھېچكىم ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولمايدۇ .

دېمەك ، شاھ ئىسمائىل ئاشۇنداق قەبىھ ئەھۋاللاردىن كېيىن خوراساندا نەچچە مۇددەت تۇردى ، ئۇنىڭ قالغان ئەھۋاللىرى قىسقىچە بايان قىلىنغۇسى .

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# شاھىبېكخاننىڭ شاھ ئىسمائىل قولىدا ئۆلگەنـ ـلىك خەۋىرى بابۇر پادىشاھقا ئاڭلانغانلىقى، بابۇر پادىشاھنىڭ كابۇلدىن قۇندۇزغا يۈرۈش قىلغانلىقى

تارىخنىڭ (ھىجرىيە) 916 ـ يىلى[①] مىرزاخاننىڭ ھۇزۇرىدىن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەرز كەلدى. جەددىنىڭ ئاۋۋالقى پەسلى، تاغلارغا قار چۈشكەن ۋاقىت ئىدى. ئەرزنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «شاھ ئىسمائىل كېلىپ مەرۋدە شاھىبېكخان بىلەن ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قىلىپتۇ. شاھىبېكخاننىڭ ئۆلگەن ياكى ئۆلمىگەن خەۋىرى ئېنىق ئەمەس. ھەممە ئۆزبېكلەر ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ [قۇندۇزغا] كېتىپتۇ، يىگىرمە مىڭ موغۇل ئۇلاردىن ئايرىلىپ قۇندۇزغا كېلىپتۇ، مەنمۇ قۇندۇزغا يۈرۈش قىلدىم. ئەگەر دەرھال دۆلەت تىزگىنىنى قۇندۇز ئۈستىگە قارىتىپ تارتسىلا، پەقىرمۇ مۇلازىمەت شەرىپىگە ئېرىشكەن بولسام، سەلتەنەت گۈزىلىنىڭ ئاسانلىق بىلەن قولغا كېلىشىدىن تولۇق ئۈمىد بار.»

پادىشاھ بۇ ئەرزنامىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ، شۇ قىشتا ئىنتايىن تېزلىك بىلەن يۈرۈشكە ئاتلاندى ۋە ئابى دەرە يولىغا كىردى، چۈنكى ئۇ يولدا ئېگىز تاغلار يوق ئىدى. پادىشاھ

---

① ھىجرىيە 916 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى مىلادىيە 1510 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

نۇرغۇن مەنزىل ۋە جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ، باميان[1] چېگرىسىغا كەلگەندە روزى ھېيت نامىزىنى ئوقۇدى . شۇ ئاينىڭ بېشىدا قۇندۇزغا يېتىپ كەلدى . مىرزاخان ئۆزبېكتىن بۆلۈنۈپ كەلگەن موغۇللارنى باشلاپ پادىشاھنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى . نەچچە كۈن قۇندۇزدا ئارام ئېلىشتى ، ئاندىن ئۇلار مەسلىھەت قىلىشتى . ھەمزە سۇلتان ۋە مەھدى سۇلتانلار ئۆزبېك پادىشاھلىرىنىڭ كاتتىلىرىدىن ئىدى ، ھىسار ۋىلايىتىنىڭ پادىشاھلىقى ئۇلارغا تەۋە ئىدى . پادىشاھ مىرزاخان بىلەن شۇلار ئۇستىگە يۈرۈش قىلىشقا كېلىشتى . قىشنىڭ ئاخىرقى پەسلىدە ئامۇ دەرياسىدىن توققۇز تارام يولى بىلەن ئۆتتى .

ھەمزە سۇلتان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھىساردىن ئاتلىنىپ ۋەخشكە كەلدى . بۇ تەرەپتىن پادىشاھ خۇتتەلان ۋىلايىتىنىڭ مەشھۇر جايى بولغان كۆلەك چۆلىگە يەتتى . پادىشاھ ئۇ يەردە : «ھەمزە سۇلتان ۋەخشتە ئىمىش» دەپ ئاڭلاپ شۇ سائەتتىلا ئىلغار قوشۇن بىلەن يۇقىرى يول ئارقىلىق ھەمزە سۇلتاننىڭ ئۇستىگە قاراپ يۈردى . كۈن چىققان مەھەلدە مەھدى سۇلتاننىڭ مەنزىلىگە يەتتى ، قارىسا ھېچ كىشى يوق . ئەتراپنى ئاختۇرۇپ شۇ جايدىكى پۇقرالاردىن بىر نەچچە كىشىنى تېپىپ كەلتۈردى . ئۇلار ھەمزە سۇلتاننىڭ خەۋىرىنى بايان قىلىپ : «تۈنۈگۈن نامازدىگەر ۋاقتىدا ‹بابۇر پادىشاھ كۆلەك چۆلىگە كەلدى › دەپ خەۋەر قىلىشقانىدى ، ھەمزە سۇلتان شۇ سائەتتىلا ئاتلىنىپ تۆۋەنكى يول بىلەن كۆلەك چۆلىگە ئىلغار قوشۇنلارنى ئېلىپ كەتتى» دېيىشتى . پادىشاھ ھەمزە سۇلتان ماڭغان يول بىلەن ئۇنىڭ ئىزىغا كىرىپ يۈرۈش قىلدى . ناماز پېشىن ۋاقتىدا كۆلەك چۆلىدىكى ئۆز قارارگاھىغا يېتىپ كەلدى . ھەمزە سۇلتانمۇ سۇبھى ۋاقتىدا پادىشاھنىڭ

---

① باميان — ھازىرقى ئافغانىستاندىكى باميان ئۆلكىسى تەۋەسىدە (مۇھەررىردىن) .

لەشكەرگاھىغا يېتىپ كېلىپ ، ئۇلارنى تاپالماي ئارقىسىدىن ئىزىغا چۈشۈپ ، ناماز پېشىن بولغان مەھەلدە ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ باردى . پادىشاھنىڭ ۋە كاتىپلارنىڭ گۇمانلىرى شۇنداق ئىدىكى : «بابۇر پادىشاھ كابۇلدىن ئازراق كىشى بىلەنلا كەلدى ، [ھەمزە سۇلتانغا تاقابىل تۇرغىدەك كۈچىمىز يوق ،] موغۇل لەشكىرىمۇ يېتىپ كەلگەن ، تېخى ئۇرۇشقا يارىغۇدەك رەپتىمىز يوق» دەپ ئويلايتتى . ھەر ئىككىلا تەرەپتە مۇشۇ خىل ۋەھىمە ۋە گۇمانلار پەيدا بولۇپ بىر - بىرىدىن قورقۇشتى . شۇڭا ، يۈزمۇيۈز تۇتۇشماي شۇ كېچىسى پادىشاھ قۇندۇزغا قايتتى ، ھەمزە سۇلتان ھىسارغا قاچتى . نەچچە كۈنلەردىن كېيىن بىر - بىرلىرىنىڭ قېچىشقانلىق خەۋەرلىرىنى ئىشىتىشىپ ، ھەربىرلىرى ئۆز سالامەتلىكلىرىگە شۈكرى ئېيتىپ : «جىمى ھەمدۇسانا بىزدىن غەم - قايغۇنى كەتكۈزۈۋەتكەن ئاللاغا مەنسۇپتۇر»[1] ئايىتىنى ئوقۇدى .

پادىشاھ قۇندۇزغا يېتىپ كەلگەندى ، شاھ ئىسمائىلنىڭ ئەلچىسى يېتىپ كەلدى . شاھ ئىسمائىل دوستلۇق ئىزھار قىلىپ ، كۆپ ۋەدىلەر بىلەن ئۇ ئەلچىنى ئارىغا سېلىپ ئەۋەتكەندى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، يەنە خانزادە بېگىمنى شاھ ئىسمائىل خوراساندىن ئەۋەتكەندى ، يېتىپ كېلىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى .

بىلىش كېرەككى ، خانزادە بېگىم پادىشاھنىڭ بىر تۇغقان ھەمشىرىسى ئىدى . يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۈلگەندەك ، سەمەرقەند مۇھاسىرىسىدە پادىشاھ ئۆز جېنىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن خانزادە بېگىمنى شاھىبېكخانغا بەرگەندى . خۇررەمشاھ سۇلتان خانزادە بېگىمدىن ۋۇجۇدقا كەلدى . لېكىن ، شاھىبېكخان ئۆز قېرىندىشىنىڭ پاراۋانلىقىنى كۆزلەپ ماڭا قەست قىلمىسۇن ، دەپ

---

[1] «قۇرئان كەرىم» ، 35 - سۈرە فاتىر ، 34 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى .

خانزادە بېگىمدىن ۋەھىمە قىلىشقا باشلىدى . بۇ ئەندىشە بىلەن ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالماي ئۇنى تالاق قىلغانىدى . سەيىيد ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن پىر سەيىيد ھادى ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى ، ئۇ شاھىبېكخانىنىڭ سۇلتانلىرى ۋە ئۆزبېك ئەمىرلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتلىك كىشى ئىدى . شاھىبېكخان خانزادە بېگىمنى ئاشۇ سەيىيدكە نىكاھلاپ بەرگەنىدى . سەيىيد ھادى مەرۋدە شاھ ئىسمائىل بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا شېھىت بولغانىدى . خانزادە بېگىمنى تۈركمەنلەر ئەسىر قىلغانىدى . شاھ ئىسمائىل ئۇنىڭ بابۇر پادىشاھنىڭ ھەمشىرىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، خانزادە بېگىمگە تولىدىن ـ تولا ئىززەت ـ ئىكراملارنى قىلىپ ، ئەلچىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئىززەت ۋە ئېھتىراملار بىلەن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەنىدى . خانزادە بېگىم يېتىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال ـ خۇرام بولۇپ ، مىرزاخاننى تۆھپە ۋە ھەدىيىلەر بىلەن شاھ ئىسمائىلنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى ، ئىتائەت ۋە تەۋەلىك ئىزھار قىلىپ ياردەم ۋە مەدەت سوراش مەزمۇنىدا نامە يېزىپ ئەۋەتتى . شاھ ئىسمائىل مىرزاخانغا ناھايىتى كۆپ ئىلتىپات ۋە ئىززەت ـ ئىكراملارنى قىلىپ ، ھەممە ئىلتىماسلىرىنى قوبۇل قىلىپ تېز ئارىدا ئىجازەت بېرىپ ياندۇردى .

مۇشۇ ۋەقە ئەسناسىدا ، تاغام سەيىيدمۇھەممەد مىرزىنىڭ قېشىدىن ئادەم كەلدى . ئۇ ئادەم تاغامنىڭ : «فەرغانە ۋىلايىتىنى ئۆزبېكلەردىن پۈتۈنلەي خالىي قىلىپ قولۇمغا كىرگۈزدۇم . ئۆزبېكلەرنى مەغلۇپ ۋە خارۇزار قىلىش ، ماۋەرائۇننەھرنى قولغا كىرگۈزۈشمۇ ئەمدى ئاسانلىق بىلەن نېسىپ بولغۇسى . بۇ ھەقتە قانداق ئالىي بېشارەتلەر بولسا ، جان ـ دىل بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى پادىشاھ ھۇزۇرىدا باشتىن ـ ئاخىرغىچە بايان قىلدى .

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزىغا ئائىت سۆزلەرنىڭ بايانى

بۇ يەردە مۆرىتى كەلگەچكە، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق ئېيتىشنى لايىق كۆردۈم. بۇ كىتابتا ھەرقانداق يەردە «تاغام» دېگەن سۆز كەلسە، بۇ مېنىڭ تاغام سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى كۆرسىتىدۇ.

مەخپىي قالمىسۇنكى، تاغامنىڭ دەسلەپكى ئەھۋاللىرى يۇقىرىدا قىسقىچە زىكىر قىلىنغانىدى، ئۇنىڭ فەرغانە ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلغان ۋەقەلىرىنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئوچۇق بايان قىلىنغانىدى. تاشكەند ۋەيرانچىلىقى دەۋرىدە تاغام سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ئۇلار ئەندىجانغا باردى ۋە كاسان[1] نى ئوڭايلا قولغا كىرگۈزۈپ تاغامغا بەردى. خانلار ئاخسىغا بارغانىدى، شاھىبېكخان يېتىپ كېلىپ خانلار بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇرۇش قىلدى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

خانلارنىڭ شاھىبېكخانغا يېڭىلگەنلىك خەۋىرى تاغامغا ئاڭلاندى، تاغام دەرھال كاساندىن كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ھېچقانداق شىكەستىلىك يەتمىدى. ئۇ بېرىپ موغۇلىستانغا قېچىپ

---

① كاسان — ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى نەماگەننىڭ غەربىي شىمالىدا (مۇھەررىردىن).

كەلگەن خالايىققا قوشۇلدى ، سۇلتان مەھمۇدخان موغۇلىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاغام ئۇنىڭغا قوشۇلدى . سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ موغۇلىستانغا كەلگەن ۋەقەسىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى .

تاغام شۇ ۋاقىتتىن تاكى سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولغۇچە سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن بىللە ئىدى . سۇلتان ئەھمەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن خان يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ئاقسۇ ۋە موغۇلىستاننى چۆكۈرۈپ : «موغۇلىستانىنىڭ پادىشاھلىقىدىن تاشكەندنىڭ ئۈشتىگەرلىكى ياخشىراق» دېدى . تاغام : «توغرا ، تاشكەندتە ئۈشتىگەرلىك قىلغىلى قويغان ئەھۋال ئاستىدا شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى . يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، سۇلتان مەھمۇدخان تاغامنىڭ بۇ سۆزىدىن ئىنتايىن رەنجىگەنىدى . بىرنەچچە پەسكەشلەر بار ئىدى ، ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ھەمىشە ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى . ئۇلار بۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ ، تاغامنىڭ كۆچىيىپ كېتىۋاتقانلىق ئەھۋالىنى سۇلتان مەھمۇدخانغا ئەرز قىلىشقا باشلىدى . ئۇلار شۇ دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىكى ، تاغامنىڭ ھاياتلىق رىشتىسىنى ئۆلۈم پىچىقى بىلەن شۇنداق كېسىپ تاشلاپ ، تاكى قىيامەتكىچە تاغام بىلەن سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ئارىلىرىدا ئالاقە ئورنىتىشنىڭ ئىمكانىيىتىنى قويماسلىققا بەل باغلىدى . ئەمما ، سۇلتان مەھمۇدخان : «ئۇنىڭ بىزگە بولغان تۇغقاندارچىلىقى ھەممىدىن يېقىن ، بۇنداق يارامسىز قىلىققا قەدەم قويۇش ماڭا ھەرگىز لايىق ئەمەس ، ئۇ ئەڭ ياخشىسى جېنىنى سالامەت ئېلىپ بىر تەرەپكە كەتسۇن ، تۇرپانغا — مەنسۇرخانىنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنى مۇۋاپىقراق» دەپ تاغامنى تۇرپانغا ماڭدۇردى ، سۇلتان مەھمۇدخانمۇ موغۇلىستانغا كەتتى .

تاغام تۇرپانغا كېتىۋېتىپ ئاقسۇدا سۇلتان ئەھمەدخانىنىڭ

خىزمىتىدە قالغانلارغا قوشۇلدى . سۇلتان مەھمۇدخان ئاقسۇغا قېرىندىشىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە ، ئوغلى سۇلتانمۇھەممەد سۇلتاننى ۋە ئەمىر ئەھمەد ئىتارچىنى موغۇلىستاندا بىرنەچچە كىشى بىلەن قويۇپ كەلگەنىدى . سۇلتانمۇھەممەد سۇلتان ۋە ئەمىر ئەھمەد ئىتارچى موغۇلىستاننى تولۇق تىزگىنلىگەندىن كېيىن كىشى ئەۋەتىپ تاغامنى موغۇلىستانغا ئېلىپ باردى . تاغام سۇلتانمۇھەممەد سۇلتان بىلەن ياخشى كېلىشىپ ئۆتتى ، ئۇلار ئارىسىدا ناھايىتى چىڭ بىرلىك ۋە دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىلدى . بىر مەزگىل ئۆتكەنىدى ، بىر كېچىسى ئەمىر ئەھمەد ئىتارچىنى مۇلازىملىرى ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئەمىر ئەھمەد ئىتارچىنىڭ كىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھېچ ئاشكارىلانمىدى .

شۇنىڭ بىلەن ، موغۇلىستان ۋىلايىتىنىڭ شاھلىق خىزمەتلىرى ۋە سۇلتانمۇھەممەد سۇلتاننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى تاغامنىڭ زىممىسىگە چۈشتى . لېكىن ، تەدبىرلىك ، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ يوقلۇقىدىن ۋە كونا لەشكەرلەرنىڭ يوقلۇقىدىن تاغامنىڭ ئىشلىرى ئازا يۇرۇشمىدى ، چۈنكى تاغامنىڭ كونا لەشكەرلىرى ۋە دانىشمەن ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئاتام بىلەن بىللە ھىسار تەرىپىگە كەتكەنىدى . تاغامنىڭ يېنىدا ئىككى يۈزچە كىشى بار ئىدى ، ئۇلار بىلەن ھېچ ئىش تەرتىپكە چۈشمىدى . سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان خەلىل سۇلتان قىرغىزلار بىلەن موغۇلىستاندا غوۋغا ۋە زىلزىلە پەيدا قىلغاندا ، تاغام موغۇلىستاندىن قېچىپ يەتتەكەنتكە باردى ، سۇلتان مەھمۇدخان شۇ يەردە ئىدى . سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يېنىدىكى ئاشۇ رەزىل كىشىلەر يەنە پىتنە ـ پاسات ۋە تەپرىقىچىلىك ئويۇنلىرىنى شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى ، ئاخىر تاغامنى تۇتۇپ ئۆزبېكلەرگە ئەۋەتىپ بەردى . جانىبېك سۇلتان ئەندىجاندا ئىدى ، تاغامنى شۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىشتى . ئۇ تاغامغا ھېچنېمە دېمەستىن

مىھىر ـ شەپقەت بىلەن ھۆرمەتلىدى . شۇنداق قىلىپ تاغام جانىبېك سۇلتاننىڭ يېنىدا بولدى ، تاكى شاھ ئىسمائىلنىڭ نۇسرەت قازىنىپ بابۇر پادىشاھ باش كۆتۈرگەن زامانغىچە[1] تاغام جانىبېك سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىدا ئىدى .

ئاشۇ قىش زىمىستاندا شاھىبېكخان شاھ ئىسمائىلنىڭ قولىدا ئۆلدى . شۇ قىشنىڭ ئەتىياز پەسلىگە كەلگەندە ، ھەممە سۇلتانلار مەسلىھەتلىشىپ ماۋەرائۇننەھردە قالغان موغۇللارنى پۈتۈنلەي قەتلىئام قىلىپ يوقاتماقچى بولۇشتى . لېكىن ، جانىبېك سۇلتان بۇ مەسلىھەتكە رازى بولمىدى[2] . ئۇ تاغامنىڭ خىزمىتىدىكى ھەممە موغۇللارنىڭ ئەندىجانغا بېرىپ ئائىلىسى بىلەن قوشۇلۇشىغا رۇخسەت بەردى . تاغام جانىبېك سۇلتاننىڭ پىكىرلىرىنىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە سۆزلىرى ئىشەنچسىزلىكىنى بىلەتتى ، شۇڭا ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن ئىنتايىن جىددىي قوزغىلىپ تېزلىكتە كەتتى . ئەمما ، جانىبېك سۇلتان شۇ ھامانلا پۇشايمان قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىشى ئەۋەتىپ قوغلاپ تاپقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى . لېكىن ، تاغام ئىنتايىن تېز ۋە چاققانلىق بىلەن يۈرۈپ ئەندىجانغا يەتتى ـ دە ، قالغان موغۇللار ۋە ئەندىجان خەلقى بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ قىلىپ ، فەرغانە ۋىلايىتىدىكى بارلىق ئۆزبېكلەرنى قوغلاپ چىقاردى . ئۇنىڭدىن كېيىن قايىرتېگىن[3] يولى بىلەن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىشى ئەۋەتىپ ، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغىنىدەك بۇ ۋەقەلەرنىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزدى ، پادىشاھ بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن شاد ـ خۇرام بولدى .

---

① خەنزۇچە نەشرىدە ھىجرىيە 917 ـ يىلى ، يەنى مىلادىيە 1511 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ ، دەپ ئىزاھلانغان (مۇھەررىردىن ) .

② بۇ سۆز موللا مۇھەممەدنىيازنىڭ نۇسخىسىدا «رازى بولدى» دەپ يېزىلىپ قالغان ، باشقا نۇسخىلار ئاساسىدا تۈزىتىلدى .

③ قايىرتېگىن — ئالدىنقى تەرەپلەردە قاراتېگىن دېيىلىپ ، بۇ يەرگە كەلگەندە قايىرتېگىن دېيىلگەن (مۇھەررىردىن ) .